شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سە-
ۋىيىسىنىڭ يۇكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بىراق، ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى-
نىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى قوشماش شەكىلدىكى تۆز شوتىلىق
ساپان (ئىچكى ئۆلكىلەردە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئەگرى شوتىلىق ساپان كېڭەيتىل-
گەنىدى)، كەتمەن، ئورغاق، ياغاچ گۇرجەك، غالۋۇر، شازا قاتارلىقلار ئىدى، دانلىق زى-
رائەتلەرنى تېپىشتە ئۇلاغقا دەسسىتىشكە توغرا كېلەتتى، تېرىقچىلىق تۈزۈمى يىرىك ئىدى.
1845 - يىلى لىن زېشۈي جەنۇبىي شىنجاڭدا بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەندە «ئوغۇت
بەرمەس، تاقلىماس قويۇق مايسىنى، چېچىپ تېرىپ، تەگرىدىن كۈتەر ھەممىنى» دېگەن مىس-
رالىرى بىلەن ئەينى جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللى-
نىش ھالىتىنى تەسۋىرلىگەنىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭدا رۇسىيىنىڭ تېرىلغۇ ماشىنا - سايمانلىرى ئىشلى-
تىلىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېرىم ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تۈركۈملەپ كىرگۈزۈپ كېڭەيت-
تى، ئاز تۈركۈمدە تراكتور كىرگۈزۈپ، ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى سىناق تەرى-
قىسىدە باشقۇردى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا ماشىنا - ساي-
مانلارنىڭ خىلى 70 كە يېقىنلىشىپ، سانى 105 مىڭغا يېتىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىگە كې-
ڭەيتىلدى. ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تۈرى، سانى، ئىشلىتىلىش ۋاقتى، دائىرىسى مەملىكەت
بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. كېيىنچە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى
سودا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ماشىنا زاپچاسلىرى ئۈكسۈپ قالغانلىقتىن، ماشىنا - سايمانلارنىڭ
كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ، ئۆيراپ كېرەكسىز بولۇپ قالدى، 1949 - يىلى ماشىنا - سايمان قال-
دۇقى 16 مىڭ 500 گە يەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ
خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئالدى بىلەن، كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى
يۆتكىدى ۋە تولۇقلىدى، 1950 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە تەڭشىگەن، ياسىغان كونا شەكىل-
دىكى ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرى 4 مىليون 300 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى؛ ئۇنىڭدىن
كېيىن ئىسلاھ قىلىنغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە يېرىم ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق سايمان-
لىرىنى كېڭەيتتى، 1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماشىنا - سايمان سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى
ھەمدە ئەسلىدىكى يېرىم ماشىنلاشقان قالدۇق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى پائال رېمونت قى-

لىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. 1951 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چاناق، 5 سۈڭگۈلۈق، 7 سۈڭگۈلۈق ساپان قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى؛ 1953 - يىلى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى 118 مىڭ 400 گە، 1965 - يىلى 287 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، يەر ئاغدۇرۇش ماشىنىسى، ئورۇق سېلىش ماشىنىسى، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئۆسۈملۈك ئاسراش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ 1950 - يىلى دۆلەت سىرتىدىن تراكتور سېتىۋېلىنىپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، تراكتوردا تېرىقچىلىق قىلىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشى بىر قەدەر بالدۇر، سۈرئىتى بىر قەدەر تېز، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تەرەققىيات جەريانىنى ئومۇمەن مۇنداق 5 باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

1951 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە دۆلەت سىرتىدىن ماشىنا - سايمان كىرگۈزۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئۆلگە كۆرسىتىلدى، نۇقتىلىق ھالدا ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىلاشقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى. 1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردا ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىلاشقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. 1953 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى، 1954 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى — تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇپ (تۆۋەندە قىسقارتىپ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېيىلىدۇ)، شىنجاڭ بويىچە ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى، ماشىنىلاشقان مەيدان، پونكىتلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش مەيداندىن 46 سى قۇرۇلۇپ، ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 3 مىليون 400 مىڭ موغا يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 4 كە، ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش مۇلازىمەت كۆلىمى 234 مىڭ موغا يەتتى. تراكتور 1028 گە، كومباين 235 كە، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 4000 دىن كۆپرەككە يەتتى. ماشىنىدا ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 140 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7.3% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى 40، ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 3 مىليون 370 مىڭ مو؛ تراكتور 899 بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 87.4% نى ئىگىلىدى؛ كومباين 226 بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە كومباين ئومۇمىي سانىنىڭ 96% نى ئىگىلىدى، ماشىنىدا ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 55% كە، ماشىنىدا ئورۇق سېلىن-

غان يەر كۆلىمى 65% كە ، ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىلغان بۇغداي كۆلىمى 70 % تىن كۆپرەككە يەتتى .

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ دۆلەتمىزدە ئىشلەنگەن تراكتور قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق تەمىنلەندى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، چەت ئەللەردىن ماشىنا - سايمان كىرگۈزۈلدى . بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق گۇڭشېلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش راۋاجلاندۇرۇلدى .

1958 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىپ ، يېڭى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ، ماشىنا مەشغۇلاتىنى راۋاجلاندۇردى . 1965 - يىلغا قەدەر ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدان - فېرمىلىرى 270 تىن كۆپرەككە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 15 مىليون 903 مىڭ 800 موغا يېتىپ ، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 33.5% نى ئىگىلىدى . تراكتور 4127 گە يېتىپ ، شىنجاڭ بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 64.30% نى ئىگىلەپ ، 1957 - يىلدىكىنىڭ 4.3 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى . يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تراكتورلار ئىچىدە دۆلەتىمىزدە ئىشلەنگىنى 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى . ماشىنا مەشغۇلات تۈرى 30 غا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش بىكىتۇەنىنىڭ ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان مەيدانى 150 ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 11 مىليون 480 مىڭ مو . يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى 71 ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 مىليون 90 مىڭ مو .

1958 - يىلىنىڭ ئاخىرى خەلق گۇڭشې سىستېمىسىدىكى تراكتور 75 كە يەتتى . 1961 - يىلى راۋاجلىنىپ ، 580 گە يەتتى . بىراق ماشىنا - سايمانلار ھەددىدىن ئارتۇق تارقاق (580 تراكتور 64 ناھىيىنىڭ 182 گۇڭشېسىغا تارقالغان) ، تېخنىكا كۈچى ئاجىز ، رېمونت قىلىش ئەسلىھەلىرى كەمچىل ، پارچە زاپچاس ۋە ماي بىلەن تەمىنلىنىشى قىيىن ، ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ماشىنا - سايمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى يامانلاشتى ، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى ، يىلبويى توختىتىپ قويۇلۇپ ، رېمونت قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان تراكتور 30% — 50% كە يەتتى ، بەزى ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردا 70% كە يەتتى . ئىشلىنىشكە بولىدىغان تراكتورلارمۇ ماي ۋە زاپچاسنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆپىنچىسى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى . 1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇپ ، خەلق گۇڭشېلىرى باشقۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن كۆپ ساندىكى ماشىنا - سايمانلار يىغىۋېلىندى ، دۆلەت بۇيرۇپ بەرگەن مەخسۇس پۇل ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ رېمونت قىلىندىغان بولدى ، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تەدرىجىي ياخشىلاندى . 1963 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىكىتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا شە-

كىللەندۇرگەن چوڭ كۆلەملىك ، ماشىنىلاشقان ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك شەكلىگە ۋە
خەلق گۇڭشېلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ، يەر كوللېكتىپ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىـ
غان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا ئاساسەن ، «بىگنۇەننى نىشان قىلىش ، گۇڭشېلارنىڭ ئالاھىـ
دىلىكىنى ئاساس قىلىش ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش ، تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش» تىن ئىباـ
رەت يېزىلارنى پىلانلاش — قۇرۇلۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، يېزىلاردا ياخشى سالا
ئېتىز ، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى ، ياخشى يول ، ياخشى ئاھالىلار
نۇقتىسى بولۇشتىن ئىبارەت «بەشتە ياخشى» يېڭى يېزا قۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى ، بۇنىڭ
بىلەن ماشىنا مەشغۇلاتىنى كەڭ - كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى؛ يېزا ئىـ
گىلىك ماشىنىلىرىنى دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن كوللېكتىپ باشقۇرۇشنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرىۋەتتى . 1965 - يىلغا قەـ
دەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 69 غا ، بار تراكتور 1702 گە يەتتى؛ خەلق گۇڭـ
شېلىرىدىكى تراكتور 586 گە يەتتى ، ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 2288 گە يېتىپ ، شىنجاڭ
بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 35.67% نى ئىگىلەپ ، 1958 - يىلدىكىنىڭ 30.5 ھەسسىـ
سىگە تەڭلەشتى .

1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە تراكتور سانى 6415 كە ، كومبايىن 1217 گە ،
ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 28 مىڭ 999 غا يېـ
تىپ ، ئايرىم ھالدا 6.2 ھەسسە ، 5.1 ھەسسە ۋە 7.2 ھەسسە كۆپەيدى . ماشىنىدا يەر ئاغـ
دۇرۇش سەۋىيىسى 40.3% ، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش سەۋىيىسى 31.5% بولدى؛ دۆلەت ئىـ
گىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش ، ئۇرۇق سېلىش ، كولتىۋاتـ
سىيە قىلىش ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىش قاتارلىقلاردىكى ماشىنىلىشىش
سەۋىيىسى 60% ئەتراپىغا يەتتى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش ،
باشقۇرۇش ، تەمىنلەش ، مائارىپ ، پەن تەتقىقات قاتارلىق قۇرۇلۇشلار جەھەتتە تۈرلىرى مۇـ
كەممەل ، باشقۇرۇش تەرتىپلىك بولغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ ، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ،
چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى بىر قەدەر ياخشى بولغان مەزگىل بولدى .

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە خەلق گۇڭشېلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش نۇقتىلىق راـ
ۋاجلاندۇرۇلدى . بۇ مەزگىلدە تراكتورلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولدى . لېكىن توسقۇنـ
لۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقمۇ بىر قەدەر ئېغىر بولدى . 10 يىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ساپ كۆپەيگەن
تراكتور 13 مىڭ 944 بولۇپ ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1268 دانە كۆپەيدى . بۇنىڭ ئىـ
چىدە خەلق گۇڭشېسى سىستېمىسىنىڭ ساپ كۆپەيگىنى 8364 بولۇپ ، 1965 - يىلدىكىنىڭ 4
ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى ، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپەيگىنى 761 بولۇپ ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى تراكتورلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سانىدىن 33.4% يۇـ

قىرى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پالەچ هالەتكە چۈشۈپ قالدى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، باشقۇرۇش، تېخنىكا خادىملىرى، تەنقىد، كۈرەش قىلىشقا ئۇچرىدى ياكى تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلدى، قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ زور كۆپ قىسمى بىكار قىلىۋېتىلدى. 1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ماشىنا - سايمانلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى، ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقۇرىدىغان خادىم بولمىدى، تراكتورلارنىڭ 3 تىن 1 قىسمى بىكار ياتىدىغان، 3 تىن 1 قىسمى ساقسىز تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان، 3 تىن 1 قىسمى ياخشى بولۇشتەك ئاتالمىش «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم» ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، بىر ئىزدا توختاپ قالدى ياكى ئاز مىقداردا ئاشتى. 1971 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، ساغلاملاشتۇرۇش، رېمونت قىلىش - ياساش تور — نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇش، تېخنىكىلىق تەربىيەلەش ۋە پەن - تەتقىقاتى قاتارلىقلارنى كۈچەيتىش ھەققىدە تازا پەيتىدە قارار چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش - ياساش قاتارلىقلار بويىچە ھەر دەرىجىلىك تېخنىكا، كەسپىي يىغىنلارنى يىلمۇ يىل ئېچىپ تۇردى، مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتتى، 1975 - يىلغا كەلگەندىلا تراكتورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىدىكى «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم» دىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلىپ، بىكار يېتىۋاتقان تراكتورلار 15% تىن تۆۋەنگە چۈشتى، ياخشىلىرى 40% كە ئۆرلىدى. 1976 - يىلى ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش سەۋىيىسى ئۆستى، ماشىنىدا ھوسۇل يىغىش سەۋىيىسى 1971 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. زور كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، ناھىيەلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش نۇقتىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى.

1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە «1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش» ئۈچۈن كۈرەش قىلىندى. 1977 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات» ىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر دېھقانچى-

لىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1978 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، گوۋۇيۈەن چاقىرغان مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ 1980 - يىللىق تۈرلۈك سىياسەت، پىلان ۋە تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا سەپەرۋەر قىلدى. 4 يىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ساپ كۆپەيگەن تىراكتور 23 مىڭ 867 گە يېتىپ، ئالدىنقى 25 يىللىق تىراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 1.16 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. كىچىك تىپىكى تىراكتور ۋە چوڭ - ئوتتۇرا تىپىكى تىراكتورلارنىڭ يىللار بويىچە تەدرىجىي ئېشىشى مۇنداق بولدى: 1979 - يىلى 60.6%، 1980 - يىلى 24.3% ئاشتى، 1980 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليون 477 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى. تىراكتور 44 مىڭ 226، قۇۋۋىتى 1 مىليون 161 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق گۇڭشېلىرىدىكى تىراكتور 30 مىڭ 111 غا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە 10.14 تىراكتور (2 مىليون 586 مىڭ 800 كىلوۋات) توغرا كەلدى. شىنجاڭ بويىچە دائىرلىق زىرائەت كومبايىنى 3336 گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 5533 كە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى پرىنسىپ 20 مىڭ 260 قا، ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 44 مىڭ 553 كە يەتتى. شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئېنېرگىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ماشىنا قۇۋۋىتى 76% نى، ئادەم كۈچى 8.2% نى، ئۇلاغ كۈچى 15.8% نى ئىگىلىدى. ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى 64.32%، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش سەۋىيىسى 51.88%، ھوسۇلنى ماشىنىدا يىغىش سەۋىيىسى 23.49% بولدى. بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە 4 -، 1 -، 2 - ئورۇندا تۇردى. 1 مىليون 160 مىڭ تۇياق قوي يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلدى، قوي يۇڭىنى ماشىنىدا قىرقىش سەۋىيىسى 14.53% كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ماشىنىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئوت - چۆپ ئورۇش - يىغىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارمۇ تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» دا: «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇش، ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ

8 ـ كۇنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم « نۆۋەتتە يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان ئىقتىـ
سادىي سىياسەتلەرگە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلـ
دىغان بەلگىلىمە » دە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى : « گۈڭشې ، چوڭ ئەترەت ، ئىشلەپچىقىـ
رىش ئەترەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتىغا ئاساسەن ،
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇلـ
لىنىشقا ھوقۇقلۇق » . 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى « مەملىكەتلىك يېزا
خىزمىتى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى » نى تارقاتتى ، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلـ
دى : « يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تاللاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى ، قۇرۇلۇش تەدـ
بىرلىرى ۋە بىلىم تېخنىكا تەدبىرلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم » . 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان « نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە دائىر بىر
قانچە مەسىلە » دېگەن ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق بەلگىلەندى : « دېھقانلار ئۆز ئالدىغا ياكى ئاتـ
لىلەر بىرلىشىپ ، يېزا ئىگىلىك ــ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماـ
شىنا ـ سايمانلىرى ، كىچىك تراكتور ۋە كىچىك تېپتىكى ماتورلۇق كېمە سېتىۋېلىپ ، ئىشلەپچىـ
قىرىش ۋە ترانسپورت …… بىلەن شۇغۇللانسا ، يول قويۇش لازىم ؛ چوڭ تراكتور ۋە ئاپتوـ
موبىللارنى شەخسلەرنىڭ سېتىۋېلىشى ھازىرقى باسقۇچتا پرىنسىپ جەھەتتىن چەكلەنمەيدۇ » .
دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىسلاھاتىغا دائىر بىر قاتار سىياسەتلىرى ئېلان قىلىنغاندىن
كېيىن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى . ئەسلىدە دۆلەت
ئىگىلىكىدە ، كوللېكتىپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىـ
نىڭ كۆپ قىسمى شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى .
شەخسلەر سېتىۋالغان تراكتورلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ ، ماشىنىدا مەشغۇلات ئېـ
لىپ بېرىش ساھەسى كېڭەيدى . بىراق ، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆدـ
دىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقتىن ، بىر مەزگىل ئىچىدە ئەسـ
لىدىكى يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا شەكىللەنگەن چوڭ سالا ئېتىزلار
بويىچە تېرىقچىلىق قىلىش ئەندىزىسى كىچىك ئېتىزلار بويىچە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگىرىپ
كەتتى ، ھەر خىل زىرائەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق
سايمانلىرى بىلەن كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ تېرىقچىلىق
قىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى . ماشىنا مەشغۇلات مىقدارى ، ماشىنا ـ سايمانلاردىن پايدىـ
لىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك
يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەسىرگە ئۇچرىدى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇـ
رۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بىلىم تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ۋە قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى توغرىسىـ
دىكى چوڭ بەس ـ مۇنازىرە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈستىدە گۇمان پەيدا قىلدى .

بۇنىڭغا قارىتا 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان يېزا ئىگى-
لىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجى-
سى ۋاڭ ئېنماۋ سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇ-
شى، يەنە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا
ئاشۇرۇشتىن گۇمانلانماسلىقىمىز ۋە ئۇنىڭدىن تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىكىدە ئىش-
لەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىق - يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىن-
كار قىلغانلىق ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ياخشى
تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىشىمىز، ئۇنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. 1984 - يىلى ش ئۇ
ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ماشىنا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان زور كۆلەملىك ئىشلەپ-
چىقىرىش شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۆلەملىك ئۇنۇمنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق ھەمدە
كوللېكتىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 2
ئاكتىپلىقنى تەڭ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە قۇرۇ-
لۇش بىر گەۋدە قىلىنغان تېرىقچىلىق پىلانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ماشىنا مەشغۇلاتىنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈش، سۇغىرىشنى، باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، چوڭ - چوڭ يېزا ئىگى-
لىك تېخنىكا تەدبىرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» سىياسىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىپ،
شىنجاڭنىڭ سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى،
ئېتىزلىرى چوڭ، سالا ئېتىزلىرى مۇنتىزىم بولغان ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.
1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3 مىليون 848 مىڭ
كىلوۋاتقا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن 71% ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ،
ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 41 مىڭ 4 كە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 41 مىڭ 380 گە، جەمئىي قۇۋ-
ۋىتى 1 مىليون 911 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سىستېمىدىكى يەككىلەر ئىل-
كىدىكى تراكتور 77.8% نى؛ بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ 50% نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ بويىچە
ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە توغرا كېلىدىغان چوڭ تراكتور 8.78 گە، كىچىك تراكتور 8.95
كە، جەمئىي قۇۋۋىتى 413.22 كىلوۋاتقا يەتتى. كومبايىن 3387 گە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى
ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 63 مىڭ 202 گە، يېزائىگىلىكىدە
ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 11 مىڭ 434 كە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرى-
ۋېتىش، سۇغىرىش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، دان ئايرىش، ترانسپورت، يېزا ئىگىلىك —
قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەخ-
سۇس ماشىنا - سايمان قاتارلىقلار 110 مىڭغا يېقىنلاشتى. شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا يەر
ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى 60.85%، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش سەۋىيىسى 57.61%، ھوسۇلنى

ماشىنىدا يىغىش سەۋىيىسى %26.87 بولدى ھەممە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە
7 - ، 1 - ، 2 - ئورۇندا تۇردى. بىڭتۇەننىڭ 13 مىليون 780 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىدىكى ماشى-
نىدا يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىش ۋە ھوسۇل يىغىش سەۋىيىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا
%77.7، %84.6، %51.8 بولدى، بۇغداي، شال، ياغلىق دان زىرائەتلىرى ھوسۇلىنى
ماشىنىدا يىغىش سەۋىيىسى %90 ئەتراپىدا بولدى. تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق سېلىش، كېۋەزگە يو-
پۇق يېپىش قاتارلىق پىشقان، ئۈنۈملۈك يېڭى ماشىنا - سايمانلار، يېڭى تېخنىكىلار زور مىق-
داردا كېڭەيتىلدى. ماشىنىدا يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 1980 - يىلدىكى 75 مىڭ
مودىن كېڭەيتىلىپ، 1985 - يىلى 1 مىليون 95 مىڭ موغا، ماشىنىدا يوپۇق يېپىش سەۋىيىسى
%56.3 كە يەتتى. بۇ مەزگىلدە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار-
غا ئېرىشتى. 5 يىل جەريانىدا ماشىنىدا ئورۇلغان ئوت - چۆپ 3 مىليون 622 مىڭ توننا، ما-
شىنىدا ئورۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %37.22 بولدى. يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان
ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسىللىك قوي 9 مىليون 376 مىڭ 900 تۇياققا، قوي يۇڭىنى ماشىنى-
دا قىرقىش ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى %20.91 (1983 - يىلى %24.96) كە يەتتى. ئايروپىلان-
دا تېرىلغان ئوت - چۆپ كۆلىمى 1 مىليون 35 مىڭ 900 موغا يەتتى. يېڭىدىن ياسالغان،
قاشالانغان يايلاق كۆلىمى 2 مىليون 300 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىپ، قاشالانغان ئوتلاق
ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %40.71 نى ئىگىلىدى. ئارىلاشما، تەڭشەلگەن يەم - بوغۇز زاۋۇت
(سېخى) دىن 239ى قۇرۇلدى، 1985 - يىلى 300 مىڭ توننا ئارىلاشما، تەڭشەلگەن يەم -
بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. خېلى كۆپ ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە
ئۈرۈمچى شۇەترېندۇن، شودىيوپۇ فېرمىلىرىدا تۇخۇم توخۇسىدىن 270 مىڭنى باققىلى بولى-
دۇ. 5 يىل جەريانىدا يېزا ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق تى-
رىشچانلىقى ۋە كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا
تايىنىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن 1979 - يىلدىن 1985 -
يىلغىچە ئۇدا 7 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول
ھوسۇل ئېلىنغان ئەڭ ياخشى مەزگىل يارىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق-
نى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى
ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1) باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 50 - يىللاردا دېھقانچىلىق
نازارىتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى ۋە بىڭتۇەن قاتارلىق ئو-
رۇنلاردا بىردەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق گۇڭشې-

سى (يېزا - بازارلار)، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇردى. 1964 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، 6 - ئايدا 11 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 59 ناھىيىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، پونكىتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. 1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تراكتور باش پونكىتى قۇرۇلۇپ، مەركىزى ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيىلەردىكى تراكتور پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش، خادىم تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ماشىنا - سايمانلار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۈستىگە ئالدى. 1972 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1976 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، 84 ناھىيە، شەھەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، باشقارمىسى، بۆلۈمى قۇرۇلدى، 523 گۇڭشېدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، گۇڭشې ئومۇمىي سانىنىڭ 88% نى ئىگىلىدى. 1977 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىر مەھەل ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى ياكى قوشۇۋېتىلدى، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يېزا خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئاپپارات ئىسلاھاتىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ [1984]2 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە «ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەسىس قىلىندۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە «يېزا - بازار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى» نى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ قۇردى. بەزى كەنتلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىمى تەسىس قىلىندى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندا نازارەت قىلىش باش پونكىتى، ۋىلا-

يەت، ئوبلاستلاردا نازارەت قىلىش ئورنى، ناھىيە، شەھەرلەردە نازارەت قىلىش پونكىتى، يېزا - بازارلاردا نازارەت قىلىش خادىمى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش، ئۇنى نازارەت قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەل قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي جەھەتلەردىن تەڭ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى.

(2) تېخنىكا قوشۇنى تەربىيەلەندى. 1950 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك خادىملىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1952 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىق 3 يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى (سىنىپى) تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىمۇ بىر مەزگىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. 60 - يىللاردا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن 3ى قۇرۇلدى. كۆپلىگەن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 70 - يىللارغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى 13 كە يېتىپ، زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. 1973 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەش ئورنىدىن 1 نى قۇرۇپ، خىزمەتتىكى باشقۇرغۇچى كادىرلارنى مۇددەت بىلەن تەربىيەلەپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قاتارلىق ئورۇنلار تەربىيەلەش سىنىپى ئېچىش، ئۇستاز - شاگىرتلارنى يېتەكلەش، ماشىنىغا ئەگەشتۈرۈپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق زور تۈركۈمدىكى مەشغۇلات ماھىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. 70 - يىللاردا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان دائىملىق ئاپپارات تەسىس قىلىندى. 1978 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورۇنلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى دائىملىق تەربىيەلەش سىنىپى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى. 1982 - يىلى ناھىيەلەردىكى دائىملىق تەربىيەلەش سىنىپى 80 گە يەتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈلگەن ئالىي مەكتەپ، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى جەمئىي 2400 گە، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 9417 گە، نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەنگەن كادىر 1216 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئېچكى ئۆلكىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئالىي مەكتەپ-

لىرى شىنجاڭغا زور تۆركۈمدىكى ئالىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر
ئوقۇغۇچىلارنى يەتكۈزۈپ بەردى . خېلى كۆپ ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلار شىنجاڭ ئۈچۈن مۇ-
نەۋۋەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خادىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ ، چېگرا رايونىنىڭ قۇ-
رۇلۇشىغا ياردەم بەردى . 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تۈردىكى يېزا ئى-
گىلىك ماشىنىلىرى خادىمى جەمئىي 178 مىڭدىن كۆپرەككە (ياساش ، مائارىپ تارماقلىرىدى-
كىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار
. 600

(3) پەن - تېخنىكا راۋاجلاندۇرۇلدى . 50 - يىللاردا چەت ئەللەردىن ماشىنا - ساي-
مان كىرگۈزۈلدى ، ئىشلىنىش جەريانىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ تېخ-
نىكا يېڭىلاش ، ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش ، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئاساس قىلىنغان
پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى . 1953 -
يىلى ماناس دەرياسى ئېقىنىدا 20 مىڭ مو مول ھوسۇللۇق كېۋەز ئۆستۈرۈش سىنىقى قانات
يايدۇرۇلدى ، ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان 24 قۇرلۇق دانلىق زىرائەتلەر سېيالكىسىدا كېۋەز
تېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ، كېۋەزنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى ، بۇ-
نىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى ، 1956 - يىلى يا-
سالغان قويۇق تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش ماشىنىسى بىلەن قىر - تىرگەن سالالايدىغان
قىر - تىرگەن سېلىش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ ، چۆنەكلەپ سۇغىرىشتىكى قىر - تىرگەن
سېلىش مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى . شۇ يىلى كۆممقۇناقنى كۋادرات
شەكلىدە ئۇۋىلاپ تېرىش ، ماشىنىدا تىك ۋە توغرىسىغا كولتىۋاتسىيە سېلىش تېخنىكىسى زور
كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ، زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچى ۋە ئۇرۇق تېجەپ قېلىندى .
1960 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقات ئاپپاراتىدىن 3 ى
قۇرۇلۇپ ، ماشىنىلارنىڭ شەكلىنى تاللاش ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، يېڭى ماشىنا -
سايمانلارنى لايىھىلەش قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى . 1965 - يىلغا قەدەر كەسپىي
تېخنىكا خادىم 100 گە يەتتى ، ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇنۇلار : ئاسما شەكىللىك بەش
تەرەپلىمە ئىشلىنىلىدىغان چۆنەك ئېچىش ، قىر - تىرگەن سېلىش ماشىنىسى تۈركۈملەپ ئىشـ
لەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ، شىنجاڭدا ئۆزۈندىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان يېڭى ماشىنا
شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى ؛ كېۋەز ، كۆممقوناق تېرىيدىغان ئۇنىۋېرسال سېيالكا ئاز تۈركۈمدە
ياسىلىپ كېڭەيتىلدى ، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ ، مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئىگىلى-
كىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا كېڭەيتىلدى . 1972 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە ۋىلا-
يەت ، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تېز سۈرئەتتە

راۋاجلاندۇرۇلدى، يەن - تەتقىقات شارائىتى تولۇقلاندى، لايىھەلەنگەن يېڭى ماشىنا تىپى ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى، بۇ يەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي - تېخنىكا سەۋىيىسىدە زور يۈكسىلىش بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. بۇ مەزگىلدە لايىھەلەنگەن ئاقما ئوقسىمان پاراشوك پۈركۈگۈچ، «شىنجاڭ - 2.5» تىپلىق دانلىق زىرائەتلەر كومباينى، ئۈسۈپ تۇشۇيدىغان يەر تەكشىلەش ماشىنىسى، ئوتتۇرا چاستوتىلىق قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنىسى، ئايلانما شەكىللىك چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئۆي ھايۋانلىرىنى ۋاننىلاش قۇرۇلمىسى، تۆۋەن سىغىمچانلىقتا پۈركۈش ماشىنىسى، چوڭ چات ئارا مەجبۇرىي يەر تەكشىلەش ماشىنىسى ھەمدە قائىدىلىك تەۋرەنگۈچ خادا شەكىللىك ئۇرۇق تەقلەش سايمىنى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىلغار يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 80 - يىللاردا يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى لايىھەلەش، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر مول، ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981 - يىلدىن كېيىن يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ماسلىشىپ، 20 دىن ئارتۇق يوپۇق يېيىش سېيالكىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى. بۇنداق مۇرەككەپ شەكىلدىكى يوپۇق يېيىش سېيالكىسى قىر سىلىش، ئوغۇتلاش، يوپۇق يېيىش، تۆشۈك ئېچىش، ئۇۋۇلاپ تېرىش، يوپۇقنى توپا بىلەن كۆمۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى بىر قېتىمدىلا ئورۇندايدۇ. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. تۈجۈپىلەپ ئۇرۇق سىلىش، قوي يۇڭىنى ماشىنىدا قىرقىش، ئوت - چۆپنى ماشىنىدا ئورۇش - يىغىش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشتىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەن - تەتقىقات، كېڭەيتىش، باھالاپ - بېكىتىش ئاپپاراتىدىن 72 سى قۇرۇلدى، ھەر مىللەت كەسپىي يەن - تېخنىكا خادىمى 412 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپپارات 5، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 154، ئىچكى ئىنژېنېردىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 52، بۇ كەسپىي يەن - تېخنىكا قوشۇنى كەڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك خادىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، سوتسىيالىزم بۆنەلىشىدە، يەن - تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبە، تەتقىقات ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش بويىچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، 300 تۈرلۈكتىن ئارتۇق مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 40 تۈر دۆلەت ۋە مىنىستىرلىك، كومىتېت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 73 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەر دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى ياكى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە كېڭەيتىلىشى ئارقىسىدا ماشىنا مەشغۇلات تۈرلىرى ۋە مەشغۇلات سەۋىيىسى كېڭەيدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى.

(4) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى گۈللەندۈرۈلدى. 1953 - يىلى يېزا ئىگىلىك ما-

شىنلىرى زاۋۇتى ، تراكتور رېمونت قىلىش ، زاپچاس سەپلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى .
1957 - يىلغا كەلگەندە ياساش زاۋۇتىدىن 2 سى قۇرۇلۇپ ، يېزا ماشىنىلاشقان ماشىنا -
سايمان ئىشلەپچىقىرىلدى ؛ رېمونت قىلىش سەپلەش زاۋۇتى 9 غا يېتىپ ، تراكتورلارنى چوڭ
رېمونت قىلىشنى ، ئاز مىقداردا سەپلىمە ۋە ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچى-
لىق سايمانلىرى ياساشنى ئۈستىگە ئالدى . 1958 - يىلى « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى قۇرۇل-
دى . كۆپ ساندىكى ۋىلايەت ، ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە يېزا ماشىنىلاشقان ماشىنا - ساي-
مان زاۋۇتى ، قول سانائەت بىرلەشمىلىرى قۇرۇلدى . 60 - يىللارنىڭ بېشىدا يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى زاۋۇتى ، تراكتور رېمونت قىلىش سەپلەش زاۋۇتى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى .
1965 - يىلى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى 32 گە ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى
80 دىن كۆپرەك (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلەرگە قاراشلىق زاۋۇت ، بىرلەشمە 70 تىن ئارتۇق) كە
يېتىپ ، تراكتور قاتارلىقلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ، كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلى-
گە كەلتۈرۈش ، سەپلىمىلەرنى ياساش ئىقتىدارى ئۈستۈرۈلدى ھەمدە ئاز تۈركۈمدە تراكتور ۋە
ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرالايدىغان يېزا ماشىنىلاشقان
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زور مىقداردا ياسىيالايدىغان بولدى . 70 - يىللاردا ئاپتونوم را-
يونىمىزدا چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى ، ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى
رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى ، ئەسلىدە قۇرۇلغان تراكتور رېمونت قىلىش -
سەپلەش زاۋۇتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى كەسپىي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىل-
دى . ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مىق-
دارى ئۆسنى ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈچەيدى . 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش كارخانىسى 111 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچى-
دە نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن كارخانا 37 بولۇپ ، ئۇلار تراكتور ، كومبايىن ، دېھقانچىلىق ،
چارۋىچىلىق مەشغۇلات سايمىنى ، پىششىقلاپ ئىشلەش ، ترانسپورت قاتارلىق 10 تۈردە جەم-
ئىي 100 خىل ماشىنا ، كۆپ خىل سەپلىمە ياسىدى . ماشىنا سايمانلار بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىن-
لەش نىسبىتى 45% ئەتراپىدا بولدى .

شىنجاڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا خېلى كۆپ ئەۋزەل شارائىتقا ئى-
گە . كۆپ يىللاردىن بۇيان ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقتا زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈ-
شى ، ماشىنىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . يېزا ئىگىلىكنى زامانى-
ۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى تېزلىتىش ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ ئاي-
رىلالمايدۇ .

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ ، كېلىماتى قۇرغاق ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى تىپىك سۇغىرىلىدىغان
يېزا ئىگىلىكىگە كىرىدۇ . شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بىر قە-
دەر كۆپ ، ئەمگەك كۈچى نىسبەتەن كەمچىل ، كېلىمات ئالاھىدە ، تەبىئىي ئاپەت كۆپ ، ئاپەتكە

تاقابىل تۇرۇپ مەھسۇلاتنى كاپالەتلىك قىلىشتا، دېھقانچىلىق مەۋسۇمىنى قوغلىشىش ۋەزىپىسى ئېغىر. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرمىغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش داۋامىدا زور مىقداردا ماشىنا ۋە ئېنېرگىيە كۈچى سېلىنىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش، تەمىنلەش، رېمونت قىلىش - ياساش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، نازارەتچىلىك، مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىلىرى بەرپا قىلىندى. مول تەجرىبىلەر توپلاندى، بۇ ھال ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىنى ماددىي كاپالەت ۋە تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، دۆلەت شىنجاڭنى پاختىچىلىق بىلەن شېكەرچىلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، داۋاملىق بوز يەر ئېچىپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى مۇقىم ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، پاختا، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، بىرلىك مەھسۇلات ۋە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چارۋىچىلىقتىمۇ يېڭى تەرەققىيات بولۇشى لازىم. زور كۆلەملىك يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنى بەرپا قىلىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىمۇ بىر يېڭى تەرەققىياتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بىر قەدەر قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىياتنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئارىلىشىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، بولۇشىغا قويۇۋېتىشتىن ۋە چېكىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، كونا ماشىنا - سايمانلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ، يېڭى ماشىنا تىپلىرىنى كۆپەيتىپ، تراكتور ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سەپلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككىلەردىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى غەم - ئەندىشىلىرىنى ئازايتىش لازىم. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە زورايتىش، ئۇنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن - تەتقىقاتنى كېڭەيتىش، ئاسراش - رېمونت قىلىش، ياساش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرىنى مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي جەھەتلەردىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

# چوڭ ئىشلار

# چوڭ ئىشلار

## تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2100 - يىلى

1975 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھازىرقى ئىلى ۋادىسىدىكى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئاغارسىن كەنتىدىن شىيا سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مىس ئورغاق، مىس ئىسكىنە تېپىلدى.

## تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1800 - يىلى

1972 - يىل 7 - ئايدا ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلىكتىن سىلىقلاپ ياسالغان خېلى كۆپ تاش قورال تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئوتىغۇچ، تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق تېشى قاتارلىقلار بار.

## تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1700 - يىلى

1981 - يىلى ھازىرقى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۈششاقتال قەدىمكى خارابىلىكىدىن شىيا سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مىس پالتا، تاش ئوغۇر، تاش پالتا، تاش پىچاق، يارغۇنچاق تېشى قاتارلىقلار تېپىلدى.

## تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلى

1979 - يىلى يازدا ھازىرقى قۇمۇل ناھىيىسى قارا دۆۋە يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە دائىر قەبرىستانلىقتىن شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت ياغاچتىن ياسالغان ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك توپا قازغۇچ، قوشماش، يارغۇنچاق تېشى قاتارلىقلار تېپىلدى.

## تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 800 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلغىچە

1976 - يىلى ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىن ياغاچتىن ياسالغان توپا قازغۇچ قېزىۋېلىندى.

## تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 245 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 236 - يىلغىچە

ھازىرقى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى سىدوگو كەنتىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلىكتىن سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش ئوتغۇچ، يارغۇنچاق تېشى، تاش ئوغۇر دەستىسى قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق بولغان قوراللار تېپىلدى.

## تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى

1959 - يىل 2 - ئايدا نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىلىكىدىن خەن دەۋرىگە ئائىت تۆمۈر تاۋلاشقا دائىر ئىزنالار بايقالدى. تاش ئىسكىنە، قالدۇق تۆمۈر گۈرجەك، تۆمۈر بېگەن (چوت)، ياغاچ دەستىلىك تۆمۈر ئورغاق قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قېزىۋېلىندى.

1961 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۈسۈنلار قەدىمقى قەبرىستانلىقىدىن خەن دەۋرىگە ئائىت بىر تۆمۈر ساپان چىشى قېزىۋېلىندى.

## Ⅲ ئەسىردىن Ⅳ ئەسىرگىچە

1975 - يىلى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بىر تۈركۈم تام رەسىملىرى قېزىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش» دېگەن رەسىمدە بىر كىشى كالىنى يېتىلەۋاتقانلىقى، كالا قوشنى تارتىۋاتقانلىقى، بىر كىشى ساپاننى باشقۇرۇپ، يەر ئاغدۇرۇۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن.

ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل تاش غارلىرى ئارىسىدىكى 175 - غار ئىچىدە «كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش»، «ئەمگەك مەشغۇلاتى» غا دائىر سۈرەتلەر بار، «كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش» دېگەن سۈرەتتە 2 كالا 1 قوشقا قوشۇلۇپ، يەر ئاغدۇرۇۋاتقانلىقى؛ «ئەمگەك مەشغۇلاتى» دېگەن سۈرەتتە دېھقاننىڭ «كەتمەن» ئىشلىتىۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ بېكىتىشىچە، بۇ سۈرەتلەر ئىككى جىن سۇلالىسى دەۋرىگە يەنى 265 - يىلدىن 420 - يىللار ئارىلىقىغا مەنسۇپ ئىكەن.

1975 - يىلى ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى شىگشىن يېزىسىدىكى تاڭ دەۋ-

رىگە ئائىت خارابىلىكتىن بەرلىك پالتا ،تۆمۈر ساپان چىشى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى.

## يۈەنشىزۇنىڭ جىيۈەن 19 - يىلى ( 1282 - يىلى)

5 - ئايدا ھۆكۈمەت بېشبالىق ( ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرى ئەتراپى) تا مېتال ئېرىتىش مەيدانى تەسىس قىلىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساشقا كىرىشتى.

## چيەنلۇڭ 24 - يىلدىن 42 - يىلغىچە ( 1759 - يىلدىن 1777 - يىلغىچە)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەر ۋە خەلققە ساپان چىشى، تۆمۈر گۈرجەك، قازان، ئورغاق، ئوتىغۇچ، پالتا ھەممە 2 يۈرۈش ئات جابدۇقى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەردى.

چيەنلۇڭ 26 - يىلى ( 1761 - يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان ئۈرۈمچى تۆمۈر زاۋۇتى شۇ يىلى 30 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىپ، ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمىنىنى ياساپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى تەمىن ئەتتى.

چيەنلۇڭ 27 - يىلى ( 1762 - يىلى ) پۈتكەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: يەرلىك سوقا (بۇقۇسا) ، كەتمەن، ئورغاق، تۆمۈر تىرنا، ئارا، غەلۋۈر، زەمبىل، ياغاچ تولۇق (تولۇق تاش ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان).

## چيەنلۇڭ - جياچىڭ يىللىرى ئارىلىقىدا ( 1795 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە)

سودىگەر سۈي جەنيۈەن جىمساردا تۆمۈر زاۋۇتى (يەنى جىمسارشۈيشىگۇ تۆمۈر زاۋۇتى) نى قۇرۇپ، 10 مىڭلاپ دېھقانچىلىق سايمىنى ياسىدى ۋە ساتتى.

## مىنگونىڭ 3 - يىلى ( 1914 - يىلى)

تارباغاتاي، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق چېگرا رايونلاردا روسىيىنىڭ يېڭى شەكىلدىكى ساپانلىرى ئىشلىتىلدى.

## مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي فورما ئىدارىسى «روسىيىنىڭ تېرىقچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى» دىن بىر تۈركۈم سېتىۋالدى.

## مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)

تارباغاتاي، ئىلى ۋىلايەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بۇ خىل سايمان تەخمىنەن 1400 دىن ئاشاتتى.

## مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

4 - ئايدا ئالتاي گارنىزون قوماندانلىق شتابى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆمۈر چاقلىق 2 تراكتور، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان 2 دانە چىشلىق ساپان، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان بىر سېيالكا سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈپ، ئەسكەرلەرنى ئاق قومۇشلۇقتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

قىش پەسلىدە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئاسراش - باشقۇرۇش، ئىجارىگە بېرىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كەسىپلىرىگە مەسئۇل قىلىندى.

## مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى كىرگۈزۈپ، دېھقانلارغا قەرز ھېسابىدا بەردى ياكى سېتىپ بەردى. ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كانچىلىق نازارىتىدە دېھقان، چارۋىچىلارغا لېكسىيە سۆزلەش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكە دائىر دەرس تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كانچىلىق نازارىتى «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇنداق ئېلان بەردى: «نازارىتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن ئورۇق تاللاش ماشىنىسى كىرگۈزدى، بۇ ماشىنىلار دېھقانلار ئۈچۈن خالىسانە ئورۇق تاللاپ بېرىدۇ».

6 - ئايدا ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كانچىلىق نازارىتى گۆڭچۈڭ ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى قۇردى.

## مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

شۇ يىلى ئىلى سودا شىركىتى ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 20 مىڭدەكىنى ساتتى.

شۇ يىلى باركۆل ناھىيىسى ئاتقا سۆرىتىلىدىغان سېيالكا (ئايلانما شەكىللىك، 8 قۇرلۇق، 10 قۇرلۇق بولۇپ 2 خىل)، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، كومبايىن ۋە ئادەم كۈچى بىلەن ئورۇق تاللاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى قاتارلىق يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتتى.

## مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى)

تۇرپاندا تۈنجى قېتىم ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان سېيالكا ئارقىلىق 60 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى، مو بېشى مەھسۇلاتى چېچىپ تېرىغاندىكىدىن 3 ھەسسىدىن 5 ھەسسىگىچە يۇقىرى بولدى.

## مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)

ئۆلكىلىك 2 - قارارلىق 3 يىللىق پىلاننى لايىھىلەش كومىتېتى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇزاكىرە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى، بۇلار جەمئىي 32 خىل، 8700 داندىن ئارتۇق بولۇپ، قىممىتى 731 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

شۇ يىلى 40 مىڭ دانىگە يېقىن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى كېڭەيتىلدى، تۈرى 50 خىلغا يېقىن بولۇپ، پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىگە تارقالدى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2 - ئايدا 2 - قېتىملىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان

(فېرما) باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى ھەمدە دېھقانلارنى ئۇلارنى سېتىۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى؛ خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، ئاسراش - باشقۇرۇش قاتارلىق تېخنىكا يېتەكچىلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى 20 ئايروپىلان ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ چېكەتكە يوقىتىشىغا ياردەم بەردى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى چاقىرغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىدا ئۈرۈمچىدىكى جىنيۇڭ، جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ھەمدە ئالتاي، فۇكاڭ، شىخۇ، مايتاغ قاتارلىق جايلار ۋە ئورۇنلاردا 5 ئۆلگە كۆرسىتىش مەيدانى قۇرۇپ، ماشىنا ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

يىل ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، ترانسپورتقا دائىر يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 105 مىڭ (دانە) غا، تۈرى 70 خىلغا، تراكتور 20خىلغا يەتتى.

## مىنگونىڭ 32 -يىلى (1943 - يىلى)

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىش بىلەن ماشىنىلارنىڭ زاپچاس مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، زور تۈركۈمدىكى يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەتكىلى بولمىدى.

## مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ 8 ماددىلىق «دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ئۈرۈمچى، يەنجى، تۇرپان رايونلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكەپ، مەركەزلەشتۈرۈپ رېمونت قىلدى ۋە ئىجارىگە بەردى.

## مىڭگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)

1 - ئايدا غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ شىنجاڭ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باشقارمىسى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چىڭگىداخۇ كەنتىگە يېقىن جايدا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى ئۇلارغا 2 تراكتور 24 خىلدىكى جەمئىي 323 (دانە) ماتورلۇق ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا - سايمان يۆتكەپ بەردى، ئۇلار بۇنىڭغا تايىنىپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلدى.

## مىڭگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كۆلىمى 1500 مو كېلىدىغان دېھقانچىلىق سىناق بازىسى قۇرۇلدى، بازا يەرلەرنى ماشىنا ئارقىلىق ئاغدۇردى ھەمدە ئەتراپتىكى دېھقانلارغا ۋاكالىتەن يەر ئاغدۇرۇپ بەردى.

## مىڭگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى)

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى 16 مىڭ 500، تراكتور 4 بولۇپ، ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىغا تارقالغانىدى.

## 1950 - يىلى

1 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 84 مىڭ 500 (دانە) كەتمەن، چالغا، 12 مىڭ 500 (دانە) يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى، 26 تراكتور، 6 كومبايىن، 75 (دانە) ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋالدى،
3 - ئايدا ماللار كېلىپ بولدى.

2 - ئايدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە 65% خادىمىنى ئاجرىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇردى، ئۇلار ئۆزلىرى 10 مىڭغا يېقىن كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇ، ساپان چىشى قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىدى.

ئەتىياز پەسلىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 22 - بىكتۇۋەنى ماناس ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش گۇرۇپپىسى قۇردى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭ جۇڭ-

ەنخەيدە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن بورھان شەھىدى ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار كۆرگەزمىنى كۆر-
دى .

7 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىر-
شى بويىچە مەشىق چوڭ ئەترىتى قۇرۇپ ، قىسىمدىكى كادىر ۋە جەڭچىلەرنى ئاجرىتىپ ، دېھ-
قانچىلىق تېخنىكىسىنى ۋە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى .

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىق ئى-
دارىسى تەمىنات - سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى تەسىس قىلدى ، بۇ ئورگان دېھقانچى-
لىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللاندى .

## 1951 - يىلى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا تۇنجى
قېتىملىق مەملىكەتلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى . شىنجاڭ كونا شەكىل-
دىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تولۇقلاش - كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىپ ، يېڭى شەكىلدىكى
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇردى . شۇ يىلى يېڭى-
دىن كۆپەيتىلگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى 1700 دىن كۆپرەككە يەتتى .

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا تۇنجى قارار
تراكتور تېخنىكلىرى كۇرسى ئېچىپ ، 3 ئايلىق مۇددەت بىلەن 57 ئەر - ئايال كۇرسانتنى تەر-
بىيىلەپ يېتىشتۈردى .

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ، تۇدۇڭخابا ، شىخەنزە ،
يەنجىلەردە ماشىنىلاشتۇرۇشنى پراكتىكا قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ، تراكتور بىلەن
بوز يەر ئېچىپ ، كۈزگى بۇغداي تېرىدى .

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 11 - ئايدا تۇدۇڭخابا يېزا ئىگىلىك كادىرلىرى كۇرسىدا تۇن-
جى قارارلىق كومبايىنچىلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ ، 4 ئايلىق مۇددەت بىلەن 60 تىن ئارتۇق
ئەر - ئايال كۇرسانتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى .

شۇ ئايدا «ئازادلىق ئارمىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» 6 بەت ئاجرىتىپ ، شىنجاڭ ھەربىي را-
يونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى تۇنجى ئايال تراكتورچى جاڭ دىبۇەنىنىڭ مەشغۇلات ئۈستىدى-
كى سۈرىتىمۇ بار .

شۇ يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى غەربىي شىمال ھەربىي - سىيا-
سىي كومىتېت دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ، شەنشى-
گە 3 ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ يېڭى شەكىلدىكى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھ-
قانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەملەشتۈردى .

# 1952 - يىلى

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانى ۋاڭ جېن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياۋ جىڭشىيلار تۇدۇڭخابا ماشىنىلاشتۇرۇشنى پراكتىكا قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئايال تراكتورچى جاڭ دىيۈەنگە بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈردى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مالىيە بۆلۈمى مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ ۋۇتۇڭۋۇزى كەنتىدە «1 - ماي» ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا باشلىدى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچىدىن بەرگەن تېلېگراممىسىدا: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا پۈتۈنلەي زامانىۋىلاشقان، ماشىنىلاشقان 4 دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن، يېپيېڭى بىر بايراق تىكلەپ بەردى» دەپ خەۋەر قىلىندى.

شۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ماشىنا ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى داۋاملىق قۇرۇشنى بېكىتتى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تۇدۇڭخابا «1 - ئاۋغۇست» ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى تۇنجى قېتىم كومبايىن ئارقىلىق بۇغداي ئوردى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇپ، قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان سىنىپ تەسىس قىلدى، شۇ يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىغا 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىكى «ئۇلۇغ ۋەتەن» ناملىق بىر يۈرۈش 4 پارچە ئالاھىدە پوچتا ماركىسى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ناملىق 1 پارچىسىغا شىنجاڭنىڭ ماشىنىدا تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقان سۈرىتى تاللانغان.

10 - ئايدا تۇدۇڭخابا ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى تۇنجى قېتىم ماشىنا كۈچى ئارقىلىق ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى بىلەن كۆممىقوناق شېخىدىن سىلوس ياساش سىنىقى ئىشلىدى.

قىش پەسلىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رېمونتچىلىقتا ئىشلىنىلىدىغان (4 دانە) تېخنىكىلىق ماشىنا كىرگۈزدى.

شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىمپورت قىلىنغان ساپان، 7 سوشلۇق سوقا قاتار-

لىقلاردىن 5200 دىن ئارتۇقرافنى ، يېڭى شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 42 تونىنا زاپچىسىنى قەرز ھېسابىدا تارقىتىپ بەردى .

## 1953 - يىلى

4 - ئايدا تارباغاتاي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بوزداق شۆبە مەيدانىدا تۇنجى قېتىم كۋادرات شەكىلدە ئۇۋۇلاپ تېرىش ماشىنىسى ئارقىلىق كۆمقوناق تېرىلدى .

4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ، ئايال تراكتورچى جاڭ دېيۈەندىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى .

5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىش ئەترىتى تەكلىپ قىلىنىپ ، ئۈرۈمچى ، ساۋەن ، شىخو ، ماناسلاردا چېكەتكە يوقىتىلدى .

8 - ئايدا شىنجاڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى (ھازىرقى كومبايىن زاۋۇتى) ئۇلاغ سۆرەيدىغان تاق چىشلىق سوقا ، قوزلاپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسى ، كولتىۋاتور ھەمدە قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق 6 خىل يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى ، شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 9400 دىن كۆپرەككە يەتتى .

8 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلىنىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەخسۇس كۇرس سىنىپىغا 35 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى .

10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ئۆلانئوس يېزىسى (ھازىرقى 143 - تۇەن) تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاختا تېرىش ماشىنىسى ئارقىلىق پاختا تېرىدى .

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى تارباغاتايدا دۇنياغا كەلدى .

شۇ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى ؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ، ئۇلاغ كۈچىدە تېرىقچىلىق قىلىش رايونلىرىنى ئايرىشنى ، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان رايونلاردا ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇشنى قارار قىلدى .

شۇ يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى قۇرۇشنى ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تارباغاتاي ، ئىلى يېزائىگىلىك ماشىنىلىرى شۆبە پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆز رايونىدىكى يېڭى شەكىلدىكى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ، رېمونت قىلىش ، قەرز ھېسابىدا تارقىتىش ، ئىجارىگە بېرىش ، سېتىش قاتارلىق كەسپلەرنى باشقۇرۇشنى قارار قىل-

دى .
△ شنجاڭ بويىچە كېڭەيتىلگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 48 مىڭ 600 گە
يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ساپان 30 مىڭ ، چوڭ . ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ تەق
بولۇش مىقدارى 200 گە يەتتى . كومبايىن 62 ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل
. 61

## 1954 - يىلى

1 - ئايدا ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى بىلەن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى
« يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى تىجارىتى ئۇسۇلىنى يېكىنىش توغرىسىدا بىر-
لەشمە ئۇقتۇرۇش » تارقاتتى ، ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق
سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىگە مەسئۇل بولدى .
3 - ئايدا شىنجاڭدىكى تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش تۇنجى سېخى ئۆكتەبىر ئاپ-
تومۇبىل رېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى) دا قۇرۇلۇش باشلىنىپ ، 1955 -
يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى .
5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ماشى-
نا - سايمانلىرى تراكتور پونكىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي يېزىسىدا قۇرۇلدى .
شۇ ئايدا ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكى-
دىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىدا قوي يۇڭى سىناق تەرىقىسىدە ماشى-
نىدا قىرقىلدى .
7 - ئايدا چارۋىچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ، ئىلى ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا 11
ئوت - چۆپ ئورۇش پونكىتى قۇرۇپ ، جەمئىي 30 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى سەپلەپ
بەردى .
8 - ئايدا « 1 - ئاۋغۇست » يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپى
تۇنجى قېتىم مەخسۇس كۇرس سىنىپىغا 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى .
10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى
قۇرۇلۇپ ، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان
بولدى ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋا-
سىتىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى دېھقانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىندى .
10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئور-
مانچىلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى
چاقىرىپ ، « ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى پائال ،
پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىش ، مۇھىمى ساپاننى ئاساس قىلىش » فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى . « يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان مەشغۇلات

قائىدىسى» قاتارلىق 6 خىل ماشىنا ئىشلىرى قائىدە - تۈزۈمىنى بېسىپ تارقاتتى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا تراكتور رېمونتچى كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، 1 يىللىق مۇددەت بىلەن 40 تىن ئارتۇق كۇرسانتنى تەربىيىلىدى.

شۇ يىلى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 -، 6 -، 7 -، 8 - شىلىرىدا تراكتور رېمونت زاۋۇتىدىن 5ى قۇرۇلدى.

## 1955 - يىلى

12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى پىلان كومىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇننى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا بېرىپ، 5 ناھىيىدە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كېڭەيتىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە بۇيرىدى.

شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قەشقەر دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقاردى.

△ شىنجاڭ بويىچە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 36 مىڭ 853 كە يەتتى.

△ شىنجاڭدا كېڭەيتىلگەن ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 20 مىڭغا يېقىنلاشتى.

## 1956 - يىلى

1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان، 10 قۇرلۇق سېيالكا قاتارلىق 17 خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى باھاسىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ھەجمى 34.2% بولدى.

2 - ئايدا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى تۇنجى قېتىملىق تراكتور پونكىتى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئەنەنچۇ، سۇيدۇڭ تراكتور پونكىتلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى، گۈچۈڭ، غۇلجا، تۇرپان، قەشقەر كوناشەھەر ۋە تارباغاتايلاردا 5 تراكتور پونكىتى (ئەترىتى) نى يېڭىدىن قۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتىدە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى» قۇرۇلۇپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش خىزمەتلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى. بۇ پونكىت 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇل-

دى .

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتى تۇنجى قېتىم تولۇق كۇرسقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى .

10 - ئايدا شىنجاڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان تەۋرەنمە يەلكىلىك كومبايىننى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .

## 1957 يىلى

4 - ئايدا بىڭتۇەن كۆممۇنافنى تۆت چاسا ئۇۋۇلاپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى .

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشى ئارقىلىق قەشقەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتىنى قۇرۇلدى .

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ۋە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» تا «جايلارنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى پائال ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ياخشىلىشى ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشى» لازىملىقى تەلەپ قىلىندى .

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 118 مىڭ 400 گە ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 105 مىڭ 800 گە يەتتى ؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 8 گە ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى 6 گە ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى 40 قا ؛ تراكتور سانى 1028 گە ، كومبايىن 243 كە ، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 3640 قا يەتتى .

## 1958 - يىلى

1 - ئايدا بىڭتۇەننىڭ 3 - نۆۋەتلىك ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى خۇجىيېبۇەن ئىلغار ماشىنا گۇرۇپپىسىدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى .

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى 24 ئات كۈچىگە ئىگە «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ماركىلىق رېزىنكە چاقلىق تۇنجى تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .

6 - ئايدا بىڭتۇەن «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى قائىدىسى (لايىھە)» نى تارقاتتى .

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

ئۈنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق پەنلىرى تەتقىقات ئورنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. 1965 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىل 8 - ئايدا تەستىقلىنىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى دېگەن ۋىۋىسكا كۆپەيتىپ ئېسىلدى ۋە ئۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىكتۇەن ئىشلەپچىقارغان چۆنەك ئېچىش، قىر سېلىش ماشىنىسى، 10 ئات كۈچىگە ئىگە دىزېلماتور، كىچىك تىپتىكى ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، «60» تىپلىق ئايلانما ياغ تارتىش ماشىنىسى، «تەڭرىتاغ - 1.5» تىپلىق پاختا تازىلاش ماشىنىسى قاتارلىق 10 خىل دېھقانچىلىق سايمىنى، ۋېيىنامىنىڭ خېنېي شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ نامى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پونكىتى قۇردى.

△ ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتىدىكى ۋاڭ شۇخۇەي تراكتور گۇرۇپپىسى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور بىلەن 17 مىڭ 860 ئۆلچەملىك مو نەتىجە يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە زەنجىر تاپانلىق تراكتورنىڭ خىزمەت مىقدارى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى رېكورد ياراتتى ھەمدە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

## 1959 - يىلى

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى «تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تراكتورلىرىنى خەلق گۇڭشېلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. تراكتور پونكىتلىرى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە سېتىپ بېرىلدى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە بىكتۇەن 4 - نۆۋەتلىك ماشىنا ئىشلىرى خىز-

مىنى يىغىنى چاقىرىپ، ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ خىزمەت مىقدارى 15 مىڭ ئۆلچەملىك مو بولۇش، 1 ئۆلچەملىك موغا كېتىدىغان ماي سەرپىياتى 0.6 كىلوگرام بولۇش، تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ئارىلىقى 6000 سائەت بولۇش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەت بويىچە ماشىنا ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىگە مۇسابىقىلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇ ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى قۇردى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «پارتىيە خەۋەرلىرى» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۈپ چىقىش يولى - ماشىنىلاشتۇرۇشتا» بۇنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر بولدى.

5 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى تۇنجى نۆۋەتلىك يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ماشىنسازلىق سانائىتىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك شۆبىۋەنى شىخەنزىدە قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنىپ، شۇ يىلى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

## 1960 - يىلى

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، 1962 - يىل 2 - ئايدا ئۇنىڭ نامى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى دەپ ئاتالدى، 1969 - يىل 4 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش - سەپلەش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش - پىلان باشقارمىسىدىن ئىبارەت 5 كەسپىي باشقارما تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى 2 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ماشىنىلاشقان سىناق نۇقتىسىدىن 5 نى قۇرۇپ، ماشىنا باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

4 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ چېپەيزى 2 - مەيدانىدا دۆلەتنىڭ پاختىزارلىق ماشىنىلىرىنى چاتمىلاشتۇرۇش سىناق نۇقتىسى قۇردى. 1962 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت

پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پاختىزارلىق ماشىنىلىرىنى چاتمىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

شۇ ئايدا بىگتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى ۋاڭ جۆڭ جۇڭگونىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە ۋېيتنامغا ياردەم بەرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 1961 ـ يىل 11 ـ ئايدا ۋېيتنام ھۆكۈمىتىنىڭ «دوستلۇق مېدالى»غا ئېرىشىپ، 1962 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتتى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ، مۇنىتېرىم ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، ئوقۇتۇش تۈزۈمى 3 يىل بولدى. 1962 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 1961 ـ يىلى

3 ـ ئايدا بىگتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ئېيوك‍سى سىمولاسى يىلمىنى ئاپتوموبىل، تراكتور رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە سودا نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، بىگتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەڭشەش ـ ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ھەمدە تراكتور، ئىچىدىن ياندۇرغان دېۋىگاتېل، كومبايىنلارنى رېمونت قىلىش زاپچاسلىرىنى سەپلەشتە پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈشۈلگەن ماددىي ئەشيا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 95.9% نى ئىگىلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، پېڭ شېڭشى جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

يىل ئاخىرىدا ھەر قايسى نازارەتلەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ماشىنا رېمونت زاۋۇتى 10 غا، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ياساش زاۋۇتى 14 كە، ناھىيىلەردىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېموت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى 79 غا يەتتى.

## 1962 ـ يىلى

2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا 11 تراكتور پونكىتى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 6، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپلار شېرىكچىلىكىدىكىسى 5.

8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش كەسپى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، مائارىپ قاتارلىق كەسپلەر دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئايرىپ بېرىلدى.

10 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى 3 - نۆۋەتلىك ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ماشىنا ئىشلىرى قائىدىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «تراكتور رېمونتىنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش چارىسى (لايىھە)»، «تراكتورلارنى چوڭ - كىچىك رېمونت قىلىش دائىرىسى ۋە مەزمۇنى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ماتېرىياللارنىڭ نورمىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان زاپچاسلارنىڭ خوراش نورمىسى (لايىھە)» قاتارلىق تېخنىكا قائىدىلىرىنى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى 1963 - يىلى يېڭىدىن 40 تراكتور پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، تراكتور پونكىتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەمدە پىلانلاش خىزمەتلىرىنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى. 2 - 3 يىل ئىچىدە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ رېمونتچىلىق تور - نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىق نازارىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، يىغىندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

## 1963 - يىلى

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گوۋۇيۈەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشخانىسى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تراكتورلارنى براك قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدا بۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىندى.

2 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى خېجىڭ ناھىيىسىنى چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىپ تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر قىسىم ماشىنا - سايمانلارنى بەردى.

3 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش چارىسى (لايىھە)»نى ئېلان قىلدى.

19 - كۈنى ئاپتونوم رايون «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مالىيىسىنى

باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى .
4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى
بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ھەققىدە پىكىر»نى كۆچۈرۈپ تارقاتقاندا: ناھىيىلەر-
دىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتلىرىنى، تراكتور پونكىتى بار جايلاردا تراكتور پونكىتلى-
رى بىلەن قوشۇۋېتىپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك، بىر تۇتاش ھېساباتنى يولغا قويغىلى بولىدۇ
دەپ ئوتتۇرىغا قويدى .
6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى سانجى بىلەن قەشقەردە يىلىغا 200 تراكتور رې-
مونت قىلالايدىغان رېمونت زاۋۇتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، 11 - ئايدا خوتەندە يىلىغا 100
تراكتور رېمونت قىلالايدىغان رېمونت زاۋۇت قۇرۇشنى تەستىقلىدى .
7 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى، فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى گەنخېزىدا تېپەنلۇڭ يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش سىناق زاۋۇتى قۇردى .
12 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە تۇنجى نۆۋەت-
لىك جەمئىيەت ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق دېھقانچىلىق نازارىتى-
نىڭ نازىرى جاڭ شۈيىنى كېڭەش باشلىقلىقىغا سايلىدى، قۇرۇلتايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلى-
رى، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت 4 كەسپىي
گۇرۇپپا قۇرۇلدى .
شۇ ئايدا بىكىتۈەن ماشىنا ئىشلىرى جەھەتتىكى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدا «بەشنى
ئۆلچەملەشتۈرۈش»نى يەنى مەشغۇلات تېخنىكىسى، تېخنىكىلىق ئاسراش، ماشىنا - سايمان
باشقۇرۇش، ماي باشقۇرۇش ۋە ئىپتىدائىي خاتىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

## 1964 - يىلى

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى توقسۇزتارا ناھىيىسىدە
شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش تېخنىكا مەشغۇلاتى كۇرسى ئېچىپ، 107 ئادەمنى
تەربىيىلىدى .
21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 11 ۋىلايەت،
ئوبلاستىنىكى 59 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شۆبە شىركىتى، تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇل-
دى .
شۇ ئايدا «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، «شەرق قىزاردى - 28G» تىپلىق ئېگىزلىك ۋە
ئاراش يەرلەردە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان 3 چاقلىق كولتىۋاتور شەكلىدىكى تراكتورنى
ئىشلەپچىقاردى .
9 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلى-

رى ئىلمىي جەمئىيىتى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى، بۇ يىغىنغا مەملىكەت بويىچە پاختا تېرىلىدىغان 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن 87 ۋەكىل قاتناشتى.

10 - ئايدا بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى لايىھىلىگەن «MCSG-4-6» تىپلىق ئاددىي كېۋەز شادىسى يىغىش ماشىنىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، ماشىنا - سايمان بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى نازارەتكە قاراشلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ ماشىنا ئىشلىرى، رېمونت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدە «بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 1965 - يىلى

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە تراكتور سېتىۋېلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى تەستىق» نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى تراكتور پونكىت (گۇرۇپپا) لىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا پائال رەھبەرلىك قىلىشنى ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىشنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى لوپ، كۈنەس، چاغانتوقاي، ئاتۇش قاتارلىق 17 ناھىيەدە تراكتور پونكىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

6 - ئايدا بىڭتۇەن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «MYBJ—6» تىپلىق كېۋەز، كۆممىقوناقنى تۇججۇپىلەپ تېرىش ئۇنىۋېرسال سېيالكىسى، «KGX—0.4» تىپلىق بەش تەرەپلىمە ئىشلىتىلىدىغان چۆنەك ئېچىش، قىر سېلىش ماشىنىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى شىنجاڭ شىخەنزىدە مەملىكەت بويىچە ماشىنا ئىشلىرى ئۈلگىسى، بىڭتۇەننىڭ ماشىنا ئىشلىرى ئىلغارى خۇ جېگبۇەن قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى.

10 - ، 11 - ئايدا قەشقەر، ئىلىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى قۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 326 مىڭغا ، ھەر خىل تىپتىكى تراكتور 6415 كە ، قوۋۋىتى 155 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى ؛ ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش ، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش دەرىجىسى 40.3% ۋە 31.5% بولدى .
شۇ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى قاتناش نازارىتىنىڭ « تراكتورلارنى تەكشۈرۈش ، باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش »نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى : تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ كىنىشكىسى ئېنىزلىقتا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندىلا ئىشلىتىلىدۇ ، رېزىنكە چاقلىق تراكتورلارنى تاشىولدا ھەيدىگەندە بولسا ، قاتناش تارماقلىرىنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسى بولۇشى شەرت .

## 1966 - يىلى

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى كەلپىن ، جىمنەي قاتارلىق 7 ناھىيەدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان تراكتور پونكىتى (ئەترىتى )320 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 76 .
2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون خەلق كومىتېتى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مالىيە - سودا ، پەن - تەتقىقات ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرى ، ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە ، شەھەرلەردىكى تراكتور باش پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش شۆبە شىركەتلىرى ، رېمونت زاۋۇتلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن جەمئىي 229 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى .
10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ « ئۇكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى « شەرق قىزاردى - 28 » تىپلىق رېزىنكە چاقلىق تراكتورنى تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقاردى .
شۇ يىلى 17 ناھىيەدە تراكتوردا ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش - ئۆلۈش ۋەقەسى يۈز بەردى ، 21 ئادەم ئۆلدى ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ تولىسى قاتناش قائىدىسىگە ھەمدە ماشىنا ئىشلىرى قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىسىدا توغۇلغان .

## 1967 - يىلى

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى تراكتور پونكىتلىرىغا « 1967 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى تەكلىپ كۆرسەتكۈچى » تارقاتتى .
3 - ئايدا ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى ، بۇ ئىشخانا شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىگە تەشكىلاتچىلىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى . دېھقانچىلىق نازارىتىمۇ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىش-

خانىسى قۇرۇلۇشى ئاساسلىق ماتېرىيال قۇرۇق تۇغان جىنېتاش ئەسىلىدىكى چوڭ ئىگىللىك ماشىنا چىقىرىش ئاساسلىق قۇرۇلدى .

## 1968 - يىلى

12 - ئايدا شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ئۇنىۋېرسال «490» تىپلىق ، 40 ئات كۈچىگە ئىگە سوۋۇتقۇچ شەكلىدىكى دىزېلماتور ئىشلەپچىقاردى ھەمدە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق «قىزىل ئۆكتەبىر - 40» تىپلىق رېزىنكە چاقلىق تراكتورنى ئىشلەپچىقاردى .

شۇ يىلى 345 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنى پۈتتۈردى ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىدىكىلەر 224 ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كەسپىدىكىلەر 121 .

## 1969 - يىلى

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە 1 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى بىلەن 8 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىدىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتلىرى بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى . يىغىن مەزگىلىدە زۇڭلى جۇئېنلەي ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ھەمدە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «ھەر بىر ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بولۇشى لازىم» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى .

10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر (لايىھە)» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «سابىق ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ئەسلىھەلىرى ، ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى ، زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش» نى بەلگىلىدى . يىل ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەر خىل ئۈسكۈنە 247 گە يەتتى .

## 1970 - يىلى

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلدى . ناھىيىلەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، خادىم ، ماشىنىلىرى ناھىيىدىن خەلق كومۇنىلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زا-

ۋۇتلىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار ياسىغان «شىيۈجىڭجۇيىغا قارشى - 600» تىپلىق ئوق ئاقما شەكىللىك پاراشوك پۈركۈگۈچ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى.

## 1971 - يىلى

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بىڭتۇەن پارتكومى «يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ، 1975 - يىلى بىڭتۇەندە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى، لۇشيەنى، سىياسىتى قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان 1980 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىكى ئاساسلىق مەشغۇلاتلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى 70% تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

## 1972 - يىلى

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان قائىدىسى (لايىھە)» نى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش، پ، 136 - نومۇرلۇق ھۆججەت «نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا ش ئۇ ئا ر پارتكومدا يېزائىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش، تەمىنلەش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، پەن - تەتقىقاتتىن ئىبارەت 6 تۈرلۈك ۋەزىپىگە ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ۋاقىتلىق بىر تۇتاش مەسئۇل بولۇشنى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپ-

كى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى گوڭشېلار باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشنى ، شارائىتى بار چوڭ ئەترەتلەر باشقۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى .

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى 85 مېتال رەندىلەش ستانوكى ، 16 توك ئارقىلىق كەپشەرلىگۈچ تەقسىملەپ ، 37 گوڭشې ۋە 1 چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتلىرىنى قوراللاندۇردى .

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 58 ناھىيەدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5561 گە ، ستانوك ئۈسكۈنىسى 984 كە ، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنىڭ كۆلىمى 92 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەككە يەتتى .

شۇ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ۋە گۇچۇڭ ، لوپ ناھىيىلىرىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى .

## 1973 - يىلى

2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ھۆججەت تارقىتىپ ، ۋىلايەت ، ناھىيىلەردىن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تېزلىكتە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشتەك قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى .

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش يىغىنى چاقىرىپ ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ، رېمونت قىلىش ۋە زاپچاس ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت 3 يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ؛ قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش ، قىش پەسىللىك تەربىيىلەش پىلانىنى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈردى .

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون شىخۇ ، قورغاس ، گۇچۇڭلارنى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ناھىيە قىلىپ تاللىدى ؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ « ئىشچى - دېھقان ، ئەسكەرلەر » گوڭشېسى ، « شەرق شامىلى » گوڭشېسى ، ۋە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ « بەش يۇلتۇز » گوڭشېسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان گوڭشې قىلىپ بېكىتىلدى .

△ شىنجاڭ چارۋا ، قوشلارنى تۇمانلاشتۇرۇپ ئىمۇنىتېتلاش ماشىنىسى كىرگۈزۈپ كېلىنىدى .

△ شىنجاڭ 1 - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى « شىنجاڭ - 2.5 » تىپلىق چاتما شەكىلدىكى دانلىق زىرائەتلەر كومبايىنىدىن 3 نى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى .

# 1974 - يىلى

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت [1974] 19 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، جايلاردىن تېزلىكتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى، بولۇپمۇ ناھىيە، گۇڭشېدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىدىغان تراكتورلارنى نازارەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى شىخۇ، ئۇنسۇ ناھىيىلىرىدە شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش، باھالاپ - بېكىتىش پونكىتى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ، تراكتورلارنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى.

11 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى پاختا ئۆستۈرۈش بويىچە تېخنىك ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەكلىپكە بىنائەن گۇڭشىناغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كېۋەز ئۆستۈرۈشكە ھەمدە ماشىنىدا كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، شىنجاڭلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكى دۆڭ چىگرۇڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا ماشىنىدا كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىغا مەسئۇل بولۇپ، 2 يىل 8 ئاي خىزمەت قىلىپ، چوڭ كۆلەمدە (2000مودىن كۆپرەك) كېۋەز ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنى ئىشقا ئاشۇردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلاردا 960 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 84 ئادەم ئۆلدى، 198 ئادەم يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سىستېمىلاردا يۈز بەرگەن ھادىسە 610 قېتىم، ئۆلگەنلەر74، يارىلانغانلار 148.

# 1975 - يىلى

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «خەلق گۇڭشېلىرىدىكى يې-
زا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان
لايىھە)»نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ۋىلا-
يەت، ئوبلاست، ناھىيە، گۇڭشېلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىدىن 40 كىشىنى
تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيە، گۇڭشېلار-
نىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە باھالاپ سېلىشتۇردى.

5 - ئايدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئابروپىلاندا دورا پۈركۈپ چېكەتكە يوقىتىشنى سىناق
قىلدى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ج خ ئىدارىسى، ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، قاتناش
ئىدارىسى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىك تراكتورلىرىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان
قىلدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى پىچان
ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش
يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، ماشىنىلارنى
باشقۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
خادىملىرىنى تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈشنىڭ بەش يىللىق پىلانى»نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ
چىقتى؛ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزائىگىلىك ماشىنى-
لىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»دىكى تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئىز-
چىللاشتۇردى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 81 ناھىيىدە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت
قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 6447 گە، مېتال رەندىلەش
ستانوكى، بازغانلاش ئۈسكۈنىلىرى 1133 كە، رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىسى 554 كە يەتتى،
شۇ يىلى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 562 تراكتور، كىچىك تىپتىكى 424 تراكتور، 181 دانە ئىچ-
دىن يانار دېۋىگاتېل رېمونت قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا «8—9AL» تىپلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى ۋاننىلاش قۇرۇلمىسى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى ھەمدە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش زاۋۇتى رەسمىي ئىشلەپچى-
قىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

△ شىنجاڭدا «9GZX—1.7» تىپلىق 4 دىسكىلىق ئايلانما شەكىللىك چۆپ ئورۇش ما-
شىنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونى-

دا ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى قۇردى.

## 1976 - يىلى

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇئار ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «تراكتور دىزېلماتورىنى رېمونت قىلىشنىڭ تېخنىكىلىق بەلگىلىمىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 1 - ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى بىلەن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1976 - يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ ستانوك ئەسلىھەلىرى، گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناش ئەسلىھەلىرى، تىغلىق ئەسۋابلارنى ئىلتىماس قىلىش، زاكاز قىلىش، تەقسىملەش قاتارلىق ئىشلارنى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئابدىگلاشتۇردى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ئىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش يىغىنى چاقىردى، 250 تىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، 84 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، 523 خەلق گۇڭشېسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلار گۇڭشې ئومۇمىي سانىنىڭ 88% نى ئىگىلىدى.

شۇ يىلى ۋۇتۇڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى «5XF—1.3A» تىپلىق مۇرەككەپ شەكىللىك تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى.

## 1977 - يىلى

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ساۋەن ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش يىغىنى چاقىردى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە (تۈەن) لەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش - ياساش، تەمىنلەش ئورۇنلىرىدىن ھەمدە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەردىن بولۇپ، جەمئىي 250 تىن ئارتۇق ئادەم بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىگۇڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ۋىلايەت، ناھىيەلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن مۇناسىپ ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭدىكى سانجى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يىلمى» ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ «9MZZ—16» تىپلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق تۈز ھەرىكەت شەكىلدىكى قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنا گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

△ شىنجاڭ «3WCD-250» تىپلىق چاتما شەكىلدىكى تۆۋەن مىقدارلىق پۈركۈگۈچنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك پۈركۈش ھەجمى 30 مېتىر، سائەتلىك ئۈنۈمى 300 مو بولدى.

## 1978 - يىلى

3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى 10 تۈرلۈك نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلىم - پەن يىغىنىنىڭ مۇكاپاتىغا، 31 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلىم - پەن يىغىنىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىنقىلابىي كومىتېت (83 - نومۇرلۇق) ھۆججەت تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يېزائىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى قۇرۇش ۋە ناھىيەلەردە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە دائىملىق - تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق يېزائىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتۇرۇش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى؛ يىغىندا 20 قىزىل بايراقدار ئورۇن ۋە 100 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايون سانجى ناھىيىسىنى يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى سىناق نۇقتىسى، كۈنەس ناھىيىسىنى چارۋىچىلىقنى ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە دۆلەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى شىنجاڭدا 17 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدا پۈركۈپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىر-

دى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «(يېزا، خەلق گۇڭشېلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئىشلىرى باشقۇرۇش قائىدىسى) نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە قوشۇمچە بەلگىلىمە (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)» نى تارقاتتى.

## 1979 - يىلى

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 1978 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كونا زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە نەتىجىسى ئەلا بولغان ساۋەن، گۇچۇڭ، باي، شىخو، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىندى.

5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ئاقسۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 10 مىڭ 393 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە ئايروپىلان ئارقىلىق شال تېرىدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سىناق نۇقتىلىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، شالچىلىق، كۆممىقوناق، يۇركۇپ سۇغىرىش، سۇنئىي ئوسۇلدا ئوتلاق بەرپا قىلىش، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق 19 تۈر بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى سىناق نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ساۋەن، مەكىت، كۈنەس ناھىيىلىرىدە 3 قارار «ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۆگىنىش كۇرسى» ئاچتى، كۇرسقا 6 مىللەتتىن جەمئىي 230 ئادەم قاتناشتى.

8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئۇنىۋېرسال رايونلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىپ زاۋۇتتىن چىقىرىشتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تېخنىكا ئۆلچىمى»، «تراكتورلارنى ئاشۇرۇپ چوڭ رېمونت قىلىش بەلگىلىمىسى» ۋە «ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكا،

ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنى سىناش ئۆلچىمى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1980 - يىل 6 - ئايدا رەسمىي ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، 40 ناھىيەدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدا «شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى.

△ شىنجاڭدا 9 تۈردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1980 - يىلى

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، شىنجاڭدىن مۇكاپاتلانغان ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇنۇلار: سانجى ناھىيىسىنىڭ سەنگوڭ گوڭشې چاڭ شېڭ چوڭ ئەترىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى، قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، كۈنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ۋە مەكىت ناھىيە 3 - گوڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى «شەرق قىزاردى - 75» ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئەھەتجان.

5 - ئايدا كۈنەس ناھىيىسى ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ قالدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قەشقەر شەھىرىدە شىنجاڭ بويىچە بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىدارىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «كومبايىن قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، 1981 - يىلى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، 40 نۇقتىدا تۇجۇپلەپ ئۇرۇق سېلىش، ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش قاتارلىق 5 تۈر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

28 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پىلانلىق، نۇقتى-

لىق ۋە شارائىتقا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى گۇچۇڭ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەتكە دائىر سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بىر قانچە بەلگىلىمە»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىكنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلدى، ئىختىيار قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن چوڭ ئەترەت، چوڭ ئەترەت بىلەن گۇڭشې بىرلىكتە ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشى تەشەببۇس قىلىندى.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلى ۋىلايىتى ئايروپىلاندا ئوت - چۆپ تېرىشنى سىناق قىلىپ، جەمئىي 15 مىڭ 300 مو ئوت - چۆپ تېرىدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليون 477 مىڭ كىلوۋاتقا، ھەر خىل تىپتىكى تراكتور 44 مىڭ 226 گە، يەر ئاغدۇرۇش، تېرىش، ھوسۇلنى يىغىشنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 64.32% كە، 51.88% كە، 23.49% كە يەتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتىكى 5 تۈرلۈك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك، 2 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ يۇرۇشلەشكەن يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش ئەسلىھەلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئارىلاشما، تەڭشەلگەن يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 239 زاۋۇت قۇرۇلۇپ، ئاق ئىسمېنا بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 توننىغا يەتتى.

## 1981 - يىلى

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى»نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى شىنجاڭ قۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانى (فۇكاڭ ناھىيىسىدە) دا ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرى بويىچە نەق مەيداندا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش يەرمەنكىسى ئاچتى. مەملىكەت بويىچە 21 زاۋۇت، 39 خىل ماشىنا - سايمان يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى سانجى ئوبلاستىدا «يايلاق چارۋىچىلىقى ماشىنىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. ئامېرىكىلىق دوستلار، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن ياڭ زاۋ ۋە خەن چۈن ئەر - خوتۇن يىغىنغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تېخنىكا كېڭەيتىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن يېزا ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا - ئىقتىساد مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا خىزمەتلەر يەكۈنلەندى؛ يېڭىدىن قوشۇلغان ئۇرۇق تاللاش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئوت - چۆپ پىششىقلاش، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى، «شەرق قىزىل - 75» تىپلىق تراكتورنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق كېڭەيتىلىدىغان تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھۆججەت تارقىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتىگە تەدرىجىي يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان 24 قۇرلۇق سېيالكىدا يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىدى، شۇ يىلى ماشىنىدا 6000 مو يەرگە يوپۇق يېپىلدى.

△ يەككىلەر ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور جەمئىي 83 كە يەتتى.

△ شىنجاڭدىن 5 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇھىم پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 1982 - يىلى

2 - ئايدا قازاقچە «چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پاتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، يەنە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك مەسىلە يۈكسەكلىكىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى؛ شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

5 - ئايدا شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى «شىنجاڭ - 5» تىپلىق ئۆزى يۈرەر كومبايىننى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى شىخەنزىدە يوپۇق بېپىپ كېۋەز تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان 6 خىل يوپۇق يېيىش ماشىنا - سايمىنىنى باھالىدى ھەمدە ياخشىلاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش تېخنىكىسى بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋەكىللىرىدىن 107 كىشى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېيجىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىنىستىتوتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسورى لى خەنرۇ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە لېكسىيە سۆزلىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭدىن 2 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى مىنىستىرلىك، كومىتېت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

△ شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقە-

سىدە ياساپ چىقتى.
△ شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى «9CZ—3» تىپلىق ئوت - چۆپ يىغىش - قاچىلاش ماشىنىسىنى ئەتىقىق قىلىپ ياساپ چىقتى.

## 1983 - يىلى

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە» نى تارقىتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دېھقانلارنىڭ شەخسىي ياكى بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - سايمانلىرىنى، كىچىك تىپتىكى تراكتور ۋە كىچىك تىپتىكى ماتورلۇق كېمىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىشى يېزىلاردىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق، بۇنىڭغا يول قويۇش لازىم؛ شەخسلەرنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور ۋە ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىشى ھازىرقى باسقۇچتا پرىنسىپ جەھەتتە چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا شەخسلەر ھەمكارلاشقان ئائىلىلەر تراكتور قاتارلىق ماشىنا - سايمانلارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، يىغىندا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا بارغانسېرى، نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى - دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش، خادىم تەربىيىلەش ئىشلىرىنى دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنى ماشىنىسازلىق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق نازارىتى قارمىقىدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى (2 - دەرىجىلىك ئىدارە) تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

شۇ ئايدا ئۇيغۇرچە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ژۇرنىلى» نەشر قىلىندى، 1985 - يىلى ئۇنىڭ نامى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى قۇردى، ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «ترانسپورت - 11» تىپلىق ئايروپىلاندىن 10ى بار بولدى، بۇ مەملىكەت بويىچە بوز يەر كارخانىلىرىدىكى تۇنجى ئىش بولۇپ قالدى.

11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك تراكتورلىرىنى نومۇر تاختىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك تراكتورلىرىنىڭ يول يۈرۈش كىنىشكىسى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش كىنىشكىسى»نى ئىشلەتتى.

شۇ ئايدا «شىنجاڭ - 12» تىپلىق 4 چاقلىق تراكتور يېڭى مەھسۇلات باھالىشىدىن ئۆتتى.

△ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى ياساپ چىققان «5HZ—2/4» تىپلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ۋە ئورۇقنى قۇرۇتۇش سايمىنى مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتىن ئۆتتى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭدا يەرلىك سىستېمىدىكى خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى كىچىك تراكتور 12 مىڭ 81 گە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 5963 كە، كومبايىن 302 كە، يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 1313 كە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى جەمئىي 498 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 172 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان ھەرخىل بويۇق يېيىش ماشىنىلىرىدىن 10 تۈرلۈكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «4LQ — 2.5» تىپلىق چاتما شەكىللىك دانلىق زىرائەتلەر كومبايىنى دۆلەتنىڭ كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشتى.

△ «شىنجاڭ - 5» تىپلىق ئاپتوماتىك دانلىقزىرائەتلەر كومبايىنى يېڭى مەھسۇلاتلار باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

# 1984 - يىلى

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن سودا نازارىتى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان سولياركىنى تەقسىملەش، تەمىنلەش، باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان سولياركىنى تەقسىملەش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى مەسئۇل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «1984 - يىللىق خىزمەت پروگراممىسى» دا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش

مۇلازىمەت پونكىتى قۇرغانلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، كېڭەيتىش؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يېزا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئاپپارات ئىسلاھاتىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم». ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ [1984] 2 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە مۇنداق بەلگىلەندى: «ناھىيىلەردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەسىس قىلىنىشى لازىم».

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى گوۋۇيۈەنىنىڭ «شەخسىي دېھقان ئائىلىلىرى ياكى بىرلەشمە ئائىلىلەر ماتورلۇق ماشىنا، كېمە ۋە تراكتور سېتىۋېلىپ ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» نى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «يېزا ئىگىلىك تراكتورلىرى ۋە شوپۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە نازارەتچىلىق قىلىش قائىدىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باشقارمىسى تەسىس قىلدى، بۇ باشقارما سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى دەپ ئاتالدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «IPM—88» تىپلىق ئۈزۈم تېلىنى كۆمۈش ماشىنىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسىدە چاقىرغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇردى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 176 يېزا (بازار) دا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال رايونلاشتۇرۇلۇشى»، «شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ سېلىشتۇرما قارشىلىقى ۋە تۇپراق سېلىشتۇرما قارشىلىقىنىڭ تۈرگە ئايرىلىش خەرىتىسى» ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش، تەدبىر بەلگىلەش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى سىستېمىسىنى تۈزۈش، ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلىتىش، لايىھەلەشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋىلايەت، نا-

ھېيلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرىنى شىنجاڭ بويىچە 940 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى .

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باشقارمىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى ، بۇ باشقارما سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى دەپ ئاتالدى .

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى سانجى شەھىرىدە شىنجاڭ بويىچە كىچىك تىپتىكى يوپۇق يېيىش ماشىنىسىنى كېڭەيتىش ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ، باھالاش - تاللاش يىغىنى چاقىردى ، 10 ئەۋرىشكە ماشىنا باھالاش - تاللاشقا قاتناشتۇرۇلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ى « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىشكە رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى » گە ئېرىشتى .

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى ، يىغىندا تېخنىكا كېڭەيتىش تەجرىبىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رايونلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تېمىلار مۇكاپاتلاندى .

شۇ يىلى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ بوغدا گۈڭشېسىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى .

△ ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان كىچىك تىپتىكى ئۇسسىخان ، گۆشنى تالقانلاپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھە دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ يېڭى تېخنىكا كەشپىياتى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

## 1985 - يىلى

1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك تراكتورلىرىنى ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى تۇنجى قېتىم يىللىق نازارەت قىلىش ، تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەپ نومۇر تاختىسىنى تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى .

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ، تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرىدىغان قانۇنلۇق ئاپپاراتتۇر . مەزكۇر پونكىت شىنـ

جاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پونكىتى ئىچىدە تەسىس قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇرۇمچىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ئىلگىرىكى مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشنى ئىقتىسادىي باشقۇرۇش، قانۇن - نىزام بىلەن باشقۇرۇشقا ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئائىلە ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا قارىتىش لازىم.

3 - ئايدا ئەسلىدىكى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خەۋەرلىرى» (1971 - يىلى نەشر قىلىنغان قەرەلسىز ژۇرنال) نىڭ نامى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» قا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى بويىچە پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدىغان بولدى.

4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىڭ يېزىلاردىكى ماشىنا رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» نى ئېلان قىلدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مېستىرلىكى ئۈرۈمچى ئەنسەن تەسللىك قوي قىرمىسىدا! مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 21 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل مۇسابىقىگە قاتناشتى، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 55 يۇڭ قىرقىش ماھىرى 9 ۋەكىللەر كوماندىسىغا بۆلۈنۈپ، A، B گۇرۇپپىلار بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ باردى. شىنجاڭ ماھىرلىرى 2 گۇرۇپپىدا ئارا كوللېكتىپ 1 - لىككە، شەخسلەر بويىچە 1 -، 2 -، 3 -، 4 - لىككە ئېرىشتى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى كۈنەس ناھىيىسىدە ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇزنى ماشىنىدا پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ شاخلىرىنى كۆك پېتى، سېرىق پېتى سىلوسلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تېكەس ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى ھەمدە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ نىزامنامىسى

(لايىھە) » نى ، « ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدا ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ( لايىھە) » نى تۈزەتتى. 10 - ، 11 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا 110 مىڭ يۈەن يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش - قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 85 مىڭ يۈەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 20 مىڭ يۈەن، ئاقتۇ ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 5000 يۈەن.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن مال باھا ئىدارىسى بىرلىكتە « ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىن يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئۆلچىمى » نى تارقاتتى.

شۇ ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى جېۋجياۋەندىكى مالياۋدىدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى ماشىنىلاشقان توخۇ، ئۆردەك ئۆلتۈرۈش - سويۇش، توڭلىتىپ ساقلاش زاۋۇتى قۇردى.

12 - ئايدا شىنجاڭ « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان « شىنجاڭ - 12 » ، « شىنجاڭ - 15 » تىن ئىبارەت 2 خىل، كىچىك 4 چاقلىق تراكتور دۆلەتنىڭ « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى » ۋە « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىشكە رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى » گە ئېرىشتى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3 مىليون 848 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. ئاساسلىق مەشغۇلات تۈرلىرىدە ماشىنىلىشىش دەرىجىسى مۇنداق بولدى: يەر ئاغدۇرۇش 60.85%، ئۇرۇق سېلىش 57.61%، ھوسۇل يىغىش 26.87% بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازارلاردا قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى 669 غا يەتتى، پونكىت قۇرۇلغان يېزا - بازارلار يېزا - بازار سانىنىڭ 81.1% نى ئىگىلىدى.

△ شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 98 گە، سەپلەنگەن مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى نازارەتچى خادىم 1158 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكىسى 878 بولۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى شەكىللەندى.

بىرىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

# بىرىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

## I باب

## ئادەم ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى

### § 1 . ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بىر قانچە 10 يىلدىن بۇيان، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭدىكى قۇمۇل، چاقىلىق، قەشقەر كوناشەھەر، ئاقسۇ، خوشۇت، ئاراتۈرۈك، تۇرپان، ئۈرۈمچى، مورى قاتارلىق جايلاردىن ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2200—10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشدا ئىشلىتىلگەن تاش، ياغاچ، مىس قوراللارنى تاپتى.

#### 1 . تاش قوراللار

قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قۇدۇقتىن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قورالدىن ئاز كەم 1000 ى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسىپ سىلىقلاش ئارقىلىق مۇئەييەن شەكىلگە كىرگۈزۈل-

گەن يونۇش قورالى، ياپىلاق تاشتىن ئىشلەنگەن ئۇچى ئۇچلۇق قورال، ئويۇل تاشتىن ئىشلەنگەن يونۇش، يانجىش قورالى قاتارلىقلار بار. بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلۇق تويلاش، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى كروران رايونىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000—8000 يىللار ئىلگىرى سىلىقلاپ ياسالغان ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلگەن تاش پالتا، پىچاق، ئورغاق، ئوقيا ئوقى قاتارلىق تاش قوراللار تېپىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسى كەنتىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئاقتالا خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلگەنلىكى روشەن بولغان تاش پىچاق، ئورغاق، چاپقۇ ئوتىغۇچ، يارغۇنچاق قاتارلىقلار تېپىلدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان. تاش ئورغاقلار ياي شەكىللىك، بېسى بار، ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن بولۇپ، يىن سۇلالىسى خارابىلىكىدىن تېپىلغان تاش ئورغاق بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئۇششاقتال خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 3600 يىل ئىلگىرىكى تاش ئوغۇر، پالتا، پىچاق، تۆگمەنتېشى قاتارلىقلار تېپىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى كارسان خارابىلىكىدىن ئۇچلۇق تاش ئوتىغۇچ، ئۇزۇنچاق پالتا، ئېگەرسىمان يارغۇنچاق، يۇمىلاق يارغۇنچاق تېشى قاتارلىقلار تېپىلدى. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى سىداۋگۇ خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 2400—3000 يىللار ئىلگىرىكى تاش ئوتىغۇچ، تۆگمەنتېشى، تاش توقماق، يىپ ئېگىرىش چاقى، تاش ساقا قاتارلىقلار تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورال 78% نى ئىگىلەيدۇ.

## 2. ياغاچ قوراللار

كۈنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر خارابىلىكىدىن ياغاچتىن ياسالغان توپا قېزىش قورالى تېپىلدى. قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ياغاچتىن ئىشلەنگەن ئۈچ قىرلىق توپا قېزىش قورالى تېپىلدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، ياغىچى قاتتىق بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى سەل ـ پەل يايسىمان، چوڭ ئادەم ئۆرە تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدۇ؛ توپا قازىدىغان قىسمى بىر قەدەر تۈز، تەكشى ئۈچ قىرلىق بولۇپ، بەلگە تىرىنگىلى بولىدۇ، ئۇچى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغاچقا، توپىنى قېزىپ زىرائەتنى ئۇۋۇلاپ تېرىشقا بولىدۇ، دەستىسى ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىلگەنلىكتىن سىلىق، پارقىراپ تۇرىدۇ، خارابىلىكتىن تېپىلغان ساپانىڭ شەكلى بىسلىق چاسا تۆمۈر گۈرجەككە ئوخشايدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر، بەلكە قىسمىنىڭ كەڭلىكى 16.6 سانتىمېتىر، بىس قىسمى 13.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ساپانىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىمېترىك ھالەتتىكى 2 تۆشۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا دەستە ئورنىتىلغان، تۆشۈككە دەستە ئورنىتىشتا ئىشلىتىلگەن قىل ئاغامچىنىڭ قىسمەن قالدۇقلىرى ھازىرمۇ ساقلانماقتا. تۇرپاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەگرىتاغنىڭ ئالغۇي دېگەن يېرىدىن بۇنىڭدىن 2200—2800

يىللار ئىلگىرىكى تۇپا قېزىش قورالى تېپىلدى. نىيە ناھىيىسىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت نىيە خارابىسىدىن 1 توقماق تېپىلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 سانتىمېتىر، بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 20.5 سانتىمېتىر بولۇپ، دائىما چىگداشتا ئىشلىتىلگەن؛ يەنە 1 ساپان چىشى تېپىلدى، ياسىلىش شەكلى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىن تېپىلغان ساپان چىشىغا ئوخشايدۇ.

### 3 . مىس قوراللار

توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ئاغارسىندىن بۇنىڭدىن 4100 يىل ئىلگىرىكى ئورغاق، ئىسكەنە تېپىلدى. خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئۇششاقتال خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 3600 يىل ئىلگىرىكى پالتا تېپىلدى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە تېكەس ناھىيىسىدىن بۇنىڭدىن 2200—3000 يىل ئىلگىرىكى پالتا تېپىلدى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاقتالا، ئاقسۇ شەھىرىدىكى قارا يۇلغۇن، قۇمۇل شەھىرىدىكى قارادۆۋە، ئۈرۈمچى نەنسەندىكى ئېۋىرغول قاتارلىق جايلاردىن پىچاق، بىگىز قاتارلىقلار تېپىلدى.

## §2 . كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن، ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان ساپان، سۆرەم، چاناق، تولۇق بار؛ ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن كەتمەن، تۆمۈر گۈرجەك، ئوتىغۇچ، چىشلىق تىرنا، ئورغاق ۋە ياغاچ گۈرجەك قاتارلىقلار بار.

### 1 . ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى

1) تۈز شوتىلىق ساپان: موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى غەربىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇيسۇن دۆلىتىگە ئائىت قەبرىستانلىقتىن 1 تۆمۈر ساپان چىشى تېپىلدى، بۇ ساپاننىڭ ياسىلىش شەكلى شەنشى گۇەنجۇڭ رايونىدىكى لۇگشەن ناھىيىسىدىن تېپىلغان خەن دەۋرىگە مەنسۇپ تۆمۈر ساپان چىشىغا ئوخشايدۇ. ۋېي - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا كالا بىلەن يەر ھەيدەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەن، قەدىمكى كروران خارابىسىدىن تېپىلغان جىن سۇلالىسىغا ئائىت بىر قالدۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «باش دەپتەردار كالا بىلەن يەر ھەيدەش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن چوڭ بەگنى گازارمىغا ئەۋەتتى». روشەنكى، بۇ ھۆججەتنىڭ مەنىسى كالا بىلەن يەر ھەيدەش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بايدىكى جىن دەۋرىگە مەنسۇپ قىزىل مىڭئۆيدە 1 تام سۈرىتى بار، بۇ سۈرەت شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن، جياڭسۇ چياۋنىڭدىن تېپىلغان شەرقىي خەن دەۋرىدە كالا بىلەن يەر ھەيدەۋاتقان سۈرەتكە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ، بۇگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئىشلىتىلىۋاتقان بوقۇسا بويۇنتۇرۇقىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

شىنجاڭدا كالا بىلەن يەر ھەيدەش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ئاستا راق بولدى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە سۇڭ يۈن، خۇي شېڭلار ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغاندا، كروراندىن ئانچە يىراق بولمىغان چەرچەن رايونىدا ئەينى ۋاقىتتا «كالا بىلەن يەر ھەيدەشنى ئۇقماي، گۈرجەك بىلەن يەرنى چانايدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغانىدى. تاڭ، يۈەن، مىڭ ھەمدە چىڭ دەۋرلىرىدە چېرىكلەر ۋە خەلقلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە باشقا ئۇسۇللارنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق كالا بىلەن يەر ھەيدەش تەدرىجىي ئومۇملاشقان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە پۈتكۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: مەزكۇر سايماننىڭ تۈز شوتىسى ئۇزۇن بولۇپ، 2 كالا قوشۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىزنىڭ باش - ئاخىرىدا ئايلاندۇرماق تەسكە توختايتتى، سايماننىڭ ئۇچى بىلەن تۈۋى بىر گەۋدە بولۇپ، يەرنى چوڭقۇر - تېيىز ھەيدەشنى تەڭشىگۈچى قۇرۇلمىسى يوق ئىدى، يەر ھەيدىگەندە يەرنىڭ ھەيدىلىش چوڭقۇرلۇقى بىلەن نىشانىنى ئادەم ئىگىلەيتتى، 8—12 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ھەيدىلەتتى، سايان چىشىنىڭ يۈزى يوق بولۇپ، يەرنىلا تىلغايتتى، يەرنى ئاغدۇرغاندا ئوت - چۆپلەرنى تۇپراق ئاستىغا كۆمەلمەيتتى، 1 ئادەم 1 كۈندە 2 كالا بىلەن 3—3.5 مو يەر ھەيدەيتتى، ھەيدەلگەن يەردە داڭگال كۆپ بولۇپ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزى ئاسانلىقچە ئۈزۈۋېتىلمەيتتى، دەپ بايان قىلىنغان. سايماننىڭ كۆپ قىسمى خېلى بۇرۇنلا ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلەتتى، چيەنلۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە قۇرۇلغان ئۈرۈمچى تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن چيەنلۇڭ، جياچىڭ ئارىلىقىدا (1795 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە) قۇرۇلغان جىمسار شۆيشىگودىكى تۆمۈر زاۋۇتى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشتە تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن (1884 - يىلدىن) كېيىن، ھۆكۈمەت تۆمۈر سايان قۇيدى، سايان چىشىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، شەكلى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، چىش چىقىرىلمىدى. شىنجاڭ بويىچە سايان چىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى رايونلارنىڭ تېرىقچىلىق شەرت - شارائىتىنىڭ ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلىكىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئايرىلغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلىتىلىدىغان سايان چىشى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن ئۈچتىن بىر ئۈلۈش ياكى يېرىم ئۈلۈش كىچىك بولغان، پۈتكۈل سايان قۇرۇلمىسىدا 2000 يىل مابەينىدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغان.

1950 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بۇقۇسا بويۇنتۇرۇقلۇق سايان شىنجاڭ بويىچە ئۇلاغ بىلەن يەر ھەيدەشتىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق سايمىنى بولۇپ قالغانىدى. 1982 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ قىسمەن رايونلاردا يەنىلا ئىشلىتىلدى.

2) سۈرەم: يەر ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن تۇپراقنى يۇمشىتىشقا ۋە ئۇرۇق سېلىنغاندىن كېيىن تۇپراقنى بوپبۇرۇپ نەملىكنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، شاخ - شۇمبىلاردىن توقۇپ ياسىلىدۇ ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 25—30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا، 1 ئادەم ئۈستىدە دەسسەپ تۇرىدۇ. تولۇق ئارقىلىق باستۇرۇپ نەملىكنى ساقلايدىغان سايمانمۇ بار.

3) تىرنا: 1950 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرى ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان، ياغاچ راملىق، تۆمۈر چىشلىق تىرنا ئىشلەپچىقاردى، بۇ، كېيىنچە دېھقانلار ئارىسىغىمۇ تارقالدى. تىرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 50—60 سانتىمېتىر بولۇپ، ياغاچ رامىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى چىشلىرى ئارىسىغا 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆمۈر چىش ئورنىتىلىپ، تۇپراقنى يۇمشىتىش، يەرنى تەكشىلەش ۋە يوپۇرۇشتا ئىشلىتىلدى.

4) چاناق: مىلادى I، II ئەسىرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلارغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇق سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان چاناق كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ، كېڭەيتىلمىگەن. 1950 - يىلى قىشتا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى زور مىقداردا 3 پۇتلۇق چاناق ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرى ئىشلەتتى. 1951 - يىلى قۇمۇل، يەنجى، ئاقسۇ، قەشقەر، سانجى قاتارلىق رايونلار قىسىملارنىڭ تەسىرى ۋە ھەمكارلىشىشى بىلەن زور مىقداردا چاناق (بەيلۇ) ئىشلەپچىقىرىپ، بۇغداينى قۇرلاپ تېرىش تېخنىكىسىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى باي ناھىيىسىدە 1659ى ياسىلىپ، ھەر بىر يېزىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 تىن توغرا كەلدى. يىل ئاخىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جايلارنىڭ چاناقنى تەقلىد قىلىپ ياسىشى ئۈچۈن يەنە شىنجاڭ بويىچە 1200 چاناق تارقاتتى. 1955 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەر قايسى رايونلاردىن «چاناق بىلەن تەمسىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش»نى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلار يەنىلا چاناق ئارقىلىق بۇغداي تېرىدى.

## 2. ئادەم كۈچىگە تايىنىلىدىغان سايمانلار

1) كەتمەن: بايدىكى جىن سۇلالىسىگە ئائىت قىزىل مىڭئۆيدە تېرىقچىلىق مەشغۇلاتىغا دائىر 1 تام سۈرەت بار، ئۇنىڭدا 1 ئادەم چاسا باشلىق، كەڭ بىسلىق سايماننى تۇتۇپ، ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، سايماننىڭ شەكلى بىلەن مەشغۇلات ھالىتى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان كەتمەنگە ھەمدە كەتمەن بىلەن مەشغۇلات قىلىش ھالىتىگە ئوخشايدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرە بار: «كەتمەننىڭ شەكلى ئوتىغۇچقا ئوخشايدۇ، بېشى يۇمىلاق كېلىدۇ». كەتمەن، ئاساسەن بوز يەر ئېچىشتا يەر ئاغدۇرۇش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، قىر سېلىش، ئوغۇت قاچىلاش - چېچىش، يەر چاناش، ئوتاش، سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ قولدا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە ھەممىگە قادىر سايمان دېگەن نامى بار. جايلارنىڭ تۇپراق سۈپىتى ۋە تېرىقچىلىق ئادىتى ئوخشىمىغاچقا، كەتمەننىڭ شەكلىمۇ چاسا، يۇمىلاق، ئۇزۇنچاقتىن ئىبارەت كۆپ خىل بولىدۇ. ئېغىرلىقى ئادەتتە 3—4.5 كىلوگرام كېلىدۇ. تۇرپان، پىچان، كۇچا، شايار، خوتەن قاتارلىق قىسمەن جايلاردا كۆپرەك چاسا شەكىلدىكىسى ئىشلىتىلىدۇ. 1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماشىنىدا ئىشلەنگەن چاسا شەكىللىك كەتمەندىن 10 مىڭ-

نى سېتىۋالغانىدى. كەتمەن شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان مۇھىم دېھقانچىلىق سايمىنىدۇر.

2) تۆمۈر گۈرجەك: چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى ھۆكۈمەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان چېرىكلەرگە ۋە خەلقلەرگە تارقىتىپ بەرگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن تۆمۈر گۈرجەك بار ئىدى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 2 كىلوگرام كېلەتتى. دەسلەپتە ئىشلىتىلگەن تۆمۈر گۈرجەكنىڭ ئۇچى تەكشى، بىسى كەڭ بولۇپ، چاساراق ئىدى، تاۋلاپ سوقۇلاتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلار كۆپرەك ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن يەر ئاغدۇرۇش، يەر تەكشىلەش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، قىر سېلىش، ئوغۇت قاچىلاش - چېچىش، سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولاتتى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ماشىنىدا ياسالغان چاسا شەكىللىك تۆمۈر گۈرجەك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

3) ئوتنغۇچ: قىزىل مىڭئۆيدە كەتمەن بىلەن بىرلىكتە سىزىلغان بىر تام سۈرەتتە 1 ئادەمنىڭ مۈرىسىگە يۇمىلاق شەكىلدىكى 1 سايماننى ئېلىۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ شەكلى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان يېسى ئوتنغۇچقا ئوخشايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان چېرىكلەرگە، خەلقلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن ئوتنغۇچنىڭ ئېغىرلىقى 2 جىڭ كېلەتتى. لېكىن يېزىلاردا ئۇزۇندىن بۇيان بۇ سايمان كۆپ ئىشلىتىلمەي كەلگەن. شۇڭلاشقا «قويۇق مايسىنى شالاڭلاتمايدۇ»، «ئوتنغۇچتا پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيدۇ» دېگەن گەپلەر خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغان. 1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى خىلمۇخىل ئوتنغۇچلارنى ئۆزلىرى ياساپ، ئۆزلىرى ئىشلەتتى، 1952 - يىلى يېزىلاردا كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇزۇندىن بۇيان چېپىق قىلىپ ئوت ئوتىماسلىقتەك تېرىقچىلىق ئادىتى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى.

4) ئورغاق: نىيە ناھىيىسىدىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ نىيە خارابىلىكىدىن 1 دانە بىسى ئورنىتىلغان ئورغاق تېپىلدى، ياسىلىش شەكلى ھازىرقى سەنشى، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا بۇغداي ئورۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، بىسىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ئورغاققا ئوخشاپ كېتىدۇ، چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈپ، ھەر بىر ئادەمگە بىردىن ئورغاق، بىر تالدىن بىس تارقىتىپ بەردى. چىڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردە «شەكلى ئەگمە پىچاققا ئوخشايدۇ، دەستىسىمۇ تۆمۈر» دېيىلگەن. ئورغاق ھازىرمۇ شىنجاڭدا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ھىلال ئاي شەكلىدىكى ئورغاقتىن ئىبارەت بولۇپ، چالغىنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ ئورغاق چېچەپ تېرىلغان بۇغداي، شال، قىچا ۋە ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنى ئورۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

5) موما ياغاچ: بۇ — خامانىنىڭ مەركىزىگە قادالغان قوزۇق شەكلىدىكى ياغاچتىن ئىبارەت. چىڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «موما ياغاچ ئەتراپىغا ئۇنچە يېيىلىدۇ، ئۇلاغلار موما ياغاچقا چېتىلىدۇ، دانلىق زىرائەتلەر ئۇلاغلارغا دەسسە-

ىلىدۇ، بۇ تولۇقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭدا ئۇزاقتىن بۇيان بۇغداي، شال قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنى ئۇلاغقا دەسسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايرىۋېلىنىپ كەلدى، بۇ، ئادەتتە كالىنى خامانغا قېتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل 50-، 60-يىللاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلدى.

كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن يەنە تۆمۈر-ياغاچ قول تىرنىسى، قىرغۇچ تىرنا، قول ئوتىغۇچى، زەمبىل، سېۋەت، تاغار (ئوغۇت، توپا توشۇشتا ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىقلار بار. خاماندا ياغاچ ئارا، تۆمۈرئارا، تاش تولۇق، كاجىۋە، ياغاچ گۈرجەك، شازا، غەلۋىر، ئۆتكەمە، 80 پۇتاقلىق ياغاچ تولۇق، تاغار قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. چارۋىچىلىقتا جادۇ، چانا، شوشاڭ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەشتە تۈگمەنتېشى، يارغۇنچاق، سۇ ئوغۇرى (سۇ سوقىسى)، جۇۋاز، چىغرىق قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

### 3. كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ 1949-يىلدىن 1985-يىلغىچە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل ئىدى. 1952-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئېلان قىلغان «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى» دېگەن ماقالىدە خاتىرىلىنىشىچە، خوتەن، قاغىلىق، قەشقەر كوناشەھەر، ئۇنسۇدىن ئىبارەت 4 ناھىيىدىكى تىپىك كەنت تەكشۈرۈلگەن، 1949-يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 6.8 ئائىلىگە ياكى ھەر 7.8 ئەمگەك كۈچىگە بىردىن بوقۇسا (بويۇنتۇرۇق)، ھەر 1.8 ئائىلىگە ياكى 2.1 ئەمگەك كۈچىگە بىردىن كەتمەن، بىردىن ئورغاق توغرا كەلگەن. يەنە كېلىپ بۇ خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاساسلىق ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پومېشچىك ۋە باي دېھقانلار بولغان. مەسىلەن: ئۇنسۇ 3-رايون 4-يېزا 2-مەمۇرىي كەنتتىكى 29 ئائىلىلىك پومېشچىك، باي دېھقان 41 ساپاننى، 114 ئائىلىلىك كەمبەغەل، ياللانما دېھقان ئاران 14 ساپاننى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى 5 تىن بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ياكى 2 دىن بىر ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ كەتمىنى يوق ئىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1950-يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەڭشەش ۋە زور مىقداردا تولۇقلاش چارىسىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە مۇنداق تەدبىرلەر قوللىنىلدى: (1) ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، ئۆز-ئارا قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1950-يىلى لاپقۇتلىشىش، تەڭشەش قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق 71 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ساپان، تىرنا، ئورغاق، 12 مىڭ 700 ھارۋا، 2521 تاغار تەڭشەلدى. 1951-يىلى 238 مىڭ ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى، 120 مىڭ تۇياق تېرىلغۇ ئۇلاغ تەڭشەلدى. (2) ھۆكۈمەت قەرز پۇل ئارقىلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە تەمىنلىگەن ساپان چىشى، كەتمەن، ئورغاق قاتارلىقلار 1 مىليون 10 مىڭغا يەتـ

تى . (3) شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى ئۆزلىرى ياسىدى . 1950 ـ يىلى ئۆزلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق ساپان چىشى ، كەتمەن ، تۆمۈر گۈرجەك ، ئوتىغۇچ ، تۆمۈر تىرنا ياسىدى ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 50 مىڭ كەتمەن ، 34 مىڭ 500 ئورغاق سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن بوز يەر ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان جوتۇدىن ئاز كەم 10 مىڭنى يۆتكەپ كەلدى . بۇلارنى ئۆزلىرى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى ، بىر قىسىملىرىنى ئاجرىتىپ ، نامرات دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم قىلدى .

1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاردىن 1953 ـ يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى 1 مىليون دانە كەتمەن ، تۆمۈر گۈرجەك ، ئورغاق ، ئوتىغۇچ قاتارلىقلارنى ياساشنى تەلەپ قىلدى ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن 1500 توننا چويۇن ئاجرىتىپ بەردى . 1953 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 1 مىليون 60 مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ياساپ ، بازار باھاسىدىن %25 تۆۋەن باھادا دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى . 1953 ـ يىلى يېزىلاردىكى يەر ئىسلاھاتىدا يومبىشچىك ، باي دېھقانلارنىڭ 400 مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى مۇسادىرە قىلىنىپ ، نامرات دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلدى . 1953 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە جەمئىي 1 مىليون 591 مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ياسالدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ساپان 484 مىڭ ، كەتمەن 542 مىڭ .

1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە ھۆكۈمەت كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كونا پۇل ھېسابىدا 40 مىليارد يۈەن ، 3314 توننا پولات ماتېرىيال ، 4971 توننا چويۇن مەبلەغ سالدى . 2 مىليون 601 مىڭ دانە ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى ياسالدى ، شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1.3 ئائىلىگە 1 ساپان ، ھەر 1.03 ئائىلىگە 1 كەتمەن توغرا كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە 1 ساپان 1.2 كەتمەن توغرا كەلدى .

1954 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ، ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى . ئۆز ئورنىدىن ماتېرىيال ئېلىش ، ئۆز ئورنىدا پىششىقلاپ ئىشلەش ، ئۆز ئورنىدا تەمىنلەش چارىسىنى قوللىنىشنى بەلگىلەپ ، كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى داۋاملىق تولۇقلىدى . جايلار ئەمەلىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلەر ۋە سانغا ئاساسەن ، ئۆزلىرى ياسىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەت يەنە 940 مىڭدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىن ئەتتى .

1958 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك سايمان ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى . بۇنىڭ فاڭجېنى « ئاممىغا تايىنىش ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ؛ يەرلىك ئۇسۇلدا ئىش كۆرۈش ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ؛ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش » تىن ئىبارەت بولدى . خەلق ھۆكۈمىتى « ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش جەھەتلەردىكى ھەر خىل ئاساسلىق ئەمگەكلەردە سايمانلارنى ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ؛ ھەرىكەتلىنىدىغان بارلىق سايمانلارنىڭ ھەممىسىنى ساقلىق

قازانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى. «ئارغامچا بىلەن سۆرىلىدىغان
ماشىنا، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرىدىغان ساپان، ئۇرۇقنى قويۇق سالىدىغان سېيالكا، ئورما
ئورۇش، خامان تېپىش، دان ئايرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تراسپورت، سۇچىلىق قۇرۇلۇ-
شى ۋە سۇ چىقىرىۋېلىش سايمانلىرى، ساقىلىق قازان ياساش ماشىنىسى، يەرلىك ستانوك،
كوللېكتىپ تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمگەك كۈچى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىنىدىغان تۇر-
لۇك سايمانلار» مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1959 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ياخشىلانغان سايماندىن
846 مىڭ 665 دانە كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپان، تىرنا، كولتىۋاتور، كومباين، دان
ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق سايمان 40 مىڭ 352، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ھەمدە سۇ چىقىرىۋې-
لىش سايمىنى 16 مىڭ 244، ترانسپورت سايمىنى 149 مىڭ 872، باشقا سايمانلار 64 مىڭ
15؛ ساقىلىق قازان 126 مىڭ 288 يۈرۈش (1958 - يىلى 100 مىڭ يۈرۈش)، ساقىلىق قا-
زان ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان سايمان 25 مىڭ 386(1958 - يىلى 16 مىڭ75). سايمان ئىسلاھ قى-
لىش ھەرىكىتى ناھىيە، گۇڭشې سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1959 - يىلى
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە، گۇڭشېلىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، سەپ-
لەش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى 1396 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ زاۋۇ-
تى 1328، ناھىيەلەرنىڭ زاۋۇتى 68.

بۇ قېتىمقى سايمان ئىسلاھ قىلىش ئاممىۋى ھەرىكىتىدە بىر قىسىم خېلى ياخشى سايمانلار
كەشىپ قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى، بۇ، ئەينى ۋاقىتتا، ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىش، ئىش
ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، مەشغۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تېرىقچى-
لىق ئۇسۇلىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى. بىراق، تەجرىبىسىزلىك، مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ كېتىش ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتە ئىس-
راپچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1961 - يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەنىلا كىچىك تىپتىكى دېھقان-
چىلىق سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 1961 - يىلى 2 مىليون 700
مىڭدىن ئارتۇق كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچ ياسالدى. 1967 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە، ئاپ-
تونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى 4 مىليون دانە كىچىك تىپتىكى دېھقان-
چىلىق سايمىنى بىلەن تەمىن ئەتتى، 1980 - يىلى 3 مىليون 990 مىڭ دانە بىلەن تەمىن ئەت-
تى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يەنە ھۆججەت تارقىتىپ ھەر دەرى-
جىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىدىن كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپ-
چىقىرىش، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

كونا شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا، ھۆكۈمەت ياساش سۈپى-
تىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە، يېزا (گۇڭشې) لار
قەرەللىك پەيتنە كۆلىمى ئوخشىمىغان، كۆپ خىل شەكىلدىكى سۈپەت تەكشۈرۈش بويىچە با-
ھالاپ سېلىشتۇرۇش يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى مۇكاپاتلىدى، ئىلغار
ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنى كېڭەيتتى. 1965 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر قول سانائەتنى

باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر قايسى رايونلاردا دەرىجىمۇ دەرىجە سۈپەتنى باھالاپ سېلىشتۇ-
رۇش ئاساسىدا، شىنجاڭ بويىچە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سۈپىتىنى با-
ھالاپ سېلىشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 34 ناھىيە، شەھەر، 28 زا-
ۋوت، گوڭشې 7 خىل كەتمەن، 5 خىل ئورغاق، 3 خىل گۈرجەك، 3 خىل قوي يۇڭى قىرقىش
ماشىنىسىدىن ئىبارەت 4 تۈردىكى مەھسۇلاتنىڭ جەمئىي 205 نى ئەۋەتتى، يىغىنغا قاتناشقان
ئۇستىلار، رەھبەرلەر ۋە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، ماشىنىسازلىق
پەنلىرى تەتقىقات ئورنىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملار ئورتاق باھالاپ چىق-
تى. 13 ناھىيىدىن تاللاشقا قاتناشتۇرۇلغان كەتمەنلەر ئىچىدە مارالبېشى، تۇرپان، ئاقسۇ
ناھىيىلىرىنىڭكى 1 - ، 2 - ، 3 - لىككە ئېرىشتى؛ 11 شەھەر، ناھىيىدىن تاللاشقا قاتناشتۇ-
رۇلغان ئورغاقلار ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل، كورلا ناھىيىلىرىنىڭكى 1 - ، 2 - ، 3 -
لىككە ئېرىشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى «دولقۇن» ھەر خىل مېتال سايمانلار زاۋۇ-
تىنىڭ ئۇيغۇر ئۇستىسى ھوشۇر ئۇستام ياسىغان ئورغاق بىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، شەكلىنىڭ
كۆركەملىكى بىلەن ئەڭ ئېسىل مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر -
سەنئىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تونۇشتۇرۇلدى. 8 ناھىيىدىن تاللاشقا قاتناشتۇرۇلغان قوي
يۇڭى قىرقىش شۇشاڭلىرى ئىچىدە كۇچا، گۇچۇڭ، كورلا ناھىيىلىرىنىڭكى 1 - ، 2 - ، 3 - لىك-
كە ئېرىشتى؛ تۆمۈر گۈرجەك باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا ئۈرۈمچى شەھىرى، فۇكاڭ ناھىيىسى،
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭكى 1 - ، 2 - ، 3 - لىككە ئېرىشتى.

## § 3. يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى - يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

### 1. مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى شىنجاڭدا تەسىس قىلغان
جۇڭگو - رۇسىيە داۋشېڭ بانكىسى ئۆزلىرى تىزگىنلىۋالغان بىر قىسىم سودا فىرمىلىرى ئارقى-
لىق رۇسىيىدە ئىشلەنگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزدى
ھەمدە ساتتى، بۇ سايمانلارنى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاز سانلىق پومېش-
چىكلار سېتىۋېلىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھەربىي ئەسلىھەلەر ئىدارىسى رۇسىيە تېرىلغۇ ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ
كىرگۈزدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ياڭ زېڭشىن پىچان نا-
ھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ شېنباۋغا: «پىچان كارىز كولاپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ناھىيىلەر تېپ-
غا كىرىدۇ، كالا بىلەن يەر ھەيدەيدۇ، رۇسىيىنىڭ تېرىلغۇ ماشىنا - سايمانلىرى ئارقىلىق يەر
ئاغدۇرسا، تېخىمۇ ئاسانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ھازىر ئۆلكىمىزدىكى ھەربىي ئەسلىھەلەر ئىدارى-
سىدا مۇشۇنداق ماشىنا - سايمانلار بار، كېلىپ 1، 2 نى ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ» دەپ يار-
لىق چۈشۈرگەن، 9 - ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلىغا: «رۇسىيىنىڭ تېرىلغۇ ماشىنا -

سايمانلىرىدىن 2 نى ئېلىپ كېتىشكەنلەر، تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا ھەربىي ئەسلىھەلەر ئىدار-
سىغا يارلىق چۈشۈرۈلدى» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) رو-
سىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چېكىنىپ قاچقان چارروسىيە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن
بىللە كەلگەن بىر تۈركۈم ئاق ئورۇس كۇلاكلىرى (باي دېھقانلار) زور تۈركۈمدىكى ساپان،
تىرنا، سېپالكا، كومبايىن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ چېگرىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئال-
تاي ۋىلايەتلىرىگە قېچىپ بېرىپ بوز يەر ئېچىپ، يەر تېرىدى، شۇ جايدىكى بىر قىسىم سودى-
گەر، پومېشچىكلار، بىر قىسىم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئىشلەتتى، ئىجا-
رىگە بەردى ياكى ساتتى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى
ھەر خىل تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 1400 دىن كۆپرەككە يەتتى، ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ خېلى
كۆپ دېھقانلار ئۇنى ئىشلەتتى.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن
كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور تۈركۈمدە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق
سايمىنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) نىڭ بېشىدا
ئالتاي مەمۇرىي رايونى ئالدى بىلەن ئۆلاغقا سۆرىتىلىدىغان قوش چىشلىق ساپان، مىقلىق
تىرنا، 6 قۇرلۇق سېپالكا، كومبايىن، دان ئايرىش ماشىنىسى، ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇق
تاللاش ماشىنىسى قاتارلىق 103 سايمان سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى
(1935 - يىلى) قىشتا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زاكاز قىلىپ سېتىۋالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى
«يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ، ئىلى، تارغاباتاي، ئال-
تاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان - فېرمىلى-
رىغا ياكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرىغا تەقسىملەپ بېرىلدى، دېھ-
قانلارغا ئىجارىگە بېرىش ئاساس قىلىندى، ئاز مىقداردىكىسى سېتىپ بېرىلدى. مىنگونىڭ
25 - يىلى (1936 - يىلى) بۇلارنىڭ سانى 2500 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 28 - يىلىغىچە (1937 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە) شىنجاڭدا بىر
قارار 3 يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى، كوممۇنىستلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سېتىۋېلىنغان يېڭى
شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سانى ۋە تۈرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، تەمىنلەش دائى-
رىسى شىنجاڭ بويىچە كېڭەيدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئىلى سودا شىركىتى
ئامبىرىغا 21 تۈرلۈك جەمئىي 15 مىڭ 883 دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىپ بەردى (جەدۋەل: 1-1
دىن كۆرۈۋېلىڭ). مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئىلى رايونىدىكى دېھقانچىلىق مەي-
دانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ خىلى 13 كە، سانى 212 گە يەت-
تى، تۈرى 50 كە يېقىنلاشتى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى
«شىنجاڭ گېزىتى» 9 ۋىلايەتتىكى ئۆلكىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما
) لىرىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سانىنى ئېلان قىلدى: ئۈرۈمچى رايونىنىڭ
1532، ئىلى رايونىنىڭ 496، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 442، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 822، بەنجى
ۋىلايىتىنىڭ 339، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 312، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 332، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 35،

تۇرپان، پىچان ، توقسۇن رايونىنىڭ 468 ، جەمئىي 4818 . كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەينى چاغدا دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سانى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فىرما) لىرىنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى . مەسىلەن: تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فىرما) لىرىدا بار بولغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 822 بولسا ، دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى سايمان سانى 5839 غا يېتىپ ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فىرما) لىرىدىكى سايمان سانىنىڭ 7.1 ھەسسىسىگە تەڭ ئىدى ؛ ئىلى ۋىلايىتىدىكى دېھقانلار ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سانى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فىرما) لىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى سانىنىڭ 15 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى .

**ئىلى سودا شىركىتى مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) خەلق ئاممىسىغا سېتىپ بەرگەن ماشىنا - سايمانلارنىڭ تۈرى ۋە سانى**

جەدۋەل : 1—1

| تەرتىپى | ماشىنا - سايمان نامى | سانى (دانە) | تەرتىپى | ماشىنا - سايمان نامى | سانى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاق چىشلىق ساپان (6 خىل) | 2376 | 12 | شامال ساندۇقى | 65 |
| 2 | مىق چىشلىق تىرنا | 7025 | 13 | ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 99 |
| 3 | بۇمىلاق باپىراقلىق تىرنا | 96 | 14 | ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى | 18 |
| 4 | سىپالكا | 2 | 15 | ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى | 2 |
| 5 | كېۋەز تېرىش ماشىنىسى | 1 | 16 | ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسى | 10 |
| 6 | قىر سېلىش سايمىنى | 1 | 17 | سۈت ئايرىغۇچ | 56 |
| 7 | ئاپتوماتىك چېتىلما كومباين | 85 | 18 | سۈت چېلىكى | 30 |
| 8 | ئادەم كۈچى بىلەن چېتىلىدىغان كومباين . | 20 | 19 | پىچاق چاقلىغۇچ | 117 |
| 9 | قوشۇمچە دانلىق زىرائەت يىغىش ماشىنىسى | 61 | 20 | چالغا | 5800 |
| 10 | دان ئايرىش ماشىنىسى | 6 | 21 | 5 - تۈمۈرلۈق شامال ساندۇقى | 12 |
| 11 | ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى | 1 | جەمئىي | 15883 | |

ئىزاھات: يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئورغاق 5001 ، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنىڭ كانىيى 1 .

مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە (1940 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە) ھۆكۈمەت قەرز پۇلىنى كۆپەيتىپ دېھقانلارنى يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەچكە ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر تېز كۆپەيدى . مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى )2 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىرغان شىنجاڭ بويىچە پاختىچىلىق خىزمىتى يىغىنىدا ، خوتەن ، لوپ ، باي ، ساۋەن قاتارلىق 19 ناھىيە ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمىنىدىن جەمئىي 4010 نى زاكاز قىلىپ سېتىۋالدى . شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قېتىمدىلا 32 خىل 8742 دېھقانچىلىق سايمىنىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋالدى . مىنگونىڭ 31 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سانى 105 مىڭغا يەتتى ، خىلى 70 كە يېقىنلاشتى . شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيە ، يېزىلىرىغىچە تارقالدى . مەسىلەن : ئىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى « مىنگونىڭ 31 - يىلىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ھەققىدە دوكلات » تا 12 ناھىيىدىكى 30 خىل ئاساسلىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ستاتىستىكىلاپ چىققان . سانى جەمئىي 19 مىڭ 914 كە يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجىنىڭ 6604 ، سۈيدۈڭنىڭ 1802 ، قورغاسنىڭ 783 ، توققۇزتارانىڭ 3267 ، چاپچالنىڭ 847 ، بۆرتالانىڭ 499 ، جىڭنىڭ 84 ، نىلقىنىڭ 1451 ، تېكەسنىڭ 2315 ، موڭغۇلكۈرەنىڭ 1109 ، ئارشاڭنىڭ 104 ، كۈنەسنىڭ 1049 . باشقىلاردىن ، مەسىلەن: تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەخمىنەن 20 مىڭ ؛ قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق 13 ناھىيىدە مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە سېتىلغان 21 خىلدىكى ماشىنا - سايمان 1604 كە يەتكەن ، لوپ ناھىيىسى مىنگونىڭ 29 - يىلى زاكاز قىلىپ سېتىۋالغان دېھقانچىلىق سايمىنى 226 گە يەتكەن ، ئۇلار مىنگونىڭ 36 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىغان بىر تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە 8 خىلدىكى 36 دانە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مەلۇم قىلىنغان ، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ شىنجاڭ بويىچە ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىن كېيىن شىنجاڭ — سوۋېت سودىسى ئۈزۈلۈپ قالدى ، ماشىنا - سايمان ۋە زاپچاسلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېتىلىپ قالدى . ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپ قىسمى داتلىشىپ كېرەكتىن چىقتى . 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، داۋاملىق تۈردە ماشىنا - سايمان ۋە زاپچاس سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى . مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە ساقلىنىپ قالغان يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 16 مىڭ 500 دىن كۆپرەك بولدى .

مىنگو دەۋرىدە سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ تۈرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت :

1) ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى : « П5MP » تىپلىق تاق چىشلىق سو-

قا، «OK» تىپلىق تاق چىشلىق سوقا، «KCY» تىپلىق تاق چىشلىق سوقا، «O—16» تىپلىق قوش يۆنىلىشلىك تاق چىشلىق سوقا، «7. OПK» تىپلىق تاق چىشلىق سوقا، قوش چىشلىق سوقا (2 خىل)، 3 ـ نومۇرلۇق مىغلىق تىرنا، 4 ـ نومۇرلۇق مىغلىق تىرنا، 8، 10 ياپراقلىق دىسكىلىق تىرنا، 12 ياپراقلىق دىسكىلىق تىرنا، پۇرژىنلىق تىرنا، تاق قۇرلاپ كېۋەز تېرىش سېيالكىسى، قوش قۇرلاپ كېۋەز تېرىش سېيالكىسى، 8 قۇرلۇق دانلىق زىرائەت سېيالكىسى، 14 ـ نومۇرلۇق كولتىۋاتور، قىر سېلىش سوقىسى، ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىندۈرىدىغان كومبايىن، ئاپتوماتىك كومبايىن، 18 ـ نومۇرلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى، 23 ـ نومۇرلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى، كۆچمە شامال ساندۇقى، «دېھقان ئايال» تىپلىق شامال ساندۇقى، ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسى، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى، بىدە ئۇرۇقى تاللاش ماشىنىسى، كەندىر غولىنى ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى، پىچاق چاقلاش ماشىنىسى، چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى، ئوت ـ چۆپ باغلاش ماشىنىسى، چۆپ توغراش ماشىنىسى، ئوت ـ چۆپ پرىسلاش ماشىنىسى، ئۇۋاقلاش ماشىنىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، 1 ئاتلىق ھارۋا، 2 ئاتلىق ھارۋا.

2) قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى: تۇمان پۈركۈگۈچ، پاراشوك پۈركۈگۈچ (4 خىل)، سارماي ئىشلەش ماشىنىسى، ئۇرۇق دورىلاش ماشىنىسى، سۈت ئايرىغۇچ (3 خىل)، كوممۇناقنىڭ دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى، چالغا، سۈت چېلىكى، ئىنكوباتور، سۇ پۈركۈش ماشىنىسى (3 خىل).

3) باشقا ماشىنىلار: دان ئايرىش ماشىنىسى، چۆپ توغراش ماشىنىسى، 10 چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 20 چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 80 چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 105 چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار.

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىندۈرىدىغان سوقا، تىرنا، سېيالكا، كومبايىن، چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى، تۇمان، پاراشوك پۈركۈگۈچ، قول بىلەن ھەرىكەتلىندۈرىدىغان كوممۇناق دېنى ئايرىش ماشىنىسى، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى قاتارلىق 15 خىل، جەمئىي 13 مىڭ دانە سايماننى سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى. 1951 ـ يىلدىن كېيىن يەنە ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان كولتىۋاتور، كومبايىن، كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار سېتىۋېلىندى، 1955 ـ يىلى 18 خىلدىكى سايمان جەمئىي 14 مىڭ 477 گە يەتتى.

**شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىنىڭ 1951 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە بولغان بىرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى**

جەدۋەل: 1—2 بىرلىكى: دانە

| تەرتىپى | ماشىنا ـ سايمان نامى | 1951 ـ يىلى | 1952 ـ يىلى | 1953 ـ يىلى | 1954 ـ يىلى | 1955 ـ يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | 13706 | 14616 | 15393 | 15687 | 14477 |
| 1 | 28 ـ نومۇرلۇق بوز يەر ئېچىش سايمىنى | 5998 | 5998 | 5998 | 5998 | 4899 |
| 2 | 23 ـ نومۇرلۇق تاق چىشلىق ساپان | 1468 | 1468 | 1468 | 1468 | 1331 |
| 3 | قوش چىشلىق ساپان | 50 | 50 | 50 | 50 | 614 |
| 4 | «خ» شەكىللىك تىرنا | 4911 | 4911 | 4911 | 4911 | 4221 |
| 5 | يورژىنلىق تىرنا | 98 | 98 | 98 | 98 | 88 |
| 6 | 10 قۇرلۇق سېيالكا | 21 | 21 | 111 | 111 | 211 |
| 7 | قىزىلچا سېيالكىسى | 1 | 100 | 100 | 100 | 84 |
| 8 | 12 قۇرلۇق سېيالكا | 50 | 50 | 50 | 50 | 60 |
| 9 | دانلىق زىرائەت، ئوت ـ چۆپ سېيالكىسى | 8 | 8 | 8 | 8 | 8 |
| 10 | كېۋەز سېيالكىسى | 217 | 453 | 603 | 603 | 605 |
| 11 | كولتىۋاتور | 127 | 127 | 562 | 856 | 1004 |
| 12 | تەۋرەنمە پەلكىلىك بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 173 | 564 | 564 | 564 | 507 |
| 13 | ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 185 | 205 | 210 | 210 | 252 |
| 14 | قوشۇمچە دانلىق زىرائەت يىغىش ماشىنىسى | 94 | 144 | 144 | 144 | 110 |
| 15 | ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى | 107 | 107 | 145 | 145 | 140 |
| 16 | كۆممىقوناق دېنى ئايرىش ماشىنىسى | 102 | 102 | 102 | 102 | 85 |
| 17 | ئوزۇق تاللاش ماشىنىسى | 66 | 116 | 116 | 116 | 106 |
| 18 | شامال ساندۇقى | 88 | 88 | 163 | 163 | 142 |

1950 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنىدىن تەخمىنەن 1000 نى سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى، بۇنىڭغا ئەسلىدە رېمونت قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىرىنى قوشقاندا، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى جەمئىي 17 مىڭغا يەتتى؛ 1951 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە يەنە 5000 دانە ماشىنا - سايمان سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلدى. بۇلار ئاساسلىقى سوقا تۈرىدىكىلەر بولۇپ، قەرز پۇل ھېسابىدا دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

1953 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، تەشكىللەنگەن دېھقانلارنىڭ يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئىگە بولۇش تەلىپى كۈچلۈك بولدى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىمۇ كۆپەيدى، شىنجاڭدا يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى شىمالىي شىنجاڭدا ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان تاق، قوش چىشلىق ساپاندىن 3847 سى كېڭەيتىلدى، يەر تەكشىلەش، ئۇرۇق سېلىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ھوسۇل يىغىش، ئۇرۇق تاللاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمان 5200 گە يەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 750 سېيالكا، 9918 دانە 7 سۆڭگۈلۈك سوقا كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 42 مىڭ 400 گە يەتتى.

1954 - يىلى ئۆلكىلىك كوپېراتىپ ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە تەمىنلىگەن ھەر خىل شەكىلدىكى سوقا، سېيالكا، كولتىۋاتور، كومباين، پىچاق چاقلاش ماشىنىسى، كۆممىقوناق دېنى ئايرىش ماشىنىسى، سۈت ئايرىغۇچ قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي 14 مىڭ 217 گە يەتتى؛ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 200 دانە بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى، 100 دانە چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، 100 گە يېقىن كېۋەزنى قوش قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋالدى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئالدىنقى 5 يىلدا يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىشتە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە قارىتا «بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ فاڭجېنى ھەمكارلىق كوپېراتىپى مەركەز قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى چۆرىدەپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى پائال، پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىش، سوقىنى ئاساس قىلىش، بولۇپمۇ قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ۋە قوش چاقلىق، تاق چىشلىق سوقىنى ئاساس قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شىنجاڭنى ئوخشىمىغان خىلدىكى 3 كېڭەيتىش رايونىغا ئايرىدى، تۈرلۈك دېھقانچىلىق سايمانلىرى تاللانغان ھالدا كېڭەيتىلدى. 1 - خىلدىكى رايونلار: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كۆپ ساندىكى يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ۋە يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، بۇلار ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردۇر. بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلاغلىرى كۈچلۈك ھەم كۆپ، ئېتىزلىرى كەڭ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئاساسىغا ئىگە. بۇ رايونلاردا بۇرۇۋشلەشكەن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ماشى-

ىلىرنى كېڭەيتىشكە تېگىشلىك. سوقىدا 28 - نومۇرلۇق سوقىنى ھەمدە قوش چاقلىق، قوش چىشلىق سوقىنى ئاساس قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا، قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى، مىق چىشلىق تىرنا، كومباين قاتارلىقلارنى كېڭەيتىش لازىم. ماشىنىدا دان ئايرىش ماشغۇلاتىنى ئۇقتىلىق ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. 2 - خىلدىكى رايونلار: ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ① كۆپ ساندىكى رايونلىرى قۇمۇل، كورلا ۋىلايىتى②، بايىنغولىن③، سانجى ئوبلاستى ④ بولۇپ بۇلار ئاساسلىق ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدىغان رايونلاردۇر. بۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى 1 - خىلدىكى رايونلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، لېكىن يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش تارىخى 1 - خىل رايونلارنىڭكىدەك ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئاساسى ئاجىز، بۇ خىل رايونلاردا دېھقانلار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان بىر قانچە خىل يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كېڭەيتىلسە، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، چېچىپ تېرىشنى قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش، ھوسۇلنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سوقا جەھەتتە 23 - نومۇرلۇق، 5 - نومۇرلۇق تاق چىشلىق سوقىلار ئاساس قىلىندى، بۇلاردىن قالسا، مىق چىشلىق تىرنا، قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى، كومباين قاتارلىقلار ئىشلىتىلدى، ماشىنىدا دان ئايرىش مەشغۇلاتى ئۇقتىلىق ھالدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 3 - خىلدىكى رايونلار: قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن⑤، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى بولۇپ، بۇلار پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق رايونلاردۇر. بۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېتىزلىرى بىر قەدەر كىچىك، ئۇلاغلىرى ئاجىز، ئەمگەك كۈچى كۆپ بولۇپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشتە مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، دېھقانلارنىڭ يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكە بولغان تونۇشمۇ يېتەرسىز. رايونلاردا تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىش، تەدرىجىي كېڭەيتىش فاڭجېنىنى قوللىنىش، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماسلىشىپ، بىر قەدەر كىچىك تىپتىكى 7 سۆڭگۈلۈك سوقا، 23 - نومۇرلۇق سوقا، كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى، مىق چىشلىق تىرنا، كولتىۋاتور، يەر باسقۇرغۇچ قاتارلىقلارنى كېڭەيتىش، دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش سايمىنى ۋە ئورۇش، دان ئايرىش مەشغۇلاتلىرىنى ئۇقتىلىق ھالدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا توغرا كەلدى.

1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 68 مىڭ 300 ى كېڭەيتىلدى، بۇ ئالدىنقى 5 يىلدا كېڭەيتىلگەن سان 34 مىڭ 300 (1949 - يىلدىن ئېشىپ قالغان 16 مىڭ 700 نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ 1.99 ھەسسىسىگە باراۋەر. 1957 - يىلغا قەدەر يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 118 مىڭ 400

① ئۇنىڭغا موري، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت 9 ناھىيە قارايتتى.
② ئۇنىڭغا كورلا، لوپنور، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىقتىن ئىبارەت 5 ناھىيە قارايتتى.
③ ئۇنىڭغا خېجىڭ، خوشۇت، يەنجىدىن ئىبارەت 3 ناھىيە قارايتتى.
④ ئۇنىڭغا سانجى، مىچۇەن، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت 3 ناھىيە قارايتتى.
⑤ ئۇنىڭغا يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىتتىن ئىبارەت 4 ناھىيە قارايتتى.

گە يەتتى. كېرەكسىز قىلىنغان 13 مىڭنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئىشلىتىلىۋاتقىنى 105 مىڭ 800. بۇنىڭ ئىچىدە سوقا تۇرىدىكىلەر 71 مىڭ 700 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %67.8 نى ئىگىلىدى. 10 قۇرلۇق سېيالكا 5350، تاق، قوش قۇرلۇق كېۋەز سېيالكىسى 1130، كولتىۋاتور 6686، مىق چىشلىق تىرنا 17 مىڭ 200، تەۋرەنمە يەلكىلىك كومبايىن 1991، چاقلاش ماشىنىسى 1715.

1957 ـ يىل 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ۋە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» ىدا: «جايلار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى پائال تۈردە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ياخشىلاپ، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشى كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىنغانىدى. 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە 145 مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1962 ـ يىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 250 مىڭغا، 1965 ـ يىلى راۋاجلىنىپ 287 مىڭغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 دانە يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سوقا 6 گە، مىق چىشلىق تىرنا 1.6 گە، كولتىۋاتور 1.4 كە، 10 قۇرلۇق سېيالكا ئاز كەم 1 گە يەتتى.

1966 ـ يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتتى. 1971 ـ يىل 12 ـ ئايدا ۋە 1978 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ قارارىدا مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەڭ يولغا قويۇش؛ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى يولغا قويۇش؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆز شارائىتىغا يارىشا ئىش قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش لازىم.

1980 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلاردا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ئاشسا ئاشتىكى، كېمەيمىدى. 1984 ـ يىلدىكى مەھسۇلات مىقدارى 31 مىڭ 400 دىن كۆپرەككە يەتتى.

1950 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۆزگىرىشى

جەدۋەل: 1—3

بىرلىكى: 10 مىڭ دانە

| يىللار | سانى | يىللار | سانى | يىللار | سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 1. 69 | 1961 | 23. 03 | 1972 | 28. 78 |
| 1951 | 3. 26 | 1962 | 25. 41 | 1973 | 31. 02 |
| 1952 | 3. 70 | 1963 | 25. 74 | 1974 | 30. 62 |
| 1953 | 4. 24 | 1964 | 27. 56 | 1975 | 30. 61 |
| 1954 | 5. 01 | 1965 | 28. 70 | 1976 | 30. 60 |
| 1955 | 6. 42 | 1966 | 31. 59 | 1977 | 30. 60 |
| 1956 | 9. 96 | 1967 | 33. 43 | 1978 | 23. 04 |
| 1957 | 10. 58 | 1968 | 31. 13 | 1979 | 23. 80 |
| 1958 | 14. 73 | 1969 | 30. 38 | 1980 | 23. 90 |
| 1959 | 16. 13 | 1970 | 30. 22 | | |
| 1960 | 17. 03 | 1971 | 36. 82 | | |

ئىزاھات:

1. 1951 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە بىگنۇەننىڭ سانىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

2. 1970 ـ يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق 3 ناھىيىنىڭ سانى كەم.

3. 1980 ـ يىلدىن كېيىن يېرىم ماشىنىلاشقان بىر ئىگىلىك سايمانلىرى قايتا ستاتىستىكىلانمىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ سانى يوق.

1950 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان قىسمەن يىللاردىكى بىر قىسىم يەرلىك سېستىمىلاردىكى يېڭى تىپتىكى 5 خىل دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ سانى

جەدۋەل: 1—4

بىرلىكى: دانە

| يىللار | ھەر خىل ساپان | سېيالكا | كولتىۋاتور | تۇمان، پارا- شوك يۇركۈگۈچ | ئاتقا سۆرىتىلىدىغان كومباين |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 10678 | | | | |
| 1953 | 29800 | 250 | 80 | 550 | 159 |
| 1956 | 70537 | 4537 | 2985 | 3200 | 1285 |
| 1957 | 71776 | 6480 | 6686 | 7115 | 1991 |
| 1958 | 98654 | 9980 | 15786 | 8609 | 4290 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 108044 | 10951 | 16986 | 17479 | 4480 |
| 1962 | 164276 | 14180 | 24486 | 18355 | 6191 |
| 1965 | 159381 | 20918 | 43898 | 37610 | 5963 |
| 1966 | 160403 | 23110 | 46244 | 44268 | 6393 |
| 1970 | 148585 | 23726 | 39241 | 41401 | 5803 |
| 1974 | 117999 | 24487 | 30749 | 49470 | 6187 |
| 1977 | 112562 | 20687 | 23977 | 32612 | 3901 |
| 1978 | 100706 | 19651 | 18578 | 33894 | 2902 |
| 1979 | 121734 | 21247 | 21448 | 35423 | 2669 |

ئىزاھات:

1. 1970 - يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق 3 ناھىيىنىڭ سانى كەم.
2. 1980 - يىلدىن كېيىن بىرمۇ ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى قايتا ستاتىستىكىلانمىدى.

# II باب

# ئېنېرگىيىلىك ماشىنىلار

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئېنېرگىيىلىك ماشىنىلار تراكتور، پار ماشىنىسى، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، ئېلېكتر دۋىگاتېل، شامال كۈچى دۋىگاتېلى ھەمدە قۇياش ئېنېرگىيىسى ئۈسكۈنىلىرىدىن ئىبارەت. مىنگو دەۋرىدە ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە تراكتور ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلەتتى. 1958 - يىلى شىنجاڭدا تراكتور، دىزېل دۋىگاتېلى قاتارلىقلار سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلدى. 1959 - يىلى دۆلىتىمىز ئۆزىدە ئىشلەنگەن تراكتورلار بىلەن شىنجاڭنى ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە تراكتورلار كۆپىنچە بىڭتۈەندە ھەمدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلەتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن خەلق گۇڭشېلىرى (يېزا - بازارلار) نىڭ تراكتورلىرى تەدرىجىي راۋاجلاندى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3 مىليون 848 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

# 1 § . تراكتور

## 1 . تراكتور تىپى، سانى

### 1) چەت ئەللەردىن سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش

مىڭگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئالتاي مەمۇرىي رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «ФП» تىپلىق، 20 ئات كۈچىگە ئىگە 4 تۆمۈر چاقلىق، كىرسىن ئىشلىتىلىدىغان 2 تراكتور سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى، بۇ تراكتورلار ئالتاي ناھىيىسى (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى ئەتراپىدىكى ئاۋىيەندە قۇرۇلغان ھەربىيلەر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىتىلدى. مىڭگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت داۋاملىق تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «XT3» تىپلىق، 35 ئات كۈچىگە ئىگە، 4 تۆمۈر چاقلىق، كىرسىن ئىشلىتىلىدىغان تراكتور سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتايلاردىكى ئۆلكىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىغا تارقىتىپ بەردى. ئىلى رايونىدىكى دۆڭ رۇڭچاڭ، سالىجانباي، تارباغاتاي رايونىدىكى ئىگەمبەردى قاتارلىق شەخسلەرمۇ تراكتور سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئىشلەتتى. مىڭگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە شەخسلەرنىڭ تراكتورلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر قانچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئۆلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلدى. ئۆلكە بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 20 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكىسى 6 بولۇپ، جىنبۇڭ، شۈيشىگۇ، فۇكاڭدا ئۆلگە كۆرسىتىدىغان 3 دېھقانچىلىق مەيدانىغا تارقالغان، تارباغاتاي رايونىدا 4—5 ى بولۇپ، شىخو، مايتاغدا ئۆلگە كۆرسەتىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ھەمدە چۆچەكتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىغا تارقالغان، ئالتاي ۋىلايىتىدە 2، ئىلى ۋىلايىتىدە 5 دىن 7 گىچە بولۇپ، ئۆلگە كۆرسىتىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىغا تارقالغان، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە ئاران 4 لا تراكتور قالغان.

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 26 تراكتور سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە «AT3—HATN» تىپلىق تراكتور 12، «ئۇنىۋېرسال -2» (BT3. Y—2) تىپلىق تراكتور 13، «ستالىن -80» (C—80) تىپلىق تراكتور 1 بولۇپ، بۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 2 - جۈن، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق 6 - جۈن، ساۋەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 22 - بىڭتۈەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق 5 - جۈن، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي رايونغا بىۋاستە قاراشلىق قى-

سىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلدى.

1953 - يىل 11 - ئايدا ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى تارباغاتايدا ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ДТ—54» تىپلىق تراكتوردىن 4 نى سەپلەپ بەردى.

كېيىنكى يىلى 5 - ئايدا ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتى يەنە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي يېزىسىدا ئۆلكىگە قاراشلىق 1 - دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «Д—54» تىپلىق تراكتوردىن 4 نى سەپلەپ بەردى. ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن تراكتوردىن 4 ى سەپلەپ بېرىلدى.

1954 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (تۆۋەندە ئاددىيلاشتۇرۇپ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېيىلدى) قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ماشىنىلاشتۇرۇلغان ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ يەنە داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيە، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى، رومىنيە، ئەنگلىيە، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كۆپ خىل تىپلىق تراكتورلارنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزدى. 1957 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە تراكتور سانى 1028 گە، قۇۋۋىتى تەخمىنەن 30 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. ماشىنا تىپى 18 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگىنى 9 خىل.

1959 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تراكتورلار شىنجاڭنى زور مىقداردا تەمىنلەشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1965 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تراكتور 6415 كە، قۇۋۋىتى تەخمىنەن 154 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. تراكتور سانى 1957 - يىلدىكىدىن 6.24 ھەسسە، قۇۋۋىتى 5.15 ھەسسە ئاشتى. بۇ مەزگىلدە 9 دۆلەتتىن كىرگۈزۈلۈپ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىۋاتقان تراكتورلارنىڭ تىپى 40 خىلغا يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگىنى 21 خىل. تراكتور تىپلىرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە قالايمىقان بولۇشى ئۇلارنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، ئۇششاق زاپچاسلار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارغا ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. بەزى تراكتورلار مەسىلەن: گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلەنگەن «KS—07، KS—30» تىپلىق تراكتورلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىشلىتىلگەندىن كېيىنلا بۇزۇلۇپ، كاردىن چىقتى.

**شىنجاڭنىڭ 1934 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە چەت ئەلدىن تراكتور سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5—1

| رەت نومۇرى | تراكتور تىپى | ئىشلىگەن دۆلەت | ئەڭ بالدۇر سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگەن يىلى | ئەڭ كۆپ سانى | ئات كۈچى | تۈرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | «ФП» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1934 | 2 | 20 | تۆمۈر چاقلىق |
| 2 | «ХТЗ» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1935 | 18 | 35 | تۆمۈر چاقلىق |
| 3 | «АТЗ—НАТИ» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1950 | 80 | 50 | زەنجىر تاپانلىق |
| 4 | «У—2» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1950 | 24 | 21 | تۆمۈر چاقلىق |
| 5 | «С—80» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1950 | 89 | 93 | زەنجىر تاپانلىق |
| 6 | «КДП—35» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1951 | 56 | 37 | زەنجىر تاپانلىق |
| 7 | «КД—35» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1952 | 67 | 37 | زەنجىر تاپانلىق |
| 8 | «ДТ—54» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1953 | 341 | 54 | زەنجىر تاپانلىق |
| 9 | «С—45» | پولشا | 1954 | 8 | 45 | زەنجىر تاپانلىق |
| 10 | «У—1» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1955 | 20 | 21 | زەنجىر تاپانلىق |
| 11 | «Z—25A» | چېخوسلوۋاكىيە | 1955 | 39 | 25 | رېزىنكە چاقلىق |
| 12 | «Z—25K» | چېخوسلوۋاكىيە | 1955 | 384 | 25 | رېزىنكە چاقلىق |
| 13 | «С—100» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1956 | 88 | 100 | زەنجىر تاپانلىق |
| 14 | «KS—30» | دېموكراتىك گېرمانىيە | 1956 | 189 | 63 | زەنجىر تاپانلىق |
| 15 | «DT—413» | ۋېنگرىيە | 1956 | 218 | 50 | زەنجىر تاپانلىق |
| 16 | «МТЗ—2» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1956 | 82 | 40 | رېزىنكە چاقلىق |
| 17 | «UOTЗ—45» | رومىنىيە | 1956 | 285 | 40 | رېزىنكە چاقلىق |
| 18 | «D—35» | پولشا | 1956 | 138 | 37 | زەنجىر تاپانلىق |
| 19 | «D—40» | پولشا | 1957 | 41 | 40 | زەنجىر تاپانلىق |
| 20 | «KD—35» | رومىنىيە | 1957 | 41 | 40 | زەنجىر تاپانلىق |
| 21 | «ХТЗ—7» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1957 | 18 | 12 | رېزىنكە چاقلىق |
| 22 | «Z—35» | چېخوسلوۋاكىيە | 1957 | 15 | 38.8 | رېزىنكە چاقلىق |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 23 | «ДТ—54А» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1957 | 112 | 54 | زەنجىر تاپانلىق |
| 24 | «ДТ—55» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1957 | 11 | 56 | زەنجىر تاپانلىق |
| 25 | «ДТ—24» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1957 | 37 | 24 | رېزىنكە چاقلىق |
| 26 | «ДТ—14Ъ» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1958 | 31 | 14 | رېزىنكە چاقلىق |
| 27 | «ДТ—24—3В» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1959 | 98 | 24 | رېزىنكە چاقلىق |
| 28 | «ДТ—28» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1959 | 711 | 28 | رېزىنكە چاقلىق |
| 29 | «D—50» | پولشا | 1959 | 61 | 50 | زەنجىر تاپانلىق |
| 30 | «900D—1» | ئەنگلىيە | 1959 | 23 | 40 | رېزىنكە چاقلىق |
| 31 | «МТЗ—5К» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1959 | 28 | 45 | رېزىنكە چاقلىق |
| 32 | «ДТ—20» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1960 | 138 | 20 | رېزىنكە چاقلىق |
| 33 | «ДВСш—16» | سوۋېت ئىتتىپاقى | 1961 | 47 | 16 | رېزىنكە چاقلىق |
| 34 | «UOТЗ—45Е» | رومىنىيە | 1963 | 364 | 45 | رېزىنكە چاقلىق |
| 35 | «تۇلپار - 28» | چاۋشيەن | 1963 | 217 | 28 | رېزىنكە چاقلىق |

ئىزاھات: 1965 - يىلى خېلى كۆپ تراكتور بىراق قىلىۋېتىلدى.

1965 - يىلدىن 1977 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا چەت ئەللەردىن تراكتور سېتىۋېلىنمىدى، 1978 - يىل 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چەت ئەللەردىن تراكتور سېتىۋېلىش خىزمىتى يېڭىۋاشتىن باشلاندى. 1979 - 1985 - يىللىرى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى (قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى) يۇگوسلاۋىيىدە ئىشلەنگەن «5200، 579، 578YMT» تىپلىق تراكتوردىن جەمئىي 349 نى، چېخوسلوۋاكىيىدە ئىشلەنگەن «12045، 7211، Z—6211» تىپلىق تراكتوردىن جەمئىي 247 نى، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلەنگەن «303، CD—300» تىپلىق تراكتوردىن جەمئىي 110 نى، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «4450 -يۇھان -دېل» تىپلىق تراكتوردىن 19 نى، ئاۋىستىرالىيىدە ئىشلەنگەن «ۋەنگو -

989 ، 784 » تىپلىق تراكتوردىن 7 نى ، جەمئىي 11 خىل تىپتىكى تراكتوردىن 732 نى سېتىۋې-
لىپ كىرگۈزدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يەنە گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلەن-
گەن « FT » تىپلىق ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن « ۋەنگو » تىپلىق ، « يۇھان -دېيل » تىپلىق ، كانادا
ئىشلەنگەن « FKC » تىپلىق ، يۇگوسلاۋىيىدە ئىشلەنگەن « YMT » تىپلىق ( 3خىل ) ، چېخوس-
لوۋاكىيىدە ئىشلەنگەن « Z » تىپلىق ۋە رومىنىيىدە ئىشلەنگەن « A—1800A » تىپلىق 10 خىل ،
قۇۋۋىتى 66 كىلوۋاتتىن 117.7 كىلوۋاتقىچە بولغان زور ئات كۈچىگە ئىگە تراكتورلارنى كىرگۈ-
زۈپ ، رايونلارغا ماسلاشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ باردى. 1985 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىلا
رومىنىيىدە ئىشلەنگەن « UOT3 ، 651 ، 650 ، 445 » تىپلىق تراكتوردىن جەمئىي 101 نى سېتى-
ۋالدى.

## 2) شىنجاڭدا ئىشلەنگەنلىرى

1958 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ « ئۆكتەبىر » ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى) « سەكرەپ ئىلگىرىلەش -24 » تىپلىق چاقلىق تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى ، شۇ يىلى بۇ تراكتوردىن 16 نى ئىشلەپچىقاردى. 1959 - يىلى « ھەمكارلىق - 225 » تىپلىق تراكتور ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. 1963 - يىلى كېۋەزلىرى شالاڭ ، ئېگىز ئۆسكەن كېۋەزلىكنى كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان « شەرق قىزاردى - 28G » تىپلىق 3 چاقلىق تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى. 1966 - يىلى « شەرق قىزاردى - 28 » تىپلىق تراكتورنى ئۆركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. 1970 يىلى « قىزىل ئۆكتەبىر - 40 » تىپلىق چاقلىق تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى. 1982 - يىلدىن كېيىن « شىنجاڭ - 12 ، شىنجاڭ - 15 » تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق 2 خىل تراكتورنى ئۆركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىلغان 2 خىل كىچىك 4 چاقلىق تراكتور جەمئىي 22 مىڭ 448 گە يەتتى. 1958 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئوتتۇرا تىپتىكى چاقلىق تراكتور جەمئىي 13 مىڭ 623 كە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە « شەرق قىزاردى - 28 » تىپلىق تراكتور 13 مىڭ 254.

1958 - يىلى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ تراكتور رېمونت زاۋۇتى « تەڭرىتاغ - 24 » تىپلىق تراكتوردىن بىر قانچىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى.

1976 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا قول تراكتور زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ، « تەڭرىتاغ - 12 » تىپلىق قول تراكتورى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر بۇنداق تراكتوردىن جەمئىي 5194 نى ئىشلەپچىقاردى. بىڭتۈەننىڭ ئايرىم شىلىرى ۋە ئايرىم ۋىلايەت ، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى 4 چاقلىق كىچىك تراكتوردىن 381 نى ئۆزلىرى

قۇراشتۇردى. 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە قۇراشتۇرۇلغان قول تراكتورى ۋە 4 چاقلىق كىچىك تراكتور 28 مىڭ 23 كە يەتتى.

### 3) ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش

1959 - يىلى لوياڭ 1 - تراكتور زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، «شەرق قىزاردى - 54» چوڭ تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتورنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى؛ تيەنجىن تراكتور زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، «تۆمۈر بۇقا - 40» تىپلىق چاقلىق تراكتورنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. شۇ يىلى شىنجاڭ «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق تراكتوردىن تەخمىنەن 70 نى سېتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق تراكتور بىلەن زور مىقداردا تەمىنلىنىپ، چەتئەلدىن تراكتور سېتىۋېلىشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تراكتورلار ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تراكتورلار %60 تىن كۆپرەكنى (شىنجاڭ ئۆزى ئىشلىگىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىگىلىدى، شۇ مەزگىلدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تراكتور 2598 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تراكتور 1514 بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تراكتور سانىنىڭ %58.2 ىنى ئىگىلىدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 69 تراكتور پونكىتىدا يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تراكتورلار ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تراكتورلار %63 نى ئىگىلىدى.

1966 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى تراكتورلارنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، 1966 - يىلى 7634 بولغان بولسا، 1980 - يىلى تراكتور سانى 44 مىڭ 226 گە، قۇۋۋىتى 1 مىليون 161 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. 15 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 2521 تراكتور كۆپەيدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تراكتورلار ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەنلىرىنىڭ سانى %95 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، تراكتور تىپى 30 خىلغا يېقىنلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «شەرق قىزاردى - 54»، «شەرق قىزاردى - 75» تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتور ۋە «تۆمۈر بۇقا - 55»، «شەرق قىزاردى - 28» تىپلىق چاقلىق تراكتور ئايرىم ھالدا زەنجىر تاپانلىق ۋە چاقلىق تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ %90.3 ىنى ۋە %87.5 ىنى ئىگىلىدى. 1966 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە تراكتورلارنىڭ كۆپىيىش سانى ۋە كۆپىيىش نىسبىتىنى جەدۋەل: 1—6 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

**1965 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە تراكتورلارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1—6 بىرلىكى: دانە، %

| يىللار | چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | | | كىچىك تىپتىكى تراكتور | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەمەلىي بار سانى | شۇ يىلى كۆپەيتىلگەن سانى | ئېشىش نىسبىتى | ئەمەلىي بار سانى | شۇ يىلى كۆپەيتىلگەن سانى | ئېشىش نىسبىتى |
| 1965 | 6239 | | | 179 | | |
| 1966 | 7455 | 1216 | 19.5 | 179 | 3 | 1.7 |
| 1967 | 8218 | 763 | 10.2 | 178 | | |
| 1968 | 8621 | 403 | 5 | 193 | 15 | 8.4 |
| 1969 | 9471 | 850 | 9.9 | 433 | 240 | 124.4 |
| 1970 | 10241 | 770 | 8.1 | 699 | 266 | 61.4 |
| 1971 | 11684 | 1443 | 14.1 | 1070 | 371 | 53.1 |
| 1972 | 12690 | 1006 | 8.6 | 1340 | 270 | 25.2 |
| 1973 | 13166 | 476 | 3.8 | 1712 | 372 | 27.8 |
| 1974 | 14086 | 920 | 7 | 2332 | 620 | 36.2 |
| 1975 | 15137 | 1051 | 7.5 | 3145 | 813 | 34.9 |
| 1976 | 16107 | 970 | 6.4 | 4252 | 1107 | 35.2 |
| 1977 | 17490 | 1383 | 8.6 | 6066 | 1814 | 42.7 |
| 1978 | 20087 | 2597 | 14.8 | 7813 | 1747 | 28.8 |
| 1979 | 23549 | 3462 | 17.2 | 12544 | 4731 | 60.6 |
| 1980 | 29267 | 5718 | 24.3 | 14959 | 2415 | 19.8 |

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1978 - يىل 12 - ئايدا ئاچقان 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، يېزىلاردا تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلدى. 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىقتىسادىي سىياسەتلەرگە دائىر سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، خەلق گۇڭشېسى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن

دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىندى. شىنجاڭ بويىچە تراكتور بولۇپمۇ كىچىك 4 چاقلىق تراكتور ناھايىتى تېز كۆپەيدى. كىچىك تىپتىكى تراكتور 1980 - يىلدىكى 14 مىڭ 959 دىن كۆپىيىپ 41 مىڭ 380 گە، قۇۋۋىتى 126 مىڭ كىلوۋاتتىن كۆپىيىپ 391 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 1980 - يىلدىكى 29 مىڭ 267 دىن كۆپىيىپ 1985 - يىلى 41 مىڭ 4 كە، قۇۋۋىتى 1 مىليون 35 مىڭ 100 كىلوۋاتتىن 1 مىليون 517 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە 8.87 دىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، 328.28 كىلوۋات قۇۋۋەت، 8.95 تىن كىچىك تىپتىكى تراكتور، 84.74 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى. جەمئىيلگەندە 10 مىڭ مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.82 تراكتور، 413.14 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى.

1985 - يىلى يەرلىك سىستېمىلاردىكى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تراكتورلارنىڭ تىپى ۋە سانى

جەدۋەل: 1—7

| ماشىنا تىپى | سانى | ماشىنا تىپى | سانى |
|---|---|---|---|
| 1. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | | «گۆبجۇ - 45» | 34 |
| 1) زەنجىر تاپانلىق | | «شەرق قىزاردى - 40» | 52 |
| «قىزىلبايراق -100» | 35 | «مول ھوسۇل - 37» | 109 |
| «قىزىلبايراق - 80» | 13 | «شەرق قىزاردى - 36» | 4 |
| «شەرق قىزاردى - 75» | 6061 | «مول ھوسۇل - 35» | 425 |
| «شەرق قىزاردى - 60» | 2919 | «شەرق قىزاردى - 30» | 13 |
| «شەرق قىزاردى - 54» | 1270 | «شەرق قىزاردى - 28» | 10817 |
| باشقىلار | 3 | «تەيشەن بوقىسى - 25» | 165 |
| 2) چاقلىق | | «فۇجۇ - 24» | 14 |
| «لياۋنىڭ - 65» | 84 | «شەرق قىزاردى - 22» | 49 |
| «شىنياڭ - 60» | 49 | «لەي ياڭ - 20» | 18 |
| «تۆمۈر بوقا - 55» | 7838 | 2. كىچىك تىپتىكى تراكتور | |
| «شياڭشياڭ - 50» | 140 | كىچىك 4 چاقلىق تراكتور | 22373 |
| «شاڭخەي - 50» | 1786 | قول تراكتورى | 12207 |

ئىزاھات: كىچىك 4 چاقلىق تراكتور بىلەن قول تراكتورى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بولۇپ، تىپى تەخمىنەن 20 خىل.

## 2 . تارقىلىشى

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلار ئاساسلىقى بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك- نىڭ ئىبارەت 2 چوڭ سىستېمىغا تارقالغان. يەرلىك سىستېمىدا يەنە ئاساسلىقى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە خەلق گۇڭشې (يېزا - بازار) لىرىغا تارقالغان.

شىنجاڭ بويىچە 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن تراكتور سانى

جەدۋەل : 8—1

| يىللار | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ( 10مىڭ مو) | چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | | كىچىك تىپتىكى تراكتور | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | 10 مىڭ كىلوۋات | سانى | 10 مىڭ كىلوۋات |
| 1950 | 1998. 53 | 2 | | | |
| 1951 | 2119. 35 | 23 | | | |
| 1952 | 2314. 71 | 92 | | | |
| 1953 | 2332. 45 | 200 | | | |
| 1954 | 2408. 92 | 240 | | | |
| 1955 | 2535. 28 | 327 | | | |
| 1956 | 2723. 20 | 557 | | | |
| 1957 | 2929. 54 | 1028 | | | |
| 1958 | 3431. 80 | 1424 | | | |
| 1959 | 3862. 94 | 2349 | | | |
| 1960 | 4717. 67 | 2611 | 5. 7 | | |
| 1961 | 4714. 30 | 3441 | 7. 7 | | |
| 1962 | 4580. 73 | 3754 | 8. 6 | 11 | |
| 1963 | 4532. 56 | 4132 | 9. 5 | 32 | |
| 1964 | 4625. 50 | 5068 | 12. 1 | 33 | |
| 1965 | 4747. 08 | 6239 | 15. 0 | 176 | |
| 1966 | 4995. 68 | 7455 | 18. 3 | 176 | |
| 1967 | 5065. 25 | 8218 | 20. 4 | 178 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 193 | 21.6 | 8621 | 4833.84 | 1968 |
| | 433 | 23.8 | 9471 | 4750.23 | 1969 |
| | 699 | 26.4 | 10241 | 4697.79 | 1970 |
| | 1070 | 32.8 | 11684 | 4740.05 | 1971 |
| | 1340 | 40.0 | 12690 | 4730.47 | 1972 |
| | 1712 | 45.0 | 13166 | 4735.43 | 1973 |
| | 2333 | 50.1 | 14086 | 4714.08 | 1974 |
| | 3145 | 54.5 | 15137 | 4720.45 | 1975 |
| | 4252 | 58.2 | 16107 | 4727.04 | 1976 |
| | 6060 | 62.2 | 17490 | 4742.91 | 1977 |
| 6.3 | 7813 | 69.0 | 20087 | 4777.03 | 1978 |
| 10.5 | 12544 | 83.2 | 23549 | 4800.28 | 1979 |
| 12.6 | 14959 | 103.5 | 29267 | 4772.55 | 1980 |
| 12.4 | 14570 | 110.1 | 30985 | 4759.78 | 1981 |
| 13.7 | 15800 | 119.0 | 32984 | 4781.92 | 1982 |
| 18.5 | 20803 | 130.2 | 35673 | 4742.17 | 1983 |
| 29.8 | 32349 | 142.7 | 39407 | 4729.02 | 1984 |
| 39.2 | 41380 | 151.8 | 41004 | 4623.68 | 1985 |

1) بىڭتۇەن

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

26 تراكتور سېتىۋالدى، 1951 - يىلى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 3 نى قۇرۇپ، مەشغۇلات قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلدى. 1952 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىدىكى تراكتورلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1954 - يىلى ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇرۇلدى، 1957 - يىلى بىڭتۈەن ئىلكىدىكى تراكتور كۆپىيىپ 899 غا، قۇۋۋىتى 27 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىپ، تراكتور سانى بىلەن كىلوۋات سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 87.4% ۋە 92.7% نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ مو يەرگە 2.67 دىن تراكتور، 82.44 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بىڭتۈەن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بوزلۇقلىرىدا زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلدى، يېڭى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە بىڭتۈەن ئىلكىدىكى تراكتور سانىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يەرلىك سىستېمىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. 1965 - يىلى بىڭتۈەندىكى تراكتور 3497 گە، قۇۋۋىتى 118 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى. تراكتور سانى بىلەن كىلوۋات سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 54.23% ۋە 76.57% نى ئىگىلىدى، تراكتور سانى 1957 - يىلدىكىدىن 2.87 ھەسسە، كىلوۋات سانى 3.26 ھەسسە ئاشتى. 10 مىڭ مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.03 دانە تراكتور، 102.99 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى.

1966 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۈەن (ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى) ئىلكىدىكى تراكتور سانى خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، لېكىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېشىش سۈرئىتى يەرلىك سىستېمىنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى، 1985 - يىلغا قەدەر بىڭتۈەندىكى تراكتور جەمئىي 16 مىڭ 231 گە، قۇۋۋىتى 450 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 9557، قۇۋۋىتى 384 مىڭ 700 كىلوۋات، كىچىك تىپتىكى تراكتور 6674، قۇۋۋىتى 65 مىڭ 800 كىلوۋات؛ 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 6.93 ى، كىچىك تراكتوردىن 4.84 ى، 326.89 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى.

2) يەرلىك سىستېما

1. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى: 1953 - يىلى تارباغاتايدا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندا 4 تراكتور بار ئىدى. 1957 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 6 دېھقانچىلىق مەيدانىدا 74 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 44 تراكتور (قۇۋۋىتى 1600 كىلوۋات) بار بولدى. 1958 - يىلى يەرلىك دۆلەت

ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى كۆپىيىپ 20 گە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 800 مىڭ موغا ، تراكتور 82 (قۇۋۋىتى 3100 كىلوۋات) گە يەتتى . 1965 - يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى 71 گە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 مىليون 89 مىڭ موغا ، تراكتور 582 (قۇۋۋىتى 18 مىڭ 900 كىلوۋات) گە يەتتى ؛ ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.88 تراكتور ، (قۇۋۋىتى 18.61 كىلوۋات) توغرا كەلدى . 1974 - يىلى 71 دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۆپەيمىدى ، تېرىلغۇ كۆلىمى 600 مىڭ موغا يېقىن ئازايدى ، تراكتور 929 (قۇۋۋىتى 32 مىڭ 300 كىلوۋات) قا يەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى كۆپ قېتىم ئۆزگەردى . 1985 - يىلغا كەلگەندە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى 28 گە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 861 مىڭ 900 موغا ، تراكتور 718 (قۇۋۋىتى 26 مىڭ 300 كىلۋات) گە چۈشۈپ قالدى ؛ ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.33 تراكتور (305.14 كىلوۋات قۇۋۋەت) توغرا كەلدى .

2 . يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى : 1956 - يىلى 4 تراكتور بار ئىدى . 1957 - يىلى چارۋىچىلىق فېرمىسى 43 كە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 84 مىڭ موغا ، تراكتور 19 غا يەتتى ، 1964 - يىلى تراكتور 224 بولغان بولسا ، 1974 - يىلى كۆپىيىپ 517 (قۇۋۋىتى 16 مىڭ 900 كىلوۋات) گە يەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئىلكىدىكى تراكتور سانى تېز كۆپەيدى ، 1980 - يىلى 1550 (قۇۋۋىتى 47 مىڭ 700 كىلوۋات) كە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 1201 ، قۇۋۋىتى 44 مىڭ 600 كىلوۋات ، كىچىك تىپتىكى تراكتور 349 ، قۇۋۋىتى 3100 كىلوۋات . 1985 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى (دۆلەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى بىردەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى ) 141 گە ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1 مىليون 303 مىڭ موغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق ، ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 767 مىڭ مو ، تراكتور 2719 غا ، قۇۋۋىتى 75 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 1658 ، قۇۋۋىتى 65 مىڭ 500 كىلوۋات ، كىچىك تىپتىكى تراكتور 1061 ، قۇۋۋىتى 10 مىڭ 300 كىلوۋات ، ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.72 تراكتور ، 502.69 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كەلدى ، كىچىك تىپتىكى تراكتور 8.14 دىن (قۇۋۋىتى 79.05 كىلوۋاتتىن) توغرا كەلدى . 2 سىنى قوشقاندا تراكتور 20.86 دىن ، قۇۋۋىتى 581.74 كىلوۋاتتىن توغرا كەلدى . تراكتور سانى ، قۇۋۋەت سانى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى .

3 . خەلق گوڭشېلىرى (يېزا - بازارلار) : 1954 - يىل 5 - ئايدا دېھقانچىلىق ، چارۋى-

چىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي يېزىسىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتى قۇردى. «ئۇچقۇن» كولخوزى ۋە كوپېراتىپىنىڭ تېرىلغۇدا ئىشلىتىشى ئۈچۈن 4 تراكتور سەپلەپ بېرىلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈرۈمچى، سۈيدۈڭ (بۈگۈنكى قورغاس)، گۇچۇڭ، غۇلجا، تۇرپان، چۆچەك، قەشقەر كوناشەھەردىن ئىبارەت 7 ناھىيىدە ناھىيىلىك پونكىت ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» پونكىتى قۇرۇلدى، (1957 - يىل 12 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك پونكىت «1 - ئاۋغۇست» پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى)، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 8 گە، تراكتور 50 كە يەتتى؛ 1958 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش ئارقىلىق پونكىت 6 گە قىسقاردى، تراكتور 55 كە يەتتى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى 20 تراكتور سېتىۋالدى.

1959 - يىلى دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشتا كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 1 - ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ماشىنا - سايمانلىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، خەلق گۇڭشېلىرىغا سېتىپ بېرىلدى، يىل ئاخىرىدا خەلق گۇڭشېلىرى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئىلكىدىكى تراكتور 467 گە يەتتى، تراكتورلارنىڭ تارقىلىشى تارقاق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن تراكتورلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىر قەدەر ئېغىر بولدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە نورمال خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىرى ئاران 50% دىن 70% كىچە بولدى.

بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1962 - يىلىنىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇردى ھەمدە بىر قىسىم گۇڭشېلار ئىلكىدىكى تراكتور قايتۇرۇۋېلىنىپ، تراكتور پونكىتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى 69 غا، تراكتور 1702 گە يەتتى.

1965 -يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىككە تراكتور سېتىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، «ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تراكتور پونكىت (گۇرۇپپا) لىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا چوقۇم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پائال رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاشنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىلەن كولېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ كۈچىنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھ-

قانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش» نى تەلەپ قىلدى ھەمدە «خەلق گوڭشېلىرى تراكتور سېتىۋېلىشتا ئەمەلىي ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى چىقىش قىلىپ پائال ھەم ئۆز مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. يىل ئاخىرىدا 99 خەلق گوڭشېسىدىكى تراكتور سانى 586 گە يەتتى. دۆلەت ۋە گوڭشېلار ئىلكىدىكى تراكتور جەمئىي 2288 گە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 35.7% نى ئىگىلىدى.

1966 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، دېھقانچىلىق نازارىتى ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيىلەر بىلەن بىرلىكتە بورچىن، تۇرپان، ماناس، كۇنەس، كۇچا، ئاۋات ۋە ئاقچىدىن ئىبارەت 7 ناھىيىدىكى 8 گوڭشېدا كوللېكتىپ ئىگىلىككە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 7 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشتا، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىر بار بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى باخشى باشقۇرۇش ئاساسىدا، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گوڭشې ئىگىلىكىدىكى پونكىتلارغا قارىتىش لازىم دەپ بېكىتتى.

1969 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ 8 - ئايدا چاقىرغان مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى خىزمىتى يىغىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ماشىنا - سايمانلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1970 يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1970 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە دۆلەتنىڭ چېگرا رايونلاردىكى مىللىي رايونلارغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا خەلق گوڭشېلىرى ئىلكىدىكى تراكتورلارنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگىنى 27 مىڭ 554، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۆپەيگىنى 2505 (قۇۋۋىتى 73 مىڭ 200 كىلوۋات) كە يەتتى. 1980 - يىلى تراكتور ئومۇمىي سانى 32 مىڭ 352 (قۇۋۋىتى 803 مىڭ 700 كىلوۋات) گە يەتتى. ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.41 تراكتور، 258.68 كىلوۋات قۇۋۋەت توغرا كېلىپ، تراكتور سانى ۋە قۇۋۋەت سانى جەھەتتە بىڭتۇەننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزىلاردا تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇ-

لۇپ، دېھقانلار ئۆز ئالدىغا تراكتور سېتىۋالىدىغان بولدى. خەلق گۇڭشې (يېزا - بازار) لىرىدىكى تراكتورلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئېشىش مىقدارى 5028 گە (قۇۋۋىتى 91 مىڭ 200 كىلوۋات) قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى تراكتور %60 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى جەمئىي تراكتور سانى 62 مىڭ 520 گە، (قۇۋۋىتى 1 مىليون 350 مىڭ 600 كىلوۋات) قا يەتتى؛ ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 9.64 ى، قۇۋۋىتى 342.75 كىلوۋاتتىن، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن 11 ى، قۇۋۋىتى 103.37 كىلوۋاتتىن توغرا كەلدى. 2 نى قوشقاندا تراكتور 20.64 تىن، قۇۋۋىتى 446.12 كىلوۋاتتىن توغرا كەلدى. تراكتور ۋە قۇۋۋەت سانى جەھەتتە بىڭتۇەننىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن %75 ۋە %37 يۇقىرى بولدى.

## § 2 . تۇراقلىق مەشغۇلات قىلىدىغان ئېنېرگىيىلىك ماشىنىلار

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بوستانلىقلار بىلەن چۆللۈكلەر ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ھەر قايسى بوستانلىقلارنىڭ ۋە ۋىلايەت بىلەن ناھىيەلەرنىڭ، ناھىيەلەر بىلەن يېزىلارنىڭ، يېزىلار بىلەن كەنتلەرنىڭ ۋە كەنت بىلەن كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولغاچقا، ئېلېكتر تورلىرىنى قۇرۇش قىيىنراق. كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تراكتورنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتىن تاشقىرى، تۇراقلىق خاراكتېرلىك مەشغۇلاتلار، مەسىلەن: سۇغىرىش ئۈچۈن سۇ چىقىرىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توك قاتارلىقلاردا پار ماشىنىسى، دىزېلماتور، ئېلېكتروماتور، شامال كۈچى گېنېراتورى قاتارلىق ماشىنىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دىزېلماتور كۆپرەك.

### 1 . پار ماشىنىسى (لوگوموبىل)

50 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۇ چىقىرىش، ئۇن، باغ تارتىش، ئوت - چۆپ ئۇۋاقلاش ۋە ھورداش ئىشلىرىدا كۆپرەك ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىنغان پار ماشىنىلىرى ئىشلىتىلەتتى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل قۇۋۋەتتىكى پار ماشىنىسى جەمئىي 110 دىن كۆپرەك ئىدى. 1962 - يىلى 350 كە يەتكەنىدى. قۇۋۋىتى 14.71 كىلوۋاتلىق، 8.83 كىلوۋاتلىق، 5.51 كىلوۋاتلىق، 3.68 كىلوۋاتلىق بولۇپ، كۆپ خىل ئىدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پار ماشىنىسى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى.

## 2 . دىزېلماتور

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇغىرىش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوت - چۆپ ئۇۋۇاقلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاز مىقداردىكى دىزېلماتورلار ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىندى، 60 - يىللاردىن ئېتىبارەن سانى تەدرىجىي كۆپەيدى، ئېنېرگىيىلىك گېنېراتورلاردىن باشقا، دىزېلماتورلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسىمۇ سېتىۋېلىندى. 1970 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دىزېلماتور سانى تەخمىنەن 2300 گە، قۇۋۋىتى 24 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان دىزېلماتورى 1100 دىن كۆپرەك، قۇۋۋىتى 8900 كىلوۋات.

1975 - يىلى شىنجاڭدا ئاز تۈركۈمدە دىزېلماتور ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى، «95 يۈرۈشلۈك ئىشلەپچىقىرىش» تەلىپى بويىچە «S—195، S—295، S—495» بەلگىلىك 3 خىل دىزېلماتور ئىشلەپچىقىرىلدى، 1978 - يىلى مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 5805 ى، (قۇۋۋىتى 62 مىڭ 800 كىلوۋات) ئىشلەپچىقىرىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر جەمئىي 16 مىڭ 479 ى (قۇۋۋىتى 185 مىڭ 200 كىلوۋات) ئىشلەپچىقىرىلدى.

1980 -يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلماتور جەمئىي 33 مىڭ 798( قۇۋۋىتى 444 مىڭ 100 كىلوۋات) گە يەتتى. 1985 - يىلى دىزېلماتور سانى كېمىيىپ 29 مىڭ 303 كە، قۇۋۋىتى 423 مىڭ 200 گە چۈشۈپ قالدى، بۇنى 1980 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دىزېلماتور سانى 13.3 پىرسەنت پوئىنتى، كىلوۋات سانى 4.7 پىرسەنت پوئىنتى ئازىيىپ كەتتى.

## 3 . ئېلېكتروماتور

يېزىلاردا ئېلېكتروماتورلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش ۋاقتى بىرقەدەر كېيىنرەك بولدى، 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئېلېكتروماتور كۆپەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېلېكتر كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ دىزېلماتورلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئېلېكتروماتورنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى زورايدى. 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇغىرىش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئىشلىتىلگەن ئېلېكتروماتور جەمئىي 26 مىڭ 322( قۇۋۋىتى 231 مىڭ 600 كىلوۋات) گە يېتىپ، ئېلېكتروماتور سانى ۋە كىلوۋات سانى

ئايرىم - ئايرىم ھالدا دىزېلماتور سانىنىڭ 77.88% ىنى ۋە 52.15% ىنى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى 37 مىڭ 870 (قۇۋۋىتى 389 مىڭ 100 كىلوۋات) كە يېتىپ، ئايرىم ھالدا دىزېلماتور سانى ۋە كىلوۋات سانىنىڭ 129% ىنى ۋە 91.42% ىنى ئىگىلىدى.

## 4 . شامال كۈچى گېنېراتورى

شىنجاڭنىڭ شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئىنتايىن مول، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىچىك تىپتىكى شامال كۈچى گېنېراتورىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكەنىدى. بىراق بۇنىڭ ۋاقتى قىسقا، سانى ئاز بولۇپ كېڭەيتىلمىدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، سەنشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ياسالغان شامال كۈچى گېنېراتورلىرىنى سېتىۋېلىپ تەجرىبە قىلدى. لېكىن مۇۋاپىق كېلىدىغان گېنېراتورنىڭ تىپى كىچىك، بىر قېتىملىق سېلىنىدىغان سېلىنما زور بولغانلىقى تۈپەيلىدىن تەجرىبە قىلىش گاھ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، گاھ داۋاملىشىپ، كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىلمىدى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى شامال كۈچى گېنېراتورنىڭ يىللىق ئىشلىتىلىش مىقدارى 100 دىن ئېشىپ كېتەلمىدى.

## 5 . قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش

شىنجاڭدا قۇياش ئېنېرگىيىسى ئاساسلىقى قاشالاپ چارۋا بېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ. 1979 - يىلى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 77 - تۇەنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە قۇياش ئېنېرگىيە توكى ئارقىلىق قاشالانغان فېرما قۇردى، كرېمنىيلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارىيە گۇرۇپپىسى توك مەنبەسى قىلىندى. 1980 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى كۆنەس، جىمسار، ئۈرۈمچى، كۆكتوقاي، بورتالا قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە قاشالانغان فېرمىلارنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. قاشانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىرغا، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 60 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 77 - تۇەنى قۇرغان قاشالىق فېرمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 كىلومېتىر، كۆلىمى 45 مىڭ مو. 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ مېۋە - چېۋە قۇرۇتۇش باشلاندى.

**شىنجاڭ بويىچە 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرىۋېلىش ، سۇغىرىش ، يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى**

جەدۋەل : 9—1

| يىللار | بىرلىكى | جەمئىي | يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرىۋېلىش ، سۇغىرىش | | يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | دىزېلماتور | ئېلېكتروماتور | دىزېلماتور | ئېلېكتروماتور |
| 1979 | دانە | 63211 | 19824 | 11848 | 13974 | 17565 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 69.46 | 27.28 | 13.46 | 17.13 | 11.59 |
| 1980 | دانە | 61487 | 19812 | 11659 | 15353 | 14663 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 69.46 | 27.45 | 13.64 | 18.85 | 9.52 |
| 1981 | دانە | 62526 | 20025 | 12395 | 14283 | 15823 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 73.60 | 28.86 | 16.06 | 18.05 | 10.63 |
| 1982 | دانە | 60858 | 17554 | 11032 | 14711 | 17561 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 72.77 | 25.90 | 14.70 | 18.86 | 13.49 |
| 1983 | دانە | 63762 | 16649 | 11780 | 16875 | 18458 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 76.71 | 25.63 | 16.38 | 21.45 | 13.25 |
| 1984 | دانە | 66077 | 15083 | 13579 | 17572 | 19843 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 79.34 | 23.60 | 19.90 | 22.30 | 14.14 |
| 1985 | دانە | 67173 | 12095 | 12945 | 17208 | 24925 |
| | 10 مىڭ كىلوۋات | 81.23 | 20.27 | 21.18 | 22.05 | 17.73 |

# III باب

# ئېتىز - ئېرىق ۋە خاماندا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنىلار

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ئالدى بىلەن ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىدىن باشلانغانىدى. 50 - يىللاردىن ئىلگىرى، ئېتىز - ئېرىق ۋە خاماندا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەللەردىن سېتىۋېلىناتتى. 1962 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئېنېرگىيىلىك دېھقانچىلىق سايمىنى 24 مىڭدىن ئاشقان، تىپى 101 گە يەتكەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلىدۇ. 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ماشىنا - سايمانلار بىلەن داۋاملىق تەمىنلەندى، تۈرى كۆپەيدى، سانى ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئېتىز - ئېرىق، خامانلاردا ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان تۈرلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي ئۆستى. 1965 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى 40.3%، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش سەۋىيىسى 31.5% بولدى. 1985 - يىلى ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى 60.85%، ماشىنا بىلەن تېرىش سەۋىيىسى 57.61%، ماشىنا بىلەن ئورۇش سەۋىيىسى 26.87% بولۇپ، ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە 7 -، 1 -، 2 - ئورۇندا تۇردى.

## 1 § . ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

50 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا «تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى؛ 1963 - يىلى ئېتىز - ئېرىقلار رەتلىنىپ - تەكشىلىنىپ، ماشىنىلىشىش ۋە تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

### 1 . بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشتا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

شىنجاڭ - سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونى ، دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان يەرلەرنىڭ تولىسى شورلۇق . بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىشتا ئاساسلىقى ، بوز يەر تەييارلاش ، بوز يەرنى تازىلاش ، سۇغىرىش ، سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىلىرىنى قۇرۇش ، ئېتىزلىقلاردا سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى چېپىش ، تاختىلاپ قىر سېلىش ، يەر تەكشىلەش ۋە بوز يەر ئېچىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلىدۇ . 50 - يىللاردا بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىشتا ئىشلىتىلگەن ماشىنا - سايمانلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئاز مىقداردىكى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ، سۇغىرىش ئېرىقى قېزىش ، قىر سېلىش ماشىنىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ۋە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن ئاددىي ماشىنا - سايمانلاردىن ئىبارەت ئىدى . 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىشنىڭ تازا ئەۋج ئالغان مەزگىلى ئىدى . 5 يىلدا 22 مىليون 790 مىڭ مودىن كۆپرەك بوز يەر ئېچىلىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىندى ، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 12 مىليون 500 مىڭ مودىن ئارتۇق . 1958 - يىلى بىڭتۈەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بوز يەر ھازىرلاش ، بوز يەردىكى چاۋا - چاتقاللارنى ئادالاش - توشۇش ، سۇغىرىش ئېرىقى چېپىش ، يەرنى تاختىلاپ قىر سېلىش ، يەر تەكشىلەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىدىغان بىر يۈرۈش ماشىنا سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇردى ۋە ئۆزلىرى ياسىدى . 1959 - يىلى بوز يەرئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى سانجى كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆزىگە قاراشلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يىغىنى چاقىرىپ ، بىڭتۈەندە ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنىلاشقان بوز يەر ھازىرلاش ، بوز يەردىكى چاۋا - چاتقالارنى توشۇش سايمانلىرىنى كېڭەيتتى . 1960 - يىل 7 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 2 - باشقۇرۇش باشقارمىسى « باشقارمىمىزنىڭ بوزيەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش » دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆزلىرىنىڭ بوز يەر ھازىرلاش ، چاۋا - چاتقاللارنى يىغىش - توشۇش ، بوز يەر ئېچىش ، يەر تەكشىلەش ، قىر سېلىش ، سۇغىرىش ئېرىقى چېپىشتا ئىشلىتىدىغان ماشىنا - سايمان قاتارلىقلارنى ۋە مەشغۇلات قىلىش شەكلىنى تونۇشتۇردى : ياغاچتىن ئىشلەنگەن يۇمىلاق شەكىلدىكى بوز يەر ھازىرلاش سايمىنى ، ياغاچتىن ئىشلەنگەن 3 قىرلىق بوز يەر ھازىرلاش ماشىنىسى ، بوز يەرلەردىكى يۇلغۇن ، سۆكسۆك ، ياۋا چاتقال قاتارلىقلارنى ئادالاش ؛ كولنىۋاتوردىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان چاۋا - چاتقال يىغىش سايمىنى ، ياغاچ ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن يۇمىلاق لاپاس شەكىللىك چاۋا - چاتقال سايمىنى ئارقىلىق چاۋا - چاتقاللارنى يىغىش - توشۇش ؛ 5 چىشلىق ساپان ، چاتقۇچ ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ۋە ياغاچتىن مەخسۇس ئىشلەنگەن چاسا سېۋەت شەكىلدىكى يەر تەكشىلەش سايمىنى بىلەن دۆڭنى تەكشىلەپ ، ئويماننى تىندۇرۇش ؛ تاق چىشلىق ، 5 چىشلىق ساپاندىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان سۇغىرىش ئېرىقى چېپىش ، يەرنى تاختىلاپ قىر سېلىش ، سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى تەكشىلەش ، قىرنى تەكشىلەش

سايمىنى ۋە ئۆستەڭ چېپىش، قىر سېلىشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا بىلەن ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، قىر سېلىش، ئېرىق ئۆستەڭنى تەكشىلەش، قىر سېلىش؛ بوز يەر ئېچىشتا ئېغىر تىپتىكى 5، 4 چىشلىق ساپان، ئېغىر تىپتىكى بېرىق دېسكىلىق تىرنا قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇلات قىلىندى.

چوڭ دەرەخلەر بىر قەدەر كۆپ بوز يەرلەرنى ھازىرلاشتا، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 3 - باش مەيدانى (ئۆرخۇ رايونى) قاتارلىقلار تراكتورغا پولات ئارغامچا باغلاپ، چوڭ يالغۇز دەرەخلەرنى بىۋاستە تارتىپ قومۇردى، پارچە ئورمانلارنى قورشاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يەنى 2 تراكتور 1 ئارغامچىنى تەڭ تارتىپ، مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ، بىرلا ۋاقىتتا ئالغا ئىلگىرلەپ دەرەخنى ئۆرىدى ھەمدە كۆپىنچىسىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىدى.

50 - يىللاردا بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشتا ھەر بىر سالا ئېتىزنىڭ كۆلىمى 500 مودىن 700 موغىچە بولدى. ماشىنا - سايمانلار ئاددىي، ئېتىز - ئېرىقلارنى تەكشىلەش سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن، سۇغىرىشقا، شورنى تىزگىنلەش ۋە تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشقا پايدىسىز بولدى.

## 2. ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش — تەكشىلەشتە مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

1963 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردا ياخشى سالا ئېتىزى، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى ئاھالە تۇرالغۇسى بولۇشتىن ئىبارەت 5 تە ياخشى قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. كەڭ يېزىلاردىن كىچىك سالا ئېتىزلارنى ماشىنا مەشغۇلاتىغا ماس كېلىدىغان چوڭ سالا ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىشنى، بىكتۇەندىن سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىگە ۋە تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشقا پايدىسىز بولغان چوڭ سالا ئېتىزلارنى 150 مودىن 250 موغىچە بولغان كىچىك سالا ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. يەر رەتلەش - تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاردىن «شەرق قىزاردى - 60» تىپلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ماشىنا كۈچى بىلەن تەكشىلەش ماشىنىسى، ئۇسۇپ يۆتكەش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىندى، كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈش شەكلىدىكى توپا ئىتتىرىش - ئۇسۇش ماشىنىسى، ھەر خىل تىپتىكى چاتما ماشىنىلار، ئاسما شەكىللىك يەر تەكشىلەش ماشىنىسى، ئۇسۇپ يۆتكەش ماشىنىسى، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، قىر سېلىش ماشىنىسى قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلدى. 70 - يىللاردا سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش ماشىنىسى، سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ لايلىرىنى تازىلاش ماشىنىسى، كۆپ خىل چوڭ چات ئارالىق كۆچەش شەكلىدىكى يەر تەكشىلەش ماشىنىسى قاتارلىقلار شىنجاڭدا تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى. ئېتىز - ئېرىقلارغا قۇم يۆتكەپ تۇپراقنى ياخشىلاشتا چاتما پرىنسىپ قاتارلىق ماشىنا - سايمانلار ئىشلىتىلدى. ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك ماشىنا - سايمانلار كۆپەيگەنلىكتىن،

ئېتىز ـ ئېرىقلارنى رەتلەش ـ تەكشىلەشنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىلەن مەشغۇلات سۈپە-
تى ئۆستى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلەشتى. 1973 ـ يىلى ياز، كۈز پەسىللىرىدە يېزا ئىگى-
لىك 2 ـ شىسىنىڭ 33 ـ تۇەنى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا كۆلىمى 3200 مو
كېلىدىغان سالا ئېتىزىدىن 11 پارچە بەرپا قىلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى رەتلەش، رېمونت
قىلىش، قىر سېلىش ئىشلىرىدا ئاز مىقداردا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ياردەم بەرگەندىن تاشقى-
رى باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا تاياندى. تۆرلۈك مەشغۇلات
تەرتىپىدە ئىشلىتىلگەن يۈرۈشلەشكەن ماشىنا ـ سايمانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
چوڭ سالا ئېتىزلارنى بىرىكرەك تەكشىلەشتە ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى 25 سانتىمېتىردىن تۆ-
ۋەن بولدى. بۇ ئىشلارغا «شەرق قىزاردى ـ 54 (75)» تىپلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئىش-
لىتىلدى، 50 مېتىر دائىرە ئىچىدە دۆڭ ئىتتىرىلىپ ئويمان تىندۇرۇلدى؛ تراكتورغا چېتىلىدىغان
ئاسما شەكىلدىكى ئۇسسۇش ـ يۆتكەش ماشىنىسى يىراق ئارىلىقتىن توپا ئۇسۇپ يۆتكىدى؛
تراكتورغا چېتىلىدىغان يەر تەكشىلەش ماشىنىسى چوڭ سالا ئېتىزلارنى قىرىپ تەكشىلىدى.
زەيكەش چېپىشتا ئەسلىدىكى چوڭ سالا ئېتىزلار 2 ـ3 كىچىك سالا ئېتىزلارغا ئۆزگەرتى-
لىپ، ھەر بىر سالا ئېتىز ئارىلىقىغا يېڭىدىن زەيكەش چېپىلدى. «شەرق قىزاردى ـ 75» تىپ-
لىق تراكتورغا چېتىلىدىغان ئاسما شەكىلدىكى ئۇسسۇش ـ تاشلاش ماشىنىسى ۋە «شەرق قى-
زاردى ـ 54» تىپلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان ئاسما شەكىللىك قوش دىسكىلىق چۆنەك ئېچىش
ماشىنىسى ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى.
كىچىك سالا ئېتىزلارنى تۈجۈپىلەپ تەكشىلەشتە تراكتورغا چېتىلىدىغان ئاسما شەكىلدى-
كى ئۇسسۇش ـ يۆتكەش ماشىنىسى بىلەن، كۆچەش تىپىدىكى چاتما يەر تەكشىلەش ماشىنى-
سى ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى.
سالا ئېتىزلاردا سۇغىرىش ئېرىقى چېپىشتا «شەرىق قىزاردى ـ 75» تىپلىق تراكتورغا
چېتىلىدىغان «KGX—0.4» تىپلىق بەش تەرەپلىمە ئىشلىتىلىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش،
قىر سېلىش ماشىنىسى ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى.
كاندۇكلانغان ئېتىزلارنى تۈجۈپىلەش تەكشىلەش، تەكرار تەكشىلەشتە سالا ئېتىز بىر
قانچە كاندۇكقا ئايرىلدى، كاندۇكلانغان ئېتىزلاردىكى ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى 5 سانتىمېتىر-
دىن كىچىك بولدى. «تۆمۈر بۇقا ـ 55» قاتارلىق چاقلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان ئاسما قىر-
غۇچ تاختا بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى. سۇ قويۇپ دۆڭلەر تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇ-
پەت ئۆلچىمگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرى قايتا تەكشىلەندى.
ئېتىز ـ ئېرىقلارنى رەتلەش ـ تەكشىلەشتە تۇپرىقى بەزلىشىپ كەتكەن، شورلىشىشى ئې-
غىرراق بولغان ئېتىزلار قۇم تۆكۈش ئارقىلىق ياخشىلاندى، ھەر موسىغا تۆكۈلگەن قۇم ئادەتتە
40 مىڭ كىلوگرامدىن 70 مىڭ كىلوگرامغىچە بولدى، تراكتورغا پرىتسېپ چېتىش ئارقىلىق
مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى. 1969 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ 214 ـ تۇەن 3 ـ
لىيەنى قۇم تۆكۈش ئارقىلىق تۇپراقنى ياخشىلىغان كۆلەم 460 موغا، ھەر موسىغا تۆكۈلگەن
قۇم مىقدارى 75 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇپراقنىڭ بەزلىشىپ كېتىشى ئۆزگەر-

تىلدى، شورىنىڭ زىبىنى يېنىكلىتىلدى، زىرائەت مايسىلىرىنىڭ ئالىلىقى 1966 ـ يىلدىكى 70—100 مودىن ئازىيىپ، 1—2 موغا چۈشتى.

1980 ـ 1985 ـ يىللىرى شىنجاڭ بويىچە بىر قانچە خىل ئېتىز ـئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ماشىنا سايمانلىرى سانىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

1980 ـ، 1985 ـ يىللاردىكى ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلگەن بىر قانچە خىل ماشىنا ـ سايمان سانى

جەدۋەل: 1—10

| ماشىنا ـ سايمان نامى | 1980 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1985 ـ يىلى | |
|---|---|---|---|
| | | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بىڭتۇەننىڭ |
| مەخسۇس تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسى | 1147 | 1741 | 1148 |
| تۇپا ئىتتىرىش ـ ئوسۇش ماشىنىسى | 2579 | 3354 | |
| چۆنەك ئېچىش، قىرسىلىش ماشىنىسى | 943 | 1008 | 494 |
| يەر تەكشىلەش ماشىنىسى | 902 | 1667 | 974 |
| ئۆسۈش ـ توشۇش ماشىنىسى | 384 | 403 | 403 |
| ئۆستەڭ چېپىش، لايىنى تازىلاش ماشىنىسى | | 100 | 100 |
| ئۆستەڭ چېپىش ماشىنىسى | | 100 | 100 |

## § 2 . يەر تەكشىلەيدىغان ماشىنا ـ سايمانلار

### 1 . يەر ئاغدۇرىدىغان ماشىنا ـ سايمانلار

مىنگونىڭ 23 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلىغىچە ( 1934 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە) ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ماشىنىغا چېتىلىدىغان 3چىشلىق ساپاندىن ئاز مىقداردا كىرگۈزۈپ، ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇشنى كىچىك كۆلەمدە سىناق قىلغانىدى.

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بوز يەر ئېچىش ۋە ئېكىن يەرلەرنى ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان چاتما 5 چىشلىق، 4 چىشلىق، 3 چىشلىق ساپاندىن 30 دىن كۆپرەكنى كىرگۈزۈپ، 1951 ـ يىلى ئەتىيازدا سىناق قىلىپ ئىش-

لەتتى. 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» چېن خۇا يازغان «قوشۇمچە ساپاننى ئىشلىتىش زۆرۈر» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئېلان قىلىپ، 22 - بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇش مەشغۇلاتى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. 1955 - يىلى شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاز مىقداردا «مارسوۋ» تېرىقچىلىق ئۇسۇلىدا قوللىنىلىدىغان تۇپراقنى چوڭقۇر بوشىتىدىغان يەلكىسىز 5 چىشلىق ساپاننى كىرگۈزۈپ، سىناق قىلىپ ئىشلەتتى، كېيىنچە بۇ شاللىنىپ كەتتى. 1957 - يىلى بىڭتۇەن چەت ئەللەردىن ھەر خىل تىپتىكى چاتما ساپاندىن جەمئىي 730 دىن كۆپرەكنى سېتىۋالدى.

1956 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن چاتما شەكىلدىكى ئېغىر، ئوتتۇرا تىپتىكى 5 چىشلىق، 4 چىشلىق، ئاسما شەكىلدىكى 3 چىشلىق، 2 چىشلىق ساپانلار بىلەن تەمىنلىنىپ تۇردى. 1959 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار چاتما شەكىللىك ماشىنا، سۈيۈق بېسىملىق كۆتۈرۈپ - چۈشۈرىدىغان ئېغىر، ئوتتۇرا تىپتىكى 5 چىشلىق، 4 چىشلىق ساپان ۋە ئاسما شەكىللىك 2 چىشلىق ساپان قاتارلىق ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1985 - يىلى شىخەنزىدىكى موسۇۋەن فورسۇنكا، پومپا زاۋۇتى 3 خىل ئاسما شەكىلدىكى سۈيۈقلۇق بېسىملىق، ئايلىنىدىغان قوش يۆنىلىشلىك 3 چىشلىق ساپاننى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى، بۇ ساپان بىلەن يەرنى موكىسىمان ھەيدىگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدا زىرائەتلەر ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپ قېتىم سۇغىرىلىدۇ، ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، تۇپراق قېتىپ سېلىشتۇرما قارشىلىق چوڭ بولىدۇ. ئوت - چۆپ ۋە زىرائەتلەرنىڭ تۈپچەك، يىلتىزى كۆپ بولىدۇ. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۆكۈمەت ئوت - چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش (ئاساسلىقى بېدە تېرىش) نى، كەڭ كۆلەمدە يېشىل ئوغۇت تېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يەر ئاغدۇرۇشتا كۆپىنچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتورلارغا چېتىلىدىغان كۆپ چىشلىق ساپان ئىشلىتىلدى. چىشلىق ساپان يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، داڭگال يەنچىش، ئوت - چۆپنى باستۇرۇش ۋە تۇپراقنى يۇمشىتىش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەلەپلىرىگە يېتەلەيدۇ. ئالدىنقى مەزگىللەردە «ستالىن - 80» تىپلىق تراكتورلارغا 5 چىشلىق 2 ساپان چېتىپ ئىشلىتىلدى، «شەرق قىزاردى -54»، «شەرق قىزاردى - 75» تىپلىق ياكى چەت ئەلدە ئىشلەنگەن ئوخشاش تىپتىكى تراكتورغا 5 چىشلىق، 4 چىشلىق ساپانلار چېتىپ ئىشلىتىلدى، يەر ئاغدۇرغاندا مىق چىشلىق تىرنا چېتىلدى، بىر ئىسمېندا 80 مودىن 170 موغىچە يەر ئاغدۇرۇلدى. ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ساپان بىلەن يەر ھەيدەشنى تەمىنلەيدىغان يول كۆپ، ساپان باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا قارىغاندا كۆپ بولغانلىقتىن، ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى. ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇش مەشغۇلاتىنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى باشقا مەشغۇلاتلارنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى.

## 2 . يەر تىرنىلايدىغان ماشىنا - سايمانلار

شىنجاڭنىڭ كېلىماتى قۇرغاق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور، تىرنىلاش - پارغا ئايلىنىشنى ئازايتىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاشتىكى مۇھىم مەشغۇلات. كۆپ يىللاردىن بۇيان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى مىق چىشلىق تىرنا، دىسكىلىق تىرنا، تۆمۈر چىشلىق، 4 چاسا رامكىلىق ياغاچ تىرنا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىپ كەلدى، ئاز مىقداردىكى بەزىلىشىپ كەتكەن تۇپراقلاردا ياكى ئوت - چۆپ كۆپ يەرلەردە ئاراچ دىسكىلىق تىرنا ئىشلىتىلدى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق مىق چىشلىق تىرنا، پۇرژىنىلىق تىرنا، 41 ياپراقلىق قوش قۇرلۇق دىسكىلىق تىرنا قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى. 1952 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە ئېغىر تىپتىكى ئاراچ دىسكىلىق تىرنا، ئېگىز يوقىتىدىغان دىسكىلىق تىرنا قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى. 1956 - يىلى بىڭتۈەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق مىق چىشلىق تىرنىلارنى ياسىدى. 1959 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 41 ياپراقلىق، قوش قۇرلۇق دىسكىلىق تىرنا، ئېغىر تىپتىكى ئاراچ دىسكىلىق تىرنا، قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭنى تەمىنلەشكە باشلىدى. 1965 - يىلى شىنجاڭدا قوش قۇرلۇق دىسكىلىق تىرنا، ئاراچ دىسكىلىق تىرنا، قىيسىق دىسكىلىق تىرنا قاتارلىق ماشىنا - سايمانلار ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. 1980 - يىلى فېدراتىپ گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن پۇرژىنىلىق، چىشلىق بىرىكمە تىرنا كىرگۈزۈلۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى.

تىرنىلاش مەشغۇلاتىدا تاقىر يەرلەردە تۇپراقنى يۇمشىتىپ، تىرنىلاپ تەكشىلەش ئاساس قىلىندى، كۆپىنچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارغا چېتىلىدىغان كۆپ راملىق مىق چىشلىق تىرنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى. بىر قېتىملىق ئىسمېنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى 400—500 موغا يەتتى، باش ئەتىيازدا نەملىكنى ساقلاش ئۈچۈن تىرنىلاشتىمۇ كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلدۇ. ئۇرۇق سېلىشتىن ئىلگىرى تىرنىلاشتا، مەسىلەن: ئېگىز ئورنىغا كۈزگى بۇغداي تېرىش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن، كۈزدە ھەيدەلگەن يەرلەر ئوسا قىلىنىش ئارقىلىق قېتىپ كەتكەچكە، ئادەتتە زەنجىر تاپانلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان دىسكىلىق تىرنىغا مىق چىشلىق تىرنا ياكى ياغاچتىن ياسالغان تۆمۈر چىشلىق ئوت چاسا تىرنىغا مىق چىشلىق تىرنا ياكى ئاراچ دىسكىلىق تىرنىغا مىق چىشلىق تىرنا سۆرىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قايتىلانما مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى، شۇ ئارقىلىق تراكتورلارنىڭ يەرنى ھەددىدىن ئارتۇق چىڭدىۋېتىشى ئازايتىلدى.

## 3 . يەرنى تەكشىلەش ۋە باستۇرۇش

تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ۋە سۇغىرىشقا ياخشى شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن رايونلاردا ئۇرۇق سېلىشتىن بۇرۇن، يەر تەكشىلىنىدۇ ۋە ئۇرۇق سېلىنغاندىن كېيىن يەر باستۇرۇلىدۇ. 1954 - يىلى شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھالقىسمان يەر باستۇرۇش ماشىنى-

سى كىرگۈزى. 1959 - يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەر شىنجاڭنى ھالقىسمان «V» تىپلىق يەر باستۇرۇش ماشىنىسى بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. 1960 - يىلى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن زاۋۇتلار چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان، شەكلى ئوخشىشىدىغان ھالقىسمان يەر باستۇرۇش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. يەر تەكشىلەش سايمانلىرى 50 - يىللاردا ئۆزرمز ياغاچتىن، تۆمۈردىن ياسىغان چاسا يەر تەكشىلەش سايمىنىدىن ئىبارەت بولدى، 1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى (بىڭتۇەن) چوڭ چاقلىق رەندىسىمان يەر تەكشىلەش ماشىنىسىنى كېڭەيتتى. 1985 - يىلغىچە كېڭەيتىلگەن سانى 400 دىن كۆپرەككە يېتىپ، چاسا شەكىللىك يەر تەكشىلەش سايمىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ئۆرۈق سېلىشتىن ئىلگىرى يەر تەكشىلەشتە، ئاساسلىقى ئاغدۇرۇلغان يەرنى ئوسا قىلىش، مايسا مەزگىلىدىكى سۇغىرىش پەيتىدە سۇ يالاش ۋە كونا ئېرىقچە، قىر - تىرگەنلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېگىز - پەس يەرلەر تەكشىلەندى، چوڭ سالا ئېتىزلاردا دىئاگونال مەشغۇلاتى قوللىنىلدى. يەر باستۇرۇش مەشغۇلاتى ئايرىم ياكى تىرنىلاش، ئۆرۈق سېلىش بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلدى.

### 4 . ئېرىق چېپىش، قىر سېلىش

ئېتىزلاردىكى تاقىر يەرلەرنى ئوسا قىلىش، مايسا مەزگىلدە سۇغىرىش - ئېرىق چېپىش، يەرنى تاختىلاش، قىر سېلىشقا مۇھتاج. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «YKП» ۋە «KЗY—0.3» تىپلىق چاتما شەكىلدىكى ئېرىق چېپىش، قىر سېلىش ماشىنىلىرىنى كىرگۈزدى، بەزى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىنىغا چېتىلىدىغان ساپانى ئېرىق چېپىش، قىر سېلىش ماشىنىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇپ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنى يولغا قويدى. 1965 - يىلى شىنجاڭدا «KGX—0.4» تىپلىق ئاسما شەكىللىك بەش تەرەپلىمە ئىشلىتىلىدىغان ئېرىق چېپىش، قىر سېلىش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، شىنجاڭدا ئومۇمييۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا تىپى بولۇپ قالدى. ئۇ «شەرق قىزاردى - 75»، «تۆمۈر بۇقا - 55» تىپلىق تراكتورلارغا چېتىلىپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى. ئېرىق چېپىلغان، قىر سېلىنغاندىن كېيىن ئادەم ئەمگىكى ئارقىلىق ئانچە - مۇنچە رېمونت قىلىنىپ تەكشىلەندى، شۇنىڭ بىلەن تاقىر يەرلەردە، شال ئېتىزلىرىدا، زىرائەتلەرنىڭ مايسا مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېرىق چېپىش، تەكشىلەش، ئېتىزلارنى تاختىلاش، قىر سېلىشتەك ئېغىر مەشغۇلاتلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## § 3 . ئۆرۈق سېلىش ماشىنا - سايمانلىرى

شىنجاڭدا تۈرلۈك زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كولتىۋاتسىيە قىلىنىدىغان زىرائەتلەرنى چاسا شەكلىدە ئۇۋۇلاپ تېرىش كېڭەيتى-

لىپ، ئۆزۈنىسىغا ۋە توغرىسىغا كولتىۋاتسىيە سېلىش يولغا قويۇلدى. 80 - يىللاردا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئايروپىلان ئارقىلىق شال تېرىلدى.

## 1 . قۇرلاپ ئۆرۈق سېلىش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان 11 قۇرلۇق دىسكىلىق قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسىدىن بىر قانچىنى سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئاز ساندىكى ئۆلكە كۆرسىتىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەتتى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىيدىغان 24 قۇرلۇق سېيالكىنى سېتىۋېلىپ، 1951 - يىلى كۈزدە ئىشلەتتى. 1952 - يىلى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان 4 قۇرلۇق، ئۆتۈكسىمان كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى، 47 قۇرلۇق ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسىنى سېتىۋالدى. 1953 - يىلى 22 - بىڭتۈەنىنىڭ 26 - شى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 8 - شى) سى دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىيدىغان 24 قۇرلۇق سېيالكىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىدى، كېيىن يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ كۆممىقوناق، سېرىق پۇرچاق، قۇرغاق يەرگە تېرىلىدىغان شال قاتارلىقلارنى تېرىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ سېيالكا ھەر خىل زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىيدىغان ئۇنىۋېرسال ماشىنا - سايمانغا ئايلىنىپ قالدى. 1956 - يىلى دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىغا قىر سېلىش سايمىنى ئورنىتىلىپ، ئۆرۈق سېلىش بىلەن تاختىلاپ قىر سېلىش بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندىلىپ، قويۇق تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تاختىلاپ سۇغىرىش ئىشىغا ئاشۇرۇلدى.

1958 - يىلى دۆلىتىمىز ئۆزىدە ئىشلەنگەن 24 قۇرلۇق، 48 قۇرلۇق دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى بىلەن شىنجاڭنى تەمىنلەشكە باشلىدى. 70 - يىللاردا شىنجاڭ ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان، دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرلاپ تېرىيدىغان 16 قۇرلۇق سېيالكا ھەمدە كىچىك 4 چاقلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن 10 قۇرلۇق، 6 قۇرلۇق كىچىك تىپلىق قۇرلاپ تېرىش سېيالكىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان قۇرلاپ ئۆرۈق سالىدىغان سېيالكىلارغا ئومۇميۈزلۈك ئۆرۈقنى ئوغۇت بىلەن بىللە سېلىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلدى.

## 2 . چاسا شەكىلدە ئۇۋىلاپ تېرىش ماشىنا - سايمانلىرى

1953 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارباغاتاي بوزداق ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن شارسىمان، تۈگمەنەك پولات ئارغامچا ئورنىتىلغان كۆممىقوناقنى چاسا ئۇۋىلاپ تېرىش سېيالكىسىدىن 2 نى سېتىۋالدى، تۈپ -

قۇر ئارىلىقى 70×70 سانتىمېتىر بولدى، ھەربىر ئۇۋىغا 3—4 تال ئۇرۇق سېلىندى، 1956 - يىلى بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كۆممىقوناق، كېۋەزنى چاسا ئۇۋلاپ تېرىيدىغان تۈگۈنەك پولات ئارغامچىلىق سېيالكىدىن 160 تىن كىرەكنى سېتىۋالدى، كۆممىقوناقنىڭ تۈپ - قۇر ئارىلىقى 70×70 سانتىمېتىر بولدى، ھەر بىر ئۇۋىغا 3—4 تالدىن ئۇرۇق سېلىندى. كېۋەزنىڭ تۈپ - قۇر ئارىلىقى 60×60 سانتىمېتىر بولدى، ھەر بىر ئۇۋىغا 4—6 تال ئۇرۇق سېلىندى، 1957 - يىلى كۆممىقوناقنى ئۇۋلاپ تېرىش زور كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلدى، كېۋەزنى كىچىك كۆلەمدە ئۇۋلاپ تېرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. 1961 - يىلى بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن شارسىمان تۈگۈنەك پولات ئارغامچىلىق «CKrH—6» ۋە «CTBX—4» تىپلىق كۆممىقوناق، كېۋەزنى تۈجۈپىلەپ ئۇۋلاپ تېرىش سېيالكىسىدىن 200 دىن كۆپرەكنى سېتىۋالدى. ھەربىر ئۇۋىغا 2—3 تالدىن ۋە 3—4 تالدىن ئۇرۇق سېلىندى، تۈپ - قۇر ئارىلىقى 70×70 سانتىمېتىر ۋە 60×60 سانتىمېتىر بولدى؛ شارسىمان تۈگۈنەك پولات ئارغامچىسى بولمىسا يېرىم تۈجۈپىلەپ قۇرلاپ تېرىغىلى، ئادەتتىكى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇرۇقنى 75%، مايسا تاقلايدىغان ئەمگەك كۈچىنى 90% تىن كۆپرەك تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. 1965 - يىلى بىڭتۇەن كېڭەيتكەن تۈجۈپىلەپ، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىغان كۆلەم 680 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈجۈپىلەپ تېرىغان كۆممىقوناق كۆلىمى كۆممىقوناق تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 66% ىنى، كېۋەز 25% ىنى ئىگىلىدى.

1965 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن كېۋەز، كۆممىقوناقنى ئۇنىۋېرسال تۈجۈپىلەپ تېرىش سېيالكىسىنى ئىشلەپچىقىرىش باشلاندى. 1966 - يىلى جەمئىي 240 تىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ سېيالكا تۈجۈپىلەپ چاسا شەكىلدە ئۇۋلاپ ۋە يېرىم تۈجۈپىلەپ قۇرلاپ تېرىيالايدۇ. تۈپ - قۇر ئارىلىقى 70×70 سانتىمېتىر ۋە 60×60 سانتىمېتىر بولدى، ئۇنىڭدا كۆممىقوناق، كېۋەز، ئاقلوناق، سېرىق پۇرچاق قاتارلىقلار تېرىلدى.

1978 - يىلدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى (بىڭتۇەن) دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن 6 قۇرلۇق، 12 قۇرلۇق گاز سۈمۈرگۈچلۈك، گاز پۈۋلىگۈچلۈك تۈجۈپىلەپ، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىيدىغان ئۇنىۋېرسال سېيالكا سېتىۋالدى، يەرلىك سىستېمىلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 6 قۇرلۇق گاز سۈمۈرگۈچلۈك، 2 قۇرلۇق، تاق قۇرلۇق تۈجۈپىلەپ تېرىيدىغان، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىيدىغان ئۇنىۋېرسال سېيالكا سېتىۋېلىپ، كۆممىقوناق، سېرىق پۇرچاق، كېۋەز قاتارلىق كۆپ خىل زىرائەتنى تېرىدى. 1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تۈجۈپىلەپ ئۇرۇق سېلىشنى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنىڭ نۇقتىلىق تۈرىگە كىرگۈزدى. 1982 - يىلى يەرلىكتىكى سىستېمىلارنىڭ كېڭەيتكەن كۆلىمى 330 مىڭ مو بولدى، 1984 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۈجۈپىلەپ تېرىغان كېۋەز كۆلىمى 106 مىڭ موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 85.3% ىنى ئىگىلىدى. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەن-

نىڭ تۇجۇپىلەپ تېرىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: كۆممىقوناق 351 مىڭ مو، قىزىلچا 473
مىڭ مو، پۇرچاق تېرىدىغىنى 380 مىڭ مو؛ كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسى
كېڭەيتىلدى، بەزىلىرى تۇجۇپىلەپ تېرىلدى.

## 3. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنا - سايمانلىرى

1981 - يىلى شىنجاڭدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، بۇ-
نىڭدا كېۋەز تېرىش ئاساس قىلىندى. شۇ يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى 20
مىڭ مو پەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 قۇرلۇق، دانلىق زىرا-
ئەتلەرنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسىنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسىغا ئۆزگەرتىش ئارقى-
لىق، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان كۆلەم 6000 مو بولدى. 1982 - يىلى بىڭ-
تۇەننىڭ كېۋەز تېرىبىدىغان ھەرقايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تۈرى كۆپ، قۇرۇلمىسى يېڭى،
ئاساسلىقى كېۋەز تېرىشتا ئىشلىتىلىدىغان، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ دانلاپ تېرىبىدىغان بىرىكمە
سېيالكىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، ئۇنىڭدا ئوغۇتنى ئۇرۇق بىلەن بىللە سېلىش، تەك-
شى قىر سېلىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، سۇلياۋ يوپۇقنى تۆشۈك تېشىش، بىرىم تۇجۇپىلەپ
ئۇۋىلاپ تېرىش، ئۇۋىنىڭ تۆشۈكىنى توپىدا ئېتىپ چىڭداش قاتارلىق ئىش تۈرلىرى بىر قېتىم-
دىلا ئورۇندىلىدۇ. يەرلىك سىستېمىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرىمۇ كۆپ خىلدى-
كى سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن سۇلياۋ
يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېزلا تەرەققىي قىلدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 30 دىن ئار-
تۇق سورت سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ تېرىلدى، باھالاش - تاللاش ئارقىلىق 1 - شى 8 - تۇەن-
نىنىڭ «2BMG—2.6» قۇرلۇق ۋە يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - تۇەننىڭ «2BMS—2.6»
قۇرلۇق تولۇق شەكىلدىكى مەخسۇس سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسى تاللاپ بېكىتىلدى
ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى تەمىنلەشتىن تاشقىرى، ئىچكىرىدى-
كى جايلارغىمۇ سېتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىل-
غان كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 95 مىڭ مو غا يېتىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز ئومۇمىي
كۆلىمىنىڭ 56.3% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ دانلاپ تېرىبىدىغان بې-
رىكمە سېيالكىدا تېرىلغان كۆلەم تەخمىنەن 30% نى ئىگىلىدى.

## 4. ئايروپىلان بىلەن شال تېرىش

1979 - يىلى ئاقسۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 1 -، 2 - تۇەنلىرى، بايىنغو-
لىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 29 - تۇەنى ئايروپىلان
بىلەن سىناق تەرىقىسىدە شال تېرىدى، شۇ يىلى تېرىلغان كۆلەم 10 مىڭ 393 مو بولدى.
1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئايروپىلان بىلەن تېرىلغان شال كۆلىمى ئايرىم ھالدا 36
مىڭ مو، 32 مىڭ مو، 145 مىڭ مو، 100 مىڭ مو ۋە 94 مىڭ مو بولدى.

## § 4 . زىرائەت پەرۋىش قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

### 1 . مايسا مەزگىلىدە يەر تىرنىلايدىغان ماشىنا - سايمانلار

1953 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى زەنجىر تاپانلىق تراكتورغا ئوتتۇرا، يېنىك تىپتىكى مىق چىشلىق تىرنىلارنى چېتىش ئارقىلىق توغرىسىغا ياكى دىئاگونال مەشغۇلات ئېلىپ باردى. كۆزگى بۇغداي قاتارلىق قويۇق تېرىلىدىغان زىرائەتلەر مايسا مەزگىلىدە تىرنىلىنىپ، تۇپراقنى يۇمشىتىش، شورلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت - چۆپ يوقىتىش، نەملىكنى ساقلاش ۋە يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىلدى، 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە بىڭتۇەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تراكتورغا چېتىلغان يېنىك تىپتىكى مىق چىشلىق تىرنا ئارقىلىق توغرىسىغا ياكى دىئاگونال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، كۆممىقوناق، قىزىلچا، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئۈنۈشتىن ئىلگىرى ۋە مايسا مەزگىلىدە سىناق تەرىقىسىدە تىرنىلىدى. 1963 - يىلى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ 12 - تۇەنى (ھازىرقى 71 - تۇەن) مىق چىشلىق، ياغاچ تۇۋرۇكلۇك، بىرىكمە ھەرىكەتلىك ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا ئوت - چۆپ يوقىتالايدىغان بىر خىل تەقلىدىي تىرنا ياساپ، كۆممىقوناق، كېۋەز، سېرىق پۇرچاق، كۆنجۈت قاتارلىقلارنى مايسا مەزگىلىدە تىرنىلاشقا ئىشلەتتى، مايسىلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى %3 — %7 كىچە، ئوت - چۆپ يوقىتىش نىسبىتى %65 — %80 كىچە بولدى. شۇ يىلى تۇەن بويىچە 45 مىڭ مو كۆممىقوناق، 2500 مو سېرىق پۇرچاق ۋە ئاق قوناق ئەتىيازلىق تىرنىلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن بىڭتۇەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى زىرائەتلەرنى مايسا مەزگىلىدە تىرنىلاشنى مۇنتىزىم ماشىنا مەشغۇلاتى تۈرىگە كىرگۈزدى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق گۇڭشىلىرى بۇغداينى مايسا مەزگىلىدە تىرنىلاشنى تەدرىجىي يولغا قويدى.

### 2 . كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان، چۆنەك تارتىدىغان، قوشۇمچە ئوغۇتلايدىغان ماشىنا - سايمانلار

كېۋەز، كۆممىقوناق، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر مايسا مەزگىلىدە ئادەتتە 3 قېتىمدىن 5 قېتىمغىچە كولتىۋاتسىيە قىلىنىدۇ، چۆنەك تارتىلىدۇ (چۆنەكلەپ سۇغىرىلىدۇ) ۋە قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن « KYTC—4.2 » تىپلىق، « KYTC—2.8 » تىپلىق ئۇنىۋېرسال چاتما كولتىۋاتور سېتىۋالدى، ئۇنىڭدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش قۇرۇلمىسى يوق ئىدى. 1958 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن « 4.2 » تىپلىق، « 2.8 » تىپلىق ئۇنىۋېرسال كولتىۋاتور بىلەن شىنجاڭ داۋاملىق تولۇقلاپ تەمىنلەندى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىن « KPH—4.2 » تىپلىق، « KPH—2.8 » تىپلىق ئاسما شەكىللىك كولتىۋاتسىيە قىلالايدىغان، چۆنەك ئېچىپ، قوشۇمچە ئوغۇتلىيالايدىغان يېڭى قۇرۇلمىلىق ،كولتىۋاتسىيە قىلىپ قو-

شۇمچە ئوغۇتلىيالايدىغان ماشىنىدىن 300 دىن كۆپرەكنى سېتىۋالدى، 1960 - يىلى «ДТ—24—3B» تىپلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن «HKY—4—6A» تىپلىق ئاسما كولتىۋاتسىيىلەش قوشۇمچە ئوغۇتلاش ماشىنىسىدىن 160 تىن كۆپرەكنى سېتىۋالدى. بۇ كولتىۋاتسىيە قىلىپ قوشۇمچە ئوغۇتلايدىغان ماشىنىلارنىڭ 90% ى بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلدى، 1963 - يىلى بىڭتۈەننىڭ كېۋەز، كۆممىقوناق، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەرنى كولتىۋاتسىيە قىلىش، چۈنەك تارتىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاشنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى 75%—85% كە يەتتى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئاز ساندىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كولتىۋاتسىيە قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 20% تىن 40% كىچە بولدى.

70 - يىللاردا، خەلق گۇڭشېلىرىدا ماشىنا بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىش مەشغۇلاتى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى كولتىۋاتسىيە قىلىش مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرىگە كىرگۈزدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىكتىكى سىستېمىلارنىڭ ماشىنا بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىش كۆلىمى 573 مىڭ 100 مو بولۇپ، كولتىۋاتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك زىرائەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7% ىنىلا ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 67%، سانجى ئوبلاستىنىڭ 25%.

1980 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا سۇيۇق ئاممىياكلىق خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن بىۋاسىتە ئوغۇتلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. زىرائەتلەرنىڭ قۇر ئارىلىقلىرىغا سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاممىياكنى قوشۇمچە بېرىش ئۈچۈن چەت ئەللەردىن سېتىۋالغان ۋە ئۆزىمىزدە ياسالغان ماشىنىلار سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى.

## 3 . كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ماشىنا - سايمانلىرى

شىنجاڭ 1954 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ОКС» تىپلىق بىرىكمە تۇمانلاشتۇرۇش ۋە پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسى، «ОПН—4»، «ھەممىباب - 2» تىپلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن پۈركۈگۈچ ۋە پاراشوك پۈركۈش، زەھەرلىك يەم چېچىش ئاپتوموبىلى قاتارلىقلارنى ئاز مىقداردا سېتىۋېلىپ، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا ئىشلەتتى. 1959 - يىلى بىڭتۈەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ДТ—24—31» تىپلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تامامەن ئاسما شەكىللىك 4—6 قۇرلۇق ۋە 4—8 قۇرلۇق تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش، پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئاساسلىقى كېۋەزلىكتىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا ئىشلەتتى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا يەنە ياپونىيىدە ئىشلەنگەن سۆرەتلىدىغان ئوق ئاقما شەكىلدىكى ماتورلۇق تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش ماشىنىسى سېتىۋالدى.

1958 - يىلى شائخەي ئۆزىدە ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ھەممىباب ئىشلىتىلىدىغان سۆرەتلىدىغان پۈركۈگۈچ بىلەن شىنجاڭنى تەمىنلىدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يۆگىلىمە شەكىللىك ،يۆگىلىمە جازا شەكىللىك ماتورلۇق، تۇمانلىتىپ پا-
راشوك پۈركۈگۈچ شىنجاڭدا ئۆسۈملۈك ئاسراشتا ئاساسلىق ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى.
ماشىنا تىپلىرى «شەرق قىزاردى - 18»، «تەيشەن -18» تىپلىق ماتورلۇق تۇمانلىتىپ پارا-
شوك پۈركۈگۈچ ماشىنىسى، «قىزىل بايراق - 3 — 3MF» تىپلىق يۆگىلىمە شەكىللىك ئۆسۈم-
لۈك ئاسراشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا، «ئىشچى - دېھقان - 36»، «جىڭفېڭ-
40» تىپلىق يۆگىلىمە جازا شەكىللىك ماتورلۇق تۇمانلاتقۇچ ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن ئىبا-
رەت بولدى. 1970 - يىلى شىنجاڭدا «شىۋجېڭجۇيىغا قارشى -600» تىپلىق ئوق ئاقما شە-
كىللىك ماتورلۇق پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى.

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز يەر يۈزىدە ئادەتتىن تاشقىرى تۆ-
ۋەن سىغىمچانلىقتا تۇمانلىتىپ پۈركۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى، «YL—80» تىپ-
لىق ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن سىغىمچانلىقتا تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسى سېتىۋالدى ھەمدە
ئاسما شەكىللىك، يۆگىلىمە شەكىللىك، يۆگىلىمە جازا شەكىللىك ماتورلۇق تۇمانلىتىپ پۈر-
كۈش ماشىنىلىرىغا پۈركۈش ئېغىزى ئالماشتۇرۇپ ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن
سىغىمچانلىقتا تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسى ئورنىدا ئىشلەتتى. 1978 - يىلى شىنجاڭدا
«3WCD—250» تىپلىق، سۆرىتىلىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن سىغىمچانلىقتا تۇمانلى-
تىپ پۈركۈش ماشىنىسى تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى، 1980 - يىلدىن كېيىن بۇ ماشىنا تۈركۈم-
لەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىلدى. 1981 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدىكى بىر
قانچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئارقا - ئارقىدىن «3WM—1000» تىپلىق،
«3WM—1700» تىپلىق تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسى، «جىڭ-
فېڭ -40» تىپلىق يۆگىلىمە جازا شەكىللىك ماتورلۇق تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسى قاتار-
لىقلارنى ياسىدى، 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماتورلۇق تۇمانلىتىپ پۈركۈش، پاراشوك
پۈركۈش ماشىنىسى 5800 دىن كۆپرەككە يەتتى، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتىكى ماشىنىلاشقان كۆلەم ئۆزلۈكسىز زورايدى.

ئايروپىلان بىلەن ئۆسۈملۈك ئاسراش: مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 7 - ئايدا
شىنجاڭ تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايروپىلان ئەۋەتىپ چېكەتكە يوقىتىشقا ھەمكارلىشىش-
قا تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى رايونىدا 18 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئايروپىلان بىلەن
دورا چېچىلدى شۇنداقلا ئوتلاق، زىرائەتلەرگىمۇ ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىلدى، 1953 -
يىلدىن 1956 - يىلغىچە ئايروپىلاندا ئاساسلىقى زىرائەت ۋە يايلاقلاردىكى چېكەتكىلەر يو-
قىتىلدى. 1956 - يىلدىن كېيىن، مۇھىم نۇقتا زىرائەتلەرگە يۆتكىلىپ، دورا چېچىلغان كۆلەم
ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى. 1958 - يىلى ئايروپىلان ئارقىلىق 238 مىڭ مو كېۋەزدىكى كېسەللىك
ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، 1959 - يىلى 360 مىڭ مو يەردىكى
بۇغداينىڭ ھال كېسىلى ۋە شال ۋاباسىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، 454 مىڭ مو يەر-
دىكى ئاشلىق زىرائەتلىرىگە چۈشكەن زىيانداش ھاشارات يوقىتىلدى. 1958 - يىلدىن
1985 - يىلغىچە ئايروپىلان ئارقىلىق 37 مىليون 830 مىڭ مو يەردىكى ئاشلىق، كېۋەز، ياغ-
لىق دان قاتارلىق زىرائەتلەرگە چۈشكەن زىيانداش ھاشارات يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كې-
ۋەز كۆلىمى 22 مىليون 670 مىڭ مودىن كۆپرەك.

خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش: 1960 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كو-
مىتېتى باش بولۇپ، بىگنۇەنىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شى 20 - تۇەنى (ھازىرقى 123 - تۇەن)

دە تۇنجى قېتىم كېۋەزلىكلەردىكى ئوت - چۆپلەرنى ئايروپىلان ئارقىلىق خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىش سىنىقى ئىشلىدى . 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ، شىنجاڭ بويىچە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش تېخنىكىسى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى ، دورا چېچىش ماشىنىلىرى ئايروپىلان ۋە تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنا - سايمانلىرىدىن ئىبارەت بولدى ، 1973 - يىلى بىڭتۇەن 23 مىڭ 400 مو شاللىقتىكى ئوت - چۆپنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقاتتى ، كۈنەس ناھىيىسى بۇغدايلىقتىكى ئوت - چۆپلەرنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىشنى سىناق قىلدى . 1974 - يىلى بىڭتۇەن 140 مىڭ مو شاللىقتىكى ئوت - چۆپنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقاتتى . 1977 - يىلى كۈنەس ناھىيىسى 70 مىڭ مو بۇغدايلىقتىكى ئوت - چۆپنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقاتتى . 1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى 602 مىڭ 600 مو يەردىكى ئوت - چۆپنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقاتتى ، بايىنغولىن ئوبلاستىدا 147 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىلدى ، تېكەس ناھىيىسى 200 مىڭ مودىن كۆپرەك بۇغدايلىقتىكى ئوت - چۆپنى تامامەن خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقاتتى . 1982 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە 546 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ ، بىڭتۇەندە 1 مىليون 170 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىلدى . 1984 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدە 108 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 82 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ ، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 31 مىڭ 300 مو يەردىكى ئوت - چۆپ خىمىيىلىك ئۇسۇدا يوقىتىلدى . ئوت - چۆپى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىلغان زىرائەتلەر بۇغداي ، شال ، كۆممىقوناق ، ئاقفوناق ، كۆكتاتتىن ئىبارەت بولدى .

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىلغان كۆلەم

جەدۋەل : 1—11
بىرلىكى : 10 مىڭ مو

| يىللار | كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە : ئايروپىلان بىلەن مەشغۇلات قىلىنغىنى | يىللار | كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە : ئايروپىلان بىلەن مەشغۇلات قىلىنغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 100.26 | 0.60 | 1983 | 288.49 | 12.50 |
| 1980 | 106.32 | 1.50 | 1984 | 472.50 | 8.80 |
| 1981 | 171.84 | 3.30 | 1985 | 533.19 | 8.80 |
| 1982 | 196.89 | 12.10 | | | |

ئىزاھات : بىڭتۇەننىڭ ئايروپىلان بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارغان كۆلىمى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ

## 4 . سۇغىرىش ماشىنا - سايمانلىرى

شىنجاڭدا زىرائەتلەرنى ئېرىق - ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىش ئاساس قىلىنىدۇ ، ماشىنىلاشقان سۇغىرىش كۆلىمى ناھايىتى ئاز . ماشىنىلاشقان سۇغىرىش قۇدۇق سۈيىدە سۇغىرىش بىلەن پۈركۈپ سۇغىرىشتىن ئىبارەت 2 خىل بولىدۇ .

1) قۇدۇق سۈيىدە سۇغىرىش

60 - يىللارنىڭ بېشىدا يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن قۇدۇق سۈيىدە سۇ-

غىرىش راۋاجلاندۇرۇلدى؛ بىر قىسىم شورلىششى ئېغىر رايونلاردا تىك قۇدۇق ئارقىلىق سۇ چىقىرىۋېلىش، سۇغىرىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلەتىلىپ، تۇپراق ياخشىلاندى، شور تىزگىنلەندى ھەمدە سۇدىن پايدىلىنىپ يەر سۇغىرىلدى. قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىشتا تۇرلۇك تىپ ۋە ئۆلچەمدىكى چوڭقۇر قۇدۇقلاردىن سۇ چىقىرىدىغان مەركەزدىن قاچقۇچى پومپا، ئېنېرگىيىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن دىزېلماتور ياكى ئېلېكتروماتور قاتارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، چوڭقۇر قۇدۇقلاردىن سۇ چىقىرىدىغان چۆكمە ئېلېكتر پومپا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1971 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 3068 گە، قۇۋۋىتى 34 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 2170 كە، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنلاشقان قۇدۇق 2412 گە يەتتى، ماشىنا - ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىلغان كۆلەم 832 مىڭ 800 موغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2.2% نى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل سۇ چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش ماشىنىسى 25 مىڭدىن كۆپرەككە، قۇۋۋىتى 454 مىڭ 500 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 20 مىڭدىن كۆپرەككە، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنلاشقان قۇدۇق 15 مىڭ 382 گە يەتتى، ماشىنا - ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 3 مىليون 280 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 8.4% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئاشىدىغىنى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە بىڭتۇەندىن ئىبارەت.

1985 - يىلى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە بىڭتۇەننىڭ ماشىنا - ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىلغان كۆلىمى

جەدۋەل: 1—12

| رايونلار | يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنلاشقان قۇدۇق سانى | ماشىنا - ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىلغان كۆلەم ( 10مىڭ مو) | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ماشىنا كۈچى بىلەن سۇغىرىلغىنى | ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇغىرىلغىنى |
| سانجى ئوبلاستى | 4051 | 89 | 31.08 | 57.92 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 911 | 28.67 | 18.52 | 10.15 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 1746 | 26.45 | 7.45 | 19.00 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 790 | 13.22 | 2.76 | 10.46 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 573 | 10.57 | 0.07 | 10.50 |
| بىڭتۇەن | 4169 | 120.72 | 34.89 | 85.83 |

2) پۈركۈپ سۇغىرىش

1961 ـ يىلى بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « ДДН 50 » تىپلىق پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىدىن 2 نى سېتىۋالدى ، ئۇنى تراكتورغا چېتىپ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىدى ، سىناق قىلىشنا ئۈنۈمى ناچار بولغانلىقتىن ئىشلىتىلمىدى . 1974 ـ يىلدىن كېيىن بىڭتۇەننىڭ 121 ـ ، 122 ـ ، 102 ـ ، 110 ـ تۇەنى قاتارلىق ئورۇنلار ، يۆتكىلىپ ئۆزى ماڭىدىغان ، تراكتورغا چېتىلىدىغان قوش يەلكىلىك ، سائەت ئىسترېلكىسىدەك ئۆزى ماڭىدىغان چوڭ تىپتىكى پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىنى ياساپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى . 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كۇنەس ناھىيىسى ، تارباغاتاي بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى (بىڭتۇەن) ، چەت ئەل ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سائەت ئىسترېلكىسى شەكلىدىكى پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنا گورۇپپىسىنى سېتىۋالدى ، سانجى ، بايىنغولىن ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ھەر خىل كىچىك تىپتىكى پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى . 1981 ـ يىلدىن كېيىن ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇچىلىق تارماقلىرى ، بىڭتۇەن قاتارلىق ئورۇنلار ئۈرۈمچى ، جىمسار ، فۇكاڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە ۋە يېزا ئىگىلىك 9 ـ شىسىنىڭ 165 ـ تۇەنىدە (دۆربىلجىن ناھىيىسى تەۋەسىدە) نەچچە 10 مىڭ مولۇق تېرىلغۇ يېتىزلىرىدا ئاپتوماتىك پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسى قۇردى ، بۇ سىستېما ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئايلىنىشى ناھايىتى ياخشى بولدى .

## § 5 . ھوسۇل يىغىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

شىنجاڭدا بۇغداي ، قىزىلچا زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ، كۆممىقوناق ، كېۋەز زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەن .

### 1 . بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1950 ـ يىلى قىشتا ، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « C—6 » تىپلىق سۆرىتىلمە دانلىق زىرائەتلەر كومبايىنىدىن 7 نى سېتىۋالدى ، 1952 ـ يىل 7 ـ ئايدا مۇشۇ ماشىنىلار ئارقىلىق تۇدۇڭخابا ۋە شىخەنزىدىكى ماشىنىلاشقان تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىۋېلىشنى سىناق قىلدى ،

شۇ يىلى كومبايندا يىغىۋېلىنغان كۆلەم تەخمىنەن 3000 موغا يەتتى. 1953 ـ يىلى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «C—4» تىپلىق ئاپتوماتىك شەكىلدىكى دانلىق زىرائەتلەر كومباينىدىن 33 نى سېتىۋالدى، بۇ كومباينلار ھەربىي رايونغا قاراشلىق بارلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارباغاتاي ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىتىلدى. 1957 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى دانلىق زىرائەت كومباينى 235 كە، كومبايندا ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان بۇغداي كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ 310 مىڭ مونى ئىگىلەيدۇ.

1957 ـ يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋېنگرىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «ACD—330»، «ACD—400» تىپلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «C—4»، «CK—3»، «CK—4» تىپلىق، فىنلاندىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «3 يانئۇ» تىپلىق ئاپتوماتىك دانلىق زىرائەت كومباينلىرىنى شۇنداقلا سۆرىتىلىدىغان، ئاسما شەكىلدىكى ئورۇش ـ قورۇتۇش كومباينلىرىنى سېتىۋالدى. 1959 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «بېيجىڭ»، «كەيفېڭ» ماركىلىق سۆرىتىلمە دانلىق زىرائەت كومباينلىرى ۋە ئورۇش ـ قورۇتۇش كومباينلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلىنىپ تۇردى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى دانلىق زىرائەت كومباينى 1217 گە، ئورۇش ـ قورۇتۇش كومباينى 500 دىن كۆپرەككە يەتتى، شۇ يىلى ھوسۇلى كومبايندا يىغىۋېلىنغان بۇغداي كۆلىمى 3 مىليون 500 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ 2 مىليون 650 مىڭ مودىن كۆپرەك بولۇپ، ھوسۇلنى كومبايندا يىغىۋېلىش سەۋىيىسى 75.71% بولدى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھوسۇلنى كومبايندا يىغىۋېلىش سەۋىيىسى تەخمىنەن 40% بولدى؛ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى خەلق گۇڭشېلىرى ماشىنىدا ھوسۇل يىغىشنى ئومۇمىيۈزلۈك سىناق قىلدى.

70 ـ يىللاردا قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئىلغار بولغان دانلىق زىرائەت كومباينلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «شەرق شامىلى ـ 5»، «5A» تىپلىق ئاپتوماتىك كومباينلار بار. 1976 ـ يىلى شىنجاڭ قوش ساقا نورلۇق «4LQ—2.5A» تىپلىق سۆرىتىلمە كومباينىنى ئىشلەپچىقاردى؛ 1979 ـ يىلى دېموكراتىك گېرمانىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «E—512» تىپلىق، يۇگوسلاۋىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «2MAJ—161» تىپلىق، «141» تىپلىق، رومىنىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «C—2 (شەرەپ ماركىلىق)»، «مول ھوسۇل ـ 30» تىپلىق كومباينلاردىن 860 تىن كۆپرەكنى سېتىۋېلىندى ھەمدە كومباينلار بىلەن بىرلىكتە كۆممقوناق ھوسۇلى يىغىش قوشۇمچە ئەسلىھەسىدىن 61 يۈرۈش، شال ھوسۇلى يىغىش ئەسلىھەسىدىن 199 يۈرۈش، مايلىق گازىر ھوسۇلى يىغىش ئەسلىھەسىدىن 210 يۈرۈش سېتىۋېلىن-

دى. 1983 - يىلى شىنجاڭ «شىنجاڭ - 5»، «شىنجاڭ - 3» تىپلىق قوش ساقا نورلۇق ئاپتوماتىك كومبايىنلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى دانلىق زىرائەت كومبايىنى 3387 گە، ھوسۇلى كومبايىندا يىغىۋېلىنغان بۇغداي كۆلىمى 8 مىليون 700 مىڭ موغا، ھوسۇلنى كومبايىندا يىغىش سەۋىيىسى 45.38% كە يەتتى.

## 2. شال ھوسۇلنى يىغىش ماشىنا - سايمانلىرى

1961 - يىلى بىڭتۇەندىكى قىسمەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى «C—6» تىپلىق سۆرەتمە دانلىق زىرائەت كومبايىنىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، شال ھوسۇلنى سىناق تەرىقىسىدە يىغدى. 1972 - يىلى شىنجاڭدا شال، بۇغداي ھوسۇلى يىغىشتا تەڭ ئىشلىتىدىغان يۆلىمە كومبايىن تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان شال ھوسۇلنى يىغىش كومبايىنى قاتارلىقلار ئاز مىقداردا سېتىۋېلىنىپ، شال ھوسۇلى كومبايىندا سىناق تەرىقىسىدە يىغىلدى. 1979 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 29 - تۇەنى سۇيىنى بالدۇر توختىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شال ھوسۇلنى يىغىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان «E—512» تىپلىق ئاپتوماتىك كومبايىن بىلەن شال ھوسۇلنى يىغىپ، شالنى ئورۇش، ئامبارغا كىرگۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ماشىنا مەشغۇلاتى بىلەن ئورۇنلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1985 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ھوسۇلى كومبايىندا يىغىلغان شال كۆلىمى 410 مىڭ مودىن كۆپرەككە، ھوسۇلنى كومبايىندا يىغىش سەۋىيىسى 94.60% كە يەتتى.

## 3. قىزىلچا ھوسۇلنى يىغىش ماشىنا - سايمانلىرى

50 - يىللاردا بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قىزىلچا كومبايىنىدىن 10 نى سېتىۋېلىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 60 - يىللاردا پولشادا ئىشلەنگەن قىزىلچا كولاش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ 23 - تۇەنى (ھازىرقى 143 - تۇەن)، شىخەنزە باش مەيدانى (ھازىرقى 145 - تۇەن) بىر تۈركۈم قىزىلچا كولاش ماشىنىسىنى ياساپ ۋە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، ماشىنىدا كولاش، قول ئەمگىكى بىلەن توپىلاش، كۆكلەش، قاچىلاشنى يولغا قويدى. 1977 - يىلدىن كېيىن، شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 145 - تۇەنى، فاڭساۋخۇ باش مەيدانى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى قاتارلىقلار قىزىلچا كولىيالايدىغان، توپلىيالايدىغان، كۆكلىيەلەيدىغان 3 خىلدىكى قىزىلچا كومبايىنىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىنى تەمىنلىدى.

1985 ـ يىلى بىڭتۇەندە قىزىلچىنى كولاش، توپلاش مەشغۇلاتلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 4. كۆممىقوناق، پاختا يىغىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1952 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «CXM—48»، «48M» تىپلىق تاق قۇرلاپ پاختا يىغىش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى. 1953 ـ يىلى 22 ـ بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى 143 ـ تۇەن) تۇنجى قېتىم ماشىنىدا پاختا يىغىشنى سىناق قىلدى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ 20 ـ تۇەنى (ھازىرقى 123 ـ تۇەن، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ ماشىنىدا پاختىسى يىغىۋېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 700 موغا يېقىنلاشتى. 1959 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «XBC—1.2» تىپلىق قوش قۇرلاپ پاختا يىغىش ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، 1960 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ چېپىيىزە 2 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى 127 ـ تۇەن) دا ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىش داۋاملىق سىناق قىلىندى. ماشىنىدا يىغىۋېلىنغان پاختىنى رەتلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولمىغىنى ئۈچۈن 1975 ـ يىلى سىناق توختىتىلدى.

1954 ـ يىلدىن كېيىن، بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيىلەردىن ھەمدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «KY—2»، «مول ھوسۇل ـ 2» تىپلىق كۆممىقوناق كومباينىدىن 11 نى سېتىۋالدى. 1962 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «KKX—3» تىپلىق كۆممىقوناق كومباينىدىن 2 نى سېتىۋالدى. 1963 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى شىخەنزە باش مەيدانىنىڭ 2 ـ شۆبە مەيدانى كۆممىقوناقنى كومباينىدا يىغىشنى ئۇقتىلىق سىناق قىلدى، ھوسۇلى يىغىلغان يىللىق كۆلىمى 300 مودىن 500 موغىچە بولدى. 1962 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە بىڭتۇەن «بېيجىڭ» ماركىلىق سۆرىتىلمە دانلىق زىرائەت كومباينىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، كۆممىقوناق ھوسۇلى يىغىشنى سىناق قىلدى، 1965 ـ يىلى 11 دېھقانچىلىق مەيدانىدا جەمئىي 12 كومباين ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، ھوسۇلى كومباينىدا يىغىلغان كۆلەم 7200 مودىن كۆپرەككە يەتتى. 1977 ـ يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تەتقىقات تارماقلىرى قوش قۇرلۇق سۆرىتىلمە، يۆلىمە كۆممىقوناق كومباينىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى (بىڭتۇەن) چەت ئەلدىن كىرگۈزگەن 61 يۈرۈش دانلىق زىرائەت كومباينىنىڭ ھەممىسىدە كۆممىقوناق ھوسۇلىنى يىغالايدىغان قۇرۇلما بار. 1985 ـ يىلى بىڭتۇەن كومباينىدا يىغقان كۆممىقوناق كۆلىمى 39 مىڭ مو، كومباينىدا يىغىش سەۋىيىسى 6.8% بولدى.

5 . باشقىلار

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىڭتۇەندىكى بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى دانلىق زىرائەت كومبايىنىدىن پايدىلىنىپ، ئاقفۇناق، قىچا، ياغلىق گازىر قاتارلىقلارنىڭ ھوسۇلىنى يىغدى. 1979 - يىلى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن دانلىق زىرائەت كومبايىنلىرىدا ياغلىق گازىرنى ماشىنىدا يىغىش قۇرۇلمىسىنىڭ بولۇشى - ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى كومبايىندا يىغىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. 1985 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ياغلىق داننى كومبايىندا يىغىش كۆلىمى 990 مىڭ مو، كومبايىندا يىغىش سەۋىيىسى 84.5% بولدى. شىنجاڭ بويىچە يېشىل يەم - خەشەكنى ماشىنىدا يىغىش، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىقلارنىڭ شادىلىرىنى ماشىنىدا يىغىش ياكى ماشىنىدا ئۇۋاقلاپ ئېتىزغا قايتۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنىڭ ماشىنىلىشىش سالمىقىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆستى.

## § 6 . خاماندا مەشغۇلات قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

### 1 . دان ئايرىش ماشىنا - سايمانلىرى

1) مۇرەككەپ دان ئايرىش ماشىنا - سايمانلىرى

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «MKC—1100» چوڭ تىپلىق مۇرەككەپ دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 15نى سېتىۋېلىپ بۇغداي، شال، بېدە، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى خاماندا ئايرىدى. بۇلار تراكتور ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، ئادەم كۈچى ئارقىلىق زىرائەت كىرگۈزۈلدى، دان ئايرىش، تازىلاش - تاللاش بىرقېتىمدىلا تاماملاندى. 60 - يىللاردا بۇلغارىيىدە ئىشلەنگەن «دېمېتروۋ» ماركىلىق چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ دان ئايرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، ئۇنىڭدا ئوت - چۆپ ئۇۋاقلاش قۇرۇلمىسى بار ئىدى؛ شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ دان ئايرىش ماشىنىسى بىلەن شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆزلۈكسىز تەمىنلەندى. چوڭ تىپتىكى دان ئايرىش ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلدى، بەزى ئورۇنلار دانلىق زىرائەت كومبايىنلىرىنى دان ئايرىش ماشىنىسى ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئورنىنى مۇقىملاپ دان ئايرىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىپ، دان ئايرىش ماشىنىسى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1969 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشلەنگەن «قىزىل بايراق - 450»، «ئىشچى - دېھ-

قان ـ 700 »، « گاز ئېغىمى ـ 450 » تىپلىق كىچىك تىپكى دان ئايرىش ماشىنىلىرى دۇنياغا كەلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى ۋىلايەتلەر ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن ھەر خىل تىپتىكى كىچىك دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى. كىچىك تىپتىكى دان ئايرىش ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئىشلىتىلدى. ماشىنىدا دان ئايرىغاندا سامانىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى چارۋا بېقىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تراكتورغا تولۇق سۆرىتىپ خامان تېپىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بۇغداي، شال، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى ئايرىدى.

2) كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1958 ـ يىلى شىنجاڭ ياپونىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن ماتورلۇق كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى بەزى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى « TY—4.5 » تىپلىق، « مول ھوسۇل » ماركىلىق، ساقىلىق نور شەكىلدىكى ۋە « TYZ—4—8 » تىپلىق كونۇسسىمان ساقىلىق نور شەكىلدىكى ماتورلۇق كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى ياساپ چىقتى، ئۇ سائىتىگە 2500 كىلوگرامدىن 4000 كىلوگرامغىچە دان ئايرىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۆپلىگەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتلىرى « TY—4.5 » تىپلىق كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى ياساپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، يېزىلاردا كۆممىقوناق دېنى ماشىنىدا ئايرىلىدىغان بولدى.

## 2. خامان سورۇش ماشىنا ـ سايمانلىرى

بۇغداي، شال، كۆممىقوناق قاتارلىقلارنىڭ دېنى ئادەم كۈچى، ماشىنا كۈچى، ياكى كومباين ئارقىلىق ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئادەتتە يەنە سورۇپ ئادالىنىپ ئاندىن ئامبارغا كىرگۈزۈلىدۇ. 50 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن مەركەزدىن قاچقۇچى خامان سورۇش ماشىنىسى ئاز مىقداردا سېتىۋېلىندى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن « CY—10 » تىپلىق مەركەزدىن قاچقۇچى خامان سورۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ھەممە بىگتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئېلېكتىر ماتور شەكىلدىكى مەركەزدىن قاچقۇچى كۆپ خىل، ئاددىي خامان سورۇش ماشىنىلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقاردى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىقلار « 4GYC—10 »، « YJ—10 »، « شىنجاڭ ـ 50 » تىپلىق خامان سورۇش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. ماشىنا ـ سايمانلار تراكتور، دىزېلماتور، ئېلېكتروماتور قاتارلىقلار ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلدى.

### 3 . ئورۇق تاللاش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1951 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئادەم كۈچى، ماشىنا كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان غەلۋىرلىك، مۇرەككەپ ئورۇق تاللاش ماشىنىسىدىن 116 نى سېتىۋالدى. 1954 ـ يىلدىن كېيىن، بىڭتۈەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «OC—3.0»، «OCM—3»، «OCB—10» تىپلىق ھەمدە پولشادا ئىشلەنگەن «Vi/VOR» تىپلىق مۇرەككەپ، ماتورلۇق ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى ماتورلۇق ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرى 450 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەنىنىڭ 350 تىن ئارتۇق. بىڭتۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، مايلىق دان قاتارلىقلارنىڭ ئورۇقىنى تاللاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ دۆلەتمىزدە ئىشلەنگەن «5XF—1.3A»، «5XZ—0.1»، «0.7» تىپلىق مۇرەككەپ ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەندى. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ «5XF—1.3B» تىپلىق مۇرەككەپ ئورۇق تاللاش ماشىنىسىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرى ۋە يۇرۇشلەشكەن ئەسلىھەلەر بىلەن تولۇق تەمىنلىنىشكە مۇيەسسەر بولدۇق. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى ماتورلۇق ئورۇق تاللاش ماشىنىسى 1504 كە يەتتى، ھەر قايسى ناھىيە، بىڭتۈەنىنىڭ ھەر قايسى شى، تۈەن ـ مەيدانلىرىدا ئورۇقچىلىق شىركىتى، پونكىتى قۇرۇلۇپ، ماشىنىدا ئورۇق تاللاش ئۇسۇلى مەركەزلىك ھالدا قوللىنىلدى. شۇ يىلى يەرلىك سىستېمىلاردا ماشىنىدا تاللانغان ئورۇق 64 مىليون 847 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، سان جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 6 ـ ئورۇننى، غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. غۇلجا، سانجى، بىڭتۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا دانلىق زىرائەت، ياغلىق دان قاتارلىقلارنىڭ ئورۇقىنى ماشىنىدا پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى ئىشلىتىلگەن ئورۇق مىقدارىنىڭ %90 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

### 4 . دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1962 ـ يىلى بىڭتۈەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «3ПK—5» تىپلىق دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 2 نى سېتىۋالدى. 1984 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسىنىڭ 71 ـ تۈەنى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «5HZ2—4» تىپلىق دانلىق زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇش ئەسلىھەسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ سائىتىگە 4.7 توننا كۆممىقوناقنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، نەملىكنى چۈشۈرۈش دەرىجىسى 5.4%. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، بىڭتۈەن جەمئىي 8 يۈرۈشنى كېڭەيتتى.

1962 ـ يىلدىن ئىلگىرى بىكتۈمن ئىشلەتكەن، چەت ئەللەردە ياسالغان، ماشىنا كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ نامى ۋە تىپى

جەدۋەل: 1—13

| ماشىنا ـ سايمان نامى | تىپى | ئىشلەنگەن جايى | ماشىنا ـ سايمان نامى | تىپى | ئىشلەنگەن جايى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1. سايان | | | يۇچۇق تىرنا | БДТ—2.0 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 5 چىشلىق سايان | П—5—35 | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئاراچلىق تىرنا | БДТ—2.2 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 5 چىشلىق سايان | П—5—35M | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئاسما يۇملاق دىسكىلىق تىرنا | БДН—2.0 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 5 چىشلىق سايان | П—5—35Y | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئېگىز يوقىنىدىغان تىرنا | ПЪД—4.5 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 5 چىشلىق سايان | PN—532 | چېخوسلوۋاكىيە | ئېگىز يوقىنىدىغان تىرنا | ПД—16.6 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 4 چىشلىق سايان | П—4—30 | سوۋېت ئىتتىپاقى | 3. باستۇرغۇ | | |
| چاتما 4 چىشلىق سايان | DV—30—4 | دېموكراتىك گېرمانىيە | ھالقىسىمان باستۇرغۇ | 3KK—6A | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما 3 چىشلىق سايان | П—3—3011 | سوۋېت ئىتتىپاقى | چالما ئەزگۈچ | MB—2.1 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما 4 چىشلىق سايان | ПН—4—30 | سوۋېت ئىتتىپاقى | 4. سېيالكا | | |
| ئاسما 4 چىشلىق سايان | ПН—4—35A | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | CT—24 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما 3 چىشلىق سايان | ПН—3—35P | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | C3T—47 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما 3 چىشلىق سايان | | رومىنىيە | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | CY—24 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما 2 چىشلىق سايان | ПН—2—30P | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | Т—8—2A | سوۋېتئىتتىپاقى |
| ئاسما 2 چىشلىق سايان | PN—252 | چېخسلوۋاكىيە | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | 2CK—16 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما تاق چىشلىق سايان | ПН—30P | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | | چېخوسلوۋاكىيە |
| 2. تىرنا | | | كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى | CTBX—4 | چېخوسلوۋاكىيە |
| مىق چىشلىق تىرنا | ЪЗС—1.0 ئېغىر تىپلىق | سوۋېت ئىتتىپاقى | كېۋەزنى تۆت چاسا ئۇۋىلاپ تېرىش سېيالكىسى | CKГ—4—6Ъ | چېخوسلوۋاكىيە |
| مىق چىشلىق تىرنا | ЬЗТ—1.0 ئوتتۇرا تىپلىق | سوۋېت ئىتتىپاقى | كېۋەزنى تۆت چاسا ئۇۋىلاپ تېرىش سېيالكىسى | CKГK—6 | چېخوسلوۋاكىيە |
| يۇملاق دىسكىلىق تىرنا | ВД—3.4 قوش قۇرلۇق | سوۋېت ئىتتىپاقى | كۆممىقوناقنى تۆت چاسا ئۇۋىلاپ تېرىش سېيالسى | CKГH—6 | چېخوسلوۋاكىيە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كۆممىقوناقنى ئۇت چاسا ئۇۋۇلاپ تېرىش سېيالكىسى | CKГ4−6Ъ | چېخوسلوۋاكىيە | دانلىق زىرائەت كومباينى | C−6 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ياغبۇنى ئۇۋۇلاپ تېرىش سېيالكىسى | CH−4 | چېخوسلوۋاكىيە | دانلىق زىرائەت كومباينى | C−6 | بۇلغارىيە |
| ياغبۇنى ئۇۋۇلاپ تېرىش سېيالكىسى | CK−2 | پولشا | دانلىق زىرائەت كومباينى | C−4 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| قىزىلچا سېيالكىسى | CK−1. 2 | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت كومباينى | C−4M | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| 5. كولتىۋاتور | | | دانلىق زىرائەت كومباينى | CK−3 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما كولتىۋاتور | KYTC−4. 2 | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت كومباينى | ACD−330 | ۋېنگرىيە |
| چاتما كولتىۋاتور | KД−4. 0 | سوۋېت ئىتتىپاقى | دانلىق زىرائەت كومباينى | ACD−400 | ۋېنگرىيە |
| چاتما كولتىۋاتور | KYTC−2. 8 | سوۋېت ئىتتىپاقى | ياختا تېرىش ماشىنىسى | CXM−48M | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما كولتىۋاتور | KP−2R | سوۋېت ئىتتىپاقى | ياختا تېرىش ماشىنىسى | XBC−1. 2 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما كولتىۋاتور | KПH−4A | سوۋېت ئىتتىپاقى | كۆممىقوناق كومباينى | KY−2 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما كولتىۋاتور | KPH−6A | چېخوسلوۋاكىيە | كۆممىقوناق كومباينى | KY−2 | ۋېنگرىيە |
| تويا بۆلەش سوقىسى | HN−41 | چېخوسلوۋاكىيە | چاتما كولتىۋاتور | KKX−3 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى | HKY−24−27 | سوۋېت ئىتتىپاقى | قىزىلچا كولاش ماشىنىسى | POBB | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى | KPH−4. 2 | سوۋېت ئىتتىپاقى | قىزىلچا كومباينى | CKEM−3 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى | KPH−2. 8A | سوۋېت ئىتتىپاقى | قىزىلچا قاچىلاش ماشىنىسى | CXT−2. 1 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى | HKY−4−6A | سوۋېت ئىتتىپاقى | بۇغداي ئورۇش، قورۇتۇش ماشىنىسى | ЖЬ−4. 6 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| 6. دورا چېچىش ماشىنىلىرى | | | بۇغداي ئورۇش، قورۇتۇش ماشىنىسى | ЖН−4. 0 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| چاتما تۇمان پۈركۈگۈچ | OKC | سوۋېت ئىتتىپاقى | يىغىش سايمىنى | | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما تۇمان، پاراشوك پۈركۈگۈچ | OYH−4 | سوۋېت ئىتتىپاقى | كېۋەز تەيچىسى يىغىش ماشىنىسى | TЖ | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| ئاسما تۇمان، پاراشوك پۈركۈگۈچ | OYH−4−8 | سوۋېت ئىتتىپاقى | ياڭيۇ كولاش ماشىنىسى | | پولشا |
| 7. ھوسۇل يىغىش ماشىنىلىرى | | | 8. دان ئايرىش ماشىنىسى | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| دان ئايرىش ماشىنىسى | MKC—1100 | سوۋېت ئىتتىپاقى | 10. باشقىلار | | |
| دان ئايرىش ماشىنىسى | دېنېپرو | بۇلغارىيە | دانلىق زىرائەت قۇرۇتۇش ماشىنىسى | ЗПК—1.5 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كومىقوناق دېنىنى ئاي-رىش ماشىنىسى | | ياپونىيە | خامان سورۇش ماشىنىسى | CY—10 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| كومىقوناق دېنىنى ئاي-رىش ماشىنىسى | | بۇلغارىيە | بۇركۇپ سوغىرىش ماشىنى-سى | ДД—50 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| 9. ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى | | | چوڭەك تارتىش، قىر سې-لىش ماشىنىسى | YKП—3 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| تازىلاپ تاللاش ماشىنى-سى | OC—3.0 | سوۋېت ئىتتىپاقى | چوڭەك تارتىش، قىر سې-لىش ماشىنىسى | K3Y—0.3 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| تازىلاپ تاللاش ماشىنى-سى | OCM—3 | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئېرىق، ئۆستەڭ چېپىش، يەر تەكشىلەش ماشىنىسى | 3—153 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| تازىلاپ تاللاش ماشىنى-سى | OCB—10 | سوۋېت ئىتتىپاقى | ئۇناشتۇرغۇچ | C—11.C—18 | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| تازىلاپ تاللاش ماشىنى-سى | SI/VOR | پولشا | | | |

شىنجاڭ بويىچە 1951 -، 1955 -، 1957 - يىللاردىكى ۋە 1960 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىيىش - ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1—14

| يىللار | ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى | | | | | كومباين (دانە) | ماتورلۇق دان ئاي-رىش ماشىنى-سى (دانە) | ماتورلۇق، ئۇزمان يۇركۇ-گۈچ، پارا-شوك يۇركۇ-گۈچ (دانە) | ماتورلۇق قورما قورۇش ماشىنى-سى (دانە) | ئۇرۇق تاللاش ماشىنى-سى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي (دانە) | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | |
| | | ساپان | ئىرنا | سېيالكا | كولتىۋاتور | | | | | |
| 1951 | 226 | 52 | 194 | 25 | | 7 | 15 | | | |
| 1955 | 2193 | 738 | | 252 | 162 | 103 | 79 | 4 | | |
| 1957 | 4143 | | | | | 235 | | | | |
| 1960 | 18515 | 2969 | 7714 | 3537 | 3518 | 771 | 326 | 230 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 336 | 395 | 909 | 3840 | 3836 | 8187 | 3333 | 19658 | 1961 |
| | | 367 | 437 | 900 | 2682 | 3544 | 10890 | 5597 | 24737 | 1962 |
| | | 382 | 654 | 944 | 2701 | 3782 | 11657 | 4515 | 25424 | 1963 |
| | | 336 | 858 | 1054 | 2640 | 4135 | 10556 | 5026 | 27288 | 1964 |
| | | 340 | 1177 | 1217 | 2729 | 4754 | 13535 | 5433 | 28999 | 1965 |
| | | 346 | 1555 | 1383 | 2897 | 5827 | 11079 | 6706 | 31424 | 1966 |
| | | 350 | 1810 | 1445 | 2931 | 6090 | 11625 | 6999 | 30073 | 1967 |
| | | 369 | 1890 | 1474 | 3127 | 5839 | 14192 | 6753 | 30106 | 1968 |
| | | 420 | 1824 | 1574 | 3325 | 6237 | 15354 | 6920 | 33044 | 1969 |
| | | 450 | 1790 | 1627 | 3506 | 6094 | 15548 | 6786 | 32853 | 1970 |
| | | 742 | 2308 | 1780 | 3608 | 6314 | 15005 | 7375 | 34176 | 1971 |
| | | 910 | 2625 | 1762 | 3858 | 6815 | 12230 | 7390 | 31594 | 1972 |
| | | 980 | 2691 | 1799 | 3813 | 7022 | 12277 | 7833 | 31385 | 1973 |
| | | 1017 | 2520 | 1894 | 3735 | 7438 | 12113 | 8554 | 33851 | 1974 |
| | 267 | 1014 | 2716 | 2020 | 3518 | 7941 | 14333 | 8980 | 35903 | 1975 |
| | 499 | 1546 | 3298 | 2065 | 3755 | 3979 | 13083 | 9515 | 35534 | 1976 |
| | 568 | 2055 | 4514 | 2234 | 3894 | 9982 | 16485 | 10787 | 42608 | 1977 |
| | 700 | 2473 | 5054 | 2617 | 3600 | 10647 | 14352 | 11775 | 40590 | 1978 |
| 332 | 715 | 3245 | 6277 | 3011 | 3976 | 11975 | 15780 | 13015 | 45751 | 1979 |
| 607 | 728 | 3975 | 6876 | 3336 | 4292 | 12587 | 11932 | 14250 | 44533 | 1980 |
| 929 | 707 | 3985 | 6127 | 3471 | 4394 | 13498 | 12299 | 15374 | 47686 | 1981 |
| 1116 | 756 | 4297 | 8065 | 3626 | 4465 | 14556 | 12641 | 16162 | 52381 | 1982 |
| 1235 | 919 | 4891 | 7323 | 3517 | 4450 | 15313 | 13090 | 16791 | 53727 | 1983 |
| 1266 | 1049 | 5297 | 7158 | 3557 | 4460 | 16357 | 14362 | 18190 | 57369 | 1984 |
| 1504 | 845 | 5863 | 6818 | 3387 | 4516 | 17804 | 15791 | 20718 | 63202 | 1985 |

# IV باب

# چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، سايمانلاردىن ئورغاق قاتارلىق ئاددىي سايمانلارلا بار ئىدى. مىنگو دەۋرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چالغا ۋە ئورۇش، يىغىش، باغلاش، توغراش قاتارلىق چۆپ يىغىش ۋە يەم - خەشەك ئېزىش، سۈت ئايرىش، چۆجە چىقىرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىرنەم ماشىنلاشقان ماشىنا - سايمانلار سېتىۋېلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى بولغا قويۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى قۇردى، شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، چارۋىچىلىق ناھىيىسى، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىنى ئايرىپ، «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ...... دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق چارۋىچىلىققا ياردەم بېرىش» فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، چارۋىچىلىق ناھىيىلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، ياغ، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يەم - خەشەك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ كەلدى. بارلىق ماشىنا - سايمانلار يەنى چارۋىچىلىقتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار سەپلەپ بېرىلىپلا قالماي يەنە تراكتور، تېرىقچىلىق ماشىنىلىرى، ترانسپورت ماشىنا - سايمانلىرى قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارمۇ كۆپ مىقداردا سەپلەپ بېرىلگەنىدى.

# 1 § . ئوتلاق قۇرۇلۇشى، ئوتلاق مۇھاپىزىتى ماشىنا - سايمانلىرى

## 1 . سۈنئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى ماشىنا - سايمانلىرى

شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سۈنئىي ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. سۈنئىي ئۇسۇلدا ئوتلاق بەرپا قىلىشتا سۇسۇن چېچەكلىك بېدە تېرىش ئاساس قىلىنىپ، كۆپىنچە بۇغداي قاتارلىقلار بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىلاتتى. يەم - خەشەكتە كۆممىقوناق ئاساس قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئارپا، سۇلۇ، ئاققوناق قاتارلىقلار تېرىلاتتى. كۆپ شىرنىلىق يەم - خەشەكلەردە قىزىلچا، سەۋزە قاتارلىقلار ئىشلىتىلەتتى. بۇلارغا ئىشلىتىلگەن يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش، پەرۋىش قىلىش ماشىنا - سايمانلىرى زىرائەت ئېتىزلىرىدا مەشغۇلات قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار بىلەن ئوخشاش ئىدى.

## 2 . تەبىئىي ئوتلاقنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار

تەبىئىي ئوتلاقلار شىنجاڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقىنىڭ بازىسى. 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئېتىبارەن، قۇرۇلۇش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق يايلاقلار ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن يايلاقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئوت - چۆپ مىقدارى كۆپەيدى، ئوتلاقلارنىڭ سىغىمچانلىقى ئاشۇرۇلدى.

### 1) تۇپراقنى يۇمشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنا - سايمانلىرى

60 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلاردا سۈنئىي ئۇسۇلدا تولۇقلاپ تېرىش ئارقىلىق ئېسىل ئوت - چۆپلەر يېتىشتۈرۈلدى، كېيىن قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئوت - چۆپ ئۇرۇقى سېلىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چارۋىچىلىق نازارىتى « 9CSB — 5 » تىپلىق ئوتلاق تۇپرىقىنى يۇمشىتىش ماشىنىسى، « 9BC—21 » تىپلىق ئوت - چۆپ سېپالكىسى سېتىۋېلىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى . بۇنداق ماشىنا - سايمانلار بىلەن تۇپراق يۇمشىتىش، چالمىلارنى ئېزىش ، چۆنەك تارتىش، ئۇرۇق سېلىش، يوپۇرۇش، باستۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلار بىر قېتىمدىلا ئورۇندىلىدۇ. سائىتىگە 9 مودىن 15 موغىچە يەرگە ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ئوت - چۆپ تېرىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇق بىخ سۈرۈشكە باشلايدۇ، ئەي بولۇش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئەسلىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. بۇنداق ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقتىن ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەممۇ ناھايىتى كىچىك بولىدۇ.

### 2) ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىش

چارۋىچىلىق نازارىتى 1980 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى كەسپىي ئاۋىئاتسىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھەرلىك چەيلەكزە چارۋىچىلىق فېرمىسى، كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىلىرى تاشلىۋەتكەن ۋە ناچارلىشىپ كەتكەن كۆلەم ۋە كۈزلۈك ياپلاقلاردىكى 15 مىڭ 280 مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن ياغاچ غوللۇق ياۋا سۇپۇرگە، شىقىلداق قاتارلىق ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. بۇنىڭدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «ترانسپورت - 5» تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ھەر كۈنى 8000 مودىن 16 مىڭ موغىچە بولغان يەرگە ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىلدى، 1983 - يىلغان قەدەر، ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىلغان يەر كۆلىمى 184 مىڭ 900 موغا يەتتى. ئايروپىلان بىلەن 1 قېتىم ئۇرۇق چاچقاندا ئوت - چۆپ ئۈنگەن كۆلەم 67.8% كە، ئەي بولغان كۆلەم 60.9% كە يەتتى. ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىلغاندىن كېيىن ئەمەن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر قاپلاپ كەتكەن يىرىم چۆللۈك تاشلاندۇق يەرلەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30%، ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3% تىن 20% كىچە كۆپەيدى ھەمدە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىشىنىكى مەشغۇلات ئېگىزلىكى، كەڭلىكى ۋە ئەقىلغا مۇۋاپىق ئۇرۇق مىقدارى قاتارلىق جەھەتلەردىكى سانلىق ئاساسلار يەكۈنلىنىپ، تاشلىۋېتىلگەن ۋە ناچارلىشىپ كەتكەن زور كۆلەمدىكى ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەجرىبىلەر توپلاندى.

1984 - يىلى ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ تېرىش تېخنىكىسى شىنجاڭ بويىچە زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. تېرىلغان ئوت - چۆپ سورتلىرى ياغاچ غوللۇق ياۋا سۇپۇرگە، قارەمەتاۋ، ئەمەن، ياۋا ئارپىخان، خىلمۇ خىل چېچەكلىك بېدە، سۆسۈن چېچەكلىك بېدە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت؛ ئوت - چۆپ تېرىلىدىغان يەرلەر تاغ ئالدىدىكى قاقاسلىق، تاغلىق جايلاردىكى چىملىقلاردىن تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاقلار ۋە سۇغىرىش شارائىتىغا ئىگە تۈزلەڭلىكلەرگىچە كېڭەيتىلدى.

1985 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ كەسپىي ئۇچقۇچىلار ئەترىتى ئىلى، سانجى ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچىدە 240 مىڭ مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چاچتى، شۇ يىلى 11 - ئايدا، بىكتۇەن ئۆزى قۇرغان يېزا ئىگىلىك ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى بورتالا ئوبلاستى ۋە يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 84 - تۇەن - مەيدانىدا 27 مىڭ مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چاچتى. 1985 - يىلغا قەدەر، ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىش تېخنىكىسى شىنجاڭدىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، 33 ناھىيە، شەھەرنىڭ 70 نەچچە يېزا ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسىغا كېڭەيتىلىپ، جەمئىي 1 مىليون 51 مىڭ 200 مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى چېچىش ئارقىلىق يېرىم سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى.

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئايروپىلاندا ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى چېچىلغان كۆلەم

جەدۋەل : 1—15

| يىللار | ئايروپىلان بىلەن ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى چېچىلغان كۆلەم (10 مىڭ مو) | ئۈنۈملۈك بەر كۆلىمى (10 مىڭ مو) | مايسا ساقلاپ قېلىنغان كۆلەم (10 مىڭ مو) |
|---|---|---|---|
| 1980 | 1.53 | 1.17 | 1.08 |
| 1981 | 2.31 | 1.38 | 1.28 |
| 1982 | 4.47 | 2.74 | 2.50 |
| 1983 | 10.18 | 6.97 | 5.74 |
| 1984 | 43.09 | 24.57 | 24.1 |
| 1985 | 43.54 | 43.5 | 35.7 |
| جەمئىي | 105.12 | 80.33 | 70.4 |

1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئادەم كۆچى، ماشىنا كۆچى، ئايروپىلان بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىلغان ۋە ياخشىلانغان ئوتلاق كۆلىمى 7 مىليون 692 مىڭ 500 موغا يەتتى.

## 3 . ئوتلاق مۇھاپىزەت قىلىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

1) قاشالاش

1960 ـ يىلى بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى «1 ـ ئاۋغۇست» باش مەيدانى (ھازىرقى 102 ـ تۇەن مەيدان) نىڭ 1 ـ شۆبە مەيدانى ئۇسكۇنىلەرنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى ھەمدە ئوتلاقنى ئېلېكتر سىمى بىلەن قاشالاپ چارۋا بېقىشنى سىناق قىلدى.

1979 ـ يىلى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىگە قاراشلىق 77 ـ تۇەن قۇياش ئېنېرگىيىلىك قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە، بۇنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ موغا يەتتى. قاشانىڭ ئېلېكتر بېسىمى 4000 ۋولتقا، قاشادىكى ئوتلاقتىن يىلىغا ئورۇۋېلىنىدىغان ھۆل ئوت ـ چۆپنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 795 كىلوگرامغا، قۇرۇق ئوت ـ چۆپنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 287.6 كىلوگرامغا، مال بېقىلىدىغان ئوتلاقلاردىكى ھۆل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 361.8 كىلوگرامغا، قۇرۇق ئوت ـ چۆپنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 114.3 كىلوگرامغا، ئوتلاقتا سىغدۇرۇلغان چارۋا قاشالىنىشتىن بۇرۇنقى ھەر 10 موغا بىردىن ئۆلچەملىك چارۋا مال توغرا كېلىشتىن ئۆسۈپ، ھەر 4 موغا بىر ئۆلچەملىك چارۋا مال توغرا كېلىدىغان بولدى. 1980 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئو-

رۇنلار بورتالا ناھىيىسى دالت گۇڭشېسىنىڭ 3 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 5859 مو قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلدى. قاشا ئىچىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى قاشالاشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 1982 - يىلى 50%، 1985 - يىلى 250% ئاشتى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قاشالانغان ھەر خىل ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 650 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېڭىدىن قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 586 مىڭ مو بولدى.

**2) چېكەتكە ۋە چاشقان يوقىتىش ماشىنا - سايمانلىرى**

(1) ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش: 1941 - يىلى 7 - ئايدا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېكەتكە يوقىتىش ئەترىتىنى ئايروپىلان ئەۋەتىپ چېكەتكە يوقىتىشقا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ 20 نەچچە ئايروپىلان چىقاردى، بۇ ئايروپىلانلارنىڭ 12 سى ئىلى رايونىدا مەشغۇلات ئېلىپ باردى، تەخمىنەن 276 مىڭ مو يەرگە دورا چېچىلدى.

1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە، بىز تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 33 ئايروپىلان چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ چېكەتكە يوقىتىشىغا ياردەملەشتى، بۇ ئايروپىلانلار ھەم ئوتلاقتا، ھەم ئېتىزلاردا مەشغۇلات ئېلىپ باردى.

1956 - يىلدىن باشلاپ دۆلىتىمىزدىكى ئاۋىئاتسىيە تارماقلىرى ئايروپىلان ئاجرىتىپ، چېكەتكە يوقىتىدىغان بولدى. شۇ يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيىلەر دورا پاراشوكى چېچىش ئارقىلىق چېكەتكىنى تىزگىنلىدى. 1959 - يىلى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيىلەر زەھەرلىك يەمچۈك چېچىش ئارقىلىق چېكەتكە يوقاتتى. 1976 - يىلى باركۆل، ئاراتۈرۈك، نىلقا، باغراشتىن ئىبارەت 4 ناھىيىدە ئايروپىلان بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن سىغىمچانلىقتىكى دورىلارنى تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلدى، مەشغۇلات كۆلىمى 400 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى. 1976 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە، باركۆل، ئاراتۈرۈك، ئالتاي، قۇمۇل، چېڭگىل، كۆكتوقاي، بورتالا، باغراش قاتارلىق ناھىيىلەر ئايروپىلان بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن مىقداردىكى دورىنى تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش ئارقىلىق چېكەتكە تىزگىنلەشنى كېڭەيتتى، كېڭەيتىلگەن كۆلەم 3 مىليون 200 مىڭ موغا يەتتى. كېيىن ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش تېخىمۇ زور كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇلدى.

(2) ماشىنا - سايمانلار بىلەن چېكەتكە يوقىتىش: 1952 - يىلدىن بۇرۇن دورا سايمانلار كەمچىل بولغاچقا، چېكەتكىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق يوقىتىش ئاساس قىلىناتتى. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 2 مىليون 530 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم كۈچى ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلغان كۆلەم 77% ىنى ئىگىلىدى. 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە دورا - سايمانلار بىلەن چېكەتكە يوقىتىش ئاساس قىلىنىپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا پۈركۈش ئەسۋابىدىن 3423 ى، ماتورلۇق دورا پۈركۈش ئەسۋابىدىن 11 ى، ئايروپىلاندىن 33 ى ئىشقا سېلىنىپ، 6 مىليون 620 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دورا - ساي-

مان ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىلغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 88% نى ئىگىلىدى.
1950 - 1960 - يىللىرى چېكەتكە يوقىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا قارىتىل-
دى. 1964 - يىلدىن كېيىن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ئوتلاق چار-
ۋىچىلىقىغا قارىتىلدى.

(3) چېكەتكە يوقىتىدىغان دورا - سايمانلار: دەسلەپكى مەزگىللەردە، سوۋېت ئىتتىپا-
قىدىن قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ۋە ماتورلۇق دورا پۈركۈش ئەسۋابى ۋە تۇمانلاش-
تۇرۇپ دورا پۈركۈش ئەسۋابى سېتىۋېلىنغانىدى. 1953 - يىلدىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەن-
گەن دورا - سايمانلار شىنجاڭدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1960 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ-
دا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا پۈركۈش ئەسۋابى ئىشلەپچىقىرىلدى. 70 -
يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - يا-
ساش زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار «مول - ھوسۇل - 111» قاتارلىق كۆپ خىل تىپلىق دورا
پۈركۈش ئەسۋابى، تۇمانلاشتۇرۇپ دورا پۈركۈش ئەسۋابى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى.
1970 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش
تەتقىقات ئورنى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش باشقارمىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى
قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسلىقى ئوتلاقلاردا كەڭ - كۆلەمدە چېكەتكە يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان
600 تىپلىق ئوق بويلاپ ھەرىكەتلىنىدىغان ماتورلۇق دورا پۈركۈش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ
ياساپ چىقىپ، ئۇنى «شەرق قىزاردى - 28» تىپلىق تراكتورغا چېتىپ مەشغۇلات ئېلىپ بار-
دى، دورا پۈركۈلگەن كۆلەم سائىتىگە 300 موغا، چېكەتكە يوقىتىش نىسبىتى 60% تىن كۆپ-
رەككە يەتتى. 1977 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات
ئورنى، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل چېكەتكە يوقىتىش قوماندانلىق
شتابى قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسلىقى ئوتلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان
«3WCD—250» تىپلىق سۆرىتىلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن سىغىمچانلىقىنىكى تۇمانلاش-
تۇرۇپ دورا پۈركۈش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، ئۇنى «شەرق قىزاردى - 28»
ياكى «تۆمۈر بۇقا - 55» تىپلىق تراكتورلارغا چېتىپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى، دورا پۈركۈل-
گەن كۆلەم سائىتىگە 300 موغا، ئۈنۈملۈك پۈركۈش كەڭلىكى 30 مېترغا، دورىنىڭ تۇمانلاش-
تۇرۇلۇش نىسبىتى 80% تىن كۆپرەككە يەتتى.

## § 2. ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنا - سايمانلىرى

### 1. يېرىم ماشىنىلاشقان ماشىنا - سايمانلار

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇلاغ كۈچى
بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ سىناق تەرىقىسىدە
ئىشلەتكەنىدى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ئىلى رايونىدىكى دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 37 سى، ئوت - چۆپ يىغىش ماشى-

ىسىدىن 2 سى، ئوت ـ چۆپ باغلاش ماشىنىسىدىن 4ى بار ئىدى؛ مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان 32 خىل يېزا ئىگىلىك سايمىنى ئىچىدە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 333ى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن 260 ى بار ئىدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ئىلى ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى) دىلا ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 293 ى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن 165 ى بار بولدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) نىڭ ئاخىرلىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى 7 ناھىيىدە يەنە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 238 ى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن 141 ى بار ئىدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا شىجاڭدىكى 53 ناھىيە (مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى) دە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن تەخمىنەن 1000 ى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن تەخمىنەن 450 ى، ئوت ـ چۆپ باغلاش ماشىنىسىدىن تەخمىنەن 30 ى، چالغىدىن بىرمۇنچىسى بار بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرىنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 80 نى، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن 10 نى، ئوت ـ چۆپ باغلاش ماشىنىسىدىن 10 نى، چالغىدىن 30 مىڭدىن كۆپرەكنى سېتىۋالدى؛ 1955 ـ يىلغا كەلگەندە بىڭتۇەندە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى 252 گە، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى 140 قا يەتتى. 1953 ـ يىلى ئۆلكىلىك تەمىنات ـ سودا باش كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار چارۋىچىلارنى ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش، يىغىش ماشىنىسى ۋە بىرمۇنچە چالغا بىلەن تەمىنلىدى. 1954 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتى ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچىدە 11 ئوت ـ چۆپ ئورۇش پونكىتى قۇرۇپ، 60 نەچچە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، 10 ئوت ـ چۆپ باغلاش ماشىنىسى، بىرمۇنچە ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى سەپلەپ بەردى.

1957 ـ يىلدىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش ـ يىغىش ماشىنىلىرى شىنجاڭدىكى بازارلارغا سېلىنىشقا باشلىدى. 1962 ـ يىلى بىڭتۇەندە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى 462 گە، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى 299 غا يەتتى؛ بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ باشقۇرغان چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى 840 قا، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى 400 گە يەتتى.

1962 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش، يىغىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، 1966 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 3620 ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، 3650 ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1963 ـ يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسىدىن ئاز كەم 100 نى ياساپ چىقتى. 1965 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئۇلاغ كۆچى بىلەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى 1620 گە، ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى 1650 كە يەت-

نى. چۆچەك، ئالتاي، دۆربىلجىن، موڭغۇلكۈرە، كۇنەس، قابادىن ئىبارەت 6 چارۋىچىلىق ناھىيىسىدىن چۆچەك ناھىيىسىدە 301 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 174 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى؛ ئالتايدا 195 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 186 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى؛ دۆربىلجىندە 156 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 122 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى؛ موڭغۇلكۈرەدە 140 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 72 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى؛ كۇنەستە 135 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 79 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى؛ قابادا 102 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە 77 ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى بار بولدى.

1972 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 2882 نى ئىشلەپچىقاردى. دۆربىلجىن، ئالتاي قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ كىچىك كۆلەمدە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 دانىدىن 200 دانىغىچە بولدى.

1949 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان قىسمەن يىللاردا شىنجاڭ بويىچە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش، يىغىش ماشىنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1—16

| يىللار | ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى (دانە) | ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى (دانە) | يىللار | ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى (دانە) | ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 249 | | 1973 | 3510 | 1525 |
| 1950 | 345 | 100 | 1974 | 3524 | 2120 |
| 1953 | 633 | 145 | 1975 | 3618 | 2180 |
| 1955 | 755 | 140 | 1976 | 3864 | 2372 |
| 1958 | 800 | 350 | 1977 | 3539 | 4669 |
| 1962 | 1302 | 1199 | 1978 | 3437 | 2580 |
| 1965 | 1620 | 1650 | 1979 | 3591 | 2885 |
| 1970 | 2037 | 1638 | 1980 | 3573 | 2597 |

ئىزاھات: 1. 1978 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان سانلار بىڭتۇەننىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
2. بېرىم ماشىنىلاشقان بېزا ئىگىلىك سايمانلىرى 1982 - يىلدىن كېيىن ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

## 2. ماتورلۇق ماشىنا ـ سايمانلار

### 1) ئورۇش، يىغىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

(1) چەت ئەلدىن سېتىۋېلىنىش ئەھۋالى: 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «KC—10» تىپلىق ئاپتوماتىك ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 7 نى، تارباغاتاي ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «KC—10» تىپلىق ئاپتوماتىك ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى، بۇ ماشىنىنىڭ 5 پىچىقى بار بولۇپ، ئورۇش كەڭلىكى 10 مېتىر، بۇ ماشىنا 22.1 كىلوۋاتلىق ماتور ئارقىلىق مەشغۇلات قىلىدۇ. 1957 ـ يىلدىن كېيىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «K—6A» تىپلىق 3 پىچاقلىق ئاپتوماتىك ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 12 نى سېتىۋالدى، بۇ ماشىنىنىڭ 3 پىچىقى بار بولۇپ، ئورۇش كەڭلىكى 6 مېتىر كېلىدۇ.

1956 ـ يىلى بىڭتۇەن چېخوسلوۋاكىيىدە ئىشلەنگەن «ZTZ — 183» تىپلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان يەككە پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋالدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «KCX — 2. 1A»، «K6ъ»، «K—2.1» تىپلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان يەككە پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «G—2.1» تىپلىق سۆرىتىلىدىغان يەككە پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىقلار سېتىۋېلىندى. 1965 ـ يىلى رومىنىيىدە ئىشلەنگەن ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 507 سى سېتىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «G—2.1» تىپلىقى 162، «CPM—2.1» تىپلىقى 198. بۇ مەزگىلدە يەرلىك ئورۇنلارمۇ ھەر خىل تىپتىكى ماتورلۇق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن ئاز كەم 100 نى سېتىۋالدى. 1985 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى رومىنىيىدە ئىشلەنگەن «CF—18» تىپلىق ماتورلۇق قوش پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 20 نى سېتىۋالدى.

(2) يەرلىكتە ئىشلەنگەن ئورۇش، يىغىش ماشىنىلىرى: 1963 ـ يىلى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 7 ـ، 8 ـ شىلىرى چېخوسلوۋاكىيىدە ئىشلەنگەن «ZTZ—183» تىپلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىغا تەقلىد قىلىپ تاق پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 100 نەچچىنى ياسىدى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى ئوقلارنى سەپلەش ئارقىلىق «شەرق قىزاردى ـ 28»، «Z—25K»، «ДT—28» تىپلىق تراكتورلارغا چېتىپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى.

1976 ـ يىلى شىنجاڭدا «9GZX—1.7» تىپلىق، 4 دېسكىلىق ئايلىنىشىمان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى، بۇ ماشىنىنى 1980 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر بۇنىڭدىن جەمئىي 2184 ى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ ماشىنىلار شىنجاڭدا چارۋا ئوت ـ چۆپلىرىنى يېغىشتىكى ئاساسلىق تىپ بولۇپ قالدى. بۇ خىل ماشىنىلار بىلەن ئېگىز ۋە قويۇق ئۆسكەن بېدىلەرنى ئورغاندىمۇ ئېتىلىپ قالمايدۇ، تىك تۇرغان ياكى يېتىۋالغان ئوت ـ چۆپلەرنى ئورغىلى بولىدۇ، ئېگىزى تۆۋەن، شەكلى چىرايلىق، زىپىنى ئاز بولۇپ، ئۇنى «شەرق قىزاردى ـ 28» تىپلىق تراكتورغا چېتىپ مەشغۇلات قىلغاندا سائىتىگە 15~20 مو يەردىكى ئوت ـ چۆپنى ئورغىلى بولىدۇ. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى «9GZX—1.65» ۋە «2.4» تىپلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇ ماشىنىلار زاۋۇتنىڭ تېخنىك زاپىسى بولۇپ قالدى.

ماتورلۇق ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سانى ئاز بولغانلىقتىن كۆپىنـ

چە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىنىدى. 1982 - يىلى شىنجاڭ « 9LZ — 4. 8 » تىپلىق، قوش شكال دېسكىلىق ماتورلۇق ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى بۇ ماشىنىدىن 456 نى ياسىدى.

2) كۆممىقوناق شېخى ۋە يېشىل يەم - خەشەكلەرنى يىغىش ماشىنىسى

1954 - يىلى بىگنۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان « CK—2. 6 » تىپلىق يېشىل يەم - خەشەك كومبايىنى سېتىۋالدى، 1962 - يىلى بۇ خىل كومبايىن 20 گە يەتتى. 1954 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بىگنۇەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « KY—2 » تىپلىق، ۋېنگىرىيىدە ئىشلەنگەن « KKX—3 » تىپلىق، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن « مول ھوسۇل - 2 »تىپلىق كۆممىقوناق كومبايىنلىرىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن كۆممىقوناق باشاقلىرىنى يىغىۋېلىش ۋە غوللىرىنى ئۇۋشاقلاپ سىلوس ياسىغىلى بولاتتى. ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا كۆپىنچە ھاللاردا ئاندا - ساندا سىناپ ئىشلىتىلەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ۋە فېدىراتىپ گېرمانىيە، گوللاندىيە، دانىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن « 9SQ—10 » ، « MB—200 » ، « SF—80 » ، « MH—80 » ، « TAARVP » ، « E—281 » تىپلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرىدىن تەخمىنەن 20 نى سېتىۋالدى، بۇلار ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى ئوبلاستلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، بىگنۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلدى. 1983 - يىلى قۇتۇبى سېغىن كالا فېرمىسى، « 1 - ماي » دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يېشىل سىلوس ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتى.

3) ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگونىڭ 25 - يىلى ( 1936 - يىلى) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن يېرىم ماشىنىلاشقان ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسىدىن تەخمىنەن 30 نى سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى تارباغاتاي، ئىلى رايونلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكەنىدى. 1954 - يىلى قۇرۇلۇش بىگنۇەنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « ПП—1. 3 » تىپلىق قۇرۇق ئوت - چۆپنى پىرىسلاپ باغلاش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى. 1962 - يىلغا كەلگەندە، بۇ خىل ماشىنا 80 گە يەتتى، بۇ خىل ماشىنىدا ئارغامچا ۋە سىم بىلەن ئوت - چۆپ باغلاش تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. 1964 - يىل 10 - ئايدا بۇ خىل ماشىنا يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 30 - تۇەن (ھازىرقى 147 - تۇەن) نى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلۇپ، ئوت - چۆپنى ئۆزى يىسىپ باغلىيالايدىغان، ھەر بىر باغلام ئوت - چۆپنىڭ ئېغىرلىقى 18 كىلوگرامدىن 20 كىلوگرامغىچە كېلىدىغان، سائەتكە 1.5 توننا ئوت - چۆپ باغلىيالايدىغان يېڭى ماشىنا تىپىغا ئايلاندۇرۇلدى.

70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئوت - چۆپنى 4 چاسا شەكىلدە باغلاش ماشىنىسى، يۇمىلاق شەكىلدە باغلاش ماشىنىسى، يىغىپ ماشىنىغا قاچىلاش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 1981 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، كومبايىن زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار « 9YY—1. 6 » تىپلىق يۇمىلاق شەكىلدە ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسى، « 9CZ—3 » تىپلىق ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ ماشىنىغا بېسىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا - سايماندىن تەخمىنەن 30 نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى.

## 3 . چەت ئەلدىن ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كىرگۈزۈش ئەھۋالى

60 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ ياپونىيە، ئەنگلىيە، يۇگوسلاۋىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، فېدراتسىپ گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكا، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئورۇش، يىغىش، باغلاش، يىغىپ ماشىنىغا بېسىش، يېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىشقا ئوخشاش مەشغۇلاتلاردا تەجرىبە قىلىپ، ئىشلىتىلىدىغان 20 نەچچە خىل ماشىنا ئەۋرىشكىسىنى كىرگۈزۈپ، تىپ تاللاش ۋە يېڭى ماشىنىلارنى لايىھىلەشتە پايدىلاندى.

1960 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ماتورلۇق ئوت ـ چۆپ ئورۇش، يىغىش، باغلاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1—17

| يىللار | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي (دانە) | بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ (دانە) | يىللار | ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي (دانە) | بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 25 | | 1973 | 1744 | 1534 |
| 1961 | 25 | | 1974 | 1540 | 1257 |
| 1962 | 28 | | 1975 | 2095 | 1276 |
| 1963 | 47 | | 1976 | 2160 | 1095 |
| 1964 | 86 | | 1977 | 2292 | 885 |
| 1965 | 770 | 683 | 1978 | 2606 | 1171 |
| 1966 | 746 | 653 | 1979 | 2323 | 930 |
| 1967 | 783 | 687 | 1980 | 2826 | 1212 |
| 1968 | 701 | 612 | 1981 | 2781 | 1152 |
| 1969 | 733 | 637 | 1982 | 2683 | 1164 |
| 1970 | 1372 | 793 | 1983 | 2574 | 1204 |
| 1971 | 1445 | 771 | 1984 | 2505 | 1095 |
| 1972 | 1645 | 1377 | 1985 | 2204 | 863 |

## 4 . ئوت ـ چۆپ يىغىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاش ئەھۋالى

1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ فۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانىدا سۇنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن ئوتلاقلاردا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاش ۋە ئوت ـ چۆپ يىغىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تەجرىبە قىلدى؛ 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قۇرۇستاي (نەنخۇ) دا تەبىئىي ئوتلاقلاردا ئوت ـ چۆپ يىغىش ھۈنەر ـ سەنئىتى تەتقىقاتى بويىچە تەجرىبە ئېلىپ

بارىدى؛ 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تىكەس ناھىيىسىدە يەم ـ خەشەك قىلىندىغان ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىپ پىششىقلاپ ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلدى. ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىلىرى ھۈنەر ـ سەنئەتنى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈشنىڭ يېڭىنقى ۋە يىراق مەزگىللىك لايىھىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلدى.

چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنا ـ سايمانلىرى ئەۋرىشكىلىرىنىڭ نامى ۋە ئىشلەتكەن جايلار

جەدۋەل: 1—18

| تەرتىپى | ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ نامى | ياسالغان دۆلەتلەر |
| --- | --- | --- |
| 1 | «HAHC» تىپلىق يۈكلىمە ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | ياپونىيە |
| 2 | «فىردىماست» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | ئەنگلىيە |
| 3 | «165—RK» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | يۇگوسلاۋىيە |
| 4 | «FARENDC» تىپلىق دىسكىلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | ئامېرىكا |
| 5 | «SM—4» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | ئىتتىپاق گېرمانىيە |
| 6 | «KHY—6» تىپلىق 3 پىچاقلىق ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| 7 | «KM—240» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 8 | «GM—165» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـچۆپ ئورۇش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 9 | «GM—165PZ» تىپلىق ئايلىنىشچان ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 10 | ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى | سوۋېت ئىتتىپاقى |
| 11 | «HKX—620» تىپلىق دىسكىلىق ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 12 | «PZ—300» تىپلىق ئاسما شەكىللىك گورىزونتال ئوت ـ چۆپ يىغىش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 13 | «MH—80» تىپلىق سىلوس قىلىندىغان كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 14 | «MB—200» تىپلىق سىلوس قىلىندىغان كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى | گوللاندىيە |
| 15 | «602» تىپلىق سىلوس قىلىندىغان كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى | دانىيە |
| 16 | «E—281» تىپلىق ئاپتوماتىك يەم ـ خەشەك يىغىش ماشىنىسى | دېموكراتىك گېرمانىيە |
| 17 | «MARKANT—60» تىپلىق يىغىپ، قاچىلاش، باغلاش ماشىنىسى | ئىتتىپاق گېرمانىيە |
| 18 | «ROLLANT—62» تىپلىق يۆگەپ پىرىسلاپ باغلاش ماشىنىسى | ئىتتىپاق گېرمانىيە |
| 19 | «AUTONOMK—30» تىپلىق يىغىپ ماشىنىغا قاچىلاش ماشىنىسى | ئىتتىپاق گېرمانىيە |
| 20 | ئوت ـ چۆپلەرنى يېيىپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى | ئىتتىپاق گېرمانىيە |

# 3 § . يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا ـ سايمانلىرى

## 1 . ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنا ـ سايمانلىرى

چارۋىچىلار ئۆزۈندىن بۇيان قول بىلەن باسىدىغان جادۇدا ئوت ـ چۆپ توغراپ كەلگەندى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) دىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « PCO—0.1 » تىپلىق 2 ئادەم ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، توغرىماقچى بولغان ئوت ـ چۆپنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان ئوت ـچۆپ توغراش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى) ئىلى ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن 18 نى ساتتى، مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلغان 32 خىل يېزا ئىگىلىك سايمىنى ئىچىدە ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن 125 ى بار ئىدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ( 1942 ـ يىلى) شىنجاڭ بويىچە ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى تەخمىنەن 250 كە يەتتى.

1952 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « PKC—12 » تىپلىق ماتورلۇق ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى سېتىۋالدى، بۇ ماشىنىدا سائىتىگە 12 توننا ئوت ـ چۆپ توغرىغىلى بولىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىكى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانى كۆممىقوناق شاخلىرىنى توغراپ سىلوس قىلىشنى تەجرىبە قىلدى. 1956 ـ يىلى بىڭتۈەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « PCC—6 » تىپلىق ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋالدى. 1962 ـ يىلغا كەلگەندە، بىڭتۈەندە يۇقىرىقى 2 خىل ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن 264ى بار بولدى.

1958 ـ يىلدىن كېيىن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ئادەم، ئۇلاغ، ماتور كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن 182 نى سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە « 9Z—0.8 » تىپلىق ئادەم كۈچى بىلەن ئوت ـچۆپ توغراش ماشىنىسى 140 ، « ST—250 » تىپلىق ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى 10 ، ماتورلۇق ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى 32 . 1960 ـيىلى بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى چوڭ ، ئوتتۇراھال ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىلىرىنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ياساپ تۇردى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى 245 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىڭتۈەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىدىكىسى 207 .

70 ـ يىللاردىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىنغان ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىلىرىنىڭ سانى كۆپەيگەچكە، شىنجاڭمۇ ئوتتۇراھال، كىچىك ئوت ـچۆپ توغراش ماشىنىلىرىنى ئاز ـ تولا ئىشلەشكە باشلىدى. قىسمەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

تۆۋەن - مەيدانلىرىدا يېشىل يەم - خەشەك يىغىش ماشىنىسى ۋە كۆممىقوناق كومبايىنى ئارقىلىق كۆممىقوناق شېخى يىغىۋېلىندى.

1982 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ماتورلۇق ئوت - چۆپ توغراشنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزدى، شۇ يىلى ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسىدىن 48 نى سېتىۋېلىپ، ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تەقسىملەپ بەردى. 1984 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى كىچىك 4 چاقلىق تراكتور، كوزۇپ، ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن قۇراشتۇرۇلغان ئاقما شەكىللىك ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - گۇرۇپپىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، شۇ يىلى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىلىرىگە 45 نى تەقسىملەپ بەردى، 1985 - يىلى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، 258 مىڭ كىلوگرام يەم - خەشەك پىششىقلاپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇق ئوت - چۆپ 183 مىڭ كىلوگرام.

1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئائىلىلەردە سىلوس ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇردى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئوتتۇرا ھال، كىچىك ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى ياكى ئۆزى ياسىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى 1700 دىن كۆپرەككە يەتتى.

## 2. ئۇۋاقلاش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) تارباغاتاي ۋىلايىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئۇۋاقلاش ماشىنىسىدىن بىر قانچىنى سېتىۋېلىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 1952 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ПК—3» تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇۋاقلاش ماشىنىسى ۋە «ЛПМК—0.1» تىپلىق تىك شەكىللىك ئۇۋاقلاش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى، كېيىن يەنە «ЛКУ—1.2» تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇۋاقلاش ماشىنىسى سېتىۋالدى. 1962 - يىلغا كەلگەندە بىڭتۇەن بويىچە ئۇۋاقلاش ماشىنىسى 355 كە يەتتى. 1957 - يىلدىن كېيىن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىمۇ ئۇۋاقلاش ماشىنىلىرى بار بولۇشقا باشلىدى. 1961 - يىلغا كەلگەندە، بۇنداق ئۇۋاقلاش ماشىنىسى 13كە يەتتى، 1965 يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە 488 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەندىكىسى 460. 1956 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى شىبەيدى تراكتور رېمونت زاۋۇتى كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇۋاقلاش ماشىنىسىدىن 50 نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى، كېيىن يېزا ئىگىلىك 2 -، 6 -، 8 - شىلارغا قاراشلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىمۇ ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقاردى.

70 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە قۇمۇل، سانجى، قاراشەھەر، يەكەن قاتارلىق 12 ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 -، 5 -، 7 -، 8 - شىلىرىغا قاراشلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى تىك شەكىللىك ۋە قىسماق شەكىللىك چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۇۋاقلاش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1972 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە ئۇۋاقلاش ماشىنىلىرىغا تىپ تاللاش ۋە

ئۇقتا بەلگىلەپ ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى چاقىردى، يىغىندا «قىزىل ياپراق» يۈرۈشلۈك (قىسماق شەكىللىك)، «SQ—3.0» تېپلىق تىك ياپراق شەكىللىك ئۇۋاقلاش ماشىنىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئىشلەپچىقارغان 1000 تۇۋاق چوشقا بېقىشقا باب كېلىدىغان چوڭ تىپلىق، تىك شەكىللىك ئۇۋاقلاش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ماشىنا تىپى قىلىپ تاللاندى؛ باينغولىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، يەكەن، بىڭتۇەن قاتارلىق جايلاردىكى 9 زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى تەمىنلەيدىغان بولدى. 1974 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت چوشقا بېقىش ئىشخانىسى چوشقىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا يۇمشاق يەم - خەشەكنىڭ ئورنىغا يىرىك يەم - خەشەك ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇۋاقلاش ماشىنىسىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە نۇرغۇن رايونلار ئۆزلىرى ئۇۋاقلاش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى. جايلار يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن ئۇۋاقلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ھاجەتمەنلەرگە سېتىپ بەردى. 1975 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۇۋاقلاش ماشىنىسى 3311 بولغان بولسا، 1979 - يىلى 7098 گە يەتتى.

1960 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئۇۋاقلاش ماشىنىسىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1—19

| يىللار | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ | يىللار | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 259 | 235 | 1973 | 2775 | 1561 |
| 1961 | 340 | 316 | 1974 | 2902 | 1587 |
| 1962 | 379 | 355 | 1975 | 3311 | 1864 |
| 1963 | 444 | 420 | 1976 | 3740 | 2051 |
| 1964 | 456 | 430 | 1977 | 4646 | 2375 |
| 1965 | 488 | 460 | 1978 | 5740 | 2678 |
| 1966 | 490 | 460 | 1979 | 7098 | 3607 |
| 1967 | 505 | 470 | 1980 | 6499 | 2591 |
| 1968 | 533 | 497 | 1981 | 6231 | 2805 |
| 1969 | 769 | 723 | 1982 | 6508 | 3094 |
| 1970 | 1267 | 918 | 1983 | 6113 | 2914 |
| 1971 | 1749 | 1077 | 1984 | 6028 | 2719 |
| 1972 | 2491 | 1433 | 1985 | 5941 | 2911 |

ئىزاھات: 1975 - يىل 4 - ئايدىن 1982 - يىل 5 - ئايغىچە بىڭتۇەن ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دەپ ئاتالغان.

1980 - يىلى تارقاق ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنى ئەلا سۈپەتلىك پىششىقلانغان ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەش ھەمدە ماشىنىلارنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق سىستېمىسى شىنجاڭ بويىچە ئوت - چۆپ پونكىتىنى قۇرۇشقا باشلىدى؛ 1981 - يىلى 35 نى قۇردى، پونكىتلارغا ئۇۋاقلاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ ئوراش ماشىنىسى قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك پونكىت 61 گە يەتتى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپى، فېرمىلاردا ئوت - چۆپلەرنى ۋاستىلىك يەتكۈزۈش پونكىتىدىن بىرمۇنچىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 89 ئوت - چۆپ پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 22 مىڭ 500 توننا ئوت - چۆپ جۇغلىنىپ ئۇۋاقلاپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 3. بوتقا تەييارلاش ماشىنا - سايمانلىرى

50 - يىللاردىن باشلاپ، بىڭتۇەن كۆكتات بوتقىسى تەييارلاش ماشىنىسى، كۆپ شىرنىلىك يەم - خەشەك يالپاقلاش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋالدى ۋە ئۆزى ياسىدى. 1962 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە كۆكتات بوتقىسى تەييارلاش ماشىنىسى 262 گە، يالپاقلاش ماشىنىسى 16 گە يەتتى. 1974 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت چوشقا بېقىش ئىشخانىسى «كۆك يەم - خەشەكلەرنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يەم - خەشەكلەرنى ئىشلىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار بىر تۈركۈم كۆك يەم - خەشەك بوتقىسى تەييارلاش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى ۋە ئۆزلىرى ياسىدى. 1976 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىلا ئۆزى ياسىغان بوتقا تەييارلاش ماشىنىسى 100 گە يەتتى. شۇ يىلى 6 - ئايدا باينغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 33 - تۇەندە كۆكتات بوتقىسى تەييارلاش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت يىغىن ئېچىپ، بوتقا تەييارلاش ماشىنىسىدىن 1530 نى ياساشنى ئورۇنلاشتۇردى. يىل ئاخىرىدا باينغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 22 - تۇەنگە قاراشلىق 18 چوشقىچىلىق فېرمىسىنىڭ ھەممىسىدە بوتقا تەييارلاش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى.

### 4. يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر

1979 - يىلى شىنجاڭدا يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1980 - يىلى يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنا - گۇرۇپپىسى سېتىۋېلىنىپ، ئارىلاشما، بىرىكمە يەم - خەشەك سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1) ئۈسكۈنىلەر

1980 - يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ۋە يەرلىك سىستېما سەنئىتى، بېيجىڭ، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن سائىتىگە 0.3 توننا، 0.5 توننا ۋە 1 توننا مىقداردا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان، بىر قانچە زاۋۇتتا ئىشـ

لەنگەن، ئارىلاشما ۋە بىرىكمە يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىڭتۈەن (1975 - يىل 4 - ئايدىن 1982 - يىل 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دەپ ئاتالغان) 63 يۈرۈش ئۈسكۈنە سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سەنشى داتۇڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «9SJ—1000» تىپلىق ئۈسكۈنە 59 يۈرۈش بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي ئۈسكۈنە سانىنىڭ 45% ئۈپچۆرىسىنى ئىگىلىدى. بۇ ئۈسكۈنە دۆلەت ئىچىدە تۇنجى ئەۋلات مەھسۇلات بولۇپ، بىر تۈەن - مەيدانىنىڭ 10 مىڭ تۇياق چوشقا ياكى 100 مىڭ دانە توخۇ بېقىشتىكى يەم - خەشەك ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. جياڭشىدىن سېتىۋېلىنغان نەنچاڭ قول تراكتور زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «9SJ—500» تىپلىق ئۈسكۈنە (شىنجاڭدا ئوخشاش تونىلىق ئۈسكۈنىلەر بىر قەدەر كۆپ) 1500 تۇياق چوشقا ياكى 20 مىڭ دانە توخۇ بېقىشقا كېرەكلىك يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشقا باب كېلىدۇ.

1982 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى «9SJ—300» تىپلىق يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنا گۇرۇپپىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، 1983 - يىلى «9SJ—1000» تىپلىق ماشىنا گۇرۇپپىسىنى ئىشلەپچىقاردى. 1985 - يىلغا قەدەر «9SJ—300» تىپلىق پىششىقلاش ماشىنا - گۇرۇپپىسىدىن 22 يۈرۈش، «9SJ—1000» تىپلىق ماشىنا گۇرۇپپىسىدىن 52 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىلدى. 1983 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى «9SJ—800» تىپلىق ماشىنا گۇرۇپپىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى. 1985 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ «9GRJ—400» كىچىك تىپلىق، سۆڭەك پاراشوكى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىدىن 3 يۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىپ ياسىدى، يەنە خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن «9SJ—300A» تىپلىق يۈرۈشلەشكەن يەم - خەشەك پىششىقلاش ئۈسكۈنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى.

2) زاۋۇت قۇرۇلۇشى

1979 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تارماقلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىلىغا 12 مىڭ تونىنا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان چوڭ زاۋۇت قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلىق، بىڭتۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرى قاتارلىق سىستېمىلار ھەر قايسى جايلاردا كەينى - كەينىدىن ھەر خىل تونىلىق يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى ياكى سېخلىرىنى قۇردى. 1981 - يىل 10 - ئايدا كۆنەس ناھىيىلىك يەم - خەشەك شىركىتى كىچىك ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، كالا، قوي بورداشقا ۋە تۇخۇم توخۇسى بېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەم - خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. ئۈرۈمچى شەھىرى يىلىغا 3000 تونىنا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پىششىقلاش سېخىدىن 2 نى ئۆزگەرتىپ قۇردى. 1983 - يىلى بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدا ئارىلاشما، بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى بىرلا خىل يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان يەم - خە-

شەك پىششىقلاش زاۋۇتىدىن 44ى قۇرۇلدى. قۇتۇبى سېغىن كالا فېرمىسى، سانجى شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىردىن دانچىسمان يەم - خەشەك، پاراشوكسىمان بىرىكمە يەم - خەشەك ياكى بىرلا خىل يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇردى. كۆنەس ناھىيىسى يەنە تاق ئىسمېنالىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 5000 توننا بولغان ئوتتۇرا تىپلىق يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان زاۋۇت ياكى سېخلار 120 گە، يىللىق تاق ئىسمېنالىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 300 مىڭ توننىغا يەتتى.

1984 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى يەم - خەشەك سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ شۇ يىلى چاقىرىلغان شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىق خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا «ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ، ھەممىسى يەم - خەشەك زاۋۇتى قۇرۇشى، يەم - خەشەك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، يەم - خەشەك شىركىتى قۇرۇشى لازىم» دەپ تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان زاۋۇت ۋە سېخلار 239 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىگتۇەن بويىچە 65% دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تۈەن - مەيدانلاردا 96 سى قۇرۇلدى، ئاشلىق سىستېمىسىدا 67 سى قۇرۇلدى، بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 نەچچە ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان؛ چارۋىچىلىق سىستېمىسىدا قۇرۇلغىنى 63 بولۇپ، بۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا كارخانىلىرى ۋە ناھىيە شەھەرلەرگە تارقالغان؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى سىستېمىسىدا قۇرۇلغىنى 12.

1984—1985 - يىللىرى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ سۆڭەك پاراشوكى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. ئۈرۈمچىدە يەم - خەشەك تەمتۇرۇچ زاۋۇتى، تەمتۇرۇچلارنى ئالدىن ئارىلاشتۇرۇش زاۋۇتى ۋە سېخلىرى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەنەنچۈي تەجرىبە مەيدانى ۋە شاڭخەي «يۈشەن» كان تۇرۇچلىرى زاۋۇتى بىرلىشىپ قۇرغان «شىنخۇ» يەم - خەشەك تەمتۇرۇچلىرى زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇت يىلىغا 4000 توننىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ.

3) ئىشلەپچىقىرىش

1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئارىلاشما، بىرىكمە يەم - خەشەكتىن 110 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىگتۇەننىڭ 42 مىڭ 600 توننا. 1985 - يىلى 271 مىڭ توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 25 مىڭ توننا بىرىكمە يەم - خەشەك، 4 توننا مىنېرال ماددىلار ئارىلاشقان تەمتۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىگتۇەن ئىشلىگەن ئارىلاشما، بىرىكمە يەم - خەشەك 63 مىڭ 800 توننا، ئاشلىق سىستېمىسىدا ئىشلەنگىنى 110 مىڭ توننا. 1979 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى 1985 - يىل 1 - ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ يىلى ھەر خىل يەم - خەشەكتىن 14 مىڭ 700 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك 11 مىڭ توننا.

# § 4 . چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يىغىپ دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاش ماشىنا - سايمانلىرى

## 1 . سۈت ساغقۇچ

1956 - يىلى بېكىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ДА—3M» تىپلىق سۈت ساغقۇچتىن 2 يۈرۈش سېتىۋېلىپ، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىگە قاراشلىق تۇدۇڭخابا ماشىنىلاشتۇرۇش پراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پراكتىكىدا پايدىلىنىشىغا بەردى. سېغىن كالىلارنىڭ ئەمچەك تۈگمىسى كىچىك بولغانلىقتىن سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. شۇڭا 1963 - يىلدىن كېيىن قايتا ئىشلىتىلمىدى. 1959 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ДА—3M» تىپلىق سۈت ساغقۇچتىن 3 يۈرۈش سېتىۋالدى، بۇ نازارەتكە قاراشلىق ئۈرۈمچى نەسىللىك چارۋا فېرمىسى (ساگفاڭگو) دا ئىشلىتىلىپ 1964 - يىلى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى. 70 - يىللاردا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سۈت ساغقۇچ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1975 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سۈت ساغقۇچ 33 يۈرۈشكە يەتتى. 1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق ئىدارىسى دائىرىسىدە ئىشلەنگەن سۈت ساغقۇچنى كىرگۈزۈپ، قۇتۇبى سېغىن كالا فېرمىسىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى، ئەمما ئىشلىتىش شارائىتى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى جەھەتتىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن سۈت ساغقۇچلارنىڭ كۆپ قىسمى تاشلىنىپ قالدى ياكى بۇزۇلدى. 1972 - يىلى بېكىتىلگەن ئاز بىر قىسىم سېغىن كالا فېرمىلىرىدا سۈت سېغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى يولغا قويغان بولسىمۇ ھەر خىل شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كېڭەيتىش مۇمكىن بولمىدى. 1985 - يىلى سۈتنى ماشىنىدا سېغىلغان كالا 100 دىنلا ئاشاتتى.

## 2 . سۈت ئايرىش ماشىنا - سايمانلىرى

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ھەر خىل سۈت ئايرىغۇچلىرى سېتىۋېلىنىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئۈرۈمچىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا 5 خىل ئۆلچەمدىكى سۈت ئايرىغۇچتىن 6 سى بار بولۇپ، ئىلى سودا شىركىتى 56 نى ساتقان. مىنگونىڭ 31 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تەخمىنەن 250 سۈت ئايرىغۇچ بار بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغانىدى.

1953 - يىلى ئاپتونوم رايون سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىغۇچتىن 214 نى سېتىۋالدى. 1954 - يىلى ئۆلكىلىك كوپېراتىپ ئىدارىسى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى 537 سۈت ئايرىغۇچ بىلەن تەمىنلىدى. 1959 - يىلى چارۋىچىلىق

نازارىتى ماتورلۇق سۈت ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن 7 يۈرۈش سېتىۋالدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىغۇچ 836 گە يەتتى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايون چىڭخەي ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان «كۆئېنلۇن - 50» تىپلىق سۈت ئايرىغۇچنى سېتىۋالدى. 70 - يىللاردا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «9N—50» تىپلىق قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىغۇچ ئىخچام ۋە ئەپچىللىكى بىلەن ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپ، 1978 - يىلى 3000 دىن كۆپرەككە يەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا كەڭ چارۋىچىلار كۆچمەن چارۋىچىلىق مەزگىلىدە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىغۇچ ئارقىلىق ئۆزلىرى ساغقان سۈتنى پىششىقلاپ پىشلاق ياساپ كىرىمىنى ئاشۇردى. 1983 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىلا پىشلاق ئىشلەيدىغان كەسپىي ئائىلىلەر 600 گە يەتتى. ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانىمۇ تېزدىن ئاشتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت تارماقلىرى دائىرىدە ئىشلەنگەن، توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن 40 نەچچە يۈرۈش سېتىۋېلىپ، بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سارماي پىششىقلاش نۇقتىلىرى قۇردى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۈت ئايرىش ماشىنىسى 5800 نەچچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكىسى 1057، ئىلى ۋىلايىتىدىكىسى 1400.

### 3. سۈت پاراشوكى ئىشلەش ماشىنا - سايمانلىرى

60 - يىللاردا شىنجاڭدا ئاساسلىقى تاۋا شەكىللىك سۈت پاراشوكى ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلىتىلەتتى. 1962 - يىلى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە شىنجاڭ بويىچە تاۋا شەكىللىك سۈت پاراشوكى ئىشلەش ئۈسكۈنىسىدىن تەخمىنەن 300 ى بار ئىكەن. 70 - يىللاردىن باشلاپ سۈت پاراشوكىنى پۈركۈپ پىششىقلايدىغان كىچىك سۈت پاراشوك زاۋۇتلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جايلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن، كۈنىگە 1 توننىدىن 2 تونىغىچە سۈتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان يۈرۈشلەشكەن پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ چارۋىچىلىق رايونلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى سېغىن كالا باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر تېز كۆپەيدى. 1983 - 1984 - يىللىرى قوتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا كۈنىگە 5 توننىدىن 10 تونىغىچە سۈتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان زاۋۇتتىن 8 ى قۇرۇلۇپ، سۈت پاراشوكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1400 تونىغا يەتتى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە چارۋىچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا بىرلەشمە كارخانىسى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى 10 يۈرۈش سۈت پاراشوكى ئىشلەش ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سۈت پاراشوكى ئىشلەش ئۈسكۈنىسى تەخمىنەن 130 يۈرۈشكە يەتتى.

## 4. قوي قىرقىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

قوينى ماشىنا بىلەن قىرقىش شىنجاڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 1) ماشىنا ـ سايمانلارنى سىرتتىن كىرگۈزۈش ئەھۋالى

1953 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « PCA—12 » تىپلىق توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇمشاق ئوقلۇق قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسىدىن 6 يۈرۈش سېتىۋېلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر يۈرۈشىدە 12 دانىدىن قىرقىش پىچىقى بار. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « 12 -3 » تىپلىق توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇمشاق ئوقلۇق قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسىدىن تەخمىنەن 50 ى سېتىۋېلىندى.

1959 ـ يىلدىن كېيىن، جۇڭخۇا قايچا ـ پىچاق زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن، يەككە پىچاقلىق، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان، ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان قوي قىرقىش ماشىنىسىدىن 100 نەچچىسى سېتىۋېلىندى؛ كېيىن يەنە شاڭخەيدە ئىشلەنگەن « ماشىنا ـ 3 ،0 » تىپلىق 4 باشلىق ماشىنىلاشقان قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسىدىن تەخمىنەن 400 ى سېتىۋېلىندى. ئەمما سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن كۆپىنچىسى ئىشلىتىلمىدى. 70 ـ يىللاردا شاڭخەي، تيەنجىن، ئىچكى موڭغۇللاردىن « 9MD—6R » ، « 9MDS—20 » تىپلىق، توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يۇمشاق ئوقلۇق قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسىدىن بىر قانچىسى سېتىۋېلىندى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن، يەككە باشلىق، بېنزىن بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسى، ئەنگىلىيىدە ئىشلەنگەن 50 تىپلىق ئالتۇن ماركىلىق « مېڭشىر ـ 2 » تىپلىق قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىلىرى ۋە « 279 » ، « 289 » تىپلىق قوي قىرقىش ماشىنا پىچىقى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلۈپ سىناق قىلىش ۋە لايىھىلەشتە پايدىلىنىلدى.

### 2) يەرلىكتە ئىشلەنگەن ماشىنا ـ سايمانلار

1960 ـ يىلى شىنجاڭ يەككە باشلىق، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان قوي قىرقىش ماشىنىسىدىن بىر قانچىنى ياسىغان بولسىمۇ، سۈپىتى ناچار بولغاچقا ئىشلىتىلمىدى. 1970 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىلىرىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 1970 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە « 9MDR — 6 » ، « 9MDR—10 » ، « 9MDR—20 » تىپلىق توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يۇمشاق ئوقلۇق قوي قىرقىش ماشىنىسىدىن 470 نى ئىشلەپچىقاردى. 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە « 9MZZ—16 » « 9MZZ—8 » ، تىپلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسىدىن 218 ى ئىشلەپچىقىرىلىپ، بىر قىسمى چىڭخەي، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە رايونلارغا سېتىلدى.

1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قوي قىرقىش ماشىنا ـ گۇرۇپپىسى 577 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەنگە قاراشلىق تۈەن ـ مەيدانلاردىكىسى 144، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 182، خەلق گۇڭشېسى سېستېمىسىدىكىسى 251.

1959 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 -20

| يىللار | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | يىللار | شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | بىڭتۈەن | يەرلىك | | | بىڭتۈەن | يەرلىك |
| 1959 | | 22 | 11 | 1973 | 360 | 118 | |
| 1960 | | 22 | 19 | 1974 | 326 | 95 | |
| 1961 | | 36 | | 1975 | 330 | 121 | 94 |
| 1962 | | 38 | 17 | 1976 | 341 | 110 | 115 |
| 1963 | 45 | 43 | | 1977 | 406 | 95 | 119 |
| 1964 | 74 | 44 | 28 | 1978 | 424 | 94 | 165 |
| 1965 | 74 | | | 1979 | 467 | 103 | 120 |
| 1966 | 76 | | | 1980 | 396 | 111 | 138 |
| 1967 | 77 | | | 1981 | 509 | 132 | 163 |
| 1968 | 79 | | | 1982 | 520 | 120 | 136 |
| 1969 | 81 | | | 1983 | 559 | 134 | 160 |
| 1970 | 278 | 88 | | 1984 | 539 | 123 | 255 |
| 1971 | 311 | 88 | | 1985 | 577 | 144 | 182 |
| 1972 | 348 | 86 | | | | | |

ئىزاھات: شىنجاڭ بويىچە جەمئىي دېگەندە خەلق گۇڭشېسى سىستېمىسىدىكى ئورۇنلاردا بار بولغان قوي قىرقىش ما- شىنىلىرىنىڭ سانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5 . تۈۋت تاراش ماشىنا ـ سايمانلىرى

شىنجاڭ ئۆچكە تۈۋتىنىڭ سۈپىتى ياخشى، بايلىقى مول بولۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، دۆلەتىمىزدە ئۆچكە تۈۋتى تاراش ماشىنىسى تەتقىق قىلىنىپ، ياسىلىشقا باشلىغانىدى، ئەمما ئىشلىتىلمىدى. 1983~1984 ـ يىللىرى شىنجاڭدا ئۆچكە تۈۋتى ۋە قوتاز تۈۋتىنى تاراشقا باب كېلىدىغان « 9RSH—88 » تىپلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق تۈۋت تاراش ماشىنىسى تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى. 2 ئەۋرىشكە ماشىنا ۋە 6 تۈۋت تاراش بېشى تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى. سىناق تەرىقىسىدە تارالغان ئۆچكە 343، يىغىۋېلىنغان تۈۋت 65.47 كىلوگرام؛ تارالغان ئۆچكە تېرىسى 872 پارچە، يىغىۋېلىنغان تۈۋت 58.5 كىلوگرام، پاكىزە تاراش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 97.2% كە يېتىپ، تۈۋتنى قول بىلەن تارىغانغا قارىغاندا ئۈنۈم 9.1 ھەسسە ئاشتى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمىدى.

## 6 . قوي يۇڭىنى تايلاش ماشىنا ـ سايمانلىرى

بۇ خىل ماشىنىلار توك بىلەن قوزغىتىلىدىغان ۋە قول بىلەن قوزغىتىلىدىغان دەپ 2 گە بۆلۈنىدۇ. 60 ـ يىللاردا چىگىخېي ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن « 9SY » تىپلىق تايلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ ماشىنا بىلەن سائىتىگە 5 تىن 10 بولاقىچە تايلىغىلى بولىدۇ، ھەر بىر بولاقنىڭ ئېغىرلىقى 30—35 كىلوگرام ياكى 50—55 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسىدە « DB—66 » تىپلىق قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پىشانگىسمان تايلاش ماشىنىسى ياسالغان بولۇپ، تايلانغان بولاقنىڭ ئېغىرلىقى 70—80 كىلوگرامغىچە كېلەتتى.

1976 ـ يىلى كۇنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى قول ۋە توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان قوي يۇڭى تايلاش ماشىنىلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياسىدى. 1980 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن 20 دانە تايلاش ماشىنىسى سېتىۋالدى. 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە قوي يۇڭىنى ماشىنىدا قىرقىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن 177 تايلاش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1983 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، كۇنەس نەسىللىك قوي فېرمىلىرىغا « شەنشى 74 -1 » تىپلىق غالتەكسىمان قوي يۇڭى تايلاش ماشىنىسىدىن بىر قانچىنى تەقدىم قىلدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپلىق قوي يۇڭى تايلاش ماشىنىسى 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پىشانگىسمان تايلاش ماشىنىسى كۆپرەك.

## 5§ . كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ماشىنا - سايمانلىرى

شىنجاڭ چارۋىلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرگە قارىتا تۇمانلاشتۇرۇپ دورا پۈركۈش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئىممونىتېتلاش، ۋاننىلاش ۋە دورا تامچىلىتىش ئارقىلىق يۇيۇش، دورا ئارقىلىق قۇرت يوقىتىش، دېزىنفېكسىيە قىلىپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە ئۇنى يوقاتقانىدى. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1 . تۇمانلاشتۇرۇپ دورا پۈركۈش ئەسۋابى

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۇمانلاشتۇرۇپ دورا پۈركۈش ئەسۋابى سېتىۋېلىنىپ، مال - پادىلاردا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىكروب يوقىتىشقا ئىشلىتىلگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا پۈركۈش ئەسۋابى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلدى ۋە مىكروب يوقىتىلدى. ھەر قېتىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىلاردا كېسەل كۆرۈلگەندە قوتان ئىچى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ئېغىزى ۋە شىنجاڭدىكى قاتناش ئېغىزلىرىدا توساق قۇرۇلۇپ، دورا سايمانلىرى، دورا كۆلچىكى ئارقىلىق ئۆتكەن - كەچكەن ئادەم، چارۋا، قاتناش ۋاسىتىلىرى دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

### 2 . تۇمانلاشتۇرۇپ ئىممونىتېتلاش ماشىنا - سايمانلىرى

70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدا تۇمانلاشتۇرۇپ ئىممونىتېتلاش ماشىنىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەنىدى. 1973 - يىلى چېڭخەي ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن «9WM—2» تىپلىق تۇمانلاشتۇرۇپ ئىممونىتېتلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. 1977 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سېتىۋېلىنغىنى 300 نەچچىگە يەتتى. 5 يىل ئىچىدە كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنغان چارۋا 54 مىليون 630 مىڭ تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇمانلاشتۇرۇپ ئىممونىتېتلانغىنى 70% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇ برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 1978 - يىلى يەنە 111 ماشىنا سېتىۋېلىنىپ، چېگرىغا جايلاشقان 31 ناھىيىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1976 - يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 145 - تۇەنى ئۆزلىكىدىن تىزگىنلىنىدىغان تۇمانلاشتۇرغۇچ ۋە ئۆزى ئايلىنىدىغان تۇمانلاشتۇرغۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. 1980 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى يەنە سىمسىز، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان تۇمانلاشتۇرۇپ ئىممونىتېتلاش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، بۇنىڭ

بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلار نەق مەيداندا تۇرمىسىمۇ بولىدىغان بولدى، شۇنداق بولغاندا كۈنىگە 7000 دىن 10 مىڭغىچە قوينى ئىممۇنىتېتلىغىلى بولىدۇ.

## 3. دورا بىلەن ۋاننىلاش ۋە دورا تامچىلىتىش ئۈسكۈنىلىرى

### 1) دورا بىلەن ۋاننىلاش ئۈسكۈنىلىرى

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئاددىي دورا كۆلچىكى ئارقىلىق كالا، قوي، تۆگە قاتارلىقلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرت كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغاندى، ئەنئەنىۋى، مۇقىم دورا كۆلچىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8—10 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتىر. دورا كۆلچىكىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا تەييارلىق قوتىنى، چىقىش ئېغىزىدا تىزگىنلەش قوتىنى بار. بۇ خىل كۆلچەكلەر چارۋىلار كۆپ رايونلاردا ئىشلىتىلىدۇ. 1978 - يىلى بورتالا ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 89 - تۇەنى يۆتكەپ - ئۆزۈشكە بولىدىغان قوي ۋاننىلاش كۆلچىكىنى ياساپ چىقتى. بۇ خىل كۆلچەكنىڭ بېشىدا تەييارلىق قوتىنى، ئوتتۇرىدا يۇيۇش قوتىنى، ئاخىرىدا چىقىرىش قوتىنى بار. ۋاننىلاش قوتىنىغا بىر قېتىمدا 60 تىن 80 كىچە قورامىغا يەتكەن قوي كىرگۈزۈلىدۇ. بىر قېتىملىق خىزمەت مۇددىتى 5 - 6 مىنۇتقىچە بولۇپ، 4 ئادەم سائەتتە 300 دانە قوينى ۋاننىلايدۇ. كۈزدە قويلارنىڭ يۇڭى بىر قەدەر قويۇق بولغاچقا، قويلارنى موشۇ ئۈسكۈنىدە ياكى دورا كۆلچىكى ئارقىلىق ۋاننىلىغاندا ئۈنۈمى قول بىلەن يۇيغانغا قارىغاندا 3 ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى بولىدۇ.

### 2) دورا تامچىلىتىش ئۈسكۈنىسى

1975 - يىلى شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە تۇنجى بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرىنى ۋاننىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان «PAL—8» تىپلىق ئۈسكۈنىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ ئۈسكۈنە 1976 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى تەرىپىدىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1980 - يىلغا كەلگەندە بۇنىڭدىن 218 يۈرۈش ياسالدى. بۇ خىل ئۈسكۈنە يەر يۈزى قۇرۇلۇشى ۋە ماشىنىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا سائەتتە يۇڭى قىرقىلغان قويدىن 1000 دىن 1500 گىچە، ئۇزۇن يۇڭلۇق قويدىن 800 دىن 1000 غىچە، ئات - كالىدىن 150 تىن 200 گىچە، تۆگىدىن 60 تىن 80 گىچە يۇيغىلى بولىدۇ.

## 4. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆچمە ماشىنىلىرى

1977 - يىلدىن ئىلگىرى كۆچۈپ يۈرۈپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كۆپىنچە كىچىك تىپلىق ھەممىباب ئاپتوموبىللار ئىشلىتىلەتتى. 1977 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆچمە ئاپتوموبىلىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1979 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى) «XJ—130» تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆچمە ئاپتوموبىلىنى ياساپ چىقتى. بۇ ئاپتومو-

بىلىنىڭ ئىچىگە تۇگۇلاتتى، باكتېرىيىسىز مەشغۇلات ساندۇقى، ئېلېكترلىك تۇراقلىق تېمپېراتۇرىدا ئۇستۇرۇش ساندۇقى، بىئولوگىيە مىكروسكوپى، يۇقىرى بېسىملىق ھور بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش ئەسۋابى قاتارلىق 10 خىل داۋالاش لابوراتورىيە سايمانلىرى شۇنداقلا ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى، توك تەقسىملەش ساندۇقى، خىزمەت ئۈستىلى، پارلاندۇرۇلغان سۇنى ساقلاش ئەسۋابى قاتارلىقلار سەپلەنگەن بولۇپ، يەنە 6 ئورۇندۇق بار. ئۈسكۈنىلەرنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇشقا بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ۋاكسىنا ياكى دورا بويۇملىرىنى قاچىلاشقا بولىدۇ. بۇ ماشىنا بىر كىچىك چارۋا دوختۇرخانىسىغا ئوخشايدۇ. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئاپتوموبىل 80 نەچچىگە يەتتى.

## § 6 . باقمىچىلىق مەيدانى ۋە قۇشخانا

### 1 . ماشىنىلاشقان چوشقا بېقىش مەيدانى

شىنجاڭنىڭ چوشقىچىلىقى ئاساسلىقى خەنزۇلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر ۋە بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا مەركەزلەشكەن. ماشىنىلاشقان چوشقا بېقىشتا 2 قېتىم ئۆرلەش - پەسىيىش بولدى.

1959 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە سايمان ئىسلاھاتى مەزمۇن قىلىنغان ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان چوشقىچىلىق يولغا قويۇلدى. ماشىنىلاشقان مەشغۇلات دېگەندە ئاساسلىقى، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش، قايناتىش، سۇغىرىش، مەيدان ئىچىدە توشۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش، قوتان بىلەن يەمەكلىكنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1959 - يىل 5 - ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پونكىتى ئۆزىدە بار بولغان يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى، «3K—0.5» تىپلىق قايناتىش ئەسۋابى، ئۆزى ياسىۋالغان قايناتىش تۈگى، كۆپ شىرىنلىق يەم - خەشەك توغراش ماشىنىسى، ياغاچ رېلىس ۋە ۋاگون شۇنداقلا سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، 2000 تۇياق چوشقا بېقىشقا بولىدىغان، يېرىم ماشىنىلاشقان چوشقىچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش، قايناتىش، توشۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، سۇغىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1960 - يىل 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 7 - شىغا قاراشلىق چىپەيزە 2 - مەيدانى ماشىنىلاشتۇرۇش تەجرىبە پونكىتى يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان چوشقىچىلىق مەيدانى قۇردى. شۇ ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى بىڭتۇەننىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ 5000 تۇياقتىن تۆۋەن چوشقا بېقىشقا ماس كېلىدىغان «يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش لايىھىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى دېھقانچە-

لىق، چارۋىچىلىق تۈمەن - مەيدانلىرى مۇشۇ لايىھەدىن پايدىلىنىپ، ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان چوشقىچىلىق مەيدانى قۇردى.

1973 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش، ئارىلاشتۇرۇش، قايناتىش، سىلوس بوتقىسى تەييارلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە سۇغىرىش، مەيدان ئىچىدىكى توشۇشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىپ، ئاز ساندىكى چوشقىچىلىق مەيدانلىرىدا يەم بېرىش يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇلدى. 1977 - يىلى ئۈرۈمچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىگە قاراشلىق 104 - تۈمەن ماشىنىلاشقان چوشقىچىلىق مەيدانى قۇردى. 1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى بۇ ئورۇننى يەم - خەشەك ماشىنىسى ۋە ۋاگونى بىلەن تەمىنلىدى. كېيىن ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى بۇ خىل ماشىنا، ۋاگوندىن 10 نەچچە يۈرۈش ياساپ ئومۇملاشتۇردى. 1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق ئىدارىسى چوشقىچىلىق سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، 2 - 3 يىل ئىچىدە ھەممە چوشقىچىلىق دۇيىدە ئۇۋاقلاش ماشىنىسى، بوتقا تەييارلاش ماشىنىسى بولۇش؛ كۆلىمى چوڭراق چوشقىچىلىق مەيدانلىرىدا سۇغىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يەم - خەشەك ئارىلاشتۇرۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ماتېرىيال توشۇشنى ۋاگونلاشتۇرۇشنى قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 2 . ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى

1975 - يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى توخۇ فېرمىلىرىدا بىر قىسىم ئىشلار ماشىنا بىلەن ئىشلىنەتتى، مەسىلەن: تۇخۇم بېسىپ چۈجە چىقىرىش، يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش، يەم بېرىش، سۇغىرىش دېگەندەك.

1975 - يىلى بىكىتىلگەن ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدا تۇنجى بولۇپ، ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى قۇرۇلۇپ، ئىلگىرى تۈز يەردە بېقىلغان نەچچە 10 مىڭ توخۇنى پەلەمپەي شەكىللىك كاتەكتە باقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 سېخنىڭ يەم - خەشەك پىششىقلاش، ئارىلاشتۇرۇش، يەم بېرىش، سۇغىرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ماشىنىلاشتى، توخۇ پوقى سۈنئىي ئۇسۇلدا سۇ بىلەن ئېرىغدالدى. 1978 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدىن باۋ چۈنىۋ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىنىڭ ماشىنىلاشقان ئۇسۇلدا توخۇ بېقىش سېخى ئۈچۈن لايىھىلەپ بەرگەن ماشىنا ئارقىلىق يەم بېرىش، ئاپتوماتىك سۇغىرىش، توخۇ پوقىنى ماشىنا بىلەن ئادالاش، سۈنئىي ئۇسۇلدا تۇخۇم يىغىش ئەسلىھەلىرى 5600 دانە توخۇنى پەلەمپەي شەكىللىك كاتەكتە بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەشغۇلات ماشىنىلاشقاندىن كېيىن قۇرۇلۇشنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى توخۇنى تۈز يەردە باققانغا قارىغاندا 4 ھەسسىدىن 6 ھەسسىگىچە ئېشىپ، ئادەم 7 دىن 6 قىسىم ئازايدى.

1979 - يىلدىن كېيىن يەرلىك ئورۇنلار قىسىم ۋە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قاتارلىق سىستېمىلار بىر مۇنچە ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىلىرىنى قۇردى.

1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق - سانائەت - سودا بىرلەشمە كارخانا شىركىتى جۇڭگو چارۋىچىلىق - سانائەت - سودا بىرلەشمىسى كارخانا باش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە 28 مىليون 5000 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى شەر دۆڭدە زامانىۋى توخۇ فېرمىسى — خۇاشىن توخۇ - تۇخۇم شىركىتى قۇرۇپ، 200 مىڭ دانە توخۇ باقتى، 20 مىڭ دانە نەسىللىك توخۇنى كاتەكتە باقتى. 1984 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 210 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، ماشىنىلاشقان توخۇ - تۇخۇم فېرمىسىدىن 1 نى قۇردى. 1985 - يىلى خەلق ئىشلار نازارىتى ئۈرۈمچىنىڭ شۇدىبوپو دېگەن يېرىدە 70 مىڭ دانە توخۇ بېقىشقا بولىدىغان ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى قۇردى.

1980 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى، سانجى، ئالتاي، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردىكى يېزىلاردا توخۇ بېقىش كەسىپى ئائىلىلىرى قەددەممۇ قەدەم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نىسبەتلەشتۈرۈلگەن يەم - خەشەك ۋە كاتەكلەرنى سېتىۋېلىپ توخۇ باقتى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى 1000 دىن ئوشۇق توخۇ باققۇچى ئائىلە توخۇنى كاتەكتە باقتى، كاتەكتە بېقىلغان توخۇ 500 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

### 3. توخۇ، ئۆردەكلەرنى ماشىنىدا بوغۇزلاش

1985 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەرگوڭ يېزىسى جيۇجياۋەننىڭ مالباۋدى دېگەن يېرىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ يىلىغا 3 مىليون دانە توخۇ، ئۆردەكنى ماشىنا بىلەن بوغۇزلاپ، سوغۇق ساقلايدىغان قۇشخانا قۇردى. بۇ قۇشخانىنىڭ ئۆلتۈرۈش (مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ئادىتى بويىچە)، ئىچىنى تازىلاشتىن باشقا مەشغۇلاتلىرى ماشىنىلاشتى.

## V باب

# يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى

شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنە كۆپىنچە دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىپ، ئۇزۇن - ئۇزۇندىن تەمىنلەپ كەلگەنىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى شال ئاقلاش، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، چىگىت ئايرىش قاتارلىقلار بار ئىدى. كۆپىنچە كىچىك تىپلىق ماشىنىلار ياكى يېرىم ماشىنىلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلگەنلىكتىن، مەھسۇلات چىقىش نىسبىتى ئادەتتە چوڭ تىپلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭكىدىن %2—%5 تۆۋەن ئىدى.

## 1 § . ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنا - سايمانلىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئاساسلىقى تاش تۈگمەن، تاش يارغۇنچاق، تاش سوقا، ياغاچ ئوغۇر قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇن تارتىلاتتى ۋە شال ئاقلىناتتى. ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى، سۇ كۈچى ئېنېرگىيە قىلىناتتى. ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئۇن تارتىلىدىغان تۈگمەن كۆپىنچە يېزىلارغا تارقالغان، سۇ كۈچى ئېنېرگىيە قىلىنىدىغان سۇ تۈگمەنلىرى ناھىيە بازارلىرىغا كۆپرەك مەركەزلەشكەنىدى. بىر تاشلىق ياكى كۆپ تاشلىق تۈگمەنلەردە ئۇن تارتىلاتتى، بىر ئۆستەڭ سۈيى بىلەن بىر قانچە تاش تۈگمەن چۆگىلەيتتى. ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمگو رايونى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان 18 تاش تۈگمەن قاتارلىق يەر ناملىرى مۇشۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈگمەننىڭ كۆپلىكىگە قاراپ قويۇلغان. 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچىدە كەينى - كەينىدىن سۇ تۈگمىنى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى ( 1940 - يىلى) تۈگمەن 104 كە، تۈگمەن تېشى 135 كە يەتتى. مىنگونىڭ 27 - يىلى ( 1938 - يىلى) (سوۋېتلىك) ئوچىۋاتكىننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: 2 تاشنىڭ بىرىنى ئۈستىگە، بىرىنى ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق تۈگمەن قوراشتۇرۇلىدۇ، سۇ كۈچى بىلەن چاقپىلەك ئايلاندۇرۇلىدۇ ياكى ئۇلاغ كۈچىدىن پايدىلىنىپ چۆگىلىتىلىدۇ. سۇ تۈگمىنىنىڭ بىر سوتكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى 3 سېنتنېردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلاغ كۈچى بىلەن چۆگىلىتىلىدىغان تۈگمەن بىر سوتكىدا بىر سېنتنېر ئۇن تارتىدۇ، تارتىلغان ئۇننىڭ سۈپىتى ناھايىتى ناچار بولىدۇ.

مىنگونىڭ 6 - يىلى ( 1917 - يىلى) شىنجاڭدا ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتىلىشقا باشلىدى. شې بىننىڭ «شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» دە مىنگونىڭ 6 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «ئۈرۈمچىلىك خۇيزۇ ماجىگىيۇەن يېقىنچە سۇ تۈگمىنى قۇرغان، ئۇنىڭ ئۆيى غەربچە سېلىنغان، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ روسىيىلىكتىن تۈگمەن سېتىۋالغان بولۇپ، تۈگمەن كۈنىگە 40 دادەن بۇغداي ئۇنى تارتتى». 1942 - يىل 9 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» گۇچۇڭ ناھىيىسىدە «جىنشىن»، «يۈگشىن»، «يۈگچاڭ»، «جۇڭخۇا» دىن ئىبارەت 4 تۈگمەننىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇ تۈگمەنلەردە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئاددىي قۇرۇلمىلىق ياغاچ ماشىنا ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن، دېمەك ئوق، چاقپىلەك ھەرىكەت ئۆزۈتۈش ئاغامچىسى، ھەرىكەت ئۆزۈتۈش تاسمىسى ئارقىلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ئەلگەك، سۈزگۈچ، بۇغداي ئاقلاش ماشىنىسى ۋە نەمدەش ماشىنىسى، سۆكەننى ھەرىكەتلەندۈرگەن، پوستەكچى تۈگمەنگە قاراشقا، ئۇن يىغىشقا مەسئۇل بولغان. بۇ تۈگمەنلەردىن چىققان ئۇن، ئۈچ ئۇن، ئوتتۇراھال ئۇن، دۆۋەز ۋە كېپەك دەپ 4 خىلغا ئايرىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، يېزىلاردا، ناھىيە بازارلىرىدا يەنىلا ئۇلاغ كۈچى، سۇ كۈچى ئېنېرگىيە قىلىنىپ ئۇن تارتىلدى، شال ئاقلاندى ھەمدە ھەر قايسى جايلار تۈگمەنلەرنى كۆپەيتتى. بىڭتۇەننىڭ بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىمۇ سۇ تۈگمىنى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1960 - يىل 9 - ئايدا «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ پراكتىكانت ئوقۇغۇچىسى يازغان «چېچەيزى 2 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ تۈگمىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇلدى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «يېزا ئىگىلىك 7 - شى چېچەيزى 2 - دېھقانچىلىق مەيدانى بۇلتۇر بىر سۇ تۈگمىنى قۇردى. بۇ تۈگمەن 3 تاشلىق بولۇپ، ئادەتتىكى سۇغىرىش ئۆستىڭىگە قۇرۇلدى. تۈگمەن تاشلىرى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ، باشقا ئىشلار ئادەم كۈچى بىلەن قىلىنىدۇ، بىر سوتكىدا 1800 كىلوگرام ئۇن چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار. بۇ يىل يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇن تارتىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئىش ئۈنۈمى 3 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى».

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن توك تۈگمەن، شال ئاقلاش ماشىنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1960 - يىلى شىنجاڭ بويىچە توك تۈگمەن ۋە شال ئاقلاش ماشىنىسى 144 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توك تۈگمەن %90 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. 1962 - يىلى شىنجاڭدا ئۈرۈمچى ئاشلىق - ماي ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق - ماي ماشىنىلىرىنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ باردى. 1970 - يىلى شىنجاڭ بويىچە توك تۈگمىنى ۋە شال ئاقلاش ماشىنىسى 3470 كە يەتتى. بۇ 1960 - يىلدىكىنىڭ 24 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1970 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا فۇكاڭ ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، بىڭتۇەن 2 شى 2 - تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتى (لوپنۇر ناھىيىسى ئۇلۇغ) دىن ئىبارەت 9 زاۋۇت كىچىك تىپلىق توك تۈگمەن، تاش تولۇقلۇق، تۆمۈر تولۇقلۇق شال ئاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ياساش ئورنى قىلىپ تاللاپ بېكىتىلدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1000 دانىدىن يۇقىرى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئىقتىدارى كۈنسايىن ئېشىپ باردى. 1980 - يىلى 13 مىڭدىن كۆپرەككە، 1985 - يىلى 21 مىڭ 200 دىن كۆپرەككە يەتتى.

شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن توك تۈگمەنلەرنى سېتىۋېلىشتا ياكى ئۆزلىرى توك تۈگمەن ئىشلەپچىقىرىشتا تولۇق شەكىللىك تۈگمەننى ئاساس قىلدى. ماشىنا تىپلىرىدىن «MF—125»، «20—180» تىپلىق ماشىنىلار بولۇپ، چاسا ئەلگەك ۋە يۇمىلاق ئەلگەك سەپلەندى. ئاز مىقداردا «150» تىپلىق ماشىنىمۇ بار ئىدى. بۇ ماشىنىنى توشۇش ۋە قۇراشتۇرۇش قولايلىق بولۇپ، ماشىنا، توك، سۇ كۈچى تېجىلىپ قالىدۇ، بۇ ماشىنىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك تىپلىق ئۇن تارتىدىغان

يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، ئاھالىلەر بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ بازارلار-
دا ئىشلىتىلدى، ئۇنىڭدا ئۇگۇت قويۇش، تازىلاش، تارتىش، تاسقاش، ئۇن بولۇپ چىق-
قىچە بولغان جەريانلار ماشىنا ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. يەككە ماشىنىغا سېلىشتۇرغاندا بۇنىڭ
ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەن؛ چاڭ ـ توزان ئاز، بىر تونىنا ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئازغىنە توك
كېتىدۇ. 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۇن تارتىش
ماشىنىلىرىنى سىناپ ئىشلىتىش، تېپىنى تاللاش يىغىنىدا «18—20» تىپلىق يۇمىلاق ئەلگەك-
لىك، تولۇق شەكىللىك تۈگمەنگە ئاپتوماتىك ماتېرىيال سېلىنىدىغان ئۈسكۈنە سەپلەنگەن
ئۇن تارتىش ماشىنىسى گۇرۇپپىسىنى مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىش قارار قىلىندى. شىنجاڭدى-
كى ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئاز ساندىكى كەسپىي ئائىلىلەر بۇ خىل تۈگمەننى سېتى-
ۋېلىپ سىناپ ئىشلەتتى. بۇ تۈگمەندە بىر ئادەم مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ، بىر كۈندە بىر تون-
نا ئۇن تارتقىلى بولىدۇ، بىر توننا ئۇن تارتىش ئۈچۈن سەرپ بولىدىغان توكنىڭ ۋە شاۋ-
قۇننىڭ ئازلىقى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېجەپ قېلىنىشى باشقا تىپتىكى ماشىنىلاردىن
ياخشى بولغان.

شال ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ سانى ئۇن تارتىش ماشىنىلىرىدىن ئاز بولۇپ، باشقا
جايلاردىن سېتىۋېلىنغان ياكى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ماشىنا تىپلىرى ئىچىدە «632—LN»
ۋە «300—6NS» تىپلىق ئارىلاشما ئاقارتقۇچى تۆمۈر تولۇقلۇق شال ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ
سانى ئەڭ كۆپ. بۇنىڭدا شالنى ئاق گۈرۈچ قىلىپ ئاقلاش ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلدى.
ماشىنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئەمما ئاقلايدىغان شال ئاز، ئاق ئۇش-
شاق كۆپ بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى. ئۈنۈمى ناھىيىسى بۇ خىل ماشىنىنى ئىشلەتكەن.
گۈرۈچ چىقىش نىسبىتى ئادەتتە %60~%68، ئاق ئۇششاق نىسبىتى %30~%40 ئەتراپىدا
بولغان، شال توپىنى پاكىز ئايرىلمىغان، گۈرۈچ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار بولغان.

ئۇن تارتىش ۋە شال ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى. بۇ-
نى جەدۋەل: 1—22 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

## § 2 . ياغ تارتىش ماشىنا ـسايمانلىرى

يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت يانچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياغ تارتىلىپ
كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئادەم ۋە
ئۇلاغ كۈچى بىلەن شىنا شەكىللىك ياغ تارتىش ئەسۋابى يەنى جوۋاز ئىشلىتىلگەن. ئىشلىتىل-
گەن ئەسۋاب بىلەن ياغ تارتىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، جوۋازمۇ چوڭ ـ
كىچىككە ئايرىلغان، ئۇچىۋاتكىنىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش دوكلا-
تى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «چوڭ جوۋازدا ياغ تارتىشتا، ئالدى بىلەن ياغلىق
دانىنى تۆمۈر قازانغا سېلىپ قورۇپ، ئاندىن ئۇلاغ كۈچى بىلەن تارتىلىدىغان تۈگمەنگە سې-

لىپ ئېزىپ ، ئېزىلگەن گۆجىنى ئوتتۇرىسىغا نۇرغۇن يۇلۇك رەختىلەر سېلىنغان تۆمۈر تاۋاقىغا سېلىپ ياخشى ئوراپ ، ئاندىن قايتا يەنە مۇقىم ياغاچ ئوقۇرى بار ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىچىگە سېلىپ ، ياغاچ كالتەك بىلەن سوقۇپ ، ياغاچ شىنا ئىچىگە كىرگۈزۈپ يانچىپ ياغ چىقىرىلىدۇ ، سىقىلغان ياغ نوكەش ئارقىلىق ياغ كۆلچىكىگە قويۇلىدۇ . كۈنىگە تەخمىنەن 10 كىلوگرام ياغ تارتىلىدۇ . كىچىك جۇۋازدا ياغ تارتىشتا ئالدى بىلەن ياغلىق دان بىۋاستە چوڭ يۇمىلاق ياغاچنى ياسالغان ، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن گۈندا ئىچىگە قويۇلىدۇ ، گۈندىنىڭ ئەتراپى يەر ئاستىدىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە چىقىپ تۇرىدۇ . گۈندىنىڭ ئىچىگە كونۇس شەكىللىك ئوق قويۇلىدۇ ، بۇ ئادەم ياكى ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق چۆگىلىتىلىدۇ ، يانتۇ قويۇلغان ئوق گۈندىنى بويلاپ ئايلىنىپ ياغلىق داننى ئېزىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ياغ چىقىدۇ . كۈنىگە تەخمىنەن 2 كىلوگرام ياغ تارتىلىدۇ ، تارتىلغان ياغ دۇغ بولىدۇ » .

1951 - يىلى شىنجاڭ ماشىنا زاۋۇتى رېزبىلىق كالتەكسىمان ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 15 نى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى . 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ماتورلۇق پرېس شەكىللىك ۋە ئادەم كۈچى بىلەن تارتىلىدىغان تۈۋرۈك شەكىللىك سۇيۇقلۇق بېسىملىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئاز مىقداردا سېتىۋېلىندى . 1960 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇ خىل ماشىنا 87 گە يېتىپ ، كۆپىنچە بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلدى .

1985 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى ئۇنىۋېرسال ماشىنا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار « 60 » تىپلىق ماتورلۇق پرېس شەكىللىك ياغ تارتىش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى . 1962 - يىلى ئۈرۈمچى ئۇن ، ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتى ، كىچىك تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقاردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىنغان ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى . 1970 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى 850 كە يەتتى . بۇ 1960 - يىلدىكىنىڭ 9.77 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ . يەرلىك سىستېمىلار ئومۇم سانىنىڭ 81% نى ئىگىلىدى .

1970 - يىلدىن كېيىن ، ئىلى ئوبلاستى ، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ ، « 60 ، 78 ، 95 » تىپلىق پرېس شەكىللىك ۋە 4 تۈۋرۈك شەكىللىك ، سۇيۇقلۇق بېسىملىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 600 دىن كۆپرەككە يەتتى . بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى )2 - تراكتور رېمونت زاۋۇتى 1972 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە جەمئىي « 95 » تىپلىق پرېسلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 900 دىن كۆپرەكنى ، زاپچاسلىرىدىن 2000 يۈرۈشتىن كۆپرەكنى ياسىدى ، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا ئاساسلىق ماشىنىدىن 150نى ، زاپچاستىن 500 يۈرۈشنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارنى شەكىللەندۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن « 150 » تىپلىق پرېسلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ۋە 4 تۈۋرۈكلۈك سۇيۇقلۇق بېسىملىق ياغ تارتىش ما-

شىنلىرى سېتىۋېلىندى. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ياغ تارتىش ماشىنىسى 3382 گە يەتـ
تى، بۇ 1970 ـ يىلدىكىنىڭ 3.95 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 1985 ـ يىلى 6963 كە يېتىپ،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بىردىن توغرا كەلدى. ياغ تارتىش
ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىنى جەدۋەل: 1—22 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

## 3 § . چىگىت ئايرىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

شىنجاڭدا پاختا توقۇمىچىلىق كەسپى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. يېزىلاردا ئۇزۇن
مۇددەت ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان چىگىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى چىغرىق ياكى چولۇق دەپ ئاتىلىـ
دۇ. چولۇق پىچاق شەكلىدە بولىدۇ. كۈنىگە 8 كىلوگرامدىن 10 كىلوگرامغىچە ساپ پاختا
ئايرىلىدۇ. چىغرىق قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ يەنى بىر ـ بىرسىگە قارمۇ قارشى ئايلىنىـ
دىغان دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان 2 كالتەك ئوڭ ـ
سول 2 تەرەپكە قويۇلغان 2 تال تىك تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدۇ، بىر قولدا
ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ يەنە بىر قولدا پاختا ئېلىنىدۇ. كۈنىگە تەخمىنەن 1 كىلوگرامدىن 2 كىـ
لوگرامغىچە ساپ پاختا ئايرىلىدۇ.

منگو دەۋرىدىن باشلاپلا يېرىم ماشىنىلاشقان ۋە ماشىنىلاشقان چىگىت ئايرىش ماشىنىـ
سى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. شيې بىنىڭ «شىنجاڭنى سایاھەت قىلىش خاتىرىسى» دا منگو-
نىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «قەشقەر
كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدا ئۆمەرباي قۇرغان پاختا زاۋۇتى بو-
لۇپ، زاۋۇتنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. 4 ماشىنىسى بار ئىكەن، بۇنىڭ 2 سى تېخى
ئىشلىتىلمىگەن ئىكەن. سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىكەن، ھەر بىر ماشىنا كۈ-
نىگە 12 مىڭ جىڭ پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدىكەن، تېخىنىڭ ئۈستىسى روسىيىلىك ئىكەن،
پاختا قاچىلاشتا ماشىنا ئىشلىتىلىدىكەن، ئەپسۇسكى چاقى ئادەم كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇلىـ
دىكەن، سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆزگەرتىلمەپتۇ». تۇرپان، پىچان، كورلا قاتارلىق ناھـ
ىيەلەردىمۇ ماشىنىلاشقان چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ھەرە چىشلىق چىگىت ئايرىش ما-
شىنىلىرى ئىشلىتىلگەن. منگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ئۈچىۋاتكىنىڭ «جەنۇبىي شىنـ
جاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: 25 ~ 30
يىللار ئىلگىرى (1908~1913 ـ يىللىرى) تۇرغۇن جايلاردا زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرە
چىشلىق پاختا تازىلاش ماشىنىلىرى بايقالغان. تۇرپان رايونىدا بۇ خىل ماشىنا ئەڭ كەڭ قول-
لىنىلغان. بۇ ماشىنا سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. تۇرپان ناھىيىسىدە
14 زاۋۇت بولۇپ، ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى 895 ھەرە چىشلىق ماشىنىغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچـ
دە 9 زاۋۇتنىڭ ھەرە چىشلىق ماشىنىسى 575 بولۇپ، كۆپىنچە ناھىيە بازارلىرىغا ياكى يېقىن
ئەتراپتىكى جايلارغا مەركەزلەشكەن. پىچان ناھىيىسىدە 15 زاۋۇت بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى
770 ھەرە چىشلىق ماشىنىغا يەتكەن، توقسۇن ناھىيىسىدە پەقەتلا 2 زاۋۇت بولۇپ، ئەمەلىي

كۈچى 85 ھەرە چىشلىق ماشىنىغا يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا كورلا ناھىيىسىدە 6 كىچىك زاۋۇت، قەشقەردە بىر چوڭ زاۋۇت بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى 160 ھەرە چىشلىق ماشىنىغا يەتكەن. بارلىق زاۋۇتلار ئىشلەتكەن پاختا تازىلاش ماشىنىلىرى ئامېرىكىنىڭ كونا پاختا تازىلاش ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت بولغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەرە چىشلىق پاختا ئايرىش ماشىنىلىرى سېتىۋېلىنغان. تۇرپان ۋە ئاستانىدە يېڭى قۇرۇلمىلىق، مۇرەككەپ شەكىللىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسىدىن 180 ى بار بولغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى )1 - ئايدا « شىنجاڭ گېزىتى » دە يەكەن قۇرۇلۇش ئىدارىسى چىگىت ئايرىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش ئۈچۈن، مەكىت ناھىيىسىدە چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇپ، بۇرۇنقى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماشىنىنى ئات كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماشىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەن.

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاسمىلىق، تولۇق شەكىللىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى بەلگىلىك مىقدارنى ئىگىلىگەن. بۇ ماشىنا پۇت بىلەن دەسسەپ ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن ياكى چارۋا، سۇ كۈچى ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان، كۈنىگە 15 كىلوگرامدىن 20 كىلوگرامغىچە پاختا ئايرىلغان. تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، مەھسۇلات مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشتى. خىلمۇخىل شەكىلدىكى چىگىت ئايرىش، پاختا تازىلاش، قىسقا تۈۋىت ئايرىش، تايلاش قاتارلىق بىر تۈركۈم دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرىنىڭ سانى 338 گە يەتتى. دائىم ئىشلىتىلىدىغان چىگىت ئايرىش ماشىنىسى 2 خىل بولۇپ، بىرى تاسمىلىق تولۇق شەكىلدىكىسى، بۇنىڭدىن 32 ئېنگىلىزچىسى كېلىدىغان « 800 » تىپلىق ۋە « 812 » تىپلىقلىرى بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردا 28 ئېنگىلىزچىسى كېلىدىغان « 710 » تىپلىقلىرىمۇ بار. بۇ ماشىنا ئۇزۇن تالالىق پاختا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك پاختا چىگىتىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى ھەرە چىشلىق شەكىلدىكىسى بولۇپ، كۆپ ئىشلىتىدىغانلىرىدىن « MYJ—40.80 » ۋە « JYB—20 » تىپلىقلىرى بار. بۇ ماشىنا ئادەتتىكى پاختا چىگىتىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. 70 - يىللاردىن كېيىن ماشىنىلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. 1975 - يىلى چىگىت ئايرىش ماشىنىسى 1448 گە، 1985 - يىلى 2821 گە يەتتى. پاختا تايلاش ماشىنىسى ئادەتتە پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار بولدى. مەخسۇس پاختا تازىلاش، قىسقا تۈۋىت ئايرىش ماشىنىلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز.

شىنجاڭنىڭ چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرىنى ياساش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز. 1958 - يىلى بىڭتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ ھەممىباب ماشىنىلار زاۋۇتى « تەڭرىتاغ -1.5 » تىپلىق ھەرە چىشلىق پاختا تازىلاش ماشىنىسىدىن بىر نەچچىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىغان (غوزىنى ۋە يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئەخلەت ئارىلىشىپ قالغان پاختىنى تازىلىغان). 1959 -

يىلى يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ شىيابىدى تراكتور زاۋۇتى چىگىتلىك پاختىنى غازاڭدىن ئايرىۋېلىش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى، ئەمما رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرمىدى. 1967 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، 16 سوڭلۇق پۇت بىلەن تېپىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تاسمىلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. شىخەنزە سىلىياركا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار پاختا تايلاش ماشىنىسى ياسىدى، مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر تۆۋەن بولدى. چىگىت ئايرىش ماشىنىسى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى. 1—22 جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ.

## § 4 . باشقا يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا ـ سايمانلىرى

### 1 . تاۋۇز ئۇرۇقى (قارا گازىر) ئايرىش ماشىنا ـ سايمانلىرى

70 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، ئۇرۇقىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان تاۋۇز كۆپەيتىلدى. 1979 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى تاۋۇز ئۇرۇقى ئايرىش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ بازارغا سالدى. 1982 ـ يىلى بۇ ماشىنا ئۇرۇق ئايرىپ، شىرنىسىنى سۈزۈش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرى سائەتتە 4 توننا تاۋۇزدىن ئۇرۇق ئېلىنغان بولسا، بۇ ماشىنا بىلەن سائەتتە 10 توننا تاۋۇزدىن ئۇرۇق ئېلىنىدىغان بولدى. ئۇرۇق ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە 30%~40% تاۋۇز شىرنىسى سۈزۈۋېلىنىپ، ئىچىملىك قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئۇرۇق ئېلىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى، بۇ ماشىنا بىلەن سائەتتە 1 توننا تاۋۇزنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؛ ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى، «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلار خىلمۇ خىل ئۇرۇق ئېلىش ماشىنىسى ياسىدى. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى ۋۇتوڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى تاۋۇز ئۇرۇقىنى دەرىجىگە ئايرىش ئۈسكۈنىسى ياسىدى، ئۇرۇقنى ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىغا قاچىلاپ تاسقىدى. ئۇرۇق ئايرىش ماشىنىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، ياساشقا قولايلىق بولغاچقا، نۇرغۇن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقىرىپ يەرلىكنى تەمىنلىدى.

### 2 . قولماق پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا ـ سايمانلىرى

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە قولماق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق جاي، قولماق مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 80% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئېكسپورت مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 95% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىدىن قاقلاپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى، تەمدەش ماشىنىسى،

تايلاش ماشىنىسى، دانىچىلاش ماشىنىسى قاتارلىقلار بار. ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى تەتقىق قىلغان، شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى ياسىغان قورۇتۇش ماشىنىسى، نەمدەش ماشىنىسى مال زاكاز قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. 1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى شىخو دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇلماقنى دانىچىلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى، بۇ ماشىنا بىلەن قۇلماق چېچىكى بىۋاستە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، دانىچىلىنىپ ئېكسپورت قىلىندى. 1983 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ئۆز ئالدىغا ياسىغان دانىچىلاش ماشىنىسىنى ئاساس قىلىپ، قۇلماق دانىچىلاش - ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيىسى قۇردى، شۇ يىلى 3 ئاي ئىچىدە ئېكسپورت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قۇلماق دانىچىسىدىن 422 توننا ئىشلەپچىقاردى.

1960 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق ئاشلىق، ماي، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ مىقدارى

جەدۋەل: 1—21

| يىللار | ئون ئارتىش ۋە شال ئاقلاش ماشىنىسى (دانە) | باغ ئارتىش ماشىنىسى (دانە) | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى (دانە) | يىللار | ئون ئارتىش ۋە شال ئاقلاش ماشىنىسى (دانە) | باغ ئارتىش ماشىنىسى (دانە) | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 144 | 87 | 338 | 1973 | 5654 | 1394 | 1365 |
| 1961 | 311 | 150 | 447 | 1974 | 6851 | 1706 | 1423 |
| 1962 | 417 | 187 | 542 | 1975 | 8109 | 1993 | 1448 |
| 1963 | 479 | 218 | 608 | 1976 | 9590 | 2395 | 1594 |
| 1964 | 613 | 247 | 622 | 1977 | 11197 | 2845 | 1750 |
| 1965 | 559 | 247 | 633 | 1978 | 12055 | 3191 | 1843 |
| 1966 | 894 | 398 | 674 | 1979 | 13600 | 3353 | 2163 |
| 1967 | 954 | 401 | 681 | 1980 | 13342 | 3382 | 1853 |
| 1968 | 1312 | 451 | 666 | 1981 | 13483 | 3450 | 2107 |
| 1969 | 2059 | 596 | 715 | 1982 | 15339 | 3786 | 2131 |
| 1970 | 3470 | 856 | 940 | 1983 | 16982 | 4525 | 2308 |
| 1971 | 4126 | 1023 | 1181 | 1984 | 19302 | 6070 | 2498 |
| 1972 | 4712 | 1235 | 1231 | 1985 | 21242 | 6963 | 2821 |

3 . يۇرۇشلەشكەن ئۈزۈم قۇرۇتۇش ۋە قاچىلاش ئۈسكۈنىسى

1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۈزۈم قۇرۇتۇش ۋە قاچىلاش ئۈسكۈنىسى ياساشقا كىرىشتى. پۈتۈن يۇرۇشلۇك ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش، ساپىقىنى ئايرىش، نوپىسىنى تازىلاش، شاللاش، دەرىجىگە ئايرىش، يۇيۇش، مايلاش، تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ قاچىلاش، ئاغزىنى ئېتىش قاتارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈسكۈنىگە بەتكۈزۈش، بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلمىسى سەپلەنگەن، زاۋۇتتا ئاقما مەشغۇلات بولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى بۇ ئورۇن يەنە ساپىقىنى ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىش قاتارلىق ئەۋرىشكە ماشىنىلارنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى ۋە سىناق قىلىپ ئىشلەتتى.

# VI باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ترانسپورت ماشىنىلىرى

## § 1 . ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قورallىرى

### 1 . ئادەم كۈچى ئىشلىتىلىدىغان قوراللار

شىنجاڭدا ئۇزاقتىن بۇيان ئادەم كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قوراللىرىدىن ئاساسلىقى زەمبىل، تاغار، سېۋەت، ئەپكەش، چانا قاتارلىقلار بولۇپ كۆتۈرۈش، يۈدۈش، سۆرەش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غالتەك ۋە رېزىنكە چاقلىق هارۋا بار ئىدى.

### 2 . ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان قوراللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قوراللىرىدىن ياغاچ، تۆمۈر چاقلىق چوڭ هارۋا، چانا، يەنە ئاز مىقداردا رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا، 4 چاقلىق ئات هارۋىسى بار ئىدى.

ياغاچ چاقلىق چوڭ هارۋا. بۇ هارۋىنى ئۇيغۇرلار «ياربار» دەپ ئاتايدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ هارۋا ياغاچ قۇرۇلمىلىق هارۋا بولۇپ، هارۋا چاقى سۆگەت ياغىچىنى ئوتقا قاقلاپ، ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دىئامېتىرى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا، بۇ هارۋا قۇمساڭغۇ ۋە زەيكەش يەرلەردە مېڭىشقا قولايلىق. بۇ خىل چوڭ هارۋىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، يالغۇز ئۇلاغ قوشۇلىدۇ، 300～500 كىلوگرام

يۈك كۆتۈرەلەيدۇ.

تۆمۈر چاقلىق چوڭ چارۋا. بۇ هارۋىنىڭ مىقدارى ئاز بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. هارۋا چاقى ۋە هارۋا ئوقى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. پەقەت ياغاچ چاقىنىڭ سىرتىغىلا تۆمۈر چەمبەر قېقىلىدۇ. ئوقىنىڭ بېشىغا تۆمۈر هالقا بېكىتىلىدۇ، تۆمۈر هالقىغا سىلىقلاش مېيى سۈركەش ئارقىلىق سۈركىلىش كۈچى كېمەيتىلىپ چىدامچانلىقى ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ هارۋىنىڭ ياسىلىش سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، چىداملىق، 1.5 توننا ئېغىرلىقتا يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، 1 ئۇلاغ ياكى بىر نەچچە ئۇلاغ قېتىلىدۇ.

خادىك. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنغان. بۇ هارۋا قوش ئوقلۇق، 4 چاقلىق بولۇپ، ئوقى ۋە قازىنى تۆمۈر، چاقى تۆمۈردىن ۋە ياغاچتىن ياسىلىدۇ (ياغاچ چاقىنىڭ سىرتىغا تۆمۈر چەمبەر قېقىلىدۇ). خادىكىنىڭ شوتىسى ۋە گەۋدىسى ياغاچتىن ياسالغان. خادىكىنىڭ ئالدى ئوقى، كەينى ئوقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۇزارتقىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدۇ. بۇ، ئۇزۇن (ياغاچ ماتېرىياللىرى) هەم چېچىلاڭغۇ (ئوت - چۆپ) ماللارنى يۆتكەشكە قولايلىق. كۆپ ئۇلاغ قېتىلىدۇ، 2 توننىدىن كۆپ يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ، شىمالىي شىنجاڭدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا. بۇ هارۋا مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) گەنسۇدىن كىرگەن، سانى ئاز، كۆپىنچە قىسىملاردا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ هارۋىغا كونا ماشىنىلارنىڭ كەينى ئوقى ئىشلىتىلىدۇ، ياغاچ شوتا ئورنىتىلىدۇ. هارۋىنىڭ شوتىسى بىر قەدەر قوپال بولۇپ، تورمۇزلۇق قۇرۇلما سەپلىنىپ توشۇش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بۇهارۋا ماشىنا يولىدا ماڭىدۇ. ئادەتتە 3—4 ئات قېتىلىدۇ، 2 توننىدىن كۆپ يۈك كۆتۈرەلەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قوراللىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

ياغاچ، تۆمۈر چوڭ چاقلىق هارۋىلار كۆپەيتىلدى. 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ترانسپورت قوراللىرى ناهايىتى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل ئىدى. 1951 - يىلدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرۈش» تە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1 - رايون 3 - يېزىسىدىكى 313 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ پەقەت 3 لا ياغاچ چاقلىق چوڭ هارۋىسى بولغان؛ ئونسۇ ناھىيىسى لەنگەر يېزىسىدىكى 212 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 28 ياغاچ چاقلىق چوڭ هارۋىسى بولغان. شۇ چاغلاردا دۆلەتتە مەبلەغ قىس ئىدى، تۈرلۈك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كەلگەن مۇشۇنداق پەيتتە هۆكۈمەت ئاددىي ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈپ، ياغاچ، تۆمۈر چاقلىق چوڭ هارۋىلارنى كۆپەيتتى. 1951 - يىلى يۇقىرىدىكى 2 يېزىدا ياغاچ چاقلىق چوڭ هارۋىنىڭ سانى كۆپىيىپ 16 گە ۋە 51 گە يەتتى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە ياغاچ، تۆمۈر چاقلىق چوڭ هارۋىنىڭ سانى 125 مىڭغا يەتتى. 1960 - يىلدىن كېيىن ياغاچ، تۆمۈر چاقلىق هارۋىنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئازايدى، 1978 - يىلى 2700 دىن ئارتۇقى ساقلىنىپ قالدى.

رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىندى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ ھارۋا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە ناھىيە بازارلىرىدا قىسقا ۋە ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ئىشلىرىدا ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق قورالغا ئايلىنىپ قالدى. 1960 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا 8577 گە، 1970 ـ يىلى كۆپەيتىلىپ 52 مىڭغا، 1985 ـ يىلى 160 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، (ئوبلاست)، ناھىيىلەر بىر قىسىم دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرىنى ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىرلەشمە كوپېراتىپلىرىنى ئات ھارۋىسىنىڭ پولات بارابىنى بىلەن ئوق ياساشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ ماددىي ئەشيا تارماقلىرى باشقىلار ئېھتىياجلىق بولغان ئوق ۋە چاق بىلەن تەمىنلىدى.

ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى ئىشلىنىلىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قول بىلەن ئىتتىرىلىدىغان، ئۇلاغ قېتىلىدىغان ھارۋىلار شىنجاڭغا كىردى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. بىر ھارۋىغا بىر ئېشەك قېتىلىدۇ. بۇ ھارۋا يېنىك، چاققان بولغاچقا تۈرلۈك يوللاردا ماڭالايدۇ. ئۇنى رېمونت قىلىش ئاسان شۇنداقلا باھاسى ئەرزان بولغاچقا، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىنىلىدىغان قاتناش ـ ترانسپورت قورالى قىلىپ، ئۇنى ياغاچ چاقلىق چوڭ ھارۋىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1960 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۇلاغ قېتىلىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا 6800 گە، 1970 ـ يىلى كۆپىيىپ 88 مىڭغا، 1985 ـ يىلى 1 مىليون 189 مىڭ 100 گە يەتتى. شىنجاڭ بويىچە ھەر 1.3 ئائىلىگە 1 دىن ھارۋا توغرا كەلدى. 1970 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تۇرپان ۋە بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىغا قاراشلىق ئارالدا، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 127 ـ تۇەندە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ياساش زاۋۇتى قۇرۇپ، ھارۋا چاقى، ئوق قاتارلىق ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقاردى.

چانا. بۇ شىنجاڭدىكى ئەنئەنىۋى ترانسپورت قوراللىرىنىڭ بىرى. ئۇنى ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ تارتقىلى، ئۇلاغ قاتقىلى شۇنداقلا تراكتور بىلەن سۆرىگىلىمۇ بولىدۇ، ئۇ ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بەزى چانىلارنىڭ سىيرىلىش يۈزىگە تۆمۈر تاختا قېقىلىدۇ. ئادەم كۈچى بىلەن تارتىلىدىغان چانا كۆپىنچە قىشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئېتىزغا ئوغۇت يۆتكەش شۇنداقلا قومنى يۆتكەپ، تۇپراقنى ياخشىلاش ياكى تۇرمۇش بويۇملىرىنى يۆتكەش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلاغ قېتىلىدىغان چانىنى كۆپىنچە تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلار ئوت ـ چۆپ يۆتكەشكە ئىشلىتىدۇ. ئۇ بىر قەدەر بىخەتەر ۋە قولايلىق بولۇپ، 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ. تراكتور ئارقىلىق سۆرىتىلىدىغان چانا چوڭ، كىچىك دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. كىچىكى تراكتورنىڭ كەينىگە چېتىلىپ، ئېگىزگە ئاسراش سايمانلىرى سېلىنىدۇ. 60 ـ يىللاردا بىكتۇەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ھەر بىر تراكتورنىڭ كەينىگە 1 دىن

چانا چېپىلىدۇ؛ چوڭ چانا كۆپىنچە ئوت - چۆپ، زىرائەت، شاخ - شۇمبا، ئوغۇت، قۇم يۆتكەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ 1.5 توننىدىن ئارتۇق يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى تۆۋەن بولغاچقا، يۈكنى بىخەتەر توشۇغىلى بولىدۇ، قاچىلاش - چۈشۈرۈشكە ئەپلىك.

## § 2 . ئېنېرگىيىلىك ترانسپورت ماشىنا - سايمانلىرى

### 1 . كىچىك تىپلىق تراكتور

بۇ تراكتور قول تراكتورى ۋە كىچىك 4 چاقلىق تراكتور دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. گېنېراتورنىڭ قۇۋۋىتى 10، 12، 15 ئات كۈچى بولۇپ، 1 توننىدىن 1.5 توننىغىچە پرىتسېپ چېتىلىدۇ.

1985 - يىلى بىگنۇەن ياپونىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «جيۇ باۋتيەن» قول تراكتورىنى كىرگۈزۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 1960 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى شاگىخەيدىن 10 قول تراكتورى سېتىۋېلىپ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ترانسپورت ئىشلىرىنى تەمىنلىدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن قول تراكتورى ۋە كىچىك 4 چاقلىق تراكتور كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈلدى. 1977 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق قول تراكتور زاۋۇتى، 1982 - يىلى «ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى» تۈركۈملەپ «تەڭرىتاغ - 12» تىپلىق قول تراكتورى ۋە «شىنجاڭ -12، 15» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتور ئىشلەپچىقاردى. 1970 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك تراكتور 699 غا، 1980 - يىلى 14 مىڭ 900 گە، 1985 - يىلى 41 مىڭ 380 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يەرلىك سىستېمىلار بويىچە كىچىك تراكتور 34 مىڭ 580 بولۇپ، كىچىك 4 چاقلىق تراكتور 65% نى ئىگىلىدى. 41 مىڭ 380 كىچىك تراكتور ئىچىدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ 36 مىڭ 322 بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 87.87% نى ئىگىلىدى.

### 2 . چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتور

چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتورلارغا 3.5 توننىدىن 7 توننىلىققىچە ھەر خىل پرىتسېپلار چېتىلىدۇ، ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. 50 - 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتورلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاز بولۇپ، چاقلىق تراكتورلار ئىگىلىگەن نىسبەت تېخىمۇ ئاز بولدى. 1953 - يىلى بىگنۇەندە چاقلىق تراكتور چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور ئومۇمىي ساننىڭ 13% نى، 1957 - يىلى 33.7% نى، 1964 - يىلى 42.9% نى ئىگىلىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن چاقلىق تراكتورنىڭ نىسبىتى ماس ھالدا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1985 - يىلى چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتور 5511 گە يېتىپ،

چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 57.7% نى ئىگىلىدى. 1974 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك سىستېمىلاردا چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتورلار چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 45% نى، 1985 - يىلى 67.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدا ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىدىغان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تراكتورى تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 75% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

## 3. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل

50 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار ناھايىتى ئاز ئىدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 330 غا، 1965 - يىلى 924 كە يەتتى. 70 - يىللاردىن كېيىن تەدرىجىي كۆپىيىپ، 1975 - يىلى 2251 گە، 1980 - يىلى 5530 غا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلاردا يەككىلەرنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلى ئاپتوموبىل سانى 11 مىڭ 400 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئاپتوموبىلى 6441 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 55.33% نى ئىگىلىدى. 50 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «جېسى - 150»، «گاز - 51» شۇنداقلا مىنگو دەۋرىدىن قېپقالغان ئامېرىكىنىڭ «داداۋچى»، «جىمۇشى» قاتارلىق كۆپ خىل تىپلىق كونا ماشىنىلار ئىشلىتىلگەن. 60 - يىللاردىن كېيىن دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان «ئازاد»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «شەرق شاملى» قاتارلىق ھەر خىل تىپلىق ئاپتوموبىللار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. يېزا يوللىرى ناھايىتى ناچار بولغانلىقتىن، يۈك قاچىلاش، چۈشۈرۈشتە ۋاقىت، ئەمگەك ئىسراپ بولاتتى، شۇڭا ئاپتوموبىللار ماددىي ئەشيالارنى ئۇزۇن يوللۇق توشۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

## 4. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپلار

پرىتسېپلار تراكتور، ئاپتوموبىللارغا چېتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. 50 - يىللاردا ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئاز مىقداردا سېتىۋېلىنغان، 60 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا كۆپىنچە ئۆزىمىز ئىشلەپچىقارغان پرىتسېپ ئىشلىتىلدى. بۇلار 3.5، 4، 5، 7 توننىلىق چوڭ پرىتسېپ ۋە 1—1.5 توننىلىق كىچىك پرىتسېپلار ئىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن نۇرغۇن زاۋۇتلار پرىتسېپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پرىتسېپقا بولغان ئېھتىياجى تولۇق قامدالدى.

## 5. يېزا ئىگىلىكىدە ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك دىزېل ئاپتوموبىل

بۇ ئاپتوموبىل 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يېڭىدىن گۈللەنگەن يېزا ترانسپورت قورالى بولۇپ، 3 چاقلىقى ۋە 4 چاقلىقى بار. ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاپتوموبىلنىڭكىدەك تېز بولۇپ، كى-

چەك تراكتوردەك ماي تېجەيدىغان، ھەيدەش شەرتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ يېزىلارنىڭ مال مەنبەسىنىڭ تارقاق، ئاز، ئارىلىقىنىڭ قىسقا بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يېزىلاردىكى كەڭ، تارقاق يولۇچىلارنى توشۇشتا خېلى ياخشى توشۇش ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن باينغولىن ئوبلاستلىق قول تراكتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئالتۇن بۇغا» ماركىلىق دىزېلماتورلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى، شىخەنزە دىزېلماتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تاش سېپىل» ماركىلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 4 چاقلىق دىزېلماتورلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى 1 توننا يۈك كۆتۈرەلەيدۇ. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى ۋۇتۇڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 3 چاقلىق ترانسپورت ئاپتوموبىلى 0.5 توننا يۈك كۆتۈرەلەيدۇ. ئادەتتە سائەتكە 30 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ، سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ، ھەر 100 توننا كىلومېتىرغا 3—5 كىلوگرام سېلىياركا كېتىدۇ. بۇ ئاپتوموبىل ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، باھاسى بېزىدىكىلەرنىڭ سېتىۋېلىش سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ شەھەر، يېزا، كەنتتىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

### 6. چارۋىچىلىقتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قورالى

#### 1) سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاممىياك توشۇش ئاپتوموبىلى

1977 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا 30 يۈك ئاپتوموبىلى ۋە 52 سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاممىياك باكى، 112 ئىسپىرما ساقلاش قۇتىسى سەپلەپ بېرىلدى. 1981 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان «212A» تىپلىق مەخسۇس سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاممىياك توشۇش ئاپتوموبىلى شىنجاڭغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى بۇنداق ئاپتوموبىل جەمئىي 20 نەچچىگە يەتتى.

#### 2) مەخسۇس بىئولوگىيىلىك دورىلارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىل

1964 ـ يىلى چارۋىچىلىق نازارىتىدە «ئازاد» ماركىلىق تېمپېراتۇرا ساقلاش ئاپتوموبىلىدىن 3 ى بار ئىدى، 1975 ـ يىلى 5 كە يەتتى. 1978 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا 13 نى بۇيرۇپ بەردى، بۇ ئاپتوموبىللار ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەن، سانجى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى يەنە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۈچۈن سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلىدىن 36 نى زاكاز قىلىپ سېتىۋالدى.

#### 3) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سەييارە ئاپتوموبىل

70 ـ يىللاردىن ئىلگىرى بۇنىڭغان كۆپىنچە كىچىك ئاپتوموبىللار ئىشلىتىلەتتى. 1977 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سەييارە ئاپتوموبىل شىنجاڭغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 1979 ـ يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى « XJ—130 » تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سەييارە ئاپتوموبىل ياسىدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سەييارە ئاپتوموبىل 50 كە يەتتى.

## 4) ئوت ـ چۆپ توشۇش ئاپتوموبىلى

1982 ـ يىلى شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى ياسىغان « 9CZ—3 » تىپلىق ئوت ـ چۆپ يىغىپ، قاچىلاش ئاپتوموبىلىغا ئوت ـ چۆپ يىغىش، توغراش ۋە توپلاش قۇرۇلمىسى سەپلەنگەن، ئېتىزدا ئورۇپ قۇرۇتۇلغان ئوت ـ چۆپنى يىغىپ، توغراپ بولغاندىن كېيىن، توپلاش ئاپتوموبىلىغا بىۋاسىتە سېلىپ ئوت ـ چۆپ ساقلاش مەيدانىغا توشۇلىدۇ. بۇنداق ئاپتوموبىلدىن جەمئىي 30 ى ياسالدى.

## 5) سىلوس قاچىلاش پرىنسىپى

بۇ خىل پرىنسىپ ئادەتتىكى پرىنسىپتىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

1974 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەرلىك سىستېمىلار بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتورلارنىڭ سانى

جەدۋەل: 1 ـ 22

| يىللار | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتور (دانە) | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن % ى | كىچىك تراكتور (دانە) | يىللار | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق چاقلىق تراكتور (دانە) | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن % ى | كىچىك تراكتور (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 4008 | 45 | 2112 | 1980 | 14394 | 64.2 | |
| 1975 | 4056 | 49 | 2195 | 1981 | 16058 | 66 | |
| 1976 | 4714 | 51 | 3541 | 1982 | 17261 | 66.6 | |
| 1977 | 5650 | 52 | 4762 | 1983 | 19625 | 68.4 | |
| 1978 | 8185 | 58.2 | 6586 | 1984 | 21243 | 67.8 | |
| 1979 | 10503 | 74.3 | 10642 | 1985 | 21698 | 67.8 | |

1960 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە خىلمۇ خىل ئاساسلىق ترانسپورت قوراللىرى

جەدۋەل: 1—23

| يىللار | ئۇلاغ ئىشلىتىلىدىغان رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا (10 مىڭ دانە) | ئادەم سۆرەيدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا (10 مىڭ دانە) | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق پرىتسىپلار (دانە) | كىچىك تىپلىق پرىتسىپلار (دانە) | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 0.86 | 0.68 | 941 | / | 338 |
| 1965 | 2.47 | 4.45 | 1837 | 176 | 524 |
| 1966 | 3.63 | 7.43 | 2198 | 179 | 1095 |
| 1967 | 4.16 | 7.65 | 2466 | 178 | 1183 |
| 1968 | 4.39 | 7.81 | 2643 | 193 | 1352 |
| 1969 | 4.66 | 7.42 | 3245 | 433 | 1646 |
| 1970 | 5.23 | 8.79 | 3935 | 699 | 1808 |
| 1971 | 5.89 | 11.04 | 5029 | 1070 | 1870 |
| 1972 | 6.22 | 14.48 | 5806 | 1340 | 1847 |
| 1973 | 6.75 | 17.67 | 6125 | 1712 | 2046 |
| 1974 | 6.80 | 21.51 | 7678 | 2332 | 2067 |
| 1975 | 6.83 | 26.38 | 8378 | 3145 | 2251 |
| 1976 | 7.35 | 31.01 | 8979 | 4252 | 2458 |
| 1977 | 7.32 | 38.39 | 9910 | 6066 | 2564 |
| 1978 | 7.40 | 47.81 | 10935 | 7813 | 2867 |
| 1979 | 7.84 | 58.62 | 14836 | 12544 | 3538 |
| 1980 | 7.87 | 69.15 | 20260 | 14959 | 5533 |
| 1981 | 8.53 | 80.41 | 21807 | 14570 | 6156 |
| 1982 | 9.19 | 87.77 | 24479 | 15800 | 6181 |
| 1983 | 8.53 | 105.19 | 26726 | 20803 | 7002 |
| 1984 | 12.60 | 113.39 | 29906 | 32349 | 8642 |
| 1985 | 16.00 | 118.91 | 32214 | 41380 | 11434 |

ئىككىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش

# ئىككىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش

## I باب

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىلىش ھوقۇقى ئوخشاش بولمىغاچقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

### § 1 . ئىگىلىك شەكلى

1 . دۆلەت ئىگىلىكى

1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)دىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كان ئىشلىرى نازارىتى ئۈرۈمچى (ھازىرقى سانجى ئوبلاستى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە باراۋەر) قاتارلىق 9 مەمۇرىي رايوندىكى (ھازىرقى ۋىلايەتلەرگە باراۋەر) دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ۋە بىر قىسىم ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمەت سېتىۋالغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن. ئىجارە ھەققى تۆۋەن بولغاچقا، دېھقان - چارۋىچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكەن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) «ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش پونكىتى قۇرغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساقلاش ئورنى قۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارغا ماشىنا - سايمانلارنى ئىجارىگە بەرگەن. (جەدۋەل: 2—1 گە قاراڭ). مىنگونىڭ 26 - يىلى ( 1937 - يىلى) ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە غۇلجا ۋە توققۇزتارا ناھىيىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى دېھقانلارغا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن.

**ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ساقلاش ئورنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2—1

| رەت نومۇرى | ماشىنا - سايمان نامى | بىرلىكى (دانە) | ھەر كۈنلۈك ئىجارە پۇلى (يۈەن) | |
|---|---|---|---|---|
| | | | 1946 - يىلى | 1948 - يىلى |
| 1 | تراكتور | 1 | 4000 | 1000 |
| 2 | OK تاق گەۋدىلىك ماشىنا | 1 | 100 | 30 |
| 3 | KCY تاق گەۋدىلىك سوقا | 1 | 80 | 30 |
| 4 | ZH—6 قوش گەۋدىلىك سوقا | 1 | 80 | 40 |
| 5 | ئاتقا سۆرىتىلىدىغان 4 گەۋدىلىك سوقا | 1 | 100 | 50 |
| 6 | ئاپتوماتىك بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 1500 | 150 |
| 7 | ئادەم سۆرەيدىغان بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 1000 | 120 |
| 8 | 3 - نومۇرلۇق چىشلىق تىرنا | 1 | 50 | 50 |
| 9 | ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 1000 | 100 |
| 10 | چۆپ يىغقۇچ | 1 | 150 | 50 |
| 11 | يۆتكەلمە شامالچە | 1 | 250 | 30 |
| 12 | 10 قۇرلۇق سېيالكا | 1 | 100 | 70 |
| 13 | بۆلۈنمە سۈگەن | 1 | 150 | 50 |
| 14 | دورا پۈركۈزگۈچ | 1 | 30 | 15 |
| 15 | كېۋەز سېيالكىسى | 1 | 10 | 20 |
| 16 | ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسى | 1 | 300 | 200 |
| 17 | پورژىنلىق تىرنا | 1 | 50 | 50 |
| 18 | 14 - نومۇرلۇق كولتىۋاتور | 1 | 30 | 20 |
| 19 | 5 - نومۇرلۇق شامالچە | 1 | 300 | 40 |
| 20 | 34 - نومۇرلۇق ئاشلىق سوقۇش ماشىنىسى | 1 | 500 | 500 |

ئىزاھات: 1948 - يىللىق ئىجارە پۇلى ئالتۇن دوللار بولغان.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) غۇلجا، توققۇزتارا ناھىيىلىرىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئىجارە ھەققىنى يىغىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—2

| ماشىنا ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ئىسمى | ماشىنا ـ سايمان نامى | سانى (دانە) | كۈن سانى (كېچە ـ كۈندۈز) | يىغىۋېلىنغان ھەق (پىلەت، سەر) | شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇلغىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| مەن شياڭ | ئاق پىچاقلىق سوقا | 1 | 40 | 12000 | 3 |
| ياڭ شۇشەن | سېپالكا | 1 | 15 | 6000 | 1.5 |
| داۋۇز | قوش پىچاقلىق سوقا | 1 | 40 | 8000 | 2 |
| ئابدۇللا | ئاق پىچاقلىق سوقا | 1 | 23 | 3450 | 0.8 |
| كېۋالوق | چىشلىق تىرنا | 1 | 24 | 2400 | 0.6 |
| خې لىنشاڭ | ئاق پىچاقلىق سوقا | 2 | 60 | 18000 | 4.5 |
| نازىم | سېپالكا | 1 | 5 | 2250 | 0.5 |
| ۋاڭ خۇدىنجاڭ | ئاق پىچاقلىق سوقا | 1 | 15 | 2000 | 0.65 |
| ياڭ فاڭ | ئاق پىچاقلىق سوقا | 5 | 50 | 37500 | 9.65 |
| ياڭ فاڭ | Z شەكىللىك تىرنا | 5 | 50 | 25000 | 6.25 |
| موللا ئابدۇللا | ئاق پىچاقلىق سوقا | 1 | 30 | 4500 | 1.12 |
| مويدۇن تاي | ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 2.5 | 1500 | 0.37 |
| قاجەن | ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 2 | 1200 | 0.3 |
| چۇدا | ئادەم سۆرەيدىغان يىغىۋېلىش ماشىنىسى | 1 | 3.5 | 3200 | 0.8 |
| شاۋۇدۇن | ئاپتوماتىك يىغىۋېلىش ماشىنىسى | 1 | 7 | 1950 | 0.5 |
| مۇسازى | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 12 | 7200 | 1.8 |
| بۇنۇس | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 12 | 2000 | 0.5 |
| ھاكىم | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 5 | 6400 | 1.6 |
| نىياز | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 4 | 7600 | 1.9 |
| يۇنۇس | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 16 | 8400 | 2.1 |
| سۇلايمان | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 7 | 2800 | 0.7 |
| بەكرى | بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى | 1 | 7 | 4550 | 1.14 |

ئىزاھات: 1938 ـ يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭ پۇل تۈزۈمىدە 4000 سەرلىك ئۆلكە پىلىتى 1 يۈەن يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇلغان.

### 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى

1952 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى)، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى 3 دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى قۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ساتتى، ئىجارىگە بەردى ۋە رېمونت قىلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنى زاپچاسلار بىلەن تەمىنلىدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى ساتقان، ئىجارىگە بەرگەن، رېمونت قىلغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە تەمىنلىگەن زاپچاسلار

جەدۋەل: 2—3

| پونكىت نامى | سېتىپ بېرىلگىنى | ئىجارىگە بېرىلگىنى | قەرزگە بېرىلگىنى | جەمئىي | ئاما ئۈچۈن رېمونت قىلىپ بېرىلگەن دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى | ئۆزلىرى رېمونت قىلغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى | جەمئىي | تەمىنلىگەن زاپچاسلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | 37 | 20 | 602 | 659 | — | — | — | — |
| ئىلى | 242 | 288 | 115 | 645 | 281 | 267 | 548 | 5132 |
| چۆچەك | — | 622 | — | 622 | 103 | 622 | 725 | — |
| جەمئىي | 279 | 930 | 717 | 1926 | 384 | 889 | 1273 | 5132 |

### 3) يېزا ئىگىلىك ماشىنا - تراكتور پونكىتى

1954 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - تراكتور پونكىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ئەنەنچۈيدە قۇرۇلدى. 1955 - يىلى سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىگە قاراشلىق) ناھىيىسىدە تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. 2 پونكىت ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچقۇن كولخوزى، ئىسھاقبېك كولخوزى ۋە 16 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا ۋاكالىتەن تېرىقچىلىق مۇلازىمىتى قىلدى. 1957 - يىلى تراكتور پونكىتلىرى تەرەققىي قىلىپ 8 گە، تراكتور 50 كە، ماشىنىبىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر مەيدانى 234 مىڭ 720 موغا يەتتى. 1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكىر»نى ماقۇللاپ، «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايىنىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1959 - يىلنىڭ بېشىدا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ماشىنا - سايمانلار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

1 - تۈركۈمدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقتى

جەدۋەل: 2—4

| تەرتىپ نومۇرى | پونكىت نامى | پونكىت قۇرۇلغان ۋاقىت | ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقىت | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| 1 | شىنجاڭ ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى | 1954 - يىل 5 - ئاي | 1958 - يىل 12 - ئاي | |
| 2 | شىنجاڭ سۇيدۇڭ تراكتور پونكىتى | 1955 - يىل 3 - ئاي | 1959 - يىلى | |
| 3 | شىنجاڭ گۇچۇڭ تراكتور پونكىتى | 1956 - يىل 3 - ئاي | 1959 - يىل 2 - ئاي | |
| 4 | شىنجاڭ غۇلجا تراكتور پونكىتى | 1956 - يىل 7 - ئاي | 1959 - يىلى | |
| 5 | شىنجاڭ تۇرپان تراكتور پونكىتى | 1956 - يىل 2 - ئاي | 1958 - يىل 11 - ئاي | |
| 6 | شىنجاڭ قەشقەر كونىشەھەر تراكتور پونكىتى | 1956 - يىل 5 - ئاي | 1957 - يىل 12 - ئاي | قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» پونكىتى بىلەن قوشۇۋېتىلدى |
| 7 | شىنجاڭ چۆچەك تراكتور پونكىتى | 1956 - يىل 4 - ئاي | 1962 - يىل 2 - ئاي | 1956 - يىلدىن ئىلگىرى چۆچەك تراكتور مۇلازىمەت ئەترىتى ئىدى |
| 8 | قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى | 1957 - يىل 8 - ئاي | 1959 - يىل 1 - ئاي | |

1962 - يىل 3 - ئايدا مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تراكتور پونكىتلىرى قايتا قۇرۇلدى. شۇ يىلى سانجى، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا ناھىيىلىك پونكىتتىن 11 ى قۇرۇلدى. 1963 - يىلى يەنە قۇمۇل، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ناھىيىلىك پونكىتتىن 40 ى قۇرۇلدى، 1965 - يىلى چاغانتوقاي، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدىن 18 ى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە تراكتور پونكىتلىرى تەرەققىي قىلىپ 69 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5410 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور شوپۇرى 2469، تراكتور 1702. 1966 - يىل 1 - ئايدا كەلپىن، كۆكتوقاي قاتارلىق 7 ناھىيىدە تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ بويىچە تراكتور پونكىتلىرى تەرەققىي قىلىپ 76 گە، تراكتور 1932 گە، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 11 مىڭ 608 گە يەتتى. ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىنى ۋاقتىدا تەشكىللىدى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى ئومۇمەن خەلق گۇڭشېسىنى بىرلىك قىلىپ قۇرۇلدى. ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، كارخانىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت تەقسىم قىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تېخنىكىلىق جابدۇقلار (رېمونت قىلىش، ئاسراش، ماي ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى) ۋە تېخنىك خادىملار (باشقۇرغۇچى خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىگە سەپلەپ، مەلۇم گۇڭشې ئۈچۈن ۋاكالىتەن

تېرىقچىلىق مۇلازىمىتى قىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات ھەققى يىغىۋالدى .

1964 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرى «تۆتنى بېكىتىش ، ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش ، بىر مۇكاپات» تىن ئىبارەت يەككە ماشىنا ھېساباتى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى . «تۆتنى بېكىتىش» : خادىملارنى ، تراكتورنى ، ماشىنا - سايمانلارنى ، مەشغۇلات نۇقتىسىنى بېكىتىش ، «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» : ۋەزىپىنى ، ماي سەرپىياتىنى ، تەننەرخىنى ھۆددىگە ئېلىش ، «بىر مۇكاپات» يەنى ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا ئەھۋالغا ئاساسەن ، سېلىشتۇرۇپ - باھالاپ مۇكاپات بېرىشتىن ئىبارەت . شۇ مەزگىللەردە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ماشىنا - گۇرۇپپىلىرى ئورۇندىدى ، ھەر بىر زەنجىر تاپانلىق تراكتورغا 4~6 ئادەم ، چاقلىق تراكتورغا 2~4 ئادەم تەقسىم قىلىندى . ماشىنا گۇرۇپپىلىرىغا گۇرۇپپا باشلىقى قويۇلدى . ماشىنا گۇرۇپپىلىرى بىلەن گوڭشې ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش توختامنامىسى ئىمزالاپ ، ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن تېرىقچىلىق ھەققى تۆلىدى . شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئورۇندىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات مىقدارى 9 مىليون 530 مىڭ مو بولۇپ ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئۆلچەملىك تراكتور 7618.5 ئۆلچەملىك مو يەرنىڭ تېرىقچىلىقىنى تاماملىدى . ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك مو يەرنىڭ مەشغۇلات تەننەرخى 1.19 يۈەن بولدى . 35 تراكتور پونكىتى پايدا ئالدى . ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئۆزئارا يېپىشتۇرۇۋەتكەندە يەنىلا پايدا 1 مىليون 588 مىڭ 700 يۈەن بولدى . تراكتور پونكىتلىرى كارخانىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە يەككە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ھېساباتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، ماشىنا - سايمانلارنى تېخنىكىلىق كۈتۈش ، ئاسراش كۈچەيتىلدى ، بۇنىڭ بىلەن ماشىنا - سايمانلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى 72% كە ، ئىشقا چۈشۈش نىسبىتى 64% كە يەتتى ، ۋاقتىدا پايدىلىنىش نىسبىتى 70% تىن يۇقىرى بولدى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم پونكىت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى .

مەشغۇلات ھەققىنى كەينىگە سۈرۈش ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە . بىر قانچە يىلدا يىغىۋېلىنغان نىسبەت تەخمىنەن 40% تىن 50% كىچە بولدى . 1964 - يىلى يىغىلمىغان مەشغۇلات ھەققى 7 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولدى . 1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ ، گوڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەنگە قەدەر ، شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت ، ئوبلاستنىڭ (قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كىرگۈزۈلمىگەن) تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، گوڭشې ، ئەترەتلەرنىڭ بىر قانچە يىلدا كەينىگە سۈرۈپ بەرمىگەن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ھەققى جۇغلىنىپ 28 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتكەن .

1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—5

| پونكىت نامى | پونكىت قۇرۇلغان ۋاقىت | 1966 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | تراكتور | | باشقا ماشىنا - سايمانلار سانى (دانە) |
| | | ئارىلاشما سانى (دانە) | ئۆلچەملىك سانى (دانە) | |
| ئۈرۈمچى | 1962. 5 | 48 | 81. 5 | 298 |
| تۇرپان ناھىيىسى | 1962. 8 | 38 | 53. 3 | 171 |
| پىچان ناھىيىسى | 1963. 1 | 30 | 49. 4 | 168 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1963. 1 | 24 | 39 | 120 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 64 | 116. 6 | 382 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 1963. 1 | 31 | 53. 2 | 202 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1963. 2 | 33 | 63. 4 | 180 |
| سانجى ئوبلاستى | | 313 | 614. 8 | 1769 |
| سانجى ناھىيىسى | 1962. 5 | 62 | 120. 2 | 345 |
| ماناس ناھىيىسى | 1962. 8 | 64 | 129. 6 | 346 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 1962. 8 | 62 | 126. 2 | 339 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 1963. 1 | 25 | 47. 2 | 134 |
| فۇكاڭ ناھىيىسى | 1963. 1 | 24 | 47. 6 | 156 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1963 | 24 | 42. 8 | 146 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 1963. 1 | 26 | 50. 4 | 159 |
| جىمسار ناھىيىسى | 1963. 1 | 26 | 50. 8 | 144 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | 223 | 442. 2 | 1411 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 1962. 8 | 63 | 124. 6 | 337 |
| سۇيدۇڭ ناھىيىسى (كېيىن قورغاس بىلەن قوشۇۋېتىلدى) | 1962. 8 | 26 | 54. 4 | 160 |
| قورغاس ناھىيىسى | 1963. 3 | 15 | 29. 6 | 97 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 1963. 2 | 19 | 37 | 158 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 1963. 3 | 25 | 49. 4 | 160 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 1963. 3 | 16 | 29. 8 | 118 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 1965. 4 | 34 | 70. 8 | 234 |
| نىلقا ناھىيىسى | 1965. 4 | 14 | 23. 8 | 86 |
| تېكەس ناھىيىسى | 1965. 7 | 11 | 22. 8 | 61 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | 179 | 355. 8 | 1102 |
| چۆچەك ناھىيىسى | 1962. 8 | 46 | 93. 2 | 255 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 1962. 5 | 53 | 105 | 316 |
| شىخو ناھىيىسى | 1963. 3 | 26 | 51. 2 | 183 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 1963. 3 | 29 | 59 | 180 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1965 | 7 | 12. 6 | 64 |
| تولى ناھىيىسى | 1965. 4 | 9 | 17. 4 | 50 |
| قوبۇقسارموڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 1965. 4 | 9 | 17. 4 | 54 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | | 87 | 170. 6 | 515 |
| بورتالا ناھىيىسى | 1963. 3 | 41 | 80. 4 | 243 |
| جىڭ ناھىيىسى | 1963. 2 | 24 | 48. 8 | 139 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 1936. 3 | 22 | 41. 4 | 133 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 105 | 221. 2 | 689 |
| ئالتاي ناھىيىسى | 1963 | 28 | 58. 8 | 196 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 1963 | 18 | 36. 2 | 128 |
| قابا ناھىيىسى | 1963. 4 | 22 | 45. 8 | 142 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 1965. 3 | 16 | 34. 2 | 75 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 1966. 1 | 9 | 14. 4 | 59 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 1966. 2 | 8 | 16. 4 | 48 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 1966 | 7 | 15. 4 | 41 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 992 | 292.8 | 158 | | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئاھىيىسى |
| 124 | 34.6 | 20 | 1962.9 | لوپنۇر ناھىيىسى |
| 178 | 59.8 | 32 | 1963.10 | كورلا ناھىيىسى |
| 194 | 63.4 | 33 | 1963.3 | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 134 | 45.8 | 25 | 1963.6 | بۆگۈر ناھىيىسى |
| 144 | 44.4 | 24 | 1963.2 | خۇشۇت ناھىيىسى |
| 148 | 44.8 | 24 | 1963.2 | خېجىڭ ناھىيىسى |
| 1552 | 490.6 | 247 | | ئاقسۇ ۋىلايىتى |
| 245 | 84 | 41 | 1963.2 | ئاقسۇ ناھىيىسى |
| 295 | 91 | 52 | 1963.1 | باي ناھىيىسى |
| 349 | 104.2 | 53 | 1963.3 | كۇچا ناھىيىسى |
| 136 | 52.2 | 25 | 1963.2 | ئونسۇ ناھىيىسى |
| 115 | 35.8 | 19 | 1963.3 | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى |
| 137 | 40 | 19 | 1965.3 | توقسۇ ناھىيىسى |
| 139 | 39 | 18 | 1965.3 | شايار ناھىيىسى |
| 92 | 29.6 | 15 | 1965.3 | ئاۋات ناھىيىسى |
| 44 | 10.6 | 5 | 1966.6 | كەلپىن ناھىيىسى |
| 250 | 82 | 43 | | قىزىلسۇ ئوبلاستى |
| 121 | 53 | 28 | 1963 - يىلى كۈز | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| 68 | 20.2 | 9 | 1965 | ئاتۇش ناھىيىسى |
| 33 | 4.4 | 3 | 1966 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى |
| 28 | 4.4 | 3 | 1966 | ئاقچى ناھىيىسى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | | 242 | 482.1 | 1470 |
| قەشقەر كوناشەھەر «1 - ئاۋغۇست» پولكى | 1964.10 | 33 | 61.5 | 165 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1963.3 | 29 | 59.6 | 181 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1963.3 | 19 | 35.8 | 118 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1963.3 | 48 | 99 | 297 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1963.3 | 34 | 69 | 219 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1963.3 | 23 | 41 | 145 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1965.3 | 17 | 35.2 | 107 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 1965.3 | 8 | 15 | 70 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1965.3 | 17 | 36.6 | 86 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1965.3 | 14 | 26.4 | 82 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 130 | 260.4 | 789 |
| خوتەن ناھىيىسى | 1963.1 | 31 | 62.2 | 179 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 1963.5 | 19 | 39.2 | 123 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1963 | 25 | 50.8 | 151 |
| گۇما ناھىيىسى | 1963.4 | 22 | 43 | 124 |
| لوپ ناھىيىسى | 1965 | 17 | 35.2 | 99 |
| چىرىيە ناھىيىسى | 1965 | 12 | 24.6 | 80 |
| نىيە ناھىيىسى | 1966.6 | 4 | 5.4 | 33 |

### 4) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

1951 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە يەرلىك ئورۇنلار بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى ۋە ئۇنى

تەرەققىي قىلدۇردى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىنى كەينى - كەينىدىن تەشكىللەپ قۇرۇپ، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىك شەكلىنى بەرپا قىلدى.

(1) ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى

1951 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پىيادە قىسىم 6 - شىسى بەنجەدە شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ماشىنىلاشتۇرۇلغان تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى، مەيداندا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى تەسىس قىلىنىپ، 4 تراكتور، بىر «C—6» تىپلىق كومبايىن ۋە بىر دان ئايرىش ماشىنىسى بىلەن شۇ يىلى كۈزلۈك تېرىقچىلىق ئېلىپ باردى. 1952 - يىل 7 - ئايدا 25 - شى ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇردى، 1953 - يىلى كۈزدە 27 تراكتور 3 تۈەنگە بۆلۈپ بېرىلىپ، تۈەن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە گەرچە كىرگۈزۈلگەن تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ ئەمما ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلىك قىلىنغان ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى تەسىس قىلىنىپ، تراكتور ۋە باشقا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى. 1953 - يىلدىن كېيىن تراكتور قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماشىنا بىلەن تېرىش رايونى ۋە چارۋا بىلەن تېرىش رايونى ئايرىۋېتىلدى. ماشىنا بىلەن تېرىش رايونىدا مەشغۇلات پونكىتى قۇرۇلۇپ، پونكىتتا ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. بەزى شۆبە مەيدانلاردىمۇ ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترىتى قۇرۇلدى.

1954 - يىلى بىڭتۇەن قۇرۇلدى، 1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ۋە تېخنىك خادىملار بىردەك كۆپەيدى، قىسمەن شۆبە مەيدانلار بىلەن مەشغۇلات پونكىتلىرىدا كەينى - كەينىدىن كىچىك تىپتىكى ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، ليەندۈيلەرنىڭ ماشىنا بىلەن تېرىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشىغا ماسلاشتى. 1961 - يىلدىن كېيىن بىڭتۇەننىڭ ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى تراكتور قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى تېز كۆپەيدى. شۆبە مەيدان ۋە مەشغۇلات پونكىتلىرىدا ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، 1983 - يىلغا كەلگەندە ئۇنىۋېرسال ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترىتى 152 گە يەتتى.

1953 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. شۆبە مەيدانلاردا ياكى مەشغۇلات پونكىتلىرىدا بولسۇن ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى. ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى، شۆبە مەيدان ياكى مەشغۇلات پونكىتىغا قاراشلىق مۇستەقىل ئورۇن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ماشىنا

بىلەن تېرىش مەشغۇلاتىنى ئۈستىگە ئالدى. ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى ئادەتتە مۇستەقىل ھېسابات ئېلىپ بارماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق مەيدانى ئارقىلىق بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى ۋە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تېخنىكا جەھەتتىن بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىندى، ماي ۋە زاپچاسلار بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەندى. بىر تۇتاش ھېسابات ئېلىپ بېرىلىپ، پايدا - زىيان بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىندى. ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترىتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى - تراكتور ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش، ياخشى ئاسراش، قوغداش ئارقىلىق بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدىكى ماشىنا بىلەن تېرىش ۋەزىپىسىنى دېھقانچىلىق قىلىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئورۇنداش، ماشىنا بىلەن تېرىش مەشغۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تەسىس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىلەن نىسبىي مۇستەقىل بولغان ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى مۇنۇلار: دېھقانچىلىق ئەترەتلىرى ماشىنا بىلەن تېرىش مەشغۇلاتىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرالمىدى؛ ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرىنىڭ ماشىنىلارنى يۆتكىشى كۆپ، قۇرۇق يۈرۈشى كۆپ بولدى. ماشىنا ئىشلىرى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرى، ماشىنىدا تېرىش ئەترىتى بىلەن دېھقانچىلىق ئەترەتلىرى ئۆزئارا ماسلىشالمىغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتتى ۋە ماشىنىلىشىشتا تېگىشلىك بولغان ئىش ئۈنۈمى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىدى.

(2) ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى

1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بىگتۇەن ماشىنىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ۋە تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ يېڭى تەشكىلىي شەكلىنى تەجرىبە ۋە تەتقىق قىلىشنى يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە تراكتور، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ماشىنا خادىملىرىنى بىۋاسىتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەپ ئاتىدى. ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يەر، ماشىنا، ئادەم ۋە ئۇلاغ كۈچىنى بىر تۇتاش ئىگىلەپ، زىرائەت پىلانى، مەشغۇلات تەرتىپى، تېخنىكا تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىشقا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلدى.

1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە بىگتۇەن ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش، ماشىنا - سايمانلارنىڭ تەقسىملىنىشى ۋە ھەر خىل تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. شۇ يىلى قۇرۇلغان ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى جەمئىي 87، بۇنىڭ ئىچىدە 42 ئەترەت نۇقتىلىق ئەترەت بولدى. يېزا ئىگىلىك 2 - شى 5 - تۇەنى (ھازىرقى 21 - تۇەن) يېزا ئىگىلىك 4 - شى 12 - تۇەنى (ھازىرقى 71 - تۇەن)، يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە باش مەي-

دانى 2 - شۆبە مەيدانى ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 14 نى قۇردى. بۇ ئەترەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تېرىغان يەر كۆلىمى 10 مىڭ 400 مو، ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلاتى 186.5 كىلوگرام بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى، بىرلىك مەھسۇلاتى، ماشىنا مەشغۇلات تۈرلىرى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى، شۇ يىلقى كۈزلۈك ھەيدەلگەن يەر مەيدانى قاتارلىقلار دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى باشقا لىيەندۈيلەرگە قارىغاندا بىردەك يۇقىرى بولدى.

1963 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە بىڭتۇەن ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ «ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور كۈچ شۇنداقلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي شەكلى» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تەرەققىي قىلىپ 1282 گە يەتتى.

1963 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 3 - ئەترىتىدە، فاڭساۋخۇ 1 - مەيدانىنىڭ 1 - ئەترىتىدە، 3 - مەيدانىنىڭ 4 - ئەترىتىدە ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 3نى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ، ھەر بىر ئەترەتكە 7.4 ئۆلچەملىك تراكتور تەقسىم قىلىپ بەردى. 1964 - يىلى 3 - ئەترەتنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى 1963 - يىلدىكىدىن 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە قىسقاردى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 20% تىن 40% كىچە ئاشتى. شۇ يىلى 12 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى سىناق قىلىپ قۇرۇش خۇلاسىسى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، شۇڭلاشقا بىرلىك مەيداندىكى مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، 3 ئەترەتنىڭ ئايرىم ھالدا 70%، 30%، 50% ئۆستى. ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى. فاڭساۋخۇ 3 - مەيدان 4 - ئەترەتنىڭ 800 مو يېرىدىكى بۇغدىينىڭ (ئودېسا 16 - نومۇر) ئوتتۇرىچە مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 209.8 كىلوگرامغا، 1 - مەيدانىنىڭ 1 - ئەترىتى تېرىغان 800 مو يەردىكى كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 300 كىلوگرامغا يەتتى؛ «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدا كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى تەننەرخى 1963 - يىلدىكى 35 يۈەندىن 19.5 يۈەنگە تۆۋەنلىدى. ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ماشىنا - سايمانلارنى بىۋاسىتە ئىگىلەپ، ئەمگەك كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەشغۇلاتنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن، 1964 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە زىرائەت پەرۋىشى مەشغۇلاتىدا، ماشىنىلارنىڭ ئىسمپىنلىق ئۈنۈمدارلىقى باشقا ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش شەكلىنى قوللانغاندا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە قولايلىق بولۇپ، دېھـ

قانچىلىق ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، تېرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. 1965 - يىلى بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تەرەققىي قىلىپ 19 غا يەتتى.

(3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى (پونكىتى)

1978 - يىل 12 - ئايدا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. 1980 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ماشىنىنى ئادەمگە كۆتۈرە بېرىش، ئىشنى گۇرۇپپىغا كۆتۈرە بېرىش، كەسپىنى ھۆددىگە بېرىش، پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. 1983 - يىلى بىڭتۇەننىڭ قىسمەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركىتىدىن 28 نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتىدىن 154 نى قۇردى. بۇ شىركەت، پونكىتلار بۇرۇنقى تۇەن — مەيدانلارنىڭ ماشىنا ئىشلىرى بۆلۈملىرى يۈرگۈزگەن نوقۇل مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى مۇلازىمەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئۆزگەرتتى. مەيداننىڭ ماشىنا بىلەن تېرىش پىلانى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىش، ماي ۋە ماتېرىيال باشقۇرۇش، تەمىنلەش قاتارلىقلارنى شىركەت بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ۋاكالىتەن تېرىش توختامنامىسىنى بىرتۇتاش ئىمزالاپ، بىر تۇتاش ھېسابات ئېلىپ باردى. بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركەتلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك توختامنامىسى ئىمزالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ پۈتۈن مەيدان بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشى، ماشىنا بىلەن تېرىش ھەققىنى يىغىۋېلىشى ئۈچۈن مەيدان شتابى ياكى مەيدان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە بىڭتۇەندىكى بىر قىسىم تۇەن - مەيدانلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركەتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماشىنا گۇرۇپپىسى ھۆددىگەرلىكى ۋە شەخسىي ھۆددىگەرلىكتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك: شىركەت، پونكىتلار يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ھەر قايسى ماشىنا گۇرۇپپىلىرىغا ھۆددىگە بەردى، ھۆددىگە بېرىش توختامنامىسىدا ماشىنا گۇرۇپپىسى ھەر يىلى ئورۇنداشقا تېگىشلىك تېرىش ۋەزىپىسى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا سانى بەلگىلەندى؛ ماشىنا گۇرۇپپىلىرى ھۆددىگە ئالغان مەزگىلدە ئېھتىياجلىق بولغان ماي، زاپچاس خىراجىتى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان قىسمى ھۆددىگە ئالغان ماشىنا گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ

بولدى. بۇ خىل باشقۇرۇش شەكلىدە ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى چوڭ بولغانلىقتىن ماشىنا گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلاردا تىجارەت نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. لېكىن بۇ خىل باشقۇرۇش شەكلىدە ماشىنا گۇرۇپپىسىدىكى خادىملاردا نۇقۇل ۋەزىپە كۆز قارىشى شەكىللىنىپ، ماشىنا - سايمانلارنى ئاسراشقا سەل قارايدىغان ئىللەتلەر ساقلاندى.

## 2. كوللېكتىپ ئىگىلىكى

1958 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا گۇڭشېلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز ساندىكى گۇڭشېلار ئۆزى توپلىغان مەبلەغ ئارقىلىق ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، باشقۇردى. 1959 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ماشىنا - سايمانلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1970 - يىلدىن كېيىن يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ گۇڭشې ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 3 قاتلاملىق پارتكوم ئىگىلىك شەكلى بارلىققا كەلدى. 1972 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» دە «چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ۋە مايلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش، چىگىت ئايرىش قاتارلىق مۇھىم ئەسلىھەلەرنى گۇڭشېلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇش، شەرت - شارائىتى بار چوڭ ئەترەتلەردىمۇ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بىر قانچە بەلگىلىمە» دە «گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت 3 قاتلاملىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تىجارىتىگە رۇخسەت قىلىش؛ گۇڭشې چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولۇش كېرەك» دەپ بەلگىلەندى.

### 1) گۇڭشې ئىگىلىكى

1958 - يىلى ئاز ساندىكى خەلق گۇڭشېلىرى ئۆزى توپلىغان مەبلەغ بىلەن تراكتور ۋە باشقا چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتورلارنىڭ ھەممىسىگە گۇڭشې ئىگىدارچىلىق قىلدى. 1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق گۇڭشېلىرى باشقۇرغان تراكتور ۋە باشقا چوڭ تىپتىكى ماشىنا كۆچى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى تراكتور پونكىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا

قايتۇرۇپ كېلىندى، ئاز قىسمىغا يەنىلا گۇڭشې ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلدى. 1964 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، كىرىمى نىسبەتەن يۇقىرى، ئىقتىسادىي شارائىتى نىسبەتەن ياخشى بىر قىسىم خەلق گۇڭشېلىرىنى ئۆزى توپلىغان مەبلەغ بىلەن تراكتور ۋە يۈرۈشلەشكەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق گۇڭشېسىنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى ئارقىلىق تراكتور سېتىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق» ىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان تراكتور پونكىتلىرى (گۇرۇپپىلىرى)نى ئوبدان باشقۇرۇشقا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىش ۋە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوللېكتىپ باشقۇرغان تراكتور پونكىتلىرىنىڭ كۈچىنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

خەلق گۇڭشېلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى مەزگىلدە ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقتىن، تەسىس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ياكى ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرى شۇ گۇڭشېغا قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ۋاكالىتەن يەر ھەيدەپ بېرىپ، شۇ جايدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش ھەققى ئالدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا بەلگىلەپ بېرىش، كۆتۈرە بېرىش، مۇكاپات بېرىش ۋە تۆلەم تۆلىتىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش نورمىسىنى بېكىتىش، ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ يەككە ماشىنا ھېساباتىنى ئېلىپ بېرىش، «ئۈچنى بەلگىلەش» ياكى «بەشنى بەلگىلەش» (خادىملارنى بەلگىلەش، ماشىنا - سايمانلارنى بەلگىلەش، ۋەزىپىنى بەلگىلەش، ماي سەرپىياتىنى بەلگىلەش، رېمونت ھەققىنى بەلگىلەش) مۇكاپات بىلەن تۆلەش نىسبىتىنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مۇكاپىتىنى يولغا قويۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى كېمەيتكەنلەر تۆلەش، ئىقتىساد قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، چىقىمى ئېشىپ كەتكەنلەرگە تۆلىتىش يولغا قويۇلدى. 1979 - يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنا پونكىتلىرىدا، ئەترەتلىرىدە ماشىنىنى ئادەملەرگە كۆتۈرە بېرىش، لەيلىمە مائاش، پايدىنى نىسبەتكە ئايرىش قاتارلىق باشقۇرۇش شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى.

2) ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئىگىلىكى

1968 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن گۇڭشېلار چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشى-

نا - سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، چوڭ ئەترەتلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 1972 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ھۆججەت تارقىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغان چوڭ ئەترەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتلىرىنى ئەرتىپكە سېلىش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغانلىرىنىڭكىنى گۇڭشې ئىگىلىكىگە قايتۇرۇۋېتىش، شەرت - شارائىتى ياخشىراق چوڭ ئەترەتلەرنى ئۆزى باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى چوڭ ئەترەت مەبلەغ توپلاپ سېتىۋېلىپ، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، مەشغۇلات ھەققى يىغىۋالدى. 1972 - يىلدىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى تەدرىجىي يولغا قويدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى، 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى جەمئىي 1863 كە يەتتى. 1978 - يىلى 3224 كە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 6617 بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە كوللېكتىپ باشقۇرغان تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 55.3% نى ئىگىلىدى. 1979 - يىلدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى سېتىۋېلىپ باشقۇرغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار تەدرىجىي كۆپەيدى. 1980 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى كۆپىيىپ 5109 غا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 9526 گە يېتىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 48.5% نى ئىگىلىدى.

3) ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىگىلىكى

1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىكى تراكتور ۋە باشقا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، خەلق گۇڭشېلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈرۈپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشىنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى: ماشىنىلارنى ئىشلىتىش قولايلىق بولۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىۋاسىتە بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ، مەشغۇلاتچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىش ھەققى ئوخشاش بولغانلىقتىن، دېھقان بىلەن مەشغۇلاتچى خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئازايتىشقا پايدىلىق. لېكىن ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ماشىنا باشقۇرۇشى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلمىغان، كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۆز ئالدىغا يەككە ماشىنا ھېساباتى ئېلىپ بارغان، ۋەزىپىسى پىلانسىز، سەرپىياتى نورمىسىز بولۇپ، مەشغۇلاتچى خادىم ئاز ئىشلىسىمۇ، كۆپ ئىشلىسىمۇ ئوخشاش نومۇر خاتىرىلەنگەن. بۇلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا تەسىر

يەتكۈزگەن. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 1974 - يىلى شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىرمۇنچە ناھىيە، شەھەرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى باشقۇرۇشىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى چوڭ ئەترەتلەرگە قايتۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى ھەم مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى. 1976 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك ۋەزىيىتىگە يول ئاچماسلىقى، چوڭ ئەترەت جامائەت جۇغلانمىسىنىڭ ئاز بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ماشىنا بىلەن تېرىش ھەققىنىڭ يىغىۋېلىنماسلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىمۇ مۇۋاپىق بولماسلىقى، بانكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتلىرىگە بىۋاسىتە قەرز پۇلى بېرىپ تۇرماسلىقى تۈپەيلىدىن، نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولماي قالدى. ئىش ھەققى تۆۋەن بولغانلىقتىن مەشغۇلاتچى خادىملارمۇ خاتىرجەم بولالمىدى، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە ناھىيە، شەھەرلەر چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. مەسىلەن: 1979 - يىل 2 - ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىلىك پارتكوم «ناھىيە بويىچە بەزى باشقۇرۇشى قولايلىق، ئىگىلىكى يۈكسەلگەن ۋە چەت - يىراققا جايلاشقان چوڭ ئەترەتلەردە چوڭ ئەترەت ماشىنا بىلەن تېرىش ئەترەتلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى پرىنسىپ جەھەتتە بىردەك ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1980 - يىل 3 - ئايدىكى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا: «دۆربىلجىن ناھىيىسى بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور جەمئىي 206 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرغىنى 120 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 58% ىنى ئىگىلىگەن. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنى باشقۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى 86 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 60% ىنى ئىگىلىگەن». 1979 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى 5 گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن خادىملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلىپ «ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش» نى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى: (1) ماشىنا خادىملىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پايدا تەقسىمات پەرقى ھەل قىلىنغان. (2) ماشىنا خادىملىرىنىڭ پەقەت سانىنى قوغلۇشۇپ، سۈپەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان ناچار ئىستىلى تۈگىتىلگەن. (3) ماشىنا خادىملىرىنىڭ ماشىنىنى ئاسراش، كۆيۈنۈش مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلگەن. (4) دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ماشىنا بىلەن تېرىش خادىملىرى تۇرمۇشتا ئالاھىدە بولۇۋالماي، ماشىنا بىلەن تېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز پەيتىدە تاماملىغان. 1979 - يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيە، گۇڭشېلار گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ياكى چوڭ ئەترەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1982 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى باشقۇرغان چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور سانى ۋە ئەترەت سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1979 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى باشقۇرغان چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 10.3% نى ئىگىلىدى. 1980 - يىلى ئۆرلەپ 27.4% گە يەتتى. 1982 - يىلى تراكتور سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولۇپ ، 41.7% كە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى.

1974 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تراكتور باشقۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—6

| | باشقۇرغان ئورۇن | | | | چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | | | | كىچىك تىپتىكى تراكتور | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئورۇن سانى (دانە) | بۆلۈنۈش نىسبىتى : % | | | جەمئىي (ئات كۈچى ھېسابىدا سانى) | بۆلۈنۈش نىسبىتى : % | | | جەمئىي (ئات كۈچى ھېسابىدا سانى) | بۆلۈنۈش نىسبىتى : % | |
| | | گۇڭشې | چوڭ ئەترەت | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى | | گۇڭشې | چوڭ ئەترەت | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى | | گۇڭشې | چوڭ ئەترەت | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى |
| 1974 | 3250 | 17.9 | 46.7 | 35.4 | 7118 | 43.6 | 43.5 | 12.9 | 1730 | 18.8 | | |
| 1975 | 3446 | 16 | 54.7 | 29.3 | 8278 | 40 | 48.8 | 11.2 | 2195 | 18.5 | | |
| 1976 | 3432 | 16.3 | 54.3 | 29.4 | 8919 | 45.6 | 47.8 | 6.6 | 3063 | 30.7 | | |
| 1977 | 5364 | 11.6 | 48.8 | 39.6 | 9851 | 40.8 | 53.7 | 5.5 | 3987 | 19.9 | | |
| 1978 | 6321 | 9.4 | 51 | 39.6 | 11966 | 39.7 | 55.3 | 4.9 | 5348 | 20 | 26.8 | 53.2 |
| 1979 | 7973 | 7.5 | 45.4 | 47 | 14640 | 33.2 | 56.4 | 10.3 | 9278 | 14.7 | 26.3 | 59 |
| 1980 | 11720 | 5.1 | 43.6 | 51.3 | 19642 | 24 | 48.5 | 27.4 | 10838 | 11.9 | 24.9 | 63.2 |
| 1981 | 14295 | / | 35.3 | 53 | 22068 | 19.2 | 42.3 | 38 | 11627 | 11.9 | 22.7 | 56.9 |
| 1982 | 17397 | / | 30.5 | 47.6 | 23860 | 16.4 | 38.8 | 41.7 | 13083 | 11.6 | 18.1 | 44.9 |

ئىزاھات : 1980 - يىلدىن كېيىنكىلىرى بەككىلەر باشقۇرغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) يېزا ، بازار (گۇڭشې) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى

1982 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۆپ خىل ئىگىلىك باسقۇچىغا كىردى. دېھقانلارنىڭ «ماشىنا رېمونت قىلىش قىيىن بولۇش» ، «تەمىنلەش قىيىن بولۇش» مەسىلىسى

نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تارباغاتاي ۋىلايىتى چۆچەك ناھىيىسىنىڭ چاشا گۆڭشېسىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سىناق نۇقتىسى قىلدى. شۇ يىلى چاشا گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى، رېمونت پونكىتى ئاساسىدىكى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى تەشكىللەپ، ئەسلىدىكى ۋاكالىتەن تېرىش، رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش كەسپىنى كېڭەيتىپ، تەمىنلەش، رېمونت قىلىش ۋە ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى، تۇرمۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىدا بۇ پونكىتنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش يىغىنىدا ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈپ، گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. سىناق نۇقتىسىنىڭ تۈرتكىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى «نۇقۇل مەمۇرىي باشقۇرۇش شەكلى» دىن «باشقۇرۇش مۇلازىمەت شەكلى» گە پائال ئۆزگەرتتى. باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش بىلەن بىرگە، تەمىنلەش، رېمونت قىلىش، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىنى ئورنىتىپ، ماي بىلەن تەمىنلەش، زاپچاس بىلەن تەمىنلەش تۈرلىرىنى قۇردى. ھەقلىق ۋە ھەقسىز مۇلازىمەتنى يولغا قويدى.

1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىمە (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» ىدا شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى تېزلىكتە قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىندى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتا خەلق گۆڭشېسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن جەمئىي 176 سى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنى باشقۇرىدىغان كادىرلارنى تەشكىللەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە خەلق گۆڭشېسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. 1984 - يىلى يېزا - بازارلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن يەنە 208 ى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى تەرەققىي قىلىپ 669 غا يەتتى. يېزا - بازار (گۆڭشې) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى ھەم يېزا - بازار دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقى ھەم ئوخشاش دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت تەشكىلى بولدى، ئۇ باشقۇرۇش ھەم مۇلازىمەتتىن ئىبارەت 2 خىل چوڭ فۇنكسىيىنى يۈرگۈزىدىغان كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كارخانىچە باشقۇرۇشنى يولغا

قويىدۇ ، ئىگىلىكنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ ، بۇنىڭدا باشقۇرۇش تارمىقىدىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى كەسپىي خىراجەتتىن ئاجرىتىلىدى ، مۇلازىمەت تارمىقى كارخانا ئىگىلىكىنى يولغا قويىدى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ھەققى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىدە ئېلىنىدىغان ھەقتىن ئاجرىتىلىدى . «دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش ، ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش» تىن ئىبارەت تىجارەت فاڭجېنى يولغا قويۇلدى .

يېزا - بازار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇنداق بولىدى : دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر قانۇن - بەلگىلىمەر ۋە ھەر خىل قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، كېڭەيتىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئوگشۇپلىشىغا ياردەم بېرىش ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيلەش ، تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ ئىلغار ، سۈپەتلىك ، ئەرزان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى تېخنىكىسىنى ۋە يېڭى تېخنىلوگىيىسىنى كېڭەيتىش ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات توختامنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى توختامنامىسى ياكى مۇلازىمەت توختامنامىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تۇغۇلغان تالاش - تارتىشلار ئۈستىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا ياردەم بېرىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش ، تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسى : دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە كەسىپ ، بېلىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كونكرېت مۇلازىمەت تۈرلىرىدىن : يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ، يەر ھەيدەش ، تېرىش ، تراكتور ترانسپورتى ، قوي يۇڭىنى ماشىنا بىلەن قىرقىش ، توپا ئېتىرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار ھەم زاپچاس بىلەن تەمىنلەش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، تولۇقىقا ئىز چىقىرىش ، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلار بار . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك مۇلازىمىتىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى .

### 3 . يەككە ئىگىلىك

شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى يەككە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) دىن باشلانغانىدى . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-

رىبىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، 1956 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئەمەل-
گە ئاشۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئايلاندى. شۇنىڭ بى-
لەن دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا بولغان يەككە ئىگىلىك ھالىتى ئاياقلاشتى.
1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،
شىنجاڭدا يەككە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1985 -
يىلغا بارغاندا 65 مىڭ 593 كە يەتتى. ئىگىلىگەن تراكتور ئومۇمىي سانى 51 مىڭ 802 گە يې-
تىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ئورۇنلاردىكى 66 مىڭ 584 تراكتورنىڭ 77.8% نى ئە-
گىلىدى.

1) خۇسۇسىي ئىگىلىك

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى
جۇڭگو - روسىيە چېگرا بانكىلىرى كۆپ خىل يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى
كىرگۈزدى. 1971 - يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق
ئورۇس ئارمىيىسى ئورغۇنلىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، شى-
مالىي شىنجاڭنىڭ چېگرا چازىسى ئەتراپلىرىدا بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلدى. شۇ جاي-
دىكى باي دېھقانلار، پومېشچىكلار يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ ياكى ئى-
جارىگە ئېلىپ ئىشلەتتى.

مىنگونىڭ 23 - يىلىدىن 29 - يىلىغىچە (1934 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە) ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت سوۋېتتا ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تۈركۈملەپ سېتىۋې-
لىپ، ھەمدە قەرز پۇل تارقىتىپ، ئەرزان باھادا دېھقانلارغا سېتىپ بەردى. مىنگونىڭ 26 -
يىلى (1937 - يىلى) شىمالىي شىنجاڭنىڭ غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس، توققۇزتارا، تېكەس
قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى دېھقانلار يېڭى تىپتىكى سوقىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئىگە بول-
دى؛ ھاللىقراق دېھقانلاردا ئورۇش ماشىنىسى، سېپالكا، ئۇلاغلىق سوقۇش ماشىنىسى قا-
تارلىق چوڭ تىپتىكى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار بول-
دى. غۇلجا ناھىيىسىدىن داموللا جارۇپ ھازىرقى چاپچال، نىلقىلاردىكى شىبەلەردىن تۆگ-
رۈگچاڭ، تۈگمىچىخۇلار كەينى - كەيدىن تراكتور سېتىۋېلىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك يۈرگۈزدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ 19 ناھىيىسىدىكى
ئاھالىلەر 4010 دانە ھەر خىل دېقانچىلىق سايمىنىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىل-
دى. مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن بۇرۇن تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دېھقانلاردا يېزا ئىگىلىك ما-
شىنا - سايمانلىرىدىن 5839 ى بار بولدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) توققۇزاق
ناھىيىسىدىكى دېھقانلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنىدىن 116 سى بار بولدى.

1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئاز ساندى-
كى پومېشچىك، باي دېھقانلار يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ئارقىلىق يەر-
نى ئۆزى ھەيدەپ، ئۆزى تېرىدى ياكى ئۇنى ئىجارىگە بەردى. يەنە بىرقىسىم ئاز ساندىكى
سودىگەرلەر مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش كەسپىي تىجارى-
تى بىلەن شۇغۇللاندى. يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بەزى ھاللىق دېھقانلار يە-
نىلا يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئىگە بولدى ھەم ئۆزى ئىشلەتتى ھەم باشقىلارغا
ئىجارىگە بەردى ياكى ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئورۇش، يىغىشقا قاتناشتى. 1956 - يىلى يېزا

ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى يەككىلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا خاتىمە بېرىلدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا دېھقانلار يەككە ھالدا ياكى ئائىلىلەر بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرىدىغان شەكىل بارلىققا كەلدى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغان دېھقان 1042 ئائىلىگە، تراكتور 1073 كە يېتىپ، گۇڭشې سىستېمىسىدىكى تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 3.2% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 35، كىچىك تىپتىكى تراكتور 988 بولۇپ، گۇڭشېلاردىكى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى تراكتورلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.39% ۋە 8.5% نى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە» ناملىق 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، دېھقانلار ئۆزلىرى شەخسىي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش، تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئىگىلىكىگە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغاچقا تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردىكى 65 مىڭ 593 دېھقان 51 مىڭ 802 تراكتورغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. بۇ يەرلىك ئورۇنلار ئىگىلىگەن تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 77.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 21 مىڭ 486 بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 67.14% نى ئىگىلىدى؛ كىچىك تىپتىكى تراكتور 30 مىڭ 316 بولۇپ، كىچىك تىپتىكى تراكتور ئومۇمىي سانىنىڭ 87.67% نى ئىگىلىدى.

1983 - يىلى بىكىتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىدا «ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى» قۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي تراكتور سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغالدى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر شەخسىي سېتىۋالغان تراكتور سانى 1075 كە يەتتى. 1985 - يىلدىن بۇرۇن، بىكىتۈەندىكى 96 تۈەن - مەيداندا 2688 تراكتور مۇقىم مەبلەغ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭغا دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ بۇرۇن سېتىۋالغان 5098 دانە تراكتور قوشۇلۇپ، شەخسىي ئىگىدارچىلىقتىكى تراكتور جەمئىي 7786 گە يەتتى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 24 مىڭ 253 كە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر يۈك ئاپتوموبىللىرى 4941 گە يەتتى. كەسپىي ئائىلىلەر ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى تراكتورلارنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتكەندىن سىرت، كۆپىنچە سىرتقا قارىتا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىپ، ۋاكالىتەن يەر ھەيدەش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت قاتارلىق كۆپ خىل تىجارەتنى يولغا قويۇپ، نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. لېكىن بۇنىڭدا مەشغۇلات سۈپىتى تۇراقسىز بولۇش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قائىدىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، ھادىسە كۆپ يۈز بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلاندى.

2) كەسپىي ئائىلىلەر

يېزا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 1983 - يىلى شىنجاڭدا بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 545 ئائىلىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردا يەنە تۆۋەندىكىدەك تىجارەت تۈرلىرى بارلىقىنى ئىگىلىگەن: ترانسپورتنى ئاساس قىلغانلىرى 202 ئائىلە بولۇپ، %37 نى ئىگىلىگەن؛ ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار 115 ئائىلە بولۇپ، %21 نى ئىگىلىگەن؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئائىلە 111 بولۇپ، %20 نى ئىگىلىگەن؛ تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغانلىرى 104 ئائىلە بولۇپ، %19 نى ئىگىلىگەن؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدىغان ئائىلە 13 بولۇپ، %2.4 نى ئىگىلىگەن؛ 1983 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ساپ كىرىمى 7345 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن كىرگەن ساپ كىرىم %72.2 نى ئىگىلىگەن؛ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 978 يۈەن كىرىم بولۇپ، شۇ يىلقى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمدىن 3 ھەسسە يۇقىرى بولغان.

1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىدە ئېرىشكەن ساپ كىرىمى

جەدۋەل: 2—7

| سانى | 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى | 5000 يۈەندىن يۇقىرى | 3000 يۈەندىن يۇقىرى | 3000 يۈەنگە يەتمىگەنلىرى |
|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | 91 | 143 | 150 | 161 |
| ئىگىلىگەن%ى | 16.7 | 26.2 | 27.5 | 29.5 |

1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى 15 مىڭ 465 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن ۋاكالىتەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان كەسپىي ئائىلە 6095، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى 9355 بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىدىكى ساپ كىرىم 55 مىليون 169 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق ساپ كىرىم 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلار 3710 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ %6.7 نى ئىگىلىدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى دېھقانلارنىڭ قول سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان كونا ئادەت، كونا ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇزۇپ تاشلىدى، دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك يېڭى ۋەزىيەت راۋاجلاندۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بىرەر ئارتۇقچىلىق بولۇپ، ئۇلار تىجارەتكە ماھىر، تېخنىكىغا پىششىق، ئۇچۇرغا باي، ئورۇنلاشـ

تۇرۇشى ئەتراپلىق، پۈتۈن كۈچى بىلەن ماشىنىلارغا كۆيۈنىدۇ ۋە ئاسرايدۇ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يۈرۈشلەشكەن، مۇلازىمەت تۈرلىرى كۆپ، مۇلازىمەت دائىرىسى كەڭ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىگە ۋە مەشغۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا نىسبەتەن ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولالايدۇ.

### 4. بىرلەشمە ئىگىلىك

#### 1) دۆلەت ـ گۇڭشې بىرلەشمە ئىگىلىكى

1959 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گۇڭشېلارنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1962 ـ يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، تراكتور پونكىتلىرى قايتا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 11 تراكتور پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، تۇرپان، باي قاتارلىق 5 ناھىيىلىك پونكىت دۆلەت ـ گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان پونكىت بولدى. 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت ـ گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىدىن 11 ى بارلىققا كەلدى.

دۆلەت ـ گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان تراكتور پونكىتى ئورتاق باشقۇرۇلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ئىگىلىك شەكلىنى قوللاندى. 1965 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسى دۆلەت باشقۇرۇشىدىمۇ، گۇڭشې باشقۇرۇشىدىمۇ يېزائىگىلىك ماشىنىلىرى بولغان، لېكىن گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ بولغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ھەم دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم خەلق گۇڭشېسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئاكتىپچانلىقىنى ئاسراش ۋە جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، دۆلەت ۋە گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بىرلەشمە ئەترەت (پونكىت) تەشكىللىدى. بۇنىڭدا كەسپىي جەھەتتە بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش، بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، بىر تۇتاش رېمونت قىلىش، ماي ۋە زاپچاسلار بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش، بىر تۇتاش باھا ئۆلچىمى بولۇش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛ ھەق يىغىش ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھېساباتنى ئايرىم قىلىش، ھەر قايسىسى پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش قاتارلىق چارىلەر يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتا، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش يۆتكەش بىلەن بىرگە دۆلەت ـ گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىغا قارىتا دائىرىگە بۆلۈپ، نۇقتا بېكىتىش، مەشغۇلات رايونىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تراكتورلارنى چوڭ ئەترەتلەرگە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا ئاسانلىق يارىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

## 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى

1984 - يىلى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ جۇيۇڭگەي يېزىسى (بۇغدا كۆلى گۇڭشېسى) ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى ۋە يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ ، يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئائىلىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ تېز بېسىشى ئۈچۈن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە رېمونتچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى ۋە يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن بولۇپ جەمئىي 18 ئادەم ، 12 تراكتور قاتناشقان تۈنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسىدىن 2 كىشى كېڭەش باشلىقلىقى ۋە مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىنكى يىلى يەنە زىنچۆەندى يېزىسى ۋە بازارلىق بىڭخۇ كەنتىدىن ئىبارەت 2 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا ھەمكارلىشىدىغان ئاممىۋى مۇلازىمەت تەشكىلى بولۇپ ، تراكتورى يوق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن توختامنامە شەكلى ئارقىلىق ھەقلىق ۋاكالىتەن يەر ھەيدەش مۇلازىمىتى ئېلىپ باردى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىگە قاتناشقانلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئۆزگەرمىدى. بىرلەشمە گەۋدىنىڭ تىجارەت پرىنسىپى مۇنداق بولدى : بەشتە بىردەك بولۇشتا چىڭ تۇرۇش يەنى يۆتكەشتە بىردەك بولۇش ، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بىردەك بولۇش ، ماي تەقسىماتى بىردەك بولۇش ، رېمونت قىلىش ، ئاسراشتا بىردەك بولۇش ، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە بىردەك بولۇش. تارقاق ھالەتتە بىرلىشىش ، ئائىلىلەر بويىچە تىجارەت قىلىش ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ، ھەر قايسىسى ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ توختامنامە شەكلى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى ، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى ئورگانىك ھالدا بىر - بىرىگە باغلاندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى تۆلەنگەن ھەقنىڭ 3% ى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىدىن مۇلازىمەت ھەققى يىغىۋېلىپ ، يىغىۋېلىنغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ رېمونت سايمانلىرى ۋە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتتى. يەنە بىر قىسمىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئەزالىرىنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلەتتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى تۆۋەندىكىدەك : (1) بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدىكى مەشغۇلات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ماشىنىلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ ؛ (2) ماشىنىلارنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشتا نەشەبۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلەيدۇ ؛ (3) ئادىل رىقابەت ئېلىپ بېرىش ، سۈپەتكە كا-

پالەتلىك قىلىش، مۇۋاپىق ھەق ئېلىش ئارقىلىق ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق؛ (4) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ؛ (5) تراكتورلارنى رېمونت قىلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ (6) يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئىگىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارەت كەسپىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلەشكەن، لېكىن قوشۇلمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئۆز ئارا تەڭشەش، يۆتكەش مەۋجۇت ئەمەس. ھەر قايسى ماشىنىلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات ئېلىپ بارغاچقا، «تەڭ تەقسىماتچىلىق» نىڭ ئالدى ئېلىنغان، شۇڭا بۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىدىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك شەكىلدىن ئىبارەت.

1985 - يىلى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى 68 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى 54 تراكتور بىلەن تىجارەت قىلىپ تاماملىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات مىقدارى 335 مىڭ 400 ئۆلچەملىك مو، ئومۇمىي كىرىمى 512 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 33 مىڭ 500 يۈەنگە، ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2383 يۈەنگە يەتتى.

1983 - يىلى گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ شىبېيۈەن گۇڭشېسى ۋە لىيۇشۇخې چوڭ ئەترىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى تارقىتىۋېتىلدى، 1984 - يىلدىن كېيىن ئۇ چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى قىلىپ تەشكىللەندى، بۇنىڭدا: مەبلەغ توپلاپ پايدا يارىتىش، خادىملارنى مەبلەغ چىقارغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرى ئىچىدىن تاللاپ تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، نەتىجىدە 16 ئائىلىلىك دېھقان يېزائىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى ئۈچۈن 46 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 3نى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 8 يۈرۈشنى سېتىۋالدى. 8 تراكتور شوپۇرىنى تاللاپ ئىشقا قويدى. شۇ يىلى بۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى تاماملىغان مەشغۇلات مىقدارى 26 مىڭ 909 ئۆلچەملىك مو، ئومۇمىي كىرىمى 41 مىڭ 818 يۈەنگە، ساپ كىرىمى 33 مىڭ 772 يۈەنگە يەتتى.

1984 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئائىلىلەر بىرلىشىپ ھۆددىگە ئالىدىغان ۋە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان شەكىل بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ يېرىنى ھەيدەش ياكى باشقىلارنىڭ يېرىنى ھەيدەپ بېرىشكە ئوخشاش تىجارەت شەكلى يولغا قويۇلدى.

## § 2 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئىشلەپچىقىرىشىدا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشتىن ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكىچە بولغان جەرياندىن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى تەرەققىيات ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

### 1 . مەشغۇلات تۈرى ۋە سەۋىيىسى

#### 1) يېرىم ماشىنىلاشقان مەشغۇلات

شىنجاڭدا يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنە ، ئالدى بىلەن ئەھمىيەت بېرىلىدىغىنى يەر ھەيدەش ۋە ئۇرۇق تاللاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار ، ئاندىن قالسا ئۇرۇق سېلىش ۋە كېسەللىك ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماشىنا - سايمانلىرىدىن ئىبارەت .

(1) يەر ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى : شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت بوقۇسا (قوشماش) ئىشلىتىلگەن ، ئۇنىڭ يەر ھەيدەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى . ھەيدەش چوڭقۇرلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ، مىنگو دەۋرىدە كىرگۈزۈلگەن يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە ھەر خىل سوقىنىڭ ئومۇمىي ساندىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى 60% ئەتراپىدا بولدى . مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى) ئىلى رايونىدىكى ئاز كەم 20 مىڭ دانە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە ، سوقا 12 مىڭنى ئىگىلىدى . ئىلى رايونى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ « مىنگونىڭ 31 - يىلىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ خىزمەت دوكلاتى » دىكى بايانناملەرگە ئاساسلانغاندا ، 1942 - يىلى غۇلجا ناھىيىسى يېڭىچە سوقا ئارقىلىق 12 مىڭ مو بوز يەر ئاچقان . 128 مىڭ 992 مو ئۆزلەشكەن يەر ھەيدىگەن . سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 780 مو ۋە 27 مىڭ 500 مو ، قورغاس ناھىيىسى 280 مو ۋە 8210 مو ، تېكەس ناھىيىسى 64 مو ۋە 26 مىڭ 720 مو ، بورتالا ، جىڭ ، نىلقا ، كۈنەس ناھىيىلىرى ھەيدىگەن ئۆزلەشكەن يەر ئايرىم - ئايرىم 5200 مو ، 25 مىڭ 152 مو ، 7000 مو ۋە 1200 مو بولغان . 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى » گە بېسىلغان « ئىلىنىڭ 10

يىلدىن بۇيانقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى» دېگەن ماقالىدا، «ھازىر غۇلجا،
توققۇززتارا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىدە يەرلىك سوقىلاردا يەر ھەيدىگەنـ
لەرنى ئۇچرىتىش تەس» دەپ بايان قىلىنغان. 1943 ـ يىلى گۈبجۇ «مەركەز گېزىتى» نىڭ
باش تەھرىرى خەن چىڭتاۋ يازغان «بۈگۈنكى شىنجاڭ» دېگەن ماقالىدا «كالىغا سۆرىتىلىـ
دىغان كونا تىپتىكى سوقىدىن يېڭى تىپتىكى سوقا كۆپ ياخشى بولغانلىقتىن، ھەر قايسى راـ
يون ۋە ناھىيىلەردىكى دېھقانلار ئۇنى بەس ـ بەستە سېتىۋالغان، ئىجارىگە ئالغان. چۆـ
چەك، دۆربىلجىن، غۇلجا، سۈيدۈڭ، ناھىيىلىرىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا يېڭى تىپتىكى سوـ
قىلار ئىشلىتىلگەن. باشقا ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرمۇ چۆچەك، غۇلجىلارنىڭ ئىزىدىن
ماڭغان. دېھقانلار يېڭى تىپتىكى سوقىلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ تىرىشچانلىق قىلغانلىقتىن، ھەر
قايسى ناھىيىلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى سۈپەت جەھەتتىن زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ قالـ
ماستىن بەلكى مىقدار جەھەتتىمۇ زور دەرىجىدە ئاشقان» دەپ بايان قىلىنغان.

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى كىرگۈزگەن يېڭى تىپتىـ
كى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە، سوقا 54.8% نى ئىگىلىدى. 1951 ـ يىلى ھەربىي راـ
يون ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى ئىشلەتكەن يېڭى تىپتىكى سوقا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى
ئومۇمىي ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 65% نى ئىگىلىدى. 1953 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭى
تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىچىدە سوقا ئومۇمىي سانىنىڭ 62% نى ئىگىلىدى. 1954 ـ
يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭى تىپتىكى سوقا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى ئومۇمىي كۆلەمنىڭ
9% نى ئىگىلىدى.

يېڭى تىپتىكى سوقىلارنى ئىشلىتىش، كېڭەيتىشتە، شىنجاڭ بويىچە جايلارنىڭ ئىجتىمائىي
تەبىئىي شارائىتى، تىرىشچانلىق تۈزۈمى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا قاـ
رىتا چۈشىنىش ئەتراپلىق بولمىغاچقا، كېڭەيتىش خىزمىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئالدىـ
راڭغۇلۇق يۈز بەردى. 1952 ـ يىلى بىراقتىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن قوش چىشلىق
سوقا پۈتۈنلەي بىسلىپ قالدى، لېكىن بۇ خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق
بولغان رايونلار بولسا، تەمىنلىنىشكە ئېرىشەلمىدى؛ تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىـ
سلىپ قالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 4239 غا يېتىپ، كېڭەيتىلگەن سانىنىڭ 20% نى ئىگىـ
لىگەن. 1954 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمەت
يىغىنىدا يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشكە قارىتا «يەر ھەيدەش چوڭقۇرـ
لۇقى ۋە تۇپراق ئاغدۇرۇش جەھەتتىكى تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، ھەر خىل يېڭى تىپتىكى سوـ
قىلارنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش كېرەك، بۇ ـ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى
ئەڭ مۇھىم مەسىلە» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1957 ـ يىلغا كەلگەندە، يېڭى تىپتىكى

سوقا كېڭەيتىلگەن يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 67.8% ىنى ئىگىلىدى. يېڭى تىپتىكى سوقا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى ھەيدەلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 54% ىنى ئىگىلىدى. 1962 - يىلى يېڭى تىپتىكى سوقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 63.79% ىنى، ئۇنىڭدا ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى ھەيدەلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 75% ىنى ئىگىلىدى، سوقا بىلەن يەر ھەيدەشتە يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

(2) ئۇرۇق تاللاش: شىنجاڭدا تارىختىن بۇيان ئۇرۇق تاللانماي كەلگەن، تېرىلغان ئۇرۇق ئارىلاشما بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى كۆپ بولغاچقا مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزەتتى. مىنگو دەۋرىدە كېڭەيتىلگەن يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدا ئۇرۇق تاللايدىغان مېخانىزملارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەندى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 2 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كان ئىشلىرى نازارىتىنىڭ «دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا سۈپەتلىك ئۇرۇق بولۇش زۆرۈر. نازارىتىمىز دېھقانلارغا خالىسانە ئۇرۇق تاللاپ بېرىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى كىرگۈزدى. ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ تېزدىن نەنمىڭ 6 - كوچىدىكى دېھقانچىلىق - كان ئىشلىرى نازارىتىگە كېلىپ، ئۇرۇقلىرىنى ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدا تاللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن ئېلاننى باستى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇق تاللاشنى يولغا قويۇش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق رايونلاردىن كۆزلۈك، ئەتىيازلىق بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ئارقىلىق تاللاپ تېرىشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مۇكاپات نىزامى» دا، دېھقانلارنىڭ ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىپ، ئۇرۇق تاللىشقا يېتەكچىلىك قىلغانلار ۋە ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئالاھىدە كۆپ ئۇرۇق تاللىغان دېھقانلار يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىشى لازىم، ئۇلارغا تۆھپە خاتىرىلىنىدۇ ياكى پەرمان چۈشۈرۈش ئارقىلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 5 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ھەر قايسى ناھىيىلەر ئاشلىق ئامبارلىرىغا دادەن تارقىتىشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇق تاللىشى ھەققىدە بۇيرۇق» تارقاتتى. بۇيرۇقتا: «ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يەرلىك باج ئىدارىلىرى ئاشلىق ئامبارلىرىغا دادەن تارقىتىش، ھەر قايسى رايونلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئۇرۇق تاللاشنى يولغا قويۇش، ئۇرۇقلىرىنى ساقلاپ قو-

يۇپ ، كېلەر يىلى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىش ، ئالماشتۇرۇلغان ئاشلىقنى ئاشلىق ئامبارلىرىغا قايتۇرۇش ، ھەر يىلى مۇشۇنداق دەۋر قىلىپ ، ئۇرۇق تاللاش لازىم» دەپ بۇيرۇلدى . شىنجاڭ بويىچە 9 رايوننىڭ 36 ناھىيىسى ھەر يىلى 3350 دادەن (ھەر بىر دادەن 60 كىلوگرامغا تەڭ) ئاشلىقنى ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇق تاللاش بەلگىلەندى . مىنگونىڭ 29 - يىلى ( 1940 - يىلى) تارباغاتاينىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن 1 مىليون 493 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇقنى ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدا تاللىدى . مىنگونىڭ 30 - يىلى ( 1941 - يىلى) ئىلى رايونىدىكى 9 ناھىيىنىڭ تاللىغان ئۇرۇقى ، ئىشلىتىلگەن ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى . مىنوگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) قەشقەر رايونى تاللىغان سۈپەتلىك كۆزگى بۇغداي ئۇرۇقى 2 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتتى . مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە ( 1940 - يىلىدىن 1942 يىلىغىچە) ھۆكۈمەت ئۇرۇق تاللاشنى كېڭەيتىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن ، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدىن 125 نى ، ئۇرۇقنى دەرىجىگە ئايرىش ماشىنىسىدىن 275 نى ، بىدە ئۇرۇقىنى تاللاش ماشىنىسىدىن 81 نى سېتىۋالدى .

1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدىن 66 نى سېتىۋالدى . بۇ ماشىنا 1952 - يىلى 116 گە يەتكۈزۈلدى . 1953 - يىلىدىن كېيىن يەرلىك ئورۇنلار قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ھەر خىل ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ۋە ئۇرۇقنى دەرىجىگە ئايرىش ماشىنىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن سېتىۋالدى . بۇرۇنقى ماشىنا - سايمانلارنىڭ تولىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ، دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىغا ۋە ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى . 1953 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تاللانغان بۇغداي ئۇرۇقى 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتتى . 1954 - يىلىدىن كېيىن قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ماتورلۇق ئۇرۇق تاللاش ماشىنىلىرى تەدرىجىي كۆپەيدى ، 1965 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 80% ، خەلق گۇڭشېلىرىدا 30% تىن ئارتۇق بۇغداي ئۇرۇقى ماشىنا ئارقىلىق تاللاندى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ماشىنا بىلەن ئۇرۇق تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىلمىدى . 1977 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان بىر قىسىم ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى . 1985 - يىلى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى (ماتورلۇق ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولدى . شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنا بىلەن تاللانغان ئۇرۇق 750 مىليون كىلوگرامغا يەتتى .

(3) ئۇرۇق سېلىش : شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت قولدا چېچىش ئارقىلىق ئۇرۇق سېلىنغان-

دى. مىنگو دەۋرىدە سېتىۋېلىنغان يېڭى تىپتىكى سېپىالكىلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، قۇرلاپ تېرىلغان يەر كۆلىمى شىنجاڭ بويىچە %2 كە يەتمەيتتى. 1951 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «چېچىپ تېرىشنى قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەسلەپكى چاغلاردا ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئاساسەن ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەنىدى. 1953 - يىلى يەرلىك ئورۇنلار 10 قۇرلۇق بۇغداي سېپىالكىسى ۋە تاق، قوش قۇرلۇق كېۋەز سېپىالكىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ چاناق ئىشلىتىپ قۇرلاپ تېرىش راۋاجلاندۇرۇلدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ قۇرلاپ تېرىغان يەر كۆلىمى بۇغداي تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ %28 نى ئىگىلىدى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ %55 نى ئىگىلىدى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ %35 نى ئىگىلىدى. (بۇنىڭ ئىچىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ %95 كە يەتتى). 1954 - يىلدىن تارتىپ ئۇرۇق سېلىش ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سانى تېز كۆپىيىپ، شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە سېپىالكا ۋە ياخشىلانغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئارقىلىق تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %30 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىدا تېرىلغىنى %15 نى ئىگىلىدى؛ تېرىلغان بۇغداي كۆلىمى بۇغداي ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %20 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىدا تېرىلغان كۆلەم %1 نى ئىگىلىدى. 1957 - يىلى يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدا ئۇرۇق سېلىش دەرىجىسى %28 كە يەتتى. 1962 - يىلى سېپىالكا 14 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. يېڭى تىپتىكى ماشىنا - سايمانلار بىلەن ئۇرۇق سېلىش دەرىجىسى %38 كە يەتتى. 1965 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇغداي، كېۋەزلەرنى يېڭى تىپتىكى ماشىنا - سايمانلار ئارقىلىق تېرىش دەرىجىسى %55 كە يەتتى.

(4) كولتىۋاتسىيە: 1953 - يىلى يەرلىك ئورۇنلاردا ئۇلاغ كولتىۋاتورىدىن 80 دانىلا بار ئىدى، ئايرىم رايونلاردا كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان زىرائەتلەرگە توپا بۆلەيدىغان كولتىۋاتورلارنى سىناق قىلىپ ئىشلەتتى. 1957 - يىلى كولتىۋاتورلار كۆپىيىپ 6686 گە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى كېۋەز، كۆممىقوناقلارنىڭ كولتىۋاتور ئارقىلىق كولتىۋاتسىيە قىلىنغان كۆلىمى ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %30 نى ئىگىلىدى. 1958 - يىلدىن كېيىن كولتىۋاتسىيە ماشىنىلىرى ئارقىلىق مەشغۇلات ئىشلەش توجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1962 - يىلى كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار 2500 دانىگە يېتىپ، كېۋەز، كۆممىقوناق قاتارلىق كولتىۋاتسىيە زىرائەتلىرىنىڭ كولتىۋاتسىيە ماشىنىلىرى ئارقىلىق كولتىۋاتسىيە قىلىنغان كۆلىمى %72 كە يەتتى.

(5) كېسەللىك ھاشارەتلىرىنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش: مىنگونىڭ 24 - يى-

لى ( 1935 - يىلى) شىنجاڭدا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان تۈمانلىتىپ دورا پۈركۈگۈچ
ۋە پاراشوك پۈركۈگۈچ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما مىنگونىڭ 28 - يىلىغىچە
(1939 - يىلىغىچە) ئومۇمىي سانى 150 كە يەتمەيتتى، شۇ يىلى 305 ى زاكاز قىلىپ سېتىۋې-
لىندى ھەم شۇنىڭ بىلەن تەڭ سېتىۋېلىنغان ئاز ساندىكى ئۇرۇق دورىلىغۇچ كەلتۈرۈلدى. مىن-
گونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) «شىنجاڭ گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلغان ئۇرۇمچى ناھىيىسى-
نىڭ يېزىلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىتىلمەكتە، دېگەن ماقالىدا مۇنداق بايان قىلىن-
غان: «دېھقانلار ئىلمىي ئۇسۇل - AB ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرۇق دورىلاشنى يولغا قويدى.
(ئايىل پاراشوكنى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ - تۈزگۈچىدىن). ئالدىن بەلگىلەن-
گەن مىقدارى دەسلەپتە 50 دادەن بىلەن چەكلەنگەنىدى، دېھقانلارغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا،
ئەسلىدىكى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئېشىپ 60 دادەنگە يەتكەن». مىنگونىڭ 30 - يىلى
(1941 - يىلى) 7 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتىدە قول بىلەن ئارىلاشتۇ-
رىدىغان پاراشوك پۈركۈگۈچ ئارقىلىق مەشغۇلات ئىشلەندى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئىشلەنگەن قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈمانلىتىپ دورا پۈركۈگۈچ، پاراشوك پۈركۈگۈچ،
قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان ئۇرۇق دورىلىغۇچلاردىن ئاز مىقداردا سېتىۋالدى. 1953 - يىل-
دىن 1956 - يىلغىچە بولغان چېكەتكە يوقىتىش مەزگىلىدە 3433 پاراشوك پۈركۈگۈچ كىرگۈزۈل-
دى. 1956 - يىلدىن كېيىن ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئېشىپ، زىرائەتلەردىكى كېسەل-
لىك ھاشاراتلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى،
1962 - يىلى دورا پۈركۈلگەن كۆلەم كوللېكتىپلاشتۇرۇلغان زىرائەت كۆلىمىنىڭ %50 ئۈچچۈ-
رىسىنى ئىگىلىدى (ماتورلۇق ئەسۋابلاردا دورا پۈركۈلگەن كۆلەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)،
1965 - يىلى دورا پۈركۈلگەن كۆلەم %65 تىن %70 كىچە بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» مەزگىلىدە ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى ئازىيىپ، دورا پۈركۈلىدىغان كۆلەم ئازىيىپ
كەتتى. 1980 - يىلى شىنجاڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۈمانلىتىپ دورا پۈركۈگۈچ ئىشلەپچىقى-
رالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدى. 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە شۇ ئۇ ئا ر ئىشلەپچىقى-
رىش ۋاستىلىرى شىركىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭغا يېقىن تۈمانلىتىپ دورا پۈركۈ-
گۈچ، پاراشوك پۈركۈگۈچ بىلەن تەمىنلىدى، 1985 - يىلى قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈ-
مانلىتىپ دورا پۈركۈگۈچ، پاراشوك پۈركۈگۈچ بىلەن دورا پۈركۈلگەن كۆلەم ماشىنا ئارقىلىق
دورا پۈركۈلگەن ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %40 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

(6) بۇغداي يىغىش: مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق
جايلاردا ئاپتوماتىك ۋە ئادەم كۈچى بىلەن سۆرىلىدىغان ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىد-

غان بۇغداي ئورۇش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى ( 1937 - يىلى) ئۈرۈمچىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا 13 دانە ئاپتوماتىك بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى بار ئىدى، ئىلى سودا شىركىتى ئاپتوماتىك بۇغداي ئورۇش ماشىنىسىدىن 85 نى، ئادەم سۆرەيدىغان بۇغداي ئورۇش ماشىنىسىدىن 20 نى سېتىپ بەردى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ئىلى رايونىدا 2 خىل بۇغداي ئورۇش ماشىنىسىدىن 217 سى بار ئىدى، ئىلى رايونىنىڭ 1942 - يىلى بولغان «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمەت دوكلاتى» دا مۇنداق بايان قىلىنغانىدى: «بۇ يىل كۆزلۈك يىغىن ۋاقتى (بۇغداي ئومىسى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بولىدۇ - تەھرىردىن) دا بارلىق ئورۇش ماشىنىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 10 ناھىيىنىڭ 400 مىڭ مو يەردىكى ھوسۇلى يىغىۋېلىندى. كۆزلۈك يىغىم ۋاقتى 20 كۈن ئەتراپىدا قىسقىراپ، بەك پىشىپ كېتىپ، تۆكۈلۈپ كېتىدىغان بىھۇدە زىياندىن ساقلىنىپ قېلىندى».

1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى 173 تەۋرەنمە يەلكىلىك (ئات سۆرەيدىغان) ئورۇش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 1952 - يىلى كۆپىيىپ 564 كە يەتتى. قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېخنىكىلىق تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي ئىنتىزامدا قاتتىق بولغاچقا، شۇ يىلى ماشىنا بىلەن يىغىلغان بۇغداي كۆلىمى بۇغداي ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 60% ئەتراپىغا يەتتى. 1953 - يىلى يەرلىك ئورۇنلار ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ رايونى تەۋرەنمە يەلكىلىك ئورۇش ماشىنىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىلدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدا ئورۇلغان بۇغداي كۆلىمى بۇغداي ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 3.8% نى ئىگىلىدى. ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى گۇچۆڭ، سانجى ناھىيىلىرىدە 95 دانە بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى بىلەن سىناق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، 20 كۈن ئىچىدە 70 مىڭ مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇش ئارقىلىق بۇغداي ئورۇش - يىغىش مۇددىتىنى قىسقارتىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ 35 مىڭ ئەمگەك كۈنى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، يەنە دېھقان ئورىمچىلارنى تەربىيىلەپ، مەشغۇلات جەھەتتە بىرمۇنچە تەجرىبىگە ئىگە بولدى. 1956 - يىلى ماشىنا - سايمانلار كۆپىيىپ 1285 كە يېتىپ، ئىشلىتىش دائىرىسى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىلدى. 1966 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇ خىل ئورۇش ماشىنىلىرى 6393 كە يېتىپ شۇندىن كېيىن تەدرىجىي شاللىنىپ كەتتى.

### 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى

مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى) ئالتاي رايونىدا تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەلگەنىدى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) غىچە ئۈرۈمچى، تار-

باغاتاي، ئىلى قاتارلىق رايونلاردىكى ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قارايدىغان ئۆلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما)لىرى ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دېھقانچىلىق تەجرىبە بازىلىرى ۋە ئاز ساندىكى شەخسلەر (تراكتورى بارلار) تېرىلغۇ يەرلىرىدە ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەپ، ئورۇق چاچتى، لېكىن يىللىق مەشغۇلات كۆلىمى ناھايىتى ئاز بولدى.

1951 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ماشىنا مەشغۇلاتى ئاساسەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. دەسلەپتە يەر ھەيدەش، يەر تىرنىلاش، ئورۇق چېچىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا مايسا مەزگىلىدە تىرنىلاش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، دورا پۈركۈش، بۇغداي ھوسۇلى يىغىش، دان ئايرىش، ئورۇق تاللاش، ئېرىق چېپىش، قىر سېلىش، ئېرىق تۈزلەش، قىر تۈزلەش، يەر تۈزلەش، ئېنىز - ئېرىق ترانسپورتى قاتارلىق كۆپ خىل ماشىنا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1951 - يىلى ھەربىي رايون ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا، ساۋەن ناھىيىسىدىكى شىخەنزىدە (ھازىرقى شىخەنزە شەھىرىدە)، يەنجى ناھىيىسىدىكى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ماشىنىلاشقان تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. 1952 - يىلى ھەربىي رايوننىڭ مىچۈەن، شىخو، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ھەر قايسى قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى سىناق تەرىقىسىدە ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ باردى. شۇ يىلى ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى 100 مىڭ موغا يېتىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى ھەيدىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6% ىنى ئىگىلىدى، ماشىنىدا تېرىلغان يەر 70 مىڭ مو بولۇپ، تېرىلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7% ىنى ئىگىلىدى، تۇنجى قېتىم كومباين ئارقىلىق ھوسۇلى يىغىلغان بۇغداي 3000 مىڭ موغا يەتتى.

1954 - يىلى بىڭتۇەن قۇرۇلۇپ، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. يەرلىك ئورۇنلار يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېقانچىلىق مەيدانلىرىنى، ج خ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تراكتور پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، سىناق تەرىقىسىدە ماشىنا مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى.

1957 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى 2 مىليون 146 مىڭ مو بولۇپ، ماشىنىدا يەر ھەيدەش دەرىجىسى 7.3% كە يەتتى؛ ماشىنىدا تېرىلغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 500 مىڭ مو بولۇپ، ماشىنىدا تېرىش دەرىجىسى 5.8% كە يەتتى، ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىلغان بۇغداي كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ ماشىنىدا ھەيدىگەن، ماشىنىدا تېرىغان، ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىۋېلىنغان كۆلىمى ئايرىم - ئاي-

رىم ھالدا 1 مىليون 860 مىڭ مو ، 1 مىليون 430 مىڭ مو ، 310 مىڭ بولۇپ ، ماشىنىلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى 55% ، 65% ، 22%كە (ماشىنا بىلەن بۇغداي يىغىش دەرىجىسى 65%كە) يەتتى. كولتىۋاتسىيە قىلىش ، دورا پۈركۈش ، دان ئايرىش ، ئورۇق تاللاش قاتارلىقلارنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى بىردەك 50% تىن يۇقىرى بولدى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان مەزگىل شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان باسقۇچ بولدى ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما)لىرى ۋە بىڭتۈەن زور مىقداردا بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ماشىنا مەشغۇلات تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ، ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. خەلق گوڭشېلىرى ماشىنىدا يەر ھەيدەش ، ماشىنىدا تېرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس قىلدى. 1965 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا يەر ھەيدەش كۆلىمى 19 مىليون 148 مىڭ موغا ، ماشىنىدا يەر ھەيدەش دەرىجىسى 40.3% كە يەتتى ؛ ماشىنىدا تېرىش كۆلىمى 13 مىليون 200 مىڭ مو بولۇپ ، ماشىنىدا تېرىش دەرىجىسى 31.5% كە يەتتى ؛ ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىلغان بۇغداي كۆلىمى 3 مىليون 500 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىپ ، 1957 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 170 مىڭ مو ساپ كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە : يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ھەيدىگەن يەر كۆلىمى 3 مىليون 80 مىڭ مو ، تېرىغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 169 مىڭ مو ، ماشىنىلاشتۇرۇلغان مەشغۇلات 5 تۈردىن 21 تۈرگە كېڭەيتىلدى ، ماشىنىدا يەرھەيدەش ، ماشىنىدا تېرىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 57.2% ۋە 50.7% كە يەتتى. ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىلغان بۇغداي كۆلىمى 330 مىڭ موغا يەتتى. بىڭتۈەننىڭ ھەيدىگەن يەر كۆلىمى 11 مىليون 486 مىڭ موغا ، ماشىنامەشغۇلات تۈرى 16 تۈردىن كېڭەيتىلىپ ، 31 تۈرگە ، ماشىنىدا ھەيدەش ، ماشىنىدا تېرىش ، ماشىنىدا يىغىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 58.6% ، 79% ، 7.6% ( ماشىنا بىلەن يىغىلغان بۇغداي 85% ) كە ، كولتىۋاتسىيە قىلىش 87.8% كە ، چۈنەك ئېچىش 91.2% كە ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش 69.5% كە ، دورا پۈركۈش 58.6% كە يەتتى. شىنجاڭ بويىچە خەلق گوڭشېلىرى سىستېمىسىنىڭ ماشىنىدا يەر ھەيدەش دەرىجىسى 34.8% كە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ 41% ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 27.8% بولدى. 69 ناھىيىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا ، ماشىنىدا يەر ھەيدەش دەرىجىسى 20% تىن 30% كىچە بولغان ناھىيە 14 ، 30% تىن 40% كىچە بولغان ناھىيە 11 ، 40% تىن 50% كىچە بولغان ناھىيە 12 ، 50% تىن يۇقىرى بولغان ناھىيە 25 .

1966 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان : 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم ، دېگەن چاق-

رىقنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەزگىلى بولدى. شىنجاڭ بويىچە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي مەشغۇلاتى-
نى ئۆستەڭگە ئالغان چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار 2.59 ھەسسە ئاشتى. چوڭ، ئوتتۇرا
تىپتىكى ماشىنىغا سۆرتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 0.54 ھەسسە ئاشتى. لېكىن
1966 - يىلى باشلىنىپ 10 يىلغا سوزۇلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ توسقۇنلۇقى،
بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ھەمدە 1970 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور
پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، خەلق
گۆكشىپسى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى پالەچ ھالەتكە چۈ-
شۈپ، قائىدە - تۈزۈملەر ئىجرا قىلىنماي، ماشىنىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، ماشىنا
ئىشلىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1972 - يىلدىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەر دەرىجى-
لىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۈنۈملۈك قائىدە - تۈ-
زۈملەرنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېخنىكىلىق تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەد-
بىرلەرنى ئۈزلۈكسىز قوللانغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي
ياخشىلاندى. 1980 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا يەر ھەيدەش، ماشىنىدا تېرىش، ھو-
سۇلنى ماشىنىدا يىغىش دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 64.32%،
51.88%، 23.49% كە يەتتى. بۇ بىر مەزگىلدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ماشىنىدا يەر ھەي-
دەش، تېرىش، ھوسۇل يىغىش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا 64%، 49%، 14% كە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن 29.2، 24، 10
پىرسەنت پونكىت ئاشتى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي
يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى-
دا كۆپ خىل شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا
قويۇلدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن
ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن چوڭ سالا ئېتىزلىق، ماشىنىلاشتۇرۇلغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆ-
جۈپىلىك يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىسلاھاتىدا چوقۇم جايلارنىڭ ئەمەلىي-
تىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىپ، ماشى-
نىلاشتۇرۇلغان مەشغۇلاتنى ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلەش ئاساسىدا ئىلگىرى
سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەسىلەن: يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈ-
رۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا تېرىقچىلىق پىلانى بىر تۇتاش بو-

لۇش ، ماشىنا مەشغۇلاتى بىر تۇتاش بولۇش ، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش بىر تۇتاش بولۇش ، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە سۇغىرىش بىر تۇتاش بولۇش ، يېزىدا « بەشتە ياخشى » قۇرۇلۇشى بىر تۇتاش بولۇشتىن ئىبارەت 5 تە بىر تۇتاش بولۇش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ماشىنا بىلەن چوڭ سالا ئېتىز ۋە كەڭ كۆلەم بويىچە تېرىقچىلىق قىلىش مەشغۇلاتىنى ئۈنۈملۈك داۋاملاشتۇردى . يەككە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ « بەشتە بىر تۇتاش بولۇش » سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشىغا ، بارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋاقتىدا ئاتلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى . 1980 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تۈجۈپىلەپ تېرىش ، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىش ، ماشىنىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش ، بۇغداي ھوسۇلىنى ماشىنىدا يىغىش ، ئايروپىلاندا دورا پۈركۈش ، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش ، يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش ، شاخ - شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ، سۇيۇق ئاممىياك بىلەن ئوغۇتلاش قاتارلىق ئۈنۈم بېرىدىغان ، تۈجۈپىلەپ ئىشلەيدىغان ، مەھسۇلاتىمۇ ، كىرىمىمۇ ئاشىدىغان ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى . 1985 - يىلى 1980 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 119 كىلوگرامدىن 178.5 كىلوگرامغا ، پاختا 29 كىلوگرامدىن 49.5 كىلوگرامغا ، ياغلىق دان 43.5 كىلوگرامدىن 78.5 كىلوگرامغا ، قىزىلچا 1058.5 كىلوگرامدىن 1749.5 كىلوگرامغا كۆتۈرۈلدى . 1985 - يىلى ماشىنىدا يەر ھەيدەش ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 60.85% بولۇپ ، 1980 - يىلغا قارىغاندا 3.75 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى . ماشىنىدا تېرىش ، ھوسۇلنى ماشىنىدا يىغىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 57.61% ، 26.87% كە يېتىپ ، 1980 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5.71 ، 3.37 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى . ماشىنىدا يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىلغان كۆلەم 1981 - يىلدىكى 6000 مودىن 1 مىليون 95 مىڭ موغا يېتىپ ، مەملىكەت بويىچە ماشىنىدا يوپۇق يېيىلغان ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 42% نى ئىگىلىدى ؛ سۇيۇق ئاممىياك بىلەن ئوغۇتلاش كىچىك كۆلەملىك تەجرىبە قىلىشتىن كېڭەيتىلىپ ، 80 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ، يەرگە تۈجۈپىلەپ ئىشلەشنى يولغا قويۇش ، تۈرلۈك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ۋە بىئو تېخنىكا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ، دېھقانچىلىق ۋاقتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلارنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋە مول ھوسۇل ئېلىشتا تۆھپە ياراتتى .

1957 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يەر ھەيدەش، تېرىش، ھوسۇل يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى

جەدۋەل: 2—8

| يىللار | ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن(%) | | | بۇتىنلىك ئىچىدە قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (%) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ماشىنىدا ھەيدەلگەن يەر | تېرىلغان يەر | ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان يەر | ماشىنىدا ھەيدەلگەن يەر | تېرىلغان يەر | ھوسۇلى ماشىنىدا يىغىۋې ـ لىنغان يەر |
| 1957 | 7.3 | 5.8 | | 55 | 65 | 22 |
| 1965 | 40.3 | 31.5 | | 58.6 | 79 | 37.6 |
| 1970 | 49 | | 28 | 78.7 | 82 | 38.5 |
| 1971 | 50.43 | | 17.16 | 78.8 | 88 | 42.5 |
| 1972 | 48.17 | | 20.09 | 81.6 | 85 | 40.1 |
| 1973 | 53.84 | 40.83 | 17.49 | 76.1 | 86 | 33.1 |
| 1974 | 58.06 | 43.56 | 14.06 | 74.5 | 80 | 34.5 |
| 1975 | 55.68 | 39.89 | 16.14 | 72.7 | 80.5 | |
| 1976 | 62.17 | 45.38 | 16.99 | 77 | 81 | 40.8 |
| 1977 | 61.32 | 45.99 | 16.71 | 78 | 81 | 42.3 |
| 1978 | 61.68 | 48.18 | 18.18 | 78 | 78 | 40.3 |
| 1979 | 61.92 | 50.65 | 20.45 | 77 | 80 | 45.4 |
| 1980 | 64.32 | 51.88 | 23.49 | 80 | 82 | 50.5 |
| 1981 | 63.59 | 53.76 | 26.82 | 80 | 83 | 56.3 |
| 1982 | 62.62 | 54.82 | 27.26 | 78 | 82 | 53.8 |
| 1983 | 61.65 | 56.54 | 26.35 | 77.5 | 86 | 55.6 |
| 1984 | 61.33 | 58.66 | 27.53 | 78 | 85 | 56.5 |
| 1985 | 60.85 | 57.61 | 26.87 | 78 | 85 | 54.8 |

ئىزاھات: 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە بىڭتۇەن ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دەپ ئاتالدى.

### 3) چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى

(1) ئوت - چۆپ يىغىش. شىنجاڭدا تەبىئىي ئوتلاق ۋە سۈنئىي ئوتلاق (سۈنئىي ئۆستۈرۈلگەن بېدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆلىمى چوڭ. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا، ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 15% كىمۇ يەتمەيتتى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن بىڭتۇەننىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى تەخمىنەن 35% تىن 40% كىچە ئىدى. 1975 - يىلدىن كېيىن ماشىنىدا ئوت - چۆپ يىغىش مىقدارى تەدرىجىي ئۆرلىدى. 1979 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوت - چۆپ يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 35% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىنىڭ 58.31%، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 65.1% بولغان بولسا، چارۋىچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 88% تىن ئاشتى. 1980 - يىلدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى بىردەك 30% تىن يۇقىرى بولدى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوت - چۆپ يىغىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—9

| ۋىلايەت، ئوبلاست | 1980 | | 1981 | | 1982 | | 1983 | | 1984 | | 1985 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 10 مىڭ توننا | % | 10 مىڭ توننا | % | 10 مىڭ توننا | % | 10 مىڭ توننا | % | 10 مىڭ توننا | % | 10 مىڭ توننا | % |
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 65.8 | 38 | 96.6 | 45 | 71.2 | 37 | 67.3 | 39.4 | 70.1 | 35.6 | 57 | 29.1 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 42.8 | 61 | 72.3 | 57 | 39.9 | 57 | 34 | 46.9 | 31.6 | 39 | 23.4 | 27.6 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 17.7 | 86 | 4.5 | 30 | 10.1 | 62 | 11.2 | 64 | 10.3 | 51 | 15.2 | 74.6 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 4.3 | 31 | 8.8 | 55 | 3.6 | 57 | 13 | 74.3 | 12.4 | 69 | 4.8 | 26 |
| بورتالا ئوبلاستى | 0.6 | 27 | 0.3 | 30 | 0.5 | 32 | 2.5 | 75 | 2.2 | 63 | 0.28 | 35 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1.5 | 25 | 4.2 | 44 | 7.8 | 44 | 3.4 | 43.2 | 4.4 | 43 | 6.6 | 45.5 |

(2) ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش. 1953 - يىلى ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىشنى ئالدى بىلەن تەشكىلىي باشقۇرۇشى، تېخنىكا شارائىتى نىسبەتەن ياخشى بولغان ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويچىلىق فېرمىلىرى قوللاندى.

1959 - يىلدىن كېيىن ماشىنا بىلەن قوي يۇڭى قىرقىش ھەر قايسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى

نەسىللىك قوي فېرمىلىرى ۋە ئىقتىسادىي قوي فېرمىلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن كېڭەيتىلدى. 1965 - يىلى بىڭتۇەن ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قوي فېرمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە قىرقىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى قىرقىش ماشىنىسىدا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى ۋە ياخشىلانغان قويدىن تەخمىنەن 180 مىڭ تۇياق قىرقىلىپ، ماشىنا بىلەن قىرقىش دەرىجىسى 20% كە يەتتى، بۇ شىنجاڭ بويىچە نەسلى ياخشىلانغان قوي ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي سانىنىڭ 8% نى ئىگىلىدى.

1966 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ماشىنا بىلەن قوي يۇڭى قىرقىش سەۋىيىسىدە تۆۋەنلەش ۋە ئارىسالدى بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1975 - يىلدىن كېيىن ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى ۋە ماشىنىدا قىرقىش دەرىجىسى يىلمۇ يىل ئۆرلىدى. 1979 - يىلى ۋە 1980 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 مىليون 116 مىڭ 900 تۇياققا ۋە 1 مىليون 160 مىڭ تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 746 مىڭ 200 تۇياق ۋە 803 مىڭ 400 تۇياق، ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش دەرىجىسى 66.87% كە ۋە 69.62% كە يەتتى؛ چارۋىچىلىق نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق قوي فېرمىلىرىنىڭ قوي يۇڭى قىرقىش دەرىجىسى 73.3% ۋە 70.5% كە يەتتى.

1980 - يىل 10 - ئايدا ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتىكى نۇقتىلىق تۈر قىلىپ بېكىتىلدى. مالىيە تارماقلىرى ئاجرىتىدىغان خىراجەتنى كۆپەيتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتىدىكى تارماقلار ماشىنا - سايمانلارنى كۆپەيتىپ سېتىۋالدى، تېخنىكا كۈچلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، تېخنىكا مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى، 1983 - يىلى يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى 2 مىليون 136 مىڭ تۇياققا، قوي يۇڭىنى ماشىنىدا قىرقىش دەرىجىسى 24.96% كە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدە يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي 1 مىليون 394 مىڭ 600 تۇياق بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە قوي ئومۇمىي سانىنىڭ 65.2% نى ئىگىلىدى؛ كۈنەس ۋە دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 190 مىڭ تۇياق ۋە 162 مىڭ تۇياق بولۇپ، قوي يۇڭىنى ماشىنىدا قىرقىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 89.1%، 65% بولدى. ئىلى ۋىلايىتى، كۈنەس ناھىيىسى، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىنىڭ ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىشنى كېڭەيتىش تۈرى 1984 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—10

| يىللار | يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى (دانە) | يۇڭى قىرقىلىدىغان قوي سانى (10 مىڭ تۇياق) | يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى (10 مىڭ تۇياق) | | | ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش دەرىجىسى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يەرلىك | بىگىئوۋن | شىنجاڭ بويىچە (جەمئىي) | |
| 1975 | 330 | 614. 99 | 18 | 12 | 30 | 4. 9 |
| 1976 | 341 | 558. 83 | 53. 6 | 16. 4 | 70 | 12. 53 |
| 1977 | 406 | 576. 45 | 55. 8 | 16. 5 | 72. 3 | 12. 54 |
| 1978 | 424 | 567. 98 | 50. 4 | 19. 8 | 70. 2 | 10. 66 |
| 1979 | 467 | 647. 81 | 87. 9 | 22. 79 | 110. 69 | 17. 08 |
| 1980 | 396 | 798. 32 | 92. 6 | 23. 4 | 116 | 14. 53 |
| 1981 | 509 | 785. 77 | 129. 79 | 25. 1 | 154. 89 | 19. 71 |
| 1982 | 520 | 863. 74 | 172. 45 | 25. 8 | 198. 25 | 22. 95 |
| 1983 | 559 | 855. 66 | 182. 8 | 30. 8 | 213. 6 | 24. 96 |
| 1984 | 539 | 892. 90 | 171. 85 | 30 | 201. 85 | 20. 32 |
| 1985 | 577 | 987. 03 | 139. 6 | 29. 5 | 169. 1 | 17. 13 |

ئىزاھات : 1 . قىرقىلغان قوي سانى دېگەن كاتەكچىدە ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدا بار بولغان نەسلى ياخشىلانغان قوي ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ ئومۇمىي سانى كۆرسىتىلدى .

2 . ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى دېگەن كاتەكچىگە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ سانىغا چارۋىچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قوي فېرمىلىرىنىڭ سانى قوشۇپ يېزىلدى . بىگىئوۋن (ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى) دېگەن كاتەكچىگە شۇنىڭغا مەسئۇل ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى تەكشۈرۈپ چىققان سان يېزىلدى .

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇمۇل ، سانجى ، ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ، بورتالا قاتارلىق قوي سانى كۆپرەك بولغان 6 ۋىلايەت ، ئوبلاستنىكى يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي سانى ، ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىش دەرىجىسنى جەدۋەل : 2—11 دىن كۆرۈۋېلىڭ .

ئىنى ئېتىز - ئېرىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا قارىغاندا تېز بولدى. پاختا - دۆلەت بىر تۇتاش
سېتىۋالىدىغان ۋە بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ماددىي ئەشيا، شۇڭا پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ تول-
سى ناھىيە بازارلىرىدا قۇرۇلدى. ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 1972 -
يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلانغان
مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» دە: «ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىش-
لەش، پاختا ئايرىش قاتارلىقلارنى ئاساسەن گۈڭشېدا قۇرۇپ، مۇستەقىل ھېسابات يولغا
قويۇلسا، شارائىتى يار بېرىدىغان چوڭ ئەترەتلەرمۇ تىجارەت قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلە-
دى. 1975 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى قايتا تە-
كىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى كوللېكتىپ زاۋۇت قۇرسا،
كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدا ئۇن تارتسا، شال ئاقلىسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى. 1980 - يىلى
يېزىلاردا ئاشلىق، مايلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلدى.

1980 - يىلى يېزىلاردا كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يول-
غا قويۇلۇشقا باشلاپ، دېھقانلارنىڭ شەخسىي ياكى ئائىلىلەر بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىك - قو-
شۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا، ئېشىنچە
مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا ۋە پىششىقلاپ ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىندى. ئاشلىق - ماي پىش-
شىقلاپ ئىشلەش كەسپى دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدىن
ئائىلىلەرنىڭ تارقاق شۇغۇللىنىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنى قامداش خاراكتېرىدىكى
ئىشلەپچىقىرىشتىن تاۋار خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا بۇرالدى. 1982 - يىلدىن كېيىن
يەككە تىجارەتچى كەسپىي ئائىلىلەر تېز تەرەققىي قىلدى؛ ئەسلىدىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا
تەئەللۇق بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەككىلەرنىڭ
تىجارەت قىلىشىغا ھۆددىگە بېرىلدى. 1984 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگى-
لىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كەسپىي ئائىلىلەر 38 مىڭ
600 دىن ئېشىپ كەتتى، بۇلار شىنجاڭ بويىچە 65% كە يېقىن ھەر خىل يېزا ئىگىلىك - قو-
شۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلدى. 1985
- يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىلىرى جەمئىي 21 مىڭ 244 كە،
يەككە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭكىدىكى ماشىنا 16 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇ، ماشىنا ئومۇمىي سانى-
نىڭ 76.73% نى ئىگىلىدى. ماي تارتىش ماشىنىسى 6963 بولۇپ، يەككە كەسپىي ئائىلىلەر
ئىشلەتكىنى 5320، بۇ، ماشىنا ئومۇمىي سانىنىڭ 76.40% نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك -
قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مۇلازىمىتى
جانلىق، كۆپ خىل بولۇپ، تولىسىنىڭ باشقۇرۇشى جايىدا، تەدبىرى مۇۋاپىق، پايدىسى
يۇقىرى ھەم ئاممىغا قولايلىق بولدى. 1983 - يىلى قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسى باشقۇرۇ-
غان ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشتىن مەجبۇرىي توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراشلىق 38
تەبىشى كەنتتە 2 دىن 3 كىچە ئۇن تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى
ئۇنى خۇسۇسىي باشقۇرۇپ، كەنتتىكى دېھقانلار ئېكەلگەن ئاشلىقنى تارتىپ بەرگەن. يەك-
كە كەسپىي ئائىلىلەر ئۆز يېرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۆز يېرىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆز يېرى-
دە ساتقاچقا، تەننەرخى تۆۋەن، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى، رىقابەت كۈچلۈك بول-
غان. خېجىڭ ناھىيىسى جەنۇبىي قارامودۇن گۈڭشېسىدىكى لۇلەنپىڭ 1980 - يىلى ئۆۋاقلاش

ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ دۇففۇ ياسىغان. 1983 - يىلى «95» تىپلىق ماي تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى، «150» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ساپ كىرىمنى تەخمىنەن 90 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن؛ ئۇ، خېرىدارلارنى چاي بىلەن كۈتۈۋېلىپ دەم ئالدۇرغان، ياشانغانلارنىڭ ۋە باللارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئېپكەلگەن ئاشلىق - زىرائەتلىرىنى چۈشۈرۈپ - قاچىلىشىغا ياردەملەشكەن، ئۆز ئەترىتىدىكى گۆڭشې ئەزالىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش ھەققىنى ئاز ئالغان، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ھەقسىز پىششىقلاپ بېرىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رايونغا ئايرىش تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەكشۈرگەن كوللېكتىپ ماشىنىلىرىنى شەخسىي ھۆددىگە ئالغان ۋە ئۆزىدىكى ماشىنىلار بىلەن ئۆزى تىجارەت قىلغان 9 كەسپىي ئائىلىنىڭ تىجارەت تۈرى ۋە كىرىم ئەھۋالىنى جەدۋەل 2—13 تىن كۆرۈۋېلىڭ.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يەرلىك سىستېمىدىكى ھەر قايسى تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ماشىنا - سايمانلارنى ئىگىلەش ئەھۋالى

جەدۋەل : 12—2

| يىلى | ماشىنا سايمان نامى | جەمئىي سانى (دانە) | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | | كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى | | شەخسىي ئىگىلىكتىكى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | دانە | % | دانە | % | دانە | % |
| 1983 | ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىسى | 16505 | 943 | 5.41 | 9069 | 54.95 | 6493 | 39.34 |
| | باغ تارتىش ماشىنىسى | 4474 | 216 | 4.82 | 2142 | 47.88 | 2116 | 47.30 |
| | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى | 2292 | 73 | 3.17 | 1242 | 54.21 | 977 | 42.62 |
| 1984 | ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىسى | 18741 | 704 | 3.76 | 5983 | 31.92 | 12054 | 64.32 |
| | باغ تارتىش ماشىنىسى | 5590 | 183 | 3.28 | 1669 | 29.85 | 3738 | 66.87 |
| | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى | 2227 | 83 | 3.74 | 960 | 43.10 | 1184 | 53.16 |
| 1985 | ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىسى | 19896 | 562 | 2.83 | 3819 | 19.19 | 15515 | 77.98 |
| | باغ تارتىش ماشىنىسى | 6264 | 181 | 3 | 963 | 15.37 | 5113 | 81.63 |
| | چىگىت ئايرىش ماشىنىسى | 2375 | 48 | 2.03 | 694 | 29.22 | 1633 | 68.75 |

ئىزاھات: چىگىت ئايرىش ماشىنىسى ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - كەندىر سىستېمىسىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

1985 - يىلى 9 ھۆددىگەر ئائىلىلىك ۋە خۇسۇسىي تىجارەت قىلىدىغان ئائىلىلىك تىجارەت تۈرلىرى ۋە كىرىم ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—13

| ئورنى | شەكلى | تۈرى | سالى كىرىمى (يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| قوكالاڭ ناھىيىسى جىۋبۇگەي يېزىسى | ھۆددىگە ئالغان | ئۈن تارتىش | 19400 | 2771 |
| شىخۇ ناھىيىسى جيۇجيەنلۇ يېزىسى | ھۆددىگە ئالغان | ئۈن تارتىش | 23000 | 1533 |
| قۇمۇل شەھىرى ئاسانە يېزىسى | خۇسۇسىي تىجارەت | باغ تارتىش | 1200 | 1200 |
| قوكالاڭ ناھىيىسى زىنچۈەن باخۇگۇ | ھۆددىگە ئالغان | باغ تارتىش | 2070 | 1035(8 ئايلىق) |
| بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسى | خۇسۇسىي تىجارەت | ئوۋئاقلاش | 750 | 750 |
| شىخۇ ناھىيە جيۇجيەنلۇ يېزىسى | خۇسۇسىي تىجارەت | ئۈن تارتىش | 15200 | 1689(7 ئايلىق) |
| قوكالاڭ ناھىيىسى جىۋبۇگەي يېزىسى | خۇسۇسىي تىجارەت | ئۈن تارتىش | 13900 | 3475(7 ئايلىق) |
| قۇمۇل شەھىرى ئاسانە يېزىسى 3 - چوڭ ئەترىتى | خۇسۇسىي تىجارەت | ئۈن تارتىش | 1440 | 1440 |
| بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسى | خۇسۇسىي تىجارەت | ئۈن تارتىش | 2744 | 2744 |

## 5) ترانسپورت ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى

(1) دائىرىسى ۋە توشۇش مىقدارى: ئېتىز - ئېرىق ترانسپورتى. بۇ ترانسپورت تۈرى ئوغۇت، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، يىغىلغۇ توشۇشنى، ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلىگەندە زور مىقداردىكى تۇپراقنى يۆتكەشنى (مەسىلەن: يەر تەكشىلەش، ئېرىق كولاشنى)، زىرائەتلەرنى يىغقاندا ئاشلىق، پاخنا، شاخ - شۇمبا، چۆپلەرنى توشۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1984 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 5 گۇڭشېنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئېتىز - ئېرىق ترانسپورت مىقدارى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ترانسپورت مىقدارىنىڭ %65 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. توشۇش ئارىلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوبوروت مىقدارى توشۇش مىقدارىنىڭ %13 نىلا ئىگىلىگەن. ئېتىز - ئېرىق ترانسپورتى دېھقانچىلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىگە بويسۇنغان بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازنىڭ 3 ئىشى، كۈزنىڭ 3 ئىشى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە توشۇش مىقدارى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىنىڭ نەچچە ھەسسىدىن 10 نەچچە ھەسسىگىچە يۇقىرى بولىدى. سانجى يۈەنفېڭ گۇڭشېسىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە كۈنلۈك توشۇش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 320 توننىدىن 325 توننىغىچە، يازنىڭ 3 ئىشى مەزگىلىدە كۈنلۈك توشۇش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 509 توننىدىن 1926 توننىغىچە، كۈزنىڭ 3 ئىشى مەزگىلىدە كۈنلۈك توشۇش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 124 توننىدىن 189 توننىغىچە بولغان. يازنىڭ 3 ئىشى مەزگىلىدە ترانسپورت ۋەزىپىسى ۋاقتىدا ئورۇندالمىسا، يەرنى شودىگەر قىلىش، يازلىق تېرىشقا تەسىر يېتىپ، يىغىلغان زىرائەتلەرنىڭ كۆكىرىپ كېتىشىدەك زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شىنجاڭ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش خىزمەت مىقدارى زور. يەر تەكشىلەش، توپا قېزىش، سۇغىرىش ئېرىقى، زەيكەش چېپىش، ئېتىز - ئېرىق ئۆزگەرتىش (ياخشى سالا ئېتىز بەرپا قىلىش) تە زور مىقداردىكى تۇپراقنى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. بىگىنۇەن ئېتىزغا قۇم يۆتكەپ، تۇپراقنى ياخشىلىغاندا، ھەر بىر مو يەرگە يۆتكىگەن قۇم مىقدارى 40 مىڭ كىلوگرامدىن 60 مىڭ كىلوگرامغىچە بولغان.

ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى توشۇش: ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن توشۇش مىقدارى چوڭراق بولغانلىرى خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، يېقىلغۇ، سۇلياۋ يوپۇق، مەھەللىۋى ئوغۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ناھىيە، يېزا - بازارلاردىن توشۇپ كېلىنىپ، كەنتلەردە ساقلىنىدۇ، ئۇ يەردىن يەنە ئېتىزلارغا يۆتكەپ كېلىنىدۇ، مەھەللىۋى ئوغۇتلار يەنە نىسبەتەن يىراقتىكى تاغلىق رايونلاردىن، مال قوروللىرىدىن توشۇپ كېلىنىدۇ. تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىدىن كۈندىلىك ئىستېمال قىلىنىدىغان تۈرلۈك ماللار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىقلار بار بولۇپ، توشۇش مىقدارى توشۇش ئارىلىقىنىڭ پەرقى نىسبەتەن چوڭ. كۈندىلىك ئىستېمال قىلىنىدىغان تۈرلۈك ماللار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنىڭ توشۇش ئارىلىقى ئادەتتە 10 كىلومېتىردىن 25 كىلومېتىرغىچە ، ئوتۇن - كۆمۈرنىڭ توشۇش ئارىلىقى 10 كىلومېتىر، نەچچە 10 كىلومېتىر ۋە نەچچە 100 كىلومېتىر كېلىدىغانلىرى بار. يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تارىمدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ھەر بىر لەندۈي يىل بويى نەچچە ئات ھارۋا بىلەن 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئوتۇن توشۇپ كېلىدۇ، بىر قېتىم بېرىپ - كېلىشكە 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. 150 كىلومېتىردىن 250 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتىن كۆمۈر توشۇپ كېلىدۇ. تراكتور بىلەن بىر قېتىم بېرىپ كېلىشتە 2 كۈندىن 5 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. 1984 يىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، دېھقانلار ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرىچە توشۇلۇش مىقدارى 0.3 توننا بولۇپ، ئوبوروت مىقدارى 6 توننا/كىلومېتىر بولغان. ئوتۇن - كۆمۈرنىڭ كىشى بېشىغا يىللىق توشۇلۇش مىقدارى 0.6 توننا بولۇپ، ئوبوروت مىقدارى 44.3 توننا/كىلومېتىر بولغان.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ترانسپورتى: چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۆپىنچە سوغۇق تاغلىق رايونلارغا، دەريا جىلغىلىرى ۋە قۇملۇق قىرغاقلارغا تارقالغان، يايلاقلار پەسىللىك يايلاقلارغا بۆلۈنۈپ، نۆۋەت بىلەن چارۋا بېقىلىدۇ. مالچىلار چارۋا بىلەن بىللە يۆتكىلىپ، يايلاق ئالماشتۇرۇش كۆپ بولىدۇ. توشۇش نۇقتىلىرى تارقاق بولۇپ، توشۇش ئارىلىقى نىسبەتەن يىراق بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش ۋە ئەتىيازدا ئاپەت كۆپ بولۇش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىلارنى قوغداش قاتارلىقلار ترانسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. 1984 - يىلى چۆچەك شەھىرى ( شۇ

يىلى ناھىيە شەھەرگە ئۆزگەرتىلدى)، سانجى شەھىرى ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى 4 ئورۇننى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئۆلچەملىك چارۋا بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق توشۇش مىقدارى 0.11 توننا بولۇپ، ئوتتۇرىچە توشۇش ئارىلىقى 86.4 كىلومېتىر بولغان.

دېھقانلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا دائىر ماددىي ئەشيا ترانسپورتى: 1963 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» قا «ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىنى ياخشى قۇرۇش» دېگەن بىر تۈر كىرگۈزۈلگەن. لېكىن ئورغۇنلىغان ئۆي قۇرۇلۇشى 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە باشلانغان بولۇپ، 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 116 مىڭ 400 ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 7.6% ىنى ئىگىلىدى. يېڭى سېلىنغان ئۆيلەر ئىچىدە ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىقى كۆپ، كېسەك تام، سوقما تاملارنىڭ ماتېرىيالى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنىپ، ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ تولىسىنى دېھقانلار ئۆزى تەييارلىغاچقا، ئاساسەن خىش، قۇم، تاش، سېمونت قاتارلىقلار توشۇلغان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ھەربىر كۋادرات مېتىرغا توغرا كەلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى توشۇش مىقدارى 0.64 توننا، توشۇش ئارىلىقى 6.8 كىلومېتىر بولغان.

1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردىكى ماشىنا ترانسپورتىنىڭ ئەمەلىي ئومۇمىي مىقدارى 72 مىليون 671 مىڭ توننا، ئوبوروت مىقدارى 725 مىليون 878 مىڭ توننا / كىلومېتىر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىزدىكى توشۇش مىقدارى ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ 65% ىنى ئىگىلىدى. ئوبوروت مىقدارى 13% نىلا ئىگىلىدى. ئومۇمىي توشۇش مىقدارى ئىچىدە تراكتور بىلەن توشۇش مىقدارى 50% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، چارۋىچىلىقنىڭ توشۇش مىقدارى 2 مىليون 704 مىڭ توننا، ئوبوروت مىقدارى 233 مىليون 530 مىڭ توننا بولدى.

1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى توشۇش مىقدارىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—14

| تۈرى | توشۇش مىقدارى (10 مىڭ توننا) | ئومۇمىي توشۇش مىقدارىدا ئىگىلىگەن % ى | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ توننا / كىلومېتىر) | ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەن % ى |
|---|---|---|---|---|
| ئېتىز - ئېرىق ترانسپورتى | 4732.5 | 65.12 | 9465 | 13.04 |
| تۇرمۇش، ماددىي ئەشيالار ترانسپورتى | 1908.8 | 26.27 | 58888.9 | 81.13 |
| چارۋىچىلىق ترانسپورتى | 270.4 | / | 23353 | / |
| يېزا ترانسپورتى | 625.8 | 8.61 | 4233.9 | 5.83 |
| جەمئىي | 7537.5 | / | 95940.8 | / |

(2) توشۇش كۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى : دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ توشۇش كۈچى ترانسپورت قوراللىرىنىڭ خىلى ۋە سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگەردى .

قەدىمدىن تارتىپ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھەر خىل ترانسپورتنى ئاساسەن ئادەم ، ئۇلاغ كۈچى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى . ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت كۆپىنچە تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق بولاتتى . چارۋىچىلار كۆچكەندە تۆگە يۈك ئارتىدىغان مۇھىم قاتناش قورالى ئىدى . مىنگونىڭ دەسلەپكى يىلى شىنجاڭدا 90 مىڭ تۆگە بولۇپ ، كۆپ قىسمى شىمالىي شىنجاڭنىڭ باركۆل ، مورى ، گۇچۇڭ ، چۆچەك ، ئالتاي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغانىدى . ھەر بىر تۆگە 150 كىلوگرامدىن 180 كىلوگرامغىچە يۈك كۆتۈرىدۇ .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى قۇرۇلغاندا ، ئادەم ، ئۇلاغ كۈچى ئۈستىگە ئالغان توشۇش مىقدارىدا ئەڭ زور بولغىنى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىدىكى ئوغۇت توشۇش ، توپا توشۇش ، يىغىۋېلىنغان زىرائەتلەرنى توشۇش قاتارلىقلار ئىدى . 1952 - يىل 5 - ئايدا بېسىلغان « شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى دېھقانچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى » دېگەن ماقالىدا « ترانسپورت مەسىلەن قۇم يۆتكەش ، ئوغۇت توشۇش ، دانلىق زىرائەتلەرنى توشۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ » دەپ بايان قىلىنغان . ئۇ چاغدا 1 ئادەم 1 ئۇلاغ ، 1 ياغاچ ھارۋا بىلەن 200 قەدەم نېرىدىكى كىچىك ئۆستەڭدىن قۇم قېزىپ ، 1 كۈندە 100 خالتا توشۇيتتى ، ئېشەككە ئارتىپ ھەر قېتىمدا 50—60 جىڭ توشۇيتتى . شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش قىسمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئوغۇت توشۇش ، يەر تۈزلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەم كۈچى ئارقىلىق بولاتتى ، ئاز مىقداردىكىسى ئۇلاغ ئارقىلىق بولاتتى . چارۋىچىلىق رايونىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ، چارۋىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئوت - چۆپ توشۇيدىغان ئۇلاغ مەسىلىسىنى ئالدىن ياخشى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى . ئادەم ، ئۇلاغ كۈچى ئۈستىگە ئالغان توشۇش مىقدارى ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم كۈچى 50% تىن 60% كىچە ئىگىلەيتتى . ئايرىملىرى ماشىنا كۈچى بىلەنمۇ بولغان . مەسىلەن : 1952 - يىلى قىشتا شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1953 - يىلى ماناس دەرياسى ۋادىسىدا 20 مىڭ مو مول ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزى بەرپا قىلىش تەجرىبىسىنىڭ ئوتتۇقلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ۋاڭ جېن قوماندان 1 ئاپتوموبىل يېڭى تەشكىللەپ ، تاغدىن قوي قىغى ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش لېيەندۈيلىرىگە ۋە ئېتىزلارغا توشۇشنى بۇيرۇغان .

1958 - يىلى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆزگەرتىش ئاممىۋى ھەرىكىتىدە « ترانسپورت قوراللىرىنى ھارۋىلاشتۇرۇش » بىلەن ھارۋىلارنى « ساقىلىق قازانلاشتۇرۇش » ، ئەپكەشتە ، قولدا كۆتۈرىدىغان ئەمگەك كۈچىنى ئازايتىپ ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى . ھارۋىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى .

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا تراكتورلارنىڭ سانى كۆپىيىپ ، ئاز مىقداردىكى ئىشلەپچى-

قىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ترانسپورتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى. چاقلىق تراكتورلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، تراكتورلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ئاساس قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى، شۇڭا ترانسپورت مىقدارى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. مەسىلەن: 1958 - يىل 8 - ئايدا بىڭتۇەنىڭ ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنىدا: 1959 - يىلدىن باشلاپ چاقلىق تراكتورلارنىڭ يىللىق ئېتىز - ئېرىق تېرىلغۇ مەشغۇلات مىقدارى %50 تىن كەم بولماسلىق، ترانسپورتتا ئېتىز - ئېرىق ترانسپورتىنى ئاساس قىلىش، قىشلىش بوش مەزگىلدە تراكتورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ ساق بولۇشىغا تەسىر يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا غەيرىي دېھقانچىلىق ترانسپورتى بىلەن مۇۋاپىق شۇغۇللىنىشقا يول قويۇش بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە باش مەيدانىنىڭ 2 - تارماق مەيدانىدا 1959 - ۋە 1969 - يىللىرى چاقلىق تراكتور ئومۇمىي تراكتور سانىنىڭ %55.6 نى ئىگىلىدى. ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى تراكتور ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ %17 ۋە %27 نىلا ئىگىلىدى؛ بىڭتۇەنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى جىن ماۋفاڭنىڭ «МТЗ—2» تراكتور گۇرۇپپىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ %86 نى ئىگىلىدى. 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا %29، %19 ۋە %21.6 تۆۋەنلىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، كۆپ مىقداردىكى دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشقا ئامال بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن 1960 - يىلى بىڭتۇەن بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك شىلىرىگە ئىمپورت قىلىنغان تراكتور قاتارلىقلارنى تەقسىملەپ بەردى. بۇ تراكتورلار چېگرا ئېغىزىدىن يەنجى، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا 1500 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ھەيدەپ كېلىندى.

1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، تۈرلۈك ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا، ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى، ماشىنا كۈچلىرى بىرلەشتۈرۈلدى، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ماشىنا كۈچى ئاساس قىلىندى. ئېتىز -ئېرىق ترانسپورتىدا بەزىلار ئۇلاغ كۈچى ئاساس قىلىندى. ئۇلاغ قوشۇلىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، چاقلىق تراكتور، تراكتور ۋە ئاپتوموبىللار سانىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ترانسپورت شارائىتى ياخشىلاندى. رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى، غالتەك كۆپ مىقداردا ئېشىپ، ئادەم كۈچى، ترانسپورت شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئېتىز - ئېرىقلارنى تەرتىپكە سېلىش، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ترانسپورتتا ئەپكەش ۋە قول بىلەن توشۇشنىڭ ئورنىنى ھارۋا ئىگىلىگەچكە، ئىش ئۈنۈمى ئۆسۈپ، ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەنلىدى. ئېتىز - ئېرىق ترانسپورتىدا-قوم توشۇپ تۈپرافنى ياخشىلاش قاتارلىقلاردا ماشىنا كۈچى، ئۇلاغ كۈچى ئاساس قىلىندى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە «ياخشى سالا ئېتىز» قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى. بىڭتۇەنىڭ سالا ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە يەر تەكشىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان يەر تەكشىلەش ماشىنىسى، كۆرەپ يۆتكەش ماشىنىسى ۋە پرىنسىپ چېتىلغان تراكتور ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مەشغۇلات مىقدارى توشۇش مىقدارىنىڭ %70 نى ئىگىلىدى. ئادەم تارتىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئارقىلىق ئىشلەنگەن مەش-

مۇلات مىقدارى تەخمىنەن 20% نى ئىگىلىدى. 1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يەرلىك سىستېمىلارنىڭ ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ 19.13% نى ئىگىلەشتىن ئۆرلەپ 33.93% كە يەتتى. تراكتورلار يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى ئۆزۈن يوللۇق ترانسپورتىنى زىممىسىگە ئالدى. 1973 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان چاقلىق تراكتورلارغا ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە زاپچاسلىرىنى بېسىپ ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە ھەيدەپ قايتتى؛ بەزىلەر يەنە بېرىپ - كېلىشتىكى تراكتورغا ئېھتىياجلىق يېقىلغۇنى ئېلىپ ماڭدى. چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق ئوت - چۆپلەرنى توشۇشتا ماشىنا كۈچىدىن كەڭتاشا پايدىلاندى. مەسىلەن: 1979 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى 220 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلنى يۆتكەپ، تارباغاتاي ۋىلايىتى 77 ئاپتوموبىل 45 تراكتورنى ئىشقا سېلىپ، بورتالا بوگغول ئاپتونوم ئوبلاستى 433 ئاپتوموبىل قېتىم سانى سەپەرۋەر قىلىپ ئاپەت رايونلىرىغا ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

1980 - يىلدىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ترانسپورت ئىشلىرىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. يېزىلاردا ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، ماتورلۇق ترانسپورت قوراللىرى كۆپەيدى. «تراكتورلارنىڭ تاشيولغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تراكتورلارنىڭ مەشغۇلات دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەت قاتارلىق 10 ساھەدىكى ھەر خىل ترانسپورت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بولدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك سىستېمىلارنىڭ تراكتورلىرى تاماملىغان ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى 84 مىليون 930 مىڭ ئۆلچەملىك مو بولۇپ، تراكتور ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ 50.75% نى، ئاپتوموبىل، تراكتور ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ 50.19% نى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ترانسپورت كۈچىنىڭ ئېشىشىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى. مەسىلەن: ئالتاي ۋىلايىتى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىنى قۇتقۇزۇۋېلىش جەريانىدا، ئاپتوموبىل، تراكتور قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، قار ئېتىرىپ يول ئېچىپ، 8 مىليون كىلوگرام ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپنى يۆتكىدى ھەمدە يول يۈرەلمەيدىغان يىراق ماللارنى ئاپەت رايونىدىن يۆتكەپ چىقتى. يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ترانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، 1985 - يىلى كەسپىي ئائىلىلەر باشقۇرغان ئاپتوموبىللار شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل ئومۇمىي سانىنىڭ 56.34% نى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور 61.84% نى، كىچىك تراكتور ئومۇمىي ترانسپورت مىقدارىنىڭ 76.84% نى، ئاپتوموبىل ترانسپورت مىقدارى ئاپتوموبىل ئومۇمىي ترانسپورت مىقدارىنىڭ 61.5% ىنى ئىگىلىدى. بۇ 2 تۈر شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمىي ترانسپورت مىقدارىنىڭ 69% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى.

1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەرلىك سىستېمىلاردىكى تراكتور ترانسپورت مىقدارىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—15

| يىللار | تراكتور ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | بۇنىڭ ئىچىدىكى ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | 10 مىڭ ئۆلچەملىك مو | 10 مىڭ توننا/ كىلومېتىرغا سۇندۇرغاندا | ئىگىلىگەن % ى |
| 1976 | 14840 | 3839 | 15740 | 19. 13 |
| 1977 | 16465 | 4164 | 17072 | 25. 30 |
| 1978 | 10582 | 2715 | 11132 | 25. 66 |
| 1979 | 12050 | 3817 | 15650 | 31. 68 |
| 1980 | 13088 | 4441 | 18208 | 33. 93 |
| 1981 | 11617 | 4171 | 17101 | 35. 90 |
| 1982 | 13026 | 5517 | 22620 | 42. 35 |
| 1983 | 13003 | 5677 | 23276 | 43. 66 |
| 1984 | 13278 | 6661 | 27310 | 50. 16 |
| 1985 | 16736 | 8493 | 34821 | 50. 75 |

ئىزاھات: 1. 1976 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە يۈزنۈن شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان سان.
2. ھەر بىر ئۆلچەملىك مو 4.1 توننا/ كىلومېتىرغا باراۋەر.

## 2. ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى

### 1) يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ـ يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى

يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، بىرلىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلىتىش قاتارلىقلار ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخنىكىلىق تەييارلىق بولدى.

(1) يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، يەرنى چوڭقۇر ھەيدەش، قۇرلاپ تېرىش، قويۇق تېرىش، ئۇرۇق تاللاش، كېسەللىك ـ ھاشاراتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئوت ـ چۆپ ئوتاش، ئېگىز ئاغدۇرۇش، شۇدىگەر قىلىش قاتارلىق مەھسۇلات ئاشۇرۇشتىكى ئىلغار تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشنى كاپالەتلەن-

دۇردى. 1952 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بىر تەرەپتىن ئۇرۇق چېچىپ، بىر تەرەپتىن يەر ئاغدۇرىدىغان قالاق تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئومۇمىي تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ 40% ىنى ئىگىلەيتتى. ئېگىز ئاغدۇرۇش، شۈدىگەر قىلىش كۆلىمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپ قىسمىنىڭ ھەيدەش چوڭقۇرلۇقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئادەتتە كولتىۋاتسىيە قىلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوتى ئوتالمايدىغان، توپىسى يۇمشىتىلمايدىغان، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە «يېڭىچە ئۇلاغ كۈچى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كېڭەيتىلگەنلىكتىن، قالاق تېرىقچىلىق تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلىپ، تېخنىكىلىق سەۋىيە ئۆستى. ئومۇمەن يېڭىچە سوقا يەرلىك سوقىغا قارىغاندا مەھسۇلاتنى 20% ئاشۇردى. بەزى جايلاردا مەھسۇلات بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. دېھقانلار يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك رولىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىي ھېس قىلدى» دەپ بايان قىلىنغاندى. يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە تېيىز ھەيدەشنى چوڭقۇر (15 سانتىمېتىردىن يۇقىرى) ھەيدەشكە ئۆزگەرتىش، چېچىپ تېرىشنى قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش، ئۇرۇق تاللىماسلىقنى ئۇجۇپلەپ ئۇرۇق تاللاشقا ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش، مايسا مەزگىلىدە يەرنى (بۇغدايىنى) ئوغۇتلاش، كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش، يەرنى شۈدىگەر قىلىش، ئېگىز ئاغدۇرۇش قاتارلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىدىغان ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

(2) يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تېرىقچىلىق پەيتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈردى. 1952 - يىلى ھەربىي رايون ماشىنىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، 28 - نومۇرلۇق بوز يەر ئېچىش سوقىسى بىلەن كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 مودىن 8 موغىچە يەر ھەيدەپ، كونا شەكىلدىكى سوقىدىن 3—4 ھەسسە، كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرغاندىن 8—10 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى؛ قوش چىشلىق سوقا ئارقىلىق ھەيدەلگەن يەر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مودىن ئېشىپ كەتتى. ھەيدەش چوڭقۇرلۇقى 15—18 سانتىمېتىرغا يەتتى، 10 قۇرلۇق سېيالكىدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مودىن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 85 موغىچە بۇغداي تېرىلدى. كولتىۋاتور بىلەن كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مودىن ئارتۇق يەرھەيدەپ، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىگەنگە قارىغاندا 8 ھەسسىدىن 12 ھەسسىگىچە ئاشۇرۇۋەتتى. تەۋرەنمە يەلكىلىك ئورما ماشىنىسى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مودىن 50 موغىچە بۇغداي ئورۇپ، ئادەم كۈچى بىلەن ئورىغانغا قارىغاندا 15 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ، شۇ يىلقى 670 مىڭ مو يەردىكى بۇغدايىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇپ يىغىۋالدى. 1956 - يىلى يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سانى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر مۇنچە رايونلار ئادەم ۋە

ئۇلاغنى ئالماشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق سايمىنىنى توختاتمايدىغان ئۇسۇلنى كېڭەيتىپ ھەمدە
دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ بوش ئايلىنىش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، پارچە يەرلەرنى بىر-
لەشتۈردى. 1964 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئى-
گىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلات» ى-
دا ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا 3 ئۇلاغلىق 1 دانە قوش چاقلىق، قوش چىشلىق سوقا كۈنىگە
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8 مودىن 10 موغىچە، 2 ئۇلاغلىق 1 دانە 23 - نومۇرلۇق يەككە سوقا
كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مودىن 5 موغىچە يەر ھەيدەيدۇ، ھەيدەش چوڭقۇرلۇقى 16
سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، كونا شەكىلدىكى سوقىدا 1 ئادەم 2 كالا بىلەن كۈنىگە ئوتتۇرا ھې-
ساب بىلەن 8 سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە ھەيدەش چوڭقۇرلۇقىدا 3 مودىن 3.5 موغىچە
يەر ھەيدىيەلەيدۇ. 2 ئۇلاغ سۆرەيدىغان 1 دانە 10 فۇرلۇق سېيالكا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 40 مو ئەتراپىدىكى يەرگە ئۇرۇق سالىدۇ؛ 2 ئۇلاغ سۆرەيدىغان 1 دانە تەۋرەنمە يەلك-
لىك ئورۇش ماشىنىسى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مودىن 50 مو يەردىكى بۇغدايىنى ئو-
رۇيدۇ دەپ بايان قىلىنغان.

## 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى

1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى تەسىس قىل-
غاندا، تراكتور ئىشلىتىشتە باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈمى بولمىغان، تەننەرخى ھېساباتى
بولمىغان، ئىش ئۈنۈمى ستاتىستىكا قىلىنمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. 1952 - يىل 3 -
ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈنجى قېتىم ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، مەش-
غۇلات تۈرلىرىنىڭ نورمىسى ۋە سەرپىيات كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى ئوتتۇ-
را ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ تاماملىغان خىزمەت مىقدارى تەخمىنەن 2000
ئۆلچەملىك مو بولدى. ھەر بىر ئۆلچەملىك مونىڭ يېقىلغۇ سەرپىياتى 2 كىلوگرامدىن ئاشتى
(كىرسىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان تراكتورلار كۆپ سانلىق)، يىللىق ئىش كۈنى 110 ئىسمېنا -
قېتىم، مەشغۇلاتى 810 سائەت بولدى. ماشىنىلاردا كاشىلا كۆپ بولغاچقا، ئىش ئۈنۈمى تۆ-
ۋەن، ماي سەرپىياتى زور، تەننەرخى يۇقىرى، رېمونت قىلىش ئىقتىدارى ناچار بولدى. شۇ-
ڭا 1953 - يىلى قىسمەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىر قىسىم تراكتورلارنى پېچەتلەپ قويدى.

1953 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى
يىغىنى چاقىرىپ «ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قا-
رار» نى ماقۇللاپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇش، ماشىنىدا تې-
رىقچىلىق قىلىدىغان رايون بىلەن ئۇلاغ كۈچى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان رايوننى ئايرىش،
تۈرلۈك سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىپ، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى ۋە ماشىنا ھېسابات
دەپتىرى تۇرغۇزۇش، قوش ئىسمېنا مەشغۇلاتىنى يولغا قويۇش، تەمىنات تۈزۈمىنى تەدرىجى
كارخانىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق
1954 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى
3820 ئۆلچەملىك مو، ئۆلچەملىك مو ماي سەرپىياتى 1.6 كىلوگرام بولۇپ، خىزمەت مىقدارى
1952 - يىلدىكىدىن 48% ئۆسنى، ماي سەرپىياتى 20% تۆۋەنلىدى.

1954 - يىل 10 - ئايدا بىكتۇەن قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماشىنا مەشغۇلاتىغا ئوبدان شا-

رائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، مەيدانلارنىڭ يەرلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش پىلانى تۈزۈلدى ۋە يەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى. ئۆلچەملىك چوڭ سالا ئېتىزلار بەرپا قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنقى مەزگىللىك تەجرىبەلەرنى يەكۈنلەپ، ئەسكەرلەرنى تېخنىكىلىق مەشىق قىلدۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى ك. س خۇليا ئوتتۇرىغا قويغان «يۈك مۇۋاپىق بولۇش، مەشغۇلات سۈرئىتى يۇقىرى بولۇش» تەكلىپىنى كېڭەيتىپ، تراكتور مەشغۇلات ئۈنۈمدارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى. يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى 145 - تۇەن) دىكى جاڭ خۇڭكۇي تراكتور گۇرۇپپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارىنى 12 مىڭ ئۆلچەملىك مودىن ئاشۇرۇۋەتتى. 1957 - يىلى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ماي سەرپىياتى ۋە تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابات قىلىش، مۇرەككەپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش، كېچىدە كولتىۋاتسىيە قىلىش قاتارلىقلار بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۈنلۈك مەشغۇلات پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. شۇ يىلى بىڭتۈەن بويىچە ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور ئورۇندىغان ئوتتۇرىچە يىللىق خىزمەت مىقدارى 6828 ئۆلچەملىك موغا، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.72 كىلوگرامغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 78.7% ئۆستى ۋە 55% تۆۋەنلىدى.

1952 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بىڭتۈەن تراكتورلىرىنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—16

| يىللار | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | 2000 | 2380 | 3820 | 4000 | 6108 | 6828 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | 2.0 | 2.0 | 1.6 | 1.1 | 0.9 | 0.72 |
| ئۆلچەملىك تەننەرخ (يۈەن) | | | | | 1.71 | 1.74 |
| يىللىق ئىشقا چىقىش ئىسمېنا قېتىم سانى | 110 | 150 | 160 | 190 | 200 | 240 |
| يىللىق ئىشقا چىقىش سائەت سانى | 810 | 1100 | 1200 | 1300 | 1420 | 1860 |
| تراكتورنىڭ ئىشقا چىقىش نىسبىتى (%) | | | | | 75 | 78 |
| ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى (%) | | | | | 70.9 | 77 |

ئىزاھات: 1954 - يىلدىن ئىلگىرى كىرسىن تراكتورلىرى نىسبەتەن كۆپ ئىدى.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە تراكتورلارنىڭ تۈرلۈك ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى نىسبەتەن تۆۋەن ئىدى. 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق خىزمەت مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 976 ، 2121 ،2948 ،3836 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئۈرۈمچى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتىدا 1957 - يىلى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ تاماملىغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 6983 ئۆلچەملىك مو بولۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن خېلى يۇقىرى بولدى ھەمدە سوۋېتلىك تراكتور پونكىتىنىڭكىدىن 19.6% ، چوڭچەك ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭكىدىن 45.9% يۇقىرى بولدى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان مەزگىل شىنجاڭ بويىچە تراكتورلارنىڭ تۈرلۈك ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسكەن بىر مەزگىل بولدى.

(1) بىڭتۇەن 1958 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن 3 -قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، ئۆتكەن يىللاردىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى سىستېمىلىق يەكۈنلەش ئاساسىدا تراكتورنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى، ماي سەرپىياتى، تەننەرخى، ئىشقا چىقىشى ؟ ئىش ۋاقتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى، ماشىنىنىڭ ساق بولۇشى قاتارلىق تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئۈستىدە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلچەملەك تراكتورلارنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى 9000 ئۆلچەملىك مو بولۇش، ئۆلچەملىك مو بېشى ئاساسىي يېقىلغۇ سەرپىياتى 0.7 كىلوگرام بولۇش، ئۆلچەملىك مو بېشى بىۋاسىتە تەننەرخى 1 يۈەن بولۇشنى بەلگىلىدى ھەمدە خۇجىڭبۇەن تراكتور گۇرۇپپىسىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى بىڭتۇەن بويىچە ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور تاماملىغان خىزمەت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8428.7 ئۆلچەملىك مو بولۇپ، 1957 - يىلدىكىنىڭ 123.44% تىگە باراۋەر بولدى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.63 كىلوگرام، ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى 1.12 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئىشقا چىقىش 300 ئىسمېنا - قېتىم، 2200 سائەت، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 87% ، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 73% بولدى. 4 ئىلغار تۇەن - مەيدان، 10 ئىلغار ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى، 157 ئىلغار تراكتور (كومباين) گۇرۇپپىسى، 228 ئىلغار شەخس بارلىققا كەلدى.

1959 - ، 1960 - يىللىرى بىڭتۇەندىكى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 11 مىڭ 166 ، 9873 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.61 ، 0.51 كىلوگرام، ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى 0.87 يۈەن، 0.85 يۈەن، ئىشقا چىقىشى 310 ، 306 ئىسمېنا - قېتىم، 2350 ، 2504 سائەت، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 76% ، 72% بولۇپ، ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى.

1958 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپىدە خىزمەت مىقدارى يۇقىرى، ماي سەرپىياتى ۋە تەننەرخى تۆۋەن، تراكتورنى ئىشلىتىشى - ئاسرىشى ياخشى بولدى. چوڭ رېمونت قىلىش ئارىلىقىنى ئۇزارتقان نۇرغۇن ئىلغار تۇەن - مەيدانلار، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى، تراكتور گۇرۇپپىلىرى ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى. يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 20 - تۇەنى (ھازىرقى 123 - تۇەن) 6 يىلدا ھەربىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارىنى 13 مىڭ 928 ئۆلچەملىك موغا يەتكۈزۈپ،

بېكىتكەن نورمىسىنى 155.4% ئورۇندىدى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتىنى 0.52 كىلوگرامغا، ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخىنى 0.76 يۈەنگە، تراكتورنىڭ ساق بولۇش نىسبىتىنى 86.5% كە، ئىشقا چىقىش نىسبىتىنى 83.4% كە، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 86.7% كە، ئوتتۇرىچە چوڭ رېمونت ئارىلىقىنى 5102 سائەتكە يەتكۈزۈپ، نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى. تراكتور گۇرۇپپىسى جەمئىي 32 ماشىنا - قېتىمغا يەتتى، دۆلەت بويىچە ماشىنا ئىشلىرى نەمۇنىچىسى، بېكىتىلگەندىكى 10 قىزىل بايراقدارنىڭ بىرى بولغان يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە باش مەيدانىدىكى خۇ جىڭبۇەن «MT3—2» تراكتور گۇرۇپپىسىنىڭ 1956 - يىل 6 - ئايدىن 1960 - يىل 7 - ئايغىچە جەمئىي تاماملىغان خىزمەت مىقدارى 193 مىڭ 137 ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 30 مىڭ 178 ئۆلچەملىك مو بولدى؛ بەلگىلەنگەن نورما بويىچە جەمئىي 7 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام دىزېلىن ئىقتىساد قىلىندى؛ تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلماي 20 مىڭ سائەت ئىشلىتىپ، تەننەرخ ۋە رېمونت خىراجىتىدىن 66 مىڭ يۈەن ئىقتىساد قىلىندى. شۇنىڭدىن تارتىپ كۆپ يىللارغىچە ئىلغار سەۋىيىنى ساقلاپ، 1965 - يىل 7 - ئايدا ۋە 10 - ئايلاردا زۇڭلى جۇ ئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭلى خېلۇڭلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بېكىتۈەننىڭ 1 - دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى جاڭ خۇڭكۇي، شۇ جاڭلىن، 2 - دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى رېن ئەيلىڭ، جىن ماۋفاڭ قاتارلىقلارنىڭ تراكتور گۇرۇپپىلىرى رېمونت ۋاقتىنى ئۆزارتىش، مەشغۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تراكتورنى ئىلمىي ئىشلىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە مول تەجرىبىلەرنى يارىتىپ ۋە توپلىدى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بېكتۈەن تراكتورلىرىنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—17

| يىللار | ئۆلچەملىك تراكتور يىللىق خىزمەت مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | ئۆلچەملىك مو ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | ئۆلچەملىك مو تەننەرخى (يۈەن) | ساق بولۇش نىسبىتى % | ئىشقا چىقىش نىسبىتى % | ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى % | ئىشقا چىقىش ئىسپىتا قېتىم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 8428.7 | 0.63 | 1.12 | | 87 | 73 | 300 |
| 1959 | 11166 | 0.61 | 0.87 | | 80 | 76 | 310 |
| 1960 | 9873 | 0.51 | 0.85 | | 72 | 75.5 | 306 |
| 1961 | 9226.5 | 0.6 | 0.89 | 72 | 66.2 | 79.4 | 273 |
| 1962 | 7441 | 0.7 | 1.43 | 75 | 70 | 80 | 280 |
| 1963 | 7474 | 0.7 | 1.15 | | | | 260 |
| 1964 | 7897 | 0.61 | 1.18 | | | | 240.6 |
| 1965 | 8841 | 0.57 | 1.1 | 94.6 | | 88.2 | 270 |

(2) يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى رەھبەرلىكىدىكى) 1958 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. 1959 - يىل 5 - ئايدا تۇنجى قېتىملىق ماشىنا - ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، «خىزمەت مىقدارىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ھادىسىلەرنى ئازايتىش» تەلپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلى ئۆلچەملىك تراكتور تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 4000 ئۆلچەملىك مو، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.75 كىلوگرام، بىۋاسىتە تەننەرخى 1.2 يۈەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1958 - يىلدىكىدىن 55% ئۆرلىدى ۋە 25%، 20% تۆۋەنلىدى. ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتوردا يىللىق خىزمەت مىقدارىنى 10 مىڭ ئۆلچەملىك مودىن ئاشۇرۇپ تاماملىغان جىڭ ناھىيىسى بۆجىن دېھقانچىلىق مەيدانى «UOT3—2» تراكتور گۇرۇپپىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى 3 - مەيدانى «ДТ—159» تراكتور گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئىلغار كوللېكتىپلار مەيدانغا كەلدى. 1960 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق تۇتۇش، بىڭتۇەننىڭ ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى. شۇ يىلى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 6012 ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، 1959 - يىلدىكىدىن 50% ئۆرلىدى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى، تەننەرخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.65 كىلوگرام ۋە 1 يۈەن بولدى.

1964 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى زور بولغان بىر يىل بولۇپ، تۈرلۈك ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى چوڭ ھەجىمدە ئۆستى. 27 بىۋاسىتە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تراكتورلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى 86%كە، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 81% كە يېتىپ، 1963 - يىلدىكىدىن 7% ئۆرلىدى، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 80.8% كە يېتىپ، 1963 - يىلدىكىدىن 16% ئۆرلىدى. 1965 - يىلى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور تاماملىغان يىللىق خىزمەت مىقدارى 8150 ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1960 - يىلدىكىدىن 35.6% ئۆستى، ئۆلچەملىك ماي سەرپىياتى 0.88 كىلوگرام، تەننەرخى 0.96 يۈەن بولدى.

(3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى. 1958 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 6 تراكتور پونكىتىنىڭ ھەر ئۆلچەملىك تراكتوردا تاماملىغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 7847 ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 120% ئۆستى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى بىۋاسىتە تەننەرخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 13.5%، 16% تۆۋەنلىدى. ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتىدىكى ۋاڭ شۇگۇي تراكتور گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر خىل ئۆلچەملىك تراكتوردا تاماملىغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 17 مىڭ 860 ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە زەنجىر تاپانلىق تراكتورلارنىڭ يىللىق خىزمەت مىقدارى بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىپ، 1958 - يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار يىغىنىغا قاتناشتى.

1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تراكتورلار خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەندىن كېيىن، تراكتورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ناچارلىشىپ، ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى تۆۋەنلەپ

كەتتى. 1959 - يىلى 660 تىن ئارتۇق ئۆلچەملىك تراكتور ئورۇندىغان جەمئىي خىزمەت مىقدارى 1 مىليون 437 مىڭ 79 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ھەر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئوتتۇرىچە تاماملىغان خىزمەت مىقدارى 2175 ئۆلچەملىك مو بولۇپ، 1958 - يىلدىكىنىڭ 28% ىگە باراۋەر بولدى. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى 17 تراكتور (ئارىلاشما تراكتور) نىڭ 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە ھەر يىلى تاماملىغان ئومۇمىي خىزمەت مىقدارى 45 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، ھەر بىر تراكتورنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 2647 ئۆلچەملىك مو بولدى.

1961 - يىلى خەلق گوڭشې سىستېمىسىدىكى يىل بويى توختاپ رېمونت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان تراكتورلار ئومۇمىي تراكتور سانىنىڭ 30%—50% نى ئىگىلىدى. سانجى ئوبلاستىنىڭ 75% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تراكتور 20% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، دۆلەت - گوڭشې بىرلىكتە باشقۇرىدىغان تراكتور پونكىتلىرىنى قايتا قۇرۇشنى قارار قىلىپ، تراكتورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنى تەدرىجىي ئۆستۈردى. ساۋەن ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلغان 8 ئايدا ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 6466 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.91 كىلوگرام، تەننەرخى 1.47 يۈەن بولدى؛ سانجى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلغان 7 ئايدا ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 5179 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.78 كىلوگرام، تەننەرخى 1.53 يۈەن بولدى؛ گۇچۇڭ ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلغان 3 ئايدا ھەر بىر تراكتور (ئارىلاشما تراكتور) تاماملىغان خىزمەت مىقدارى 1941 ئۆلچەملىك مو بولۇپ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارىنىڭ 73.3% ىگە باراۋەر بولدى. قايتا قۇرۇلغان تراكتور پونكىتلىرىنىڭ شۇ يىلى تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى خەلق گوڭشېلىرىنىڭكىدىن 1—2 ھەسسە يۇقىرى، ماي سەرپىياتى 10% تۆۋەن، تەننەرخى 23.5% تىن 26.5% كىچە تۆۋەن بولدى.

1963 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتىدىن 51 ى قۇرۇلدى. يىل بېشىدا باھاغا سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىنغان خەلق گوڭشېلىرىنىڭ 405 تراكتورى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تراكتورلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى يىل بېشىدىكى 30% تىن ئۆرلەپ 80% كە يەتتى؛ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تراكتور يىل بېشىدىكى 321 دىن كۆپىيىپ 512 گە، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 50% دىن ئۆرلەپ 80% كە، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 40%—50% كىچە ئۆرلەپ 70% كە يەتتى. 17 تراكتور پونكىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 65 ئىلغار تراكتور گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر ئۆلچەملىك تراكتوردا تاماملىغان ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 10 مىڭ 66 ئۆلچەملىك موغا يەتكەن. چۆچەك ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ ھەر ئۆلچەملىك تراكتورى تاماملىغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى 10 مىڭ 756 ئۆلچەملىك موغا يەتكەن، ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى 0.88 يۈەن بولغان.

1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىدىكى ماشىنا - تراك-

نورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى تېخىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھەر خىل ئۇنۇم كۆرسەتكۈچلىرى
كۆرۈنەرلىك ئۆستى، 1964 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چۆچەك ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى-
دىكى «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق 15 تراكتور ھەر ئۆلچەملىك تراكتوردا تاماملىغان ئوت-
تۇرىچە خىزمەت مىقدارى 14 مىڭ 500 ئۆلچەملىك موغا يەتتى. ماشىنا ئىشلىرى ئۆلگىسى سۈڭ
چيەنمىن 1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ھەر ئۆلچەملىك تراكتوردا تاماملىغان خىزمەت مىق-
دارى ئايرىم ھالدا 11 مىڭ 875، 12 مىڭ 697 ئۆلچەملىك موغا يەتتى، مو بېشى
ماي سەرپىياتى 0.7 كىلوگرام بولۇپ، 8000 سائەت ئىشلىگەندىمۇ چوڭ، كىچىك رېمونت قى-
لىنمىدى. 1965 - يىلى ئاقسۇ تراكتور پونكىتى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن خىزمەت مىقدارى
كۆرسەتكۈچىنى نورمىدىن 10.2% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىيا-
تىنى 0.71 كىلوگرامغا تۆۋەنلەتتى؛ پىچان ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى پىلانلىق يۆتكەشنى
كۈچەيتىش، يەككە ماشىنا ھېساباتىنى يولغا قويۇش، مەشغۇلات رايونىنى مۇقىملاش ئارقى-
لىق ھەر ئۆلچەملىك تراكتوردا ئوتتۇرىچە 6075 ئۆلچەملىك مو ۋەزىپىنى تاماملاش ئارقىلىق
يىللىق پىلانىنى 105% ئورۇنداپ خىزمەت مىقدارىنى 1964 - يىلدىكىدىن 82.7% ئۆستۈر-
دى، ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتىنى 0.7 كىلوگرامدا تىزگىنلەپ، ئاپتونوم رايون بەل-
گىلىگەن ئۆلچەمدىن 13.3% تۆۋەنلەتتى، ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخىنى 0.99 يۈەندە تىز-
گىنلەپ، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن 21% تۆۋەنلەتتى؛ بۇنىڭ بىلەن پونكىت بو-
يىچە ساپ پايدا 56 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، زىيان پايدىغا ئۆزگەرتىلدى. 1965 - يىلى شىن-
جاڭ بويىچە 69 تراكتور پونكىتىنىڭ ساپ پايدىسى 698 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1965 - يى-
لى 4 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تراكتور پونكىتلىرىدىكى ماشىنىلارنىڭ «ئۈچ نىسبىتى» (ئىشقا
چىقىش نىسبىتى، ساق بولۇش نىسبىتى، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى) ئەھۋالى،
1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك تراكتور
پونكىتلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك كۆرسەتكۈچلىرى ئايرىم ھالدا جەدۋەل: 2 — 18، جەد-
ۋەل: 2 — 19 لاردا كۆرسىتىلدى.

1965 - يىلى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى تراكتور - ماشىنىلارنىڭ ئىشقا چىقىش ۋە «ئۈچ نىسبەت» ئەھۋالى

جەدۋەل: 2—18

| ۋىلايەت، ئوبلاست | ئىشقا چىقىش ئىسمىنا قىيىمى (فىنىم) | ئىشقا چىقىش نىسبىتى % | ساق بولۇش نىسبىتى % | ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 284 | 70.6 | 85.7 | 86.9 |
| سانجى ئوبلاستى | 270 | 71.0 | 73.5 | 88 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 237 | 68.5 | 92.5 | 68 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | 86.5 | 78.2 |

1962 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاھبىلىك تراكتور پونكىتلىرىدىكى تراكتورلارنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—19

| تۈرى | 1962 | 1963 | 1964 | 1965 | 1966 |
|---|---|---|---|---|---|
| تراكتور پونكىتلىرىنىڭ سانى | 11 | 51 | 51 | 69 | 76 |
| دەپتەردىكى يىللىق ئوتتۇرىچە تراكتور سانى (ئۆلچەملىك تراكتور) | | 842 | 1251.5 | 2499.3 | 3519.9 |
| يىللىق خىزمەت ئومۇمىي مىقدارى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | 42 | 354 | 953.5 | 1859.6 | 2644 |
| بۇنىڭ ئىچىدىكى يېرىز ـ تېرىق مەشغۇلاتى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | | | 915.8 | 1701.4 | 2453.2 |
| ئومۇمىي خىزمەت مىقدارىدا ئىگىلىگەن % ى | | | 96 | 91 | 92.8 |
| ئۆلچەملىك تراكتور ئوتتۇرىچە تاماملىغان ئۆلچەملىك مو | 2705 | 4449 | 7618 | 7740 | 7511 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | | 0.84 | 0.75 | 0.74 | 0.73 |
| ساق بولۇش نىسبىتى % | | 80 | 72 | | |
| ئىشقا چىقىش نىسبىتى % | | 80 | 64 | | |
| ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى % | | 70 | 80.2 | | |

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى سىستېمىلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك قائىدە ـ تۈزۈملەر ئىجرا قىلىنمىدى، تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتى تەدرىجىي ناچارلىشىپ، ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1970 ـ يىلى كۆپ خىل تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، بۇ ئەھۋال تۈزىتىلدى، 1980 ـ يىلغىچە نورمۇال ھالەت تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

(4) بىگتۈەن. 1966 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆزۈندىن ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتقان ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش ـ ئاسراش، ستاتىستىكىلىق ھېسابات قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈملەر بىكار قىلىنىپ، باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئېرىقچىلىق سۈپىتى تۆۋەنلەپ، مەشغۇلات تەننەرخى ئۆرلەپ كەتتى، ماشىنىلارنىڭ ھالىتى ناچارلىشىپ، ھادىسىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1966 ـ يىل-

دىن 1971 - يىلغىچە ھادىسە تۇپەيلىدىن 90 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى، 300 دىن ئارتۇق تراكتور بۇزۇلدى، بەزى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئۆلچەملىك مو بېشى ئوتتۇرىچە تەننەرخى 1.34 يۇەنگە يېتىپ، بىگنۇەن بويىچە 1965 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە مەشغۇلات تەننەرخىنىڭ 121% ىگە باراۋەر بولدى. 1970 - يىل 11 - ئايدا بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 29 - تۇەندە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا، بۇ تۇەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماشىنا مەشغۇلات ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى، يىغىن بىگنۇەنىڭ خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بەلگىلىك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1971 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىگنۇەن پارتكومى «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى، تراكتورلارنىڭ تۈرلۈك ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1975 - يىل 4 - ئايدا بىگنۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نەق مەيدان خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاقسۇ دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 5 - تۇەنى، بايىنغولىن ئوبلاستى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 29 - تۇەنى قاتارلىق ماشىنا ئىشلەرى خىزمىتىدىكى ئىلغار 6 تۇەن - مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماشىنا مەشغۇلاتى ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يەنە داۋاملىق ھالدا قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، ئۆگىنىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. 1979 - يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى ھەر بىر چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى (ئارىلاشما) تراكتورلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق خىزمەت مىقدارى 16 مىڭ 609 ئۆلچەملىك مو، ئوتتۇرىچە مو بېشى ماي سەرپىياتى 0.57 كىلوگرام بولدى.

(5) يەرلىك سىستېما. 1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادەم ۋە ماشىنىلار ناھىيىدىن گۇڭشېغا، گۇڭشېدىن يەنە چوڭ ئەترەت، كىچىك ئەترەتلەرگىچە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، تراكتورنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولماسلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنلىكتىن، شۇ يىلى تراكتورلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى 30% كە چۈشۈپ قالدى. 1971 - يىل 12 - ئايدا ئېچىلغان شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە: «تراكتور پونكىتلىرى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى ۋە ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ھەممىسى نىسبەتەن تۆۋەنلەپ كەتتى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئادەم يارىلىنىش - ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى، بىز

ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي، كارىمىز بولماي تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1972-يىل 10-ئايدىكى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 136-نومۇرلۇق ھۆججىتى «نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» دە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. 1973-يىل 2-ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى تارقاتقان «1973-يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» دە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) لەرنىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ (1972-يىلى) 136-نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن، تېزدىن ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، باشقۇرۇش خىزمىتىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىدىغان قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىندى. 1973-يىلى قىشتا، ئاپتونوم رايون چاقىرغان ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىشلىق رېمونت خىزمىتى يىغىنىدا رېمونت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تراكتورلاردىكى «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈمى» (ساق تراكتورلار، كاشىلىسى بار تراكتورلار، رېمونتنى كۈتۈپ تۇرغان تىراكتورلار ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەش) ھالىتىنى ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى.

1974-يىل 5-ئايدىن 6-ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنى دائىرە بويىچە تەكشۈردى. شىمالىي شىنجاڭدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاتلانغان تراكتورلار، ساقلانغان تراكتورلار سانىنىڭ 85% نى ئىگىلەپ، رېمونت كۈتۈپ تۇرغان تراكتورلارنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلاپ «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈمى» دىن ئىبارەت نورمالسىز ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. شىخو، گۇچۇڭ، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەردە ماشىنىلارنىڭ ئىشقا چىقىش نىسبىتى 95% تىن ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، خوتەنلەردە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاتلانغان تراكتور 1968 بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان تراكتور سانىنىڭ 75% نى ئىگىلىدى. 1974-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتورلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى يەنىلا بىر قەدەر يېتەرسىز بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرنەچچە تۈردىكى كۆرسەتكۈچنى مەملىكەتنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ئىلغار قاتاردىن ئورۇن ئالدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنىدا يەر ھەيدەش، ماشىنىدا تېرىش، ماشىنىدا يىغىش قاتارلىقلارنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 57.9%، 55%، 15.2% بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە 4-، 1-، 2-ئورۇندا، ھەر 1000 ۋاتتا تاماملىغان ماشىنىدا يەرھەيدەش كۆلىمى 28.75 مو بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2-ئورۇندا تۇردى.

1975-يىلدىن كېيىن ھەر يىلى شىنجاڭ دائىرىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىشلىق رېمونت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئاپپارات قۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش قاتارلىقلار جەھەتتە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرغاچقا ھەم ئەھۋال تەكشۈرۈلۈپ تۇرۇلغاچقا، ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ باردى.

1975 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە يەرلىك سىستېمىلاردىكى تراكتورلارنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى
جەدۋەل : 2—20

| يىللار | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 |
|---|---|---|---|---|---|
| كىلوۋات ـ يىل مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | 145.6 | 146 | 154.4 | 129.4 | 130.9 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | 0.85 | 0.83 | 0.8 | 0.78 | 0.7 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى (يۈەن) | 1.05 | 1.02 | 0.94 | 0.88 | 0.84 |
| تراكتورلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى % | | | 48 | 65.7 | 74 |
| كاشىلىسى بار تراكتورلار نىسبىتى % | | | 34 | 28.5 | 22 |
| رېمونتنى كۈتۈپ تۇرغان تراكتورلار نىسبىتى % | | | 18 | 5.8 | 4 |

ئىزاھات : كاشىلىسى بار تراكتورلار مۇھىم زاپچاس ـ دېتاللارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ياخشى بولماي ، ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ئالماشتۇرۇلمىغان ياكى كاشىلىسى بولسىمۇ ئىشلىتىلگەن تراكتورلارنى كۆرسىتىدۇ . رېمونتنى كۈتۈپ تۇرغان تراكتورلار ـ مەشغۇلات ئىشلىيەلمەيدىغان ، ئىشتىن توختاپ ، رېمونت قىلىنىشتى كۈتكىنىگە 2 ئايدىن ئاشقان تراكتورلارنى كۆرسىتىدۇ .

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزىلاردا ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تۈرلۈك ئىسلاھاتلار يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى ، تراكتورلار ئىگىلىك شەكلى ، خىزمەت دائىرىسى قاتارلىقلاردا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . يەككىلەر باشقۇرىدىغان تراكتورلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى ؛ تراكتور مەشغۇلات دائىرىسى دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە كەسىپ ، بېلىقچىلىق ، سانائەت ، سودا ، ترانسپورت ، قۇرۇلۇش (بىناكارلىق) ، مۇلازىمەت قاتارلىق كۆپلىگەن كەسىپلەرگە ئۇزاردى ؛ تراكتور ترانسپورت مەشغۇلات مىقدارى تېز ئاشتى ، ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلات مىقدارى نىسبىي ھالدا تۆۋەنلىدى ، تراكتور ئارقىلىق تىجارەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ساپ پايدا دائىرىسى كېڭەيدى . 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تراكتورلارنىڭ ئېنېرگىيە كۈچى 64.5% ئاشتى ، يەرلىك سىستېمىلاردىكى يەككىلەر باشقۇرغان تراكتورلارنىڭ سانى ئومۇمىي تراكتور سانىنىڭ 82.3% نى ئىگىلىدى . ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتور ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 252 مىليون ئۆلچەملىك مودىن 277 مىليون ئۆلچەملىك موغا يېتىپ 7% ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە بىكىتۈەنىنىڭ 127 مىليون ئۆلچەملىك مودىن 713 مىڭ 200 ئۆلچەملىك موغا چۈشۈپ قالدى . بىڭتۈەنىنىڭ 264.34 ئۆلچەملىك مودىن 165.74 ئۆلچەملىك موغا تۆۋەنلەپ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 40.5% ۋە 37.4% تۆۋەنلىدى .

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەرلىك سىستېما ۋە بىڭتۈەندىكى تراكتورلارنىڭ ھەر قايسى ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى جەدۋەل : 2—21 ، جەدۋەل : 2—22 دىن كۆرۈۋېلىڭ .

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يەرلىك سىستېمىدىكى تراكتورلارنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—21

| تۈرى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | 13088 | 11617 | 13026 | 13003 | 13278 | 16736 |
| بۇنىڭ ئىچىدىكى دېھقانچىلىق مەشغۇلات مىقدارى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | 9050 | 8516 | 9150 | 8670 | 8054 | 8243 |
| ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن % ى | 69 | 72 | 70 | 67 | 61 | 69 |
| دەپتەردىكى ئوتتۇرىچە كىلوۋات سانى(10مىڭ كىلوۋات) | 58. 91 | 62. 44 | 70. 17 | 64. 58 | 81. 64 | 126. 29 |
| يىللىق مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | 119. 85 | 106. 74 | 100. 74 | 108. 82 | 88024 | 71. 32 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | 0. 71 | 0. 75 | 0. 69 | 0. 68 | 0. 69 | 0. 71 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى (يۈەن) | 0. 85 | 0. 96 | 0. 98 | 1. 03 | 1. 08 | |
| ساق بولۇش نىسبىتى % | 79 | 78 | 79 | | | |
| كاشىلىسى بار تراكتور نىسبىتى % | 17 | 17 | 15 | | | |
| رېمونتنى كۈتۈپ تۇرغان تراكتور نىسبىتى % | 4 | 5 | 6 | | | |

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەندىكى تراكتورلارنىڭ ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل : 2—22

| تۈرى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى (10مىڭ ئۆلچەملىك مو) | 12765 | 134. 11 | 14068 | 14545 | 11005 | |
| بۇنىڭ ئىچىدىكى دېھقانچىلىق مەشغۇلات مىقدارى (10 مىڭ ئۆلچەملىك مو) | 10955 | 10650 | 10621 | 9832 | 10338 | 8382 |
| ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن % ى | 86 | 79. 4 | 75. 5 | 69 | 71 | 76 |
| دەپتەردىكى ئوتتۇرىچە كىلوۋات سانى (10 مىڭ كىلوۋات) | 26. 11 | 30. 08 | 32. 66 | 33. 02 | 35. 89 | |
| كىلوۋات - يىل مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو) | 264. 34 | 240. 80 | 231. 91 | 236. 03 | 238. 24 | 165. 74 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى ماي سەرپىياتى (كىلوگرام) | 0. 59 | 0. 53 | 0. 52 | 0. 55 | 0. 54 | 0. 61 |
| ئۆلچەملىك مو بېشى تەننەرخى (يۈەن) | 0. 91 | 0. 87 | 0. 87 | 0. 93 | 0. 91 | 1. 15 |
| يىللىق ئىشقا چىقىش نىسبىتى قېتىمى | | | | 287 | 3078 | 250 |

# II باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

## 1 § . قائىدە - تۈزۈملەر

شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، بەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى) ۋە خەلق گۇڭشېلىرى (يېزىلىق - بازارلىق) دىن ئىبارەت 2 سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ. مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە باب كېلىدىغان ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئېلان قىلدى.

**1 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى سىستېمىسىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە - تۈزۈملىرى**

1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرغاندا، ھەربىيلەشكەن باشقۇرۇش، ھەربىي قىسىملاردىكىگە ئوخشاش تەمىنات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇ چاغدا باشقۇرۇشتا نىزام يوق ئىدى، تەننەرخى ھېسابلانمايتتى، ئىش ئۈنۈمى ستاتىستىكا قىلىنمايتتى. تېرىقچىلىق مەشغۇلات سۈپىتى يىرىك ئىدى. 1952 - يىل 3 - ئايدا ھەربىي رايوننىڭ 1 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرى يىغىنىدا تراكتور مەشغۇلاتىدىكى ماي سەرپىياتى ۋە ئىش نورمىسى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. 1953 - يىل 11 - ئايدا ھەربىي رايون 2 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ھەربىي رايوننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ماشىنا - سايمان باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى، خادىم سەپلەشنى قارار قىلدى. مەمۇرىي كېڭەش مالىيە كومىتېتىنىڭ 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىش تەرتىپىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» بىلەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش نىزامى» بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىندى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى خىزمەت نورمىسى ئۆلچىمىدىن پايد-

دىلىنىپ ، مەشغۇلات نورمىسى ، سەرپىيات نورمىسى ، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تۈزـ
ۈش ، بەككە ماشىنا بويىچە ھېسابلاش تۈزۈمى ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئۆلچەملىك موغا
سۇندۇرۇش كۆپەيتىشنى ۋە تراكتورلارنى تەكشۈرۈپ ، رېمونت قىلىش چارىلىرى تۈزۈپ چىـ
قىلدى . ھەر خىل تىپتىكى تراكتورغا سەپلىنىدىغان خادىملارسانى بېكىتىپ چىقىلدى ، ئىسمىنا
بويىچە مەشغۇلات ئىشلەش ، ھەر بىر ئىسمىنا 10 سائەت ئىشلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى .
مۇكەممەل بولمىغان قائىدە - تۈزۈملەر دەسلەپكى قەدەمدە تۈرغۇزۇلدى .
1955 - يىل 3 -ئايدا بىگتۈەن تۇنجى قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى
يىغىنى چاقىرىپ ، ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلات نورمىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى . ماشىنىلارنى تېخنىـ
كىلىق ئاسراشنى تەشكىللەش چارىسى ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش چارىسىنى تۈزۈپ
چىقتى . 1957 - يىل 6 - ئايدا بىگتۈەن 2 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت
يىغىنى چاقىرىپ ، ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش چارىسى « زاپچاس باشقۇرۇش چارىـ
سى » ، « كونا ئاپتوموبىلنى تاپشۇرۇپ يېڭىسىنى ئېلىش ھەمدە قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش
چارىسى » ، « ھەر دەرىجىلىك ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت دائىرىـ
سى » ، « ماشىنا - سايمانلارنى قوراللاندۇرۇش نورمىسى » ، « رېمونتخانىلارنى باشاش
لايىھىسى » ، « ماشىنا خادىملىرىنى تەربىيلەش لايىھىسى » ، « تراكتورلارنى چوڭ - كىچىك رېـ
مونت قىلىش بەلگىلىمىسى » گە ئوخشاش قائىدىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى . « تراكـ
تورلارنى تېخنىكىلىق ئاسراش قوللانمىسى »نى بېسىپ تارقاتتى . شۇ يىلى 7 - ئايدا بىگتۈەن
يۇقىرىقى چارە ، لايىھە ۋە بەلگىلىمىلەرنى رەسمىي ئېلان قىلدى . 9 - ئايدا « ماشىنا ئىشلىرىـ
نى باشقۇرۇش خىزمەت نورمىسى »نىڭ (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى) ئېلان قىلىندى .
24 تۈرلۈك ماشىنا مەشغۇلاتىنىڭ سۇندۇرۇش كۆپەيتىشىنى ، بوز يەر ئېچىش مەشغۇلات قاتلىـ
مى ، ئىسمىنىلارنىڭ مەشغۇلات نورمىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن بىگتۈەننىڭ « ماـ
شىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت قائىدىسى » يېزىپ چىقىلدى .
1957 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى « دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھـ
قانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلـ
گىلىمە (لايىھىسى) » نى تارقىتىپ ، ماشىنىدا يەر تېرىش مەشغۇلاتى ، ماشىنا - سايمانلارنىڭ
باشقۇرۇلۇشى ، ماتېرىياللارنىڭ تارقىلىشى ۋە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىنى تۈـ
زۈپ چىقتى . 1958 - يىل 1 - ئايدا بىگتۈەننىڭ 3 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش
خىزمەت يىغىنىدا « ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى » نىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى مۇزاـ
كىرە قىلىندى . 6 - ئايدا « بىگتۈەن ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت قائىدىسى (لايىھـ
ىسى) » رەسمىي ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ 2 - ماددىسىدا « مەزكۇر قائىدە بىگتۈەننىڭ ھەرقايـ
سى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەمدە زىرائەت ئۆستۈرۈش تۈزۈـ
مى ، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەلىپى ، ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى ، يېزائىگىلىك ماـ
شىنىلىرى بىلەن تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى ئىشلەشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ، قاتناش قانۇن - نىزامىلىـ
رى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ، ھەمدە « سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋە دېھقانچىلىق

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دوستلۇق دېھقانچىلىق مەيدانى باستۇرغان ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت نىزامىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى»، بۇ قائىدە جەمئىي 15 باب، 202 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭغا «تراكتورنى چوڭ-كىچىك رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىق 3 قوشۇمچە ھۆججەت قوشۇمچە قىلىندى. 1960-يىل 1-ئايدا نىزامغا تۈنجى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، يەنىلا (لايىھە) تەرىقىسىدە داۋاملىق ئىجرا قىلىندى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى لايىھە جەمئىي 15 باب، 200 ماددىلىق بولۇپ، 7 قوشۇمچە ھۆججەت قوشۇمچە قىلىندى.

1958-يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ش ئۇ ئا ر بوز يەر تەكشۈرۈش-ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ (1959-يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى رەسمىي قۇرۇلدى) رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېزدىن تەرەققىي قىلدى. 1958-يىلدىن 1961-يىلغىچە دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «بىخەتەرلىك تېخنىكىلىق مەشغۇلات قائىدىسى»، «ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى»، «مەشغۇلاتنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تۈزۈمى»، «نورمىلىق باشقۇرۇشنىڭ نورمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش چارىسى»، «تراكتور ھەم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ تېخنىكىلىق خاتىرىسى»، «ئاسراش-رېمونت قىلىش پىلانى»، «ماي ۋە ماددىي ماتېرىياللارنى ئېلىش-تارقىتىش تۈزۈمى»، «پىلان بويىچە يۆتكەش چارىسى»، «يەككە ماشىنىلار بويىچە ھېسابات قىلىش چارىسى»، «ئۈچنى كۆتۈرە بېرىش، ئۈچنى بېكىتىپ مۇكاپاتلاش چارىسى» قاتارلىق 15 تۈرلۈك چارە ۋە تۈزۈم تۈزۈپ ئېلان قىلدى.

1961-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى بىڭتۇەن «بىڭتۇەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئۈچنى كۆتۈرە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھەسى)» نى تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا قارىتا «ئۈچنى كۆتۈرە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاش، تۆتنى مۇقىملاشتۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابات قىلىشنى يولغا قويدى. «ئۈچنى كۆتۈرە بېرىش» - يىللىق مەشغۇلات مىقدارى، ماي سەرپىياتى، ماشىنىنىڭ بىۋاسىتە تەننەرخىنى كۆتۈرە بېرىشتىن ئىبارەت، «تۆتنى مۇقىملاشتۇرۇش» - تراكتور، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مەشغۇلات رايونى ۋە خادىملارنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. «بىرنى مۇكاپاتلاش» - بىر يىلدا بىر قېتىم مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت، يەنى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىقتا مەھسۇلات ئاشسا مۇكاپاتلاش، كۆپ ئاشسا كۆپ مۇكاپاتلاش، ئاشمىسا مۇكاپاتلىماسلىق.

1961-يىل 4-ئايدا دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت قائىدىسى (لايىھەسى)» بىڭتۇەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بىر تۇتاش يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى بۇ قائىدىنى ھەر قايسى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن

رېمونت زاۋۇتلىرىغا تارقىتىپ بەردى. 1962 - يىلى 10 - ئايدا دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «ماشىنا ئىشلىرى قائىدىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ماشىنا - سايمانلار بىلەن مەشغۇلات ئىشلەش، ئاسراش، سىناپ ھەرىكەتلەندۈرۈش، قىش پەسىللىرىدە ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى. 1962 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ بىخەتەرلىك تېخنىكا نىزامى (لايىھىسى)»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن ئېتىز - ئېرىقلاردا مەشغۇلات ئىشلەش تېخنىكا قائىدىسى (لايىھىسى)»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناپ ئىشقا سېلىش بەلگىلىمىسى (لايىھىسى)»نى تارقاتتى. بىڭتۈەن دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ئىجرا قىلىش داۋامىدا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كۆپ خىل تەپسىلىي پرىنسىپ، چارە ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بىڭتۈەندىن نۇقتىلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىچە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باشقۇرۇش نورمىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، سۈندۇرۇش كوئېففىتسېنتى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنى بىر تۇتاش ھېسابلاش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلدى. دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابات قىلىش چارىسى، ماشىنا ئىشلىرى خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش، جازالاش چارىسى، نورمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش چارىسى ۋە نورمىلىق باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

1963 - يىلى قىشتا بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى بويىچە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا 5 نى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى يەنى مەشغۇلات تېخنىكىسى، تېخنىكىلىق ئاسراش، ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش، ماي باشقۇرۇش، ئىپتىدائىي خاتىرىلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1965 - يىلى 1 - ئايدا بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ تەپسىلىي ئۆلچەملىرى يېزىپ چىقىلىپ ئېلان قىلىندى. بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت قائىدىسى مۇھىم ئاساس، ئاساسىي قاتلام ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، باشقۇرۇش خىزمىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ نىشانى ئېنىق، تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولۇپ، 1965 - يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئۈنۈملۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئومۇميۈزلۈك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. 1970 - يىلى 11 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت قائىدىسى» (مۇزاكىرە ئورىگىنالى) نى ماقۇللىدى. بۇ قائىدە جەمئىي 6 باب، 29 ماددىدىن تەركىب تاپقان. 1973 - يىلى 1 - ئايدا بىڭتۈەن بۇ قائىدىگە قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ تولۇقلاش ئارقىلىق «بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت قائىدىسى»نى رەسمىي تارقاتتى. قائىدىنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي پرىنسىپ، خادىملارنىڭ سەپلىنىشى ۋە مەسئۇلىيىتى، ئىشلىتىش، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش، تېخنىكىلىق

ئاسراش، ماشىنا - سايمانلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش، رېمونت قىلىش ھەم ياساش، خادىملارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش، تېخنىكا يېڭىلاش ھەم پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ستاتىستىكىلىق ھېسابات ۋە ئەمگەك مۇسابىقىسى قاتارلىق 10 باب، 33 ماددىغا بۆلۈندى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىرنەچچە خىل ئاساسلىق ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنىڭ سۈپەت تەلىپى، تراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراش مۇددىتى، تراكتورنىڭ ئۆلچەملىك سانى بويىچە سۇندۇرۇش كوئېففىتسېنتى، تراكتور مەشغۇلاتىنىڭ ئۆلچەملىك ئىش مىقدارىنى سۇندۇرۇش كوئېففىتسېنتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنىڭ 5 تۈرلۈك ئۆلچىمى قاتارلىق 5 ھۆججەت قوشۇمچە بېرىلدى.

1975 - يىلى بىگتۈەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى بىگتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ۋە سابىق دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى قارىمىقىدىكى زور بىر قىسىم يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1976 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى «شىنجاڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمەت قائىدىسى» (جەمئىي 10 باب) نى تۈزۈپ تارقاتتى. 1979 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ۋە ماشىنا - سايمان باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى خىزمەت ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەت تۈزۈملىرىنى داۋاملىق تولۇقلىدى. «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «دېھقانچىلىق مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى چارىسى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش نىزامى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى باشقۇرۇش نىزامى» غا ئوخشاش نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى.

## 2. يېزا - بازار (خەلق گوڭشېسى) سىستېمىسىدىكى ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ دائىرىلىرى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش چارىسى» نى (جەمئىي 8 ماددىلىق) تارقىتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى.

1954 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭدا تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتىنى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى «دېھقانچىلىق خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە كونكرېت مەسىلىلەر» دېگەن ئۇقتۇرۇشىدا، تراكتور پونكىتلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ھەمدە ھەر خىل سەرپىيات نورمىسىنى تۈزۈپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى.

يىغىندا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەشغۇلاتلىرىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش قائىدىسى»، «ماشىنا كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان دانلىق زىرائەت سېيالكىسىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «تەۋرەنمە يەلكىلىك ئورۇش ماشىنىسى ھەمدە ئۇنى ئاسراش نىزامى»، «دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق 7 قائىدە - تۈزۈم كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى «1956 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى، تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە پونكىت قۇرۇش ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»دا تراكتورنىڭ ئىشلەش نورمىسى، يېڭى تراكتورنى سىناپ كۆندۈرۈش، خادىملارنىڭ شتات نورمىسى، ماشىنا - سايمانلارنى سەپلەش، خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى «يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى، تراكتور پونكىتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش تەرتىپىدە ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى (لايىھىسى)»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى، تراكتور پونكىتلىرىدا ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان تەشكىلىي نىزام (دەسلەپكى ئورگىنال)»نى تارقىتىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى شۇ يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باسقۇچىدا سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرىدا تۈزۈپ چىققان خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسىگە ئاساسەن «خەلق گۇڭشېلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان لايىھىسى)»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قائىدە شىنجاڭ بويىچە چاقىرىلغان ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدىكى مۇزاكىرىدە تۈزىتىلگەندىن كېيىن سىناق تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلدى.

1961 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھىسى)»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ نىزام 1962 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تراكتور پونكىتلىرى خىزمەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىندى. 1963 - يىل 11 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىنىدىغان لايىھىسى)» رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مالىيە باشقۇرۇش، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئەمگەك مۇھاپىزىتى قاتارلىق 8 باب، 39 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى يەنە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش چارىسى»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش ھەمدە ھېسابلاش چارىسى»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا تراكتورلارنى براكقا چىقىرىپ بىر ياقلىق قىلىشتا ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمىنىڭ تولۇقلىمىسى»، «تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى (لايىھىسى)»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراك-

تور پونكىتى خادىملىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» لەرنى تۆۋەنگە تارقاتتى.

1972 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت نىزامى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھىسى) نى تارقاتتى. مەزكۇر لايىھە جەمئىي 7 باب، 26 ماددا بولۇپ، 1971 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا تراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراش قائىدىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلاتىنى سۇندۇرۇش كوئېففىتسېنتىدىن ئىبارەت 2 قوشۇمچە ھۆججەت قوشۇمچە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «بىڭتۇەننىڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت نىزامى) نى داۋاملىق سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش» توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىلدى.

1975 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق گۇڭشېلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھىسى)» نى تۈزۈپ تارقاتتى.

1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى توغرىسىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك تولۇقلىما بەلگىلىمە (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)» نى تارقىتىپ، پىلان، ئەمگەك، مالىيە، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تۆرلۈك ئىشلارنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى.

1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» نى تارقاتتى. 1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋە مال باھا ئىدارىسى ش د چ م [1985] 27 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىن يېتەكچى خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئۆلچىمى» نى تارقاتتى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق (بازارلىق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان نۇسخىسى)» نى تۈزۈپ تارقاتتى.

## 2 § . پىلانلىق باشقۇرۇش

50 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلدى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ سېتىۋېلىنىشى، تەقسىم قىلىنىشى، مەشغۇلات كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى ۋە ھەر خىل ۋەزىپە كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەھەتتە بىردەك پىلانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدە يېزىلاردا ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تاۋار سۈپىتىدە بازارغا كىردى. شەخسلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلغاندىن كېيىن، پىلانلىق باشقۇرۇش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى ھەمدە كېيىنكىسىنى ئاساس قىلىش ۋەزىيىتىگە قاراپ، تەدرىجىي بۇرۇلۇش بولدى.

### 1. پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات پىلانى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تۈزۈش، تۆۋەندىن يۇقىرىغا تۈزۈش، يۇقىرى، تۆۋەننى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەرتىپ بويىچە تۈزۈپ چىقىلدى. پىلاننىڭ بەزىلىرى 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شى ۋە تۈەنلەر بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى. بەزىلىرى ش ئۇ ئا ر مەسئۇل تارماقلار بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى، بەزىلىرىدە ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەت يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، مۇھاكىمە قىلىنىپ، يۇقىرىنىڭ تەستىقلاپ ئەنگە ئېلىشىغا يوللاندى. پىلان ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان (بەش يىللىق پىلان، كەلگۈسى پىلان)، يىللىق پىلان، پەسىللەردىكى باسقۇچلۇق پىلان (مەسىلەن: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم، كۈزنىڭ ئۈچ ئىشى) ۋە كىچىك پىلان (5كۈنلۈك، 10 كۈنلۈك، 15 كۈنلۈك مەشغۇلات پىلان) دېگەنلەرگە بۆلۈپ تۈزۈلدى، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاندا تەرەققىيات نىشانى، كۆلەم ۋە سۈرئەت قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلدى، مەزمۇن جەھەتتە تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مەسىلەن: 1971 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىدا تۈزۈلگەن 1980 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىدا: «بۈگۈندىن كېيىنكى توققۇز يىللىق كۈرەش نىشانى ـ 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە

كەسىپ ۋە بىلىمچىلىكنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلاتلىرىنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىنى %70 تىن ئاشۇرۇش (بىڭتۇەننىڭ 1975 - يىلىلا %70 تىن ئېشىپ كەتتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ سانىنى 30 مىڭغا، قول تراكتورلىرىنى 11 مىڭ 400 گە، كومبايىننى 3 مىڭغا، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى 120 مىڭغا يەتكۈزۈش؛ 1980 - يىلى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش كۆلىمىنى 41 مىليون موغا يەتكۈزۈپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %85 نى ئىگىلىتىش، ئوت - چۆپ يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى %50 كە يەتكۈزۈش؛ ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىللىق پىلان - شۇ يىلدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ ماشىنىلاشقان مەشغۇلات، ماشىنا - سايمانلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، تراكتور پونكىتلىرى ۋە رېمونت تورلىرىنىڭ قۇرۇپ چىقىلىشى، ماي - ماتېرىيال سەرپىياتى، خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىشى، مەبلەغنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. باسقۇچلۇق مەشغۇلات پىلانى بىلەن كىچىك ھەجىمدىكى پىلانلار تراكتور پونكىتلىرى ۋە بىڭتۇەن قاتارلىق ھەر قايسى ئەمەلىي ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلىدى. پىلان، يىللىق پىلان ۋە يەككە تۈردىكى پىلانلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە مەزمۇنى دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان مۇكەممەل سىناتستىكا بوللاش جەدۋىلى بولۇپ، تۆۋەنگە تارقىتىلىپ، بىر تۇتاش تولدۇرۇلىدى. پىلان تەستىقلانغاندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ (بۇيرۇق خاراكتېردىكى) تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا تەمىنلەش جەھەتتە (مەبلەغ، ئۈسكۈنە، ماشىنا - سايمان قاتارلىقلار)، قۇرۇلۇشتا (زاۋۇت، پونكىت)، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا، بىردەك تەستىقلانغان پىلان ئاساس قىلىندى.

## 2. پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشى

### 1) پىلاننىڭ چۈشۈرۈلۈشى

ھەر قايسى مەسئۇل تارماقلاردىن، مەسىلەن: دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى بىڭتۇەن ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شى ۋە تۆۋەنلەرگە يىللاردا دەرىجىمۇ دەرىجە چۈشۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پىلانى ماشىنا - سايمان، ئۈسكۈنىلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، تراكتور پونكىتلىرى، رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، مالىيە كۆرسەتكۈچلىرى، تراكتور، كومبايىندا مەشغۇلات ئىشلەشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى (ئۆلچەملىك مو، تەبىئىي مو)، يەككە ماشىنىلارنىڭ يىللىق ئورۇندايدىغان مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو، تەبىئىي مو)، ماي سەرپىياتى، تەننەرخى، ئىش كۈنى، ماشىنىنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى، چوڭ رېمونت ۋاقىت ئارىلىقى، قىش پەسلىدە رېمونت قىلىنغان ماشىنا - سايمانلار سانى، رېمونت تەننەرخى قاتارلىق بىر قاتار پىلان كۆر-

سەتكۈچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. پىلان چۈشۈرۈشتە ھەم ئومۇمىي تەلەپ قويۇلدى، ھەم
پەرقلىق مۇئامىلە قىلىندى. مەسىلەن: 1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېھقانچىلىق نازا-
رىتىنىڭ «1956 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە پون-
كىت قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»دا ھەر قايسى پون-
كىتلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ۋەزىپە - كۆرسەتكۈچى مۇنداق بولدى: گەنەنچۈي پونكىتىدىكى
ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ (15 ئات كۈچى بىر ئۆلچەملىك تراكتور، تۆۋەندىمۇ
شۇنداق) ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى 5685 ئۆلچەملىك مو، مۇلازىمەت كۆلىمى 46 مىڭ مو؛
سۈيدۈڭ (كونا پونكىت) دىكى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى
4500 ئۆلچەملىك مو، مۇلازىمەت كۆلىمى 18 مىڭ مو؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان تارباغاتاي ماشىنى-
دا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىدىكى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى
4460 ئۆلچەملىك مو، مۇلازىمەت كۆلىمى 18 مىڭ 600 مو؛ گۇچۇڭ، غۇلجا پونكىتلىرىدىكى
ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى 4600 ئۆلچەملىك مو، مۇلازىمەت
كۆلىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 12 مىڭ 658 مو ۋە 11 مىڭ 18 مو؛ تۇرپان ۋە قەشقەر پونكىت-
لىرىدىكى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى 3000 ئۆلچەملىك مو،
مۇلازىمەت كۆلىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 7311 مو ۋە 12 مىڭ 628 مو بولدى. 1959 - يىلى
بىكىتۈەنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ماشىنا - سايمان مەشغۇلات كۆرسەتكۈچى مۇنداق
بولدى: ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ ئىش مىقدارى 12 مىڭ ئۆلچەم-
لىك مو، ھەر بىر ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ماي (دىزېل) 0.6 كىلوگرام، ھەر
بىر ئۆلچەملىك مونىڭ بىۋاسىتە تەننەرخى 0.8 يۈەن، چوڭ رېمونت قىلىشنىڭ ئوتتۇرىچە ۋا-
قىت ئارىلىقى 6000 سائەت بولدى. چوڭ رېمونت خىراجىتى «54—ТД» ئۆلچەم قىلىنىپ،
3700 يۈەن بولدى. ئاساسلىق مەشغۇلاتلارنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى 75% كە يەتكۈزۈل-
دى. يېڭىدىن 264 رېمونتخانا قۇرۇلدى، يېڭىدىن 126 ماي ئامبىرى سېلىندى. 10 مىڭ 400
تېخنىكا خادىمى تەربىيەلەندى؛ 500 يۈرۈش ستانوك ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزلىرى ياساپ چىقتى.
ئۆزلىرى ياساپ چىققان تراكتور ھەمدە دېھقانچىلىق زاپچاسلىرى 70% كە يەتتى، چوڭ رې-
مونتتا ماشىنا - تراكتورلارنىڭ تۇرۇپ قېلىش ۋاقتى 7 كۈن بولدى، 1000 تۈرلۈك تېخنىكا يې-
ڭىلاندى. 500 مىڭ خەتلىك تېخنىكا ماتېرىيالى يېزىپ چىقىلدى.

1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە، 1965 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە، دېھقانچىلىق نازا-
رىتى تراكتور پونكىتلىرى رېمونت زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش سانى، ئورنى ھەمدە ئاساسىي
قۇرۇلۇش خىراجەتلىرى، ئۈسكۈنە خىللىرىنىڭ سانلىرىنى چۈشۈرۈپ بەردى. 1967 - يىل 7 -
ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى تراكتور پونكىتلىرى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بەر-
گەن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپە - كۆرسەتكۈچى، مەشغۇلات مىقدارى، ماي سەرپىياتى ۋە تەننەر-
خى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. كۆرسەتكۈچتە: «ماينىڭ سەرپىيات كۆرسەتكۈچى بۆل-
تۈر چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ» غانلىقى، تەننەرخ كۆرسەتكۈچى ئاقسۇ،
قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن باشقا ۋىلايەتلەر ھەر بىر

ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن 1 يۈەن ئىچىدە ئەمەلىي تەننەرخى بويىچە ھەق ئېلىنىدىغانلىقى، قەشقەر قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ زىيانغا تولۇقلاپ بېرىش مەسىلىسىگە چېتىلغاچقا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار تەستىقلاش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن نازارىتىمىز بىلەن بىردەك كېڭەششى لازىملىقى، ئومۇمىي تەلەپ - 1967 - يىلنىڭ تەننەرخى 1966 - يىلدىكىدىن تۆۋەنلىتىلىشى لازىم»لىقى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلدى. 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى تۈرلۈك پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى چۈشۈرۈپ تۇردى. مەزمۇنى ماشىنا - سايمانلارنى تەقسىم قىلىش، مالىيە جەھەتتىن مەبلەغ سېلىش كۆرسەتكۈچلىرىدىن باشقا، مەشغۇلات جەھەتتىكى تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلەردىن ئاساسلىقى مۇنۇلار بولدى: ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى (ئۆلچەملىك مو)، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش، ماشىنىدا تېرىش؛ ماشىنىدا يىغىۋېلىش كۆلىمى (تەبىئىي مو)، ماشىنىدا ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش (كىلوگرام)، ماشىنىدا يوپۇق يېپىش كۆلىمى، ماشىنىدا يۇڭى قىرقىلغان قوي سانى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش سانى (ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، دائىملىق كۇرسلاردا تەربىيىلەش)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشنىڭ 3 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى (1000 تراكتوردىكى ھادىسە قېتىم سانى، ئۆلگەنلەر سانى، ئىقتىسادىي زىيان) قاتارلىقلار.

## 2) پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى

يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن پىلان ئاساسلىقى، تۆۋەن - مەيدانلاردا، ھەر دەرىجىلىك تراكتور پونكىتلىرىدا يولغا قويۇلدى. يولغا قويۇش جەريانىدا ئالدى بىلەن پىلان تېرىقچىلىق ئەترەتلىرىدە، ماشىنا گۇرۇپپىلىرىدا ئايرىم - ئايرىم ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەترەت، گۇرۇپپىلاردا يىللىق، پەسىللىك ۋەباسقۇچلۇق يولغا قويۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ئىجرا قىلىندى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا تۆۋەن - مەيدانلاردا، تراكتور پونكىتلىرىدا ۋە ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم، زىرائەت پەرۋىشى، كۈزنىڭ ئۈچ ئىشى (كۈزلۈك يىغىم، كۈزلۈك يەر ئاغدۇرۇش، كۈزلۈك تېرىش) ھەمدە قىشلىق رېمونت قىلىش، قىشلىق تەربىيىلەپ چىقىش پىلانلىرى ئايرىم - ئايرىم تۈزۈپ چىقىلدى. ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە يەنە 5 كۈنلۈك، 10 كۈنلۈك مەشغۇلات پىلانى تۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرىنىڭ پىلان بويىچە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ماشىنا گۇرۇپپىسى ئۆزىنىڭ ماشىنا ئەھۋالىغا قاراپ، يۇقىرىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە ئۆز ماشىنىلىرىنىڭ تۈرلۈك پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى، مەسىلەن: ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق تاماملايدىغان ئۆلچەملىك مو سانىنى بېكىتىپ چىقتى. ئادەتتە ئۇنىڭ نورمىسى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچتىن يۇقىرىراق؛ ئۆلچەملىك مونىڭ تەننەرخى، ماي سەرپىياتى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچتىن تۆۋەنرەك قىلىپ بېكىتىلدى؛ يەنە چوڭ رېمونت ۋاقىت ئارىلىقى، ئىشقا چىقىش نىسبىتى، ئىش ۋاقتىدىن پايدىلى-

نىش نىسبىتى، ماشىنىلارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى، ئاسراش خىراجىتىنى ئىقتىساد قىلىش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى بېكىتىپ چىقتى ھەمدە تۈرلۈك ئىلغار كۆرسەتكۈچلەرنى نىشان قىلىپ، ئۆزئارا دوستانە مۇسابىقىنى قانات يايدۇردى، يىل ئاخىرىدا پىلان كۆرسەتكۈچنى ئاساس قىلىپ خۇلاسىلاش ۋە ئەلالىرىنى باھالاپ چىقىپ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى.

پىلانى يولغا قويۇش داۋامىدا ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، يولغا قويۇشنىڭ ئىلغار چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماشىنىلارنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتتى، مەسىلەن: بىڭتۈەننىڭ 8 - شىسى 1956 - يىلى ماشىنا مەشغۇلاتلىرىدا 10 كۈنلۈك مەشغۇلاتنى پىلانلىق باشقۇرۇش، ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ماشىنا - سايمانلارنى يۆتكەپ بېرىشتە ماشىنا توپلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، رايونلارغا ئايرىپ مەشغۇلات ئىشلەش، نىسپىي تۇراقلىق بولۇش، رايونلار بويىچە ھۆددىگە بېرىش، ماشىنىلارنىڭ قۇرۇق ئايلىنىشى كۆپ بولۇش ۋە پارتىزانلىق شەكىللىرىنى يېڭىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى يولغا قويدى. 1957 - يىلى يەنە مەخسۇس ماشىنىلار بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى ماشىنىنى بېرىش رەسمىيتى بېجىرىلىپ ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلدى. دېھقانچىلىق 8 - شىسىنىڭ 23 - تۇەنى (ھازىرقى 143 - تۇەن) يىللىق خىزمەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ھەر قايسى تراكتور گۇرۇپپىلىرى يىللىق خىزمەت پىلانلىرىنى، ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەردىن يىللىق خىزمەت مىقدارى، ئىشقا چىقىش ئىسمېنا قېتىمى، ساپ مەشغۇلات ۋاقتى، ھەر مو ئۈچۈن كېتىدىغان ماي سەرپىياتى، ئومۇمىي ماي سەرپىيات مىقدارى، دائىملىق رېمونت خىراجىتىنىڭ چەكلىك كۆرسەتكۈچلىرىنى ياخشى بېكىتىپ چىقتى. ھەر بىر باسقۇچلۇق (ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، زىرائەت پەرۋىشى، يازلىق يىغىم، كۈزلۈك تېرىلغۇ ۋە كۈزلۈك يەر ئاغدۇرۇش) باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھەر قايسى ماشىنا گۇرۇپپىلىرى باسقۇچلۇق مەشغۇلات پىلانىنى ئوبدان بېكىتىپ چىقتى، بۇ پىلان مەشغۇلات تۈرلىرى، مەشغۇلات مىقدارى، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش مۇددىتى، سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئىسمېنا قېتىمىنىڭ مەشغۇلات نورمىسى ۋە ماي سەرپىيات نورمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ 10 كۈنلۈك مەشغۇلات پىلانى بولۇش، بۇ پىلاننىڭ مەشغۇلات تۈرلىرى، مەشغۇلات ئوچاستكىلىرى ئىش مىقدارى، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش مۇددىتى، سۈپەت تەلەپ ئۆلچىمى، ئىش نورمىسى ۋە ماي سەرپىياتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىملىقى تەلەپ قىلىندى. تاق ماشىنىلار بويىچە ھېسابات ئېلىپ بېرىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ماشىنا گۇرۇپپىسى ھەر كۈنلىكى تراكتورنىڭ مەشغۇلات ھېسابات تالونىنى يېزىپ ماڭدى، ھەر 10 كۈندە خاتىرە دەپتەرگە ئاساسلىنىپ، ماشىنا گۇرۇپپىلىرىدا ھېسابات يولغا قويۇلدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بىڭتۈەن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا پىلانلىق باشقۇرۇش جەريانىدا بېكىتىپ بېرىش، ھۆددىگە بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش مەركەز قىلىنغان تاق ماشىنىلار بويىچە ھېسابات ئېلىپ

بېرىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇدى. 1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىگتۈەن «بىگتۈەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى مۇكاپاتلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھىسى)»نى تارقىتىپ، تراكتور گۇرۇپپىلىرىدا «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، تۆتنى مۇقىملاش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىنى بەلگىلىدى. 1962 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «ماشىنا مەشغۇلاتىدا ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، ئۈچنى بېكىتىش، مۇكاپاتلاشنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى»نى تارقاتتى. 1963 - يىلى ماناس، قۇتۇبى ۋە سانجىدىن ئىبارەت 3 ناھىيىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش، تۆتنى بېكىتىش، ئىككىنى مۇكاپاتلاش ۋە قەرەللىك باھالاپ سېلىشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىدا «تۆتنى ھۆددىگە بېرىش، ئۈچنى بېكىتىش ۋە بىرنى مۇكاپاتلاشنى مەركەز قىلغان يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى». «تۆتنى ھۆددىگە بېرىش» دېگەنلىك - ئىش مىقدارىنى، ماي سەرپىياتىنى، تەننەرخىنى ۋە سۈپىتىنى ھۆددىگە بېرىش؛ «ئۈچنى بېكىتىش» دېگەنلىك - ماشىنىنى، خادىمنى ۋە مەشغۇلات رايونلىرىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. يەككە ماشىنا بويىچە بېكىتىش، ھۆددىگە بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش ھېسابات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ماشىنا خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، ماشىنا - سايمانلىرىنى ئاسرايدىغان، ماي ئىقتىساد قىلىدىغان، تەننەرخىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھەممە ئىشتا ھېساب - كىتاب قىلىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلدى. 80 - يىللاردىن كېيىن بېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا قارىتا كۆپ خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## § 3 . مالىيە باشقۇرۇش

### 1 . تۈزۈملەر

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا، ئاپتونوم رايون خەلق گۇڭشېلىرى (يېزا - بازار) سىستېمىسى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى سىستېمىسىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قاتار تۈزۈم، بەلگىلىمە ۋە چارىلارنى ئېلان قىلدى.

#### 1) خەلق گۇڭشېلىرى (يېزا - بازار) سىستېمىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مالىيىسىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1953 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى 3 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرىدا: «ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مەشغۇلات ماشىنا - سايمانلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى سېلىش ئارقىلىق مەبلەغ كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان رېمونتچىلىق، قۇراشتۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىش مەشغۇلاتلىرى (3 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك پونك-

نى - ئۆرۈمچى، ئىلى ۋە تارباغاتايدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى
كۆرسىتىدۇ) ۋە كېڭەيتىش - تەمىنلەش قاناتلىقلاردا ئىقتىسادىي ھېسابات يولغا قويۇلۇپ،
تەننەرخ ھېسابلىنىدۇ، بارلىق كەسپىي كىرىم بىردەك يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلىدى.
1954 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى «يېزا ئىگىلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش-
نىڭ بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن ھۆججىتىدە: «تراكتور پونكىتلىرى كەس-
پىي يېڭى كەسىپ بولغاچقا ... كارخانىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ؛ مالىيە
بوغالتىرلىقى ئورۇنلارنىڭ خام چوت باغالتىرلىقى تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئىچ-
كى قىسمىدا جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، ھەر خىل سەرپىيات نورمىسى، تەننەرخ پىلانى
ۋە مالىيە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، قوشۇمچە ياردەمنى ئاز ئېلىش ياكى ئالماسلىقنى تىرىشىپ
قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. 1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېھقانچى-
لىق نازارىتى «1956 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرى خىزمىتى ۋە
پونكىت قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىدا: «تراكتور
پونكىتلىرى مالىيە تۈزۈمىنى تۈرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنى
قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم» دەپ بەلگىلەندى؛ مالىيە كىرىم - چىقىمى جەھەتتە، ئەنەن-
ئىۋى پونكىتنىڭ كىرىم - چىقىمدا تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان
پايدىسى پۈتۈن يىللىق كۆچمە مەبلەغنىڭ 6% نى ئىگىلىشى؛ تۇرپان پونكىتى كىرىم - چىقىم
جەھەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسى پۈتۈن يىللىق
كۆچمە مەبلەغنىڭ 5% نى ئىگىلىشى؛ سۈيدۈڭ، گۇچۇڭ ۋە غۇلجا قاتارلىق پونكىتلار كىرىم -
چىقىم جەھەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، قەشقەر پونكىتى كىرىم - چىقىمدا تەڭپۇڭلۇق-
نى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم» دەپ كونكرېت تەلەپ قىلىندى.

1958 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتلىرىنى
قۇرۇپ چىقىشنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى (لايىھىسى)» دە: «تراكتور
پونكىتلىرى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىدۇ، دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ
بەرلىرىدە دېھقانلارنىڭ ئورتاق ئىشلەپچىقىرىشىنى يولغا قويۇشقا ياردەملىشىدۇ، مەھسۇلات-
لىرى دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولىدۇ، مەشغۇلات ھەققى دۆلەت ئىگىلىكىدە بولى-
دۇ. ئۆزى كىرىم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ مالىيە بوغالتىرلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى: پۈتۈن مەبلەغ-
نى دۆلەت خام چوتتىن ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئاپتونوم رايون كۆرسەتكۈچنى ئىگىلەپ، مەشغۇلات
ھەققىنى دېھقانچىلىق نازارىتىگە تاپشۇرىدۇ، ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي ھېسابات يولغا قو-
يۇلىدۇ (تراكتور ئەترەتلىرى، رېمونت زاۋۇتلىرى، ئەترەتلەر ۋە ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەت-
رەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى بىلەن پىلان چىقىمى تەڭ-
لەشتۈرۈلىدۇ، ئىقتىساد قىلىش ھەم ئىسراپچىلىق ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ، چىقىم بىلەن كىرىمنى
نىسبەتلەشتۈرۈپ، پايدا - زىياننى ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ماشىنا - سايمان، ئۆي زېمىنغا
ئامورتىزاتسىيە ھېسابلانمايدۇ. ئۆلچەپ لايىھىلەش، پونكىت قۇرۇلۇش تەييارلىقى، ئۆلگى-
لەرنى تەشۋىق قىلىش، كادىر يېتىشتۈرۈش ھەمدە دېھقان تېخنىك - ئۇستىلارنى مەشىق قىل-

دۇرۇش قاتارلىقلارغا سەرىپ قىلىنغان چىقىم قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئاتچوت قىلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ، تەننەرخى ھېسابلانمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

1963 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «مالىيە نازارىتى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» ىدا: «تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشتا، 1963 - يىلدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، دۆلەت بىلەن گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانى بىلەن يىل ئاخىرىدىكى نەقچوت، پەسىللىك راسچوتى، دۆلەت سالغان مەبلەغنى ھەر قايسى جايلار ئۆزلىرى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مالۇمات جەدۋەللىرىنى يوللاپ بېرىشنى بەلگىلىشى لازىم، جايلاردىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مالىيە ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن تراكتور پونكىتلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مالىيە پىلانى، پەسىللىك بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋەللىرى، يىللىق راسچوت، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەلۇمات جەدۋەللىرىنى شۇ جايدىكى مالىيە تارماقلىرى ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلارغا ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن بىللە مالىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتىگە بىر نۇسخىدىن يوللاپ بېرىلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەندى.

1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى باشقۇردى.

1975 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)» دە: گۇڭشې رېمونت زاۋۇتلىرى بىلەن گۇڭشې، ئەترەت باشقۇرۇشىدىكى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى بىردەك كوللېكتىپ كارخانا خاراكتېرىدا بولۇپ، مۇستەقىل ھېسابات يولغا قويۇلىدۇ. ئىش ھەققى، ماي ماتېرىياللىرى، چوڭ رېمونت، دائىملىق رېمونت، ئاساس ئامورتىزاتسىيە ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 6 تۈر بويىچە تەننەرخنى ھېسابلاش يولغا قويۇلىدۇ. ئەترەت ۋە ماشىنا گۇرۇپپىلىرى بويىچە ھېسابلاش يولغا قويۇلىدۇ. ماشىنا گۇرۇپپىلاردا ھېسابچى تۇرغۇزۇلىدۇ، پەقەت مەشغۇلات مىقدارى ھەمدە ماي ماتېرىيال خىراجىتى بىلەن دائىملىق رېمونت خىراجىتى ھېسابلىنىدۇ. قالايمىقان خىراجەت قىلىش، كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش، تەننەرخنى قالايمىقان ھېسابلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

1985 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يېزا (بازار) لىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ئورگىنال)» دا مۇنداق بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى: باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ مۇلازىمەت فاڭجېنى «دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا - زىياننى ئۆزى ئىگە بولۇش»تىن ئىبارەت. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە

تۈزۈمى ۋە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئىقتىسادىي ھېسابات، مالىيىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، نەق پۇل باشقۇرۇش، ماددىي نەرسىلەرنى باشقۇرۇش، مۇقىم مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ۋە مالىيە ئاتچوتى قاتارلىق مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى لازىم.

2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مالىيە ئىشلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1953 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 - قېتىملىق ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، «ھازىرقى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ: «تەمىنات تۈزۈمىنى تەدرىجىي كارخانىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويۇش» نى تەلەپ قىلدى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش نىزامى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم» دەپ بەلگىلىدى.

1959 - يىلى بىڭتۇەن تۈزۈپ تارقاتقان «قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مايدانلىرىدا تەننەرخ ھېساباتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قائىدىسى (لايىھىسى)» دە مۇنداق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: «تەننەرخنى ھېسابلاشتا 3 دەرىجىلىك ھېسابات قىلىدىغان تەشكىلىي شەكىل قوللىنىلىشى لازىم. 1 - دەرىجىلىك ھېسابات مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويىدىغان دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدان (تۇەن) لىرى، 2 - دەرىجىلىك ھېسابات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، تراكتور ئەترەتلىرى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، 3 - دەرىجىلىك ھېسابات ئىشلەپچىقىرىش بەن ۋە گۇرۇپپا، ماشىنا گۇرۇپپىلىرى بولىدۇ. 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ھېساباتتا، ئومۇمەن دەسلەپكى خاتىرە، جەدۋەل - تالون ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى رەتلەش ئارقىلىق كەسپىي پائالىيەت دائىرىسىدىكى ھېسابات ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۈتۈن مەيداننىڭ ھېساباتىدا ئاساسىي قاتلام ھېساباتى ئاساسىدا، زۆرۈر بولغان ھېسابات جەدۋەللىرى ئارقىلىق مەيداننىڭ خىراجىتى، تەننەرخى ھېسابلىنىدۇ ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدۇ».

1963 - يىل 4 - ئايدا دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارىسى»دە مۇنداق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خام چوت كىرىم - چىقىمى (دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن دۆلەت مالىيىسى ئارىسىدىكى كىرىم - چىقىمنى كۆرسىتىدۇ)، 1963 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كىرىم - چىقىمدا 2 لىنىيىلىك بولۇش يولغا قويۇلىدۇ، كىرىم يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. چىقىمنى دۆلەت ئاجرىتىپ بېرىدۇ»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مالىيىنى باشقۇرۇشتا، بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ ھېسابلاش پرىنسىپى» يولغا قويۇلىدۇ، «دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك

ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىدىغان مۇستەقىل كارخانا ئورنى بولۇپ، پۈتۈن مەيداننىڭ بوغالتىرلىق ھېساباتى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. پايدا - زىياننى بىر تۇتاش ھېسابلايدۇ. دۆلەتكە پۇل تاپشۇرۇش ۋە پۇل ئېلىش بىر تۇتاش بولىدۇ، مال سېتىۋېلىش، سېتىش قاتارلىق سىرتقا قارىتا راسچوت كەسپى ۋە بانكا ئامانىتى بىلەن قەرز كەسپلىرى بىر تۇتاش بېجىرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ھەر قايسى ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادىي ھېسابات بىرلىكى بولىدۇ، سىرتقا قارىتا مالىيە ئالاقىسى قىلمايدۇ. بانكىدا ھېسابات ئاچمايدۇ» دەپ ئايدىڭلاشتۇردى.

1979 - يىل 1 - ئايدا دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە»نى يولغا قويۇشقا باشلىدى. چارىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: «دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات ئورنى بولۇپ، پۈتۈن مەيداندىكى مالىيىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، پۈتۈن مەيداننىڭ مالىيە بوغالتىرلىق خىزمىتىگە تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مالىيە كىرىم - چىقىمنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدۇ، تۈرلۈك مەبلەغنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، پۈتۈن مەيداننىڭ مەھسۇلات تەننەرخىنى ۋە پايدا - زىيىنىنى ھېسابلايدۇ؛ دۆلەتكە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا پۇل تاپشۇرىدۇ ۋە ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇلنى قوبۇل قىلىدۇ. سىرتقا قارىتا مال سېتىۋېلىش ۋە سېتىشتىن ئىبارەت راسچوت كەسپىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ؛ بانكىدا پۇل ئامانەت قويۇش، ۋە پۇل قەرز ئېلىشنى بېجىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋەدېھقانچىلىق مەيدانى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ياردەمچى تارماقلار ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىگە پايدىلىق بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، مەيدان ئىچىدە مۇقىم باھا (ياكى پىلاندىكى تەننەرخ) بويىچە راسچوت قىلىش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ».

1982 - يىلدىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىسلاھات يولغا قويۇلدى. بەزى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئائىلە باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئەسلىدىكى كەسپىي تارماقلاردا كارخانا ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر قۇرۇلۇپ، كۆپ تارماقنىڭ مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ئورنى بارلىققا كەلدى. بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈملىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى قىلىپ قۇرۇلۇپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولدى.

## 2 . سېلىنما

مىنگو مەزگىللىرىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش ۋە مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى سېتىۋالاتتى، مىنگونىڭ

28-يىلى (1939-يىلى) ھۆكۈمەت 160 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، 570 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 1 قېتىمدىلا 8742 يۈرۈش ماشىنا-سايمان سېتىۋالدى. مىنگونىڭ 29-يىلىدىن 31-يىلىغىچە (1940-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە) بانكىدىن يېزا ئىگىلىكىگە 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇ سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 4.24% ىنى ئىگىلىگەن. جۈملىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، دېھقانچىلىققا سېلىنغان مەبلەغنىڭ 13.64% ىنى ئىگىلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن مەبلەغ سالدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا 1950-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، پەن-تەتقىقاتنى كېڭەيتىش ۋە تېخنىك يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 14 مىليون يۈەنگە يەتتى. (كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنىكلەرنىڭ سالغان مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش بىكىتۈەنىگە سېلىنغان مەبلەغ 550 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 474 مىليون يۈەن ماشىنا-سايمان سېتىۋېلىشقا، 71 مىليون يۈەن رېمونت ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە زاۋۇت قۇرۇلۇشى خىراجىتى ئۈچۈن، 5 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى؛ يەرلىك سىستېما ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 464 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 201 مىليون 400 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 43.3% ىنى ئىگىلىدى. 85 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 18.3% ىنى ئىگىلىدى؛ 14 مىليون 671 مىڭ 100 يۈەن تراكتور پونكىتلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغى قىلىنىپ، ئومۇمىي تارقىتىلغان مەبلەغنىڭ 3.17% ىنى ئىگىلىدى. باشقا پۇللار ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتلىرى باشقۇرغان «بەش كىچىك» سانائەتنىڭ تولۇقلىما خىراجىتى، نورمىلىق كۆرسەتكۈچ پىلانىدا تارتقان زىيانغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش، چوڭ رېمونتقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن سىرتقى قوشۇمچە ياردەم، تراكتور پونكىتلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ۋە مەخسۇس تۈرلەر بويىچە پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

1950-يىلىدىن 1954-يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەر يىلى ماشىنا-سايمانلارنى سېتىۋېلىش ۋە كۆچمە مەبلەغ قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن بەلگىلىك مەبلەغ سالدى. 5 يىلدا ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليارد 980 مىليون يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) گە يەتتى، ئۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 22 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈك سوممىسى 18 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 79.7% ىنى ئىگىلىدى. كۆچمە مەبلەغ 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى.

1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى ئۈچۈن سالغان مەبلىغى 527 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 455 مىليون 600 مىڭ يۈەن ماشىنا - سايمان سېتىۋېلىش خىراجىتى ئۈچۈن، 71 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئۇسكۈنە رېمونت قىلىش ۋە تور - نۇقتىلار قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، 320 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلەغنىڭ تولۇقلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى: 1975 - يىلدىن ئىلگىرى بىڭتۇەندىن بىر تۇتاش چىقىرىشقا تايىنىلغان (كارخانىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى ۋە يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش مەبلىغى) ئىدى، 1979 - يىلى تامامەن دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيلىرى ئۆزلىرى توپلىدى (بانكىنىڭ قەرز پۇلى، كارخانىنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ئېشىندىسى ۋە يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش مەبلىغى).

2) يەرلىك سىستېما (يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

1953 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دۆلەت سالغان جەمئىي مەبلەغ 446 مىليون يۈەن بولدى. سېلىنغان تۈرلۈك مەبلەغ ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى. 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان جەمئىي مەبلەغ 85 مىليون 87 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: 46 مىليون 33 مىڭ 300 يۈەن تراكتور پونكىتلىرى ئۈچۈن، 26 مىليون 933 مىڭ 800 يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش تورلىرى ئۈچۈن، 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن، 3 مىليون 110 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى ئۈچۈن، 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركەتلىرى ئۈچۈن، 1 مىليون 810 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتلىرى ئۈچۈن، 700 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە باشقۇرۇش مەزگىلىدە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان جەمئىي مەبلەغ 1 مىليون 587 مىڭ 300 يۈەن بولدى. 1959 - ، 1961 - يىللىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 452 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 49 مىليون 677 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 44 مىليون 446 مىڭ يۈەن تراكتور پونكىتلىرى ئۈچۈن، 5 مىليون 231 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تورلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1971 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاساسەن خەلق گۇڭشې كوللېكتىپى ۋە شەخسلەر باشقۇرۇپ كەلدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇ-

لۇشقا سالغان مەبلىغى ئاساسەن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرى ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ ، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليون 370 مىڭ يۈەن ، يىللىق ئوتتۇرىچە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 158 مىڭ يۈەن بولدى .

2 . كۆچمە مەبلەغ . 50 - ۋە 60 - يىللاردا دۆلەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ۋە تراكتور پونكىتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئوبۇروت مەبلىغىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ، جەمئىي 14 مىليون 761 مىڭ 700 يۈەن كۆچمە مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى . بۇنىڭ ئىچىدە 1953 - يىلى ئۈرۈمچى ، تارباغاتاي ۋە ئىلىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ئۈچۈن 71 مىڭ 300 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى ؛ 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ۋە 1962 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ۋە 1967 - يىلى تراكتور پونكىتلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغ جەمئىي 14 مىليون 690 مىڭ 400 يۈەن بولدى (1958 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە ۋە 1966 - يىلى پۇل ئاجرىتىلمىدى) . 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى يىغىۋېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى قايتىدىن قۇرغاندىن كېيىن ، دۆلەت دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتور ئۈچۈن ، 3000 يۈەن ئۆلچىمىدە كۆچمە مەبلەغ بېكىتىپ بەردى . 1967 - يىلغىچە دېھقانچىلىق گۆڭشې ، ئەترەتلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاكالىتەن تېرىپ بېرىش ھەققىنى بەرمەي ئارقىغا سۈرۈۋەتكەنلىكتىن ، تراكتور پونكىتلىرىدىكى مەبلەغنىڭ ئايلىنىشى ئىنتايىن قىيىنغا توختىدى ، شۇ يىلى 11 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى ، مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كۆچمە مەبلەغنى كۆپەيتىپ بەردى .

3 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى . 1959 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن جەمئىي 201 مىليون 460 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى . بەلكى سېلىنغان مەبلەغ يىلمۇ يىل كۆپەيتىلدى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجىتى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرى ، تراكتور پونكىتلىرى ، يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيلەش كۇرسلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان خىراجەتلەرنى ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە : 1959 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە 249 مىڭ 900 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى ، بۇنىڭدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 157 مىڭ يۈەن . ئەنەنچۇي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 92 مىڭ 900 يۈەن . 1962 - يىلى ئاجرىتىپ بېرىلمە

دى. 1963 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 26 مىليون 182 مىڭ يۈەن. 1971 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 175 مىليون 28 مىڭ 800 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 57.2% نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىلىرىنىڭ خىراجىتى 14.2% نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتى 5.9% نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ خىراجىتى 2.6% نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىراجىتى 3.8% نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتلىرىنىڭ خىراجىتى 0.6% نى، باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجەتلىرى 15.7% نى ئىگىلىدى.

4. تۆرلۈك خىراجەت. «تۆت تۆرلۈك خىراجەت» دېگىنىمىز ـ دۆلەت 60 ـ يىللاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس پۇلنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر پۇلنى ئىشلىتىش دائىرىسى تېخنىكىنى تەشكىللەش تەدبىرلىرى خىراجىتى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناپ ياساپ چىقىش خىراجىتى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى مۇھاپىزىتى، پارچە مۇقىم مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىش خىراجىتى بولۇپ، تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1963 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە جەمئىي 1 مىليون 230 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

5. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرى باشقۇرغان «بەش كىچىك» سانائەت ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىلگەن خىراجەت. 1975 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن جەمئىي 11 مىليون 775 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بېرىلدى، بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ئۈسكۈنىلەرنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ۋە كونىسىنى رېمونت قىلىش ھۈنەر سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەرەپلىرىگە ئىشلىتىلىپ، كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى بىلەن تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. مەسىلەن: 1980 ـ يىلى 13 زاۋۇت پارۋاي ئورناتتى، 10 زاۋۇت ئاساسلىق رېمونت قىلىش سېخلىرىغا ئاسما كران ئورناتتى، جىددىي ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەردىن 17 يۇرۇش سېتىۋالدى؛ 13 زاۋۇت تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىشتا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان يۈنۈپ سىنقلاش ئۈسكۈنىسىنى سېتىۋالدى. ئۆزلىرى 20 يۇرۇشنى رېمونت قىلىپ قۇراشتۇردى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ ھەجىمىنى 3100 كۋادرات مېتىر چوڭايتتى.

6. نورمىلىق پىلان زىيىنىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، 1962 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قايتا قۇرۇپ چىقىلغاندىن ئېتىبارەن تاكى 1970 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىغا نورمىلىق پىلان زىيىنىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى يىلمۇ يىل يولغا قويدى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىغا ھەر بىر ئۆلچەملىك موغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.5 يۈەندىن نورمىلىق زىيان قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايون ھەر يىلى تراكتورنىڭ ئەمەلىي ئورۇندىغان مەشغۇلات مىقدارى، (ئۆلچەملىك

مو) ۋە ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ نورمىلىق ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ھەر قايسى پونكىتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇل سوممىسىنى بېكىتىپ چىقتى. دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىكى زىيانغا بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى 1962 - يىلى 84 مىڭ يۈەن، 1964 - يىلى 1 مىليون 28 مىڭ يۈەن، 1967 - يىلى 560 مىڭ يۈەن، 3 يىلدا جەمئىي 1 مىليون 672مىڭ يۈەن بولدى، (قالغان يىللاردىكى ماتېرىيال تولۇق ئەمەس).

7. چوڭ رېمونتقا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى. ئاپتونوم رايون 1962 - يىل 10 - ئايدا خەلق كوممۇنىلىرىدىكى تراكتورلار ۋە ماشىنىغا چېتىلىدىغان چاتما سايمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ناچارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىشقا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىشنىقارار قىلدى. 1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە جەمئىي 282 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. 1963 - يىل 5 - ئايدا مالىيە نازارىتى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتى چۈشۈرگەن بىرلەشمە ھۆججەتتە: «تراكتور پونكىتلىرىنىڭ چوڭ رېمونتقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى كۆپىيىپ، ئەترەتلەردىن قايتۇرۇۋېلىنغان ماشىنىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشمەستىن بۇرۇنقى چوڭ رېمونت چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، باشقا ئورۇنغا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 1979 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور، ئىچىدىن يانار دۋىگاتېلنى چوڭ رېمونت قىلىشتا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش دائىرىسىگە قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يېزائىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور، ئىچىدىن يانار دۋىگاتېلنى چوڭ رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇل 8 مىليون 73 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1979 - يىلى 1 مىليون 549 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 2 مىليون 102 مىڭ يۈەن، 1981 - يىلى 1 مىليون 971 مىڭ 300 يۈەن، 1982 - يىلى 2 مىليون 69 مىڭ 200 يۈەن ۋە 1983 - يىلى 382 مىڭ يۈەن بولدى.

8. خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەخسۇس مەبلەغ. 1975 - يىلى ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىدارىسى، ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ سېلىنما مەبلىغىنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يېزا خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. 1975 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 106 مىليون 229 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

9. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ياردەم (3 - قىسىم II باب 5 - پاراگرافقا قاراڭ). ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ئاتچوتىغا ئاساسلانغاندا، 1975 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

مەھسۇلاتلىرى باھاسىدىن سىرتقى قوشۇپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى 23 مىليون 454 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، بىر قانچە يىلدا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇل سوممىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 683 مىڭ 100 يۈەن، 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن، 7 مىليون 32 مىڭ 500 يۈەن، 7 مىليون 722 مىڭ 600 يۈەن، 10 مىليون 847 مىڭ 600 يۈەن ۋە 1 مىليون 968 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

## 3. ھەقنىڭ ئېلىنىشى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ يېرىنى ۋاكالىتەن تېرىپ بەرسە مەشغۇلات ھەققى ئېلىنىدۇ، ئۆلچەملىك مو بويىچە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىنغان ھەق دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى پەقەت ئۆلچەملىك مونىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاپ مەشغۇلات ھەققى ئالمايدۇ. ئۆلچەملىك مودىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايون بەلگىلەپ چۈشۈرىدۇ.

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ 1962-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە (لايىھە)»دە مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىلدى: «شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھەر بىر ئۆلچەملىك مودىن 1.60 يۈەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەر بىر ئۆلچەملىك مودىن 1.30 يۈەن ئېلىنىدۇ» دەپ بېكىتىلدى. 1965-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنى مالىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مەشغۇلات ھەققىنى ئېلىش ئۆلچىمىنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»ىدا مۇنداق بەلگىلەندى: «1965-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىلى ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋە پىچان ناھىيىلىرىدە ھەربىر ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن 1.10 يۈەن ئېلىنىدۇ؛ قۇمۇل ۋىلايىتى، توقسۇن ناھىيىسىۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدا 1 يۈەن؛ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىرىدا 0.90 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ».

1983-يىلى ئائىلىلەر باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. دىزېلنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، بەزى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئارقىمۇ ئارقا ئۆستۈرۈۋەتتى. 1983-يىل 2-ئايدا ساۋەن ناھىيىسى ھەر بىر ئۆلچەملىك مودىن ئېلىنىدىغان ھەققى 1 يۈەندىن 1.10 يۈەنگە تەڭشەشنى قارار قىلدى. 1984-يىل 3-ئايدا چىرا ناھىيىسى ھەر بىر ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق ئۆلچىمىنى 1.20 يۈەندىن 1.40 يۈەنگە تەڭشىدى. 5-ئايدا سانجى شەھىرى ماشىنىدا تېرىقچىلىق مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان يەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1.35 يۈەن، 1.55 يۈەن ۋە 1.80 يۈەنگەتەڭشەشنى بەلگىلىدى. 1985-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، مال باھا ئىدارىسى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىنىڭ يېتەكچى خاراكتېردىكى ھەق

ئىلىش ئۆلچىمى »نى تارقىتىپ : ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر بىر ئۆلچەملىك مودىن ئىلىنىدىغان ئوتتۇرىچە ھەق ئۆلچىمى 1.63 يۈەن بولىدۇ ، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە جايلارنىڭ ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ، ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، مال باھا تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەق ئىلىش ئۆلچىمىنى چۈشۈرۈشنى شۇنداقلا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ۋە مال باھا ئىدارىسىگە ئەنگە ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

ماشىنا بىلەن ۋاكالىتەن تېرىپ بېرىش ھەققىنى ئۆزۈنچە يىغىۋالالماسلىق ـ ھەق ئىلىشتا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى . 1957 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 8 تراكتور پونكىتىنىڭ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك يەر تېرىپ بېرىش ھەققى 431 مىڭ يۈەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئاران 350 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىنغان . 1965 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى « مالىيە نازارىتى ، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ماشىنا بىلەن يەر تېرىپ بېرىش ھەققىنى كەينىگە سۈرۈش توغرىسىدىكى ئىنكاس ۋە ھەق ئىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر »ىدىكى خاتىرىدە : « ئاپتونوم رايون بويىچە 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل قەرز پۇل 352 مىڭ يۈەن بولغان بولسا ، 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، 1964 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 7 مىليون 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى . بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا قەرز پۇل 11 مىليون 818 مىڭ يۈەنگە يەتتى » . 1969 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى تۈۋەنگە چۈشۈرۈلگەندە ، خەلق گوڭشېلىرى ، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى قەرزدار بولۇپ قالغان يەر تېرىپ بېرىش ھەققى 28 مىليون 840 مىڭ يۈەن (قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كەم) ، 1983 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچىلىك ستاتىستىكىدا ، گوڭشې ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئۆستىدىكى قەرز پۇل (40ناھىيىدە )14 مىليون 90 مىڭ يۈەن . يەر تېرىپ بېرىش ھەققىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى مالىيە نازارىتى ، دېھقانچىلىق نازارىتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، مۇنداق قارىدى : « ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كىرىمى تېخى باياشات ئەمەس ، مەبلەغى يېتىشمەيدۇ ، قىيىنچىلىق مەۋجۇت ، قىسمەن تراكتور پونكىتلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەن ، گوڭشې ۋە ئەترەتلەر بۇنىڭدىن نارازى ، قىسمەن تراكتور پونكىتلىرى ھەق ئىلىشتا تەشەببۇسكار بولمىغان ؛ قىسمەن گوڭشې ۋە ئەترەتلەردىكى كادىرلاردا بىر تەرەپلىمىلىك ئاممىۋى قاراش بولغاچقا ، يەر تېرىپ بېرىش ھەققىنى ئىلىشنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەق تاپشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ؛ دۆلەت بۇرۇن گوڭشې ۋە ئەترەتلەرنىڭ ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تراكتور پونكىتلىرىنى قۇرغاندا ، گوڭشې ۋە ئەترەتلەرنىڭ ماشىنا ـ سايمان باھا پۇلىغا قەرزدار بولغاچقا ، قىسمەن گوڭشې ، ئەترەتلەر بۇنى باھانە قىلىپ ۋاكالىتەن تېرىپ بېرىش ھەققىنى كەينىگە سۈرگەن » .

## § 4 . ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يادروسى - ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ ياخشى ئىشلىتىشتە. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئاسراپ باشقۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى، مايلارنى ساپلاشتۇرۇش، دەسلەپكى خاتىرىنى مۇكەممەل ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 50 - ۋە 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىر قاتار قائىدە ۋە تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلىپ، باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، ئاددىيلاشتۇرۇلدى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىڭتۇەن 10 نەچچە يىللىق باشقۇرۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققاندىن كېيىن، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا «بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلدى.

### 1 . بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش

1965 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەننىڭ ماشىنىسازلىق باشقارمىسى «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدا بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش (لايىھە)»نى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلدى. 1973 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن «بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمەت نىزامى»نى ئېلان قىلغاندا، 5 تۈرلۈك ئۆلچەمنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى نىزامغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلات ئۆلچىمى: ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمى - 5 تۈرلۈك ئۆلچەمنىڭ يادروسى. ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى: توجۇپىلەپ مەشغۇلات ئىشلەشنى ئىنچىكىلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق پەيتىگە ۋە تېرىقچىلىق سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ پىلانلاش، تەشكىللەش، تەمىنلەش، ئېتىز تەييارلىقى ئۆز ۋاقتىدا بولۇش؛ ماشىنا - سايمانلارنى قۇراشتۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش توغرا بولۇپ، تېخنىكىلىق ھالىتى بېجىرىم بولۇش؛ گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىشى مۇۋاپىق بولۇش، مەشغۇلات ئېلىشى توغرا بولۇش، ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇش؛ بىخەتەر مەشغۇلات ئىشلىگەن بولۇش.

تېخنىكىلىق ئاسراش ئۆلچىمى: تېخنىكىلىق ئاسراشتا، «تراكتور ئاسراش قوللانمىسى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا نومۇر ۋە ماددا بويىچە يولغا قويۇش، ماشىنا - سايمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ بېجىرىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قوش ئىسمىنا بويىچە ئاسراش، تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇپ ئېلىشتا قاتتىق بولۇش؛ «ئۈچتە پاكىز بولۇش، تۆت ئاقماسلىق»، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا چېگىنىپ تۇرۇش، ھۈنەر - سەنئەت

بويىچە سۆكۈش، قۇراشتۇرۇش ۋە تەڭشەش.

ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش ئۆلچىمى: تراكتور، دانلىق زىرائەت كومبايىنى ھەمدە ھەر خىل مەشغۇلات ماشىنىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش. ئۇنىڭ ئۆلچىمى: ساقلايدىغان ئامبار، لاپاس بولۇش؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىدىغان گۇرۇپپىلارنى تەسىس قىلىش، ئىشلىتىپ بولۇپ رېمونت قىلىش، ھەر دائىم تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولۇش، ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ماشىنا - سايمانلار رەتلىك، پاكىز بولۇش، زاپچاسلىرى كەم بولماسلىق، داتلىشىپ زىيانغا ئۇچرىمىغان بولۇش.

ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش ئۆلچىمى: ئۆلچەملىك ماي ئىسكىلاتى ۋە ماي قاچىلاش ماشىنىلىرىنى تەييارلاش؛ ئۆلچەملىك ماي بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەش؛ مايىنى لەيلىتىپ ئېلىش، مايىنى 3 دەرىجە بويىچە سۈزۈپ، پاكىز ساقلاش؛ تۈزۈملەرنى كورنىتىپ زىيان ۋە ئىسراپچىلىقنى توسۇش، كېرەكسىز مايىنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش؛ بىخەتەر بولۇش، ھادىسە سادىر قىلماسلىق.

دەسلەپكى خاتىرىنى يېزىپ چىقىش ئۆلچىمى: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى، تېخنىكىلىق ھالىتىنى ۋە ئىشلەش ئەھۋالىنى بەلگىلىمە بويىچە تىزىملاپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆلچىمى: ماشىنىنىڭ ئىش خاتىرىسىنى، تراكتورنىڭ تېخنىكا ئارخىپىنى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك بەلگىلەنگەن ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇش، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشتا ۋاقتىدا، توغرا، ئەتراپلىق، رەتلىك، ئوچۇق بولۇش ھەر دائىم مۇشۇنداق ئىشلەش.

## 2 . بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى

ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى سېپىدە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1964 - يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 1964 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدىن خۇلاسە»دە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «بۇ يىل بىز بىڭتۇەننىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلدۇق، ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بەشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ماشىنا ئىشلىرى نىزامى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى». شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلات»ىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كۇچا (ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى) بۇ يىل بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ماشىنا - سايمانلارنى ساقلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە تېخنىكىلىق ئاسراشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش • • • نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى». 1977 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ

ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ھەمدە قىشلىق رېمونت يىغىنى خۇلاسىسى»دا «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدە بەش تۈرلۈك ئۆلچەمنى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى دەل ۋاقتىدا، ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى ئۈنۈم، تۆۋەن سەرپىيات، بىخەتەر مەشغۇلات، تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، ئىلمىي ئاساستا تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يۇقىرى، مۇقىم ھوسۇل ئېلىش» نى تەلەپ قىلدى. 1981 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بۇز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى 5 تۈرلۈك ئۆلچەمنى 8 تۈرگە كېڭەيتتى، يەنى: ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى، تېخنىكىلىق ئاسراش، ماشىنا - سايمانلارنى ساقلاش، مايلارنى باشقۇرۇش، تېخنىكا ئارخىپى، سىتاتىستىكىلىق ھېسابلاش، پارچە زاپچاسلارنى ساقلاش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە «دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلىي باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەن ماشىنىلاشقان ماشىنا گۇرۇپپىلىرىدىن 1852 نى باھالاپ چىقتى. بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 24.7%نى، ئۆلچەملەشكەن ليەندۈيلەر 251 بولۇپ، ئومۇمىي ليەندۈي سانىنىڭ 18.1% ىنى ئىگىلىدى، 3 تۈەن - مەيدان ئۆلچەملىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەملىشىشنى يولغا قويۇشنىڭ نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

1) ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدا ھەر خىل ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 1958 - يىلدىن ئىلگىرى بىڭتۇەندىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى دانلىق زىرائەت سېيالكىسىنى كېۋەز ۋە كۆممىقوناق تېرىشقا ئۆزگەرتتى. قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسىنى ئۇۋىلاپ تېرىش سېيالكىسىغا ئۆزگەرتتى. كومبايننى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، شال، ئاقتوناق، قىچا ۋە بېدە يىغالايدىغان قىلدى. چۆنەك ئېچىش، قىر چېپىش، يەر تۈزلەش ماشىنا - سايمانلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ چىقىپ، مۇرەككەپ مەشغۇلات ئىشلەشنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىق ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ۋە مەشغۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 1963 - يىلى بىڭتۇەن «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلات قائىدىسى»نى كەڭ يولغا قويۇپ، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. دېھقانچىلىق 7 - شىسىنىڭ 20 - تۈەنى (ھازىرقى 123 - تۈەن) «ھەر خىل ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى بەش قەدەم بويىچە ئەستايىدىل تەشكىللەش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، يەنى: مەشغۇلات ئىشلەشتىن ئىلگىرى مەشغۇلات سۈپەت تەلىپى ئېنىق بولۇش، ماشىنا تېرىقچىلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغۇچى گۇرۇپپا باشلىقى، ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ، يەرلەرنىڭ تەييارلىنىش ئەھۋالى بىلەن كىچىك رايونلار پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بەلگە تايىقى قاداش ئەھۋالىنى ئورتاق تەكشۈرۈپ چىقىش؛ ماشىنا - سايمانلارنى ئىنچىكە، توغرا چېتىش ۋە ياخشى تەڭشەش؛ يېڭى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشتىن

ئىلگىرى ئاۋۋال سىناق قىلىپ كېيىن كېڭەيتىش؛ مەشغۇلاتنى تاماملىغاندا، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشنىڭ ئۇسۇلى: دىئاگونال بويىچە نۇقتا تاللاش، ھەر بىر 50 مېتىردا بىر نۇقتا بولۇش، بىر پارچە سالا ئېتىزدىن 10 نۇقتا تاللاش، سۈپىتى لاياقەتسىز بولغۇچىلارنى قايتىدىن ئىشلەتكۈزۈش». 1958 - يىلى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى يەر تۈزلىگۈچ، ياغاچ تولۇق ۋە چۆنەك تۈزلەش ئەسۋابلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى. 3 چىشلىق سوقىنى تەڭشەپ قۇراشتۇرۇپ چىقتى. بۇ ئەسۋابلار بىلەن مەشغۇلات ئىشلەش ئەپلىك بولۇپ، مەشغۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئۈنۈمى ياخشى بولدى. 1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق نازارىتى ماشىنا تېرىقچىلىق مەشغۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مەشغۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1964 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ئىشلەشتىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق تېخنىكا تەلىپىنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىش، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇش ھەمدە تېرىقچىلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ماشىنا گۇرۇپپا باشلىقى، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغۇچى گۇرۇپپا باشلىقى «ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەرلەرنى ھازىرلاش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشتا، كىچىك رايون بويىچە پىلانلاش، تاياق قاداش، توسالغۇلارنى تازىلاش، ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشغۇلات ئىشلىگەندە بۇرۇش ئۇسۇلىنى، سۈرئىتىنى توغرا تاللاپ چىقىش، ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ۋە مەشغۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ مەشغۇلاتى تاماملانغاندا «ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش» ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، دىئاگونال بويىچە نۇقتا تاللاش، ھەر بىر سالا ئېتىزدىن 10 دىن 20 گىچە نۇقتا ئېلىش، سۈپىتى لاياقەتلىك بولمىسا، قەتئىي تۈردە قايتىدىن ئىشلەتكۈزۈش. ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشى ئېتىز - ئېرىق تېرىقچىلىق مەشغۇلات سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈردى. 80 - يىللارغا كەلگەندە جايلاردا ماشىنا بىلەن يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش، ئۇرۇقنى تۈجۈپىلەپ سېلىش، يەرنى ئاغدۇرۇش، يېشىل ئوغۇتنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. بۇ مەزگىللەردىكى ئېتىز - ئېرىق ماشىنا مەشغۇلات مىقدارى ئومۇمەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

### 2) ماشىنا - سايمان باشقۇرۇش ئەھۋالى

ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش، سەپلەش، يېڭىلاش

1. ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇشتا، 50 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، تازىلاش، مايلاش، رېمونت قىلىشتىن باشقا ماشىنا - سايمانلارنى ساقلايدىغان لاپاس ۋە ئامبار يوق بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن، بىڭتۈەن ماشىنا مەشغۇلات نىزامىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورگىنى، مەشغۇلات پونكىتلىرى، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىنىڭ بىردەك ماشىنا - سايمان ئامبىرى ۋە ماشى-

نا ـ سايمان قويۇش مەيدانى قۇرۇپ چىقىشنى، ماشىنا ـ سايمان ئامبىرى بىلەن توختىتىپ قويۇش مەيدانلىرىغا قاراشقا مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشنى؛ تېخى رېمونت قىلىنمىغان، تېخنىكىلىق ھالىتى ياخشى بولمىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى ئۆزۈنغىچە ماشىنا ـ سايمان ئامبارلىرىدا ساقلاشقا يول قويماسلىقنى؛ نەملىك ۋە بوران، يامغۇردا قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى بىردەك ئامبار ياكى لاپاسلاردا ساقلاشنى ھەمدە ئۇلارغا تۈرى بويىچە، رەت بويىچە، بىجىرىم، رېمونت قىلىش ئالدىدا، زاپچاس كەم، سۇسىز، مايسىز دېگەن تاختىلارنى ئېسىپ قويۇشنى؛ ھەر خىل ماشىنا ـ سايمانلارنى ئۇزۇنغىچە ساقلاش توغرا كەلسە، تەكتى تېگىشىپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ياغاچ تاختاي ياكى باشقا نەرسىلەرنى تېرەك قىلىپ يەردىن ئايرىپ ساقلاشنى، ئامبارغا كىرگۈزۈلۈپ ساقلىنىدىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى ئالدى بىلەن ئىشلەتكۈچى خادىمنىڭ پاك ـ پاكىزە تازىلاپ، مايلاپ يېڭى سالدۇرۇل قاچىلاشنى، بولمىسا ساقلاشنى رەت قىلىشنى، تېخى رېمونت قىلىنمىغان ياكى تولۇق بىجىرىم بولمىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى ئىشلىتىشكە بېرىشكە يول قويماسلىقنى، ماشىنا ـ سايمان زاپچاسلىرىنى باشقۇرۇش، تارقىتىش، براكقا چىقىرىش، يۆتكەپ بېرىش، ساقلاش، ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدىغان زاپچاسلارنى بىر ياقلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپسىلىي بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى مەيدانلىرىدا ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ماشىنا ـ سايمان ۋە زاپچاسلارنى ساقلاش ئامبىرى ۋە لاپاسلىرى قۇرۇلدى. 1964 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 20 ـ تۇەننىڭ «نەچچە يىلدىن بۇيان 4765 كۋادرات مېتىرلىق 168 ئېغىز لاپاس، 720 كۋادرات مېتىرلىق 17 ئېغىزلىق زاپچاس قويۇش ئامبىرى قۇرغانلىقى؛ ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ ھەممىسىنى لاپاسقا، زاپچاسلارنى ئامبارغا كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى؛ ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ ئۈستىگە كۆن تۈرى چۈشمەيدىغانلىقى، تەكتى يەرگە تېگىشىپ قالمايدىغانلىقى، ماشىنا ـ سايمان لاپىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قۇمۇش مىلەگزە ئېسىلغانلىقى، زاپچاسلارنىڭ قوشۇمچە دېتاللىرىغا ماي سۈركۈلۈپ ساندۇققا قاچىلانغانلىقى، ماشىنا قويۇلغان لاپاسنىڭ ئىچى ۋە ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش مەيدانلىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولۇپ، ساقلىغانلىقى» • • • تونۇشتۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 1964 ـ يىلدىن كېيىن ماشىنا ـ سايمانلارنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. كۆپ قىسىم مەيدانلار دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى توختىتىپ قويۇش مەيدانلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقتى. ماشىنا ـ سايمانلارنى رەتلىك قويۇش، سۈرتۈپ تازىلاش، داتلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ۋە تېخنىكىلىق ھالىتى بىجىرىم بولۇشقا مەخسۇس خادىم مەسئۇل قىلىپ، ماشىنا ـ سايمانلارنى ئاسراش قىياپىتىدە يېپ يېڭى تۈس پەيدا بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا 1963 ـ يىللىرى تراكتور ئامبىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى لاپىسى ئومۇميۈزلۈك يوق ئىدى. تراكتور ۋە كومبايىن قاتارلىق چوڭ تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇزاققىچە ئوچۇقچىلىقتا قېلىپ، بوران، ئاپتاپ، يامغۇر ۋە قارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايتتى. 1975 ـ يىل 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى

1977 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىنىڭ ماشىنا ئامبىرى، ماشىنا لاپاسلىرى قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىلغىچە نەچچە يىللىق تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتورلار ئاساسىي جەھەتتىن ئامباردا، ماشىنا - سايمانلارنىڭ يېرىمى لاپاستا ساقلىنىدىغان بولدى. 1984 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان يېزىلىق، بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى ئامبار ۋە لاپاس قۇرۇپ چىقىشقا ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولدى.

2. ماشىنا - سايمان سەپلەش خىزمىتى. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىناتتى، ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان ماشىنا - سايمان تۈرلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىشى ھەمىشە تېرىقچىلىق تېخنىكا تەلىپى بويىچە بولمايتتى؛ مالىيە كۈچىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىلىك ئاساسلىق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان سان بويىچە سېتىۋېلىشقا بولمايتتى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىڭتۇەن ماشىنا سايمانلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە 10 مىڭ دانە ماشىنا - سايماننىڭ سەپلىنىش مىقدارىغا ئېتىۋار بېرىش تەتقىقاتىنى باشلىۋەتتى. 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىنىلاشقان تەجرىبە مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى باشلىۋەتتى. ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈش نىسبىتى ۋە تېرىقچىلىقنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپىگە ئاساسەن، تراكتورنىڭ چوڭ تىپلىق، ئوتتۇرا تىپلىق، كىچىك تىپلىق، رېزىنكە چاقلىق، زەنجىر تاپانلىق تراكتورلارنىڭ 10 مىڭغا سەپلىنىش مىقدارى، ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سەپلىنىش مىقدارى، ئېنېرگىيە كۈچى - دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن سەپلەش نىسبىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1961 - يىلى بىڭتۇەن كېۋەز، كۆممىقوناق قاتارلىق كولتىۋاتسىيە قىلىنىدىغان زىرائەتلەر 50% ئۆپچۆرىسىدە بولغاندا، 10 مىڭ مو ئۈچۈن 7 دىن 8 گىچە ئۆلچەملىك تراكتور سەپلەشنى، چاقلىق، زەنجىر تاپانلىق تراكتورلارنىڭ ھەر قايسىسىنى 50% ياكى 4:6 نىسبەت بويىچە سەپلەشنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈشنى، ئېنېرگىيە بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ نىسبىتى 1:2.5 دىن يۇقىرى بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى پەن - تەتقىقات تارماقلىرىمۇ ماشىنا - سايمانلارنىڭ باب كېلىش سىنىقى ۋە تىپ تاللاپ چىقىش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەمىن ئەتتى.

1965 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى 1963 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ 10 يىللىق پىلانىغا ئاساسەن، ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونلارغا ئايرىپ چىقىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ، ئوخشىمىغان رايون، ھەر خىل زىرائەت، ئوخشىمىغان تېرىقچىلىق تېخنىكا تەلىپىگە ماس ھالدا سەپلەشكە تېگىشلىك ماشىنا - سايمان سانى، تۈرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇ خىزمەت ئۈزۈلۈپ قالدى). 1980 - يىلى

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونغا ئايرىپ چىقىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 84 ناھىيە ۋە شەھەردە رايونغا ئايرىپ چىقىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 74 ناھىيە ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رايونغا ئايرىپ چىقىش ئىشخانىسى تۈزۈپ چىققان «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال رايونغا ئايرىلىشى» دا ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا تەھلىل يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ماشىنا تىپى، خىللىرى ۋە سانى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، رەھبىرىي ئورگاننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىدىكى كەلگۈسى پىلان ۋە يېقىن مەزگىللىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تېخنىكا كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

3. ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش خىزمىتى. شىنجاڭدا بۇرۇن ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى 50 - ۋە 60 - يىللاردىكى مەھسۇلاتلارغا مەنسۇپ بولۇپ، شۇ چاغدىكى دۆلەتنىڭ سانائەت، تېخنىكا سەۋىيىسى، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئامىللىرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلاشقا تېگىشلىك ماشىنا - سايمانلارنىڭ مۇھىملىقى بۇرۇنىراق دىققەت ئېتىبارنى قوزغىمىغانلىقتىن، ئىشلىتىش مۇددىتى ئېشىپ كەتسىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن تراكتور، كومباين ۋە ھەر خىل مەشغۇلات ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سالمىقى بارغانسىرى كۆپىيىپ كەتتى. 1976 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى يېڭىلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، بۇ خىزمەت ئالدى بىلەن ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يولغا قويۇلدى. دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1976 - يىلى سابىق بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان تراكتورلار كېپىللىككە ئىگە سانىنىڭ 64.13% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 15 يىلدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى 33.64% نى، ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن كومباينلار كېپىللىككە ئىگە سانىنىڭ 24.26% نى (بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرى سۆرىتىلىدىغان كومباين) ئىگىلىگەن، ھەر خىل ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېقانچىلىق سايمانلىرىدىن ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەنلىرى 70% نى ئىگىلىگەن. كۆپ قىسىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتە يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىشنى پەيدا قىلدى. يەنى: تېخنىكىلىق ھالىتى ناچار، كاشىلىسى كۆپ، ماي سەرپىياتى يۇقىرى، رېمونت قىلىنغان ئارىلىق ۋاقتى قىسقا، رېمونت ھەققى يۇقىرى، مەشغۇلات سۈپىتى ناچار ۋە دېھقانچىلىق پەيتىگە كاشىلا بولۇش قاتارلىقلار. تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، 1 يىلدىن 5 يىلغىچە ئىشلىتىلگەن تراكتور بىلەن ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن تراكتورلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، كېيىنكىسىنىڭ ئۆلچەملىك مودا سەرىپ قىلغان ماي ۋە تەننەرخى ئايرىم -

هالدا 10%~20% ۋە 5%~10% يۇقىرىلاپ، رېمونت ھەققى 50% تىن ئېشىپ كەتكەن. شۇ يىلى ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاشقا كىرىشكەن. 1982 - يىلى بىڭتۇەن (ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى) ماشىنا ئىشلىرى يىغىنىدا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىش»نى قارار قىلدى. 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاپ چىقىشقا سەرپ قىلغان مەبلىغى 126 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، 22 خىل تراكتور، 10 خىل دانلىق زىرائەت كومبايىنى، 7 خىل باشقا يىغىۋېلىش ماشىنىسى شاللىۋېتىلگەن. يېڭىلىنىدىغان ماشىنا - سايمانلارغا قوللىنىلغان ئاساسلىق تەدبىرلەر: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تەكرار تەشۋىق قىلىش؛ نەق جايدا تەكشۈرۈش ۋە ئىشلىتىپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق يېڭىلايدىغان ماشىنا تىپىنى بېكىتىپ چىقىش؛ ماشىنا - سايمانلارنى براكقا چىقىرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئامورتىزاتسىيە خىراجىتىنى ئۆز ئالدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان ماشىنىلارنى ئۆزلىرى ئەركىن تاللاپ سېتىۋېلىشىغا يول قويۇش؛ مەبلەغنىڭ ئوبوروت مەزگىلىنى تېزلىتىپ، ئامورتىزاتسىيە چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى تېزلىتىش، يېڭىلاش مەبلەغلىرىنى كۆپ يول بىلەن توپلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىش؛ چەتتىن كىرگۈزۈلگەن يېڭى ماشىنىلارنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ۋە باشقىلار.

1981 - يىلدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى خەلق گۇڭشېلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاش مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى چەكلىمىسىدىن يولغا قويالمىدى. 1985 - يىلى بەزى ۋىلايەت (ئوبلاست) ۋە ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش جەھەتتە، بەزى ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ئۈنۈملۈك چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن: كونا ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش سىياسىتىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش، ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن، ماشىنىنىڭ تىپى كونا، تېخنىكا ھالىتى ناچار بولغان ماشىنا - سايمانلارنى زورلۇق بىلەن براكقا چىقىرىۋېتىش ۋاستىسىنى قوللىنىش، براكقا چىقىرىۋېتىلگەن ماشىنا - سايمانلارنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە ياكى قۇراشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بىردەك يول قويماسلىق، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاش، براكقا چىقىرىش سىياسىتى تۈزۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان شارائىتتا، كونا ئاپتوموبىللارنى براكقا چىقىرىش ۋە يېڭىلاش چارىسىغا ئاساسەن، ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش چارىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، يەرلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇش تەكلىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن كۆپ ساندىكى ماشىنا - سايمانلار يەككە ئىگىلىك تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانلىقتىن، ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاپ چىقىش ئىشى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى.

### 3) تېخنىكىلىق ئاسراش ئەھۋالى

ھەر خىل ماشىنا ـ سايمانلارنى نورمال تېخنىكا ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ بېجىرىملىق نىسبىتى ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ ئىشلەش ئۆمرىنى ئۇزارتىش، تۈرلۈك مەشغۇلاتنىڭ ئۆلچەملىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ يىللاردا تۈزۈپ چىققان ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت قائىدىسى ۋە تۈزۈملىرىدە ماشىنا ـ سايمانلارنى تېخنىكىلىق ئاسراش جەھەتتە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. ھەر دەرىجىلىك ماشىنا تېخنىك خادىملىرىغىمۇ ئېنىق تەلەپلەر قويۇلدى. 1958 ـ يىل 1 ـ ئايدا بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا خۇجىڭبۇەن ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ «تېخنىكىلىق ئاسراش نىزامى بىلەن مەشغۇلات قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ پات ـ پات تەكشۈرۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئاسراپ، ماي، سۇ ۋە ھاۋاسى پاكىز بولۇشنى ئەستايىدىل ئىشلىگەن، تراكتورنىڭ 2 قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىش ئارىلىقىنى ئۇزارتقان ئىلغار تەجرىبىلىرى»دىن ئۆگىنىش قارار قىلىندى. 1962 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 20 ـ تۈەننىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى يولغا قويۇشتا ئېنىق قىلىپ مۇنۇلار بەلگىلەندى: «ۋاقتىدا نومۇر بويىچە ئاسراشتا: ئاساسىي يېقىلغۇ ماي سەرپىياتىنى توغرا خاتىرىلەپ مېڭىش، توغرا بولغان ئاسراش مەزگىلىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاسراشنى ئالدىن خەۋەر قىلىش تاختىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ستاتىستىكچى خادىم رەھبەرلىككە ۋە شوپۇرغا ئاسراش ۋاقتىنى ئالدىن خەۋەر قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، كادىرلار ئىسمېنا ياندىشىپ ئاسراشتا: بەنلەر بويىچە ئاسراش، ئەترەت رەھبەرلىكى بىلەن ئاسرىغۇچى قەرەللىك تەكشۈرۈش؛ 1 ـ نومۇرلۇق ئاسراشتا، ئاسرىغۇچى قاتنىشىشى زۆرۈر. 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق ئاسراشتا ئەترەت باشلىقى قاتنىشىشى ھەمدە مۇرەككەپ ئورۇنلىرىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ قوراشتۇرىشى، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇشى؛ 4 ـ نومۇرلۇق ئاسراشتا، ماشىنا بۆلۈمىدىكى تېخنىك ۋە كىچىك رېمونت زاۋۇتىنىڭ رېمونتچىسى قاتنىشىشى ھەمدە مۇھىم ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ قوراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى زۆرۈر. ماي، سۇ، ھاۋا ۋە ماشىنىنىڭ سىرتقى قىسمى، رېمونتچىلىق سايمانلىرىنىڭ بەشتە پاكىز بولۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. قوش ئىسمېنىلىق ئاسراشنى يولغا قويۇپ، ئىش تەقسىماتىنى ئېنىق بېكىتىپ، مەسئۇلىيەتنى شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قوشۇمچە ئاسراش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، تراكتور ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى ھەر 2—3 سائەتتىن كېيىن ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپ، ماي، سۇنى ۋە ھەر قايسى زاپچاسلىرىنىڭ چىڭىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاسراشنى قېلىپلاشتۇرۇشتا: ئىسمېنا بويىچە ئاسراش ئېتىزلىقتا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق ئاسراش بىرىدەك رېمونتخانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، 4 ـ نومۇرلۇق ئاسراش كىچىك رېمونت زاۋۇتلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ». يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈزۈملەر ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ماشىنا ئىشلىرى كادىرلىرى ۋە ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ئاسراش خىزمىتى ئۆلچەملىشىش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 1961 ـ يىلى قۇتۇبى «سۈنئىي

ھەمراھ» 3 - مەيدانى، «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە بەزى ئىلغار ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىشتە ئىنچىكە، سەۋرچان بولۇش، ۋاقىت، نومۇر بويىچە ئاسراشنى يولغا قويۇش، ماي، سۇ ۋە ھاۋا تازا بولۇشنى ياخشى ئىشلەش ۋە ماشىنىلارنىڭ دائىملىق ئىشقا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتتى. 1964 - يىلغىچە كۆپلىگەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئاسراش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا، ۋاقتى، نومۇرى ۋە بەلگىلىمە بويىچە رېمونت قىلىشنى ياخشى ئىشلىدى، شۇ يىلى رادىياتورى ئالماشتۇرۇلغان ماشىنىلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 51% ئازايدى. سۇمبە، ماي پۈركۈش بېشىنىڭ ئىشلىنىش مىقدارى بىردەك ئازايدى. دائىملىق رېمونت ھەققى ئومۇميۈزلۈك 15% ۋە 20% تۆۋەنلىدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى. 1956 - يىلى ھەر قايسى پونكىتلار ماشىنىلارنى ئاسراش تۈزۈمىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، «قوش ئىسمېنىلىق ئاسراش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، ئاسراش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن». 1958 - يىلى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى ماي، سۇ، ھاۋا، ماشىنا - سايمانلار پاكىز بولۇشتىن ئىبارەت بەشتە پاكىز بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇنىڭ پاكىز بولۇشى جەھەتتە «خام سۇ ئىچىشكە رازىمىزكى، ماشىنىلارغا قاينىمىغان سۇنى قاچىلىمايمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، تراكتور بىلەن دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىغا بېرىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا تراكتورچىلار دېھقانلاردىن سۇ قاينىتىش ئۈچۈن قازان ئارىيەت ئېلىپ، ئۆزلىرى ئوتۇن تېرىپ، سۇنى قاينىتىپ، ماشىنىلارغا قاچىلىغان. 1963 - يىل 7 - ئايدا «ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ماشىنا - سايمانىنى ئاسراش جەھەتتە ھەر دائىم تەكشۈرۈپ پات - پات ئاسراپ تۇرۇش، ماي، سۇ ۋە ھاۋادىن ئىبارەت ئۈچتە پاكىز بولۇش، ۋاقىت، نومۇر بويىچە، ماددا بويىچە ئاسراشنى يولغا قويۇش. تۆۋەن نومۇرلۇق ئاسراشتا، قوش ئىسمېنىلىق ئاسراش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يۇقىرى نومۇرلۇق ئاسراشتا، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياكى تېخنىك خادىمىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن رېمونتخانىدا ياكى لاپاسلىرىدا ئېلىپ بېرىش، ئاساسلىق يېقىلغۇ مايلار 48 سائەت تىندۇرۇلۇشى، ئېتىزلىقتا ماي قاچىلىغاندا سۈزۈپ قاچىلاش، ماشىنىغا قاچىلايدىغان سوۋۇتۇش سۇلىرىنى يۇمشاقلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش، ھاۋا سۈزگۈچنى دائىم تازىلاپ تۇرۇش، ئاپتولنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ماشىنا - سايمانىنى ئاسراش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم».

1965 - يىلدىن كېيىن «تېخنىكىلىق ئاسراشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش» پائالىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ ئىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بىر مەھەل بوشىشىپ قالدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى چاقىرغان «تراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش مۇسابىقىسى» سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

## 4) ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

مۇھىم نۇقتا - ماي ماتېرىياللىرىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ماي تېجەشتىن ئىبارەت.

1. ماي ماتېرىياللىرىنى ساپلاشتۇرۇش. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئېنېرگىيىسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، دىزېل ماشىنىلىرى يېقىلغۇ ماي سىستېمىلىرىنىڭ ھەر قايسى ئىشلەش قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇ مايىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ساپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 1954 - يىلى بىڭتۇەن ھەر قايسى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە مەخسۇس ماي باشقۇرۇش خادىملىرىنى تۇرغۇزۇپ، ماي ماتېرىياللىرىنى ساقلاش، تىندۇرۇش، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈش ۋە مايلارنى ئېتىزلىقىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى 40 ئورۇندىكى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى ھەر خىل تىپتىكى 210 ماي باكىغا ئىگە بولدى، ماي ساقلاش ئىقتىدارى 4620 توننىغا يەتتى. 1957 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق 7 - شىسى مۇكەممەل بولغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مەركىزىي ماي ئامبىرى ۋە تېرىقچىلىق ئەترەتلىرىدە تارماق ماي ئامبىرى قۇردى، ھەر بىر ماي ئامبىرىدا يۈرۈشلەشكەن ماي ماتېرىياللىرىنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماي ماتېرىياللىرى ئامباردا تىندۇرۇلۇپ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلسە ئاندىن ئامباردىن چىقىرىلدى، ھەر قايسى ماشىنا گۇرۇپپىلىرى ماينى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە تىندۇرۇپ، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەملەش ئۇسۇلى بىلەن ماينى ماشىنىسىنىڭ ماي تۇڭىغا قاچىلىدى. 1958 - يىلى بىڭتۇەن «ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت قائىدىسى»دە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ماشىنا تارماقلىرى ماي ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىگە ۋە ماي ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش نۇقتىلىرىغا زىيان يەتكۈزمەستىن يەتكۈزۈپ بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مەركىزىي ماي ئامبىرى، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى ماي ئامبارلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى، ماي تۇڭى بولۇش، ماي توشۇش ھارۋىلىرى بولۇش، ماي قاچىلاش ئەسۋابلىرى بولۇش، ماينى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ تازىلاش ئۈسكۈنىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، كېرەكسىز مايلارنى توپلاپ قايتىدىن ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى بولۇشنى، ماي باكى، ماي تۇڭىغا ماي قاچىلىغاندا ھەملەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى، يېقىلغۇ مايلىرىنى 48 سائەت تىندۇرغاندىن كېيىن، ماشىنىلار ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا يۆتكەپ بېرىشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. 1960 - يىلدىن كېيىن دېھقانچىلىق 7 - شىسىنىڭ 20 - تۈەنى، دېھقانچىلىق 8 - شىسى شىخەنزە باش مەيدانى يىل بويى «باكلىق ئاپتوموبىلدىن ماي باكىغىچە، ماي باكىدىن ماي قاچىلاش ئاپتوموبىلىغىچە، ماي قاچىلاش ئاپتوموبىلىدىن تراكتورنىڭ ماي تۇڭىغا ماي قاچىلاشقىچە بولغان ئۆتكەللەردە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېقىلغۇ ماي سىستېمىلىرىدىكى ھادىسىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇپ، تراكتورنىڭ ماي ناسوس سۈمبىلىرى، ماي پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئىشلەش ئۆمرىنى 8000 سائەتتىن 10 مىڭ سائەتكە ئۇزارتتى (ئادەتتە 3000 سائەت ئۆپچۆرىسىدە بولاتتى) ئايرىملىرىنىڭ 15 مىڭ سائەتكە يەتتى». بۇ تەجرىبىلەر بىڭتۇەن بويىچە كېڭەيتىلدى. 1965 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش جەريانىدا ئۆلچەملىك ماي ئامبارلىرىنى

قۇرۇپ چىقتى، يەنى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە ئۆي ئىچىدىكى يەر ئۈستى ماي ئامبىرى بار بولدى، ئۇ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە ماي ئامبارلىرى، ماي قاچىلاش ئاپتوموبىللىرىنى توختىتىپ قويۇش سۇپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۆلچەملىك ماي ماتېرىياللىرى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىدى. ھەر بىر باسقۇچلۇق مەشغۇلاتنىڭ ئىلگىرى 50% تىن يۇقىرى ماي ماتېرىياللىرىنى ھازىرلاپ قويدى، ماي قاچىلىغۇچى خادىم مايىنى ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلات ئىشلەۋاتقان نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. دىزېل 96 سائەتتىن كۆپرەك تىندۇرۇلدى، ماي باكىغا 5 كۈندە بىر قېتىم ماي تىندۇرۇش‌دەۋرىسى قويۇپ تۇرۇلدى، ھىملاپ ماي قاچىلاش قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى.

1965 - يىلى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى خۇلاسىسىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «دېھقانچىلىق 7 - شىسىنىڭ 20 - تۇەنى ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشتا بىڭتۇەن بويىچە ئۈلگە بولۇپ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان مايىنى 3 دەرىجە بويىچە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈش، تىندۇرۇش ۋە ھىملاپ قاچىلاشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشتا 20 - تۇەنگە يېتىلىشىۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىڭتۇەن بويىچە تەخمىنەن 50% ئۈپچۆرىسگە يەتتى». شۇنىڭدىن كېيىن بىڭتۇەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مايىنى ساپلاشتۇرۇشتۇرۇپ ئىشلىتىش خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، مايىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە باشقۇرۇپ كەلدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى. دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ «1958 - يىللىق تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى»دا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: ئەنەنچۈي پونكىتى «دىزېلنى ماي باكىدا 96 سائەتتىن كۆپرەك تۇرغۇزۇپ تىندۇرغان، «ھىملاپ ماي قاچىلاش چارىسىنى قوللانغان». 1963 - يىلى مەزكۇر پونكىت «ماي ماتېرىياللىرىنىڭ پاكىز بولۇشى مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېقىلغۇ مايىنى مەشغۇلات ئىشلەشتىن ئىلگىرى مەشغۇلات نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن، ماي تولۇق تىندۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلەتكەن. تراكتورنىڭ ھەر 2 قېتىملىق ئىسمېنا مەشغۇلاتىدىن كېيىن ئاساسىي ماي تۆكىدىكى تىندۇرما مايىنى تۆكۈۋەتكەن. بىرىم يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان يېڭى پۈركۈگۈچ ئېغىزى ۋە ماي ناسوس، سۇمپىسى ئالماشتۇرۇلمىغان». سانجى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تۈزۈمىدە مۇنداق بەلگىلەندى: دىزېل ۋە قوشۇمچە مايلار 2 خىل ماي سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ماي ساقلاش ئەسۋابلىرى، ماي قاچىلاش ئەسۋابلىرى، خىزمەتچى خادىملار ۋە باشقۇرۇش مەيدانلىرى تۆتتە پاكىز بولۇش، ماي باكى، ماي كىرگۈزۈش، ماي تارقىتىش، ماي توشۇش تۇڭلىرى ۋە ماي قاچىلاش قاتارلىق تۆتتە ھىم بولۇش، ماي تۇڭلىرى تېشىلىپ كەتكەن، ئۆلچەم سورتى ئېنىق بولمىغان، سۈپىتى ئۆلچەمگە توشمىغان مايلارنى تارقاتماسلىق ھەمدە 3 دەرىجە بويىچە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈش، مايىنى لەيلىتىپ ئېلىش، تىندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە مايىنى ھىملاپ قاچىلاشتىن ئىبارەت مايىنى ساپلاشتۇرۇش تەرتىپلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. كۇچا ۋە باي ناھىيىلىرىدىكى تراكتور پونكىتلىرى 3 دەرىجە بويىچە مايىنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويغان. ئاقسۇ ناھىيىلىك

تراكتور پونكىتى ئۈزلىرى ماتورلۇق ماي قاچىلاش ناسوسىنى ياساپ چىقىپ ھەملاپ ماي قاچىلاشنى يولغا قويغان. ماي قاچىلاش ئەسۋابلىرى ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىردەك جابدۇق ساقلاش ساندۇقىدا ساقلانغان. ماي تۇڭلىرىنى ئۈزلىرى ياسىغان ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ يۇيۇپ تازىلاش ئەسۋابى بىلەن قەرەللىك ھالدا تازىلاپ، ماي ماتېرىياللىرىنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. 1975 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە خادىملارنى تەربىيەلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» ىدا «تراكتور ئۈچ جەھەتتە پاكىز بولۇش (ماي، سۇ، ھاۋا)، تۆتتە ئاقماسلىق، (ماي، سۇ، گاز، توك)» قايتا تەكىتلەندى. 1979 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى بېسىپ تارقاتقان «يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش قائىدە تۈزۈمى» دە ماي ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشتا، پاكىز بولۇش، بىخەتەر بولۇش تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە «ماي ئامبارلىرىغا غەيرى خادىملارنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلىش، ئامبارچىلار بىخەتەرلىك قائىدىلىرىنى پىششىق بىلىش ھەمدە ئۇنى چوڭ خەتلىك قىلىپ تامغا چاپلاپ قويۇش، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ھەر خىل ئېھتىماللىقتىن ساقلىنىش» نى بەلگىلىدى. 1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «بەزى ئورۇنلار ماينى تىندۇرماستىن ئىشلەتكەن، كۆپلىگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتلىرىدە ماي ئامبىرى ۋە ماي باكى يوق. شۇڭلاشقا جايلار ئېنېرگىيە تېجەش ئېيىدا ئاكتىپ چارە ئىزدەپ بۇنى ھەل قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

2. ماي تېجەش خىزمىتى. 1953 - ۋە 1954 - يىللىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى (قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى) ۋەدۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى خۇلاسىسىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ماشىنىلار چوڭ دائىرە بويىچە ئايلاندۇرۇپ مېڭىلسا، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، ماينىڭ ئىشلىتىلىشى كۆپ بولىدۇ». «توغرا مەشغۇلات ئىشلەپ ۋە ئىسراپ، ماي سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش لازىم». شۇنىڭدىن كېيىن ماينى تېجەش ئۇسۇلىدە ئۈزلۈكسىز تەدبىر قوللىنىلدى. ئاساسلىقى مۇنۇلار: 1) نورما كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىپ مەشغۇلات ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1954 - يىلدىن باشلاپ بىڭتۇەن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ھەر يىلى ھەر بىر ئۆلچەملىك تراكتورنىڭ يىللىق ئىش مىقدارى ۋە ئۆلچەملىك مو بويىچە ماي سەرپىيات نورمىسىنى چۈشۈرۈپ بەردى. 1962 - يىلى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ماي سەرپىيات نورمىسىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى 3 خىلغا ئايرىپ چىقىپ، ماي سەرپىيات كۆرسەتكۈچىنى مۇنداق بېكىتتى: ھەر بىر ئۆلچەملىك مونىڭ ماي سەرپىيات مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.55 كىلوگرام، 0.65 كىلوگرام، 0.75 كىلوگرام بولىدۇ. 2) ئېلىش - تارقىتىش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، زىيان ئازايتىلدى: 1954 - يىلى بىڭتۇەندە ماي ماتېرىياللىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئېغىر بولۇپ، پۈتۈن يىل ئىچىدە 31.1 توننا ماي ئېقىپ كەتكەن ياكى پارغا ئايلىنىپ زىيانغا ئۇچرىغان، بۇ ئومۇمىي ماي سەرپىياتىنىڭ 2.2%نى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇلار ماي ماتېرىياللى-

رىنى باشقۇرىدىغان خادىم تۇرغۇزۇش، تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «كونا ئاپتولنى ئاپشۇرۇپ يېڭىسىنى ئېلىش، يەنە قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش چارىسى» نى تارقىتىپ، ماي ماتېرىياللىرىدىكى ئىسراپچىلىقنى توسۇپ قالغان. 1964 - يىلى سانجى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى مۇنۇ بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىققان: ماي ماتېرىياللىرىنى نورما پىلانى بويىچە تارقىتىپ بېرىش، كۆرسەتكۈچ نورمىسىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، ماي بەرمەسلىك، پىلان بولمىسا ۋە تەستىقلاتمىسا ماي بەرمەسلىك، مالىيە رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەن بولسا، ماي بەرمەسلىك، ماي بېرىشتە ھېساباتتا قاتتىق بولۇش. 3) تامچىلىغان مايلارنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىشتا: «1962 - يىلى بىڭتۇەننىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، بىڭتۇەندە 6—7 يىل ئىشلىتىلگەن ماشىنىلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ، ماشىنىلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ياخشى بولمىغاچقا، ماي تامچىلاش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلگەن. نۇرغۇن ئورۇنلار ماي تامچىلاش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن، دېھقانچىلىق 6 - شىسىدىكى كۆپ قىسىم تراكتورلارغا تامچىلىغان مايىنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان. 64 تراكتوردىن 2 ئاي مەشغۇلات ئىشلەش جەريانىدا 1812.9 كىلوگرام يېقىلغۇ ماي يىغىۋېلىنغان». 1963 - يىلى دېھقانچىلىق 7 - شىسىنىڭ 20 - تۇەنى 49 تراكتورنىڭ ھەممىسىگە تامچىلىغان مايىنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىپ، 3 ئاي مەشغۇلات داۋامىدا جەمئىي 2675 كىلوگرام ماي يىغىۋالغان، ھەربىر تراكتوردىن ھەر بىر ئىسمېنىدا 370 گرام ماي يىغىۋالغان. 4) ماي ئىقتىساد قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى: 1958 - يىلى بىڭتۇەن دېھقانچىلىق 7 - شىسىدا ماشىنا گۇرۇپپىلىرى ماي ئىقتىساد قىلسا مۇكاپاتلاشنى، ئىقتىساد قىلغان قىسمىنىڭ 10% نى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئاجرىتىشنى؛ ماي نورمىسىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن قىسمىنىڭ 5% ى بويىچە تۆلىتىشنى يولغا قويغان. شۇ يىلى مۇكاپاتلانغان ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ ماي ئىقتىساد قىلىش سوممىسى 1442 يۈەن بولغان، شەخسلەردىن 429 يۈەن پۇل تۆلىتىۋېلىنغان. شۇ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ماي ئىقتىساد قىلىشى ئۈستىدە مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى ئىقتىساد قىلغان قىسمىنىڭ 15%ى بويىچە، ماشىنا گۇرۇپپىلىرى ئىقتىساد قىلغان قىسمىنىڭ 50% تى بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ. مۇكاپات پۇلىنى تەقسىم قىلىشتا: ئەترەت باشلىقىغا 50%، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقىغا 30%، ستاتىستىكچىغا 20% بېرىلىدۇ؛ ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇكاپات پۇلى: ماشىنا باشلىقى 55%، نۆۋەتچى شوپۇر 35%، دېھقانچىلىق سايمان ئۇستىسى 10% بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ. 1960 - يىلدىن كېيىن ھەر قايسى سىستېمىلاردا تراكتورنى يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابلاش ۋە بېكىتىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە مۇكاپاتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماي ماتېرىياللىرىنى تېجەش (ماي سەرپىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇھىم مەزمۇننىڭ بىرى قىلىندى. 1965 - يىل 11 - ئايدا ۋە 1976 - يىل 5 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى، سودا نازارىتى ۋە نېفىت شىركىتى بىرلىشىپ 2 قېتىم ماي ئىقتىساد قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، تەجرىبىلەرنى يوكۇنلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى. 1984 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى، سودا نازارىتى بىرلىشىپ تۈزگەن «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلنى

تەقسىم قىلىش، تەمىنلەش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»دە مۇنداق بەلگىلەندى: «ماي تې-
جەش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈملىرىنى
ئورنىتىش، ماي ئىقتىساد قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە نەتىجە قازانغانلارنى مۇكاپاتلاش،
مايني ئىسراپ قىلغان، كۆرسىتىپ بېرىلگەن نورمىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ھەمدە خاتالىقنى ۋاقتى-
دا تۈزەتمىگەنلەرگە ماي كۆرسەتكۈچىنى تۇتۇپ قېلىش، جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىش
كېرەك». كۆپ خىل ماي ئىقتىساد قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، قاتتىق باشقۇرۇلغانلىقتىن،
ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىكى ماي سەرپىياتى تېخنىكا سە-
ۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئاساسىدا يىلمۇ يىل تۆۋەنلىتىلدى. بىڭتۇەننىڭ
1954 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن ئوتتۇرىچە سەرىپ قىلغان ئاساسلىق
يېقىلغۇ ماي نورمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1.6 كىلوگرام، 1.1 كىلوگرام، 0.9 كىلوگرام،
0.72 كىلوگرام، 0.63 كىلوگرام، 0.61 كىلوگرام بولدى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
تراكتور پونكىتلىرىنىڭ 1962 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ئۆلچەملىك مو ئۈچۈن سەرىپ قىلغان
ماي نورمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.84 كىلوگرام، 0.75 كىلوگرام، 0.74 كىلوگرام ۋە
0.73 كىلوگرام بولدى.

1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ماشىنا - سايمانلارنى يۇ-
يۇپ تازىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان مايني ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، مېتال تازىلاش خۇرۇچىنى
ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگە-
لىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلنى تەقسىم قىلىش، تەمىن-
لەش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»دە مۇ-
نۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە مېتال تازىلاش خۇرۇچىنىڭ ئىشلىتىلىشى-
نى كېڭەيتىشنى ماي ئىقتىساد قىلىشنىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش لازىم، بىر كىلوگرام
مېتال تازىلاش خۇرۇچىنى 20 كىلوگرام دىزېل بىلەن زاپچاس تازىلاشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكە-
لى، 7 يۈەندىن 9 يۈەنگىچە پۇلنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ». 1985 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 82 توننا مېتال تازىلاش خۇرۇچىنى كېڭەيتىپ ئىشلىتىپ، 1600
توننا ماي، 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى. شۇ يىلى مەنپى بېسىم ئارقىلىق ماي تې-
جەش، ئاققان ئورۇننى يىلىم بىلەن ئېتىش، ئېنېرتسىيىلىك بېسىم كۈچەيتىش، تراكتورنىڭ
تېخنىكىلىق ھالىتىنى تەكشۈرۈپ سىناش، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋە ماي تې-
جەش تېخنىكا تۈرلىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىش يولى بىلەن جەمئىي 400 تونندىن ئارتۇق ماي،
550 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تېجەپ قالدى.

5) دەسلەپكى خاتىرە

ماشىنىلارنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات ئورنى ھېساباتى (ئارخىپ) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى-
نىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ستاتىستىكىلاشنى، ماشىنىلارنى ئاسراش،
رېمونت قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات تۈرى، سەۋىيىسى ۋە تەننەرخىنى ھې-
سابلاپ چىقىش قاتارلىق 1 - قول سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇرۇن دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن ئاساسلىق مەلۇمات جەدۋەللىرى بويىچە ستاتىستىكا قىلىناتتى. كۆپ خىل سانلىق ئاساسلارنى ئەتراپلىق، تەپسىلىي ئىگىلەش ئۈچۈن، ستاتىستىكىنىڭ مەزمۇنى تەدرىجىي كۆپىيىپ، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئېشىپ باردى. 1962 - يىلى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى دېھقانچىلىق مەيدانى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 18 تۈرلۈك ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى ۋە خاتىرە دەپتىرىنى تۈزگۈزدى. بۇلار تراكتورنىڭ كۈندىلىك ئىش خاتىرىسى، ئىش تىزىملاش دەپتىرى، زىرائەتلەر مەشغۇلات تۈرنى ھېساباتى، ماشىنىلارنى تېخنىكىلىق ئاسراش، يۈز بەرگەن كاشىلىلار، زاپچاس ئالماشتۇرۇش، ئىسراپچىلىقتىن كېلىپ چىققان زىيان، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، تېخنىكا يېڭىلاش، خادىملارنىڭ ئىشقا چىقىشى، مەشغۇلاتنىڭ كۈندىلىك ئىش بېلنى، ماي ئىشلىتىش كۈندىلىك بېلنى، ماتېرىياللارنى ئېلىش - تارقىتىش، رېمونت بۆلەكلىرىنى ئېلىش - تارقىتىش، ماي ماتېرىياللىرىنى ئېلىش - تارقىتىش تىزىملىكى، يەككە ماشىنىلار بويىچە ھېسابات قىلىش قوللانمىسى، قۇرۇلۇش ئۈچىقى گۇرۇپپىسىنىڭ كۈندىلىك رېمونت خاتىرىسى، يىللىق تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش كۈندىلىك خاتىرىسىنى شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈندىلىك، 5 كۈنلۈك، 10 كۈنلۈك، پەسىللىك ۋە يىللىق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ستاتىستىكا تۈزۈمى ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇپ ۋاقتىدا بولۇش، ئەتراپلىق بولۇش، توغرا بولۇش، سىستېمىلىق بولۇش، دائىملىق بولۇش، رەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىندى.

1964 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەلىپى ۋە پونكىتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، «ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى يوللاشتا يولغا قويۇلىدىغان چارە (لايىھە)»نى تۈزۈپ چىقىپ، 27 خىل ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى ۋە تىزىملاش دەپتىرىنى بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلات ئەھۋالى قەرەللىك يۇقىرىغا يوللىنىپ تۇرىدىغان 12 تۈردىن باشقا يەنە، ماشىنىلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات خاتىرىسى، ماشىنىلارنىڭ مەشغۇلاتنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، خادىملارنىڭ ئىشقا چىقىشى، ماي ماتېرىياللىرى، رېمونت، ماتېرىيال، ماشىنىلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى تېخنىكىسى، ئۇسكۈنىلەر تېخنىكىسى، يۇقىرى نومۇر بويىچە ئاسراش، كاشىلىلارنى رېمونت قىلىش خاتىرە دەپتىرى، ھۆججەت ھېسابات دەپتىرى ھەمدە ماي ماتېرىياللىرى، رېمونت دەپتەرلىرى قاتارلىق تۈرلەر بېكىتىلدى.

1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت بەلگىلىگەن ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى يۇقىرىغا يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 29 ناھىيىدە 900 ئىقتىسادىي ئۇچۇر ئالاقە نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ھەر خىل ماشىنا - سايمان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئائىلىلىرى، ئەترەتلىرى، پونكىتلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاشنى تەلەپ قىلدى.

# III باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش

## 1 § . نازارەت قىلىش تۈزۈلمىسى

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى دەسلەپكى مەزگىللەردە ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. 1980 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسى تۇنجى بولۇپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى تەسىس قىلدى. 1981 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى تەسىس قىلدى. 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى. 1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ تارقاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش قائىدىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) دە ھەر دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلەندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 98 گە، نازارەت قىلىش خادىمى 1293 كە يېتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش تورى شەكىللەندى.

### 1 . ئاپپارات ۋە مەجبۇرىيەت

1) ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى «ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باشقارمىسى تەسىس قىلىشقا، سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىشقا، كەسپىي شتاتقا كىرگۈزۈشكە ۋە شتاتنىڭ 10 بولۇشىغا قوشۇلىمىز» دەپ تەستىق سالدى. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تامغىسى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىشلىتىلدى.

باش پونكىتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتى مۇنداق بولدى:

1. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، بولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى ۋە پونكىتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش.

2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش.

3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەستىقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىشقا ۋە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك نازارەتچى خادىملارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇش.

4. ھەر خىل نازارەت قىلىش بەلگىلىرى ۋە جەدۋەللەرنى ئىشلەپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولۇش.

5. ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشكە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇش.

6. تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇشىنى تۈزۈپ چىقىش.

7. تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى تەكشۈرۈش - سىناش ۋە نومۇر تاختا، كېنىشكا تارقىتىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش.

8. ھادىسە دېلولىرى توپلىمى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش.

9. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىراجىتىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش.

10. زۆرۈر تېپىلغاندا، تېپىك خاراكتېردىكى ئېغىر ھادىسە نەق مەيدانىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىش ۋە ئېغىر ھادىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش.

11. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاش ھەمدە ماتېرىياللارنى يۇقىرىغا يوللاش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش.

12. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتىكى ئېغىر ھادىسىلەرنى دوكلات قىلىشقا، ئايلىق، يىللىق ھادىسە ئىستاتىستىكا جەدۋەللىرى، مەخسۇس دوكلات ۋە يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى يوللاشقا مەسئۇل بولۇش.

13. ئەرىز قىلىپ كەلگەن ئاممىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش، شوپۇرلارنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتىنى قوغداش.

### 2) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى

1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىدىغان ئاپپارات بولۇپ قالدى.

1982 - يىل 7 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى قۇرۇلدى.

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتى مۇنداق بولدى:

1. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك تارماقلىرى تارقاتقان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك فاڭجېن، سىياسەت، ئەمىر - پەرمان، يوليورۇق، بەلگىلىمە، چارە ۋە تەدبىرلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش.

2. ئۆزىگە قاراشلىق رايونلاردىكى نازارەتچى خادىملارنى سىناش، تەستىقلاشقا يوللاش ۋە ناھىيە، يېزىلاردىكى نازارەتچى خادىملارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇش.

3. تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە سىناش خىزمىتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ يۈرۈش كىنىشكىسى، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، ئۆگىنىش كىنىشكىسى، نومۇر تاختىلىرىنى تارقىتىش خىزمىتى، تراكتور ۋە شوپۇرلارنىڭ تېخنىكا ئارخىپلىرىنى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئۇيۇش-

تۈزۈش، رەھبەرلىك قىلىش ھەمدە ئۆزگەرتىش، يېتەكلەش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش.

4. بىر تۇتاش بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىن بىر تۇتاش ياسىتىلمايدىغان نومۇر تاختىسى، كېنىشكا، جەدۋەللەرنى ياساشقا مەسئۇل بولۇش.

5. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا يۈز بەرگەن ئېغىر ھادىسىلەرنىڭ نەق مەيدانىغا بېرىپ، ناھىيىلىك پونكىتلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، شوپۇرلارنىڭ كېنىشكىسىنى بېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ قېلىش ۋە شوپۇرلۇق كېنىشكىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىشنى تەستىقلاش.

6. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىراجىتى يىغىش بەلگىلىمىسى ۋە قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش.

7. ئۆزگە قاراشلىق رايون تەۋەسىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسى ۋە بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە تەشۋىق قىلىشقا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇش.

8. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاش ھەمدە ماتېرىياللىرىنى يۇقىرىغا يوللاش ۋە تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش.

9. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتىغا ۋە شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىلىرىنىڭ ئايلىق، يىللىق مەلۇماتى، مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتى، يىللىق خىزمەت دوكلاتى شۇنداقلا تراكتور، تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى ۋە كېنىشكا تارقىتىش ئەھۋاللىرىنى يوللاشقا مەسئۇل بولۇش.

10. قەرەللىك ھالدا نازارەت قىلىش پونكىت باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھادىسە دېلولىرىنى ئانالىز قىلىپ، ھادىسە توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ھەمدە ھادىسە دېلولىرى توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىش.

11. ئەرز قىلىپ كەلگەن ئاممىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ شوپۇرلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغداش.

### 3) ناھىيە، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى

1980 - يىل 10 - ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ناھىيىلىك پونكىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىچۈەن، فۇكاڭ، مۇڭغۇلكۈرە قاتارلىق 3 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

1982 - يىل 4 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتى يىغىنى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى تەكىتلىدى. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، جىمسار، باي، ساۋەن، ئالتاي قاتارلىق 60 ناھىيە، شەھەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىڭتۇەن بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش — «بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، شىخەنزە شەھىرىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىغا قاراشلىق تۇەن - مەيدان ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش كەسپىگە مەسئۇل بولۇشنى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىغا قاراشلىق تۇەن - مەيدانلار ۋە كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش كەسپىگە يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى مەسئۇل بولۇشنى، باشقا تۇەن - مەيدانلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە شۇ تۇەن - مەيدانلار تۇرغان ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى ۋە پونكىتلىرى مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى.

ناھىيە، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتى مۇنداق بولدى:

1. يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك فاڭجېن، سىياسەت، ئەمر - پەرمان، بەلگىلىمە، چارىلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئۆزىگە قاراشلىق رايونلارنىڭ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش.

2. تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىش، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش.

3. تراكتورلارنى تەكشۈرۈش ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى سىناشنى ئۇيۇشتۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنىغا بېرىپ نومۇر تاختا، كېنىشكا تارقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇش؛ ئۆزىگە قاراشلىق رايون تەۋەسىدىكى تراكتور، تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تىزىملاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش؛ تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ ئارخىپ قوشۇمچە نۇسخىلىرى ۋە ھەر خىل ھېسابات دەپتەرلىرىنى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەت قىلىش خىراجىتى، جەرىمانە قويۇش ھۆججەتلىرى ۋە باشقا ۋەكالەتەن بېجە-

رىش خىراجەتلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، يۇقىرىغا يوللاش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولۇش.

4. ماتورلۇق ماشىنىلارغا يەرلىك نومۇر تاختىسى، كېنىشكا تارقىتىشقا، مەشغۇلاتچىلاردىن سىناق ئېلىپ مەشغۇلات كىنىشكىسى تارقىتىشقا مەسئۇل بولۇش، بىخەتەرلىك كۈنى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش.

5. يېزا (مەيدان) لاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرى (بىخەتەرلىكنى تەكشۈرگۈچىلەر) نىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش؛ ئۇلارنى تەربىيىلەپ، سىناپ يىل ئاخىرىدا باھالاش ۋە تەقدىرلەش؛ تەربىيىلەش تارماقلىرىنىڭ تراكتور شوپۇرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىش ھەمدە تەربىيىلەش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش.

6. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش، باھالاش، بىر تەرەپ قىلىش، ئېتىز - ئېرىقلاردا تەكشۈرۈش، تاشيوللاردا تەكشۈرۈش، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇش، شوپۇر ۋە مەشغۇلاتچىلارنىڭ كېنىشكىسىنى 6 ئايدىن تۆۋەن تۇتۇپ قېلىش جازاسىنى تەستىقلاش.

7. تراكتور ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قوغداش، ئاسراش ئەھۋالىنى شۇنداقلا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇسابىقىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، بىخەتەرلىك تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

8. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورنى ۋە شۇ يەرلىك ھۆكۈمەتكە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتىكى ئېغىر ھادىسىلەرنى دوكلات قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىلىرى جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى، ئايلىق، يىللىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى، مەخسۇس دوكلات ۋە يىللىق خىزمەت خۇلاسىلىرىنى يوللاش.

9. ئەرز قىلىپ كەلگەن ئاممىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ، شوپۇرلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش، يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەسىس قىلىشتا، يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانى ۋە يېزا - بازارلارغا قاراشلىق رايونلارنىڭ دائىرىسىگە ئاساسەن، يېزا - بازارلاردا 1 دىن 2 گىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارە قىلىش خادىمى تەسىس قىلىش، ئۇنى ناھىيىلىك پونكىت تەيىنلەش.

### 2 . خادىملار

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئىمكانقادەر تېز ئۇيغۇنلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى نازارەتچى خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى.

1982 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى 2 قارار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كورسى ئاچتى، سەنشى ئۆلكىسى تۈزگەن «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش دەرسلىكى» نى ئاساس قىلىپ، 100 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىدى ھەمدە خەنزۇچە يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى ئۇيغۇرچە، قازاقچىگە تەرجىمە قىلىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى.

1984 - يىلى بەزى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كورسى ئاچتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى 2 قارار كورس ئېچىپ، 57 ئادەم تەربىيىلىدى؛ بۆرتالا ئوبلاستى كورس ئېچىپ، گوڭشېدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىمىدىن 18 نى تەربىيىلىدى؛ خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك خادىمىدىن 70 تىن كۆپرەكنى تەربىيىلىدى.

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى «نازارەتچىلىك قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، نازارەتچى خادىملار سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 1985 -يىلى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كورسىدىن جەمئىي 10 قارار ئېچىپ، 4000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك تەربىيىلىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىمى 1293 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغىنى 982، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغىنى 311. مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە: مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 89، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 836، باشقىلار 368. 30 ياشتىن تۆۋەنلەر 563، 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلار 674، 50 ياشتىن يۇقىرىلار 56.

### 3 . قائىدە - نىزام

1956 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى تارقاتقان «تراكتور پونكىتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» تا دان ئايرىش، كۆزلۈك يەر ھەيدەش، قاتارلىق مەشغۇلاتلاردا بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش،

ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

1958 - يىل 6 - ئايدا بىڭتۈەن تۈزۈپ تارقاتقان «ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت قائىدىسى (لايىھە)» دىكى «تېخنىكا جەھەتتىن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن بابنىڭ جەمئىي 6 ماددا، 229 تارمىقىدا تراكتور، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، خامان مەشغۇلاتى ماشىنا - سايمانلىرى، ماي ئامبىرى، توك تارقىتىش سېخى، رېمونت قىلىش - سەپلەش سېخى، رېمونتقا كاپالەتلىك قىلىش سېخى قاتارلىق تۈرلەردىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇ يىل 10 - ئايدا بىڭتۈەن تراكتور، كومبايىنلارغا شوپۇرلۇق كېنىشكىسى تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1959 - يىل 5 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ئاچقان تۇنجى قېتىملىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا 40 ماددىلىق «تېخنىكا بىخەتەرلىك قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. دېھقانچىلىق نازارىتى قاتناش نازارىتىنىڭ «تراكتورلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، چاقلىق تراكتورلار تاشيولدا يۈرگەندە، جەزمەن قاتناش تارماقلىرىنىڭ شوپۇرلۇق كېنىشكىسىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

1974 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى نازارەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتور شوپۇرلۇق كېنىشكىسىنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تارقىتىدۇ؛ چاقلىق تراكتور شوپۇرلىرىغا بېرىلىدىغان ئېتىز - ئېرىقلاردا ھەيدەش كىنىشكىسىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تارقىتىدۇ، قاتناش بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى ماتورلۇق ماشىنىلارنىڭ كېنىشكىسىنى تارقىتىدۇ. يۇقىرىدىكى 2 كىنىشكىنى ئالغاندىلا، تاشيولدا ھەيدەشكە بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

1975 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ج خ ئىدارىسى، ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسى ۋە قاتناش ئىدارىسى بىرلىشىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى ئېتىز - ئېرىقلاردا ھەيدەش كېنىشكىسى تارقىتىدۇ؛ تاشيولدا ھەيدەيدىغان چاقلىق تراكتور شوپۇرلىرى «ئېتىزلاردا ھەيدەشنى ئۆگىنىش كېنىشكىسى» نى ئالغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى قاتناشنى نازارەت قىلىش تارماقلىرىغا بېرىپ سىناققا قاتنىشىشى ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شوپۇرلۇق كېنىشكىسى ۋە نومۇر تاختىسى قاتارلىقلارنى ئېلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

1981 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش قائىدىسى» نى تارقىتىپ، ھەر قايسى ئۆلكىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى

نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارغا نومۇر تاختىسى تارقىتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەمدە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ئاساسلىق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تەجرىبىسىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى سەنشى ئۆلكىسىگە ئۆگىنىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

1982 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى بىرلىشىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى يوللاپ بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇش، نومۇر تاختىسى، كىنىشكا تارقىتىش، يىللىق تەكشۈرۈش، ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى روھىنى يەتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەت قىلىش خىزمىتى نىزامىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، تېخنىكا ئارخىپى تۇرغۇزۇش، بىخەتەرلىك ئىپى پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇش، ھادىسىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1983 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ي م [1983] 17 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىغا < جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى > ۋە < جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ يول يۈرۈش كىنىشكىسى > نى تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەن «دېھقانلار ئۆزى سېتىۋالغان ياكى بىرلىشىپ سېتىۋالغان ماتورلۇق كېمە ۋە تراكتورلار بىلەن ترانسپورت تىجارىتى قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش قائىدىسى» نى تارقاتتى. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ < دېھقانلار ئۆزى سېتىۋالغان ياكى بىرلىشىپ سېتىۋالغان ماتورلۇق كېمە ۋە تراكتورلار بىلەن ترانسپورت تىجارىتى قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە > نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىشىپ «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى سۇغۇرتىلاشنى ۋەكالىتەن بېجىرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت بەلگىلىگەن ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىراجىتى ئېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشتا يىغقان خىراجەتنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلار ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش قائىدىسى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» نى تارقاتتى.

بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈزگەن قائىدە - نىزاملاردىن «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش چارىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى جەريانىدىكى جەرىمانە كىرىمىنى مالىيە جەھەتتىن باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىلى ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»، «بۆرتالا ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى جەرىمانە قويۇپ جازالاش چارىسى» قاتارلىقلار بار.

## 4 . نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى

1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىغا نازارەت قىلىش ئاپتوموبىلى سەپلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرىغا دالا ئاپتوموبىلىدىن 1، قورال - سايمان ئاپتوموبىلىدىن 1، ئۆلچەش، رەسىم تارتىش چوڭايتىش ئۈسكۈنى-

سى ۋە ئۈن ئالغۇدىن 1 يۈرۈش؛ ناھىيە، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرىغا قورال - سايمان ئاپتوموبىلدىن 1، 3 چاقلىق موتسىكلىتتىن 1، ئۆلچەش، رەسىمگە تارتىش، ئۈنئالغۇ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 1 يۈرۈش سەپلەش، ئۈسكۈنىلەرنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى زاكاز قىلىش، خىراجىتىنى ئۆزى تەييارلاشنى ئاساس قىلىش، نازارەت قىلىپ يىغقان خىراجەتتىن چىقىم قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

## 2 § . نازارەت قىلىش خىزمىتى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تەشۋىقات تەربىيە ئېلىپ بېرىش، نومۇر تاختىسى، كىنىشكىلارنى تەكشۈرۈش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، يۈز بېرىدىغان ھادىسە ئازايتىلدى.

### 1 . بىخەتەرلىك تەربىيىسى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بىڭتۈەننىڭ ھەر قايسى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، يېڭىدىن ھەربىيلەشكەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تارماقلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم قاتارلىق ھەر قايسى باسقۇچلۇق مەشغۇلاتلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋە قىشلىق تەربىيىلەش مەزگىللىرىدە بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى ۋە بىخەتەرلىكنى تەكشۈردى. ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى، ماشىنا گۇرۇپپىلىرى، شوپۇر ۋە مەشغۇلاتچىلارنىڭ ھەممىسى بىخەتەرلىك پىلانى تۈزدى ۋە كاپالەتنامە يازدى.

1956 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى بولىبورۇق تارقىتىپ، ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىدىن بۇغداينىڭ دېنىنى ئايرىش خىزمىتىدىن بۇرۇن «مەشغۇلاتچى خادىملارنىڭ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەشغۇلاتچى خادىملارغا بىخەتەرلىك ساۋادىدىن دەرس ئۆتۈش» نى كۈزلۈك تېرىمدىن بۇرۇن، مەشغۇلاتچىلارنى تەربىيىلەش بىلەن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تراكتورچىلار بىلەن مەشغۇلاتچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش بەلگىسىنى ياخشى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

1958 - يىلى بىڭتۈەن «ماشىنا ئىشلىرى قائىدىسى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1959 - يىلى بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئۆلگە خۇ چىڭيۈەن ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ «تۆتنى تەكشۈرۈش، سەككىزدە ئاستا بولۇش، سەككىزنى قىلماسلىق» تەك بىخەتەر مەشغۇلات تەجرىبىسىنى تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتتى. 1959 - يىل 5 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «بىخەتەرلىك قائىدىلىرىدىن 40 ماددا» نى تۈزۈپ چىقىپ، پەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 1962 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بىڭتۈەن نەشر قىلغان «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى خەۋەر-

لىرى»دە بېكىتىلگەن ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىك 8 - شى 30 - تۇەن (ھازىرقى 147 - تۇەن) سىزغان «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتىدىكى بىخەتەرلىك تېخنىكا قائىدىلىرىنى رەسىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش» تىكى جەمئىي 55 پارچە رەسىم تاللاپ بېسىلدى. بۇ رەسىملەر ھەيدىلىۋاتقان ئېتىزدا ئۇخلاش مەنئى قىلىنىدۇ، يازلىق يىغىمدا ئوت قالاش، تاماكا چېكىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەش مەنئى قىلىنىدۇ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش توغرىسىدىكى ئاسما رەسىملەردىن ئۇيغۇرچە يېزىقتا 10 مىڭ يۈرۈش، خەنزۇچە يېزىقتا 10 مىڭ يۈرۈش بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى يەنە «ھادىسە توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»، بىخەتەرلىك پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى بىخەتەرلىك تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. 1985 - يىلى يىللىق تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك دەرسى ئۆتۈش، بىخەتەرلىك كۈنى پائالىيىتى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە، كىنو، پروجېكسىيە ئاپپاراتى، رەسىملەر كۆرگەزمىسى، تەشۋىقات ماشىنىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق شوپۇرلار ۋە كەڭ ئاممىغا كەڭ - كۆلەمدە بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى. تەربىيە ئالغۇچىلار 790 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

## 2. نومۇر تاختىسى، كىنىشكا تەكشۈرۈش

1958 - يىل 8 - ئايدا بېكىتىلگەن ئېتىزلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان تراكتور، كومباين قاتارلىق ماتورلۇق ماشىنىلارغا قارىتا شوپۇرلۇق كېنىشكىسى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كېنىشكىسى يوقلارنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشى مەنئى قىلىنىپ، قاتناش تارماقلىرى كىنىشكا تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، تاشيولدا يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىندى. 1965 - يىلى، 1975 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى قاتناش نازارىتى بىلەن بىرلىكتە تراكتورلار ئېتىز مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش ۋە تاشيولدا يۈرۈشتە جەزمەن 2 خىل شوپۇرلۇق كېنىشكىسى تۈزۈمى بولۇشىنى بەلگىلىدى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىشىغا ئەگىشىپ شوپۇرلۇق كېنىشكىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى. 1985 - يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلىرىنى تۇنجى قېتىم يىللىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن تراكتور 71 مىڭ 816 بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ %84 نى، تەكشۈرۈلگەن شوپۇر 94 مىڭ 289 ئادەم بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %85.4 نى ئىگىلىدى ھەممە نومۇر تاختىسى، شوپۇرلۇق كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى شۇ يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ، 38 ناھىيە 57 (شەھەر)، يېزا، بىڭتۇەننىڭ 4 دېھقانچىلىق تۇەن - مەيدانىدا جەمئىي 452 چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتورنى ئارىلاپ تەكشۈردى.

### 3 . ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

1985 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشتىكى 13 ئىلغار ئورۇننى تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىدىن بۆرتالا ئوبلاستلىق، سانجى ئوبلاسلىق، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرى؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرىدىن قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاقتۇ، باغراش، مىچۈەن، توققۇزتارا، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك، باركول قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك، ئالتاي شەھەرلىك، بورتالا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى بار.

## § 3 . ھادىسە دېلولىرى

### 1 . ھادىسە

1951 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە تراكتورلارنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىرەكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا مەركەزلەشتى. ئەينى ۋاقىتتا ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدا يېرىم ھەربىيلەشكەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، دەرھال تەربىيە ئېلىپ باردى. ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ كۆپىنچە سەۋەبى ئاسراش مۇۋاپىق بولماسلىق، رېمونت قىلىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم زەخىملىنىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلدى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بىگتۇەنىڭ بەزىبىر تۇەن - مەيدانلىرى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىۋارسىز قارىغانلىقتىن، ئېغىر ھادىسە يۈز بېرىش نىسبىتى كۆپىيىپ قالدى. 1960 - يىلى يۈز بەرگەن چوڭ ھادىسە 318 قېتىم بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 20% ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم يارىلىنىش ئۆلۈش ھادىسىسى 87 قېتىم.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تراكتور سانى يىلسېرى كۆپىيىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا بىر مەھەل ئېتىۋارسىز قارالغانلىقتىن، ھادىسىلەر كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ، ئادەم يارىلىنىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرى كۆپىيىپ قالدى. 1963 - يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يۈز بەرگەن ئادەم يارىلىنىش، ئۆلۈش ھادىسىسى 25 قېتىمغا يېتىپ، 4 ئادەم ئۆلدى، 3 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، بۇزۇلغان ماشىنا - سايمانىنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى؛ شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 51 تراكتور پونكىتىدا 136 قېتىم چوڭ ھادىسە يۈز بېرىپ، 7 ئادەم ئۆلدى، 46 ئادەم يارىلاندى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھا-

لەنكە چۈشۈپ قالدى ، قائىدە - تۈزۈملەر بىكار قىلىندى ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆتىندىغان ئادەم بولمىغاچقا ، ھادىسە زور مىقداردا يۈز بەردى . 1966 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى تارقاتقان «چوڭ يارىلىنىش ، ئۆلۈش ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تا يېزىلىشىچە ، 17 ناھىيىدىكى تراكتور پونكىتلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ھادىسىدە 21 ئادەم ئۆلگەن . 1969 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە بىكنۇەندە يۈز بەرگەن ھادىسىدە 90 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم مەجرۇھ بولغان ، 300 دىن ئارتۇق تراكتور بۇزۇلغان . 1972 - يىلدىن 1973 - يىل 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 139 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ ، 74 ئادەم ئۆلگەن ، 126 ئادەم ئېغىر يارىلانغان ؛ 1974 - يىلى 960 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ ، 84 ئادەم ئۆلگەن ، 198 ئادەم ئېغىر يارىلانغان .

1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلگەنلىكتىن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا زور مىقداردا ئاشقان بولسىمۇ ، ھادىسە يۈز بېرىش نىسبىتى ، يارىلىنىش ، ئۆلۈش نىسبىتى ، ئىقتىسادىي زىيان تۆۋەنلەشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى .

**شىنجاڭ بويىچە 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يۈز بەرگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرى**

جەدۋەل : 2—23

| يىللار | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى (قېتىم) | ھەر 10 مىڭ تراكتوردا (قېتىم) | ئۆلگەن ئادەم سانى (ئادەم) | ھەر 10 مىڭ تراكتوردا ئۆلگەن ئادەم سانى (ئادەم) | ھەر 10 مىڭ تراكتورنىڭ ئىقتىسادىي زىيان (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 1069 | 52.5 | 137 | 7.2 | |
| 1977 | 1337 | 56.8 | 197 | 13.6 | |
| 1978 | 971 | 34.8 | 192 | 13.6 | |
| 1979 | 1044 | 38.2 | 255 | 9.3 | |
| 1980 | 1072 | 35.9 | 374 | 10.6 | 3.67 |
| 1981 | 838 | 23.5 | 354 | 9.9 | 2.9 |
| 1982 | 615 | 16.2 | 299 | 7.9 | 2.43 |
| 1983 | 518 | 11.4 | 348 | 7.7 | 1.57 |
| 1984 | 507 | 8.5 | 298 | 5 | 0.94 |
| 1985 | 642 | 7.5 | 373 | 4.4 | 0.54 |

## 2 . دېلولاردىن مىساللار

1953 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى تودۇگخابا ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش مەيدانىنىڭ تېخنىك ئىشچىسى لى چۇگسەن ئېتىزدا تراكتورنىڭ تېخنىكىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىز بېشىغا بېرىپ قىر يېنىدا ئۇخلىغان. تراكتور ئېتىز بېشىدا ئايلانغاندا 2 - گۇرۇپپىدىكى 5 چىشلىق سوقىنىڭ سىرتقى چاقى لى نىڭ پۇتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 2 پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قېلىنغا بولسىمۇ، 2 پۇتى ئېغىر دەرىجىدە مەجرۇھ بولۇپ قالغان. كېيىن «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» دە بۇ ھادىسە خەۋەر قىلىنىپ، قىسىملارنىڭ ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى بۇ ھادىسىدىن ئىبرەت ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان.

1963 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانجى جۇنغۇ دېھقانچىلىق مەيدانى «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق تراكتورنىڭ شوپۇرى جاڭ يۇگۆي تراكتورنى ھەيدەپ ئېتىزغا كىرگەن. ئىسمېنا ئۆتكۈزۈۋالغۇچى شوپۇر خۇي يۇگجاڭ بالدۇر ئىشقا كېلىپ، ئېتىز بېشىدا ئۇخلىغان. تراكتور ئايلانغاندا سېزىلمىگەنلىكتىن، سوقىنىڭ تەگشەش تاختىسى خۇي يۇگجاڭنىڭ بېشىغا ئۇرۇلۇپ، نەق مەيداندىلا ئۆلگەن.

1963 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇتۇبى 2 - دېھقانچىلىق مەيدانىدا بۇغداي دېنىنى ئايرىۋاتقاندا، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى يىن زېمىن پۇتى بىلەن دەسسەپ ئۇنچە يوللىغاندا، شوپۇر لى ئۇنى توسمىغان، نەتىجىدە كومبايىننىڭ يالماش چاقى يىن زېمىننىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋەتكەن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

1964 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىدە ئارشاڭ ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ «شەرق قىزاردى -54» تىپلىق تراكتورى ئۆكتەبىر گۇڭشېسىنىڭ 3 - چوڭ ئەترەت 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئېتىزىنى ھەيدەۋاتقاندا، ئەتىگەن سائەت 3 ئەتراپىدا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى جاۋدەر يەرنىڭ ھەيدىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك چۆپلۈكتە ئۇخلىغان. تراكتور يەرنى ئاغدۇرۇپ چۆپلۈككە قايتىدىن كېلىپ سوقىنى ئەمدىلا چۈشۈرۈشكە مەشغۇلاتچى بىر دۆۋە چىغنىڭ ئالدىدا بىر نەرسىنىڭ دومىلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تراكتورچىنى توۋلاپ تراكتورنى توختاتقىچە، بىر قانچە مېتىر مېڭىپ كەتكەن. تەكشۈرگەندە جاۋ دەرنىڭ بېشى دەسسىلىپ، شۇ جايدىلا ئۆلگەن.

1979 - يىل مەلۇم ئايدا قەشقەر شەھىرى قىزىلبايراق گۇڭشې 1 - چوڭ ئەترىتىدىكى «شەرق قىزاردى -28» تىپلىق تراكتورنىڭ شوپۇرى قۇربان خەلق ئىشچىلىرىدىن 26 ئادەمنى تراكتورغا سېلىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىگە ئىشقا ئاپارغان. مېڭىشتىن بۇرۇن تراكتور بىلەن پرىتسېپنى چاتىدىغان چۈلۈكنى ياخشى چاتمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىخەتەرلىك زەنجىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭدىن چۈشكەندە، پرىتسېپ تراكتوردىن ئاجراپ كېتىپ، پرىتسېپ ئېرىققا موللاق ئېتىپ، 7 ئادەم ئۆلگەن، 6 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. جەسەتلەرنى ئېرىقتىن سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئېلېكتر ئىستانسىسى 34 سائەت ئىشتىن توختاپ، 140 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىققان.

1979 - يىل 7 - ئايدا گۇما ناھىيىسى توپلۇق گۇڭشې 7 - چوڭ ئەترەت 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بۇغداينىڭ دېنىنى ئايرىۋاتقاندا، تراكتورچى قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلغانلىقتىن، ماي باكىغا ئوت كېتىپ پارتلاپ ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن

مول ھوسۇل ئېلىنغان 75 مو ئورۇقلۇق ئېتىزنىڭ بۇغدىيىنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ تۈگەپ، 18 مىڭ كىلوگرام بۇغداي زىيانغا ئۇچرىغان. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن شىنجاڭغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلغان.

1980 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالتاي ناھىيىسى خۇڭدۇڭ گۇڭشې 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۇن جىشېڭ «شەرق شامىلى -12» تىپلىق قول تراكتورغا خىمىيىۋى ئوغۇت قاچىلاپ شەرق شامىلى تاش كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، ئۇدۇلدىن ئاپتوموبىل كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ كېتىپ، تراكتورنى ياخشى كونترول قىلالمىغان، تراكتور تېز ئايلىنىپ كېتىپ، كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتكەن، 6 ئادەم ئۆلۈپ، 3 ئادەم ئېغىر يارىلانغان.

1981 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خېجىڭ ناھىيىسى شىيەنشىڭ گۇڭشې 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى گۇڭشې ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىنىڭ تراكتورىنى ئۆلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىدىن بۇغداي ئۇرۇقى تېگىشىپ كېلىشكە ياللاپ، قايتىپ كېلىشتە شوپۇر بىر كېچە دەم ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ھاراق ئىچكەن. ئەترەت باشلىقى كېچىچە قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇغان. قايتىپ كەلگەچە كېيىنكىدە 4 ئادەم ئولتۇرغان. تۇيۇقسىزلا سول چىراق كۆيۈپ كەتكەن. ئوڭ چىراقنىڭ نۇرى ئاجىز بولغاچقا، شوپۇر بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغان، 5 - خوتنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا تراكتور ئۆرۈلۈپ كېتىپ 3 ئادەم ئۆلگەن، 5 ئادەم يارىلانغان.

1981 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى تۆگىچى گۇڭشې 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى قۇربان مۇھەممەت شاگىرتى ھەسەن ئەيسانى «شەرق قىزاردى - 28» تىپلىق تراكتوردا خەلق ئىشچىلىرىنى سۇ قۇرۇلۇشى مەيدانىغا توشۇشقا زورلىغان. يولدا 6 - خوتنا كېتىۋاتقاندا، رول كاردىن چىقىپ، بىر تەرىپىنىڭ تورمۇزى تۇتماي، تراكتور شۇتا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، 3 ئادەم ئۆلگەن، 8 ئادەم ئېغىر يارىلانغان، 22 ئادەم يېنىك يارىلانغان.

1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سانجى ناھىيىسى ئەرگۈڭ گۇڭشې بەخت 2 - ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ماچېڭگوي ئۆزى سېتىۋالغان قول تراكتورنى كېنىشكىسىز ھەيدەپ، 14 ئادەمنى تراكتورغا سېلىپ سانجى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كېتىۋېتىپ، ئۈرۈمچى - ئېلى تاشيولىنىڭ 43 كىلومېتىر بۆلىكىدىكى ئايلانمىغا كەلگەندە، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، رولنى شىددەتلىك بۇرىۋەتكەنلىكتىن، غەرب تەرىپىدىكى قۇرۇق ئۆستەڭگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 8 ئادەم ئۆلگەن، 3 ئادەم يارىلانغان.

1981 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ياركۆۋرۈك گۇڭشې 10 - چوڭ ئەترەت 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ «شەرق قىزاردى - 28» تىپلىق تراكتورىنى كېنىشكىسى يوق ياردەمچى شوپۇر توختى ھەيدەپ، 30 ئادەمنى تراكتورغا سېلىپ گۇڭشېنىڭ ئاشلىق پونكىتىغا ئاپارغان، قايتىشىدا چاتقۇچ چۇلۇك تۇشۇكىدىن چىقىپ كېتىپ، تراكتور ئۆرۈلۈپ كەتكەن، 5 ئادەم ئۆلگەن، 18 ئادەم يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 6 ئادەم مەجرۇھ بولۇپ قالغان.

1984 - يىل 6 - ئايدا غۇلجا ناھىيىسى ئۈچيۈن گۇڭشېسىنىڭ بىر ئەزاسى كىنىشكىسىز تراكتور ھەيدىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تراكتورنىڭ چىراقلىرى بولمىغاچقا، كېچىدە ھەيدەپ ئۆستەڭنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، 7 ئادەم ئۆلگەن، شوپۇرغا 3 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

ئۈچىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش

# ئۈچىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ۋە ئۈنۈم بىلەن تەمىنلەش

## I باب

## دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ياساش

### § 1. كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا (شۇ چاغدا شىنجاڭ غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلاتتى) كىشىلەر تۆمۈردىن سايمان ياساشنى تېخى بىلمەيتتى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە شى جۈن، شىيې يۇمەلىكلىرىنىڭ ئۇيسۇن قاتارلىق ئەللەرگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە قورال ـ سايمان ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى غەربىي يۇرتقا تارقىلىشقا باشلىدى. خەن يۈەندى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 33 -48 ـ يىللىرى) دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ مۇئاۋىن توپ بېشى چېن تاڭسېڭ ئىچكىرىنىڭ تەسىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنى «كەلدى بۇ يەرگە خەن ئىلىنىڭ قولى گۈل ماھىرلىرى» دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ «قولى گۈل ماھىرلار» ئىشلەپچىقىرىش قورال ـ سايمانلىرىنى ياساشقىمۇ ماس كەلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيسۇنلۇقلار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر سوقا قاتارلىقلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نىيە تۆمۈر تاۋلاش خارابىلىكىدە بايقالغان تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر داشقىلى، تۆمۈر رودىسى قاتارلىق قالدۇق بۇيۇملار، شى جۈن مەلىكىنىڭ ئۇيسۇنغا ھۈنەرۋەنلەرنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ بوز يەر ئاچقۇچى چېرىكلەرنىڭ ئىچكىرىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكىلىپ تارقاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ تۆمۈر تاۋلاش كەسپى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى.

تاڭ سۇلالىسى شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) ئورلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ

چېدىر - يېزىسى) دا بوز يەر ئېچىلغان. بۈگۈر ناھىيىسى چېدىر يېزىسىنىڭ ئەتراپىدا بايـ
قالغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تۆمۈر تاۋلاش خارابىلىكى - بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيـ
لەرنىڭ ھەربىي قورال - ياراغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياسايدىغان جايى ئىكەن. يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئېچىشتىكى دېھقانچىلىق قوراللىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈـ
چۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 19 - يىلى (1282 - يىلى) بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى)
تا قويمىچىلىق كەسپى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياسالغان. چىڭ سۇلالىسىـ
نىڭ چيەنلۇڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) ئۈرۈمچى تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، چيەنـ
لۇڭ 29 - يىلى (1764 - يىلى )11 - ئايدا رەسمىي تۆمۈر تاۋلاشقا كىرىشكەن، ھەر يىلى
3000 كىلوگرام ئەتراپىدا تۆمۈر تاۋلىنىپ، تۆمۈر ساپان، تۆمۈر ئوتۇغۇچ، تۆمۈر ئورغاق،
پالتا قاتارلىقلار ياسالغان. تۇرپان، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا دېھقانچىـ
لىققا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ زاۋۇت تەمىنلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ
چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرى (1795 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) سودىگەر سۈي جەنيۈەن ھاـ
زىرقى جىمسارنىڭ شۈيشىگۇ دېگەن يېرىدە تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇپ، مېتال تاۋلاشنى راۋاجلانـ
دۇرۇپ، ھەربىي قورال - ياراغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىغان، بۇ چاغدىكى ئەھـ
ۋالنى بۇرۇنقىلار: «ئاتەشلىنىپ تۇرىۋاتقان ئوچاقلار، بولقا - بازغان ئاۋازى»دەپ تەرىپلىشەتتى. شىنـ
جاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان (1884 - يىلى)دىن كېيىن، بۇ تۆمۈر زاۋۇتى سودىگەرلەر باشـ
قۇرۇشىدىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلىپ، داۋاملىق تۈردە قورال - ياراغ ۋە دېھقانـ
چىلىق سايمانلىرى ياسالدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنـ
گەن: «ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت سوقىدىن 20 مىڭنى قويۇپ ياساپ ئادەتتىكى باـ
ھادا ساتتى ھەمدە سوقا بېشىنىڭ بارماقتەك ئۇزۇن - قىسقا شەكلىنى تەكشى قىلىپ ئۆزگەرتـ
تى، بۇ كونا شەكىلدىكى سوقىدىن كۆپ ياخشى بولدى».

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆـ
كۈمەتلىرى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زور مىقداردا كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىـ
رى ياسىدى. 1950 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 110 مىڭ ئادەمنى
دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا ئويۇشتۇردى. ئۇ چاغدا قول بىلەن ياسالغان
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىش قىيىن بولغاچقا، شىنجاڭ ھەربىي رايوـ
نى ھەر قايسى شى، تۇەنلەردىن كونا پولات - تۆمۈرلەرنى يىغىپ - توپلاپ، ماھىر ھۈنەرـ
ۋەن - ئۇستىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزى ياساپ، ئۆـ
زى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ھەربىي
رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھەربىي سانائەت بۆلۈمى دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 67
مىڭ 736 نى ياساپ چىقتى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى 14 مىڭ 752 نى ياساپ چىقىـ
تى، باشقا ھەر قايسى قىسىملارمۇ 100 مىڭغا يېقىن دېھقانچىلىق سايمىنىنى ياساپ چىقتى.
(جەدۋەل: 1—3 گە قاراڭ)، بۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئېچىش ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق
قورال - سايمانلار ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1950 - يىلى ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئىشلەتكەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى

جەدۋەل: 3—1

| دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ نامى | سانى (دانە) | دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ نامى | سانى (دانە) |
|---|---|---|---|
| كەتمەن | 41506 | ئۈچلۈق بىسلىق ئوتىغۇچ | 530 |
| گۈرجەك | 2481 | 3 بۆرجەكلىك ئوتىغۇچ | 1020 |
| ساپان | 1951 | چوڭ بۆزلۈك ئوتىغۇچ | 9370 |
| 7 چىشلىق تىرنا | 15145 | كىچىك بۆزلۈك ئوتىغۇچ | 3322 |
| 4 چىشلىق تىرنا | 1016 | ئورغاق | 16400 |
| ئوتىغۇچ | 2775 | پالتا | 1005 |
| تەكشى بىسلىق ئوتىغۇچ | 2487 | جەمئىي | 99368 |

ئىزاھات: ئۇرۇق سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان چاناق ۋە خامان تېپىشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل سايمانلارنىمۇ ئۆزى ياسىغان.

1954 - يىلى بىكىتىلگەن قۇرۇلۇپ ئۇزۇن مەزگىلگىچە يەنىلا كونا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1959 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە جەمئىي 1 مىليون 70 مىڭ دانە، 1970 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە 278 مىڭ دانە، 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 647 مىڭ دانە ياسالدى. دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن كەتمەن، تۆمۈر گۈرجەك، ئوتىغۇچ، ئورغاق قاتارلىقلار بار. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەرز پۇل ئاجرىتىپ ساپان، كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق جەمئىي 1 مىليون 10 مىڭ داندىن ئارتۇق سايمان ياسىتىپ دېھقان، چارۋىچىلارنى تەمىنلىدى. 1952 - يىل 7 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سودا شىركىتىدىن 1500 توننا پولات - تۆمۈر ئاجرىتىپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا تەقسىم قىلىپ، 1 مىليون دانە كەتمەن، تۆمۈر گۈرجەك، ئوتىغۇچ ئورغاق، ساپان چىشى قاتارلىقلارنى بىر تۇتاش ياساشنى قارار قىلدى، 1953 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن 1 مىليون 60 مىڭ داندىن كۆپرەك دېھقانچىلىق سايمىنى ياساپ، بازار باھاسىدىن 25% تۆۋەن باھادا دېھقانلارغا سېتىپ بەردى. 1954 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئېچىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنىدا جايلاردىن كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى داۋاملىق تولۇقلاش تەلەپ قىلىندى. 1956 - يىل 3 -

ئايدا شىنجاڭدا قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالدى. 1957 - يىلى ھۆكۈمەت دېھقانلارنى 960 مىڭ دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، جايلاردىكى قول سانائەت بىرلەشمىلىرى 690 مىڭ كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە 68 مىڭ ساپان ياسىدى. دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، جايلار ئاقما لىنىيىلىك مەشغۇلاتنى ۋە قېلىپقا سېلىپ ياساشنى يولغا قويدى. تۇرپان، يەكەن ناھىيىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان كەتمەن ھەر كۈنى ھەر ئائىلىگە 9 ۋە 3 دانىدىن توغرا كېلىشتىن ئۆرلەپ، 12 ۋە 6 دىن توغرا كېلىدىغان بولدى؛ كۇچا، سانجى ناھىيىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئورغاق ھەر كۈنى ھەر ئائىلىگە 8 دىن ۋە 11 دىن توغرا كېلىشتىن ئۆرلەپ، 11 دىن ۋە 22 دانىدىن توغرا كېلىدىغان بولدى؛ ئۈرۈمچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان كەتمەن 3 ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن جايلاردىكى قولدا ياسىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. 1961 - يىل 2 مىليون 700 مىڭ دانە ئىشلەپچىقىرىلدى. 1967 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە تەمىنلەش مىقدارى 4 مىليون دانىگە يېقىنلاشتى، 1980 - يىل كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 3 مىليون 990 مىڭى سېتىلىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. مەھسۇلات تۈرلىرى كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق (ھەر خىل)، ئوتىغۇچ (ھەر خىل)، تىرنا، تۆمۈر ئارا، شوشاڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## 2 § . يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش

شىنجاڭدا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنىنى ئۆزى ياساش 1951 - يىلدىن باشلانغان. شۇ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 22 - بىڭتۇەن 25 - شىسى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى) 5 قۇرلۇق ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان سېيالكىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى. 1952 - يىلى ھەربىي رايونغا تەۋە 2 - جۇننىڭ 6 - شىسى، 22 - بىڭتۇەننىڭ 26 - شىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان كولتىۋاتسىيە، 2 قۇرلۇق كېۋەز سېيالكىسى، قول ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان كېۋەز مايسىسىنى كۆچۈرگۈچ قاتارلىق سايمانلارنى ياساپ چىقتى. 1955 - يىلى بىڭتۇەن تۇنجى تۈركۈمدە تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتىدىن 5نى قۇرۇپ چىقىپ، قىسمەن يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئىشلىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مەھسۇلات مىقدارى، تۈرى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. مەھسۇلات تۈرلىرى ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان ساپان، تىرنا، سېيالكا، كولتىۋاتور، ئوت - چۆپ ئورۇش، يىغىش ماشىنىسى، ئۈستىدىن ئوغۇتلاش ماشىنىسى، رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1959 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەن ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئىشلەتكەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى

جەدۋەل: 3—2

| يىللار | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى | رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسى (دانە) | يىللار | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى (دانە) | رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 44.4 | 1 | 1972 | 205 | 10146 |
| 1960 | 1667 | 350 | 1973 | 567 | 1247 |
| 1961 | 2817 | 99 | 1974 | 200 | 29754 |
| 1962 | 1254 | 167 | 1975 | 3548 | 5682 |
| 1963 | 1381 | 131 | 1976 | 1876 | 19718 |
| 1964 | 840 | 146 | 1977 | 2038 | 8859 |
| 1965 | 4442 | 148 | 1978 | 1874 | 4429 |
| 1966 | 5829 | 142 | 1979 | 1875 | 25827 |
| 1967 | 2188 | 156 | 1980 | 1456 | 47226 |
| 1968 | 1801 | 283 | 1981 | 1039 | 50010 |
| 1969 | 2258 | 194 | 1982 | 619 | 130784 |
| 1970 | 1267 | 211 | 1983 | 1247 | 139100 |
| 1971 | 1330 | 1218 | 1984 | 829 | 16000 |
| | | | 1985 | 1038 | 4000 |

1953 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، كۆپ خىلدىكى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سايمانلىرىنى ياسىدى.

1953 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ماشىنا زاۋۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى) رەسمىي قۇرۇلۇپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى 7 سۈگۈلۈك سوقا، كىچىك تىپلىق قولدا ئايلاندۇرۇلىدىغان كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى، 23 - نومۇرلۇق 1 چىشلىق سوقا، «Z—0.7» تىپلىق كولتىۋاتور، 1 قۇرلۇق كېۋەز سېپالكىسى، 28 - نومۇرلۇق بوز يەر ئېچىش سوقىسى قاتارلىقلار ئىش-

لەپچىقىرىلدى. 1954 - يىلى 10 قۇرلۇق سېيالكا، 25 - نومۇرلۇق 1 چىشلىق سوقا يېڭىدىن قوشۇلدى. 1955 - يىلى مىقلىق تىرنا، 2 چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، پىچاق چاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلار يېڭىدىن قوشۇلدى. 1956 - يىلى «Gl. 5» تىپلىق تەۋرەنمە يەلكىلىك ھوسۇل يىغىش ماشىنىسى سىناق قىلىپ ياسالدى. 1958 - يىلى دانلىق زىرائەت شامالدۇرغۇچى يېڭىدىن قوشۇلدى. 1962 - يىلى ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى يېڭىدىن قوشۇلدى. 1953 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بۇ زاۋۇت يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن جەمئىي 21 خىل، 147 مىڭ دانە ياسىدى. بۇ زاۋۇت ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسايدىغان ئاساسلىق زاۋۇت ئىدى.

1953 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە شىنجاڭ ماشىنا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى

جەدۋەل: 3—3

| دېھقانچىلىق سايمىنى نامى | ئىشلەپچىقىرىلغان يىلى | سانى |
| --- | --- | --- |
| 7 سۈڭگۈلۈق سوقا | 1955~1953 | 9415 |
| 23 - نومۇرلۇق 1 چىشلىق سوقا | 1956~1953 | 16082 |
| 28 - نومۇرلۇق بوز يەر ئېچىش سوقىسى | 1953 | 31 |
| 2 چاقلىق 1 چىشلىق سوقا | 1958~1955 | 15372 |
| 2 چاقلىق، قوش چىشلىق سوقا | 1956~1955 | 16981 |
| 23 - نومۇرلۇق قوش چىشلىق سوقا | 1965~1964 | 6506 |
| 25 - نومۇرلۇق قوش چىشلىق سوقا | 1966~1963 | 8500 |
| 28 - نومۇرلۇق قوش چىشلىق سوقا | 1966~1964 | 5003 |
| مىقلىق تىرنا | 1964~1955 | 18058 |
| كېۋەزنى قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى | 1953 | 803 |
| 10 قۇرلۇق قۇرلاپ تېرىش سېيالكىسى | 1967~1955 | 19984 |
| ئاددىي ئورۇش ماشىنىسى | 1959 | 50 |
| تەيگۇ ماركىلىق ئورۇش ماشىنىسى | 1960 | 1320 |
| تەۋرەنمە يەلكىلىك ئورۇش ماشىنىسى | 1970~1960 | 7019 |
| كولتىۋاتور | 1965~1953 | 7155 |

| | | |
|---|---|---|
| 1.4 مېتىرلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | 1966~1962 | 3620 |
| 2.1 مېتىرلىق ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى | 1966~1963 | 3650 |
| قوناق دېنى ئايرىش ماشىنىسى | 1954~1953 | 3001 |
| دانلىق زىرائەت شامال ساندۇقى | 1958 | 617 |
| پىچاق چاقلاش ماشىنىسى | 1958~1955 | 1643 |
| ئۇرۇق ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى | 1957 | 25000 |
| جەمئىي | | 147310 |

1954 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقاسەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى ئىشلەپچىقىرىپ، 1955 - يىلى نامىنى قەشقەر دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى (يەنى ھازىرقى قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى). 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بۇ زاۋۇت 7 سوقۇلۇق سوقا، 2 چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، قەشقەر سوقىسى، سېيالكا (5 قۇرلۇق، 9 قۇرلۇق، 10 قۇرلۇق)، كولتىۋاتور، قولدا ئايلاندۇرۇلىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى قاتارلىق 8 خىل جەمئىي 156 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ئىشلەپچىقاردى.

1956 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، ئورمانچىلىق، ئاشلىق - نازارەت - ئىدارىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلاردىن 30 نەچچىنى قۇردى. بۇ زاۋۇتلار ئاساسەن ياكى قىسمەن جەھەتتىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى يېرىم ماشىنىلاشقان ماشىنا - سايمانلارنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تۆرى ھەر خىل سوقا، تىرنا، سېيالكا، كولتىۋاتور، دورا چېچىش، زىرائەت، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1965 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، يەككە قول سانائەتچىلەر تەشكىللىنىپ، ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ياسىدى. 1958 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. 1961 - يىلى زاۋۇت (كوپېراتىپ) 79 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 54 زاۋۇت (5 سوقۇلۇق، 7 سوقۇلۇق) سوقا، 23 - نومۇرلۇق 1 چىشلىق سوقا، 2 چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، سېيالكا، كولتىۋاتور،

مىقلىق تىرنا، دورا پۈركۈگۈچ، چىگىدىنغۇچ قاتارلىقلارنى ياسىدى، بەزى زاۋۇتلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مەخسۇس يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسايدىغان كەسپىي زاۋۇت بولۇپ قالدى.

1962 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىدە پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە قىسمەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى ئىخچاملاندى، تەڭشەلدى، تاقالدى، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى، قوشۇۋېتىلدى، كەسپى ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ، تۈرى كۆپەيدى، سۈپىتى مۇقىم ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تولۇقسىز ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1965 - يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆزى ياسىغان يېرىم ماشىنىلاشقان ئادەم، ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ تۈرلىرى 30 خىلغا يېقىنلاشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە 5 سۆڭگىلۈك، 7 سۆڭگىلۈك سوقا، قەشقەر سوقىسى، 23 -، 25 -، 28 - نومۇرلۇق 1 چىشلىق سوقا، 23 -، 25 -، 28 - نومۇرلۇق 2 چاقلىق قوش چىشلىق سوقا، مىقلىق تىرنا، 1 قۇرلۇق، 2 قۇرلۇق كېۋەز سېيالكىسى، 5 قۇرلۇق، 9 قۇرلۇق، 10 قۇرلۇق سېيالكا، كولتىۋاتور، چىگىدىنغۇچ، قولدا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان پاراشوك پۈركۈگۈچ، تۇمان پۈركۈگۈچ، مايسا كۆچۈرگۈچ، تەۋرەنمە يەلكىلىك تەيگۇ ماركىلىق ئورۇش ماشىنىسى، قولدا ئايلاندۇرىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى، دورا ئارىلاشتۇرغۇچ، شامالدۇرغۇچ، پىچاق چاقلاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى ۋە ئادەم، ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى بار. يۇقىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 1953 - يىلى 9400 ى، 1956 - يىلى 41 مىڭى، 1960 - يىلى 82 مىڭى ياسالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سوقا تۈرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ماشىنا - سايمان تۈرى، سانىنىڭ شۇنچە كۆپىيىشى 1954 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە سوقا ئاساس قىلىنغان يېرىم ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىقنى تېزدىن يولغا قويۇش ئۈچۈن ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

1969 - يىلى دۆلەتنىڭ «ھەر بىر ناھىيىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بولۇشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن 84ى قۇرۇلدى. بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدان - تۇەنلىرىدە قۇرۇلغان زاۋۇت 50 كە يېقىنلاشتى. 1956 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە قۇرۇلغان 30 نەچچە تراكتور رېمونت زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ئاساس قىلىنغان زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قانچە نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەڭ تۇتۇش، 2 پۇتتا يول مېڭىپ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ھەر قايسى زاۋۇتلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش چۈشۈرگەن يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۆز جايىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاسا-

سەن ، ياساش ۋەزىپىسىنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇردى . 1975 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 47 زاۋۇت ئۇلاغ سۆرەيدىغان سوقا ، سېيالكا (5 قۇرلۇق ، 10 قۇرلۇق) ، دورا پۈركۈگۈچ ، كولتىۋاتور ، يەلكىلىك ئورۇش ماشىنىسى ، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ، ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى ، بۇغداي دېنى ئايرىش ماشىنىسى ، مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسى ، پىچاق چاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن 15 مىڭ 200 دانىنى ياسىدى . 1981 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى يەنىمۇ كۆپەيدى . 1985 - يىللىق تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، 30 زاۋۇت قۇش ئەغەر سوقىسى ، يېنىك سوقا ، 2 قۇرلۇق كېۋەز سېيالكىسى ، 5 قۇرلۇق ، 7 قۇرلۇق ، 10 قۇرلۇق سېيالكا ، كولتىۋاتور ، بۇغداي دېنى ئايرىش ماشىنىسى ، قولدا ئايلاندۇرىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ، ئات سۆرەيدىغان ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق 12 خىل سايماندىن 19 مىڭدىن كۆپرەك ياسىغان . ئۈرۈمچى ناھىيىلىك دورا پۈركۈگۈچ زاۋۇتى قولدا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان دورا پۈركۈگۈچتىن 54مىڭنى ياسىدى ، 6 زاۋۇت ئادەم ، ئۇلاغ سۆرەيدىغان رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسىدىن 64 مىڭنى ياسىدى .

1953 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل : 3—4

بىرلىكى : دانە

| يىللار | مەھسۇلات مىقدارى | يىللار | مەھسۇلات مىقدارى | يىللار | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 9417 | 1964 | 40815 | 1975 | 15191 |
| 1954 | 3702 | 1965 | 38839 | 1976 | 18045 |
| 1955 | 36853 | 1966 | 37301 | 1977 | 28790 |
| 1956 | 41375 | 1967 | 18490 | 1978 | 19646 |
| 1957 | 15784 | 1968 | 10528 | 1979 | 18223 |
| 1958 | 15909 | 1969 | 4790 | 1980 | 8195 |
| 1959 | 30527 | 1970 | 12953 | 1981 | 8908 |
| 1960 | 81988 | 1971 | 8988 | 1982 | 27070 |
| 1961 | 68966 | 1972 | 9355 | 1983 | 27802 |
| 1962 | 19801 | 1973 | 6056 | 1984 | 31403 |
| 1963 | 32876 | 1974 | 12248 | 1985 | 73505 |

## 3 § . ئېنېرگىيىلىك ماشىنىلارنى ۋە مەشغۇلات ماشىنىلىرىنى ياساش

شىنجاڭدا ماتورلۇق دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ياساش 1956 ـ يىلى باشلاندى. شۇندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان زاۋۇتلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ياسالغان ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ خىللىرى، سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، 1985 ـ يىلغا بارغاندا، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش كارخانىسى 111 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتا بېكىتىلگەن ياساش كارخانىسى 37 بولۇپ، بۇ كارخانىلار تراكتور، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل، كومبايىن ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تېرىقچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت قاتارلىق ماشىنىلاردىن 10 تۈردە 100 خىلغا يېقىن ياسىدى. ئۇندىن باشقا يەنە، نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سەپلىمە زاپچاسلىرى ۋە رېمونت قىلىشنى تەجرىبە قىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ياسىدى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى 596 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ماشىنىسازلىق سانائىتى مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40%نى ئىگىلىدى، ماشىنا ـ سايمانلار بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 45% ئەتراپىغا يەتتى.

### 1 . تراكتور

1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى) «سەكرەپ ئىلگىرىلەش ـ 24» تىپلىق چاقلىق تراكتورنى سىناق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، شۇ يىلى 16 دانە ياساپ، شىنجاڭدا تراكتور ياسالمايدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا بىڭتۈەن 6 ـ شىسىنىڭ تراكتور رېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ كىچىك تىپلىق ئاپتوموبىل زاۋۇتى) مۇ «تەڭرىتاغ ـ 24» تىپلىق چاقلىق تراكتوردىن بىر قانچىنى سىناق قىلىپ ياساپ چىقتى.

1959 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن، شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى تراكتور ياساشقا رەسمىي كىرىشىپ، 1985 ـ يىلغا قەدەر ھەر خىل تراكتوردىن 36 مىڭدىن كۆپرەك ياسىدى. تۈركۈملەپ ياسالغان تراكتور تىپلىرىدىن «قىزىل ئۆكتەبىر (ھەمكارلىق ـ 225 تىپلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)»، «شەرق قىزاردى ـ 28G» تىپلىق، «شەرق قىزاردى ـ 28» تىپلىق، «قىزىل ئۆكتەبىر ـ 40» تىپلىق، «شىنجاڭ ـ 12» تىپلىق، «شىنجاڭ ـ 15» تىپلىق قاتارلىق 6 خىل تراكتور بار (ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «شىنجاڭ ـ 40X» تىپلىق، «شىنجاڭ ـ 500» تىپلىق 2 چاقلىق تراكتورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى). بۇنىڭ ئىچىدە: «شىنجاڭ ـ 28» تىپلىقتىن جەمئىي 13 مىڭ 254 نى ياسىدى. بۇ مەھسۇلات 1979 ـ يىلى دۆلەت تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. «شىنجاڭ ـ 12» تىپلىق، «شىنجاڭ ـ 15» تىپلىق 2 خىل كىچىك تۆت

چاقلىق تراكتوردىن 22 مىڭ 448نى ياسىدى. 1972 - يىلدىن ئېتىۋارەن بىڭتۇەننىڭ ئايرىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قول تراكتورنى، 20 ئات كۈچىدىن كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى، 1977 - يىلغا قەدەر قول تراكتوردىن 52 نى، كىچىك 4 چاقلىق تراكتوردىن 46 نى ياساپ چىقتى.

1958 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدا ياسالغان تراكتورلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 3—5 بىرلىكى: دانە

| يىللار | ئوتتۇرا تىپلىق | كىچىك تىپلىق | يىللار | ئوتتۇرا تىپلىق | كىچىك تىپلىق | يىللار | ئوتتۇرا تىپلىق | كىچىك تىپلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 16 | | 1971 | 1130 | 2 | 1980 | 2420 | 137 |
| 1960 | 126 | | 1972 | 1130 | 2 | 1981 | 920 | 165 |
| 1961 | 77 | | 1973 | 221 | | 1982 | 510 | 1912 |
| 1964 | 3 | | 1974 | 50 | | 1983 | 300 | 5645 |
| 1966 | 120 | | 1975 | 810 | 2 | 1984 | 400 | 7402 |
| 1967 | 339 | | 1976 | 820 | 71 | 1985 | 300 | 11110 |
| 1968 | 166 | | 1977 | 830 | 254 | جەمئىي | 14128 | 28023 |
| 1969 | 330 | | 1978 | 1370 | 843 | | | |
| 1970 | 700 | | 1979 | 1550 | 480 | | | |

1976 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى قول تراكتورى زاۋۇتى قۇرۇپ، «تەڭرىتاغ - 12» تىپلىق قول تراكتورى ياسىدى، 1985 - يىلغا قەدەر بۇ تراكتوردىن جەمئىي 5194نى ياساپ چىقتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىغا قاراشلىق ئايرىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى كىچىك 4 چاقلىق تراكتوردىن جەمئىي 300 دىن كۆپرەكىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە قول تراكتورى ۋە كىچىك 4 چاقلىق تراكتوردىن جەمئىي 28 مىڭدىن كۆپرەك ياسالدى. (جەدۋەل: 3—5كە قاراڭ).

## 2. ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل

شىنجاڭدا ياسالغان ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل ئاساسلىقى دېزېلماتورىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ تراكتور ياساش ۋە دېھقانچىلىق - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ

ئىشلەش، ئېتىزلارنى سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىقلارنى يۈرۈشلەشكەن ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئەتتى.

1958 - يىلى يازدا بىڭتۇەن 8 - شىسىنىڭ شىخەنزە 1 - ئاۋغۇست ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 8 ئات كۈچىگە ئىگە بىر سىلىندىرلىق ياتما شەكىللىك دىزېلماتوردىن بىر نەچچىسىنى ياساپ چىقتى، بۇنىڭ بىرىنى جۇڭگو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆرگەزمە ئۆمىكى شۇ يىلى 12 - ئايدا ۋېيتنامدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ماتور ئىشلەپچىقىرالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى.

1970 - يىلى ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى «قىزىل ئۆكتەبىر - 40» تىپلىق تراكتور ياساپ چىقتى ھەمدە 490 تىپلىق دىزېلماتورىنى ئۆزى ياساپ چىقتى. 1971 - 1972 - يىللىرى سىناق تەرىقىسىدە 300نى ياسىدى، كېيىن سۈپەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى. 1973 - يىل 6 - ئايدا 495 تىپلىق دىزېلماتورىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىپ، تەتقىق قىلىپ ياسىلىۋاتقان «شىنجاڭ - 500» تىپلىق تراكتورغا يۈرۈشلەشتۈردى. 1974 - يىلى 5 يۈرۈش دىزېلماتورى ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيىسىنى ئۆزلىرى ياساپ چىقتى. 1975 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە ھەر يىلى 50نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ، ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەش ۋە سۈپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىشلەتتى، كېيىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالدى.

1975 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ شىخەنزە دىزېلماتور زاۋۇتى، قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار 195، 295 تىپلىق دىزېلماتورلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى. شىخەنزە زاۋۇتى ۋە 1 - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى 195، 295 تىپلىق دىزېلماتورىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيە قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەپ ۋە قۇراشتۇرۇپ، 1977 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. 1971 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى زاۋۇتلار ھەر خىل تىپتىكى دىزېلماتوردىن 16 مىڭ 565 نى ياساپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئات كۈچى 250 مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 1978 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان دىزېلماتورى بولۇپ، سانى 5805 كە، ئات كۈچى 85 مىڭ 320 گە يەتتى.

### 3. تېرىقچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

سوقا: 1959 - يىلى ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى (ھازىرقى كومباين زاۋۇتى) تراكتور سۆرەيدىغان ئېغىر تىپلىق 5 چىشلىق سوقا ئىشلەپچىقىرىشنى باشلاپ، 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە جەمئىي 281نى ياسىدى. 1970 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە ئېغىر تىپلىق سۇيۇقلۇق بېسىم بىلەن كۆتۈرۈلۈپ - چۈشۈرۈلىدىغان 5 چىشلىق سوقىدىن 2649 نى ياسىدى. 1975 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە مېخانىزم ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ - چۈشۈرۈلىدىغان 4 چىشلىق سوقىدىن 1070 نى ياسىدى. 1959 - يىلدىن كېيىن قەشقەر، خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرىمۇ 3 چىشلىق چاتما سوقا، 2 چىشلىق ئاسما سوقا ياسىدى. 1985 - يى-

لى شىخەنزە موسوۋەن ماي ناسوسى ، ماي پۈركۈگۈچ ئىشلەش زاۋۇتى سۇيۇقلۇق بېسىم ئارقىلىق 2 يۆنىلىشكە بۇرۇلىدىغان 3 چىشلىق ، 4 چىشلىق ئاسما سوقىدىن 3 خىلنى ياسىدى .

تىرنا : 1955 - يىلى ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ، بىڭتۈەندىكى قىسمەن تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى تراكتور سۆرەيدىغان ئوتتۇرا تىپلىق ، ئېغىر تىپلىق مىقلىق تىرنا ئىشلەپچىقاردى . 1956 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىلا ئىشلەپچىقارغان تىرنا 18 مىڭدىن ئاشتى . 1965 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى 3.4 تىپلىق 41 ياپراقلىق دېسكىلىق تىرنا ياسىدى ، 1970 - يىلغا قەدەر جەمئىي 1400 دىن كۆپرەك ئىشلەپچىقاردى . 1968 - يىلى بىڭتۈەن 7 - شىسىنىڭ « 55 » يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى 2.2 تىپلىق يوچۇقلۇق دېسكىلىق تىرنا ، 3.4 تىپلىق 41 ياپراقلىق دېسكىلىق تىرنا ، 4.5 تىپلىق 40 ياپراقلىق دېسكىلىق تىرنا ۋە 2.5 تىپلىق 24 ياپراقلىق دېسكىلىق قىيپاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىرنىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ شىنجاڭنى تەمىنلىدى .

يەر تەكشىلەش ماشىنىلىرى : 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ياغاچتىن ، تۆمۈردىن چاسا رامكىلىق يەر تەكشىلەش سايمانلىرىنى ئۆزلىرى ياسىدى . 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى ، تۇرپان ۋىلايىتى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى « PD—3 » تىپلىق چوڭ كەڭلىكتىكى زورلۇق شەكىلدە يەر تەكشىلەش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى . 1971 - يىلدىن كېيىن كۈيتۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى « CP—2.5 » تىپلىق ، « GP—3A » تىپلىق ئۇسۇپ - توشۇپ يەر تەكشىلەش ماشىنىسىنى ، سانجى ، ئىلى ، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى « ICX—1.4 » تىپلىق ئاسما شەكىللىك ئۇسۇپ - توشۇش كۆرىكى قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى . قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى « 3YH—60 » تىپلىق ھالقىسىمان چىگىدىغۇچنى ياساپ چىقتى . 1980 - يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 148 - تۈەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار رەندىسىمان يەر تەكشىلەش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى .

ئېرىق چىقىرىپ قىر سېلىش ماشىنىسى : 1957 - يىلى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ شىبايىدى تراكتور رېمونت زاۋۇتى « YKП » تىپلىق ئېرىق چىقىرىپ قىر سېلىش ماشىنىسىنى ياساپ ، 1958 - يىل 12 - ئايدا بىرنى ۋېيتنامنىڭ خېنېي شەھرىگە ئاپىرىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى . 1965 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ، شىنجاڭ 4 - ستانۇك زاۋۇتى ، خېجىڭ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار « KGX—0.4 » تىپلىق 5 خىل ئىشلىتىدىغان ئېرىق چىقىرىپ قىر سېلىش ماشىنىسىنى تۈركۈملەپ ياساپ شىنجاڭنى تەمىنلىدى . ئىلى ، ئالتاي ، بايىنغولىن ، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى قوش دېسكىلىق ئېرىق چېپىش ماشىنىسى ، ئۇسۇپ - تاشلاپ ئېرىق چېپىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئاز مىق-

داردا ياساپ چىقتى.

سېپىلكا: 1965 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بىگتۈەن ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ ھەممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك 6 - شى شىسەنخۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى بىگتۈەن تەتقىق قىلىپ لايىھىلىگەن « MYBJ—6 » تىپلىق كېۋەز - كۆممىقوناقنى ئۇنىۋېرسال تېرىش سېپىلكىسىدىن 240تىن كۆپرەكنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى. 1978 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى سېپىلكا ياساشتىكى نۇقتىلىق زاۋۇت بولۇپ، « 2BJ—16A » تىپلىق دانلىق زىرائەت ئۇنىۋېرسال سېپىلكىسىنى تۈركۈملەپ ياسىدى. 1981 - يىلدىن كېيىن بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ « 55 » يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ 103 - تۇەن - مەيدانى « 2BQZ—6A » تىپلىق يەل بېسىم شەكىللىك كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئۈستىدىن ئوغۇتلاپ تېرىش سېپىلكىسى ۋە 12 قۇرلۇق يەل بېسىملىق تۈجۈپىلەپ تېرىش سېپىلكىسى قاتارلىقلارنى ئاز تۈركۈمدە ياسىدى. 1984 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق قول تراكتور زاۋۇتى كىچىك تىپلىق تراكتور بىلەن يۆرۈشلەشتۈرىدىغان « 2BAT—6 » تىپلىق تەۋرەنمە دەسلىك ھەممىباب سېپىلكا قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى.

سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش سېپىلكىسى: 1984 -يىلدىن كېيىن بىگتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 8 - تۇەنى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ 130 - تۇەنى ئۆزلىرى تەتقىق قىلغان ھەمدە دۆلەتنىڭ « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى » غا ئېرىشكەن « 2RMG—A » تىپلىق ۋە « 2BMS » تىپلىق 2 سىستېمىدىكى 4 خىل تىپلىق مۇرەككەپ شەكىلدىكى يوپۇق يېيىپ تېرىش سېپىلكىسىنى تۈركۈملەپ ياساشقا باشلىدى. شىنجاڭ بويىچە قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى كۆپ خىل ئاددىي شەكىللىك ۋە مۇرەككەپ شەكىللىك سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش سېپىلكىسىنى ياسىدى.

كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئۈستىدىن ئوغۇت بېرىش ماشىنىسى: 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ « 55 » يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى « WZT—8 » تىپلىق ئاسما شەكىللىك كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئۈستىدىن ئوغۇت بېرىش ماشىنىسىنى ياساشقا كىرىشىپ، 1980 - يىلغىچە جەمئىي 300 دىن كۆپرەكنى ياساپ چىقتى. 1984 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك 8 - شىنىڭ 145 - تۇەنى « 2FY—12—16 » تىپلىق، « 2FYA—4.2 » تىپلىق سۇيۇق ئاممىياك ئوغۇتى بېرىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقىپ، ئاق پەرگە چوڭقۇر ئوغۇت بېرىشكە ۋە زىرائەت قۇر ئارىلىقىغا ئوغۇت بېرىشكە ئىشلەتتى.

## 4 . ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى

1970 - يىلى بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى قۇمۇل باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى « شيۇجېنگجۇيىغا قارشى -600 » تىپلىق تراكتور سۆرەيدىغان پارا شوك پۈركۈش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. 1978 - يىلى « WCD—250 » تىپلىق پەۋقۇلئاددە تۆۋەن مىقدارلىق دورىنى تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش ماشىنىسىنى تۈركۈملەپ ياسىدى. 1981 -

يىلى كۈيىنۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ « 55 » .يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى
چاتما شەكىللىك « 1000—3W » تىپلىق دورىنى تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈش ماشىنىسىنى ياسى-
دى ، شىخەنزە ئۈسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى « 1700—3WM » تىپلىق چاتما شە-
كىللىك دورا پۈركۈش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى . 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۈرۈمچى ناھى-
يىلىك ئۈسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى زەمبىل شەكىللىك ماتورلۇق دورا پۈركۈگۈچ
ياساپ چىقتى . يۇقىرىقى ھەر خىل ماشىنا - سايمانلار بىلەن شىنجاڭ تەمىنلەندى .

## 5 . سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش ماشىنىلىرى

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا قۇدۇق قېزىش ، سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغى-
رىش ، پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىلىرىنى ياساش باشلاندى . قۇدۇق قېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان
ماشىنىلاردىن ش ئۇ ئا ر سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى ، قۇمۇل ناھىيىسى قاتارلىق جايلار ياسى-
غان ئۈچچۇغداش كۈنۈسى بىلەن يۇگەپ يەتكۈزۈش ماشىنىسى ؛ بورتالا ، سانجى ، قۇمۇل ،
شىخەنزە ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلار ياسىغان راكىتا كۈنۈسى ؛ تارباغاتاي ،
ئاقسۇ ، سانجى ، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلار ياسىغان ئۈچچۇغداش بورغۇسى
قاتارلىقلار بار . بۇ ماشىنا - سايمانلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1975 - يىلى 400گە يې-
قىنلاشتى . سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان پومپىلاردىن ئۈرۈمچى ھەمبەھ
ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ، قۇمۇل ، ئىلى ، شىخەنزە ، تارباغاتاي ، تۇرپان ، ئاقسۇ ، سانجى
قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ياسىغان مەركەزدىن قاچار پومپا ،
سانجى ئوبلاستلىق ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى ياسىغان ماشىنىلاشقان قۇ-
دۇق پومپىسى ، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ 103 - تۇەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار ياسى-
غان قۇدۇق پومپىسى ، 101 - تۇەن - مەيدان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ياسىغان سۇ
ئاستى ئېلېكترلىك پومپا قاتارلىقلار بولۇپ ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1076 ، 78 ، 21 ۋە 200
دانە ياسالدى . ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھەمبەھ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى كېيىن شىنجاڭ پومپا زا-
ۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ ، سانائەتكە ، يېزا ئىگىلىككە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەر
خىل پومپىلارنى ئىشلەپچىقاردى ؛ بىڭتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ 101 - تۇەن - مەي-
دانى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى كېيىن شىنجاڭ سۇ ئاستى پومپا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ ،
مەملىكەت بويىچە پومپا ۋە سۇ ئاستى پومپىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كەسپىي زاۋۇتلار-
نىڭ بىرى بولۇپ قالدى . سۇ ئاستى پومپىسىنىڭ تىپى 22 خىل بولۇپ ، ھەر يىلى 1000 دىن
ئارتۇقراقى ئىشلەپچىقىرىلدى . سۇ ئىنشائاتىنى ئېچىپ - يېپىش ماشىنىسى 1 توننىلىق ، 2
توننىلىق ، 3 توننىلىق ، 8 توننىلىق دەرىجىلىكلەرگە ئايرىلغان بولۇپ ، 1975 - يىلى
ش ئۇ ئا ر سۇ - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇلۇغ تراكتور رې-
مونت زاۋۇتى ، ئاقسۇ ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ، شىخەنزە 4 - ستانوك زاۋۇتى قاتارلىق
زاۋۇتلار جەمئىي 2045 نى ئىشلەپچىقاردى .

پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىلىرى : 1974 - يىلدىن كېيىن سانجى ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆز-

لەشتۈرۈش ئىدارىسى، كۈيتۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق بەزى تۇەن - مەيدانلار قوش يەلكىلىك ئاسما شەكىللىك، قوش يەلكىلىك ماتورلۇق ۋە سائەت ستىرىلكىسى شەكىللىك چوڭ تىپلىق پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىدىن 10 نەچچىنى ياساپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى.

## 6 . ھوسۇل يىغىش ماشىنىلىرى

### 1) ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش ماشىنىلىرى

1961 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - ، 7 - ، 8 - شىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئاز مىقداردا ئورۇش ماشىنىسى ياساپ، بۇغداينى باسقۇچقا بۆلۈپ يىغىۋېلىشقا ئىشلەتتى. 1972 - يىلدىن كېيىن «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان 2.5 تىپلىق يۆتكىلمە شەكىللىك شال، بۇغداي كومبايىنى ۋە «شىنجاڭ - 2.5» تىپلىق چاتما شەكىللىك دانلىق زىرائەت كومبايىنلىرى ئىچىدىن، كېيىنكىسىنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئۇزۇن مۇددەت تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى، بۇ ماشىنىلار مەملىكەت بويىچە سېتىلدى، 1983 - يىلى دۆلەتنىڭ كۈمۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1982 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى «شىنجاڭ - 5» تىپلىق ئاپتوماتىك زىرائەت كومبايىنىنى ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقاردى. 1977 - يىلدىن كېيىن سانجى ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى، شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار قىزىلچا يىغىۋېلىش ماشىنىسىدىن 3 خىلنى ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقاردى. بۇلار كولاش، يىغىش، توپلاش ۋە كۆكلەش قاتارلىق مەشغۇلاتلاردا ئىشلىتىلدى. كۆممقوناق كومبايىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، سىناق تەرىقىسىدە مەشغۇلات قىلىندى.

### 2) خامان مەشغۇلات ماشىنىلىرى

1958 - يىلدىن كېيىن نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى تراكتور ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۆممقوناق دېنىنى ئايرىش ۋە بۇغداي دېنىنى ئايرىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. 1960 - يىلدىن كېيىن كۆپلىگەن زاۋۇتلار «YC—10» تىپلىق خامان سورۇش ماشىنىسىنى ياسىدى. 1969 - يىلى شىنجاڭ 1 - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى «TB—1500» تىپلىق دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 500 نى ئىشلەپچىقاردى. 1979 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋۇتۇڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى «SXF—13B» تىپلىق مۇرەككەپ شەكىللىك ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى رەسمىي تۈركۈملەپ ياساپ، يىلىغا 100دىن ئارتۇق ئىشلەپچىقاردى. 1983 - يىلدىن كېيىن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ 143 - تۇەن - مەيدانى ياسىغان «5HZ—2—4» ئوتتۇرا تىپلىق دانلىق زىرائەت ۋە ئۇرۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى بىر سائەتتە 4.7 توننا قوناقنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

## 7 . چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى

### 1) ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش ماشىنىسى

1963 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - ، 8 - شىلىرىنىڭ تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى تراكتور بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بىر چاقلىق ئاسما شەكىللىك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن 100 نەچچىنى ياساپ چىقتى . 1976 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئىلغار بولغان « 9GZX—1.7 » تىپلىق ئايلانما دىسكىلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنى ياساشقا باشلىدى ، كېيىن بۇ شىنجاڭدىكى ماشىنا كۈچى ئارقىلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئاساسىي تىپى بولۇپ قالدى . 1983 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى « 9LZ—4.8 » تىپلىق 2 رەت تىرنا دىسكىلىق ئوت - چۆپ توپلاش ماشىنىسىنى تۈركۈملەپ ياسىدى . شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى ، ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار « 9CZ—3 » تىپلىق ئوت - چۆپ يىغىپ قاچىلاش پرىنسىپىنى ، « 9YY—1.6 » تىپلىق ئوت - چۆپنى يۇملاق باغلاش ماشىنىسىنى ئاز مىقداردا ياسىدى . بىڭتۇەن ۋە يەرلىكتىكى بەزى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى يەنە شاخ - شۇمبىلارنى توغراپ يىغىۋېلىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى .

### 2) يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى

1956 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى يەم - خەشەك ئۇششاقلاش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى . 1970 - يىلدىن كېيىن نۇرغۇن زاۋۇتلار بولغىسىمان ، پەنجىسىمان ئىككى سىستېمىلىق يەم - خەشەك ئۇششاقلاش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 500 نەچچىگە يەتتى . 1961 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 1 - تراكتور رېمونت زاۋۇتى چوڭ تىپلىق ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى . 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا شىخۇ ، گۇما قاتارلىق ناھىيەلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئوتتۇرا ، كىچىك تىپلىق ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى . 1983 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار 1000 تىپلىق ، 500 تىپلىق ، 300 تىپلىق ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈسكۈنىسى ۋە كىچىك تىپلىق سۆڭەك پاراشوكى ئىشلەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىقتى .

چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋېلىش ماشىنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنىسىنى ياساشتىن ئىبارەت بولدى . 1970 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنىسىنى ياساشنى ئاساس قىلدى . 1971 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 6 تىپلىق ، 10 تىپلىق ، 20 تىپلىق ، توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يۇمشاق ئوقلۇق ۋە 8 تىپلىق ، 16 تىپلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان 5 خىل قوي يۇڭى قىرقىش ماشىنىسىدىن جەمئىي 688 نى ئىشلەپچىقاردى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا چاستوتىلىقى 218 . 70 - يىللاردا شىخەنزە ، فۇكاڭ ، كۇنەس قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى قولدا باشقۇرىدىغان ، ماشىنا ئارقىلىق باشقۇرىدىغان قوي

يوڭنى تايلاش ماشىنىسىنى ياسىدى.

### 3) چارۋا - ماللارنى ئىممۇنىتېتلاش ئۈسكۈنىسى

1975 - يىلى چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى «شىنشۈەن - 8» تىپلىق ئۇۋى ھايۋانلارنى ۋاننىلاش قۇرۇلمىسىنى ياساشقا باشلاپ، 1980 - يىلى 218 يۈرۈش ئىشلەپچىقاردى. 1978 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەييارە ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. بۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە مىكروپسىز مەشغۇلات قىلىش ساندۇقى قاتارلىق 10 نەچچە خىل داۋالاش - لابوراتورىيە ئۈسكۈنىسى بولۇپ، بىر سەييارە مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا باراۋەر كېلىدۇ.

## 8. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى

ئۇن تارتىش ماشىنىسى: 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۈرۈمچىدە ئاشلىق - ماي ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قۇرۇپ، كونۇسسىمان ئۇن تارتىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى. 1970 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تراكتور 2 - رېمونت زاۋۇتى فۇكاڭ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنى «MF—125» تىپلىق، «MF—1820» تىپلىق قوش تولۇقلۇق، چاسا ئەگلەكلىك، يۇمىلاق ئەگلەكلىك ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق زاۋۇتقا ئۆزگەرتتى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 250~350 كە يەتتى، 1975 - يىلى 292 نى ئىشلەپچىقاردى.

شال ئاقلاش ماشىنىسى: 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى «LM—632F» تىپلىق تۆمۈر تولۇقلۇق، «L—24» تىپلىق تىك شەكىللىك قۇم تولۇقلۇق شال ئاقلاش ماشىنىسى ۋە بىرلەشمە گەۋدىلىك شال ئاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئاز مىقداردا ياساپ، يىللىق مەھسۇلاتنى 200 ئەتراپىغا يەتكۈزدى.

ياغ تارتىش ماشىنىسى: 1950 - يىلى شىنجاڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سومبا شەكىللىك بېسىم كۈچ بىلەن ياغ تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى. 1958 - يىلى بىڭتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى ھەممباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 60 تىپلىق پىرىسلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئاز مىقداردا ياساپ چىقتى. 1970 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ئۇلۇغ تراكتور رېمونت زاۋۇتى، غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىنى 95 تىپلىق، 78 تىپلىق پىرىسلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق زاۋۇت قىلىپ بېكىتتى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 300 دىن ئارتۇقىغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر ۋىلايىتى، كۇچا ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىمۇ پىرىسلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقاردى. 1975 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 210 دانە ئىشلەپچىقىرىلدى.

1959 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاساسلىق چاتما دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 3—6 بىرلىكى: دانە

| يىللار | چاتما دېھقانچىلىق سايمىنى | هوسۇل يىغىش ماشىنىسى | يىللار | چاتما دېھقانچىلىق سايمىنى | هوسۇل يىغىش ماشىنىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 817 | | 1972 | 89 | 894 |
| 1960 | 1851 | 201 | 1973 | 1687 | 801 |
| 1961 | 3329 | 90 | 1974 | 1008 | 603 |
| 1962 | 1921 | 9 | 1975 | 1209 | 617 |
| 1963 | 3879 | 170 | 1976 | 882 | 852 |
| 1964 | 2161 | 210 | 1977 | 1323 | 576 |
| 1965 | 2758 | 418 | 1978 | 670 | 1055 |
| 1966 | 3339 | 378 | 1979 | 5911 | 2461 |
| 1967 | 3649 | 125 | 1980 | 2823 | 1743 |
| 1968 | 1905 | 148 | 1981 | 711 | 1912 |
| 1969 | 525 | 497 | 1982 | 2008 | 1745 |
| 1970 | 718 | 671 | 1983 | 1565 | 1253 |
| 1971 | 701 | 1010 | 1984 | 1192 | 1002 |

ئىزاھات: هوسۇل يىغىش ماشىنىلىرى دان ئايرىش ماشىنىسى، شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 9. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرى

60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە بىڭتۈەندىكى قىسمەن تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى 3.5 توننىلىق تراكتورغا چاتىدىغان، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ ئىشلەپچىقاردى. 1970 ـ يىلدىن كېيىن بىڭتۈەن ۋە ئىلى، تارباغاتاي، بايىنغولىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ۋە ئايرىم ناھىيەلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتلىرى 3.5—7 توننىلىق، 1—1.5 توننىلىق ھەر خىل پرىتسېپ ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل پرىتسېپلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، يىللىق مەھسۇلاتنى 1000 دىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. 1975 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە چوڭ تىپلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپتىن 1800 دىن كۆپرەك، كىچىك تىپلىق پرىتسېپتىن 750 دىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 80 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن كىچىك تىپلىق پرىتسېپنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 3000 دىن 5000 غىچە، چوڭ تىپلىق پرىتسېپنىڭ 1550 دىن

2000 غىچە بولدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ قىسمەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى يەنە 1~1.5 توننىلىق، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپلىق، 4 چاقلىق دېزىلماتورلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى ۋە 0.5 توننىلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 3 چاقلىق دېزىلماتورلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 500 ئەتراپىدا بولدى.

10. باشقىلار:

تاۋۇز ئۇرۇقىنى چىقىرىش ماشىنىسى: 1979 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى سىناق قىلىپ ياسىغان تاۋۇز ئۇرۇقىنى چىقىرىش ماشىنىسى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تاۋۇز ئۇرۇقىنى چىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەزى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تاۋۇز ئۇرۇقىنى چىقىرىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى.

## §4. ماشىنا - سايمان زاپچاسلىرىنى ياساش

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەر قايسى تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى بىر قىسىم تراكتور ۋە چاتما سايمانلارنىڭ زاپچاسلىرىنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. زاپچاسلارنىڭ خىللىرى ئاددىيدىن مۇرەككەپكە، سانى ئازدىن كۆپكە تەرەققىي قىلدى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە بىر قەدەر بۇرۇن قۇرۇلغان بەزى تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى چوڭ تىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن سىرت، كۆپ قىسىم كەسپىي خاراكتېرلىك زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تراكتور يۈرۈش قىسمىنىڭ زەنجىر تاختىسى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، يېتەكلەش، ھەرىكەتلەندۈرۈش چاقلىرىنى ماتور قىسمىنىڭ سىلىندىر گەۋدىسى، سىلىندىر قاپقىقى، پورشېن، سىلىندىر قېپى، ئەگرى ئوق، ئوق كۆزنىكى؛ ھەر خىل چىشلىق چاق، ئوق، سۈرئەت ئۆزگەرتىش كاروپكىسى، ئارقا ئوق قاتارلىق گەۋدە زاپچاسلىرىنى؛ ماي ناسوسى ۋە 3 چوڭ نازۇك زاپچاسنى؛ ھەر خىل سۈركۈلۈش پىلاستىنكىلىرىنى؛ ئېلېكتر قىسمىنىڭ زاپچاسلىرىنى ۋە بەزى ساقلىق قازان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تراكتورنى سىناشقا ئىشلىتىلىدىغان ماي ناسوسىنى سىناش سۇپىسى، كۆزنەك قىرىش ئىستانوكى، ماي پۈركۈش ئېغىزىنى سىناش ئۈسكۈنىسىنى تۇتاشتۇرغۇچ دەستىنى توغرىلىغۇچ، تىترىتىپ دۇۋىلەپ پاياتلاش ماشىنىسى ۋە زور مىقداردىكى ماي باكى، ماي تۇڭلىرىنى ياسىدى. 1975 - يىلى ۋە 1980 - يىلى تراكتورنىڭ ماتور زاپچاسلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4 مىليون 570 مىڭ يۈەن ۋە 10مىليون 300 مىڭ يۈەن، باشقا ماشىنا - سايمان زاپچاسلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن ۋە 6 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولدى.

## § 5 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىشقا يار - يۆلەك بولۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1974 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، 1 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى ۋە سودا مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، ناھىيىدىن تۆۋەن كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا باھا جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى مۇشۇ ھۆججەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا باھا جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقاتتى. بۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ۋىلايەت (ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر بۇنىڭ ئىچىدە)تىن تۆۋەن ۋە ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىدىن تۆۋەن (ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ، قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان مەھسۇلاتلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، دېھقانچىلىق - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى، ھوسۇل يىغىش ماشىنىلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى، سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى، يېزا ئىگىلىك ترانسپورت ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماي ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، تەستىقلانغان پىلان بويىچە ئىشلەپچىقىرىش شەرتى ئاستىدا، ئۈسكۈنە، تېخنىكا قاتارلىق شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بەلگىلىك مىقدارغا يېتەلمىسە ياكى خام ئەشيا يېتىشمەي، مەھسۇلات ئۆلچىمى توغرا كەلمەي ۋە باھا ئۆسۈش قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەھسۇلاتنىڭ ئەمەلىي تەننەرخى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ بىر تۇتاش باھاسىدىن يۇقىرى بولۇپ، دەماللىققا زىيان تارتىشتىن خالىي بولغىلى بولمىسا، مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە بولىدۇ. ئۆلچىمى ئادەتتە، زاۋۇتتىن چىقىش بىر تۇتاش باھاسىنىڭ 30% ىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ، زاۋۇتتىن چىقىش بىر تۇتاش باھاسىنىڭ 60% ىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئاز ساندىكى يىراق، چەت رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى يۇ-

قىرىقى بەلگىلىمىدىن مۇۋاپىق ھالدا يۇقىرى بولسا بولىدۇ. قوشۇمچە ياردەم بېرىش مۇددىتى 1975 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ۋاقىتىنچە 3 يىل قىلىپ بېكىتىلىدۇ. مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە قىيىنچىلىق بولسا تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە دەرىجىمۇ - دەرىجە يۇقىرىغا يوللاپ ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ، مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ. بىر يىلدىن ئاشقانلار ھەر يىلى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك ھەمدە يىلمۇ يىل ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك. ۋاقىتلىق بەلگىلىمىدە يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يوللاپ تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ، ھوقۇق دائىرىسى ، قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان سوممىنى بىر تەرەپ قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى.

1978 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون يىغىن چاقىرىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، مالىيە نازارىتى ، ماشىنىسازلىق ، سۇ ئىشلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت 4 تارماق بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش 1978 - يىلدىن باشلاپ يەنە 1--2 يىل داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ. قوشۇمچە ياردەم بېرىش نىسبىتى 1978 - يىلدىن باشلاپ 20% — 40% تۆۋەنلىتىلىدۇ ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50% تىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم ، دەپ بەلگىلىدى. ھۆججەتتە يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ماھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان كارخانىلار ھەمكارلىشىپ زاپچاس ئىشلەپچىقارسا ، ئاپتونوم رايوندىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىپ ، ئاساسلىق ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا تاپشۇرۇپ يۇرۇشلەشتۈرىدىغىنى زاۋۇتنىڭ چىقىش بىر تۇتاش باھاسى بويىچە ئاساسلىق ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت بىلەن راسچوت قىلىدۇ ، بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى زاپچاس ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت ئەمەلىي تاپشۇرغان سانى ۋە تەستىقلاتقان نىسبەت بويىچە ئاساسلىق ماشىنا ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئۆزى تۈرۈشلۈق ئورۇندىكى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ياكى سۇ - ئېلېكتر ماددىي ئەشيا پونكىتى بۆلۈپ بېرىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى. ھۆججەتتە يەنە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ جايلارغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى ئالدىن ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى كونكرېت چارە ئېنىق بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قوشۇمچە ياردەم بېرىشتە ، ئاپتونوم رايون ئايرىم - ئايرىم تەكشۈرۈپ جايلارغا ئوتتۇرىچە نىسبەت بەلگىلەپ بەردى. قوشۇمچە ياردەم بېرىش ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا يار - يۆلەك بولۇشنى ئىپادىلەش ، قاتتىق ئىگىلەش ، پرىنسىپ جەھەتتىن 40% — 20% دائىرىدە كونترول قىلىش ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50% تىن ئاشۇرماسلىق تەلەپ قىلىندى. جىددىي ئېھتىياجلىق ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش مۇۋاپىق ھالدا كۆپرەك بولۇش بولغا قويۇلدى. ئايرىم مەھسۇلاتلارغا 50% قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەندىن كېيىن ، يەنىلا ئەمەلىي تەننەرخى بىلەن بولغان پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولسا ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ئايرىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى. 1982 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# II باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش

چېنلۇڭ يىللىرىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكلەرگە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تارقىتىپ بەرگەندە رېمونت قىلىش سايمانلىرىنىمۇ سەپلەپ بەرگەن ھەمدە ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا رېمونت قىلىش خىراجىتى ئۈچۈن كۈمۈش تارقىتىپ بەرگەن، جۈملىدىن ئات ھارۋىسىغا ھەر يىلى ھارۋا باھاسىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان رېمونت قىلىش خىراجىتى ئۈچۈن كۈمۈش تارقىتىپ بەرگەن.

مىنگونىڭ 23 - يىلىدىن 32 - يىلىغىچە (1934 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە) شىنجاڭدا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش باشلاندى. ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - كان نازارىتى تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا رېمونت قىلىش خادىملىرى سەپلەندى. لېكىن ئاساسلىقى يەرلىك تۆمۈرچى، ياغاچچى ئۇستىلارغا تايىنىپ رېمونت قىلىناتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى تەشكىللەش ۋە تېخنىكىلىق يېتەكلەشكە مەسئۇل بولاتتى.

1950 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان قىسىملاردىكى ھەر 100 ئادەمگە ھەرە، ئىكەك قاتارلىق رېمونت قىلىش سايمانلىرى، ھەر 250 ئادەمگە سەندەل، بولقا، شامال ساندۇقى قاتارلىق رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى تارقىتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. شى، تۇەنلەردە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1952 - يىلى قىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رېمونت قىلىش تېخنولوگىيە ئاپتوموبىلىدىن 4 نى سېتىۋېلىپ، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىنىڭ تراكتور ۋە چوڭ تىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشقا تارقىتىپ بەردى.

1953 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش سېخى قۇرۇشقا باشلاپ، ئۇنى شىنجاڭ بويىچە تراكتور چوڭ رېمونت قىلىش ھۈنەر سەنئىتىنى ئۆلگە قىلىش ۋە رېمونتچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى قىلدى. 1954 - يىل 10 - ئايدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىڭتۈەن ھەربىيلەر بوز ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدا تراكتور رېمونت زاۋۇتىدىن 5 نى قۇردى. 1958 - يىلى بىڭتۈەن ۋە دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى تورلىرىنى يەنى ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شى (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى) ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تراكتور رېمونت زاۋۇ-

تى ، ناھىيە تۆۋەن - مەيدانلاردا مەركەزلىك ئاسراش سېخى ياكى ئاسراش زاۋۇتى ، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە ئاسراش سېخى قۇرۇشنى قارار قىلدى . 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تراكتور چوڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زاۋۇتتىن 32 ى قۇرۇلدى . 1970 - يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان « ھەر بىر ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بولۇش كېرەك » دېگەن يوليورۇق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى ، گۇڭشېدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتى ، چوڭ ئەترەتتە ئاسراش سېخى قۇرۇشتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش تورى شەكىللەندى ؛ بىكتۆۋەن « چوڭ رېمونت تۆۋەندىن چىقماسلىق » دېگەن. شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى . 1985 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ناھىيە ، تۆۋەن - مەيدانلاردىكى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى 225 كە ، يېزىلاردىكى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتى 502 كە ، كەنت ۋە يەككىلەرنىڭ رېمونت قىلىش نۇقتىسى 572 كە يەتتى .

## § 1 . رېمونت تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشى

### 1 . تراكتور رېمونت زاۋۇتى

#### 1) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا زاۋۇت قۇرۇش

1953 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تراكتورسانى 200 گە ، كومباين ۋە باشقا چوڭ تىپلىق چاتما دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى 600 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 95% تىن كۆپرەكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بولدى . ئىشلىتىش ، مەشغۇلات قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىق ، رېمونت قىلىش ۋاستىلىرى قالاق بولۇش تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان تراكتورلار بىر قەدەر كۆپ بولدى . شۇڭلاشقا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا تراكتور چوڭ رېمونت مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە سوۋېت مۇتەخەسسىسىنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى . شۇ يىلى قىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېمونت مۇتەخەسسىسى س . ئا . مارازوۋ ، ن . گا . كانوۋ زاۋۇتقا كېلىپ ، تراكتور چوڭ رېمونت مەركىزىنى رەسمىي قۇرۇشقا باشلىدى .

2 مۇتەخەسسىس ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قىسمەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ، ئۆكتەبىر زاۋۇتىدا تراكتور چوڭ رېمونت سېخى قۇرۇشنى ، بۇنىڭ ئىقتىدارىنى زاپچاس گۇرۇپپىسى بويىچە رېمونت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ھەر يىلى چوڭ رېمونت قىلىدىغان تراكتورنى 200 گە ، ماتور بېرىكمىسىنى 500 گە يەتكۈزۈپ ، ئۇنى شىنجاڭ بويىچە تراكتور چوڭ رېمونتىنىڭ ھۈنەر سەنئەت ئۈلگىسى ۋە رېمونتچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى قىلىشنى ؛ ھەربىي رايونغا تەۋە يېزا ئىگىلىك شى ، تۆۋەن - مەيدانلىرىدىن تراكتور بىر قەدەر يىغىنچاق ، قاتناش - ترانسپورت بىر قەدەر قولايلىق يەرنى تاللاپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ 1610 -

نومۇرلۇق تىپىك لايىھىسى بويىچە بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تراكتور رېمونت زاۋۇتى (ماتور بېرىكمىسى چوڭ رېمونت قىلىنمايدۇ) قۇرۇشنى، ئۆكتەبىر زاۋۇتىنىڭ تراكتور چوڭ رېمونت سېخىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشتىن بۇرۇن، بۇ سېخنى پايدىلىنىپ، تراكتور رېمونت قىلىش تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

• 1954 - يىل 7 - ئايدا ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ چوڭ رېمونت سېخىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ 10 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رېمونتچى كادىرلار كۇرسى ئاچتى. پۈتۈن يۈرۈش «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تراكتور رېمونت ئۆلچىمىنىڭ ھۈنەر سەنئىتى» تەرجىمە قىلىندى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى، ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى ساجىگىزىدا (قىزىل يۇلغاندا)، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى يەنجى ناھىيىسىدە، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى مىچۈەن ناھىيىسىدىكى ۋۇتۇگۇۋزىدا، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ساۋەن ناھىيىسىدىكى شايىدىدا، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ساۋەن ناھىيىسىدىكى شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىدىن 5 نى قۇرۇشنى قارار قىلدى. رېمونت زاۋۇتلىرى بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1610 - نومۇرلۇق تىپىك لايىھىسى بويىچە قۇرۇلدى. كېيىن كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە بىر قەدەر يىراقلىقى، «ستالىن - 80» تىپلىق تراكتورنىڭ ئۆزى ئېغىر، يۆتكەش قىيىن بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ماتور بىرىكمىسىنى چوڭ رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىش قارار قىلىندى؛ زاپچاس بىلەن تەمىنلەش يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش سېخىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىش، تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش (ماتور بېرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ 5 زاۋۇتنىڭ بىر يۈرۈش رېمونت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلدى، بۇ زاۋۇت 1955 - يىلى قىشتىن 1956 - يىلى ئەتىيازغىچە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى شىخۇ ناھىيىسىدىكى لىۇگۇدا، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى غۇلجا ناھىيىسىدە 2 رېمونت زاۋۇتى قۇردى.

1958 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن چاقىرغان ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا 3 دەرىجىلىك رېمونتچىلىق تورى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى. 1959 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى ساجىگىزا ۋە ئارالدا، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇلۇقتا، يېزا ئىگىلىك 3 - شى مارالبېشى ناھىيىسىدە، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى موڭغۇلكۈرەدە، يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قۇمۇل ناھىيىسىدە ۋە بورتالا ناھىيىسىدە، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى كۈيتۇندە، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى مۇسۇۋەن ۋە يەنىسخەيدە، يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە، يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى بېيتۈندە، سانائەت 2 - شىسى شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا زاۋۇت قۇردى. 1965 - يىلغا قەدەر بىڭتۇەن تراكتور رېمونت زاۋۇتىدىن 20نى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 19ى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1958 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. 1959 - يىل 12 - ئايدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ش ئۇ ئا ر بوز ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ئۈرۈمچىدە تراكتور رېمونت زاۋۇتىدىن 1 نى قۇردى. يىللىق رېمونت قىلىش ئىقتىدارى 200 گە يەتتى، 1960 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1963 - يىلدىن كېيىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى قۇتۇبىي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا رېمونت زاۋۇتى قۇردى، 1965 - يىلغا قەدەر قۇرۇلغان تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش زاۋۇتى 3 كە يەتتى.

1971 - يىلى بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»ىدا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ 3 دەرىجىلىك رېمونت قىلىش - پاساش تور قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، 1973 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە تراكتورنىڭ چوڭ رېمونتىنى تۇەندىن چىقارماسلىق» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن قىسمەن تۇەن - مەيدانلار ئۇسكۈنە، تېخنىكا، سېخ قاتارلىق شارائىتلار ھازىرلانمىغان ئەھۋالدا تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلغاچقا، رېمونت سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

1975 - يىل 4 - ئايدا بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ش ئۇ ئا ر بوز ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 200 نەچچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇردى. كۆپ ساندىكى تۇەن - مەيدان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارىغا يېتەلمىگەچكە، «چوڭ رېمونت تۇەندىن چىقماسلىق» تەلىپى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشمىدى. (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 200 نەچچە دېھقانچىلىق مەيدانى رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىنى ئاران 44).

1978 - يىل 12 - ئايدا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1982 - يىل 6 - ئايدا بىڭتۇەن رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلغان تايانچ زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت - قاتناش سىستېمىسىغا قوشۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى پاساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى جەمئىي 147 گە يەتتى.

2) يەرلىك سىستېمىدا زاۋۇت قۇرۇش

شىنجاڭدا يەرلىك سىستېمىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدىن بىر ئاز كېيىن بولدى، 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 36 تراكتور بار ئىدى. شۇ يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پراكتىكا زاۋۇتى قۇرۇپ، ئاساسلىقى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پراكتىكىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەر-

لىكتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىدىغان تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى ھەمدە بىر قىسىم تراكتورلارنىڭ چوڭ رېمونت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1958 - يىلى 7 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى شىخەنزىدە ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە، يېزا (گوڭشې) دىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت تورلىرىنى قۇرۇشنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. 1959 - يىلى 1 - ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى تراكتور پونكىتى ئاساسىدا تراكتور رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا قەشقەردە ئەسلىدىكى «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى ئاساسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك «1 - ئاۋغۇست» تراكتور رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. لايىھەدىكى چوڭ رېمونت ئىقتىدارى 200 گە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە تراكتور چوڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى ئەسلىدىكى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى تراكتور رېمونت سېخى ۋە نازارەتكە قاراشلىق ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت گۇرۇپپىسى ئاساسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇردى. 1962 - يىلى بۇ رېمونت زاۋۇتىغا رېمونت قىلىش تېخنولوگىيە ئاپتوموبىلدىن 3 نى سەپلەپ بەردى، بۇ ئاپتوموبىل سەييارە رېمونت قىلىش شەكلى ئارقىلىق جايلاردىكى تراكتور ۋە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1964 - يىلدىن كېيىن بۇ زاۋۇت تراكتور زاپچاسلىرىنى ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا دېھقانچىلىق سايمان زاۋۇتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ھەممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ تراكتور رېمونت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى 8 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى بىلەن ھەممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنى قوشۇپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتى قىلىپ قۇردى، زاۋۇت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1610 - نومۇرلۇق تىپىك لايىھىسى بويىچە قۇرۇلۇپ، يىللىق رېمونت قىلىش ئىقتىدارى 100 گە يەتكۈزۈلدى. سانجى، ئىلى، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلالايدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلدى. لېكىن بۇ زاۋۇتلارنىڭ سېخلىرى، رېمونت ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر ناچار ئىدى.

1963 - يىلنىڭ بېشىدا گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى مەسئۇل بولۇشنى قارار قىلدى. 4 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۆتكۈزۈۋېلىپلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇشقا كىرىشتى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ئىلى، سانجى، قەشقەردىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستلىق رېمونت زاۋۇتلىرىنى كېڭەيتىپ، يىللىق رېمونت ئىقتىدارى 200 گە يېتىدىغان تراكتور رېمونت زاۋۇتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەستىقلىدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون چاقىرغان

تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەنىدى: «بۇ يىل دۆلەت رېمونت زاۋۇتلىرىغا سالغان 1 مىليون 286 مىڭ يۈەن مەبلەغدىن، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگىنى 708 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 64% ئورۇندالدى، ھەر خىل رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 91 دانە، سۆكۈپ چۇۋۇش قوراللىرىدىن 125 يۈرۈش، ئات كۈچىنى سىناش سۇپىسى، ئاپتول، دېزىلنى ناسوسىنى سىناش سۇپىسى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى سىناش سۇپىسى قاتارلىق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەردىن 48 دانە، تۆمۈرچىلىك ۋە كىران ئۈسكۈنىلىرىدىن 13 دانە، سىلىندىر قىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 12 دانە، ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرىدىن 5 دانە، باشقا ئۈسكۈنە، قورال - سايمانلاردىن 20 دانە كۆپەيتىلدى. لايىھىلەش، قۇرۇلۇش كېچىكىپ باشلانغانلىقتىن، بۇ يىل بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان 578 مىڭ يۈەننىڭ 80%ى ئورۇندىلىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە ئىلى، سانجى، تېيەنلۇڭ، قەشقەرلەردىكى 4 زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاساسەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەچكە، تراكتور چوڭ رېمونتىنى ئېلىپ بارالىشى مۇمكىن؛ قۇمۇل، ئاقسۇ، بايىنغولىن، تارباغاتايدىكى 4 زاۋۇت كىچىك رېمونتنى ئېلىپ بارالىشى مۇمكىن». 11 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتى يىلىغا 100 تراكتور رېمونت قىلالايدىغان رېمونت زاۋۇتىنى قۇردى. بايىنغولىن ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 2 - زاۋۇتىنىڭ نامىنى تراكتور چوڭ رېمونت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ماشىنسازلىق زاۋۇتلىرىمۇ تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى رەسمىي قوبۇل قىلدى.

1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ئۈسكۈنىلەر داۋاملىق كۆپەيتىلىپ، ھەر قايسى رېمونت زاۋۇتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1964 - يىلى 47 دانە ھەر خىل ئۈسكۈنە كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئۈسكۈنە 18 دانە. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دېھقانچىلىق نازارىتى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان 11 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق زاۋۇت ۋە نازارەتكە قاراشلىق 2 زاۋۇتتا مېتال قىرىش ئىستانوكىدىن 194ى، رېمونت قىلىشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىدىن 75ى، رېمونتنى سىناش ئۈسكۈنىسىدىن 71ى بار بولدى. 13 تراكتور رېمونت زاۋۇتى ئىچىدە قىزىلسۇ ۋە دېھقانچىلىق نازارىتى رېمونت زاۋۇتلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئات كۈچى، يېقىلغۇ ماي، ئاپتول، ئېلېكتر، سۇ بېسىمى ۋە رادىياتور ئۆزەكى قاتارلىق ماتورنى سىناش ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ بولدى. كۆپ ساندىكى زاۋۇتلارغا ئەگرى ئوق سىلىقلاش ئىستانوكى، تىك شەكىللىك سىلىندىر قىرىش ئىستانوكى، كلاپان سىلىقلاش ئىستانوكى قاتارلىقلار سەپلەندى. شۇ يىلى 11 - ئايدا زاۋۇتتا 256 تراكتور چوڭ رېمونت قىلىندى. 1965 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى يەنە سانجى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، ئىلى، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى 6 زاۋۇتنىڭ 1963 - يىلدىكى كېڭەيتىپ قۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى. قەشقەردىكى زاۋۇتتا كونا زاپچاسنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش سېخى

كۆپەيتىپ قۇرۇلدى .

1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تراكتور رېمونت زاۋۇتىدىن جەمئىي 36 سى قۇرۇلدى . بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكىسى 23 بولۇپ ، 21ى تراكتور ، كومبايىن ماتورى ، دېزىلماتور قاتارلىقلارنى چوڭ رېمونت قىلالايدۇ ؛ يەرلىك سىستېمىدىكىسى 13 بولۇپ ، ئۇنىڭ 11 ى چوڭ رېمونت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالىدى .

3) ناھىيىلىك رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتلىرى

1958 ـ يىلى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك قورال ـ سايمان يېڭىلاش ھەرىكىتىدە شىنجاڭدىكى كۆپ ساندىكى ناھىيىلەر قول سانائەت بىرلەشمىسى ، بەش خىل مېتال قورال ـ سايمان كوپېراتىپى ۋە ھەر خىل رېمونت گۇرۇپپىلىرىنى قوشۇپ ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇردى . 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى قايتا قۇرغاندا ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى بىلەن تراكتور پونكىتى قوشۇۋېتىلىپ ، تراكتور پونكىتىنىڭ رېمونت قىلىش ئورنى قىلىندى . شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ناھىيىلىك تراكتور رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەردى .

1967 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق نازارىتى يەكەن ، كۇچا ، تۇرپان ، گۈچۈڭ ، كۇنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە ناھىيىلىك تراكتور رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىدىن 5 نى قۇردى .

1969 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە دۆلەت 1 ـ ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى ۋە 8 ـ ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ ، مەملىكەت بويىچە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ ، «ھەر بىر ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى بولۇش »نى ئوتتۇرىغا قويدى . 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنى «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر »نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، تراكتور قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ گوڭشېگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى ، ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى ، زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى . شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى .

**شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى قۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3—7

| يىللار | زاۋۇت سانى | ئادەم سانى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئىشچىلار | بۇنىڭ ئىچىدە: تېخنىك خادىملار | ئورالغۇ مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئۈسكۈنە: مېتال قىرىش، تۆمۈرچىلىك | ئۈسكۈنە: رېمونت قىلىش | قۇرۇلۇش كۆلىمى (10 مىڭ كۋادرات مېتىر): ئىشلەپچىقىرىش سېخى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (10 مىڭ كۋادرات مېتىر): باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 58 | 5561 | 4350 | 228 | 3146.74 | 834 | 150 | 9.28 | 6.77 |
| 1974 | 82 | 6117 | | | | 1079 | 307 | | |
| 1975 | 82 | 6447 | | | 4147.19 | 1133 | 554 | | |
| 1976 | 83 | 7084 | | | | 1181 | 611 | | |
| 1977 | 84 | 7811 | | | 5304.16 | 1469 | 727 | 16.98 | |
| 1978 | 81 | 8077 | | | 5927.96 | 1604 | 834 | 22.96 | |
| 1979 | 81 | 7803 | 6286 | 363 | 6549.2 | 1753 | 848 | | |
| 1980 | 81 | 7326 | 5843 | 396 | 6947.3 | 1733 | 887 | | |
| 1981 | 81 | 6897 | 5343 | | 7243.43 | 1832 | 828 | 22.94 | 18.9 |
| 1982 | 81 | 6672 | 5167 | 320 | 7506.97 | 1704 | 829 | 22.60 | 22.55 |
| 1983 | 81 | 6556 | 5139 | 306 | 7862.5 | 1686 | 812 | 22.70 | 25.95 |
| 1984 | 80 | 6025 | 4743 | 253 | 7811.04 | 1750 | 675 | 22.76 | 29.83 |
| 1985 | 78 | 5709 | 4413 | 196 | 7833.14 | 1817 | 436 | 25.62 | 26.67 |

ناھىيە دەرىجىلىك ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى تراكتور پونكىتلىرى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن زاۋۇت قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى بىر قەدەر تېزلەتتى. 1971 - يىلى قىشتا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ يىغىن خاتىرىسىدە «ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەتتىن ئىبارەت

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1972 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 58 ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇتلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 5561 گە، ئىستانوك ئۈسكۈنىلىرى 984 كە، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 92 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى 82 گە يېتىپ، ھەممە ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى بولۇش نىشانى ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 82 زاۋۇتنىڭ ئەسلىدىكى مەبلەغ سېلىش پىلانى 51 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 28 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولدى. ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتەن چوڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگىلىرى ئاران 27 زاۋۇت. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىسلاھات يولغا قويۇلدى. 1980 - يىلىدىن كېيىن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېزلىكتە تەرەققىي قىلدى. 1981 - يىلىدىن كېيىن ئاساس قۇرۇلۇش مەبلىغى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ رېمونت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى 78 گە، تۆۋەن - مەيدانلاردىكى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى 147 گە، جەمئىي 225 كە يەتتى، لېكىن كۆپ ساندىكى زاۋۇتلارنىڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى بولمىغاچقا، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى، رېمونت قىلىش سالمىقىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولدى.

### 2. مەيدان پونكىتلاردىكى مەركىزىي رېمونتخانىلار (ئاسراش زاۋۇتى، كىچىك رېمونت زاۋۇتى، ياساش، رېمونت قىلىش پونكىتى)

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دۆلەت، گۇڭشې ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى مەركىزىي رېمونتخانا (ئاسراش زاۋۇتى، كىچىك رېمونت زاۋۇتى، ياساش، رېمونت قىلىش پونكىتى) قۇرۇپ، يۇقىرى نومۇرلۇق ئاسراش ۋە كىچىك رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 3 دەرىجىلىك رېمونت تور قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتتى، 1950 - يىل ئەتىيازدا 22 - بىڭتۇەن ماناس ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇردى، 1951 - يىلى تراكتور ۋە ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلگەندىن باشلاپ، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي رېمونت قىلىش تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. شۇ يىلى ھەربىي رايون ئورۇم-

چى تۇدۇڭخابادا، ساۋەندىكى شىخەنزىدە، يەنجىدە ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق گورۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1952 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ 102 - تۇەنى) تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق زاۋۇتى بىلەن ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى «خەلق» ماتېرىيال رېمونت بەنى قوشۇۋېتىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدان رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتقا تاسىملىق ئىستانوك، ئاددىي رەندىلەش ئىستانوكى، يونۇش ئىستانوكى، قولدا ئايلاندۇرىدىغان تۆشۈك تېشىش ئىستانوكلىرىدىن بىردىن سەپلەپ بېرىلدى، ياساش، رېمونت قىلىش، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق - پايات قىلىشتىن ئىبارەت 5 گورۇپپىغا ئايرىلدى. 1953 - يىل ئەتىيازدا 22 - بىڭتۇەن تراكتور تەجرىبە قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا رېمونت قىلىش ئورنى قۇرۇپ، رېمونت قىلىش تېخنولوگىيە ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سەپلەپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە تراكتور ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1956 - يىلى بىڭتۇەن 5 دېھقانچىلىق مەيدانىدا مەركىزىي رېمونتخانا قۇردى. 1957 - يىلى بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى مەركىزىي رېمونتخانىلارنىڭ خىزمەت دائىرىسى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى.

1958 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا «70 مىڭ مودىن كۆپ يېرى بار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا مەركىزىي رېمونتخانا قۇرۇپ، ھەر بىرىگە 8500 يۈەندىن مەبلەغ سېلىش» قارار قىلىندى. شۇ يىلى مەركىزىي رېمونتخانىدىن 19ى قۇرۇلۇپ، 1959 - يىلىغا قەدەر ئىستانوك، ئۈسكۈنىلەردىن 860تىن كۆپرەكى ياسالدى ھەمدە مەركىزىي رېمونتخانىدىن يەنە 32سى قۇرۇلدى؛ 1960 - يىلى 326 ئۈسكۈنە ياسالدى، مەركىزىي رېمونتخانىدىن 10ى يېڭىدىن قۇرۇلدى.

1962 - يىل 3 - ئايدا بىڭتۇەن تۈزگەن 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تورلىرىنى قۇرۇش پىلانىدا تېرىلغۇ يېرى 100 مىڭ موغا يەتمەيدىغان دېھقانچىلىق مەيدان (شۆبە مەيدان)لىرى بىر مەركىزىي رېمونتخانا قۇرۇش، تېرىلغۇ يېرى 100 مىڭ مودىن 150 مىڭ موغا يەتسە، بىر رېمونت زاۋۇتى قۇرۇش كېرەك، بۇلار ئاساسەن تراكتورلارنى يۇقىرى دەرىجىدە ئاسراش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە باشقا ماشىنىلارنى ئاسراش - رېمونت قىلىش ۋەزىپىسنى ئورۇندايدۇ، 4 ئىستانوك ۋە پايات قىلىش ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىدۇ، رېمونت زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى ئازراق چوڭ بولسا بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەندە مەركىزىي رېمونتخانا قۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى 100 گە يېقىنلاشتى. بۇلاردىكى كۆپ ساندىكى ئىستانوك ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ھەر قايسى رېمونت زاۋۇتلىرى ئۆزلىرى ياسىدى. 1963 - يىل 8 - ئايدا بوز ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى چاقىرغان مەملىكەتلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتى يىغىنىدا «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى شۆبە مەيدانلارنىڭ «تېرىلغۇ كۆلىمى 50 مىڭ موغا

يەتمىگەنلەر 2 - تۈردىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى قۇرۇشنى، تېرىلغۇ كۆلىمى 80—120 مىڭ مو بولۇپ، 64 تىن 96 گىچە ئۆلچەملىك تراكتورى بارلار، ياكى تېرىلغۇ كۆلىمى 50 مىڭ مودىن 80 مىڭ موغىچە بولۇپ، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى ۋە تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچ سانى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلار، سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ماشىنىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، رېمونت زاۋۇتى بىلەن ئارىلىقى يىراقراق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 1 - تۈردىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى قۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي رېمونتخانا رېمونت زاۋۇتىغا ياكى كىچىك رېمونت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1996 - يىلغاقەدەر هەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى رېمونت زاۋۇتى قۇردى. 1970 - يىلدىن كېيىن هەر قايسى تۇەن - مەيدانلارنىڭ رېمونتخانىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ تۇەن - مەيدان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1953 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇنجى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا، مەركىزىي رېمونتخانا قۇرۇلغانىدى، 1964 - يىلى كىچىك رېمونت زاۋۇتىدىن 2 سى، مەركىزىي رېمونتخانىدىن 11ى قۇرۇلدى. 1966 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى 71گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە بىۋاستە قارايدىغان 5 باش مەيدان ۋە 32 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ هەممىسى مەركىزىي رېمونتخانا ۋە كىچىك رېمونت زاۋۇتى قۇردى، كېيىن كۆپىنچىسى تەرەققىي قىلىپ رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بولۇپ قالدى.

### 2) يەرلىك سىستېمىدىكى رېمونت زاۋۇتلىرى

1952 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى قۇرۇپ، پونكىت ئىچىدە رېمونت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى. بۇلار پونكىتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىپلا قالماستىن، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىمۇ رېمونت قىلىپ بەردى. ئىلىدىكى پونكىت يەنە سەييارە رېمونت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قىسمەن ناهىيىلەرگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلدى.

1954 - يىلى غەنەنچۈي تراكتور پونكىتى قۇرۇلۇپلا 100 كۋادرات مېتىرلىق چوڭلۇقتىكى ئاسراش - رېمونت سېخى سالدى. 1955 - يىلى ئىستانوك، ماي پۈركۈگۈچنى سىنىغۇچ، تراكتورنى سۆكۈپ قۇراشتۇرۇش قورالى قاتارلىقلارنى كۆپەيتىپ، تراكتورنى ۋاقىتلىق رېمونت قىلىشقا باشلىدى. 1958 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 6 تراكتور پونكىتى ئوخشىمىغان كۆلەمدە ئاسراش سېخى ياكى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇردى.

1958 - يىلى شىنجاڭ بويىچە هەر قايسى ناهىيىلەردىكى قول سانائەت كوپېراتىپى بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناهىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، قول سانائەت بىرلەشمىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ماشىنا - سايمانلارنى رېمونت قىلىش، قولدا ئىشلىتىدىغان قورال - سايمان ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1959 - يىلى زاۋۇت، كوپېراتىپ سانى

109 غا يەتتى.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنى قايتىدىن قۇرغاندا: تراكتور پونكىتى بار جايلاردا، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى تراكتور پونكىتى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، بىر تۇتاش ھېسابات قىلىشنى يولغا قويسا بولىدۇ؛ تراكتور پونكىتى يوق جايلاردا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى مۇستەقىل قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ بەلگىلىدى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ بويىچە 51 ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاسراش سېخى ياكى رېمونت سېخى قۇرۇلدى، ھەر خىل ستانوك - ئۈسكۈنىلەردىن 412 سى سەپلەندى. 1966 - يىلى ئاسراش سېخى 85 كە، ئىستانوك ئۈسكۈنىسى 544 كە، رېمونت قىلىش ئاپتوموبىلى 2 گە، رېمونتچى خادىم 898 گە يەتتى.

1971 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى 3 دەرىجىلىك رېمونت تورى قۇرۇلۇشىدا، ھەر قايسى گۇڭشېلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتى قۇرۇپ، ئاساسلىقى تراكتورنى كىچىك رېمونت قىلىش ۋە يۇقىرى نومۇرلۇق ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1971 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە ھەر بىر گۇڭشېدىكى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتىغا 2 - 3 ئىستانوك سەپلەش كېرەك دەپ تەلەپ قىلدى. رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون 1972 - يىلى ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل مېتال قىرىش ئىستانوكلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى رېمونت قىلىش - ياساش تور قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گۇڭشېغا، ئەترەتلەرگە قارىتىشنى بەلگىلىدى. 1975 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتىدىن جەمئىي 290 ى قۇرۇلۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى گۇڭشې ئومۇمىي سانىنىڭ 49.4% ىنى ئىگىلىدى؛ بۇلارغا جەمئىي 215 ئىستانوك، ئۈسكۈنە سەپلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر گۇڭشې رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتى قۇرۇلۇشىغا بىردەك ئەھمىيەت بەردى، ھەر يىلى پىلانلىق ھالدا رېمونت قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاز مىقداردا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى. 1980 - يىلى شىنجاڭ بويىچە گۇڭشې رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 150—300 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمدىكى زاۋۇت سېخى سېلىپ، قىرىش، رەندىلەش، يونۇش، تۆشۈك تېشىش، پايات قىلىش ماشىنىلىرى ۋە سوكۇپ - قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش قورال - سايمانلىرىنى سەپلىدى، ئاز ساندىكىلىرى ئات كۈچىنى ئۆلچەش، ماي پومپىسىنى تەڭشەش قاتارلىق سىناش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كۆزنەك قىرىش، يونۇش ئىستانوكى قاتارلىقلارنى سەپلەپ، بىر قەدەر كۈچلۈك رېمونت قىلىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى.

1980 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتلىرىنىڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى بولمىغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەرلەرنى ھۆددىگە ئالدى. 1984 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە يېزا

- بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىنى تەرەققىي قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تراكتورنىڭ پارچە - پۇرات رېمونتى، كىچىك رېمونتى، چوڭ رېمونتى ۋە ئاسان بۇزۇلىدىغان سايمانلىرىنى ئالماشتۇرۇپ رېمونت قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش پونكىت، ئۆۋقىسى 502 گە، ئىستانوك ئۈسكۈنىلىرى 2123 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2216 گە يەتتى.

شىنجاڭ بويىچە 1985 - يىلدىكى يېزا، كەنت، شەخسلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش پونكىت، ئۆۋقىلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 3—8

| تۈر ئايرىمىسى | سانى (دانە) | خادىملار | | ئۈسكۈنىلەر | | رېمونت قىلىش مىقدارى (دانە) | | مەھسۇلات قىممىتى (10مىڭ يۈەن) | پايدىسى (10مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | رېمونت خادىملىرى | مىتال قىرىش | رېمونت قىلىش | تراكتور ۋە دېۋىز گاتېل | باشقىلار | | |
| يېزىلىق رېمونت پونكىتى | 502 | 2216 | 1597 | 1004 | 1119 | 10254 | 4800 | 446.9 | 91.2 |
| كەنت رېمونت پونكىتى | 117 | 279 | 242 | 34 | 132 | 354 | 767 | 62.6 | 24.7 |
| شەخسىي رېمونت ئۆۋقىسى | 455 | 831 | 831 | 127 | 364 | 8308 | 4438 | 298.8 | 107.8 |
| جەمئىي | | 3326 | 2670 | 1165 | 1615 | 18916 | 9633 | 808.3 | 223.7 |

## 3 . ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى (چوڭ ئەترىتى) ئاسراش سېخى

ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاسراش سېخى 3 دەرىجىلىك رېمونت تورىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى. 1956 - يىلدىن بۇرۇن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تراكتور سانى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، مەيدان، پونكىتتا ئادەتتە پەقەت بىرلا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى بار ئىدى. ماشىنا - سايمانلارنى رېمونت قىلىش بىردەك مەيدان، پونكىتتا ئېلىپ بېرىلاتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى كۆپىيىپ، ماشىنا ئەترەتلىرىدە ئاسراش سېخى قۇرۇلۇپ، 3 - نومۇرلۇقتىن تۆۋەن ئاسراش ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئادەتتىكى رېمونتىنى قىلىشقا باشلىدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى ئاسراش سېخىدىن جەمئىي 28نى قۇردى.

1958 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى ماشىندا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىدە ئاسراش سېخى تەسىس قىلىپ، 3200 يۈەن مەبلەغ سېلىشنى بەلگىلىدى.

1959 - يىلى ، 1960 - يىلى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىدىن 28ى ،ئاسراش سېخىدىن 49 ى قۇرۇلدى ، 1962 - يىلغا قەدەر قۇرۇلغان ئاسراش سېخى 170 تىن كۆپرەككە يەتتى .

1963 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتى يىغىنى : يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاسراش سېخى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بىگىنۆەنىنىڭ 3 دەرىجىلىك رېمونت تورلىرىنى قۇرۇش پىلانىدا : تېرىقچىلىقى 10 مىڭ موغا يېتىدىغان ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ياكى 10 تراكتورى بار ماشىنا ئەترەتلىرى ئاسراش سېخى تەسىس قىلىپ ، ئاساسلىقى تراكتورنى تۆۋەن نومۇرلۇق ئاسراش ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دائىملىق رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ، مېتال قىرىش ئىستانوكلىرىنى سەپلىمەسلىكنى بەلگىلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرغانلىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاسراش سېخى قۇردى . 1962 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ تراكتور سانى كۆپىيىپ مەشغۇلات دائىرىسى مۇقىملاشتۇرۇلدى . پونكىت ئىچىدە ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى ، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىنىڭ ئاسراش سېخلىرى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى .

1970 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىنىڭ ماشىنا - سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ، خەلق گۇڭشېسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . گۇڭشې بۆلارنى بەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۇشۇرۇپ بەردى . چوڭ ئەترەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئاسراش سېخى ۋە رېمونتخانا قۇرۇپ ، ئاددىي رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىدى ھەم مەخسۇس ئادەم بېكىتتى . ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ، بەزى چوڭ ئەترەتلەر ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىنىڭ ئاسراش سېخىغا ئۈسكۈنە سەپلەپ ، رېمونت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى . 1978 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چوڭ ئەترەت رېمونت نۇقتىسىدىن 45ى قۇرۇلۇپ ، مۇقىم رېمونت ئىشچىسى 367گە ، رېمونت ئۈسكۈنىسى 51گە يەتتى .

يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، يەككە ئىگىلىكتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كەسپىي ئائىلىلىرى تېزدىن كۆپەيدى . 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە رېمونت قىلىش كەسپىي ئائىلىسى 102گە ، رېمونت خادىمى 253كە يەتتى ؛ 1985 - يىلى كەسپىي ئائىلە 455 كە ، رېمونت خادىمى 831گە يەتتى . يەككە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى ، رېمونت قىلىشى قولايلىق بولۇپ ، يېزىلاردىكى رېمونت تور - نۇقتىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ ، يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش رولىنى ئوينىدى . 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ، كەنت ، شەخسلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش پونكىت ، نۇقتىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى جەدۋەل : 3—8 دىن كۆرۈۋېلىڭ .

## 2 § . تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش

شىنجاڭدا تراكتور رېمونت قىلىشنى باشقۇرۇشتا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈمى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە باشقۇرۇش چارىسى كۆچۈرۈپ كېلىندى. يولغا قويۇش جەريانىدا بىڭتۇەننىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، شەرقىي شىمالدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دوستلۇق دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، جىددىي ئېھتىياجلىق بەزى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىقلار تۈزۈپ چىقىلدى.

1954 - يىلى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى چوڭ رېمونت سېخى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا ھەمكارلاشقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىگە پۈتۈن يۈرۈشلۈك «سوۋېت تراكتور رېمونتىنىڭ ئۆلچەملىك ھۈنەر - سەنئىتى» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇتەخەسسىسلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋەكىللىرىدىن يولبورۇق سوراپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «C—80»، «ДT—54»، «KД—35»، «HATN—4» قاتارلىق 4 خىل تراكتورنىڭ سۆكۈپ قۇراشتۇرۇلۇش ھۈنەر - سەنئىتى، رېمونت قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى، تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى، دېزېلماتورنىڭ يېقىلغۇ سىستېمىسى ھەمدە تراكتورنىڭ ئېلېكتر سىستېمىسىنى رېمونت قىلىش سەنئىتى سۈرەتلىك قوللانمىسىنىڭ پۈتۈن يۈرۈشلۈك ماتېرىيالى بولۇپ، جەمئىي 8 فورماتلىق 15 پارچە كىتاب بىلەن تەمىنلىدى. بۇ كىتابلار 1954 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە، ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىكى چې جۈنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇشۇ زاۋۇت ۋە بىڭتۇەندىكى تەرجىمانلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق تەرجىمە قىلىندى. 1956 - يىلى بوز يەر مىنىستىرلىكى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ مەملىكىتىمىز نەشر قىلىپ تارقاتقان 1 - يۈرۈش تراكتور رېمونت ھۈنەر - سەنئىتى بولۇپ، تراكتور چوڭ رېمونتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە چوڭ رېمونت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك تېخنىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ بەردى. شىنجاڭدىكى تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھۈنەر - سەنئەتتىن پايدىلىنىپ رېمونتنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ كىتابلار يەنە ئەينى ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئارماقلىرى، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە تراكتور رېمونت كارخانىلىرىنى مۇھىم تېخنىكا ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتتى.

1957 - يىل 6 - ئايدا بىڭتۇەن تۈزگەن «تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي تۈزۈمى» ۋە «تراكتورنى چوڭ - كىچىك رېمونت قىلىش ۋە تېخنىكىلىق ئاسراش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چوڭ - كىچىك رېمونتنىڭ تۈرلىرىگە ئايرىلىشى ۋە رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ، تراكتورنى «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ رېمونت قىلىش» دېگەن ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. 7 - ئايدا بىڭتۇەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ «رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى»،

«رېمونت زاۋۇتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش چارىسى»نى ماقۇللاپ، رېمونت قىلىش كەسپى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، ماشىنىلارنىڭ رېمونتتىن كېيىنكى تېخنىك ھالىتىگە مەسئۇل بولۇشنى، ئارىلاشما رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىراجەتنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى روشەنلەشتۈردى. 1958 - يىل 6 - ئايدا يىغىلغان رېمونت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ «تراكتورلارنى رېمونتقا بېرىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمى»، «ماتورنى رېمونتتىن كېيىن زاۋۇتتىن چىقىشچە تەكشۈرۈپ - ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تېخنىكا شەرتى»، «تراكتور، كومبايىنلارنىڭ كونا كېرەكسىز ماتېرىياللىرىنى (زاپچاسلىرىنى) باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقتى. تراكتورنى رېمونتقا بېرىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىدە، رېمونتقا بېرىدىغان تراكتورنى زاۋۇتقا ھەيدەپ ئەكىرىش؛ تراكتورنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. 1959 - يىل 10 - ئايدا يىغىلغاننىڭ قىشلىق رېمونت يىغىنى بېرىكمە، بۆلەك زاپچاسلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ رېمونت قىلىشنى قايتا تەكىتلىدى. «سۈپەت تەكشۈرۈشنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى» ۋە «تراكتور، كومبايىنلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى رېمونت قىلىش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقىپ، تراكتور رېمونت قىلىشنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، رېمونت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، مەخسۇس تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەسىس قىلىپ، رېمونت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1960 - يىلى تراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى «Z—25»، «ДT—54» قاتارلىق 7 خىل تراكتورنىڭ ئىشلىتىلىش چۈشەندۈرۈشىنى، تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىك تونۇشتۇرۇلۇشىنى، رېمونت قىلىشتىكى تەڭشەش ئۆلچىمىنى ۋە «KD—35» قاتارلىق 2 خىل تراكتورنى ۋە ئۇلارنىڭ ماتورىنى رېمونت قىلغاندىن كېيىنكى سىناش تېخنىكا تەلىپى قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقىتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلارنى ئاسراش - رېمونت قىلىشنى پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاساسلىق تېخنىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

1961 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى «تراكتورنى رېمونت قىلىشتىكى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھىسى)»نى تارقىتىپ، رېمونت قىلىش تۈزۈمىدە «مەملىكىتىمىزدە تراكتورلارنى ئاساسلىق رېمونت قىلىش تۈزۈمى - تېخنىكىلىق ئاسراش ۋە رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت پىلانلىق ئالدىنى ئېلىش تۈزۈمى (قىسقارتىلىپ پىلانلىق ئالدىنى ئېلىپ رېمونت قىلىش تۈزۈمى دەپ ئاتىلىدۇ) يولغا قويۇلىدۇ. ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار تراكتورلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلان تۈزۈپ چىقىپ، پىلانلىق ئالدىنى ئېلىپ، رېمونت قىلىشنى يولغا قويۇشى، ھەر قايسى ئورۇنلار ھەر دەرىجىلىك تراكتور رېمونت كارخانىلىرى بىلەن بىرگە ئۆز رايونىنىڭ كونكرېت شارائىتىغا ماس كېلىدىغان تېخنىكىلىق ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. «تراكتورنى پىلانلىق رېمونت قىلىش چوڭ رېمونت ۋە كىچىك رېمونت قىلىش دەپ 2

خىلغا ئايرىلدى». رېمونت كارخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلىگە نىسبەتەن «گورۇپپا ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلى، گورۇپپا بۆلەك سايمىنى رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ياكى سايمان ئالماشتۇرۇپ رېمونت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، نۆۋەتتە گورۇپپا ھۆددىگە ئېلىپ رېمونت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن كەسپىي گورۇپپا رېمونت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. رېمونتقا بېرىشتە ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتى، رېمونت قىلىش جەريانىدىكى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش، رېمونتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، رېمونتتىن چىققاندىن كېيىنكى رېمونتقا كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى قاتارلىقلارغا دائىر كونكرېت ماددىلار تۈزۈلدى ھەمدە «ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ۋە ھەر قايسى رېمونت كارخانىلىرى مەزكۇر چارىغا ئاساسەن، كونكرېت ئىجرا قىلىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

1962 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن تراكتور رېمونت ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش كۇرسى ئېچىپ «تراكتورنىڭ زاۋۇتقا كىرىشى، زاۋۇتتىن چىقىشى ھەققىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە»، «تراكتور رېمونتىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت لىنىيىسى»، «Z—2.5» تىپلىق «تراكتورنىڭ رېمونت ھۈنەر - سەنئىتى»نى تۈزۈپ چىقتى. كېيىن يەنە 2 - قارارلىق ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات كۇرسى ئاچتى، بىڭتۇەندىكى ھەر قايسى تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ رېمونت سېخلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، يەرلىكتىكى قىسمەن زاۋۇتلار ۋە گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 22 ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى كۇرسقا قاتناشتى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا، تراكتورنىڭ زاۋۇتقا كىرىش، زاۋۇتتىن چىقىش تۈزۈمىنى، چوڭ - كىچىك رېمونتنىڭ پەرقىنى، تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، تراكتورنى يۇيۇپ تازىلاش، رېمونت تەننەرخى، سېخلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت لىنىيىسى ۋە چوڭ رېمونت زاۋۇتىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە خادىملار شتاتى قاتارلىق 13 ھۆججەت ۋە ماتېرىيالنى تۈزۈپ تولۇقلىدى ۋە بېزىپ چىقتى. 1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى قايتا قۇرۇلغاندا، ئاپتونوم رايون تراكتورنى رېمونت قىلىش خىزمىتى ۋە رېموت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى «تراكتور رېمونتىنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھىسى)»، «تراكتور چوڭ - كىچىك رېمونت دائىرىسى ۋە مەزمۇنى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ماتېرىياللىرىنىڭ نورمىسى (تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى)»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشقا كېتىدىغان زاپچاسلارنىڭ سەرپىيات نورمىسى (لايىھىسى)»، «كومباين زاپچاسلىرىنىڭ يىللىق سەرپىيات نورمىسى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ يىللىق سەرپىيات نورمىسى» قاتارلىق چارە، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ تارقىتىپ، تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى، گۇڭشې ماشىنا ئەترەتلىرىنىڭ رېمونت قىلىش جەريانىدا ئىجرا قىلىش ۋە پايدىلىنىشىنى تەمىن ئەتتى. 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ماقالا بېسىپ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پراكتىكا زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورناتقانلىقى، ئىلى يېزا

ئىگىلىك سايمانلىرى، تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ تراكتورنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋې-
لىش ۋە زاۋۇتتىن چىققاندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمى ئورناتقانلىقى قاتارلىق تەجرى-
بىلەرنى تونۇشتۇردى.

1963 - يىل 1 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى تراكتور پونكىتنى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتىدىن يەنە 41نى قۇرۇش، خەلق گۇڭشې ئىگىلىكىدىكى
ماشىنا - سايمانلارنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تراكتور رېمونتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە
قىلدى. 4 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى گۇڭشې ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ
رېمونت كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 11 - ئايدا تراكتور پونكىتى، رېمونت زاۋۇتى خىزمىتى يى-
غىنى چاقىرىپ «ДТ—54»، «ДТ—28» تىپلىق «تراكتورلارنىڭ رېمونت ئۆلچىمى ۋە تېخنى-
كا شەرتى» ۋە «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پراكتىكا
زاۋۇتى تۈزگەن «تراكتورنى رېمونت قىلىش ئىش ۋاقتىنىڭ بىرلىك باھاسى»، «شەرق قىزىل-
دى - 54»، «ДТ—54» تىپلىق تراكتورلارنى رېمونت قىلىش ئىش ۋاقتىنىڭ نورمىسى،
«تراكتورنىڭ رېمونت ئىش ۋاقتى بىلەن ماي سەرپىياتىنىڭ نورمىسى» قاتارلىق ماتېرىياللارنى
بېسىپ تارقىتىپ، رېمونت ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىشىنى تەمىن ئەتتى. شۇ يىلى
قىشتا كۆپ سانلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى زاۋۇتلار رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى يۇرۇش-
لەشمىگەن، رېمونت خادىملىرى تولۇق بولمىغان شارائىتتا، گۇڭشىلاردىن قايتۇرۇۋالغان نەچچە
يۈز تراكتورنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

1963 - يىل 8 - ئايدا دۆلەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ «دۆلەت ئىگىلىكى-
دىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رېمونت خىزمىتى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. 10 - ئايدا بىڭتۈەن رېمونت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، رېمونت زاۋۇتلىرىنى
تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1963 - يىلى قىشتىن باشلاپ 1965 - يىلى
ئەتىيازغىچە بىڭتۈەنگە قاراشلىق 19 رېمونت زاۋۇتى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك
قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1963 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدىن 1964 - يىلغىچە، دېھقانچىلىق نازارىتى ھەر قايسى
ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى رېمونت زاۋۇتلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇشنى كۈچەي-
تىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ مەمۇرىي، تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت قۇرۇلۇ-
شى ۋە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 1964 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق
نازارىتى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش خىز-
مىتى يىغىنى چاقىردى، ھەر قايسى زاۋۇتلارنىڭ دوكلات قىلغان ماتېرىياللىرى كۆپ ساندىكى
رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۇرلۇك زۆ-
رۈر بولغان تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز زاۋۇتىنىڭ شارائىتىغا ئۇيغۇن
كېلىدىغان سۈپەت تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. قەشقەر «1 - ئاۋ-
غۇست» تراكتور رېمونت زاۋۇتى يەنە تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلغاندىن كېيىن، زاۋۇتتىن چى-
قىشتىكى كونكرېت تېخنىكىلىق شەرتلەرنى بەلگىلىدى. رېمونت سۈپىتى بەلگىلىك كاپالەتكە

ئېرىشتى.

1966 - يىل 2 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى خەلق گۇڭشېلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇشتا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدىكى تېخنىكا كۈچلىرىنى، ھۈنەر - سەنئەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى ھالقىلاردىكى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ۋە قائىدە - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش چارىسىنى تىپىك تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتتى.

1970 - يىلى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلاندى. دەسلەپكى مەزگىلدە ۋىلايەت، ئوبلاستلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەچكە، ناھىيىلىك زاۋۇتلار دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلغاچقا، رېمونت خىزمىتى توغرا ئىزغا چۈشەلمىدى. 1975 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، تراكتور، دېزىلماتورلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك رېمونت ئىش ۋاقتى نورمىسى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى، رېمونت قىلىش ئىش ۋاقتىنىڭ بىرلىك باھاسى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى. 1976 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «تراكتور، دېزىلماتورلارنى رېمونت قىلىش تېخنىكا بەلگىلىمىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، تراكتورنى چوڭ - كىچىك ۋاقىتلىق رېمونت قىلىشنىڭ تەبىرى، پەرقى توغرىسىدىكى ئۆلچەم ۋە رېمونتقا بېرىدىغان تراكتورنىڭ زاۋۇتقا كىرىش، زاۋۇتتىن چىقىشىدىكى تېخنىكىلىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1977 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ خىزمەت قائىدىسى (سىناق لايىھىسى)»نى تارقىتىپ، ناھىيىلىك ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش فاڭجېنى، پارتىيە رەھبەرلىكى، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى، كارخانا باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش، مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قىشلىق رېمونت قىلىش خىزمىتى يىغىنى «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور چوڭ رېمونتتىن چىققاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمى»، «تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش بەلگىلىمىسى»، «ناھىيىلىك ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكا، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى (سىناق لايىھىسى)» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر قانچە يىللىق قىشلىق رېمونتتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئارقىلىق، 1980 - يىل 6 - ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئىجرا قىلىشقا تارقاتتى.

1978 - يىل 12 - ئايدا چاقىرىلغان ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى رېمونت قىلىش نۇقتىلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇش، ئۆز - ئارا رىقابەتلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1983 - يىلى دۆلەت چوڭ رېمونتقا بېرىدىغان قوشۇم-

چە ياردەمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا چوڭ رېمونتقا بېرىلىدىغان تراكتورلار ئازلاپ كەتتى. گوڭشې، ئەترەت، بەككىلەر رېمونت قىلغان تراكتورلارنىڭ سۈپىتى كاپالەتكە ئىگە بولماي، باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، 1984 - يىل 11 - ئايدا دۆلەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقاتتى ھەمدە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىن يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردىكى ماشىنا - رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش تەپسىلىي پرىنسىپى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى تارقىتىپ، رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ تىجارەت مەقسىدى، ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە دەرىجىگە ئايرىش ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى: «رېمونت چوڭ - كىچىك رېمونت، يۇقىرى نومۇرلۇق ئاسراشتىن ئىبارەت 2 دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، يېزىلاردىكى رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە قورال - سايمان رېمونت قىلىش دەرىجىسىنى بېكىتىدۇ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تىجارەت - مۇلازىمەت تۈرىنى بېكىتىدۇ». پارچە - پۈرات رېمونت قىلىش، قىسمەن رېمونت قىلىش دەرىجىسىدىكى رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە شەرت - شارائىتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

## § 3 . رېمونت قىلىش ئىشلەپچىقىرىشى

### 1 . تراكتور رېمونت قىلىش

50 - يىللاردىن 80 - يىللارنىڭ دەسلەپكىچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتا پىلانلىق ھالدا ئالدىنى ئېلىپ رېمونت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ تۈزۈم مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى، يەنى تراكتورلار خىزمەت ۋاقتى ياكى ماي سەرپىياتى بويىچە دەرىجىگە ئايرىلىپ ئاسرىلاتتى ۋە چوڭ - كىچىك رېمونتىنىڭ ئارىلىقى بەلگىلىنىپ، ماشىنىلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنىڭ بېجىرىملىكىگە كاپالەتلىك قىلىناتتى. 3 دەرىجىلىك رېمونت تۈرى دەل مۇشۇ پىلانلىق ھالدا ئالدىنى ئېلىپ، رېمونت قىلىش تۈزۈمىگە ماسلىشىپ تۇرغۇزۇلغانىدى. تراكتور قاتارلىقلارنى چوڭ رېمونت قىلىش رېمونت زاۋۇتىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، چوڭ رېمونت قىلىنغان تراكتورنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى.

1956 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش سېخى تراكتوردىن 67نى، ماتور بىرىكمىسىدىن 21نى چوڭ رېمونت قىلدى، كېيىن رېمونت قىلىشنى توختاتتى.

1955 - يىلدىن باشلاپ ، بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى رېمونت زاۋۇتلىرى ھەر قايسى يېزا ئە-
گىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تراكتورلىرى ۋە باشقا ماشىنا - سايمانلارنىڭ چوڭ رېمونت ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالدى (جەدۋەل : 3—9 غا قاراڭسۇن) .
1962 - يىلى بەزىلىك سىستېمىلار خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تراكتورلىرىنى رېمونت قىلىشقا
تەشكىللەپ ، شۇ يىلى نەق بار جەمئىي 662 تراكتورنىڭ 499 نى قىشلىق رېمونت قىلدى .
1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە چوڭ - كىچىك رېمونت قىلىنغان تراكتور ئايرىم -
ھالدا 363 ، 884 كە ، 206 ۋە 966 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ رېمونت قىلىنغىنى
30%~35% نى ئىگىلىدى .
1972 - يىلدىن كېيىن تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىشنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلى-
رىنى ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئۈستىگە ئالدى . 1979 - يىلى چوڭ رېمونتقا دۆلەت
قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى . چوڭ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك تراكتورلار ناھىيى-
لىك ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا يىغىپ رېمونت قىلىندى ، ھەر قايسى ناھىيىلىك رېمونت
قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىغا رېمونتقا بېرىلگەن تراكتورلار يىلمۇ يىل تەدرىجىي كۆپەيدى .
1983 - يىلى دۆلەت چوڭ رېمونتقا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كې-
يىن ، رېمونتقا بېرىلىدىغان تراكتور سانى بىراقلا ئازلاپ كەتتى .

1956 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—9

بىرلىكى : دانە

| نۆرى / يىللار | تراكتور | | ئاپتوموبىل | | كومباين | ئېگىرگىيە ماشىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | چوڭ رېمونت | كىچىك رېمونت | چوڭ رېمونت | كىچىك رېمونت | | |
| 1956 | 76 | 19 | 9 | 7 | 2 | |
| 1957 | 145 | 114 | 52 | 44 | 16 | 30 |
| 1958 | 202 | 145 | 42 | 52 | 8 | 58 |
| 1959 | 492 | 158 | 58 | 39 | 21 | 389 |
| 1960 | 520 | 273 | 131 | 217 | 54 | 65 |
| 1961 | 724 | 394 | 143 | 268 | 124 | 150 |
| 1962 | 664 | 453 | 136 | 234 | 41 | 169 |
| 1963 | 726 | 725 | | 85 | 49 | 200 |
| 1964 | 533 | 612 | | 132 | 50 | 85 |
| 1965 | 861 | 242 | 1008 | 653 | 90 | 150 |

1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ياساش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ رېمونت قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—10

بىرلىكى : دانە

| يىللار | زاۋۇت سانى | چوڭ رېمونت قىلىنغان تراكتور (دانە) | | چوڭ رېمونت قىلىنغان ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل | رېمونت قىلىش مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| | | چوڭ ، ئوتتۇرا تىپلىق | كىچىك تىپلىق | | |
| 1975 | 82 | 562 | 424 | 181 | 280. 91 |
| 1976 | 83 | 668 | 538 | 641 | 505. 87 |
| 1977 | 84 | 755 | 148 | 146 | 576. 8 |
| 1978 | 81 | 863 | 323 | 323 | 723. 89 |
| 1979 | 81 | 975 | | | |
| 1980 | 81 | 1374 | 578 | 979 | 928. 8 |
| 1981 | 81 | 1373 | 551 | 903 | 982. 94 |
| 1982 | 81 | 1361 | 506 | 1125 | 945. 56 |
| 1983 | 81 | 773 | 226 | 258 | 652. 58 |
| 1984 | 80 | 310 | 129 | 108 | 577. 10 |
| 1985 | 78 | 170 | 197 | | 552. 24 |

تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش جەريانىدا ، ھەر قايسى رېمونت زاۋۇتلىرى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، رېمونت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ، تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى . لېكىن زاپچاس بىلەن تەمىنلەش ، تراكتورلارنى ئىشلىتىش يىل چەكلىمىسى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن ، رېمونت تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىشى ـ ئۆرلىشى بىر قەدەر چوڭ بولدى .

1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە «ДТ—54» تىپلىق تراكتورنىڭ چوڭ رېمونت قىلىنىپ ، زاۋۇتتىن چىقىشتىكى تېخنىكا ، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل : 3—11

| رېمونت زاۋۇتىنىڭ نامى | 1960 ـ يىلى | | 1961 ـ يىلى | | 1962 ـ يىلى | | 1963 ـ يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قۇۋۋىتى | ماي سەرپىياتى | قۇۋۋىتى | ماي سەرپىياتى | قۇۋۋىتى | ماي سەرپىياتى | قۇۋۋىتى | ماي سەرپىياتى |
| يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ ساجىگرى زاۋۇتى | 56. 76 | 219. 15 | 54. 17 | 204 | | | 55. 2 | 223 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ پەنجى زاۋۇتى | 54 | 220 | | | 54.2 | 220 | | |
| يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ ۋۇتۇگۇڭۇزى زاۋۇتى | 55.5 | 225 | 58 | 284 | 54 | 208.5 | | |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ شىايىدى زاۋۇتى | 57.85 | 216.6 | 58.4 | 208.5 | 58.3 | 209 | 55 | 218.3 |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ لېۋگۇ زاۋۇتى | 58.55 | 225 | 58.5 | 225 | 57.6 | 225 | 57.8 | 225 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ شىخەنزە زاۋۇتى | 55.8 | 238 | 55.4 | 226 | 54.4 | 223 | 57.65 | 213 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ موسۇۋەن زاۋۇتى | 65.66 | 190 | 54.9 | 226 | 55.18 | 2.07 | | |

ئىزاھات: «ДТ-54» تىپلىق تراكتورنىڭ ئۆلچەملىك قۇۋۋىتى 54 ئات كۈچى ، ئۆلچەملىك ماي سەرپىيات نىسبىتى 200 گرام - ئات كۈچى ، ئۆلچەملىك ماي سەرپىيات نىسبىتى 200 گرام - ئات كۈچى - سائەت .

1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە بىگتۇەندىكى بىر نەچچە خىل تراكتورنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭ رېمونت تەننەرخى

جەدۋەل : 3—12 بىرلىكى : دانە/يۈەن

| تراكتور تىپى | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 |
|---|---|---|---|---|
| سانلن - 100/80 | 6410 | 15146 | 12074 | 7975 |
| ДТ—54 | 4864 | 8988 | 6912 | 7559 |
| شەرق قىزاردى - 54 | | 6760 | 6506 | 6612 |
| КД—35 | 4032 | 6267 | 5555 | 6647 |
| МТЗ, ЮМЗ | 2302 | 3533 | 3431 | 4004 |
| ДТ- 24/28 | 2184 | 2190 | 1784 | 3484 |
| Z—25 | 1502 | 2069 | 2394 | 2751 |

تراكتورنىڭ رېمونت سۈپىتى بەنە قايتا رېمونت قىلىش نىسبىتى ۋە زاۋۇتتىن چىققاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدىكى بېجىرىملىك نىسبىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. 1963 ـ يىلى يەرلىك سىستېمىدىكى 12 زاۋۇت رېمونت قىلغان تراكتورلارنىڭ قايتا رېمونت قىلىنىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.88% ، 1964 ـ يىلى 11.33% بولدى. 1964 ـ يىلى بىگتۇەننىڭ 2 زاۋۇتىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چوڭ رېمونتتىن چىقىپ 600 سائەت خىزمەت قىلغان تراكتورنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى 70.2% ۋە 95.5% بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1964 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەت ، ئوبلاستلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ 5 خىل تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش تەننەرخى

جەدۋەل : 3—13

| تراكتور تىپى | قەشقەر 1 ـ ئاۋغۇست زاۋۇتى | | بايىنغولىن رېمونت زاۋۇتى | سانجى رېمونت زاۋۇتى |
|---|---|---|---|---|
| | 1964 ـ يىل | 1965 ـ يىل | 1965 ـ يىل | 1965 ـ يىل |
| Z—25 | 2364 | | 3720 | 3624 |
| شەرق قىزار-دى -54 | | 6475 | | 5987 |
| ДТ—28 | 4511 | 4293 | 3421 | |
| МТЗ | 4247 | 4658 | | |
| КДП—35 | 6353 | 7379 | | |

## 2 . كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش

50 ـ يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن تراكتورلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىن-

غان بولۇپ، 8 دۆلەتنىڭ 30 نەچچە خىل تىپى بار ئىدى. ھەر يىلى تراكتورلاردىن ئالماشتۇرۇلغان كونا زاپچاسلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن يەنە ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم زاپچاسلار بىلەن تەمىنلەش قىس بولۇش مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، دۆلەتكىمۇ نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوت تېجەپ بېرىلدى. 1960 - يىل 8 - ئايدا بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى رېمونت زاۋۇتلىرى زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش سېخى ۋە كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش سېخى قۇرۇپ، تراكتور زاپچاسلىرىنىڭ كونىسىنى تاپشۇرۇپ، يېڭىنى ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1961 - يىل 12 - ئايدا رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان زاپچاسلارنىڭ دائىرىسى، تۈرى قاتارلىقلار بەلگىلەندى. 1962 - يىل 10 - ئايدا تراكتورنىڭ سىلىندىر قاپقىقى، ئەگرى ئوقى، ماي پۇركۈش بېشى، كۇنۇس شەكىللىك دومىلىغۇچ ساقلىق قازان قاتارلىق زاپچاسلىرىنىڭ ھېساباتى قىلىنغاندىن كېيىن، رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن زاپچاسلارنىڭ تەننەرخى يېڭى زاپچاس باھاسىنىڭ ئاران 18.1% نى ئىگىلەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى رېمونت زاۋۇتلىرى زاۋۇت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا كونا زىپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. 1962 - يىلى ئىلىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تراكتور رېمونت زاۋۇتى تراكتورنىڭ ھەر خىل كونا زاپچاسلىرىدىن 100 نەچچىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. 1965 - يىل 10 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى «شەرق قىزىلى - 54»، «ДТ—28» قاتارلىق تراكتورلارنىڭ ھاۋا سۈمۈرۈش، گاز چىقىرىش كلاپانى، ئەگرى ئوق قاتارلىق 18 خىل سايمىنىنى سېتىۋالدىغانلار بىردەك كونىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يېڭىسىنى سېتىپ بېرىش كېرەك، يىغىۋېلىنغان كونا سايمانلارنىڭ رېمونت قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى مۇرەككەپ بولغانلىرىنى دېھقانچىلىق نازارىتى بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى «1 - ئاۋغۇست» بېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى پراكتىكا زاۋۇتى رېمونت قىلىدۇ، قالغانلىرىنى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى رېمونت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە يىغىۋېلىنغان كونا زاپچاسلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك تېخنىكا شەرتلىرىنى بەلگىلىدى.

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان زاپچاسلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەھسۇلات قىممىتى 1974 - يىلى 177 مىڭ 400 يۈەنگە، 1978 - يىلى 1 مىليون 499 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 1.86 ھەسسە ئاشتى. 22 ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش سېخى قۇردى. 1980 - يىلدىن كېيىن بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سايمان بىلەن تەمىنلەش بارغانسېرى ياخشىلاندى. كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مىقدارى تەدرىجى ئازلىدى. 1980 - يىلى كونازاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ

ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 401 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1985 - يىلى 694 مىڭ 300 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ دەسلەپتە ئاساسلىقى، توك، گاز ئارقىلىق پايات قىلىش، سىلىسارلىق سايمانلىرى بىلەن ئۆگشاشتەك ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلدى. 1960 - يىلدىن كېيىن قوللىنىلغان ئاساسلىق ھۈنەر - سەنئەت تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلدىن ئىبارەت بولدى:

1) تەۋرەنمە توك يايىدا دۆۋىلەپ پايات قىلىش

1951 - يىلى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» رېمونت زاۋۇتى توك يايىدا دۆۋىلەپ پايات قىلىش ھۈنەر - سەنئىتىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى، 1963 - يىلغا بارغاندا بۇ تېخنىكا بىڭتۈەننىڭ كۆپ سانلىق تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرى ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتلىرىغا كېڭەيتىلدى. رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان سايمان ئەگرى ئوقتىن كۆپ ساندىكى ئوق تۈرىدىكى زاپچاسلارغا كېڭەيتىلدى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى بۇ تېخنىكىنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىدا تەۋرەنمە توك يايىدا پايات قىلىش ماشىنىسىدىن ئاران 4 ى بار ئىدى. 1980 - يىلى تەرەققىي قىلىپ 79 غا يەتتى، قىسمەن گۆڭشې يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش پونكىتلىرىمۇ بۇ تېخنىكىنى قوللىنىشقا باشلىدى.

2) چاپلاش

1961 - يىل 3 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار مېتال چاپلاش شىلىمىنى ئىجاد قىلىپ ئاپتوموبىل، تراكتور زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلەتتى. 5 - ئايدا بۇ خىل شىلىم بىلەن سىلىندىر گەۋدىسى، سىلىندىر قاپقىقىنى چاپلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ تېخنىكا مەھسۇلاتى تېزدىن ھەر قايسى رېمونت زاۋۇتلىرى ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا كېڭەيتىلىپ، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان زاپچاسلارنىڭ خىللىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاپلاش تېخنىكىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى، جايلار نۇرغۇن كۇرسلارنى ئېچىپ، بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتتى. 1977 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 52 ناھىيىسى كۇرس ئېچىپ، 400 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى.

1975 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى مېتال چاپلاش شىلىمىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، 1977 - يىلى «شىبۇجىڭجۇيىغا قارشى -150» تىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىلىمىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. شۇ يىلى قىشتا دۆلەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى بۇ زاۋۇتنى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىلىمىنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قىلىپ بېكىتتى ھەمدە 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سېخ قۇردى ۋە ئۈسكۈنە

سىنئۇالدى. 1978 - يىلى «شيۇجىجۇيىغا قارشى - 150» تىپلىق شىلىم تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق «شيۇجىگجۇيىغا قارشى - II نومۇرلۇق» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىلىمىغا ئۆزگەرتىلدى، لېكىن ئۇلار يەنە I نومۇرلۇق، II نومۇرلۇق قاتارلىق يېڭى سورتلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1985 - يىلغا قەدەر بۇ زاۋۇت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىلىمىدىن جەمئىي 5 توننا ئىشلەپچىقاردى.

شىلىمدا چاپلاش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، تەننەرخى تۆۋەن. 1976 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، غۇلجا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى «KH—520»، «J—04»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى I نومۇر، II نومۇر»، «J—1» تىپلىق ھىملاش شىلىمى، مىس ئوكسىدى نئورگانىك شىلىمى قاتارلىق كۆپ خىل شىلىم خورۇچلىرىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كونا زاپچاسلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىشلەتتى، جەمئىي 2500 كىچىك پرىنسىپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلدى. تورمۇز تاقىسى ۋە سۈركۈلۈش پىلاستىنكىسىنى ئىشلەپچىقىرىشتا بۇ تېخنىكىنى قوللانغاندا مىقلاپ ياسىغانغا قارىغاندا، ھەر بىر پرىنسىپتا تەننەرخىنى 40 يۈەن تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى I نومۇرلۇق» شىلىمنى پايات قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سىلىندىر گەۋدىسى ۋە باشقا قاپچۇق زاپچاسلىرىنىڭ يېرىقىنى، تۆشۈكلەرنى رېمونت قىلغاندا، «J—1» تىپلىق ھىملاش شىلىمى بىلەن تراكتورنىڭ «3 قېچىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، نئورگانىك شىلىم بىلەن سىلىندىر قاپقىقى بىلەن كلاپان ئېغىزىنىڭ تۇتاشقان جايدىكى يېرىقنى يەملىسە، كېتىدىغان خىراجەت يېڭى مەھسۇلات باھاسىنىڭ ئاران 3%—15%نى ئىگىلەپلا قالماستىن، سۈپىتى ئىشەنچلىك، ئىشلىتىشكە قولايلىق.

3) تۆمۈر يالىتىش

1977 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن يالىتىش ئۈسكۈنىسى 1978 - يىلى دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى خادىم ئەۋەتىپ، تېخنىك تاپانچىلىرى تەربىيلەنگەندىن كېيىن كېڭەيتىلدى، 1979 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە 14 يۈرۈش ئۈسكۈنە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ماتورنىڭ ئەگرى ئوقى، پورشىن چۆلىكى قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى. رېمونت قىلىنغان ئەگرى ئوقنىڭ سۈركۈلۈشكە چىدامىلىق خۇسۇسىيىتى تېخنىكىلىق تەلەپكە يېتىپ، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەننەرخى يېڭى مەھسۇلات باھاسىنىڭ 65%نى ئىگىلىدى. لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى كېڭەيتىش جەريانىدا تۆمۈر يالىتىش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يالىتىش سۇيۇقلۇقى 19 كۈن جىم قويۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، يەنىلا يالىتىلغان تۆمۈر قاتلىمىنىڭ تەكشى، ھەم، پۇختا چاپلىشىشىنى تېز قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدى. بۇ ھۈنەر - سەنئەت ئاز ساندىكى زاۋۇتلاردىلا قوللىنىلدى.

4) بىرىكمە مېتال پاراشوكىنى پۈركۈپ پايات قىلىش

1980 - يىلى غۇلجا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بىرىكمە مېتال پاراشوكىنى پۈركۈپ پايات قىلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق چاتما سوقىنىڭ

سۇقا چىشىنى رېمونت قىلدى ، سۇركۇلۇشكە چىداشلىقى ھەققىدىكى سىناق ئىسپاتلىدىكى تۆمۈر ، نىكېل بىرىكمە مېتال پاراشوكى بىلەن پۈركۈپ پايات قىلىنغان سوقا چىشىنىڭ سۇركۇلۇشكە چىداشلىقى پۈركۈپ پايات قىلىنمىغانلىرىنىڭكىدىن 1~2 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ ، ھەربىر مو يەر ئاغدۇرۇشقا كەتكەن سوقا چىشى خىراجىتى ئادەتتىكى سوقا چىشىنىڭكىدىن 39% تىن 71% كىچە تۆۋەن بولغان . بۇ تېخنىكا كېيىنرەك كىرگۈزۈلگەچكە كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىلمىدى .

5) توكتا ئېرىتىپ قىرىش

تەۋرىتىپ دۇۋىلەپ پايات قىلىش ، بىرىكمە مېتال پاراشوكى بىلەن پۈركۈپ پايات قىلىش تېخنىكىسى بىلەن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دېتاللارنىڭ يۈزى قاتتىق بولۇش ، قىرىش قىيىن بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ، 1978 - يىل 11 - ئايدا تۇرپان ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى مېتالنى توك بىلەن ئېرىتىپ قىرىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلدى . 1980 - يىل 11 - ئايدا بۇ تېخنىكا ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى . بۇ تېخنىكىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ، ئەۋرىشىملىكى يۇقىرى دېتاللارنى قىرىشتا ئىش ئۈنۈمى 5—24 ھەسسە يۇقىرى ، بەلكى مېخانىزم ۋە توك مەنبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئاددىي ئىدى . لېكىن كېيىنرەك تەرەققىي قىلغاچقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش سىستېمىسىدا كېڭەيتىلمىدى . دۆلەت ئىچىدىكى بەزى چوڭ تىپلىق پولات زاۋۇتلىرى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى .

## § 4 . رېمونتقا قوشۇمچە ياردەم بېرىش

### 1 . مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم

1962 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق گۈگىشىلىرىدىن يىغىۋالغان تراكتورلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولغاچقا ، رېمونت قىلىشقا مۇھتاج ئىدى . شۇڭلاشقا 1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە دۆلەت يىغىۋالغان تراكتورلارنى چوڭ رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مەخسۇس پۇل ئاجراتتى . ئاپتونوم رايون مەخسۇس پۇلنى « پەقەت گۈگىشىي - ئەترەتلەردىن يىغىۋالغان تراكتورلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇنقى چوڭ رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، باشقا جەھەتكە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ » دەپ ئېنىق بەلگىلىدى . 2 يىل ئىچىدە دۆلەت رېمونت قىلىش ئۈچۈن جەمئىي 282 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجراتتى .

1962 - يىل 9 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى ، جۇڭگو خەلق باش بانكىسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ، چوڭ رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان فوند چوڭ رېمونت چىقىمىغا يېتىشمىسە ، بانكىدىن قەرز پۇل بېرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى . 1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرى بانكىدىن جەمئىي 25 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئالدى .

## 2 . رېمونت قىلىشتىن زىيان تارتقاندا قوشۇمچە ياردەم بېرىش

1976 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور، دىزېلماتورلارنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى زىيان تارتقاندا، قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشتىكى ھەق ئېلىش ئۆلچىمى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ تراكتور، دىزېلماتورلارنى رېمونت قىلىش بەلگىلىمىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا زىيان تارتسا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى يىللىق رېمونت پىلانىنى تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇش، تەڭ دەرىجىلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسىغا يوللايدۇ. جايلارنىڭ مالىيە خام چوتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، كۆرۈلگەن زىيانغا قوشۇپ ياردەم بېرىشنى بىرلىكتە ئويلىشىپ كۆرۈپ، جايلارنىڭ خەزىنىسىدىن چىقىرىشقا مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمىنى جايلار ياخشى ئىجرا قىلمىدى.

## 3 . چوڭ رېمونتقا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش

1979 - يىلى 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېللارنى چوڭ رېمونت قىلىشتا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشنى بەلگىلىدى. ھۆججەتتە: «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرى رېمونتنى ئاساس قىلىش، رېمونت بىلەن ياساشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تارقاق ھالەتتە چوڭ رېمونت قىلىنىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ تراكتور، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل، كومبايىن ماتورلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشنى ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىدا مەركەزلىك ئېلىپ بېرىپ، چوڭ رېمونت سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش لازىم» دەپ بەلگىلەندى، چوڭ رېمونتقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى تېخنىكا ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېرلىك رېمونتقا قوشۇپ بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى بولۇپ، ئادەتتىكى رېمونتقا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلمەيدۇ؛ قوشۇمچە ياردەم پۇلى رېمونت قىلىنىدىغان تراكتور سانى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ چوڭ رېمونت دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن رېمونت ھەققىنى رېمونتقا بەرگەن ئورۇن ئۆزلىرى تۆلەيدۇ؛ قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش مۇددىتى 1979 - يىلدىن باشلاپ ۋاقىتنچە 2 يىل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېيىن يەنە 2 يىل ئۇزارتىلدى. قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشنىڭ ئۆلچىمى جايلاردا ئوخشاش بولۇپ كېتەلمىدى.

ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەرنىڭ چوڭ رېمونتقا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئۆلچىمى

جەدۋەل : 3—14

| تراكتور تىپى | شىنجاڭ بويىچە بىر ئوتتۇرا ھەق ئېلىش ئۆلچىمى | قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئۆلچىمى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | قۇمۇل ، تۇرپان ئۈرۈمچى ، سانجى | ئىلى ، تارباغاتاي ، ئاقسۇ ، بورتالا ، بايىنغولىن | خوتەن ، قەشقەر ، ئالتاي ، قىزىلسۇ |
| شەرق قىزاردى - 54/75 | 3800 | 1000 | 1200 | 1500 |
| تۆمۈر بۇقا - 55 | 2800 | 800 | 950 | 1100 |
| شەرق قىزاردى - 28 | 2400 | 600 | 750 | 900 |
| قول تراكتور | 700 | 200 | 250 | 300 |
| ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل 20 ئات كۈچىگە ئىگە | 20 | 6 | 8 | 9 |
| 21 — 40 ئات كۈچىگە ئىگە | 25 | 7 | 9 | 10 |
| 41 — 60 ئات كۈچىگە ئىگە | 20 | 7 | 9 | 10 |
| 61 — 100 ئات كۈچىگە ئىگە | 16 | 7 | 8 | 9 |

ئىزاھات : ① بىرلىكى : دانە/يۈەن (تراكتور) ، ئات كۈچى/يۈەن (ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل) ؛ ② ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېلدىن رېمونت قىلىش ھەققىنى ئېلىش ئۆلچىمى 1979 - يىل 6 - ئايدا ئۆزگەرتىلگەن ئۆلچەم بويىچە بولىدى .

1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ھەر قايسى يىللاردىكى قوشۇمچە ياردەم سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 مىليون 549 مىڭ يۈەن ، 2 مىليون 102 مىڭ يۈەن ، 1 مىليون 971 مىڭ 300 يۈەن ، 2 مىليون 69 مىڭ 200 يۈەن ، 382 مىڭ يۈەن ، جەمئىي 8 مىليون 73 مىڭ 500 يۈەن بولدى .

تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشقا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش بولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، گۇڭشې ، ئەترەتلەرنىڭ ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - پاسالاش زاۋۇتىغا ئاپىرىپ رېمونت قىلدۇرىدىغان تراكتور سانى تېزدىن كۆپەيدى . جەدۋەل : 3—15 تە قەشقەر ، تارباغاتايدىن ئىبارەت 2 ۋىلايەت بىر قانچە يىللاردا رېمونت قىلدۇرغان تراكتور سانىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . تراكتور ، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېللارنى ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - پاسالاش زاۋۇتىغا يىغىپ چوڭ رېمونت قىلغاندىن كېيىن رېمونت سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . شىنجاڭ بويىچە تراكتورلارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى 1979 - يىلدىكى %48 تىن 1981 - يىلى %78 كە ئۆستى . 1983 - يىلى نورمىلىق

قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىغا رېمونتقا بېرىلىدىغان تراكتورلارنىڭ سانى جىددىي كېمىيىپ كەتتى .

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قەشقەر ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە چوڭ رېمونت قىلىنغان تراكتور سانى

جەدۋەل : 3—15 بىرلىكى : دانە

| يىللار | قەشقەر ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى |
|---|---|---|
| 1979 | 380 | 146 |
| 1980 | 552 | 177 |
| 1981 | 548 | 168 |
| 1982 | 470 | 130 |
| 1983 | 164 | 87 |
| 1984 | 73 | 51 |
| 1985 | 51 | 8 |

# III باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش

## 1 § . ئاپپاراتلار

1964 - يىلى قۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتتۇر . ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى ئاساسەن ئالاقىدار ئورۇنلار قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى .

### 1 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇنلار

مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى) شىنجاڭدا يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار باش شىركىتى قۇرۇلۇپ ، قارمىقىدا شۆبە شىركەتلەر تەسىس قىلىندى . باش شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقى-

نىڭ شىنجاڭدىكى ئاپپاراتى - سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر خىل ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋالاتتى.

مىنگونىڭ 23 - يىلىدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، يەنجى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 9 رايوندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) قۇردى ھەمدە قىسمەن ناھىيىلەردە شۆبە مەيدانى، شۆبە فېرما، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلدى، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇلاغ سۆرەيدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

مىنگونىڭ 30 - يىلى ( 1941 - يىلى) ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىشقا مەسئۇل بولدى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئېھتىياجلىق بولغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلدى.

1950 - يىل ئەتىيازدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا توختامى ئىمزالاپ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى تۈركۈملەپ كىرگۈزدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى كوپېراتىپ ئىدارىسى تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپىنى تەسىس قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى، كوپېراتىپ ئىدارىسى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ پىلانى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىغا مال زاكاز قىلدى ھەمدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەقسىم قىلىپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى. 1953 - يىل 2 - ئايدا ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى قارمىقىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، زاكاز قىلىش، تەڭشەپ تەقسىم قىلىش، ئىشلىتىش قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىردى.

1954 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، بىڭتۈەن سىستېمىسىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

1957 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇپ، ئۇنى تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى زاكاز قىلىش، تەقسىم قىلىش ۋە يۆتكەشكە مەسئۇل قىلدى.

1958 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن مۇلازىمەت نازارىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر 2 - سودا نازارىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرىدىغان بولدى.

1959 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇپ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش، كىرگۈزۈش، يۆتكەپ تارقىتىش، پەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلدى.

1962 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ش ئۇ ئا ر سودا نازارىتى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سودا باشقارمىسى ئەسلىدىكى نامىنى، يەنى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## 2. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش تىجارىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلار

1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ شىركەت دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپىنى ۋە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانچىلىق نازارىتى ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى، 59 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى 12 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 11 (جەدۋەل: 3 — 16 گە قاراڭ) 1981 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شۆبە شىركەتلەر، ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شىركەتكە، ناھىيىلىق تەمىنلەش پونكىتلىرى ناھىيىلىك شىركەتكە ئۆزگەرتىلدى.

ئامما قولايلىق يارىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ۋىلايەت، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى تەمىنلەش تور - نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلدى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى سىستېمىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى تەرەققىي قىلىپ 98 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 1، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 83، ئۇنىڭدىن باشقا ئاساسىي قاتلامدىكى تەمىنلەش نۇقتىسى 62. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 2250 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 1098، ئىشچى 1152. (جەدۋەل: 3—17 گە قاراڭ).

شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 3—16

| تەرتىپى | دەسلەپتە قۇرۇلغان ئاپپارات نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | دەسلەپتە قۇرۇلغان ئاپپاراتنىڭ مەسئۇلى | 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاپپارات ئاساسىي ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئاپپارات نامى | مەسئۇلى | ئادەم سانى | تەۋەلىكى |
| 1 | بورتالا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە، شىركىتى | 1964. 6 | بەي چىڭرۇڭ | بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | ۋەن يەنشىڭ | 25 | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 2 | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964. 8 | لى جىيېرېن | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | جاڭ جىكۇي | 35 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى |
| 3 | ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1963 | ئاسلاق | ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | دۇڭ شېڭ | 30 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى |
| 4 | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964 | ۋېي فۇدې (شۇجى) شياۋ سى (دىرېكتور) | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | جياڭگوجاڭ (شۇجى) ۋېي فۇدې (دىرېكتور) | 66 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 5 | بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964. 8 | خۇ شىڭيۈەن | بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | ليۇ فۇزېڭ | 78 | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964.8 | ياۋمىن | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | جالڭ شۆجۇڭ | 77 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى |
| 7 | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە شىركىتى | 1964.1 | گۇاڭ رۇشۇي | قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | دۆلەت | | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى |
| 8 | خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964.7 | چەي دېگيۇن | خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | تەلەت | 35 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى |
| 9 | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964 | پۇ خۇڭجاڭ | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | نىيې شۆشىاڭ | 17 | ئوبلاستلىق ئىقتىساد كومىتېتى |
| 10 | سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964 | ۋۇ جىڭماۋ | سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىرىكىتى | جىڭ تاۋ | 58 | ئوبلاستلىق ئىقتىساد كومىتېتى |
| 11 | ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964 | | | | | |
| 12 | تۇربان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شۆبە شىركىتى | 1964 | | | | | |

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئاپپارات - قوشۇن ئەھۋالى

جەدۋەل: 3—17

بىرلىكى: دانە، ئەپەر

| يىللار | ئاپپارات / تۈرى | جەمئىي | بۆلەك ئىچىدە: ئۆلكە دەرىجىلىك | بۆلەك ئىچىدە: ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك | بۆلەك ئىچىدە: ناھىيە دەرىجىلىك | تۆۋەنگە تارقالغان تور نۇقتىلار: جەمئىي | ناھىيىگە قاراشلىق | گۇڭشې، ئەترەتلەر | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى | تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | ئاپپارات سانى | 98 | 1 | 14 | 83 | 62 | 16 | 9 | 16 | 21 | |
| | ئادەم سانى | 2098 | 351 | 616 | 1131 | 35 | 35 | | | | |
| | كادىر | 904 | 210 | 240 | 454 | 32 | 32 | | | | |
| | ئىشچى | 1194 | 141 | 376 | 677 | 3 | 3 | | | | |
| 1981 | ئاپپارات سانى | 96 | 1 | 14 | 81 | 43 | 14 | 18 | | 10 | |
| | ئادەم سانى | 2214 | 441 | 652 | 1151 | 74 | 32 | 42 | | | |
| | كادىر | 1050 | 273 | 270 | 507 | 28 | 28 | | | | |
| | ئىشچى | 1164 | 138 | 382 | 644 | 4 | 4 | | | | |
| 1982 | ئاپپارات سانى | 96 | 1 | 15 | 80 | 43 | 14 | 18 | 1 | 10 | |
| | ئادەم سانى | 2324 | 412 | 670 | 1242 | 74 | 32 | 42 | | | |
| | كادىر | 1108 | 273 | 277 | 558 | 37 | 27 | 10 | | | |
| | ئىشچى | 1216 | 139 | 393 | 684 | 5 | 5 | | | | |
| 1983 | ئاپپارات سانى | 96 | 1 | 14 | 81 | 45 | 20 | 7 | 8 | 10 | |
| | ئادەم سانى | 2247 | 402 | 660 | 1285 | 43 | 33 | 9 | | | |
| | كادىر | 1087 | 246 | 273 | 568 | 35 | 27 | 8 | | | |
| | ئىشچى | 1260 | 156 | 387 | 717 | 8 | 6 | 1 | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | ئاپپارات سانى | 95 | 1 | 14 | 80 | 29 | 20 | 3 | | 6 | |
| | ئادەم سانى | 2279 | 380 | 672 | 1227 | 40 | 31 | 9 | | | |
| | كادىر | 1083 | 235 | 283 | 565 | 33 | 25 | 8 | | | |
| | ئىشچى | 1196 | 145 | 389 | 662 | 7 | 6 | 1 | | | |
| 1985 | ئاپپارات سانى | 95 | 1 | 14 | 80 | 46 | 15 | 2 | 11 | 7 | 11 |
| | ئادەم سانى | 2250 | 362 | 683 | 1205 | 61 | 25 | 7 | 17 | 1 | 11 |
| | كادىر | 1098 | 223 | 312 | 563 | 54 | 19 | 6 | 17 | 1 | 11 |
| | ئىشچى | 1152 | 139 | 371 | 642 | 7 | 6 | 1 | | | |

شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، (ئوبلاست)، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش جەريانىدا ئاساس قۇرۇلۇش ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇ ئاپپاراتلارنىڭ ئۆي كۆلىمى جەمئىي 236 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماگىزىن 19 مىڭ 126 كۋادرات مېتىر، ئامبار 111 مىڭ 784 كۋادرات مېتر؛ ئاپتوموبىل، ئاپتوموبىللىق كىران، ئۈسۈپ توشۇش ماشىنىسى ۋە تراكتور قاتارلىق توشۇش، قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى 188 گە يەتتى. (جەدۋەل: 3—18 گە قاراڭ)

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3—18

| يىللار | تۈرى / ئورۇن | ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | | | ترانسپورت ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى (دانە) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ماگىزىن | ئامبار | جەمئىي | ئاپتوموبىل | كىرانلىق ئاپتوموبىل | ئۆسۈپ توشۇش ماشىنىسى | چاقلىق تراكتور | كىچىك تىپلىق تراكتور |
| 1980 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 335911 | 302 | 18591 | 61 | 57 | 3 | 1 | | |
| | ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شىركەت | 49426 | 1536 | 22296 | 71 | 49 | 6 | 5 | 7 | 4 |
| | ناھىيىلىك شىركەت | 88030 | 1797 | 43287 | 78 | 48 | | | 18 | 12 |
| 1981 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 30889 | 302 | 12122 | 63 | 57 | 4 | 2 | | |
| | ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شىركەت | 11313 | 2118 | 26362 | 70 | 50 | 5 | 5 | 2 | 8 |
| | ناھىيىلىك شىركەت | 89457 | 8141 | 46897 | 89 | 60 | 1 | | 12 | 16 |
| 1982 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 33040 | 302 | 12622 | 59 | 53 | 4 | 2 | | |
| | ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شىركەت | 60311 | 2475 | 28221 | 62 | 45 | 6 | 5 | 3 | 3 |
| | ناھىيىلىك شىركەت | 89675 | 9026 | 48226 | 84 | 64 | | | 7 | 13 |
| 1983 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 34894 | 513 | 12873 | 55 | 49 | 4 | 2 | | |
| | ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شىركەت | 66929 | 2811 | 24291 | 54 | 40 | 5 | 6 | 1 | 2 |
| | ناھىيىلىك شىركەت | 113381 | 10146 | 45099 | 71 | 61 | | | 3 | 7 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 16178 | 566 | 10925 | 51 | 48 | 2 | 1 | | |
| | ۋىلايەت ، ئوبلاست - لىق شىركەت | 69310 | 1406 | 30387 | 55 | 42 | 5 | 5 | 1 | 2 |
| | ئاھبىلىك شىركەت | 120161 | 10641 | 58343 | 66 | 53 | | | 6 | 7 |
| 1985 | ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 29899 | 1954 | 22173 | 54 | 51 | 2 | 1 | | |
| | ۋىلايەت ، ئوبلاست - لىق شىركەت | 86147 | 2290 | 35668 | 64 | 47 | 6 | 7 | 2 | 2 |
| | ئاھبىلىك شىركەت | 119671 | 14882 | 53943 | 70 | 58 | | | 6 | 6 |

## § 2 . تەمىنلەش - سېتىش كەسپى

### 1 . سېتىۋېلىش - سېتىش

#### 1) مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 3 - يىلىدىن 20 - يىلىغىچە ( 1914 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە ) يېڭى تېپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاساسلىقى پومېشچىك ، باي سودىگەرلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكنىكى چەت ئەل سودا فىرمىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ ساتاتتى ، ئۆزلىرى ئىشلىتەتتى ياكى ئىجارىگە بېرەتتى .

مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى ) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىك ئاساستا ئادەم ، ئۇلاغ ، ماشىنا كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېڭى تېپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى . شۇ يىلى ئەتىيازدا ئالتاي رايونلۇق (ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتى) ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 2 دانە تراكتور ۋە بىر تۈركۈم سوقا ، تىرنا ، ئورۇش ماشىنىسى ، دان ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ ، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى . قىسمەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە نېسىيگە بەردى .

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شىنجاڭ يۇقىرى يەرلىك مەھسۇلاتلار باش شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور تۈركۈمدە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھەر قايسى شۆبە شىركەتلىرى ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىغا ۋە يېزا ئاھالىلىرىغا سېتىپ بەردى. شۇ يىلى قىشتا ئارباغاتاي چېگرا ئېغىزىدىن كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 2 - يىلى ئەتىيازدا ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان - فېرمىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئىلى سودا شىركىتى 20 نەچچە خىلدىكى 20 مىڭغا يېقىن دېھقانچىلىق سايمىنىنى يۇقىرىلارغا سېتىپ بەردى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق رايونلارغا ئاپىرىپ ساتتى، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)غا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە سېتىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى جەمئىي 40 مىڭغا يەتتى.

مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە (1940 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە) شىنجاڭ 2 - قارارلىق «ئۈچ يىللىق پىلان»نى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت قەرز پۇلنى كۆپەيتىش ۋە كىرگۈزۈلگەن چاغدىكى ئەسلى باھا بويىچە سېتىپ بېرىشتەك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. كەڭ دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) بىر قېتىمدىلا 32 خىلدىكى 8742 يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى زاكاز قىلىندى. بۇنىڭ پۇلى 731 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت چىقارغىنى 160 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت دېھقانلارغا قەرز پۇل ھېسابىدا بەرگىنى 571 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇمىي خىراجەتنىڭ 21.9% ۋە 78.1% نى ئىگىلىدى. 1940 - يىل 3 - ئايدا «ئۆلكىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى باش كومىتېتىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پىلانىنى كېڭەيتىش ۋە يولغا قويۇش چارىسى» دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىپ، مۇددەتكە بۆلۈپ تارقىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ھەر قايسى رايون، ناھىيەلەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى (فېرمىلىرى)، ئىدارىلىرى ئۆزلىرىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئازراقىنى كۆرسانىلارنىڭ مەشىقتە ئىشلىتىشىگە قالدۇرغاندىن سىرت، باشقىلىرىنى دېھقانلارغا سېتىپ بېرىدۇ.

دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 23 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە (1934 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە) شىنجاڭ يۇقىرى يەرلىك مەھسۇلات باش شىركىتى ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى 105 مىڭ دانە بولۇپ، تۈرى 70 نەچچە خىلغا، تراكتور 20 گە يەتتى.

2) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقى-

رىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى مۇقىم ھالدا كۆپەيتتى. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكىچە شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سايمانلىرىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىلىشىنى كۆپ يول، كۆپ تارماقلار باشقۇردى.

1. بىڭتۇەن سىستېمىسى. بىڭتۇەننى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشتە، بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىدىكى ماددىي - تەشىيا تارماقلىرى زاكاز قىلىپ قوبۇل قىلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تەقسىم قىلىپ تارقاتتى. تەمىنلەش ئوبيېكتى بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىن ئىبارەت بولدى.

1950 - يىلى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 110 نەچچە مىڭ كوماندىر - جەڭچىنى بوز يەر ئېچىش ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاجراتتى. ئۇلار زور مىقداردىكى دېھقانچىلىق سايمىنىغا جىددىي مۇھتاج ئىدى. ئەينى چاغدا ھەربىي رايوننىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى كۆپ يوللار ئارقىلىق يۆتكىسىمۇ، سېتىۋالسىمۇ ھەتتا ئۆزلىرى ياسىسىمۇ يەنىلا ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. تېرىقچىلىق پەسلىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ھەربىي رايون پارتكومى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى كىرگۈزۈلگەن ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئىشلىتىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 110 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەتمەن 38 مىڭ 750، ئات سوقىسى 7750، تۆمۈر تىرنا 3875، چالغا 24 مىڭ 28، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان دورا پۈركۈگۈچ، ئۇلاغ سۆرەيدىغان ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، دېسكىلىق تىرنا قاتارلىق ماشىنا - سايمانلار بار؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تراكتوردىن يەنە 26 نى سېتىۋېلىپ، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى.

50 - يىللاردا بىڭتۇەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىن زور مىقداردا ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋالدى. ماددىي - تەشىيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى سېتىۋېلىش - تاپشۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، يۆتكەش پىلانى بويىچە ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىڭتۇەندىكى تراكتور سانى 2201 گە، كومباين 670 كە، چاتما سايمانلار 14 مىڭ 636 گە يەتتى.

1963 - يىلدىن كېيىن تەمىنلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاساسەن دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ماشىنىلاردىن ئىبارەت بولدى. 1963 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە 16 يىل ئىچىدە تراكتور سانى 2837 دىن 7500 گە كۆپىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 291 دانە كۆپەيدى.

1978 - يىلى چاقىرىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسمىنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى ئوتتۇرىغا

قويۇلدى. 1979 - يىلى دۆلەت بويىچە يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنى ماددىي - ئەشيا بىلەن بىۋاستە تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى زور مىقداردا كۆپەيتتى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 7 يىل ئىچىدە تراكتور سانى 8835 تىن 16 مىڭ 231 گە كۆپىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 1056 دانە كۆپەيدى. بۇ 7 يىل مابەينىدە چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئاز كەم 2000 غا، ھەر خىل ئاپتوموبىل 242 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان تراكتور 736( 53 مىڭ 270 ئات كۈچى)، كومبايىن 938 ( 104 مىڭ 860 ئات كۈچى ). تراكتور تىپلىرىدىن يۇگوسلاۋىيەنىڭ « IMT578/579 » تىپلىق، دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ « ZT310/ 303 » تىپلىق، ئامېرىكىنىڭ « 4450 » تىپلىق، ئەنگلىيىنىڭ « فوكسىن» تىپلىقلىرى بار. كومبايىن تىپلىرىدىن دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ « E512 » ۋە « E514 » تىپلىقلىرى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ « EMAT141/161 » تىپلىقى، ئامېرىكىنىڭ « 1466 » تىپلىقى قاتارلىقلار بار.

2. يەرلىك سىستېمىنىڭ ئەھۋالى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپى تاشقى سودا، تەمىنات - سودا، سودا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق كۆپ تارماقلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ماددىي - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى جۈملىدىن ئاپتوموبىل، تراكتورلارنىڭ زاپچاس - سەپلىمىلىرىنى زاكاز قىلىش، يۆتكەشنى ئاساسلىق باشقۇراتتى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، سودا ئىدارىسى بولسا، ئادەم، ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىشنى ئاساسلىق باشقۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جايلاردىكى قول - سانائەت بىرلەشمىلىرى تۆمۈرچى - ياغاچچىلارنى كونا تىپلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پائال ئۇيۇشتۇردى. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، دۆلەت قەرز پۇل بېرىپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنى تەمىنلىگەن يەرلىك سوقا، كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى 1 مىليون 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوقا ئاساس قىلىنغان، ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل يېڭى تىپتىكى 6314 دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە خەلق ھۆكۈمىتى يەنە داۋاملىق تۈردە 2 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق

سايمىنى بىلەن تەمىنلىدى. 1950 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە دۆلەت كونا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنىغا سالغان قەرز پۇل مەبلىغى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى، 3314 توننا پولات ماتېرىيال، 4971 توننا چۆيۈن بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان 125 مىڭ 276 ھەر خىل تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇ ئىنشائاتى ماشىنا - سايمانلىرى ۋە چارۋىلارنى ئاسراشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنا - سايمانلار ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا - سايمانلار بىلەن زور مىقداردا تەمىنلىدى.

1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تەمىنلىگەن ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

جەدۋەل: 3—19

| يىللار | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈرى | 2 | 5 | 15 | | | |
| تەمىنلىگەن سانى | 850 | 1876 | 38016 | 52463 | 32071 | 125276 |

1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان جەمئىي 169 مىڭ 681 دانە ھەر خىل تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلەندى. 1950 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە سېتىۋېلىنغان - سېتىلغان ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان 10 يىل (1933 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە) دا سېتىۋېلىنغان - سېتىلغانىنىڭ 1.6 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش، سېتىش خىزمىتىدە ساقلانغان ئاساسىي مەسىلە قارىغۇلارچە سېتىۋېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت بولدى، سېتىۋېلىشتا مەبلەغ كۆرسەتكۈچىگە بېرىلىپ كېتىپ، سۈپەتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا سەل قارىلىپ زىيان كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: خۇبېي، خېنەندىن سېتىۋېلىنغان 2 تۈركۈم دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنىنىڭ (سوقا، ئوت تارتىش ماشىنىسى، خاسىڭ شاكىلىنى ئايرىش ماشىنىسى، دورا پۈركۈگۈچ، شال ئاقلاش ماشىنىسى، چىگە سويۇش ماشىنىسى، شال سوقۇش ماشىنىسى) سۈپىتى بەك ناچار بولۇپ، كېرەكسىز قىلىنىپ، باھاسىنى چۈشۈرۈش بىلەنلا كۆرۈلگەن زىيان 266 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زور بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش جايى توغرا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇزۇن مۇددەت بېسىلىپ قېلىپ، بانكىدىن

ئالغان قەرز پۇلنىڭ 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئۆسۈمى يۆلكىنىپ قالدى.

1964 - يىلى مەركەز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى يېغىنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىنىش، رېمونت قىلىش، تەمىنلەشتىن ئىبارەت 3 تەرەپ بىرلەشتۈرۈلىدۇ، بۇنى دېھقانچىلىق تارماقلىرى باشقۇرىدۇ، دېگەن روھىغا ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ 80 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تراكتور، چاتما سايمان، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ئېنېرگىيىلىك سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ماشىنىلىرى (ماشىنا، پومپا، تۇرۇبا، تاسما) يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى ۋە تراكتور، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتىل، كومبايىن زاپچاسلىرى، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ماي قاچىلاش ئۈسكۈنىلىرى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت قوراللىرى قاتارلىق ماشىنا - سايمانلارنى تەمىنلەشكە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى بىردەك دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق نازارىتى سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەمىنلەش شىركىتى بىر تۇتاش تەمىنلەشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، دورا چېچىش ماشىنىلىرى (چاتما دورا چېچىش ماشىنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى يەنىلا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى داۋاملىق باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش مەقسىدى - جايلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولغان ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە رېمونت قىلىشقا كېتىدىغان زاپچاسلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

1964 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش پۈتۈنلەي بۇيرۇق خاراكتېرلىك ۋە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەقسىم قىلىش پىلانى چۈشۈردى. تراكتورلارنى سېتىش يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەقسىم قىلغان ھۆججەت بويىچە بېجىرىلدى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش شەكلى بويىچە زاۋۇت نېمىنى ئىشلەپچىقارسا، شۇنى سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تەمىنلىدى. زاپچاسلارنى تەمىنلەشتە، ئايرىملىرىغا قارىتا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق تەقسىم قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى شىركەت تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەقسىم قىلدى. سېتىش ئوبيېكتى ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار بولدى. 1967 - يىلدىن بۇرۇن سېتىلغان مەھسۇلاتلار ئاساسەن يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بولۇپ، سېتىش ئوبيېكتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدىن ئىبارەت بول-

دى؛ ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدا ئاساسلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىغا مەبلەغ سېلىندى. 1968 - يىلدىن كېيىن ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەدرىجىي ھالدا يېرىم ماشىنلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 1978 - يىلى مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرى تەرەققىي قىلدى، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل تراكتورلار سېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يۈرۈشلەشتۈرۈش ماشىنا - سايمانلىرىمۇ تەدرىجىي تولۇقلاندى. يەر تەكشىلەش، ئورۇش، دان ئايرىش ماشىنىلىرىمۇ بەلگىلىك مىقداردا سېتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش، ياغ تارتىش ماشىنىلىرىمۇ تۈركۈملەپ كىرگۈزۈلۈپ تەمىنلەندى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە يېزا، قىشلاقلاردىكى ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ماشىنىسى 13 مىڭ 600 گە، ياغ تارتىش ماشىنىسى 3353 كە، پاختا ئېتىش ماشىنىسى 2163 كە يېتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق ماشىنىلار تېخىمۇ تولۇقلاندى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پىلانلىق تەقسىم قىلىشتىن ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئېھتىياجلىقلار بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشۈشكە ئۆزگەرتىلدى. پىلانلىق بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە قەدەم قويۇلدى. دۆلەت ئەسلىدە پىلانلىق تەقسىم قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ئايرىم قىسىم بولغانلىرىنى تەڭشەپ، ئورۇنلاشتۇرۇشتىن سىرت، باشقىلىرىنى تەقسىم قىلماي، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئېھتىياجلىقلار بىۋاسىتە كېڭىشىپ تەمىنلەندى، سېتىش پائالىيىتى ئەسلىدىكى «بېكىنمىلىك» ھالەتتىن «ئېچىۋېتىش تىپىغا» ئۆزگەرتىلىپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كوللېكتىپ ۋە دېھقان، چارۋىچىلارغا بىۋاسىتە يۈزلەندۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تەمىنلىنىش مىقدارى ئېشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 60 - يىللاردا ھەر يىللىق سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون يۈەندىن، 61 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى؛ 70 - يىللاردا 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى. 1978 - يىلى 211 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى 5 يىلى ئىچىدە سېتىلىش سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 1984 - يىلى بولۇپ، 236 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىرقانچە يىللاردىكى سېتىۋېلىش - سېتىش، ئامبار قالدۇقى ئەھۋالىنى جەدۋەل: 3—20 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

80 - يىللارغا قەدەم قويغاندا، بىر قانچە خىل ئاساسلىق ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتورلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 2000 دىن 3800 ئەتراپىدا بولدى. كىچىك تراكتورلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى كۆپىيىشكە يۈزلەندى. 1984 - ، 1985 - يىللىرى ھەر يىلى 10 مىڭ ئەتراپىدا سېتىلدى؛ چاتما سايمانلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 3700—5600 ئەتراپىغىچە بولدى. تراكتور، ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل، كومبايىن زاپچاسلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ھەر يىلى 35 مىليون يۈەندىن 40 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولدى. (جەدۋەل: 3—21 گە قاراڭ)

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى سىستېمىسىنىڭ بىر قانچە يىللاردىكى سېتىۋېلىش، سېتىش
ئامبار قالدۇق ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—20 بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يىل بېشىدىكى ئامبار قالدۇقى | سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگىنى | سېتىپ چىقىرىلغىنى | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|
| 1964 | | 3049 | 3216 | 3369 |
| 1965 | 3369 | 5772 | 6127 | 2832 |
| 1966 | 2832 | 5435 | 6028 | 2955 |
| 1967 | 2955 | 3593 | 4346 | 2881 |
| 1968 | 2881 | 3743 | 3191 | 3523 |
| 1969 | 3523 | 4134 | 3718 | 4442 |
| 1970 | 4442 | 7771 | 6567 | 6329 |
| 1971 | 6329 | 7342 | 8489 | 6571 |
| 1972 | 6571 | 6427 | 7342 | 6275 |
| 1973 | 6275 | 7037 | 6971 | 7472 |
| 1974 | 7472 | 6801 | 6658 | 6921 |
| 1975 | 6921 | 9606 | 10055 | 7904 |
| 1976 | 7904 | 10393 | 13156 | 8596 |
| 1977 | 8596 | 16278 | 15150 | 10775 |
| 1978 | 10775 | 22996 | 21104 | 15254 |
| 1979 | 15254 | 20734 | 20175 | 15944 |
| 1980 | 15944 | 15298 | 18734 | 16476 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1981 | 16476 | 11033 | 13631 | 15826 |
| 1982 | 15826 | 13126 | 15660 | 15117 |
| 1983 | 15117 | 16676 | 18999 | 12036 |
| 1984 | 12036 | 20482 | 23623 | 12113 |
| 1985 | 12113 | 16588 | 19620 | 12506 |

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ بىر نەچچە خىل ئاساسلىق ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—21

| | تۈرى / يىللار | | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگىنى | ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | | 15298 | 11033 | 13126 | 16676 | 20482 | 16588 |
| | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور | | 5216 | 2550 | 2615 | 3641 | 3097 | 1995 |
| | كىچىك تىپلىق تراكتور | | 2375 | 212 | 2150 | 5228 | 10958 | 10732 |
| | چاتما سايمان | | 2376 | 3078 | 5558 | 5196 | 5493 | 3192 |
| | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئې- نېرگىيە ماشىنىلىرى | دانە | 1017 | 2395 | 2088 | 2924 | 4690 | 5374 |
| | | ئات كۈچى | 17395 | 41899 | 40029 | 57092 | 76556 | 82618 |
| | رېزىنكا چاقلىق قول ھارۋىسى | | 49380 | 123234 | 147864 | 115117 | 123253 | 51112 |
| | تراكتور زاپچاسلىرى (10مىڭ يۈەن) | | 3254 | 2608 | 2863 | 3867 | 3431 | 2511 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېتىپ چىقىرىلغىنى | ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | | 18734 | 13631 | 15660 | 18999 | 23623 | 19620 |
| | چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور | | 4849 | 2262 | 2351 | 3573 | 3825 | 1953 |
| | كىچىك تىپلىق تراكتور | | 2324 | 1197 | 2200 | 4677 | 11896 | 9299 |
| | چاتما سايمان | | 5620 | 4216 | 5299 | 5163 | 5153 | 3755 |
| | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى | دانە | 2486 | 7219 | 6827 | 5264 | 4012 | 5552 |
| | | ئات كۈچى | 46342 | 132318 | 133458 | 94082 | 73830 | 94878 |
| | رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسى | | 3871 | 3595 | 3828 | 4054 | 3719 | 3877 |
| تراكتور زاپچاسلىرى (10مىڭ يۈەن) | | | 16476 | 15826 | 15117 | 12036 | 12113 | 12506 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقىنىڭ قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | | | 172061 | 127001 | 160880 | 129208 | 117089 | 69209 |

## 2. تىجارەت فائىجىيىتى ۋە ئۈنۈمى

### 1) تىجارەت فائىجىيىتى

1964 - يىل 4 - ئايدىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش - سېتىش كەسپىنى كۆپ تارماق باشقۇراتتى. تىجارەت فائىجىيىتى ئۆز ساھەسىنىڭ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مالىيە ھېسابات تۈزۈمى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1956 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېڭەيتىلگەن ئوتتۇرا تىپلىق قوش چاقلىق 2 چىشلىق سوقا، 10 قۇرلۇق سېيالكا، بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان 17 خىل يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنىنىڭ باھاسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.2% چۈشۈرۈپ، 1955 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش پارچە سېتىش باھاسى ئىجرا قىلىنىپ، جايلار كىرا ھەققى، رەسمىيەت ھەققى ۋە باشقا ھەق قوشمىدى. ئومۇمەن 1955 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن سېتىلغان ياكى نىسپىي سېتىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىردەك چۈشۈرۈلگەن باھا بويىچە ھېسابلىنىپ، ئارتۇق ئېلىنغان پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئىنقلاب قايتۇرۇش جەريانىدا، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋالغان بەزى دېھقانلار ئۆز جايىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ياكى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، پۇل قايتۇرۇشقا ئامال بولمىغان بولسا، شۇ جايدىكى رەھبىرىي ئورگانلاردىن يوليورۇق سوراپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىنقلاش ئارقىلىق، بۇ خىزمەت 1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاخىرلاشتى. جەمئىي 49 مىڭ 342 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ئېنىقلىنىپ، 3 مىليون 788 مىڭ 500 يۈەن پۇل قايتۇرۇلدى.

1964 - يىلدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت باش فائىجىيىتىغا ئاساسەن يۇقىرى دەرىجىلىك

مال باھا تارماقلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئاۋارلىرىنىڭ مال باھا سىياسەتلىرىنى ئىز-چىللاشتۇرۇپ ، ھەر قايسى دەۋردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارەت فائىجىنىنى ئۈزلۈكسىز تۈزدى ۋە تەڭشەپ تۇردى . 1974 - يىلدىن بۇرۇن « دىرىنى ساقلاش ياكى ئازراق پايدا ئې-لىش » فائىجىنىنى يولغا قويدى؛ 1974 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە « كىرىمى ئارقىلىق چىقىمىنى قاپلاپ ، كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش » فائىجىنىنى يولغا قويدى؛ 1984 - يىلى ئال-دىنقى يېرىم يىلدا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىن-غاندىن كېيىن ، « مۇۋاپىق ھەق ھېسابلاپ ، دەسمايىنى ساقلاپ تىجارەت قىلىش » فائىجىنى يولغا قويۇلدى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى تىجارەت فائىجىنىغا ئاساسەن مۇناسىپ سېتىش باھاسىنى بېكىتىپ چىقتى .

2) ئۈنۈمى

(1) پايدا نىسبىتى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى بىر تۇتاش سېتىش پايدا نىسبىتى ۋە باشقۇرۇش ھەققى نىسبىتىنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچرايدۇ . ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ، ناھىيىدىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى تىجارەت قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئاۋارلىرىنىڭ خىلى ۋە پايدا نىسبىتىنى مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە مال باھا تارمى-قى بەلگىلەپ بېرىدۇ . ھەر قايسى دەۋردىكى پايدا نىسبىتى ۋە بۇنى تەقسىم قىلىش ئەھۋالى جەدۋەل : 3—22 ، 3—23 ، 3—24 ، 3—25 لەردە كۆرسىتىلدى .

1964 -- 1967 - يىللىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش ھەققى نىسبىتى

جەدۋەل : 3—22

| تۈرى / پايدا نىسبىتى % / كورۇن | تراكتور ، كومبايىن ، پرىسىپ | ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى | سۇغىرىش ، سۇ چىقىرىش ماشىنىلىرى | يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىلىرى | زاپچاسلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 3 | 4.5 | 11.5 | 11.5 | 11.5 | 6 |
| ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت | 2 | 2 | 2.5 | 3.5 | 3.4 | 2 |
| ۋىلايەت ، ئوبلاست - لىق شىركەت | 1 | 1 | 2.5 | 3.2 | 3.9 | 2 |
| ناھىيىلىك شىركەت | | 1.5 | 6.5 | 5.2 | 4.2 | 2 |

ئىزاھات : 1 . يۇقىرىقى پايدا نىسبىتى بىردەك باشقۇرۇش ھەققى نىسبىتى بولۇپ ، كىرا قاتارلىق ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ .

2 . يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىشتا ناھىيىلىك شىركەت پارچە سېتىش تېجى تاپشۇرىدۇ .

3 . ناھىيىلىك شىركەت تراكتور ، كومبايىن ، پرىسىپ قاتارلىقلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانمايدۇ .

1968 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا تاۋارلىرى تىجارىتىدىكى باشقۇرۇش ھەققىنىڭ نىسبىتى

جەدۋەل : 3—23

بىرلىكى : %

| خىل ئايرىمىسى | ھەر خىل تۈرلەر | ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەققىنى بۆلۈش نىسبىتى: جەمئىي پايدىسى | رايونلۇق شىركەت | ۋىلايەت ، ئوبلاست ـ لىق شىركەت | ناھىيىلىك شىركەت |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ خىل | تراكتور ۋە ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 1.7 | 1.7 | | |
| | باشقا ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 4.5 | 2 | 2.5 | |
| 2 ـ خىل | سۇغىرىش ، سۇ چىقىرىش ـ ۋېنتىش ئېنېرگىيىسى ۋە پىششىقلاش ماشىنىلىرى | 6.5 | 2.5 | 4 | |
| 3 ـ خىلى | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئادەم ۋە ئۇلاغ سۆرەيدىغان ھارۋىلار | 8.5 | 2 | 2.5 | 4 |
| 4 ـ خىل | ماشىنىلاشقان زاپچاس ، سافىلىق قازان ، چاق | 6 | 2 | 2 | 2 |

ئىزاھات : 1 . 1 ـ خىل 1 ـ تۈرلىرىنى رايونلۇق شىركەت ساتىدۇ ، ئەگەر ۋىلايەت ، ناھىيىلەر ساتسا %0.5 پايدا قايتۇرىدۇ .

2 . 1 ـ خىل 1 ـ تۈردىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئورۇش ماشىنىسى ، چانىما سوقا ، تىرنا ، سېپالكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، 1 ـ خىل 2 ـ تۈر 1 ـ تۈردىكىدىن باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 . ھەر قايسى خىلدىكىلەر بىردەك كىرا ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ .

1974 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا تاۋارلىرىنى ئېلىش ـ سېتىشتىكى پايدا نىسبەت ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—24

| تۈرى / پايدا نىسبىتى% / خىلى | كىرگۈزۈش ـ سېتىش پايدا نىسبىتى: جەمئىي | كىرا ھەققى | باشقۇرۇش ھەققى | تىجارەت پايدىسىنى بۆلۈش نىسبىتى: ئۈلگىلەر كارىسىدا | رايونلۇق شىركەت | ۋىلايەت ،ئوبلاست ـ لىق شىركەت | ناھىيىلىك شىركەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ خىل | 5 | 3 | 2 | 0.5 | 0.1 | 0.7 | 0.7 |
| 2 ـ خىل | 8 | 3 | 5 | 1 | 0.5 | 1.5 | 2 |
| 3 ـ خىل | 12 | 3 | 9 | 2 | 1 | 2 | 4 |

ئىزاھات : يۇقىرىقى پايدا نىسبىتى تاۋار ئىشلەپچىقارغان جايدىن شىنجاڭ بويىچە خېرىدارلارنىڭ قولىغا تەگكىچە يې-

زا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ بارلىق پايدىسىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدىكى كىرا ھەققى تۈمۈر- يول كىرا ھەققىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاشيول كىرا ھەققى باھاغا كىرگۈزۈلمىدى ، دۆلەت مالىيىسىدىن كىرا ھەققى قوشۇمچە بېرىلىپ ، بارلىق تاۋارلار شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش باھادا سېتىلدى .

1978 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا تاۋارلىرىنى ئۆلچەش - سېتىشتىكى پايدا نىسبەت ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—25

| تۈرى / پايدا نىسبىتى% / خىلى | باشقۇرۇش ھەققى نىسبىتىنىڭ جەمئىيسى | باشقۇرۇش ھەققىنى تەقسىم قىلىش | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆلكىلەر ئارا | رايونلۇق شىركەت | ۋىلايەت ، ئوبلاست- لىق شىركەت | ناھىيلىك شىركەت |
| 1 - خىل | 5.5 | 1 | 1.3 | 1.2 | 2 |
| 2 - خىل | 7.5 | 1.2 | 2 | 1.3 | 3 |
| 3 - خىل | 11.5 | 2.5 | 1 | 2 | 6 |

ئىزاھات : 1 . بۇ جەدۋەلدىكى پايدا نىسبىتى باشقۇرۇش ھەققى بولۇپ ، كىرا ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ .
2 . ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ 1 - خىلىنىڭ كىرا ھەققى 5% ، 2 - خىلىنىڭ 4.5% ، 2 - خىل زاپچاسنىڭ 4.5% ، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ 6.5% بولدى . يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئەمەلىي كىرا ھەققى قوشۇلدى .

(2) كىراغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىش . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ ، دۆلەت يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا كىرا ھەققى قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، 1984 - يىلغىچە داۋاملاشتۇردى . 1964 - يىلدىن باشلاپ ، دۆلەت يېزا ئىگىلىك ماشىنا تاۋارلىرىنى سېتىشتا باھا جەھەتتە سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىشتەك قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويدى . ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرا ھەققىنى پۈتۈنلەي دۆلەت مالىيىسىدىن چىقىرىپ ، شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسىنى يولغا قويدى . ئاساسلىق تاۋارلارنى سېتىشتا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش باھانى يولغا قويدى . ھەر يىلى مالىيىدىن كىرا ھەققى قوشۇپ بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى نەچچە مىليون يۈەن بولدى ، ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 1980 - يىلى بولۇپ ، 8 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى .

1974 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئاۋارلىرىنىڭ كىرا ھەققىگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 3—26

| يىللار | كىرا ھەققىگە قوشۇپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى (10مىڭ يۈەن) | يىللار | كىرا ھەققىگە قوشۇپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى (10مىڭ يۈەن) | يىللار | كىرا ھەققىگە قوشۇپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى (10مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 248 | 1978 | 842 | 1982 | 724 |
| 1975 | 448 | 1979 | 815 | 1983 | 800 |
| 1976 | 412 | 1980 | 884 | 1984 | 782 |
| 1977 | 687 | 1981 | 549 | 1985 | 263 |

ئىزاھات: كىرا ھەققىگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىش 1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە داۋاملىشىپ، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن يىراق رايونلارغا 1 -، 2 - خىلدىكى ئاۋارلارنىڭ قىسمەن مۇساپىلىق كىرا ھەققىگىلا قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

(3) ئىجتىمائىي ئۈنۈمى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش ۋە قوراللىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. 50 - يىللاردا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاساس قىلىندى، 1950 - يىلدىكى تەمىنلەش 169 مىڭ دانە بولغان بولسا، 1959 - يىلى 174 مىڭ 300 دانىگە يەتتى. 60 -، 70 - يىللاردا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور مىقداردىكى ماشىنىلاشقان ماشىنا - سايمانلار بىلەن تەمىنلىدى. 1979 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى 742 مىڭ 500 گە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور 23 مىڭ 549 غا، چاتما سايمان 45 مىڭ 751 كە، كومبايىن 3011 گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 3538 گە، پىرتسىپ 14 مىڭ 836 گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ئېنېرگىيىسى 2 مىليون 829 مىڭ 500 ئات كۈچىگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر10 مىڭ مو يەرگە 589.4 ئات كۈچى توغرا كەلدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشتى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش،

مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە سېتىش تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تۈپتىن ئىسلاھات ئېلىپ بې-رىلىپ، 3 بۇرۇلۇش يولغا قويۇلدى: بىرسى، تەمىنلەش ئوبيېكتى جەھەتتىكى بۇرۇلۇش؛ بۇرۇنقى ئاساسلىقى، گۇڭشې - ئەترەت، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش-تىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە مۇلازى-مەت قىلىشقا بۇرۇلۇش قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، تەمىنلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىش: بۇرۇنقى ئاساسەن تېرىقچىلىققا مۇلازىمەت قىلىشتىن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قو-شۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەت قاتار-لىق كۆپ خىل ئىگىلىككە مۇلازىمەت قىلىشقا بۇرۇلۇش؛ بۇرۇنقى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ئاساس قىلىشتىن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقى-رىشتىن كېيىنكى كۆپ ھالقىلارغا خىزمەت قىلىشقا بۇرۇلۇش؛ ئۈچىنچىدىن، بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە بۇرۇلۇش؛ بۇرۇنقى پىلان ئارقىلىق تەقسىم قىلىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇ-تاش سېتىپ بېرىشتىن، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەمىنلەشنى ئويۇشتۇرۇشقا بۇرۇ-لۇش. بۇ «ئۈچ بۇرۇلۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ يېزىلىرىدا كۆپ خىل باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تېرىقچىلىقىدىكى يەر ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش، ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق ئېتىز - ئې-رىق مەشغۇلات تۈرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، يەم - خەشەك قاتالىقلارنى دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنىلار ئارقىلىق ئورۇندالدى.

تۆتىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

# تۆتىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

## I باب

## مائارىپ

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش مائارىپى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) باشلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش مائارىپى ئۆلكىدە تەربىيىلەشتىن پەيدىنپەي ۋىلايەت، ناھىيە، خەلق گۇڭشېلىرى ۋە ئەترەتتىن ئىبارەت ئاساسىي قاتلاملاردا تەربىيىلەشكە، ۋاقىتلىق كۇرسلارنى ئېچىپ تەربىيىلەش، ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەپ يېتىشتۈرۈشتىن دائىملىق كۇرسلارنى ۋە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ تەربىيىلەشكە، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى مەشغۇلاتچىلىرى، تراكتور شوپۇرلىرى ۋە رېمونتچى تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەشتىن، ئوقۇتقۇچىلار، باشقۇرغۇچىلار ۋە رەھبەرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشكە قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىدىن جەمئىي 177 مىڭ 947 سى (ماشىنىسازلىق سانائىتى سىستېمىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئالىي مەكتەپلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپى خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىكىتۈەنىڭ 49 مىڭ 363. ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش كارخانىلىرىنىڭ 5709، خەلق گۇڭشېلىرى (يېزا - بازارلار) نىڭ 122 مىڭ 875.

### § 1. ئالىي مائارىپ

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئاساسى ئاجىز ئىدى. مىنگو دەۋرىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) شىپ چىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى

سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك ئونىۋېرسىتېتىغا ماشىنسازلىق (مەخسۇس كۇرس) كەسپىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ئۇ مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مىگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ئۈرۈمچىدە ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇردى، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) بۇ مەكتەپ شىنجاڭ ئىنىستىتوتىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. دېھقانچىلىق كەسپىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دەرسى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئونىۋېرسىتېتى ۋە تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئونىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتلىرى (سىنىپ، كەسپلەر) تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلغىچە ھەر مىللەتتىن جەمئىي 2400 ئوقۇغۇچى بۇ 4 ئالىي مەكتەپنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى سىنىپلىرىنى پۈتتۈردى.

## 1. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى

1952 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى (1 - ئاۋغۇست) يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنى قۇردى، ئىنىستىتۇت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا مەشىق قىلىش كۇرسى ئېچىلدى، بۇ كۇرس ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

1954 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسى تۈنجى قارار 2 يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچتى؛ 1955 - يىلى يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئالىي تېخنىكومىغا 3 سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1956 - يىلى شىنجاڭدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى مەنبەسى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈرۈلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلىندى. بۇ، 1 - قارارلىق 5 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى تولۇق كۇرس سىنىپى ئىدى.

1956 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىلا تەسىس قىلىندى. 1972 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش، ياساش بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە لايىھەلەش، ياساش كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش، ياساش، تراكتور لايىھەلەش، ياساش، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش، ياساشتىن ئىبارەت 3 خىل كەسپ تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشى-

ىلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش، ياساش، تراكتور ۋە ئاپتوموبىل، ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىش ئىنژېنېرىيىسىدىن ئىبارەت 4 خىل كەسىپ تەسىس قىلىندى.

1) ئوقۇتقۇچىلار ھەم كافېدرا

مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغاندا 7 نەپەرلا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بىرلا كافېدرا تەسىس قىلىنغانىدى. 1954 - يىلى ھەربىي قىسىمدىن بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىغا (مەخسۇس كۇرس) ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 5 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچى بولدى؛ مەكتەپنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن 14 ئوقۇغۇچى زاپاس ئوقۇتقۇچى قىلىپ تاللىۋېلىندى. تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقىدىن ئىبارەت 3 كافېدرا تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇتەخەسسىسى كارپوۋسىپانوۋىچ خېۋىلىيە مەكتەپنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 40 قا، تېخنىكا ئاساس دەرسى ئوقۇتقۇچىسى 7 گە يېتىپ، كەسپىي دەرس، تېخنىكا ئاساس دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. فاكۇلتېتتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، مېخانىكا ۋە مېخانىكىلىق چېرتيوژ سىزىش، مېتاللچىلىق تېخنولوگىيىسىدىن ئىبارەت 6 كافېدرا تەسىس قىلىندى.

1966 - يىلى ئوقۇتقۇچى 50 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە لېكتور 12، ئاسسىستېنت 35، ئوقۇتقۇچى 3، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، مېخانىكا قائىدىلىرى ۋە ماشىنا زاپچاسلىرى، مانتىيورلۇقتىن ئىبارەت 3 كافېدرا كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەردىن 18 ئادەم يۆتكىلىپ كەتتى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.

1978 - يىلى 55 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە لېكتور 9، ئاسسىستېنت 46، تراكتور، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىش، رېمونتچىلىق، چېرتيوژ سىزىش، تېخنولوگىيە، مانتىيورلۇق، قىزىتىپ بىر ياقلىق قىلىش ۋە مېخانىكىلىق لايىھەلەش قاتارلىق 10 كافېدرا بار ئىدى.

1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئۇدا 3قېتىم ئۇنۋان باھالىنىپ، 11 ئوقۇتقۇچى دوتسېنتلىققا، 33 ئوقۇتقۇچى ئاسسىستېنتلىقتىن لېكتورلۇققا، 3 تېخنىك ياردەمچى ئىنژېنېرلىققا ئۆستۈرۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي ئوقۇتقۇچى 76 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى 18. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە دوتسېنت 10، لېكتور 33، ئاسسىستېنت 33. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئاپتوموبىل - تراكتور رېمونتچىلىقى، ماشىنىلارنى لايىھەلەش، ياساش ھۈنەر - سەنئىتى، مانتىيورلۇق، مېتاللچىلىق، قىزىتىپ بىر ياقلىق قىلىش ۋە مېخانىكىلىق چېرتيوژ سىزىشتىن ئىبارەت 10 كافېدرا تەسىس قىلىندى.

## 2) پراكتىكا زاۋۇتى، تەجرىبىخانا ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى

مەكتەپ «نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. 1956 - يىل 9 - ئايدا مەكتەپ پراكتىكا زاۋۇتى قۇردى. 1957 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل ئۇشكىلەش، رەندىلەش، يونۇش ۋە بازغانلاش ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ بولۇندى. تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن سېلىسارلىق، مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇيمىچىلىق، بازغانلاش، ياغاچ مودېل، قىزىتىپ بىر ياقلىق قىلىش ۋە رېمونتچىلىق قاتارلىق سېخلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زاۋۇتتا پراكتىكا قىلىشى ۋە رېمونتچىلىق پراكتىكىسى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە قاراشلىق تۇدۇڭخابا ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن بىڭتۇەنىڭ ھەر قايسى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە يازلىق يىغىم قاتارلىق ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى پراكتىكىسى قىلدى.

1958 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل، تراكتور، مېتالنى قىزىتىپ بىر ياقلىق قىلىش، مانتېيورلۇق، ئومۇم پەرقنى تېخنىكىلىق ئۆلچەش، مېخانىكىلىق قائىدە زاپچاسلىرى ۋە مودېل قاتارلىق 6 تەجرىبىخانا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى قۇرۇلمىسى پراكتىكا، تەجرىبە دەرسلىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. تەجرىبىخانىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپلىگەن تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ چىقتى. تراكتور تەجرىبىخانىسىدا «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتوردىن بىرسى پارچىلىنىپ ئۇلگە كۆرستىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئېلېكترلىك مودېلى ياساپ چىقىلدى؛ سۇيۇقلۇق بېسىمى سىناق سۇپىسى بىلەن ئېلېكتر ئەسۋاب ئارقىلىق تەجرىبە قىلىش سۇپىسىنى ئۆزلىرى ياساپ چىقتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەجرىبىخانىسى ۋە ئۇرۇق چۈشۈرگۈچ، دورا پۈركۈگۈچ، كەسلىگۈچ ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان شامالچى، كىرتىك تېزلىك ۋە دان تازىلاشنى تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت 6 خىل تەجرىبە سۇپىسىنى ئۆزلىرى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى؛ ئاپتوموتىك كومبايندىن بىرنى پارچىلاپ ئۇلگە كۆرسەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئېلېكترلىك مودېلىنى ياساپ چىقتى. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبىخانىسىدا قوي يۇڭى قىرقىش ئەسۋابىنى سىناق قىلىش قۇرۇلمىسىدىن بىرنى ۋە تىغنىڭ كېسىش ئىقتىدارىنى ئانالىز قىلىش تەجرىبە ئەسۋابىدىن بىرنى ياساپ چىقتى.

ئۇلار ئۆزلىرى مۇشۇنداق تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ، دۆلەتكە مەبلەغ تېجەپ بەردى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتتى، تەجرىبە ھالقىلىرىنى تولۇقلىدى.

1952 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە بىڭتۇەن «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە پراكتىكا قىلىشقا ئىشلىتىشى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەينى چاغلاردىكى ئەڭ يېڭى تىپلىق 9 خىل تراكتور، 70 خىل تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىسىنى سېتىۋالدى.

«1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ 1957 - يىلدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن ماشىنا - سايمانلىرى

جەدۋەل: 4-1

| رەت نومۇرى | ماشىنا - سايمانلارنىڭ نامى ھەم تىپى | رەت نومۇرى | ماشىنا - سايمانلارنىڭ نامى ھەم تىپى |
|---|---|---|---|
| | 1. تراكتور | 7) | OK—5.0 ئۇلاغ كۈچى بىلەن تۇمان پۈركۈگۈچ |
| 1) | AT3—HATN | 8) | OKП—A ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق تۇمان پۈركۈگۈچ |
| 2) | ئۇنىۋېرسال Y—2 | 9) | ПРМ—1 ئورۇق دېزىنفېكسىيەلىگۈچ |
| 3) | KШП—35 | 10) | OPM—1 قولدا پۈركۈگۈچ |
| 4) | ستالىن C—80 | 11) | OPM قولدا پۈركۈگۈچ |
| 5) | ДТ—54 | 12) | K—1.4 ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى |
| 6) | XT3—2 | 13) | KT—1 ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ بېسىش ماشىنىسى |
| 7) | XT3—7 | 14) | ПСК—1.0 ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسى |
| 8) | ZT—25K | | 3. چاتما دېھقانچىلىق سايمانلىرى |
| 9) | توپا ئىتتىرىش Д—159 | 1) | П—5—35Ц چاتما بەش چىشلىق بوز يەر ئېچىش سوقىسى |
| | 2. ئادەم ۋە ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 2) | П—5—35Ц مالتسېۋ سوقىسى |
| 1) | ПП—28 ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان تاق چىشلىق سوقا | 3) | HK—3—35 ئاسما چىشلىق سوقا |
| 2) | 303л—1.0 يېنىك چىشلىق تىرنا | 4) | ПН—30 ئاسما 1 چىشلىق سوقا |
| 3) | ЛK—0.7 ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ئىلاسىنكىلىق چىشلىق كولتىۋاتور | 5) | BП قىزىش سوقىسى |
| 4) | KOKC0.7 ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان تاق قۇرلۇق كولتىۋاتور | 6) | ПП—50 چوڭقۇر ئاغدۇرۇش سوقىسى |
| 5) | СД—10 ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان سېيالكا | 7) | ПУМ—60 ئۈزۈمزارلىق ئاغدۇرۇش سوقىسى |
| 6) | 6Д—2 ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان دېسكىلىق تىرنا | 8) | П—3—30 چاتما ئۈچ چىشلىق سوقا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 9) | ЗЗЗТ—1.0 كولتىۋاتسىيە چىشلىق تىرنىسى | 28) | СКГ—6 كۆممىقوناقنى چاسا ئۆزۈپ كېچىپ تېرىش ماشىنىسى |
| 10) | ЗЗЗС—1.0 ئېغىر تىپلىق چىشلىق تىرنا | 29) | СКГ—4 باغىۋ تىكىش ماشىنىسى |
| 11) | ЛбЯ—4.5 تېيىز ئاغدۇرۇپ ئېگىز يوقىتىش تىرنىسى | 30) | СКС— دورىنى ئۇنىۋېرسال پۈركۈش ماشىنىسى |
| 12) | ЛЯ—16—6 ئېگىز يوقىتىش تىرنىسى | 31) | ОУН—4 ئاسما شەكىللىك پاراشوك پۈركۈش ماشىنىسى |
| 13) | ССК—4 كېۋەز سېيالكىسى | 32) | СРА—6 مايسا تىكىش ماشىنىسى |
| 14) | СКГ Н—6 كۆممىقوناق ئۇۋىلاپ، ئۆجەيلەپ تېرىش ماشىنىسى | 33) | СЛЦ—1 كۆچەت تىكىش ماشىنىسى |
| 15) | КПН—4 ئۇنىۋېرسال كولتىۋاتور | | 4. هوسۇل يىغىش ماشىنا - سايمانلىرى |
| 16) | КУТС—4.2 چاتما كولتىۋاتور | 1) | МЗМ—2 يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى |
| 17) | МВ—2.1 ئايلانما ئوتىغۇچ | 2) | МП—2.5 ئوگۈنەك يىلتىز يۇيۇش ماشىنىسى |
| 18) | КОН—2.8 ئاسما كولتىۋاتور قىلىپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش ماشىنىسى | 3) | ЛМК—0.1 بازغانسىمان پاتچىش ماشىنىسى |
| 19) | ТР—1 زەنجىرسىمان خىمىيۋى ئوغۇت چېچىش ماشىنىسى | 4) | УПХ—1.5 پاخنا تازىلاش ماشىنىسى |
| 20) | бД—3.4 قوش رەتلىك دىسكىلىق تىرنا | 5) | КС—10 ئاپتوماتىك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى |
| 21 | бДТ—2.2 ئېغىر تىپلىق تىرنا | 6) | СТУ—0.7 ئوت - چۆپ دۆۋىلەش ماشىنىسى |
| 22) | ЗКбТ -1.4 سۆرەم سالغۇچ | 7) | РКС—12 ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى |
| 23 | ЗКК—6 تورسىمان سۆرەم | 8) | ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان ئايلانما يەلكىلىك ئورۇش ماشىنىسى |
| 24 | С—18 ئۇنىۋېرسال چاتىغۇچ | 9) | С—6 چاتما دانلىق زىرائەت كومباينى |
| 25 | П С، 24 دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | 10) | С—4 ئاپتوماتىك دانلىق زىرائەت كومباينى |
| 26 | СЗТ—47 ئوت - چۆپ، دانلىق زىرائەت سېيالكىسى | 11) | С—4М ئاپتوماتىك دانلىق زىرائەت كومباينى |
| 27) | СУб—48 تار قۇرلۇق سېيالكا | 12) | КУ—2 كۆممىقوناق كومباينى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 13) | CKEM—3 قىزىلچا كومبايىنى | 19) | MKC—1100 مۈرەككەپ شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسى |
| 14) | CK—2.6 يېشىل يەم - خەشەك ئورۇش ماشىنىسى | 20) | OKM—3 مۈرەككەپ شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسى |
| 15) | KKP—2 باڭيو كومبايىنى | 21) | ПК—3 يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش ماشىنىسى |
| 16) | ЖКК—2.1 كەندىر ئورۇش ماشىنىسى | 22) | سۈت سېغىش ماشىنىسى |
| 17) | ЛТ—7 باۋا كەندىر يۇلۇش ماشىنىسى | 23) | قايماق ئايرىش ماشىنىسى |
| 18) | CXM—48 پاختا تېرىش ماشىنىسى | | |

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى تراكتورلار ئىچىدىكى ZT—25 چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بولغاندىن تاشقىرى ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ، سپاقنىڭ مەھسۇلاتى .

## 3) ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

1952 - يىلى 1 - قارارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسىغا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىن 150 كۇرسانت قاتناشتى . بۇلاردىن 100 ئادەم 1 يىلدىن 2 يىلغىچە ئوقۇپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە بولدى . 50 ئادەم تراكتور شوپۇرلۇقى ۋە ئادەتتىكى ماشىنا كەسپى بويىچە 3 ئاي تەربىيىلەندى .

1954 - يىلدىن باشلاپ تۈنجى قارارلىق 2 يىللىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلدى . 1956 - يىلى كۈزدە مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا قاتنىشىپ ، شۇ يىلى 5 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق كۇرسقا 180 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . 1961 - يىل 7 - ئايدا 90 ئوقۇغۇچى تۈنجى قارارلىق تولۇق كۇرسنى پۈتتۈردى . 1965 - يىلى 27 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈردى (6 يىللىق) . 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، تراكتور ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھىلەش ، ياساش كەسپلىرى بويىچە دۆلەتكە جەمئىي 1558 نەپەر ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە كەسپىي تېخنىك خادىم تەربىيىلەپ بېرىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى 1169 ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 389 ، ئوقۇش يىلى بويىچە ئايرىغاندا : 5 يىللىق تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 665( بۇنىڭ ئىچىدە 1969 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى180 ) ؛ 4 يىللىق تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 336 ؛ 3 يىللىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 142 ، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 315 ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 100 .

1985 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنىڭ 4 كەسپىدە ئوقۇۋاتقان 12 سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچى 446( بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى336 ) .

## 2. شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى

شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئاساسىدا 1959 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلدى، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن باشلاپلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلىندى. 1975 - يىلى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقىدىن ئىبارەت 2 كەسىپ تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپ غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى ئۈچۈن ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتە «بوز يەرگە يىلتىز تارتىش، بوز يەرگە يۈزلىنىش، بوز يەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بوز يەرنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت ئەنئەنىسىنى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىدىغان ئىستىلىنى جارى قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى.

### 1) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە كافېدرا

1960 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا جەمئىي 29 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچىلىرى 75 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە لېكتوردىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلىرى 39. (جەدۋەل: 4—2 گە قاراڭ).

1960 - يىلى ئوقۇتۇش، فىزىكا، چېرتيوژچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل - تراكتور، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، مانتىبورلۇق، مېخانىكا، مېتالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق 8 كافېدرا تەسىس قىلىندى؛ 1965 - يىلى چېرتيوژچىلىق، مېتالچىلىق، مانتىبورلۇق، ئاپتوموبىل - تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە مېخانىكىدىن ئىبارەت 9 كافېدرا تەسىس قىلىندى؛ 1975 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، مانتىبورلۇق، مېتالچىلىق، چېرتيوژچىلىق ۋە مېخانىكا قاتارلىق 7 كافېدرا تەسىس قىلىندى. 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش كافېدراسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1985 - يىلى مېخانىكا كافېدراسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مېخانىكىلىق لايىھەلەش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە كومپيۇتېر كافېدرالىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 10 كافېدرا بولدى.

شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—2

| يىللار | ئوقۇتقۇچى سانى جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پروفېسسور | دوتسېنت | لېكتور | ئوقۇتقۇچى | ئاسسىستېنت | پراكتىكانت ئاسسىستېنت |
| 1960 | 29 | | 3 | 2 | 13 | 6 | 5 |
| 1965 | 44 | | 1 | 2 | 16 | 25 | |
| 1975 | 20 | | 1 | | 7 | 12 | |
| 1980 | 47 | 1 | 2 | 30 | 12 | 2 | |
| 1985 | 75 | 1 | 4 | 34 | 3 | 33 | |

2) تەجرىبىخانا، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى

مەكتەپ قۇرۇلۇش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ۋە كۆچۈرۈلۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەچكە ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بىر نەچچە قېتىم قايتىدىن قۇرۇلۇپ، پراكتىكا ماشىنا ـ سايمانلىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم قايتا سېتىۋېلىنغانلىقتىن نورمال ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا خېلىلا تەسىر يەتتى.

1978 ـ يىلى مەكتەپ كۈيتۇندىن شىخەنزىدىكى كونا ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەندە، تەجرىبىخانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشقا توغرا كەلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، رېمونتچىلىق تەجرىبىخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى رېمونتچىلىق پراكتىكا زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا كىرىشىپ، 1984 ـ يىلى رەسمىي پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئات كۈچىنى تەجرىبە قىلىش سۇپىسى، يېقىلغۇ ماي ناسوسىنى تەجرىبە قىلىش سۇپىسى، يۇمىلاق سىلىقلاش ستانوكى، ئەگرى ئوقنى سىلىقلاش ستانوكى، ئېلېكتر سىناق ئۈستىلى، سىلىندىر يونۇش ستانوكى، تۆمۈر يالىتىش ئەسۋابى، كەپشەرلەش، سۇيۇق بېسىملىق تەجرىبەسۇپىسى، چۇۋۇماستىن تەكشۈرۈش ئەسۋابى، كىچىك قۇۋۋەتلىك ماي سەرپىياتىنى سىناش ئەسۋابى ۋە قىرىش، ئۇشكىلەش، رەندىلەش، يونۇش، ھەرىدەش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى.

1985 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، تراكتور، رېمونتچىلىق، سۇيۇق بېسىم قوللىنىش ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىلىرى

قۇرۇلدى. مەكتەپ بەزى ئۇسكۇنە - ئەسۋابلارنى ئۆزلىرى ياساپ چىقتى. مەسىلەن: رېمونتچىلىق تەجرىبىخانىسى، يېقىلغۇ ماي ناسوسىنى سىناش سۇپىسىدىن 3 نى ئۆزلىرى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەجرىبىخانىسىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش لايىھىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شامالچى ماشىنىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەجرىبە قىلىش سۇپىسى، كىرىتىك تېزلىكنى تەجرىبە قىلىش سۇپىسى، تەۋرەنمە ئۆتكەمە تەجرىبە سۇپىسى، كېسىش توسقۇنلۇقىنى سىناش سۇپىسى، چىش قانىتىنىڭ ئەگرى يۈزىنى ئۆلچەپ سىزىش ئەسۋابى ۋە تىك تۇرۇبىلىق 6 بۆلۈنمىلىك چىش گەۋدىسىنى ئۆلچەش قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئۇسكۇنىلەر ياساپ چىقىلىپ، پراكتىكا مەزمۇنلىرى بېيىتىلدى.

مەكتەپ 30 مىڭ مو دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىڭتۈەننىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى 170 تىن ئارتۇق دېھقانچىلىق مەيدانى مەكتەپنىڭ ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆگىنىش، پراكتىكا ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

پراكتىكا ماشىنا - سايمانلىرى. 1978 - يىلى مەكتەپ كۇيتۇندىن شىخەنزىدىكى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىدىن ئارانلا 2 تراكتور، 2 كومبايىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. 1981 - يىلدىن كېيىن 10 خىل تىپتىكى تراكتور، سوقا، تىرنا، سېيالكا، كولتىۋاتور، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرى، ئاپتوماتىك كومبايىن قاتارلىقلاردىن 85 يۈرۈش، يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، قايماق ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن 11 يۈرۈش سېتىۋېلىندى.

3) ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

1959 - يىلى فاكۇلتېت قۇرۇلۇپ، 1985 - يىلغىچە جەمئىي 735 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى 625، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇ، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 110. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچى 573، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى مەخسۇس كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 162؛ ئوقۇش يىلى بويىچە ئايرىغاندا: 5 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 332( بۇنىڭ ئىچىدە 1967 - 1970 - يىللىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى185 )، 4 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 233، 3 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 98، 2 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 72.

1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى بويىچە 6 سىنىپتا ئوقۇغان ئوقۇغۇچى جەمئىي 202، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرستا ئوقۇغىنى 136.

## 3. تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىنژېنېرىيە فاكۇلتېتى

تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئارالغا ئورۇنلاشقان. بۇ مەكتەپ 1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ دەسلەپتە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىپ، يېرىم ئوقۇش، ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش، ئۆگىنىش بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. 1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى دېھقانچىلىق ئىنژېنېرىيە فاكۇلتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلىندى.

1) ئوقۇتقۇچىلار ھەم كافېدرا

1965 - يىلى ئارانلا 10 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، 1978 - يىلى 13 كە كۆپەيدى. 1985 - يىلى جەمئىي 13 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 ى لېكتور، 3 ى ئاسسىستېنت، بىرى تەجرىبە خادىمى.

1985 - يىلى ماشىنا لايىھەلەش ئاساسى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، تراكتور قاتارلىق 3 كافېدرا ۋە بىر ئۇنىۋېرسال تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى.

2) ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى

1985 - يىلدىكى سىنىپ ۋە تەجرىبىخانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 920 كۋادرات مېتىر ئىدى. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن «شەرق قىزاردى - 75»، «تۆمۈر بۇقا - 55» تىپلىق تراكتور ۋە قول تراكتور قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 6 سى، «شەرق شامىلى» ماركىلىق كومبايىندىن بىرى، يېقىلغۇ، ئاپتول، ئېلېكتر ئەسۋابى، ئات كۈچى، سۇ بېسىمى قاتارلىقلارنىڭ تەجرىبە سۈپىسى، قىرىش، ئۇشكىلەش، رەندىلەش، ۋە شىلىش قاتارلىق ستانوكلار، قاتتىقلىقنى ھېسابلاش ئەسۋابى، مېتاللوگرافىيىلىك مىكروسكوپ، ئاپتوموبىل، تراكتور قاتارلىقلار 20 خىلدىن ئېشىپ، ئومۇمىي قىممىتى 196 مىڭ 649 يۈەنگە يەتتى.

3) ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

1979 - يىلى فاكۇلتېت قۇرۇلۇپ تاكى 1985 - يىلغىچە جەمئىي 286 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگىنى 44، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 76، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 166.

1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 101 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 36.

### 4) شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى

شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق فاكۇلتېتى 1953 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش يىلى 3 يىل بولدى. 1958 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1956 - 1957 - يىللىرى 2 قاراردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇغان 69 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 3 يىللىق تۈزۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى.

## § 2 . ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، كانچىلىق ئىشلىرى نازارىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۆگىنىش ئورنى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق سىنىپىنىڭ كەسپىي دەرسلىرىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دەرسى تەسىس قىلدى. چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق سىنىپىدا چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى دەرسى ئۆتۈلدى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى 1 يىل بولدى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى دېھقانچىلىق، كانچىلىق ئىشلىرى نازارىتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا تەقسىم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىنى ئاچقاندىن ئېتىبارەن، 10 نەچچە ئورۇندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدا تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 9417 گە يەتتى، بۇلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 7512 بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 80%نى ئىگىلىدى.

## 1 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

### 1) ئالىي مەكتەپلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى: 1952 - يىل 9 - ئايدا «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ماشىنىسازلىق كۇرسى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى تەسىس قىلدى. (1 يىلدىن 2 يىلغىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى) بۇ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قارارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئىدى. تارىم دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى:

1959 - يىلى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

### 2) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى

1960 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى، سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى جەمئىي 358 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 80، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 39، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 85، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 66، بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغانلار 88.

### 3) كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم خادىملىرى

50 - 60 - يىللار ھەر قايسى جايلار بىر نەچچە قارار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 1 يىللىقتىن يۇقىرى كۇرسلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئۈرۈمچى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى تەربىيىلەش كۇرسى

1958 - يىل 6 - ئايدا بىكتۈەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى ئاچقان ماشىنا ئىشلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى.

1959 - يىل 9 - ئايدىن 1960 - يىل 11 - ئايغىچە دېھقانچىلىق نازارىتى قارىمىقىدىكى ئەنەنچۈي يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كۇرسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدە ئوقۇغان كۇرسانتلار.

1960 - يىلى كۈزدىن 1962 - يىلى كۈزگىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزائىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈردى. 1985 - يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى تولۇقلاپ تارقىتىپ بېرىلدى.

1964 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە (بۇ مەكتەپ قىسقارتىلىپ تيەنلۇڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى دەپ ئاتالدى) تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارغا 1984 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈش دىپلومىنى تولۇقلاپ تارقىتىپ بەردى.

## 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى

60 -، 70 - يىللاردا 14 ئورۇندا ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا تەستىق ھۆججەت تارقاتقانلىقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

1960 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەنەنچۈيدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كۇرسىنى كېڭەيتىپ «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش مەكتىپى» قۇردى. بۇ مەكتەپ 3 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مۇنتىزىم ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئايلاندى. 1961 - يىل 3 - ۋە 4 - ئايلاردا مەكتەپ ئورنى ئەنەنچۈيدىن ئۈرۈمچى ئەرگۈڭگە كۆچۈرۈلۈپ كېلىندى. 1961 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئۆكتەبىر تراكتور مەكتىپى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى؛ 1962 - يىل 12 - ئايدا بۇ مەكتەپ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مەكتەپنىڭ نامى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى»گە ئۆزگەرتىلدى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت «ئالىي مەكتەپ خىزمەت پروگراممىسى» (60 ماددا) نى ۋە «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (55 ماددا) نى ئېلان قىلدى. بۇ مەكتەپ پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، ئۆگىنىش ئىستىلى ياخشىلاندى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ نورماللاشتى. 1963 - يىلدىن 1964 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپنىڭ 13 سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 519 غا يەتتى.

1966 - يىل 9 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىدى. مەكتەپ دەرسنى توختىتىپ، ئىنقىلاب قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار - ئوقۇتقۇچىلار سىرتلارغا چىقىپ ئالاقە باغلاش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1968 - يىل 8 - ئايدا ھەربىيلەر تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەكتەپتە ئىنقىلا-

بىي كومىتېتى قۇرۇلدى. دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلاپ قىلىش باشلاندى. يىل ئاخىرىدا 64 - ۋە 65 - يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلدى.

1971 - يىل 4 - ئايدا مەكتەپنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر «7 - ماي» بولدامبىگىش ئۈچۈن، خۇشۇت ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىكى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە كەتتى.

1972 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق مەكتەپ رەسمىي ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1973 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيانقى تۇنجى تۈركۈمدە ئىشچى - دېھقان ئەسكەر ئوقۇغۇچىلاردىن جەمئىي 78 ئادەم قوبۇل قىلىندى. (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 34، خەنزۇ 44). 1975 - يىلى «گۇڭشېدىن كېلىپ گۇڭشېغا قايتىدىغان» دېھقانلار سىنىپىغا جەمئىي 84 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 43، خەنزۇ 41). 1974 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى.

1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەكتەپ مۇقىم مەسئۇل ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇ ھال مەكتەپنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تەدرىجىي كۆپەيدى. ئاپپاراتلار تەدرىجىي تەڭشىلىپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئوتتۇرا تېخنىكوم ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش بەلگىلىمىسى»دىكى تەلەپكە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكۈزۈلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 3 مىليون 758 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ پراكتىكا زاۋۇتى، تەجرىبە بىناسى، يېڭىدىن ئوغۇللار ۋە قىزلار ياتاق بىناسى سالدى. بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. يەنە 700 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشخانا بىناسى ۋە مىللىيلار، خەنزۇلار ئاشخانىسى سېلىندى. مەكتەپ ئىچىدىكى ئاساسلىق يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ، مەكتەپ قىياپىتى يېڭىچە تۈسكە كىرگۈزۈلدى. ئوقۇتۇش شارائىتى بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خادىملىرىنى ۋە باشقا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مۇدىرلىقىنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

ۋاڭ ۋېنتەن قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى؛ 1985 ـ يىلى مۇھەممەت ھېزىم مەكتەپ مۇدىرى، شى تيەنزەن مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولدى.

2) قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ، 1976 ـ يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1978 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى تاقىلىپ قالدى. قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەكتەپ ئاساسلىقى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى ئۈچۈن خادىم تەربىيىلەپ بەردى.

1985 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپ خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)دە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 800 بولىدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنى «ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە جىسمانىي ئېستېتىكا جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش» تىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بەلگىلىدى.

3) ئىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1965 ـ يىل 11 ـ ئايدا قۇرۇلدى. مەكتەپ غۇلجا شەھىرىگە جايلاشتى. 1965 ـ يىلى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلىپ، مەيدانىنىڭ باشقۇرۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ ئۆز ئۆزىنى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان بولدى.

4) ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1974 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1977 ـ يىلدىن بۇرۇن تېخنىك ئىشچىلار تەربىيىلەندى، 1977 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك خادىملار تەربىيىلەندى.

5) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 1975 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلدى. تېخنىك ئىشچىلار سىنىپىغا 1976 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1977 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىغا يوللىغان «ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات»ىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىـ

كومىنى قۇرۇپ چىقىش، مەكتەپتە رېمونتچىلىق ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت 2 خىل كەسىپ تەسىس قىلىش، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇش، 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 28 بولۇش بەلگىلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى.

6) تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى

1975 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلۇشقا تەستىقلانغان بۇ مەكتەپ كۆپ مىللەتلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، خەنزۇچە، قازاقچە 2 خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا تېخنىك ئىشچىلار سىنىپىغا تۈنجى قاراردا 2 يىللىق تۈزۈمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپ 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا قاتنىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

7) قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى 1976 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇرۇلدى. 1979 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ، مەكتەپ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى دەپ ئاتالدى.

8) شىخەنزە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى.

1978 - يىل 4 - ئايدا شىخەنزە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەكتەپنى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى باشقۇرۇپ تۇردى. مەكتەپتە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 3 خىل كەسىپ تەسىس قىلىندى. مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى 200—300 گە يەتتى.

1979 - يىلى شىخەنزە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى شىخەنزە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ مەكتەپ شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئوتتۇرا تېخنىكومىغا ئۆزگەرتىلدى.

9) بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى

1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ مەكتەپ ئاساسلىقى ناھىيە، تۈەن - مەيدانلار ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەمدە گۇڭشې، ئەترەتلەر ئۈچۈن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باش-

قۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. ئوقۇش مۇددىتى 2 يىلدىن 3 يىلغىچە بولدى. 1979 - يىل 3 - ئايدا مەكتەپ رەسمىي قۇرۇلدى.

10) سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قۇرۇشنى، 3 خىل كەسىپ تەسىس قىلىشنى، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولۇشنى قارار قىلدى. مەكتەپ شتاتىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتى 6:1، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نىسبىتى 10:1 بولۇش بەلگىلەندى.

11) ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى بۇرۇنقى «كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتى»گە ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكى ۋە مالىيە بوغالتىرلىقى قاتارلىق 3 مەكتەپ (بىر يۈرۈش رەھبەرلىك ئاپپاراتى) تەڭلا قۇرۇلدى. 1978 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۇنجى تۈركۈمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى كەسپىگە 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولدى. 1983 - يىل 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ (1984 - يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلدى) خوڭدۈڭ يېزىسىغا (سابىق ۋىلايەتلىك «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى)گە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، 1979 - يىلى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن قايتىدىن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

12) بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

بۇ مەكتەپ 1978 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئىچىدىلا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

13) خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

بۇ مەكتەپ 1978 - يىلى قۇرۇلۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، خىراجىتىنى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى تەك ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى.

14) تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومى

بۇ مەكتەپ 1978 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولغانلىقىدىن، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1 يىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىغا قوشۇۋېتىلدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى جەمئىي 13 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قارىمىقىدىكىلىرى 12، بىڭتۇەن سىستېمىسى قارىمىقىدىكىسى 1.

## 3 . دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى

1978 ـ يىل 12 ـ ئايدا ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگىچە كېڭەيدى. دېھقان، چارۋىچىلارغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1982 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى تېخنىكوم سىنىپىغا تەقسىمات كۆرسەتكۈچى بولمىغان 40 خەنزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغانلار 995 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئالى چىقىرىپ، نىشانلىق تەقسىم قىلىش شەرتى ئاستىدا، ياخشىلىرى ئىچىدىن 43 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ قوبۇل قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قارارلىق دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى.

1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمەتلىرىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» دە يېزىلارغا قايتقان زىيالىي ياشلار ئىچىدىن گۇڭشېدىن كېلىپ يەنە گۇڭشېغا قايتىدىغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، گۇڭشې ئەترەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى ئوتتۇرا تېخنىكوم دەرسلىك مەزمۇنى بويىچە سىستېمىلىق تەربىيىلەشنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنىلا گۇڭشې، ئەترەتلەرگە قايتۇرۇش، دۆلەت تەقسىم قىلىشنى ھۆددىگە ئالماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرىنىڭ دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلىدى. شۇ يىلى ئىلى قاتارلىق 6 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىغا 280 ئوقۇغۇچىنى سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشنى جايلارنىڭ دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار پىلانى ئىچىگە كىرگۈزدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەقسىم قىلىنمايدىغان، يېزىلارغا

قايتىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ھەر خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي تېخنىكوم سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىمات سانى مۇنداق بولدى: ئىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 80، بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 40، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 40، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 40، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 40 ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىگە 40.

1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر چوڭلار مائارىپى ئىدارىسىنىڭ ش چ م [1984] 10 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى تەستىق جاۋابىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرىدە دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىشقا قوشۇلدى. 1984 - يىلى قەشقەر قاتارلىق 5 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 205 كە يەتتى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارغا ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى بېرىلدى، ئەمما تەقسىم قىلىنمىدى، ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 493 كە يېتىپ، مەكتەپنىكى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 43% نى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا بىر تۈتاش قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 130غا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 280 گە يەتتى.

## 4. ئوقۇتۇش ئەھۋالى

### 1) ئوقۇتقۇچىلار

ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكوملىرى ئىچىدە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئۇنىڭ 1961 - يىلى ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان 30 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇچىسى 70 كە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلار 25، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 43 بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 77% نى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ بويىچە 13 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەھۋالىنى جەدۋەل: 4—3 تىن كۆرۈۋېلىڭ.

1965 - يىلدىكى ۋە 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىكى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—3

| مەكتەپلەر | تۈرلىرى / سانى / يىللار | 1965 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1962 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى | 120 | 243 | 531 | 765 | 819 | 860 | 881 | 867 | 854 | 892 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | 50 | 74 | 59 | 279 | 329 | 307 | 337 | 321 | 305 | 329 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | 30 | 2189 | 3480 | 3673 | 2262 | 1005 | 1011 | 1467 | 1429 |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ما- شىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى | 69 | 109 | 130 | 140 | 147 | 163 | 162 | 166 | 161 | 157 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | 30 | 43 | 48 | 51 | 52 | 58 | 72 | 62 | 78 | 70 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 403 | 524 | 565 | 239 | 196 | 251 | 332 | 332 |
| قەشقەر يېزا ئى- گىلىكنى ماشى- نىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى | 18 | | 84 | 92 | 97 | 97 | 95 | 95 | 88 | 101 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | 7 | | | 40 | 39 | 45 | 45 | 47 | 36 | 45 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 274 | 396 | 439 | 282 | 162 | 160 | 197 | |
| غۇلجا يېزا ئىگى- لىكنى ماشى- نىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى | 33 | 57 | 81 | 79 | 80 | 90 | 95 | 97 | 116 | 115 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | 13 | 22 | | 30 | 30 | 28 | 31 | 31 | 35 | 44 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 200 | 237 | 320 | 158 | | 160 | 310 | 320 |
| ئاقسۇ يېزا ئى- گىلىكنى ماشى- نىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى | | 59 | 74 | 87 | 86 | 86 | 97 | 95 | 92 | 90 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 35 | 36 | 35 | 41 | 38 | 31 | 28 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 280 | 442 | 402 | 280 | 153 | 80 | 80 | 78 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قومۇل يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | 19 | 29 | 36 | 46 | 50 | 50 | 57 | 58 | 61 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 15 | 20 | 22 | 20 | 21 | 20 | 23 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 202 | 439 | 412 | 281 | 89 | | 78 | 73 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 16 | 30 | 30 | 29 | 22 | 23 | 23 | 23 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 10 | 10 | 8 | 7 | 8 | 8 | 9 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 80 | 160 | 158 | 81 | | | | 39 |
| سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 23 | 31 | 33 | 43 | 41 | 43 | 40 | 37 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 12 | 12 | 11 | 15 | 15 | 11 | 7 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 120 | 120 | 201 | 82 | 82 | 40 | 38 | 38 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 10 | 36 | 47 | 47 | 44 | 48 | 29 | 27 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | | 36 | 17 | 18 | 17 | 10 | 8 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | | 80 | 163 | 203 | 113 | | | |
| تارباغاتاي يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 33 | 52 | 53 | 61 | 55 | 56 | 55 | 47 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 21 | 21 | 24 | 20 | 25 | 24 | 23 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 160 | 144 | 150 | 76 | 43 | 43 | 164 | 160 |
| ئالتاي يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 6 | 51 | 60 | 56 | 41 | 37 | 30 | 17 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 17 | 21 | 15 | 17 | 17 | 17 | 7 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 40 | 163 | 162 | 120 | | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بورتالا يېزا ئە‍گىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 15 | 39 | 39 | 47 | 47 | 48 | 51 | 55 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 13 | 14 | 15 | 15 | 17 | 15 | 23 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 80 | 202 | 281 | 200 | 80 | 81 | 79 | 158 |
| خوتەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | | 18 | 30 | 30 | 20 | 44 | | | 24 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | | | 16 | 16 | 11 | 17 | | | 12 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | 80 | 250 | 100 | 160 | | | | |
| شىخەنزە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | 9 | 12 | 62 | 71 | 71 | 88 | 102 | 111 | 138 |
| | ئوقۇتقۇچى سانى | | 9 | 11 | 19 | 22 | 18 | 19 | 23 | 20 | 30 |
| | يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى | | 30 | 190 | 240 | 280 | 190 | 200 | 196 | 189 | 231 |

## 2) كەسپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئوقۇش يىلى ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مالىيە بوغالتىرلىق قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىندى، ئوقۇش يىلى 2 يىلدىن 4 يىلغىچە بولدى؛ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 9417 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈردى.

1. ئالىي مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى ۋە تەربىيەلەش كۇرسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار:

«1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا 1952 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 100.

تارىم بوز ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1959 ـ 1962 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 166.

دېھقانچىلىق نازارىتى قارىمىقىدىكى ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 555. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 270، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 285. (جەدۋەل: 4—4 كە قاراڭ)

**قىسمەن يىللاردا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى**

جەدۋەل : 4—4

| يىللار | بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | | سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | | قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | | ئىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | | قىزىلسۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ |
| 1962 | 47 | 26 | 21 | | | | | | | | | | | | |
| 1963 | | | | 73 | 5 | 68 | 23 | 23 | | 26 | 26 | | | | |
| 1964 | | | | | | | | | | 22 | 22 | | | | |
| 1975 | 42 | 42 | | 81 | 7 | 74 | | | | | | | | | |
| 1976 | 34 | 34 | | 43 | | 43 | | | | | | | | | |
| 1977 | | | | 88 | 9 | 79 | | | | | | | 34 | 34 | |
| 1978 | 42 | 42 | | | | | | | | | | | | | |
| جەمئىي | 165 | 144 | 21 | 285 | 21 | 264 | 23 | 23 | | 48 | 48 | | 34 | 34 | |

باشقا كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى: ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى تەربىيىلەش كۇرسىدا 1956 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 48.

بىڭتۈەن ماشىنسازلىق باشقارمىسى تەربىيىلەش كۇرسىدا 1958 - يىل 6 - ئايدىن 1959 - يىل 3 - ئايغىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 280.

ئەنەنچۈي يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەربىيىلەش كۇرسىدا 1959 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 200.

بايىنغولىن ئوبلاستىدا: 1962 - يىلى كۈزدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۇرسانت 56 (1985 - يىلى كۇرسانتلارغا ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى تولۇقلاپ تارقىتىپ بېرىلدى).

تيەنلۇڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە 1966 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 491.

2. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى: 1961 - يىل 7 - ئايدا تۇنجى قاراردا 120 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش كەسپى تەسىس

قىلدى. ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولدى. 1962 - يىل 12 - ئايدا مەكتەپ نامىنى ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش كەسپىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1966 - يىلدىن ئىلگىرى مەكتەپ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 2 خىل كەسىپنى تەسىس قىلغانىدى؛ 1973 - يىلى ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ئىچىدىن 2 سىنىپلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولدى. 1975 - يىلى گۇڭشېدىن كېلىپ يەنە گۇڭشېغا قايتىدىغانلار بويىچە 2 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولدى. بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1985 - يىلغىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا جەمئىي 50 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى 1، چوڭلار ئىچىدىن ۋاكالىتەن تەربىيىلىنىدىغان ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى 4). يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، سانائەت بوغالتىرلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش قاتارلىق 4 سىنىپ تەسىس قىلىندى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئەھۋالىنى جەدۋەل: 4—5 تىن كۆرۈۋېلىڭ.

**شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىدە يىللاردىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4—5

| تۈرلىرى / يىللار | ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر | | | كەسىپلەر | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | رېمونتچىلىق | ئىگىلىك باشقۇرۇش | سانائەت بوغالتىرلىقى |
| 1964 | 118 | 40 | 78 | 118 | | | |
| 1965 | 79 | | 79 | | | 79 | |
| 1967 | 116 | 39 | 77 | 116 | | | |
| 1968 | 345 | 108 | 237 | 224 | | 121 | |
| 1976 | 78 | 34 | 44 | | 78 | | |
| 1977 | 84 | 43 | 41 | | 84 | | |
| 1981 | 397 | 155 | 242 | 153 | 162 | | 82 |
| 1982 | 158 | 40 | 118 | 38 | 79 | | 41 |
| 1983 | 71 | 41 | 30 | 71 | | | |
| 1984 | 81 | 41 | 40 | 41 | | | 40 |
| 1985 | 119 | 44 | 75 | 75 | | | 44 |
| جەمئىي | 1646 | 585 | 1061 | 836 | 403 | 200 | 207 |

### قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىدە يىللاردىن بۇيان تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر، ئوقۇش تۈزۈمى، ئوقۇغۇچىلار ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—6

| يىللار | تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر | ئوقۇش تۈزۈمى (يىل) | ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىش | 3 | 120 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى | |
| | يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش | 4 | 80 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 40، خەنزۇ 40 | |
| 1966 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش | 4 | 80 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 40، خەنزۇ 40 | |
| 1968 | | | | | 120 |
| 1969 | | | | | 160 |
| 1972 | تراكتور رېمونتچىلىقى | 2 | 70 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 30، خەنزۇ 40 | |
| | مېخانىكىلىق پىششىقلاش | 2 | 30 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 30 | |
| 1973 | تراكتور رېمونتچىلىقى | 2 | 80 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 40، خەنزۇ 40 | |
| 1974 | تراكتور رېمونتچىلىقى | 2 | | | 99 |
| | مېخانىكىلىق پىششىقلاش | 2 | 30 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 30 | |
| 1975 | | | | | 79 |
| 1976 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 74 | قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئىشچى دېھقان، ئەسكەرلەردىن قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچى 41، خەنزۇ 33 | 101 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | مېخانىكىلىق پىششىقلاش | 2 | 30 | (تېخنىك ئىشچىلار) ئىشچى دېھقان، ئەسكەرلەردىن قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچى 30 | 30 |
| 1978 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 160 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 80، خەنزۇ 80 | |
| | مېخانىكىلىق پىششىقلاش | 2 | 40 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى | |
| | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى | 2 | 40 | (تېخنىك ئىشچىلار)تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى | |
| 1979 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 160 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 74، خەنزۇ 80 | 74 |
| 1980 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 120 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 120 | 40 |
| | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى | 2 | 40 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 40 | |
| 1981 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 80 | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 80 | 239 |
| 1982 | | | | | 120 |
| 1983 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 2 | 80 | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 42، خەنزۇ 38 | 82 |
| 1984 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 77 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 45، خەنزۇ 32 | 78 |
| 1985 | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | 3 | 80 | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچى 40، خەنزۇ 40 | 80 |
| جەمئىي | | | | | 1302 |

1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدا 11 قارارداجەمئىي 1646 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى 1601، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 585. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىدە 836 ئوقۇغۇچى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىق كەسپىدە 403 ئوقۇغۇچى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كەسپىدە 200 ئوقۇغۇچى، سانائەت بوغالتىرلىقى كەسپىدە 207 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى.

قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى: 1965 - يىلى تۇنجى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. 1968 - يىلى 120 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 1302 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. (30 تېخنىك ئىشچىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 872، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 430. كەسپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى جەدۋەل: 4—6 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

ئىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى: 1963 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 1965 - يىلى 138 ئوقۇغۇچى تۇنجى بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. 1985 - يىلغىچە جەمئىي 1046 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇلارنىڭ 561ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى، 485ى خەنزۇ ئوقۇغۇچى. 1977 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 75ى گوڭشېدىن كېلىپ گوڭشېغا قايتتى. بىر قانچە يىلدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى جەدۋەل: 4—7 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

**ئىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومىنىڭ يىللاردىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى**

جەدۋەل: 4—7

| تۈرى / يىل، ئاي | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | | | كەسپلەر | | | | ئوقۇش تۈزۈمى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | مېخانىكىلىق پىششىقلاش | ئىگىلىك باشقۇرۇش | رېمونتچىلىق | |
| 1968. 7 | 138 | 68 | 70 | | | | 138 | 3 |
| 1969. 7 | 80 | 40 | 40 | 80 | | | | 3 |
| 1975. 7 | 92 | 60 | 32 | | | 92 | | 3 |
| 1976. 7 | 39 | | 39 | | 39 | | | 3 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977.7 | 114 | 74 | 40 | | | | 114 | 2 |
| 1977.7 | 37 | 37 | | | | | 37 | 2.5 |
| 1978.7 | 78 | 35 | 43 | | 78 | | | 2 |
| 1981.1 | 198 | 92 | 106 | | | 198 | | 3 |
| 1981.7 | 38 | 38 | | 38 | | | | 3 |
| 1982.7 | 79 | 79 | | 79 | | | | 3 |
| 1984.7 | 76 | 38 | 38 | 76 | | | | 3 |
| 1985.7 | 77 | 38 | 39 | 778 | | | | 3 |
| جەمئىي | 1046 | 561 | 485 | 350 | 117 | 290 | 289 | |

باشقا 10 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنى يىللاردىن بۇيان پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانىنى جەدۋەل: 4—8 دىن كۆرۈۋېلىڭ. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1586.

**يىللاردىن بۇيان 10 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى**

جەدۋەل: 4—8

| مەكتەپلەر | جەمئىي | 1977 - يىل | 1978 - يىل | 1979 - يىل | 1980 - يىل | 1981 - يىل | 1982 - يىل | 1983 - يىل | 1984 - يىل | 1985 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 869 | 120 | 160 | | 120 | 199 | 117 | 114 | | 39 |
| تارباغاتاي يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 307 | | 27 | | 39 | 124 | 76 | | | 41 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 635 | | 37 | | 108 | 131 | 191 | 88 | 33 | 47 |
| قىزىلسۇ يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 188 | | 29 تېخنىك (ئىشچى) | | | 78 | 81 | | | |
| بورتالا يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 238 | | | | | 79 | 120 | 39 | | |
| سانجى يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 239 | | | | | 120 | | 81 | | 38 |
| خوتەن يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 240 | | | | | 81 | 157 | | | |
| ئالتاي يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 160 | | | | | 41 | 119 | | | |
| بايىنغولىن يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 197 | | | | | 84 | 113 | | | |
| شىخەنزە يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى | 454 | | | 30 | 76 | 76 | 76 | 81 | 76 | 39 |
| جەمئىي | 3527 | | | | | | | | | |

## § 3 . تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەش

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشتا ئاساسلىقى، ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار (ئۆگىنىش كۇرسلىرى)، دائىملىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ھەمدە «ئۇستازلار شاگىرت تەربىيەلەش» ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى.

## 1 . مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)دىن باشلاپ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق نازارىتى مەمۇ-رىي 9 رايوندا ۋە تۇرپان ناھىيسىدە (ھازىرقى تۇرپان شەھرىدە) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. بەزى ناھىيلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلى-رى قۇرۇلدى. مەيدانلار بىلەن بۇ ئورۇنلار قىشلىق بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگى-لىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيلەش كۇرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى يېزا ـ كەنتلەردىكى دېھقانلارنى كەڭ تۈردە تەربىيلىدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى )3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى دېھ-قانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسنىڭ ۋاقتى 40 كۈن بولۇپ، 39 كۇرسانت قاتناشتى. ئۆگىنىشنى تاماملىغان كۇرسانتلار ھەر خىل بېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى بىردەك ئىشلى-تەلەيدىغان ۋە رېمونت قىلالايدىغان بولدى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) باھاردا ئىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچى-لىق مەيدانلىرى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ كۇرسەتمىسىگە بىنائەن يېزا ئىگىلىك ماشى-نىلىرى كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ھەر قايسى ناھىيە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مۇنەۋۋەر كۇر-سانتتىن 35 نى ئەۋەتتى؛ كۇرسانتلار ئۆگىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى تەشۋىق قىلدى.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلىدىن 32 ـ يىلىغىچە (1940 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە) شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئورۇنلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خا-دىملىرىنى تەربىيلەش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. كۇرسنا 1 ئاي تەربىيلەنگەن دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك ماشىنى-لىرىنى ئىشلىتىش، دورا چېچىش، ئۇرۇق سېلىش، ماشىنا ـ سايمانلارنى ئاددىي رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋالدى.

شىنجاڭ بويىچە 9 ۋىلايەتتە 3 يىلدا جەمئىي 3170 كۇرسانت تەربىيلەندى. بۇنىڭ ئىچى-دە: 1940 ـ يىلى تەربىيلەنگىنى 640، 1941 ـ يىلى تەربىيلەنگىنى 1050، 1942 ـ يىلى تەربىيلەنگىنى 1480.

1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمدە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە ئېچىلغان كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار

جەدۋەل : 4—9

| تۈرى / يىللار / ۋىلايەتلەر | كۇرسانتلار | | | |
|---|---|---|---|---|
| | 1940 ـ يىل | 1941 ـ يىل | 1942 ـ يىل | جەمئىي |
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | 100 | 150 | 200 | 450 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 100 | 150 | 200 | 450 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 100 | 150 | 200 | 450 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 60 | 100 | 200 | 360 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 50 | 50 | 80 | 180 |
| يەنجى ۋىلايىتى | 50 | 100 | 150 | 300 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 50 | 100 | 150 | 300 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 80 | 150 | 200 | 430 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 50 | 100 | 100 | 250 |
| جەمئىي | 640 | 1050 | 1480 | 3170 |

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى تېز بولدى، يالغۇز مەكتەپلەرگە تايىنىپ تەربىيىلەش ۋاقىت ۋە سان جەھەتتىن ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغاچقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى ئاساسلىقى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردە چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەندى. تەربىيىلەشتە تارقاق شەكىل قوللىنىلدى ۋە كۆپ يوللار ئارقىلىق تەربىيىلەندى.

### 1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش

1950 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1951 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا ئىشلەپچىقىرىش تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترىتى 2 قارار يىغى شەكلىدىكى دېھ-

غانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلە-
دى.

1951 - يىل 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇدۇڭخابا رايونىدا شىن-
جاڭ بويىچە تۇنجى قارار تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئۆگىنىشكە كەل-
گەن 76 كۇرسانتنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىن تاللىنىپ
ئەۋەتىلگەن كادىر - جەڭچىلەر ئىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - ئەۋلاد ئايال
تراكتورشوپۇرى چاڭ دىيۈەن مۇشۇ قارارلىق كۇرسنا تەربىيىلىنىپ چىققانىدى.

1951 - يىل 11 - ئايدىن 1952 - يىل 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايون تۇدۇڭخابا
دېھقانچىلىق تەلىم - تەربىيە كۇرسىدا 5 تەلىم - تەربىيە ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ تەلىم - تەربى-
يە ئەترەتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى بولۇپ، تەخمىنەن 80 كىشى دانلىق زىرائەت
كومبايىنى شوپۇرلۇق تېخنىكىسىنى ئوقتىلىق ئۆگەندى.

1951 - يىلى قىشتىن 1952 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق 6 -
جۇن، 22 - بىگنۇەن، 2 - جۇننىڭ پىيادە ئەسكەرلەر 6 - شىسى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2 -
شىسى) تۇمۇر قوشۇن (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 7 - شى) ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى
«1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار تراكتور شوپۇرلىرى ۋە يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. بۇ بىر قانچە ماشىنلاشقان
پراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۇستىلار ئارقىلىق شاگىرت يېتەكلەش شەكلىلىرىنى قوللى-
نىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1952 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە
شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھەر خىل يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى خادىمى 662 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور شوپۇرى 67، كومبايىن شوپۇرى
11، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ماھىرى 584.

1953 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى
قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى رېمونتچىلىرى ۋە رېمونت زاۋۇتلىرىدىكى
تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ھەر قايسى شى ۋە تۇەنلەر ئۇستىلار
شاگىرتنى يېتەكلەش، قىش پەسلىدە بىر جايغا يىغىپ تەربىيىلەش چارىلىرىنى قوللىنىپ، يېڭى
ئۇستىلارنى تەربىيىلىدى. كونا ئۇستىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 1954 - يىلنىڭ ئاخىرى-
غىچە بىڭتۇەندە 479 تراكتور شوپۇرى، 218 كومبايىن شوپۇرى، 137 رېمونتچى، 895 دېھقان-
چىلىق سايمىنى تېخنىك خادىمى بارلىققا كەلدى. تەربىيىلەنگەن دېھقانچىلىق تېخنىك ۋە كەس-
پىي خادىم جەمئىي 1729 غا يەتتى.

1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بىڭتۇەن ئاساسەن، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرى
بىلەن تۇەن - مەيدانلارغا تايىنىپ، ئۇستىلار شاگىرتلارنى يېتەكلەش شەكلىنى قوللىنىپ، يې-
ڭى كۈچلەرنى تەربىيىلەپ چىقتى. 1957 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل تىپتىكى يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى خادىمىدىن جەمئىي 6429 ى تەربىيىلەندى، بۇ سان 1952 - يىلدىكى ساننىڭ 10
ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىڭتۇەن مەلۇم تېخنىكا سەۋىيىسىگە ۋە سىياسىي

ساپاغا ئىگە ماشىنا قوشۇنىغا ئايلاندى.

1959 - يىل 9 - ئايدا بىڭتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى بىڭتۇەن پارتكومىغا يوللىغان «بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى تۇەنلىرىدە تېخنىك خادىملارنى تەربىيلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەكلىپى توغرىسىدا دوكلات» تا 3 دەرىجىلىك تەربىيلەش تورلىرىنى قۇرۇپ چىقىش يەنى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تارىم بوز يەر ئۆزلشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شارائىت ھازىرلانغان يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە تېخنىك كادىرلارنى تەربىيلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى، قىزىللاشقان، مۇتەخەسسىسلەشكەن مەكتەپلىرى ماشىنا باشلىقلىرى ۋە شوپۇرلارنى تەربىيلەپ چىقىش، ھەر قايسى شىلارنىڭ رېمونتچىلىق زاۋۇتلىرىدا تېخنىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ، رېمونتچى ئىشچىلارنى تەربىيلەپ چىقىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1959 - يىلى قىشتىن 1963 - يىل 2 - ئايغىچە بىڭتۇەن ھەر خىل تەربىيلەش كۇرسىدىن 120 قارار ئېچىپ، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيلىدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يەنە قىش پەسلىدىكى بوش ۋاقتىن پايدىلىنىپ، كۇرسانتلارنى بىر جايغا يىغىپ تەربىيلىدى. ھەر بىر ماشىنىغا 3 ئىسمېنلىق خادىم تەيىنلەپ، 2 ئىسمېنا بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېخنىكا ئۆگەنگۈچىلەرگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

1973 - يىلدىن باشلاپ، ھەر قايسى تۇەن - مەيدانلار ھەر يىلى 1—2 قارار تراكتور، كومبايىن ۋە ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى ئۇستىلىرىنى تەربىيلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى؛ ھەر قايسى شىلار بىر قارار لېيەن دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيلەش كۇرسى ئاچتى. كادىرلار باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، تېخنىكا ئۆگىنىشنى قوشۇمچە قىلدى. ئىشچىلار تېخنىكا ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى.

1980 - يىلدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ماشىنا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىشتىن (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسىنى تەسىس قىلىشتىن) پەيدىن - پەي يېزا ئىگىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى ھەمدە تەربىيلەش كۇرسلىرىنى، دائىملىق كۇرسلارنى ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئېچىشقا ئۆتتى. مەسىلەن: كۈيتۇن بوز ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا قاراشلىق 129 - تۇەن - مەيدان ئۆزلىرى خىراجەت چىقىرىپ، بىر يېزا ئىگىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇردى، 1980 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ تۇەن - مەيداندىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 68 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق 2 سىنىپ تەسىس قىلدى. 2 يىل ئوقۇش ئارقىلىق 1982 - يىل 7 - ئايدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى.

1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى شىخەنزە باش مەيدانىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان چوڭ كۆلەملىك رېستورانىنى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتتى، بۇ مەكتەپتە ھەر يىلى 15 مىڭ ئادەم (قېتىم) خادىم تەربىيلەپ چىققىلى بولىدۇ.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ شى، تۇەن - مەيدانلىرىغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش تورى شەكىللەندى. 3 يىلدا ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن جەمئىي 452 قارار ئېچىلىپ، 23 مىڭ 174 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—10

| يىللار / تۈرلەر | 1983 - يىلى | 1984 - يىلى | 1985 - يىلى |
|---|---|---|---|
| 1. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى ئىچىدە شتاتلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانى (ئادەم) | 61764 | 56201 | 49363 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: شوپۇر | 22227 | 20257 | 22309 |
| رېمونتچى | 15994 | 14363 | 12620 |
| 2. ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۇرسلىرى (قارار) | 149 | 143 | 160 |
| 3. تەربىيىلەنگۈچىلەر ئادەم (قېتىم) | 8173 | 7519 | 7428 |

2) يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تېخنىك ئىشچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى

1953 - يىلى قىشتا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشتۇرۇلغان دېھقانچىلىق مەيدانى بوزلاق دېھقانچىلىق مەيدانى قىشلىق بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەيدانى ئۈچۈن بىر تۈركۈم تراكتور شوپۇرلىرى يېتىشتۈردى.

1955 - يىلى ئارباغاتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بوزلاق ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئۈچۈن، جەمئىي 70 تىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە گۇچۇڭ تراكتور پونكىتىغا 5، تۇرپان تراكتور پونكىتىغا 4 ۋە قەشقەر تراكتور پونكىتىغا 8 ئادەمنى تەربىيىلەپ بەردى.

1958 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خادىم تەربىيە-

لەشتىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق «1 - ماي» ۋە پەيزاۋاتتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئېچىلغان تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا 302 ئادەم تەربىيىلەنگەندىن سىرت، باشقا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يەنە ماشىنىغا ئەگەشتۈرۈپ، شاگىرت تەربىيىلەش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، 180 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى.

1959 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ماشىنا خادىملىرىنى يېتىشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشتا، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پەيزاۋات بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 2 قارار مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، تۇنجى قاراردىلا 232 خادىم تەربىيىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ماشىنىغا ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ 150 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇنىڭدا ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىش ئاساس قىلىندى. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىسمىنا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مۇستەقىل شوپۇرلۇق قىلالايدىغان بولدى. كومبايىن شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش: 1959 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «CK—3» تىپلىق 16 كومبايىن سېتىۋېلىندى، شۇ چاغدا مەشغۇلاتچى خادىملار قىس بولغاچقا، نازارەت قارمىقىدىكى ئاقسۇ 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىدا قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 34 كومبايىن شوپۇرى تەربىيىلەندى. رېمونت قىلىش، ئاسراش خادىملىرىنى تەربىيىلەش: بىۋاسىتە قاراشلىق رېمونت زاۋۇتلىرى ئاچقان رېمونت قىلىش، ئاسراش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى بىر تەرەپتىن نەزەرىيە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن تراكتور رېمونت قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىي 84 ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا بىڭتۈەنىنىڭ 1 -، 2 - شىلىرى ھاۋالىگە ئاساسەن 85 ئادەمنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بەردى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان خادىملىرىنى تەربىيىلەشتىن باشقا يەنە خوتەن ۋىلايىتى بىلەن گۆچۈڭ ناھىيىسىگە ياردەملىشىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تراكتور ۋە كومبايىن شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى.

1958 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە چارۋىچىلىق نازارىتى «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى، بىڭتۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ماناس ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق 285 تراكتور شوپۇرى، 256 كومبايىن شوپۇرى تەربىيىلەپ چىقتى.

1960 - يىل 11 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ھەمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىشلىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»ىدا ماشىنا خادىملىرىنى رايونلارغا ئايرىپ، بىر جايغا يىغىپ قىشلىق تەربىيىلەپ چىقىش، ئۆگىنىش ۋاقتى 2 ئاي بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تەربىيىلەنگەن ماشىنا خادىمى 1296غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا ئىشلىرى تېخنىكا خادىمى 34، شوپۇر 566.

1963 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى ماشىنا - سايمانلارنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خادىم تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ماشىنا ئىشلىرىغا مەسئۇل مەيدان باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر فاڭجېن - سىياسەتلەرنى، ماشىنا باشقۇرۇشنى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەندى. %80 دېھقانچىلىق مەيدانى ئۆزلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 400 يېڭى ئۇستىنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئەسلىدىكى ماشىنا خادىملىرىدىن 320 ئادەمنى قايتىدىن تەربىيىلىدى. 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ماشىنا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1910 غا يەتتى.

3) تراكتور پونكىتلىرى ۋە خەلق گۇڭشىلىرىنىڭ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلىشى (1950 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە)

1950 - يىلى ۋە 1952 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ئات سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. بۇ كۇرسقا جەمئىي 120 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

1954 - يىلى ۋىلايەت (ئوبلاست) ناھىيىلەر ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ كەسپىي دەرسىگە ھەر قايسى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتلىرى مەسئۇل بولدى، ئۇلار ۋاقىتلىق تېخنىكا ئۆگىنىش شەكلىنى ئاساس قىلدى ھەمدە پەسىللەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىش كۆردى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئۆگىنىلدى. يازلىق يىغىمدىن ئىلگىرى بۇغداي ئورۇقىنى تاللاش، ھوسۇل يىغىۋېلىش دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىندى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ئاساس قىلىندى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى.

1954 - يىلى يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق سايمانلىرى پونكىتلىرى، تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتلىرى ھەر خىل يىغىنلارنى ئېچىش، تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ۋە يېزا - كەنتلەرگىچە بېرىش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، دېھقانلار ئىچىدىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. تارباغاتاي، ئىلى ۋىلايەتلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئىلگىرى تېرىلغۇ باسقۇچىدىلا 269 دېھقاننى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇلارغا ئات سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەتتى. كۇچا ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش كۇرسلىرى ئېچىلغاندىن باشقا، يېزىغا چۈشكەن كادىرلار ئۆزلىرى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى سەييارە ئۆگەتتى؛ يەكەن ناھىيىسى «يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى قەيەردە بولىدىكەن، تېخنىكا شۇ يەرگە يېتىپ بېرىش لازىم» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1955 - يىلى قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى تراكتور

پونكىتلىرى ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، يېڭى ئۇستىلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. شۇ يىلى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى 18 نەپەر يېڭى ئۇستىنى تەربىيىلەپ چىقتى. سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس) تراكتور پونكىتى 14 ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقتى. جايلار دېھقانلارنى بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 25 ناھىيىدىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆگىنىشكە كەلگەن 1123 ئادەمنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سېيالكىنىڭ قۇر ئارىلىقى تەكشى، ئۇرۇقنىڭ سېلىنىش چوڭقۇرلىقى مۇۋاپىق، چۈشۈشى تەكشى بولدى.

1956 - يىلى تراكتور پونكىتلىرى ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش شەكلىنى قوللىنىپ، يېڭى ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. يىل ئاخىرىغىچە تراكتور پونكىتلىرىدا بارلىققا كەلگەن تراكتور شوپۇرى 74 ئادەمگە، تراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىدىغان كۇرسانت 133 ئادەمگە يەتتى. 11 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى تراكتور ھەيدىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان تراكتور شوپۇرىدىن 33 ئادەمنى ئاجرىتىپ، بىڭتۇەننىڭ شايېدى، شىخەنزە، ساچىگىرى ۋە ۋۇتوگۇۋزا قاتارلىق رېمونت زاۋۇتلىرىغا تراكتور رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

1957 - يىلى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تراكتور پونكىتى قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 3 قارار كۇرستا جەمئىي 204 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانتى 176، خەنزۇ كۇرسانت 28.

1958 - يىلى جايلاردىكى تراكتور پونكىتلىرىدا تراكتور شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن كۇرسانت 600 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەلق گۇڭشېلىرى كوللېكتىپ ئۈچۈن، تراكتور سېتىۋېلىپ، تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى ياكى باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ خادىم تەربىيىلىدى. بايىنغولىن ئوبلاستى 1958 - يىلى قىشتىن 1959 - يىل ئەتىيازغىچە يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە 120 دىن ئارتۇق تراكتور شوپۇرىنى تەربىيىلىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى 1958 - يىل 4 - ئايدىن 1959 - يىل 4 - ئايغىچە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىدە ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىدىن 12 ئادەمنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بەردى.

1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە تراكتور پونكىتلىرى خەلق گۇڭشېلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەشتە گۇڭشې ئاساسلىقى ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ، تەربىيىلىنىپ چىققان خادىملارنىڭ ساپاسى ئانچە يۇقىرى بولمىدى.

1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ھەر يىلى شارائىتى ياخشىراق تراكتور پونكىتلىرىغا تراكتور

شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ، كېيىنكى يىللاردىكى تەرەققىيات ئۈچۈن زاپاس خادىم تەييارلىدى. 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 51 تراكتور پونكىتىدىكى تراكتور شوپۇرى 1595 كە يەتتى.

1963 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق نازارىتى «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ پراكتىكا زاۋۇتىدا گېنېراتور يېقىلغۇ سىستېمىسى ۋە ئۇنىۋېرسال رېمونت قىلىش بويىچە جەمئىي 3 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، 100 دەك تېخنىك ئىشچى يېتىشتۈردى.

1964 ـ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى «تيەنلۇڭ» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇردى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى تراكتور باشقۇرۇش پونكىتلىرى بىلەن بەزى ناھىيىلەردىكى تراكتور پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. شۇ يىلى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى كۇرسلاردا جەمئىي 1600 دىن ئارتۇق تراكتور شوپۇرى تەربىيىلەندى. تەربىيىلىنىۋاتقان كۇرسانتلار 1500 دىن ئېشىپ كەتتى. «تيەنلۇڭ» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىكى 300 كۇرسانت شوپۇرلۇق، رېمونتچىلىق ۋە ماشىنا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت 3 كەسىپ بويىچە تەربىيىلەندى.

1965 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 11 تراكتور باش پونكىتى ھەممە ئايرىم ناھىيىلەردە تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە تەربىيىلەپ بېرىلگەن تراكتور شوپۇرى 1168 گە، دېھقانلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىلىرى 3095 كە، تەربىيىلىنىۋاتقان تراكتور شوپۇرى 2068 گە، دېھقانلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىسى 1168 گە يەتتى. (جەدۋەل: 4—11 گە قاراڭ).

1967 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە ئەمگەك ئىدارىسى تارقاتقان بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشتا «1967 ـ يىلى تراكتور شوپۇرلىرى ۋە ئاسراش، رېمونت قىلىش ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى پىكىر»دە، 1967 ـ يىلى شىنجاڭدا تراكتور شوپۇرلىرىنى ۋە ئاسراش، رېمونت قىلىش ئىشچىلىرىدىن 2200نى تەربىيىلەپ چىقىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. (جەدۋەل: 4—12 گە قاراڭ). تەربىيىلەشتە مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش ۋە تارقاق تەربىيىلەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش يەنى بىر جايغا جەم بولۇپ ئۆگىنىش، ھەر قايسى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتلىرىغا تارقىلىپ پراكتىكا قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. تەربىيىلەش ۋاقتى تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ يېرىم يىل، ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ئىشچىلىرىنىڭ 1 يىل قىلىپ بېكىتىلدى.

1965 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تراكتور پونكىتلىرىدا تەربىيلەنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى

جەدۋەل: 4—11

| تۈرلىرى / ۋىلايەت، ناھىيىلەر | شۇ يىلى تەربىيلەنگەنلەر | | تەربىيلىنىۋاتقانلار | |
|---|---|---|---|---|
| | تراكتور شوپۇرى | دېھقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىسى | تراكتور شوپۇرى | دېھقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۇستىسى |
| شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1168 | 3095 | 2068 | 1168 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 37 | 32 | 40 | |
| سانجى ئوبلاستى | 214 | 416 | 538 | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 74 | 405 | 113 | 384 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 74 | 24 | 154 | 184 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 293 | 491 | 240 | |
| بورتالا ئوبلاستى | 45 | 89 | 93 | 50 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 42 | 193 | 230 | |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 112 | 541 | 229 | 550 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 31 | 145 | 18 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 139 | | 168 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 76 | 159 | 140 | |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 18 | 600 | 85 | |
| پىچان ناھىيىسى | 13 | | 20 | |

ئىزاھات: ئەسلىدىكى جەدۋەلدە توقسۇن ۋە تۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ سانى يېزىلمىغان.

1967 - يىلى تەربىيىلەنگەن تراكتور شوپۇرلىرى، رېمونتچىلار ھەمدە بۇلارغا كەتكەن خىراجەت

جەدۋەل: 4—12

| تۈرى / رايونلار | تراكتور شوپۇرلىرى سانى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى | تراكتور شوپۇرلىرى سانى: خەلق گۇڭشېلىرىدىكى تراكتور پونكىتلىرى | ئاسراش، رېمونت قىلىش ئىشچىلىرى سانى | تەربىيىلەش خىراجىتى (يۇەن) |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 600 | 1200 | 400 | 206000 |
| ئۈرۈمچى | 30 | 30 | | 7000 |
| تۇرپان ناھىيىسى | 60 | 30 | 30 | 12000 |
| سانجى ئوبلاستى | 50 | 110 | 40 | 16000 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 80 | 260 | 50 | 26000 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 40 | 30 | 20 | 9000 |
| ئىلى ئوبلاستى | 180 | 360 | 130 | 54000 |

4) ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق تەربىيىلەش كۇرسلىرى (1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

1973 - يىل 11 - ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىشلىق رېمونتنى ياخشى ئىشلەپ تېرىلغۇغا پۇختا تەييارلىق قىلىش خىزمەت يىغىندا «تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە ياخشى باشقۇرۇشتىن باشقا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش تەلەپ قىلىندى». شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرى پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەندى. 1973 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يىغىنلىرىدا ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئى ك [1978] 83 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش

كۇرسلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش، ناھىيىلىك دائىملىق كۇرسىنىڭ كۆلىمى: چوڭ ناھىيىلەردە 100—150 ئادەمگىچە بولۇش، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارە (بۆلۈم) رەھبەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش كېرەك» دەپ جاۋاپ بېرىلدى.

1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق كۇرسلار (مەكتەپ) 80 ئورۇندا قۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 93% نى ئىگىلىدى. ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى 624 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 263. ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلىرى 75، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلىرى 135. ئومۇمىي تەربىيلىنىش كۆلىمى (ھەر بىر قاراردىكى سىغىمچانلىقى 5700) ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. ھەر يىلى تراكتور شوپۇرلىرى ھەمدە ئاساسىي قاتلام باشقۇرغۇچى خادىملىرىدىن 10 مىڭدىن كۆپرەكنى تەربىيلەپ چىقىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ناھىيىلىك دائىملىق تەربىيلەش كۇرسلىرى گۈللىنىپ، ئەترەتلەر ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسىي بازىغا ئايلاندى.

1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا دائىر دائىملىق كۇرسلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—13

| يىللار | تەربىيلەش كۇرسلىرى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى: ئوقۇتقۇچى | يىللار | تەربىيلەش كۇرسلىرى | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى: ئوقۇتقۇچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 10 | 70 | 50 | 1980 | 68 | 438 | 197 |
| 1974 | 17 | | | 1981 | 76 | 514 | 238 |
| 1975 | 24 | 101 | | 1982 | 80 | 624 | 263 |
| 1976 | 23 | | | 1983 | 80 | 632 | 251 |
| 1977 | 42 | 167 | | 1984 | 78 | 297 | 251 |
| 1978 | 63 | 272 | | 1985 | 78 | 606 | 250 |
| 1979 | 62 | 328 | 198 | | | | |

1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە خەلق كومۇنىلىرى (يېزىلار)نىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4—14

بىرلىكى: ئادەم

| تۈرلىرى / يىللار | شۇ يىلى تەربىيىلەنگەن خادىملارنىڭ ئومۇمىي سانى | يېڭىدىن تەربىيىلەنگەن خادىملار | | | قايتىدىن تەربىيىلەنگەنلەر | تەربىيىلەنگەن خادىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | |
| | | | تراكتور شوپۇرلىرى | باشقۇرغۇچىلار | | |
| 1973 | 4079 | 4079 | | | | |
| 1974 | 25284 | | | | | |
| 1975 | 16892 | 15442 | | | | 1450 |
| 1976 | 32929 | 18679 | | | 9679 | 4571 |
| 1977 | 22817 | 5626 | | | 16259 | 918 |
| 1978 | 28555 | 5726 | | | 21546 | 1283 |
| 1979 | 29059 | 16345 | | | 11747 | 966 |
| 1980 | 26361 | 7450 | 17868 | 2586 | 16325 | 2586 |
| 1981 | 12698 | 9382 | 7053 | 1080 | 7236 | 1080 |
| 1982 | 20360 | 11537 | 7170 | | 8241 | 582 |
| 1983 | 29000 | 17708 | 14318 | 1207 | 10937 | 355 |
| 1984 | 27159 | 21426 | 17041 | 814 | 5316 | 417 |
| 1985 | 38970 | 21590 | 19986 | 665 | 17142 | 238 |

# § 4 . كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش

## 1 . ئاپپارات

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ، ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى پىلانلىق ھالدا نۆۋەت بىلەن تەربىيلەپ چىقىش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايوندا 1974 ـ يىلى كەسپىي ئاپپارات — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش كۇرسى قۇرۇلدى .

1974 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش كۇرسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ كادىرلار كۇرسى دەپ ئاتىلىدۇ)نى قۇرۇپ چىقىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى مۇددەت ، تۈركۈمگە بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن تەربىيلەشنى تەستىقلىدى . كادىرلار كۇرسى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ ، سەپلەپ بېرىلگەن 8 باشقۇرغۇچى كادىر كەسپىي شتات ئىچىدە بولدى . 1976 ـ يىلغا كەلگەندە ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 گە كۆپەيدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 3 .

1977 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كادىرلار كۇرسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى . 24 شتات بېكىتىپ بېرىلدى .

1985 ـ يىلى شتاتلىق ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى 22 گە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11 بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر ئىدى . ئوتتۇرا دەرىجىلىك ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلىرى 6 . ئۇيغۇر 6 ، شىبە 1 ، خەنزۇ 15 . كادىرلار كۇرسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10 مىڭ 763 كۋادرات مېتىر ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 2467 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

## 2 . نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش ئوبيېكتى ۋە ئۆتۈلىدىغان دەرس مەزمۇنى

1974 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە كادىرلار كۇرسىدا گۇڭشې دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلار ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىلدى .

1977 - يىلدىن 1979 - يىل 2 - ئايغىچە 4 قارار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيلەش كۇرسى ئېچىلدى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى (بۆلۈم) باشلىقلىرى ۋە گۇڭشې پارتكوملىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى تەربىيلەش ئوبيېكتى قىلىندى. ئۆگىنىش ۋاقتى 2 ئايدىن 3 ئايغىچە بولۇپ، ئۆگىنىشتە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى.

1979 - يىل 2 - ئايدا كادىرلار كۇرسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل گۇڭشې دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ھۆججىتىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى. ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش چاقىرىقى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت سىياسەت، بەلگىلىمىلەر، تراكتورنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ئاسراش بىلىملىرى ۋە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىقتىدارى ۋە تەڭشەپ ئىشلىتىشكە ئائىت تېخنىكا بىلىملەر، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى.

1979 - يىل 11 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باشلىقلىرى تەربىيلەندى.

1984 - يىل 8 - ئايدا كادىر تەربىيلەش كۇرسى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق كۇرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي، نەزەرىيە، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسلىقى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق كۇرسىنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلىدى. ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيلەش خىزمىتىنى سۆيىدىغان، دەرس ئۆتكىنىگە 2 يىلدىن ئاشقان، ھازىر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق كۇرستا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلار تەربىيلەش ئوبيېكتى قىلىندى. ئۆگىنىش ۋاقتى 52 كۈن بولۇپ، ھەر بىر قاراردا 45 كۇرسانت ئۆگەندى. سۇيۇق بېسىملىق ئېنېرگىيە يەتكۈزۈش ئاساسلىرى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى سىستېمىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى يېڭى تېخنىكىسى ھەمدە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا ئىقتىسادى، مىكرو تىپلىق ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ قوللى-

نىلىشى ھەمدە مەخسۇس ئۆتۈلىدىغان لىكسىيە سۆزلەش قاتارلىقلار دەرسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. 1985 - يىل 5 - ئايدا يەنە 2 قارار «ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى» ئېچىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلدى.

1984 - يىل 11 - ئايدا كادىر تەربىيىلەش كۇرسى تۇنجى قارار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ بىلىمنى يېڭىلاش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى يېڭىلاپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىشلىتىش ۋە پىلانلاش ئىلمى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تېخنىكا ئىقتىسادى، سىزىقلىق، ئالگېبرا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى لايىھىلەپ تەجرىبە قىلىش، مىكرو تىپلىق كومپيۇتېر، ئېھتىماللىق ماتېماتىكا، فىزىكا ستاتىستىكىسى، سىستېما قۇرۇلۇش ئانالىزى، ئالدىن مۆلچەرلەش ھەمدە تەدبىر تۈزۈش قاتارلىق دەرسلەر ئۆگىنىلدى. ئوقۇغۇچىلار 1970 - يىلدىن بۇرۇن ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن، ھازىر يەنىلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن پەن - تېخنىكا كادىرلىرىدىن بولۇش تەلەپ قىلىندى. «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى دەرس ئۆتۈش ۋە ئوقۇغۇچىلارغا پراكتىكا قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 2 - ۋە 3 - قارارلىق كۇرس 1985 - يىل 8 - ئاي ۋە 11 - ئايدا ئېچىلدى. 1979 - يىلدىن ئىلگىرى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن بولۇش كۇرسانتلارنىڭ شەرتى قىلىندى. ئۆتىلىدىغان دەرس مەزمۇنى 1 - قارارىدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى جەمئىي 20 قارار كۇرس ئېچىپ، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 59 نى، ئادەتتىكى باشقۇرۇش كادىرىدىن 520نى، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرىدىكى 1 - ۋە 2 - قول رەھبەرلەر بىلەن تراكتور پونكىتلىرىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن 157 نى، مالىيە بوغالتىر خادىمىدىن 56 نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ستاتىستىكا خادىمىدىن 104نى، ناھىيىلىك دائىملىق كۇرس بىلەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 60نى، مەملىكەت بويىچە ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 114نى، ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خادىمىدىن 92 نى تەربىيىلىدى ۋە 54 پەن - تېخنىكا كادىرىنىڭ بىلىمنى يېڭىلىدى. تەربىيىلەنگەنلەر 1216گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 518، خەنزۇ كادىرى 698.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان تۈزۈمت بىلەن تەربىيىلىگەن كادىرلار

جەدۋەل : 4—15

| يىل ، ئاي | كۇرس نامى | كۇرسانتلار سانى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئاز سانلىق مىللەت | خەنزۇ |
| 12~9·1974 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 48 | | 48 |
| 8~5·1975 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 130 | 68 | 62 |
| 1·1976~11·1975 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 56 | | 56 |
| 6~4·1976 | مەملىكەت بويىچە ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 114 | 69 | 45 |
| 8~7·1976 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ستانسىنكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 59 | | 59 |
| 9~8·1976 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ستانسىنكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 45 | | 45 |
| 1·1977~11·1976 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 89 | 47 | 42 |
| 7~5·1977 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 46 | | 46 |
| 11~9·1977 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 106 | 57 | 49 |
| 3~2·1978 | ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتكۈچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى | 92 | 92 | |
| 8~5·1978 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 90 | 45 | 45 |
| 11~9·1978 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 47 | 47 | |
| 5~2·1979 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 65 | | 65 |
| 1·1980~11·1979 | ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 59 | 59 | |
| 7~4·1980 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بوغالتىرلىقى ، ستاتىستىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 56 | | 56 |
| 9~8·1984 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دائىملىق كۇرس ( مەكتەپ ) ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 34 | | 34 |
| 1·1985~11·1984 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى پەن-تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش كۇرسى | 35 | 5 | 30 |
| 7~5·1985 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دائىملىق كۇرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى | 26 | 26 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1985 . 8~11 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش كۇرسى | 19 | 3 | 16 |
| 1985 . 11 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش كۇرسى | | 27 | |
| ئومۇمىي جەمئىي | | 1216 | 518 | 698 |

# II باب

# پەن ـ تەتقىقات

## 1 § . ئاپپارات

1958 ـ يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تەتقىقات ئاپپاراتى يوق ئىدى. ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىدا ۋاقىتلىق «تېخنىكا يېڭىلاش گۇرۇپپىسى»، «قورال ـ سايمانلارنى ئىسلاھ قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، تېخنىكىلىق يېڭىلاش، قورال ـ سايمانلارنى ئىسلاھ قىلىش ئاساس قىلىنغان پەن ـ تەتقىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغانىدى.

1959 ـ يىل 2 ـ ئايدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1960 ـ يىلى پۈتكۈل ھەممە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈتكۈل بىلەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى پەن ـ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرى قايتىدىن قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنى 3 كە، ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنى 12گە، ناھىيىگە قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورنى 53 كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 687 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا خادىمى 402.

### 1 . شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى

1) ئومۇمىي ئەھۋالى:

1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تەتقىقات ئىشخا-

نىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1959 - يىل 2 - ئايدا تەتقىقات ئىشخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى، 6 تېخنىكا كادىرى سەپلەپ بېرىلدى، سۇن جيالۇ مەسئۇل بولدى. 1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەستىقلىدى. تۈزۈلمىسى ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى مېڭ مېيشېڭ بۇ ئورۇننىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. لى لىبۇخېڭ، لى جىگرۇڭلار مۇئاۋىن باشلىقلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى. كېيىن ئەن يۈرۇ بۇ ئورۇننىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1962 - يىل 7 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خادىملىرى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تەتقىقات ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتى قۇرۇلدى. لى جىڭۇۋ قوشۇمچە فاكۇلتېت مۇدىرى بولدى. فاكۇلتېت بويىچە 9 ئادەم ئىخچاملاندى. بۇلارنىڭ 6سى تېخنىك خادىم.

1965 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتى ئاكادېمىيىگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. خۇاڭ شۇ مۇئاۋىن باشلىق بولدى. بۇ ئورۇندا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت 3 تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. ئىشچى - خىزمەتچى 28 گە يەتتى.

1978 - يىلى مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنىدىن كېيىن، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. خۇاڭ شۇ ئورۇن باشلىقى بولدى. بۇ ئورۇندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ئېلېكترلىق ئۆلچەش، ئېنېرگىيە، تېخنىكا ئىقتىساد تەتقىقات ئىشخانىسى، ئىشخانا ۋە سىناق تەرىقىسىدە ياساش زاۋۇتى تەسىس قىلىندى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 97 گە يەتتى. 1983 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى» ۋە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى» دېگەن 2 ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى، ئورۇن باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سەي دۇمىڭ ئورۇن باشلىقى بولدى. بۇ

ئورنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - تەتقىقات ئىشخانىسى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - تەتقىقات ئىشخانىسى، ئېلېكتر ئۆلچەش ئىشخانىسى، ئاخبارات ئىشخانىسى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئىشخانىسى، مالىيە بۆلۈمى، مەمۇرىي ئىشخانا ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ياساش زاۋۇتى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 127 ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 94، ياردەمچى تەتقىقاتچى 42.

2) ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1972 - يىلدىن ئىلگىرى كۆلىمى 50 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشخانا، 35 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قورال - سايمان ئامبىرى، تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ياتاق بار ئىدى. 1973 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خىزمەت بىناسى، 640 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تەجرىبە سېخى، 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئېنېرگىيە تەجرىبە ئىشخانىسى، 1760 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ھەمدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلدى. 1983 - يىلى كۆلىمى 3430 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سېلىندى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى پۇل ئاجرىتىپ تېخنىكا تەرەققىياتى تەتقىقات بىناسى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبىخانىسى ھەمدە كۆلىمى كۋادرات 6200 مېتىر كېلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سالدۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەتقىقات ئورنى بويىچە خىزمەت بىناسىنىڭ كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىرغا، ھەر خىل تەجرىبىخانىنىڭ كۆلىمى 1704 كۋادرات مېتىرغا، ئاخبارات ماتېرىياللىرى ئىلمىي مۇھاكىمە زالىنىڭ كۆلىمى 814 كۋادرات مېتىرغا، تەجرىبە زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى 640 كۋادرات مېتىرغا، ياتاق كۆلىمى 5110 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارغا 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

3) ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر

تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدا، ئاددىي پرىبور ئەسۋابلار بار ئىدى. 1966 - يىلى ھەرىكەتچان ھالەتلىك كۈچىنىش ئۆزگەرتىشنى ئۆلچەش ئەسۋابى، پۇرژىنلىق، مېخانىكىلىق تارتىش كۈچىنى ئۆلچەش ئەسۋابى، قائىدىلىك ئېغىرلىق مىقدارى، ئۈزۈنلۈك ئۆلچەش ئەسۋابى، بىر يۈرۈش رەندىلەش ستانوكى بىلەن بىر قانچە توك ئۈسكۈنىسى ۋە گېنېراتور بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 3 دانە زەنجىر تاپانلىق تراكتور، 2 سېيالكا، 3 ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، 1 تۇمانلاشتۇرۇش ئەسۋابى ۋە ئۇۋاقلاش ماشىنىسى سەپلەندى. 1978 - يىلدىن كېيىن پرىبور، ئۈسكۈنە، تەجرىبە ئەۋرىشكە ماشىنىلىرى پەيدىنپەي تولۇقلاندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سېتىۋېلىنغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترلىك ئۆلچەش بۆلۈمىگە ياپونىيىدە ئىشلەنگەن 6 سىملىق ئاپتوماتىك تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ خاتىرىلىگۈچ، 6 تۈز سىملىق خاتىرىلىگۈچ،

كولتۇرا كىچىك تېپلىق يىراقتىن ئۆلچىگۈچ، 14 سىملىق سانلىق مەلۇماتلارنى ماگنىت لېنتىسى ئارقىلىق خاتىرىلىگۈچ، 8 قانالىلىق ھەرىكەتچان ھالەتتىكى دېفورماتسىيىنى ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «سەددىچىن» ، «0520A» مىكرو تېپلىق كومپيۇتېر ھەمدە بىر يۈرۈش ئېتىز ۋە دالالارنى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئورنىتىلغان ئېلېكتىرلىك ئۆلچەش ماشىنىسىدىن بىرى بار. ئېنېرگىيە بۆلۈمىگە دېۋىگاتېلنىڭ قۇۋۋىتىنى سىناش سۇپىسىدىن 2 سى، ماي سەرپىياتىنى سانلىق ئۆلچەپ چىقىش ئەسۋابى، كىرىستال رەقەملىك سۇرئەت ئۆلچىگۈچ، دىنامىكىلىق ئېلېكتر قارشىلىق دېفورماتسىيىسى ۋە سىلجىما قۇۋۋەت ئۆلچەش ئەسۋابى قاتارلىقلار تولۇقلاپ بېرىلدى. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە ئوتتۇرا چاستوتىلىق تىزگىنلەش ئىكرانى، «PC—1500» تېپلىق كومپيۇتېر، ئاخبارات بۆلۈمىگە ئېلېكترونستاتىكىلىق نۇسخا ئالغۇ، سىنئالغۇ، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى؛ تەجرىبە زاۋۇتىغا خېلى ياخشى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا، شىلىش، رەندىلەش ئۆشكىلەش ۋە بازغانلاش قاتارلىق ئىش قوشۇپ ئىشلەش ئەسۋابلىرى سەپلەپ بېرىلدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن خېلى ئىلغار ئەۋرىشكە ماشىنىلىرى 30 دىن كۆپرەككە، تېخنىكا كىتابلىرى ھەمدە پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى 20 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەككە، قاتناش ماشىنىلىرى 11 گە يەتتى.

## 2. شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى

### 1) ئومۇمىي ئەھۋالى

1960 - يىل 2 - ئايدا بىڭتۇەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ بىڭتۇەن شۆبىسى»نى قۇرۇپ، تۈزۈلمىسىنى تۈەن دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتتى. بىڭتۇەن ماشىنىسازلىق - ترانسپورت باشقارمىسى (شى دەرىجىلىك) ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ كەلدى. ماشىنىسازلىق - ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ سىخۇا بۇ ئورۇننىڭ باشلىقى بولدى. يىل ئاخىرىدىكى تېخنىكا خادىمى 9 غا يەتتى.

1962 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شۆبە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى قىلىپ رەسمىي ئۆزگەرتىلدى. ماشىنىسازلىق ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ سىخۇا باشلىق بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 غا يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىقات خادىمى 24. بۇ ئورۇندا كېۋەزلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، كۆممىقوناق يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئاخبارات ماتېرىياللىرى قاتارلىق 4 بۆلۈم تەسىس قىلىندى. ئاخبارات ماتېرىياللىرى بۆلۈمىدە «ماشىنىسازلىق خىزمەت خەۋىرى» تەھرىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1963 - يىل 5 - ئايدا بىڭتۇەن سىلىڭبۇسى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنى شىخەنزىگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ ئورۇن 11 - ئايدا كۆچۈپ

بولدى. 1964 - يىل 3 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى بىرلەشمە مەمۇرىي ئىشخانا قۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. تېخنىكىلىق كەسپىي پائالىيەتلەرنى ھەر قايسى ئورۇنلار مۇستەقىل ئېلىپ باردى. 1964 - يىل 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدا 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئورۇن ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 65 گە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىك خادىم 60، 51 كىشى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. بۇ ئورۇن قارىمقىدا تەجرىبە زاۋۇتىدا كېۋەز، كۆممىقوناق ھوسۇلىنى يىغىۋېلىش، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش، تەجرىبە قىلىشنى باھالاش ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى قاتارلىق 6 بۆلۈم تەسىس قىلىندى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تەتقىقات ئورنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1968 - يىل 9 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى بىرلەشمە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇردى. لىۋ خۇگشىڭ مۇدىر بولدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خادىملىرى ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى.

1973 - يىل 3 - ئايدا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تۈزۈلمىسى تۈەن دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلدى. ئىچكى قىسمىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. سىرتقا قارىتا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى دەپ ئاتالدى. تېخنىكا كادىرى 6 گە يەتتى.

1975 - يىل 4 - ئايدا بىڭتۈەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1979 - يىل 4 - ئايدا يەنە شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىل 6 - ئايدا بىڭتۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983 - يىل 4 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى شى دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تۈەن دەرىجىلىك بولدى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى خادىم 26گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك خادىم 22، ئىنژېنېر 7، تاك گودۇڭ ئورۇن باشلىقى بولدى.

2) ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچىدىكى بىڭتۈەن ماشىنىسازلىق ترانسپورت باشقارمىسىدا ئىدى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىخەنزىگە كۆچۈپ كېلىپ، بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى پەن تەتقىقات بىناسىنى بىللە ئىشلىتىپ تۇردى. ئىشخانا بىناسىنىڭ كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر، ياتاق كۆلىمى 400

كۋادرات مېتر ئىدى، 1964 - يىلى كۆلىمى 500 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ماشىنا ئامبىرى سېلىندى. 1979 - يىلدىن كېيىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىشخانا ۋە ياتاقلىرى سېلىندى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى كۆلىمى 500 كۋادرات مېتر كېلىدىغان تەجرىبە زاۋۇتى قۇرۇپ، بۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا 1 تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى.

3) ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر

1966 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدا تارتىش كۈچىنى ئۆزى خاتىرىلەيدىغان ئەسۋابتىن بىرى، پۇرژىنىلىق مېخانىكىلىق تارتىش كۈچىنى ئۆلچىگۈچتىن 5 ى، كىچىك تىپتىكى ئېلېكترلىك ئۆشكەدىن بىرى، ئېلېكترلىك چېرتيوژنى رېپرودوكسىيە قىلىش ماشىنىسىدىن بىرى، رەسىم تارتىش ئاپپاراتىدىن 6 سى، تەسىر كۈچەيتكۈچى ئۈسكۈنىدىن بىرى، 5000 نۇسخىدىن ئارتۇق تېخنىكا كىتابى ۋە پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى بار ئىدى. ئەۋرىشكە تراكتورى 3كە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قوش قۇرلۇق پاختا تېرىش ماشىنىسى 2 گە، ياپونىيەدە ئىشلەنگەن تەجرىبە ئەۋرىشكە ماشىنىسى 24 كە يەتتى ھەمدە تەتقىقات ئورنى ئۆزى لايىھەلەپ چىققان تۇجۇپىلەپ تېرىش ماشىنىسى، 5 جەھەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان چۆنەك ئېچىش - قىر سېلىش ماشىنىسى، كېۋەز شادىلىرىنى (تەپچىلىرىنى) يىغىۋېلىش ماشىنىسى، كونۇسسىمان تولۇقلۇق كۆممىقوناق دېنىنى ئاجرىتىش ماشىنىسى، ئاسما شەكىللىك تاق پىچاقلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، قىزىلچا كۆكلەش ماشىنىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 1 دىن سەپلەندى.

1985 - يىلى تەتقىقات ئورنى بويىچە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 225 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىممىتى 500 يۈەندىن ئاشىدىغانلىرى 15 يۈرۈش. ئاپتوموبىل شىلىش، ئۆشكىلەش، سېلىقداش، رەندىلەش ۋە بازغانلاش ستانوكلىرى، تەڭ ئېئونلۇق كەپشەرلەش ماشىنىلىرى، تەجرىبە قىلىپ لايىھەلەشتە پايدىلىنىدىغان ئەۋرىشكە ماشىنىسى ھەمدە تەتقىقات ئورنى ئۆزلىرى لايىھەلەپ چىققان ئەۋرىشكە ماشىنىلىرى بار.

### 3. شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى

1) ئومۇمىي ئەھۋال

1960 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇردى. 1962 - يىلدىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سانائەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى قەتئىي ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش يولىغا سېلىش» توغرىسىدىكى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەتقىقات ئورنى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى لايىھەلەپ چىقىش ۋە تېخنىلوگىيىسىنى ئاساس قىلىشقا يۆتكەپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى قۇردى، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى يۆتكەپ كېلىندى. باشقا كەسپنىڭ خادىملار تەربىيىلەندى. بۇ ئورۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى ئاساسىدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق پەن - تەتقىقات ئورنى بىلەن بىر يۈرۈش ئاپپارات، 2 ۋېيۇسكا ئېسىشنى بولغا قويدى، 2 ئورۇن تېخنىكا كۈچلىرى بىلەن پەن - تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرىدىن ئورتاق پايدىلاندى. 1982 - يىلى تەتقىقات ئورنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى 2 تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 166 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىشخانىسىدىكى پەن - تەتقىقات خادىمى 28، ئىنژېنېر 7.

2) ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1979 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق پەن - تەتقىقات ئورنى بىلەن بىر بىنادا خىزمەت قىلدى. 1979 - يىلى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبە بازىسى قۇرۇشقا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. شۇ يىلى 610 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئەۋرىشكە ماشىنىلىرى ئىسكىلاتى سېلىندى. 1983 - يىلى كۆلىمى 928 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبىخانىسى سېلىندى. تەجرىبە زاۋۇتى ھەمدە ئالاقىدار تەجرىبىخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاقلىرىنى ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىر تۇتاش قۇرۇپ، بىللە ئىشلىتىپ كەلدى.

3) ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر

1979 - يىلدىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە ماشىنىسازلىق ئورنى فىزىكا، خىمىيە، قۇيمىچىلىق، مېتال يۇنۇش، قىزىق پېتى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى بىللە ئىشلىتىپ كەلدى. 1985 - يىلى تارتىش كۈچى، تولغىنىش مومېنتى، ئايلىنىش سۈرئىتى، تېمپېراتۇرا، نەملىك تەركىبى، ئۇرۇق سالغۇچنىڭ ئىقتىدارى قاتارلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىغا ئىگە بولدى. تەجرىبە قىلىش ھەمدە لايىھىلەشتە پايدىلىنىدىغان دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئەۋرىشكە تراكتوردىن 3 ى بار بولدى، غەربىي گېرمانىيىدىن سىلجىما ئۆزگىرىشچان گېنېراتور گۇرۇپپىسى، ئوت - چۆپنى چاسلاپ باغلاش، يۇمىلاقلاپ باغلاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپنى يىغىپ قاچىلاش ماشىنىسى، قىڭغىر بۇلۇڭلۇق تولۇق بىلەن ئوت - چۆپنى يان تەرەپكە تاشلاپ يىغىش ماشىنىسى، بۆگەلمە تۇرۇبىلىق پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسى كىرگۈزۈلدى ھەمدە تەتقىقات ئورنى ئۆزى تەۋرەنمە دەستىلىك ھەممىباب سېيالكا، رېشاتكىسىمان بوپۇق يېيىش قاتارلىق ئەۋرىشكە ماشىنىلىرىنى لايىھىلەپ چىقتى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 تەتقىقات ئورنىدىكى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى خادىملىرى

جەدۋەل : 4—16

| ئاپپارات نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن | ئورۇنلاشقان جايى | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى | پەن ـ تېخنىكا خادىمى | ئۇنۋان بويىچە ئايرىلىشى: ئالىي | ئوتتۇرا | باشلانغۇچ | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1960 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | 127 | 94 | | 31 | 15 | 48 |
| شىنجاڭ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1979 | شىنجاڭ ماشىنسازلىق ئېلېكترون سانائىتى زاۋۇتى | ئۈرۈمچى شەھىرى | 28 | 28 | | 7 | 7 | 14 |
| شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1960 | شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | شىخەنزە | 26 | 28 | | 7 | 6 | 9 |

## 4 . ۋىلايەت (شى) ، ناھىيە (تۈەن) لەرگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى (ئىشخانىسى ، گۇرۇپپىسى)

1960 ـ يىل 3 ـ ئايدا بىگتۈەن «ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، ئېلېكترلەشتۈرۈش پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئاساسىدا ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىشنى ، ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى رېمونت زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ ، كەسپىي خادىملارنى تەسىس قىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات خىزمىتىگە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىش»نى قارار قىلدى . شۇ يىلى 6 ـ ئايدا 8 يېزا ئىگىلىك شىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى . قىسمەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ، تراكتور رېمونت زاۋۇتلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كەسپىي پەن ـ تەتقىقات خادىمى 50 گە يەتتى ، 1966 ـ يىلدىن كېيىن بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

1973 ـ يىلدىن كېيىن بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئىشخانىلىرى ياكى گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنغاندىن باشقا ، قالغان ھەر قايسى شىلاردا ماشىنا ئىشلىرى بۆلۈمى (باشقارمىسى) ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ماشىنا ئىشلىرى بۆلۈملىرىدە مەخسۇس خادىملار تەسىس قىلىنىپ ،

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

1960 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتا «قورال - سايمان يېڭىلاش گورۇپپىسى»، «دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى» قاتارلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 24 كە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى خاتىرىسىدە «رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ 1959 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر ئۆلكە، ھەر بىر ۋىلايەت ۋە ھەر بىر ناھىيەدە بىردىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دېگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات تارماقلىرىنى تېزدىن قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1972 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى، گۇچۇڭ ۋە لوپ ناھىيىلىرى ئالدى بىلەن تەتقىقات ئورنى قۇردى. 1973 - يىلى سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ۋە ماناس ناھىيىلىرىدە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1978 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قايتىدىن تەكىتلەندى، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 12 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى 12 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ھەممىسىدە تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 219 غا يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 118، ئىنژېنېر 13. 53 ناھىيىلىك تەتقىقات ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 287 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 140.

2) ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

ۋىلايەت، ناھىيىگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 1972 - يىلدىن كېيىن داۋاملىق قۇرۇلۇپ، شەرت - شارائىتى ئاددىي بولۇشتىن پەيدىنپەي ياخشىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. 1985 - يىلى 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى مۇستەقىل ئىشخانىغا ئىگە بولدى. بەزىلىرى ئەۋرىشكە ماشىنىلىرىنى قويۇش ئامبارلىرىنى، كىچىك تىپلىق تەجرىبە سېخلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 19 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىردىن ئاشقىنى 7. سانجى ئوبلاستىدىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆلىمى 2799 كۋادرات مېتىرغا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2313 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

3) ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر جەھەتتىكى پەرقى خېلى چوڭ بولدى. 1985 - يىلى 12 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تەتقىقات ئورنىدىكى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلاردا ئاپتوموبىل شىلىش، رەندىلەش، ئۈشكىلەش، گازلىق بازغان ۋە پىلاستىنكا كېسىش ماشىنىلىرى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ھەمدە تراكتور، ئاپتوموبىل، سىيالكا، ئورۇپ - يىغىۋېلىش ماشىنىلىرى بار بولدى. شارائىتى بىر قەدەر ياخشىراق بولغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدا ماشىنا، شىلىش، ئۈشكىلەش، سىلىقلاش، رەندىلەش، ئېلېكترىستاتىك دوبلىكاتور (نۇسخا كۆپەيتىش ماشىنىسى) قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ھەمدە تراكتور، ئاپتوموبىل، كومبايىنلار بار بولدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 238 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن-تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىكى خادىملار

جەدۋەل: 4—17

| ئاپپارات نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مەسئۇل ئورۇن | تۇرۇشلۇق جايى | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى | پەن - تېخنىكا خادىمى | مەزكۇر ۋىلايەتتىكى ناھىيە دەرىجىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | سانى | ئومۇمىي ئادەم سانى | پەن - تېخنىكا خادىمى |
| خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1972 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | خوتەن شەھىرى | 9 | 6 | 4 | 17 | 5 |
| سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1973 | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | سانجى شەھىرى | 32 | 12 | 8 | 91 | 45 |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1973 | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى | قۇمۇل شەھىرى | 34 | 12 | 3 | 20 | 7 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1975 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئاتۇش شەھىرى | 15 | 12 | 4 | 11 | 9 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1976 | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | ئاقسۇ شەھىرى | 19 | 6 | 5 | 17 | 10 |
| تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1977 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | چۆچەك شەھىرى | 22 | 15 | 1 | 3 | |
| تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1977 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | تۇرپان شەھىرى | 14 | 4 | 3 | 15 | 9 |
| ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1977 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | غۇلجا شەھىرى | 9 | 8 | 9 | 31 | 5 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1978 | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | بورتالا شەھىرى | 12 | 9 | 3 | 14 | 13 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1978 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | ئالتاي شەھىرى | 10 | 6 | 2 | 8 | 7 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1978 | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | كورلا شەھىرى | 23 | 17 | 4 | 20 | 8 |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1978 | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | قەشقەر شەھىرى | 20 | 11 | 6 | 27 | 14 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1973 | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | | | 1 | 13 | 8 |

5 . باشقىلار

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش (قۇرۇلۇش) فاكۇلتېتلىرى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ھەمدە شىنجاڭدىكى 13 يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكومى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىدە بار بولغان ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، كۆپ تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلدى. (4 - قىسىم 1 - بابقا قاراڭ)

# § 2 . پەن-تەتقىقاتنى باشقۇرۇش

## 1 . يېتەكچى قائىدە

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش قائىدىسىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۆزىنىڭ تېخنىكا كۈچىگە ۋە مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىغا ئاساسلىنىپ، پەن ـ تەتقىقاتنى نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تۈپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى ئاساسلىقى، شىنجاڭدىكى خەلق گوڭشېلىرى بولدى، ئۇلار شۇ چاغدىكى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش ھەمدە ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىقنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، «يىراق بىلەن يېقىنىنى بىرلەشتۈرۈش، يېقىنىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە ياكى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان تېمىلار ھەمدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەتقىقاتنى كۈچەيتىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى، يېزا ـ قىشلاقلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېرىم ماشىنىلاشقان سېپالكا، يىغىۋېلىش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ تىپىنى تاللاپ، تەجرىبە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن، تېخنىكا جەھەتتىن ھازىرلىق قىلدى. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىغا قاراشلىق سانائەت تارماقلىرىدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ماشىنىلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بولدى، ئۇلارنىڭ «ئۆز تارماقلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ـ جەريانىدىكى پەن ـ تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى، تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جېڭ سىخۇا «ھازىر بار ماشىنا ـ سايمانلاردىن بىر ماشىنىنى كۆپ ئىشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، بىڭتۇەننىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ماشىنا ـ سايمانلارنى دادىللىق بىلەن ئىجاد قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەشكىلات-

چىلىق قىلىش، باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدا ماشىنا - سايمانلارنى چاتمىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش، ماشىنا - سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ۋە چوڭ تىپتىكى يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى لايىھىلەش خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ ماشىنسازلىق تەتقىقات ئورنىغا قاراشلىق ماشىنسازلىق سانائەت تارماقلىرىدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى مۇھىم نۇقتىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى لايىھىلەش ۋە ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقاتىغا قاراتقاندىن كېيىن، «شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، يىراق بىلەن يېقىننى بىرلەشتۈرۈش، تىپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدىكى تەتقىقات خىزمىتىدە ئاساسلىقى ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلاغ كۈچى بىلەن دان ئايرىش ماشىنىلىرى، باشلانغۇچ ماشىنىلار، ئېشەك ھارۋىلىرى لايىھىلەندى. تاش تولۇقلۇق دان ئايرىش سايمانلىرى ئۆزگەرتىلىپ كېڭەيتىلدى.

1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تېخنىكا كۈچى ئومۇمیۈزلۈك كۈچەيدى، تېخنىكا سەۋىيىسى ئومۇمیۈزلۈك ئۆستى. «پەن - تېخنىكا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىغا تايىنىشى لازىم» دېگەن ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنغا ئاساسەن «ئەسقاتىدىغان تېخنىكىنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇلدى. تېخنىكا تەرەققىيات تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى. ئەسقاتىدىغان ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى مۇۋاپىق قانات يايدۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1985 - يىلغىچە يېڭى تىپتىكى ماشىنا - سايمانلارنى لايىھىلەش يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 98 تەتقىقات تېمىسى ئىچىدە يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى لايىھىلەش تېمىسىلا 65 تۈرنى ئىگىلىدى.

## 2. پەن - تەتقىقاتنى باشقۇرۇش

ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا خادىملىرى بىر قەدەر ئاز ئىدى. تېخنىكا جەھەتتىكى باشقۇرۇشقا تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى مەسئۇل بولغانىدى، تەتقىقات خىزمىتى تېخى يېتەرلىك قېلىپلاشمىغانىدى.

1963 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. شۇ يىلى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى «تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا 14 ماددىلىق پىكىر»نى تارقاتتى. ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى باشقۇرۇش تەشكىللىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. تەتقىقات تەرتىپلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېما باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تېخنىكا ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1964 - يىلى قىشتا بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى «تەتقىقاتنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق تۈزۈملىرى»نى تۈزۈپ، تېما تاللاش، تەجرىبە

قىلىپ لايىھەلەش، باسقۇچلۇق يەكۈنلەش، ماتېرىيال ۋە ئارخىپقا كىرگۈزۈش قاتارلىقلارنى
ئېنىق بەلگىلىدى. 1966 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى «تەتقىقات خىزمىتىنى
باشقۇرۇش چارىسى (لايىھىسى)»نى تۈزۈپ، تەتقىقات، تەجرىبە خىزمەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى
تەرتىپى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تېما تاللاش، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاش، ئو-
قۇش، تەجرىبە تەتقىقاتى، تېخنىكىلىق خۇلاسە، نەتىجىلەرنى باھالاپ بېكىتىش، ئىشلەپچىقى-
رىشتا سىناش، ئالماشتۇرۇش، كېڭەيتىشنى ئىبارەت دەپ بەلگىلىدى. 1966 - يىلى «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ئەمدىلا تۈزۈلگەن بەلگىلىمە، چارە ۋە تۈزۈملەر
بىردەك بۇرژۇئازىيىنىڭ «بوغۇش، قىسىش ۋە بېسىشى» دەپ قارىلىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
دى.

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى، پەن تەتقىقات ئىشخانى-
سى، ئىلمىي باشقۇرۇش بۆلۈمى، باش ئىنژېنېر ئىشخانىسى، ئىلمىي مۇھاكىمە كومىتېتلىرىنى
ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇپ، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان، يىللىق پىلان تۈزۈپ بولۇش ۋە تېما
تاللاش، تېمىلارنى لايىھەلەش، ۋەزىپە نامىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش، تېمىلارنىڭ ئىجرا قىلى-
نىش ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىش، ماسلىشىش، ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، تې-
مىلارنى باھالاش، نەتىجىلەرنى يۇقىرىغا يوللاش، نەتىجىلەرنى تاپشۇرۇش ياكى ئۆتۈنۈپ
بېرىش قاتارلىقلارنى پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇردى. 1978 - يىلى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا
يىغىنىدىن كېيىن، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەتقىقاتنى باشقۇرۇش ۋە پەن تېخنىكا تە-
رەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سىياسەتلەرنى، قائىدە - نىزاملارنى ۋە چارىلەرنى
ئېلان قىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقاتىنى باشقۇرۇشتا تايىنىدىغان قانۇن، رىئايە
قىلىدىغان نىزام بولغان ئەھۋالدا تەتقىقات خىزمىتى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى.

## 3. پەن تەتقىقات ئۇسۇلى

1) تاللاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئىجاد قىلىش تەرتىپى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى

50 - يىللاردا يېرىم ماشىنىلاشقان ۋە ماشىنىلاشقان ماشىنا - سايمانلارنىڭ كۆپىنچىسى
چەت ئەللەردىن ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىناتتى، ئىشلىتىش داۋامىدا ھەر دەرىجىلىك
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ماشىنا - سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاش ۋە ئۆزگەرتىپ قو-
راشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى ۋە ئاز مىقداردا يېڭى تىپتىكى ماشىنا - سايمانلارنى تەتقىق قى-
لىپ ياساپ چىقتى. 1953 - يىلى 22 - بىگتۈەن (تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىن
ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان) يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 24 قۇرلۇق بۇغداي قۇرلاپ تېرىيدىغان سې-
يالكىنى، كېۋەز، كۆممىقوناق تېرىيدىغان سېيالكىغا ئۆزگەرتتى. 1954 - يىلى شىنجاڭ بويى-
چە تۇنجى قېتىم چاقىرىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى جايلارنىڭ كونكرېت
ئەھۋالىغا قاراپ، پۈتۈن شىنجاڭنى 3 تۈرگە ئايرىپ، تاللاپ چىقىلغان يېرىم ماشىنىلاشقان
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ تىپلىرىنى كېڭەيتتى. 1956 - يىلى بىگتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەي-
دانلىرى بۇغداي قاتارلىق قويۇق تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش بىلەن بىرگە قىر سالالاي-

دىغان سايمانىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى. 1957 - يىلى تۇدۇڭخابا ماشىنىدا تېرىنچىلىق قىلىش دېھقانچىلىق مەيدانى تەدرىجىي سىڭدۇرۇپ سۇغىرىشنى يولغا قويۇشنا، 24 قۇرلۇق قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىنى چۆنەكلەپ تېرىش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتتى. 1960 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى تېپ تاللاش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تېرىنچىلىققا ماس كېلىدىغان يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى - قەشقەر سوقىسىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلدى.

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بىگۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى «سۇغىرىلىدىغان رايونلاردىكى كېۋەزلىكلەردە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنى سىستېمىلاشتۇرۇش سىنىقى»نى ئۆتكۈزۈش ئېلىپ باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ كۆپ خىل تىراكتورلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىپ، قىسمەن ماشىنا - سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ، كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ماشىنىسىنى لايىھىلەپ چىقتى. 1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى لايىھىلەپ چىقىشنى ئاساس قىلىشقا يۈزلىنىپ، كېۋەز ۋە كۆممىقوناق تېرىشتىكى ئۇنىۋېرسال سىپىالكىنى، 5 جەھەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان چۆنەك تارتىش، قىر سېلىش ماشىنىسىنى، ئاددىي تىپلىق تەپچە (كېۋەز شادىسى) يىغىش ماشىنىسىنى، ئاسما تاق پىچاقلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنى، كونۇسسىمان تولۇقلۇق كۆممىقوناق دېنىنى ئاجرىتىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. 1966 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى تېخنىكا خادىملىرى ئاساسلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى يولغا قويۇپ، يېزا - قىشلاقلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ماشىنىلارنىڭ تىپىنى تاللاش تەجرىبىسىنى قانات يايدۇردى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى ئاساس قىلىشقا تەدرىجىي يۈزلەندى. ھەمدە كۆپلىگەن يېڭى ماشىنا تىپلىرىنى لايىھىلەپ چىقىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلەتتى.

1972 - يىلدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئاساسلىقى ماشىنا - سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاش تەجرىبىسىنى ئېلىپ باردى. ئاز ساندىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى تەتقىق قىلىش، لايىھىلەشنى يولغا قويدى.

2) ئۆلچەم تاللاش، سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش ئۇسۇلىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇلدى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باشقۇچى بولغان 50 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە سىناق نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق تەجرىبىلەر توپلانغانىدى. 1951 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى

نىڭ «تۇدۇڭخابا ماشىنىلاشقان پراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پىلان پروگراممىسى»دا،
«يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ مەش-
غۇلات تېخنىكىسىنى ياخشىلاش ۋە بىر قەدەر مۇنتىزىم بولغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بو-
يىچە تەربىيلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش بىر پراكتىكا مەيدانىغا مۇھتاج. مانا بۇ بىزنىڭ ماشى-
نىلاشقان پراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبى» دېگەننى ئوتتۇرىغا
قويدى. پراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مۇنتىزىم ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلى-
دىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەجرىبىلەر بىلەن
تەمىنلىدى. 1959 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە بىگنوەن بىلەن بوز ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى دۆ-
لەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىناق نۇقتىلى-
رىنى كۆپ ئورۇندا قۇرۇپ، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ لايىھە-
سى ۋە شەرت ـ شارائىتىنى يوكۇنلىدى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچى-
لىق مەيدانلىرىدا بولغا قويدى.

1973 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ناھىيە ياكى گۇڭشې بىرلىك قىلىن-
غان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىناق قىلىنىدىغان نۇقتىلارنى قۇردى.
گۇڭشې، ناھىيە، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پەن تەتقىقات تار-
ماقلىرى ئورتاق سىناق ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خىز-
مەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

3) رەھبىرىي كادىرلار، تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى-
دىن ئىبارەت 3 تەرەپ بىرلىشىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇلدى

50 ـ يىللاردا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا،
رەھبىرىي كادىرلار تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تېخنىكا خادىملىرى بىلەن كەڭ يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرلىكتە تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق خېلى كۆپ نەتىجىلەر قولغا كەل-
تۈرۈلدى. 1959 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ماشىنىلاشقان تەجرىبە
پونكىتلىرىنى قۇرغاندا، بىگنوەن ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ «تەجرىبە پونكىتلىرىدا ھەر قايسى شى
باشلىقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېھقانچىلىق مەيدان باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى» بو-
لۇشنى ھەمدە «بۇ پونكىتنى ھەر قايسى شى باشلىقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدان رەھبەرلى-
كىنىڭ تەجرىبە ئېتىزى قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى-
نىڭ شىجاڭى جىڭ يۈنباۋ شى ئورگىنىدىكى دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا
كادىرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ «1 ـ ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ پونكىت قۇ-
رۇشقا ياردەملەشتى ۋە پونكىتتا 3 ئاي تۇرۇپ ئىشلىدى. 1960 ـ يىلى بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشىپلا «تەتقىقات خىزمىتىدە زور كۈچ بىلەن
ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، كۆپچىلىكنى پەن ـ تەتقىقاتى بىلەن

شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.
1961 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بىگتۇەن ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرىدىكى تېخنىكا
خادىملارنى بىر جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆممىقوناق دېننى ئايرىش ماشىنىسىنى تەتقىق قى-
لىپ ياساپ چىقتى. قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ تېرىش ماشىنىسىغا، كومبايىننى كۆم-
مىقوناق يىغىۋېلىش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلەرنى بولغا قويدى. ھەر قېتىمدا 10
دىن 15 كىچە خادىم ئىشلىدى، ۋاقتى 10 كۈندىن 25 كۈنگىچە بولدى.
1981 ـ يىلى شىنجاڭدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىيدىغان يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنى-
كىسى كېڭەيتىلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە ھەر قايسى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تېخنىكا
بىلەن ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ماشىنا ـ سايمانلىرى تەت-
قىقاتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ ش ئۇ ئا ر بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى سىستېمىسى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارە
رەھبەرلىكى ۋە كەسپىي تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك،
ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىلىرى، مۇنەۋۋەر تېخنىكا خادىملىرىنى ۋە ماھىر ئۇس-
تىلارنى يىغىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، 10 خىلدىن ئارتۇق ماشىنا ـ
سايماننى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ ۋە لايىھەلەپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ۋەزىپىسى-
نىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1983 ـ يىلى بىگتۇەننىڭ 3 يېزا ئىگىلىك شى-
سىدا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان، تەتقىق قىلىپ ياسالغان 10 خىل يېڭى تىپتىكى ماشىنا دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكىنى ياخشىلاش بويىچە 1 ـ دەرى-
جىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1985 ـ يىلى تىپى بېكىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان «ZBMG» ۋە
«ZBMS» تىن ئىبارەت 2 سىستېمىنىڭ 2 قۇرلۇق، 6 قۇرلۇق ۋە 8 قۇرلۇق، مۇرەككەپ، تو-
لۇقلۇق كېۋەزنى ئۇۋۇلاپ تېرىش ماشىنىسىنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ 8 ـ تۇەنىدىكى نىپ
چاۋخەي، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ 130 ـ تۇەنىدىكى چېن شۆگېن قاتارلىق تېخنىكلار ئىش-
چىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، لايىھەلەپ چىقتى.

## § 3 . پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرى

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى يېزا ئى-
گىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر تەجرىبىنى باھالاپ ـ بېكىتىش،
تېخنىكا كېڭەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى
ياخشىلاش، ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاش، يېڭى ماشىنا ـ سايمانلارنى تەتقىق
قىلىش، ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، تېخنىكا كېڭەيتىش، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونلارغا ئايرىش قاتارلىق جەھەتلەردە
جەمئىي 300 تۈرلۈك مۇھىم تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 98گە يېتىشلاشتى.

## 1 . ئاساسىي نەتىجىلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان

### 1) دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ لايىھىلەش

(1) يەر تەكشىلەش ماشىنا - سايمانلىرى . بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ، سالا ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىپ بىنا قىلىشقا ماسلىشىپ ، بوز يەرلەردىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تازىلاش ، يىغىپ سىرتقا يۆتكەش ، يەر تۈزلەش ، ئېرىق چېپىش ، قىر سېلىش ، لاتقىلارنى تازىلاش تۈرىدىكى ماشىنا - سايمانلىرى تەتقىق قىلىپ ياسالدى . 1958 - يىلى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 2 - باشقۇرۇش باشقارمىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بوز يەر ئېچىپ ئېتىزلىق بەرپا قىلىش ماشىنا - سايمىنى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مەشغۇلاتلار ماشىنىلاشتى . 1965 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان 5 جەھەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان چۆنەك ئېچىپ ، قىر سېلىش ماشىنىسى ئارقىلىق ئېتىزلىقنىڭ كىچىك ئېرىقچىلارنى چېپىشقا ، چۆنەك تارتىش ، كىچىك ئېرىقچىلارنى ، قىرلارنى ، يەرلەرنى تۈزلەش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان بولدى . بۇ ماشىنا سايمانىنىڭ تىپى بېكىتىلىپ زور مىقداردا ياسىلىپ ، شىنجاڭ بويىچە ئۇزۇنغىچە ئىشلىتىلدى . 1972 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى ، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۆسۈپ - تۇشۇش ماشىنىسى ۋە چوڭ دائىرىدىكى يەرلەرنى تەكشىلەش ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى . 1980 - يىلى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 148 - تۇەنى ئۆزگەرتىپ ياساپ چىققان قىرىش تىپىدىكى يەر تۈزلەش ماشىنىسى ئارقىلىق ، ئېتىزلىقلارنى ئۆزگەرتىپ بىنا قىلىش ، ياخشى سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش مەشغۇلاتى ماشىنىلاشتۇرۇلدى .

| 87 | 2100 — MB قوش يۈرژىنلىق پەردىلىك ناسوسىنى ياساپ چىقىش | يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 68 ـ تۇەندىن لى پىنخۇاڭ | 1982 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە | 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 88 | «شەرق قىزاردى - 75—28» تراكتور ماتورىنىڭ قۇۋۋەت تېجىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكولتېتىدىن تيەن چېڭجاڭ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن سۇڭ چۈنشيەنلەر | 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 89 | شىنجاڭ بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش تەجرىبىسى | شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاپ چىقىش پونكىتىدىن سۇتۇڭچېن، ليۇ يۇگۇيلار | 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 90 | 12 — XJ كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى كېڭەيتىش ۋە باھالاپ چىقىش | شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتىدىن ۋۇ چىڭجۇ، ۋۇ جيەنجۇنلەر | 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 91 | 5FX — 1. 3A مۇردەك كەپ تىپلىق ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتىش | ئارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن گودى، تۇاڭ گوسەي | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 92 | 2BJQD— يەل بېسىملىق ئازۇق سېيالكا | شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن خې يەن، گاۋ جىڭشىڭلار | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 93 | 3WM — 1700 دەستە شەكىللىك چاتما پۈركۈش ماشىنىسى | شىخەنزە ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى زاۋۇتىدىن گومىڭلى، ۋاڭ جۇڭجېيلەر | 1983 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 94 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئېنېرگىيىسى ئانالىزى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن چېن يۈگېي، ۋاڭ گۈيشېڭلار | 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 95 | 16—2BS ئاز ئاغدۇرۇش سېيالكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن سەي دۇسك، چېن فا قاتارلىقلار | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 96 | 6PC—75 قۇلماق قۇرۇتۇش قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىدىن ۋاڭ شاۋفۇ، ياڭ شۇ فېنلار | 1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 97 | 150 — 4PZ قۇلماق ئۈزۈش ماشىنىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىدىن جاڭ جيالى، ۋاڭ شاۋفۇلار، شىنجاڭ 3 - ئاپتوموبىل زاپچاس زاۋۇتى | 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە | 1985 - يىلى ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |
| 98 | كېۋەزلىكتە ئايروپىلان بىلەن مەشغۇلات قىلىشنى تەجرىبە قىلىش (5تۈر بويىچە) | شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى | 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | 1985 - يىلى دۆلەت ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن |

## 3 . ئەسەرلەر

منگودىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يوق ئىدى. باشقا ئەسەرلەر ياكى ماتېرىياللاردىلا پارچە - پۇرات خاتىرىلەر بار ئىدى. ئاساسلىقلىرىدىن: چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى كىتاب بولۇپ چىققان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1936 - يىلى قايتىدىن نەشر قىلىنغان زېڭ ۋېنۋۇنىڭ ئەسىرى «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 1938 - يىلى (روسىيە) لىك ئوچۋاتكىننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانچىلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» (1950 - يىل شاپىگراف باسما نۇسخىسى ليۇدېيىن تەرجىمىسى)نىڭ ھەممىسىدە خاتىرىلەر بار.

1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى پەن - تەتقىقات، مائارىپ خادىملىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا رەسمىي نەشر قىلدۇرغان ۋە ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر 20 پارچىدىن ئاشىدۇ، يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت مەخسۇس نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردىمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەققىدە مەخسۇس باب، پاراگرافلار بار.

يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئەسەرلەر (تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

جەدۋەل: 4—19

| رەت نومۇرى | ئەسەر نامى | ئەسەرنى تۈزگۈچى ئورۇن ۋە باش مۇھەررىرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى | نەشر قىلىپ تارقىتىش ھەمدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|
| 1 | ئوبسومۇلۇك ئاسراش ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىش قوللانمىسى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكولتېتىدىن ۋاڭ يىندې تۈزگەن | 1955 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان |
| 2 | يېڭى تىپتىكى ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى (ئۇيغۇرچە) | شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتىدىن مەسۇم نۇجۇپ تۈزگەن | 1957 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان |
| 3 | ماشىنا مەشغۇلات قائىدىلىرى (كوپىيە) | بىڭتۇەن سىلىڭبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1958 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 4 | بىڭتۇەننىڭ كېڭەزلىكلەرنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى | بىڭتۇەن سىلىڭبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1959 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 5 | چىغ مۇئەخەسسىسلىك رېتو - 25 تراكتور مەقسىدىكى سوئاللارغا جاۋابى | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1959 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 6 | ماشىنا مەشغۇلاتى تەجرىبىلىرى توپلىمى (1 - ، 2 - قىسىم) | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1959 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 7 | ئېلىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا | بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن | 1960 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 8 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش ماتېرىياللىرى توپلىمى | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1960 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 9 | ماشىنا مەشغۇلات نورما ئۆلچىمى | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1960 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 10 | چاتما سوقا ھەمدە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى (ئۇيغۇرچە) | دېھقانچىلىق نازارىتىدىن مەسئۇم ئۇجۇپ تۈزگەن | 1962 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان |
| 11 | تېخنىكىلىق ئاسراش قوللانمىسى | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1962 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 12 | CK—3 تىپلىق دانلىق زىرائەت كومبايىنىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش | بىگتۇەن سىلىگبۇسى ماشىنا - ترانسپورت باشقارمىسى تۈزگەن | 1963 - يىلى بوز ئۆزلەشتۈرۈش نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان |
| 13 | سوۋېت ئىتتىپاقى تراكتورلىرىنى رېمونت قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى رەسىملىك قوللانمىسى (15 كىتاب) | «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى تەرجىمە قىلدۇرغان | 1956 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نەشرىياتى داۋاملىق نەشر قىلىپ تارقاتقان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 14 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلات تېخنىكا قائىدىسى | بىڭتۇەن تۈزگەن | 1964 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 15 | كېۋەزلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماتېرىياللىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن | 1964 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 16 | T—28 تىپلىق تراكتورنى رېمونت قىلىش - تەكشۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى | بىڭتۇەن سىلىڭبۇسى ماشىنا - باشقارمىسى تۈزگەن | 1964 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 17 | دىزېلماتورنى ئاسراش قوللانمىسى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن چېن بۇگېي قاتارلىقلار تۈزگەن | 1973 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 18 | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ماشىنا مەشغۇلات قائىدىسى | ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى تۈزگەن | 1973 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان |
| 19 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى يىغلاش توپلىمى | ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى تۈزگەن | 1979 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 20 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن جاڭ شۈمېن تۈزگەن | 1980 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان |
| 21 | قىزىتىپ بىر ياقلىق قىلىش ئىشچىلىرىنىڭ ئاددىي مەشغۇلات قوللانمىسى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىدىن يەن تيەنچىڭ، شۇ جاگدى، سۇن جاۋنيەن قاتارلىقلار تۈزگەن | 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 22 | شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئاساسىي ئەھۋالى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 1 ـ تەتقىقات ئورنىدىن شۈۋېيجاۋ ۋە خۇاڭ گۈگېن، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىدىن ۋېي چىشيەن | 1981 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 23 | يۇگوسلاۋىيە IMT—578/579 تىپلىق تراكتورنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىشى | بىڭتۇەن دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن بى لياڭجۇڭ تەرجىمە قىلغان | 1982 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 24 | ئىمپورت قىلىنغان كومبايىن (E—512) قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش ماتېرىياللىرى توپلىمى | بىڭتۇەن دېھقانچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن | 1983 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 25 | يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئىقتىسادشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا قوللىنىلىشى | شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىساد فاكۇلتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن جۇدېيەنبۇ، خۇاڭ شۇ قاتارلىقلار | 1984 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |
| 26 | شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىپ چىقىش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن جاڭ باگو، ۋۇدىڭو، خۇاڭ دۇنرى قاتارلىقلار | 1984 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 27 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىرىنى تەكشۈرۈش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تۈزگەن | 1984 - يىلى ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلغان |
| 28 | يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئىقتىساد قوللانمىسى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىدىن ۋاكېن، دېڭ دۇگخەي شۇ شېۋشيا قاتارلىقلار | 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان |
| 29 | خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە - رۇسچە - ئىنگلىزچە ماشىنىسازلىق رەسىملىك چۈشەندۈرۈش لۇغىتى | ئابدۇكېرىم، ئابدۇرېھىم، خۇاڭ شۇنفائىلار تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن | 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان |
| 30 | شىنجاڭنىڭ سۇلياۋ بويۇق يېپىش ماشىنىلىرى تېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار | شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ بالاش پونكىتى تۈزگەن | 1985 - يىلى ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلغان |

# III باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

## 1 § . ئاپپارات

### 1 . دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنى ئۈرۈمچىدە نازارەتنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، ئۇلاردا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلدى. بۇ ئورۇن يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، سېتىش، كېڭەيتىش ھەمدە تېخنىكا

جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە ( 1935 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە ) تارباغاتاي، ئىلى، ئالتاي قاراشەھەر، ئاقسۇ، قۇمۇل خوتەن، قەشقەر (ۋىلايەتكە باراۋەر) رايونلىرىدا ۋە تۇرپان ناھىيىسىدە نازارەتنىڭ قارىمىقىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق (ئورمانچىلىق) مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلاردا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى گۆچۈڭ ناھىيىسىدە ناھىيە قارىمىقىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەن ناھىيىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. كېيىنچە دېھقانچىلىق ئورنى ياكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق شۆبە مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى )6 ـ ئايدا ئۆلكە بويىچە ناھىيىلىك ئورۇنلاردىن 26 سى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ( 1942 ـ يىلى )1 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئورۇنلىرى بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى باشقۇرۇپ تۇردى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى) ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ئۈرۈمچىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇپ، قاراشەھەر رايونى، ئۈرۈمچى رايونىغا قاراشلىق ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىر جايغا يىغىپ، بىر تۇتاش رېمونت قىلدۇرغاندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتىكىلەرگە ئىجارىگە بەردى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى) ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەجرىبە باش مەيدانى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى تەجرىبە باش مەيدانىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىشىگە تاپشۇردى.

## 2. دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتلىرى ۋە باشقىلار

1950 ـ يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئىلى ۋە تۇرپاندىكى نازارەت قارىمىقىدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. 1951 ـ يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە تارباغاتايدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى قۇردى. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ئۆلكە بويىچە 10 ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى شۇ جايدىكى يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى.

1953 ـ يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنى ئۆلكىلىك يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئىلى ۋە تارباغاتايدىكى يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ئۆلكىلىك يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتىنىڭ شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1955 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى نازارەت قارىمىقىدا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى قۇرۇپ، ئۆلكە بويىچە دېھقانچىلىق

تېخنىكىسنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتلىرى ۋە تراكتور پونكىتلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1956 ـ يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «ئاپتونوم رايوندىكى يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ھەمدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياخشىلاش، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەھرىرلەش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش»تىن ئىبارەت بولدى. ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەرنىڭ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىگە ھەر قايسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرى ۋە كېڭەيتىش پونكىتلىرى مەسئۇل بولدى. 1959 ـ يىلى دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش كەسپىنى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى باشقۇردى.

1959 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرىپىدىن بولىغا قويۇلدى. مەسىلەن: دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ ماشىنا باشقارمىسى، بىڭتۇەننىڭ ماشىنا باشقارمىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پەن ـ مائارىپ باشقارمىسى قاتارلىقلار. ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەردە بولسا، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى، (باشقارمىلىرى)، بۆلۈملىرى تەرىپىدىن بولىغا قويۇلدى. كېڭەيتىلىدىغان كونكرېت تېخنىكا خىزمەتلەرنى ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى ۋە تراكتور پونكىتلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

## 3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى

### 1) ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى

1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان) دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باشقارمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا، ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى دېگەن ۋېۋىسكىنى ئېسىشىغا، كەسپىي شتاتى 10 ئادەمدىن تەركىب تېپىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بۇ باش پونكىتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى.

2) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيـ

تىش پونكىتلىرى

1985 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كەسپىي دائىرىسى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە يۈزلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىشكە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىلەن تېخنىكا مۇلازىمىتى كەسپىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشخانا، گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

3) ناھىيە دەرىجىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى

1973 - يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى.

1978 - يىلى ساۋەن، كورلا ناھىيىلىرى بىلەن يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە شىخۇ، ئاۋات، پوسكام، يوپۇرغا، جىڭ، خوتەن، گۇما، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «خىبېي ئۆلكىسىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكرىگە جاۋاپ» دېگەن ھۆججىتىنى تارقاتقاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت نىشانىغا قارىتا: «خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەقىقىي تۈردە تېخنىكا كېڭەيتىش بىلەن تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قارىتىلىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قۇمۇل، غۇلجا، تۇرپان ۋە ئالتاي شەھىرىدىكى (1984 - يىلى تۇرپان ۋە ئالتايدا ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر تەسىس قىلىندى)، ئاراتۈرۈك، قۇتۇبى، مورى، چاغانتوقاي، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۆكتوقاي، جىمىسار، ئارشاڭ، لوپنۇر، خوشۇت، باغراش، باي ۋە چىرا ناھىيىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ نامى بىردەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

## § 2 . تۈزۈم، چارە

### 1 . مىنگو دەۋرى

مىنگو دەۋرىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى كۆپىنچە ھۆكۈمەت تەرىپ-

دىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ، ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى . ھەر قايسى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرى ماشىنا ـ سايمانلارنى تاپشۇرۇۋېلىش ، ساقلاش ، ئىجارىگە بېرىش ، سېتىش ، رېمونت قىلىش ، ھەق يىغىش ، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيلەش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى .

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى ( 1936 ـ يىلى )2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى »دە ئۆلكىلىك كانچىلىق نازارىتىنىڭ « نازارىتىمىز سېتىۋالغان كۆپ مىقداردىكى ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرى مەخسۇس دېھقانلارنىڭ ئورۇق تاللىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ . بىر تىيىنمۇ ھەق ئېلىنمايدۇ ...... » دېگەن ئېلانى بېسىلدى . مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى )3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى » گە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېلانى بېسىلدى . ئېلاندا « ئۈرۈمچى ، تارباغاتاي ، ئىلى ۋە ئالتايدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ دېھقانلارغا ئەڭ تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقى ...... » ھەمدە ھەر قايسى مەيدانلاردىكى ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ نامى ۋە سانى ، دېھقانلارنىڭ شۇ جايغا بېرىپ ، ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى بېسىلغانىدى .

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى )12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى » گە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ « ئورۇقنى ماشىنا ئارقىلىق تاللاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي بۇيرۇق » ى بېسىلدى ھەمدە « ئۇنىڭدا ھەر قايسى ۋىلايەتتىكى گېزىتخانىلارنىڭ بۇ بۇيرۇقنى كېڭەيتىپ بېسىپ چىقىشنى بۇيرۇيمىز » دېيىلدى . بۇيرۇقنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ـ ئورۇق تاللاش ماشىنىسى ئارقىلىق يازغى ۋە كۈزگى بۇغداي ئورۇقنى تاللىغاندا ئورۇقنىڭ ئەخلەت تەركىبى 3%—4% كىمۇ يەتمەيدۇ . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئورۇق تاللىغۇچى دېھقانلارغا تىلخەت ئارقىلىق گۇۋاھلىق بېرىشى ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرى ، ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە شۇ جايدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەر يىلى 11 ـ ئايدا ئورۇق تاللاپ چىقىشنى كەنت ، بازارلار بويىچە تىزىملاش دەپتىرىگە بىر ـ بىرلەپ يېزىپ چىقىشى لازىم ، مەزكۇر پەرماننى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرى ، ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى ھەمدە قورۇلۇش نازارىتىنىڭ جايلاردىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلىرى مەسئۇل بولۇپ ئىجرا قىلىشى كېرەك ، دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى .

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ئەتىيازدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت « ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى مۇكاپاتلاش ـ جازالاش نىزامى » نى ئېلان قىلدى . بۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ئورۇق تاللاش ماشىنىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىپ « ئورۇق تاللاشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىشى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچىلار ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار ، ئورۇق تاللاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئورۇقنى ئالاھىدە كۆپ تاللىغانلارنىڭ ئەمىلى ئۇستۇرۇلۇپ ، تۆھپىسى خاتىرىلىنىدۇ . پەرمان ئارقىلىق مۇكاپاتلىنىدۇ » دەپ بەلگىلەندى .

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى توغرىلىق ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. شىنجاڭنى 2 خىل رايونغا ئايرىپ، 2 خىل سېتىش باھاسىنى بېكىتتى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئورنىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش چارىسى» (مۇشۇ پاراگرافتىكى قوشۇمچە خاتىرىلەر 1 - گە قاراڭ) ۋە 20 خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۈنلۈك ئىجارە ھەققى قاتارلىقلار بېسىلدى.

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋر

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، 1980 - يىلغا قەدەر پارتىيە، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار يوليورۇق، ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، كۆپلىگەن قارارلارنى چىقاردى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى نەق مەيدان يىغىنى، خۇلاسىلەش يىغىنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىم ماشىنىلاشتۇرۇلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ئاساس قىلىندى. 1954 - يىل 1 - ئايدا ئۆلكىلىك كوپېراتسىيە ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە «يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ «ئۆلكىلىك كوپېراتسىيە ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ كېڭەيتىش پىلانىغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىگە مال زاكاز قىلىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رايونلارغا ئايرىپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

1954 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى يىغىنىدا مۇنۇلار قارار قىلىندى: 1. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كېڭەيتىش رايونى ئۈچكە ئايرىلىدۇ. ھەر قايسى رايونلار شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاللاپ كېڭەيتىدۇ. 2. كېڭەيتىش چارىسىدا ئىشلەپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئاساسى بىر قەدەر ياخشىراق بولغان رايونلاردا تۇختام تۈزۈش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ، ئىش ھەققى مۇقىم بولۇپ، مو بېشى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ. ئىجارىگە بېرىشتە تۇختام بويىچە ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش كىنىشكىسى تارقىتىلىدۇ. 3. تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە ئىش تەقسىماتىدا كوپېراتسىيە تارماقلىرى پىلاننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. رايونلاردىكى مەھسۇلات تۈرلىرىنى تەڭشەيدۇ ۋە سېتىلىش باھاسىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، دېھقانچىلىق تارماقلىرى كادىرلارنى تەربىيىلەپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچى تارماقلار دېھقانچىلىق كوپېراتسىيە تارماقلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىلانغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ۋە

تېخنىكا ئىشچىلىرى ئارقىلىق ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

1956 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى شۇ يىلى كېڭەيتىلىدىغان يېڭى تېپىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ 50 مىڭغا يېتىدىغانلىقى، ھەر قايسى جايلار كېڭەيتىش پىلانلىرىنى ئاكتىپ ھەم ئەستايىدىل ياخشى تۈزۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، زاپچاسلار بىلەن تەمىنلەش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

1957 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇننى ئاقسۇ، كورلا (1960 - يىلى كورلا ۋىلايىتى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلدى)، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، غۇلجا، سۈيدۈڭ، بورتالا، تارباغاتاي ۋە ئالتاي قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 45 ناھىيىگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، ياخشىلاش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بۇيرىدى.

1957 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ۋە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق»ىدا «جايلاردىن تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشىلاشتا ئاكتىپ ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىش كۆرۈپ، يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش» تەلەپ قىلىندى.

1959 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە دېھقانچىلىق نازارىتى يىللاردا ئېچىلغان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنلىرىدا «بىر قولدا ماشىنىلاشتۇرۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت فاڭجېننى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش زۆرۈرلىكىنى» تەكىتلەپ كەلدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىدە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ماشىنىسازلىق يىغىنى، نەق مەيدان يىغىنى ۋە كېڭەيتىش يىغىنى ئارقىلىق، ئىلغار تېخنىكىنى، ئىلغار ماشىنا - سايمانلارنى ۋە ئىلغار تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا كېڭەيتتى. مەسىلەن: چاسا شەكىلدە ئۇۋىلاپ تېرىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ماشىنا - سايمانلىرى، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ماشىنا - سايمانلىرى ۋە ماشىنىلارنى باشقۇرۇشتىكى 5نى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە باشقىلار.

1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «ئورۇش، يىغىش ماشىنىلىرى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، «نۆۋەتتە

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى بەزى تۈرلەر مەسىلەن: ئۇرۇقنى تۇجۇبىلەپ
سېلىش، ماشىنا ئارقىلىق كولتىۋاتسىيە قىلىش، بۇغدايىنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش، ئوت-
چۆپنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش ۋە ماشىنا بىلەن يۇڭ قىرقىش جەھەتتە ماشىنا- سايمانلار بې-
لەن تەمىنلەشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى. ھازىرقى مەسىلە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىز-
مىتى يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. بەزى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن 5 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىنى تاللاپ ئورۇش،
كولتىۋاتسىيە قىلىش ۋە يۇڭ قىرقىش قاتارلىق مەشغۇلات تۈرلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋەزى-
پىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەش مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلدى» دەپ كۆرسەتتى. مالىيە ئىدارىسى
ماشىنا - سايمان سېتىۋېلىش ۋە كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەخ-
سۇس پۇل ئاجراتتى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رىيا-
سەتچىلىكىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇ-
رۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1981 - يىل 2 -
ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كومىتېتى، پەن تېخنىكا كومىتېتى،
مالىيە ئىدارىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى سىناق تەرى-
قىسىدە يولغا قويۇش، باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقاتتى (مۇشۇ پاراگرافتىكى قوشۇمچە
2 - گە قاراڭ). كېڭەيتىش خىزمىتىنىڭ مەقسىدى، ۋەزىپىسى، تەشكىلى، تېخنىكا تەلىپى مالى-
يە ۋە ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، مۇكاپاتلاش، جازالاش بەلگى-
لەندى. 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «تېخنىكا كېڭەيتىش خىز-
مەت نورمىسىنى تۈۋەنگە تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، شۇ يىل ئىچىدە كې-
ڭەيتىلىدىغان 5 تۈر، 6 خىل ماشىنا - سايمانغا قارىتا يەككە ماشىنىلار بويىچە تاماملايدىغان
مەشغۇلات مىقدارى ھەمدە بىر قانچە تۈرلۈك تېخنىكىنى سىناتىستىكا قىلىشنى بەلگىلىدى. 3 -
ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇ-
رۇش» چىقىرىپ: كېڭەيتىش ۋەزىپىلىرىنى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كېڭەيتىلىدىغان
ماشىنا - سايمانلارنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى، بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرىنى ۋە كېڭەيتىش خىراجىتى
كۆرسەتكۈچلىرىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا قاتتىق بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاپتو-
نوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش كەسپىي يىغىن-
لىرىنى يىلدا ئېچىپ تۇردى، خىزمەتلەرنى يەكۈنلىدى، تۈرلەرنى كېڭەيتتى، باشقۇرۇشنى
مۇكەممەللەشتۈردى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى.

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ گۇۋۋېيۈەنىنىڭ «مۇۋاپىق تەكلىپلەر ۋە تېخ-
نىكا ياخشىلاشنى مۇكاپاتلاش نىزامنى»نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي قائىدى-

سى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە-
سى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ما-
شىنىلىرى سىستېمىسى باشقۇرۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ۋە ھەر
قايسى ھالقىلىرىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بىلەن تېخنىكا كېڭەيتىش نەتىجىلىرىدىن با-
ھالاشتىن ۋە تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتكەنلىرى ھەممە «تەپسىلىي قائىدە»گە ۋە بەلگىلىمىدى-
كى ماددىلارغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرى ئۇسىدە بىردەك تېخنىكا ياخشىلاش مۇكاپاتىنى ئىلتىماس
قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇشقا قويۇلدى. مەلۇم تۈردىكى تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ كېڭەيتىلىش
كۆلىمى ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى بار يەر كۆلىمىنىڭ (ياكى سانىنىڭ) 20%، 15%،
10% تىگە، ۋىلايەت ئوبلاستلاردا 35%، 30%، 20% تىگە، ناھىيىلەردە بولسا 50%،
40%، 35% تىگە يەتكەن بولسا ھەممە ئۇتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتىنى ياكى ئىقتىسادىي
كىرىمىنى 15%، 10%، 5% تىن 10% كىچە ئۆستۈرگەن بولسا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تېخ-
نىكا كېڭەيتىش نەتىجىلىرى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىنى ئىلتىماس قىلىشقا
بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

1984 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق
چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، تېخنىكا كې-
ڭەيتىش خىزمىتىدە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. كۆپ خىل شەكىل-
دىكى تېخنىكا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،
ئىككى تەرەپ ئىختىيار قىلىش، توختام تۈزۈش، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى رەسمىيەتلىرىنى بېجى-
رىش، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش،
دۆلەتنىڭ ھەقسىز كېڭەيتىش خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىشىنى ھەقلىق ھۆددىگەرلىك فوندىنى
پەيدىن - پەي يولغا قويۇش چارىسىغا ئۆزگەرتىش، بۇرۇنقىدەك تېمىلارنى تەقسىم قىلىپ
چۈشۈرۈشنى پەيدىن - پەي تەقسىملەش بىلەن خېرىدار چاقىرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ۋە-
زىپە چۈشۈرۈپ بېرىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى.

1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلە-
رى ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ما-
شىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بويىچە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە
يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، (مۇشۇ پاراگرافنىڭ قوشۇمچىسى 1 - گە قاراڭ) ھەق-
لىق مۇلازىمەت قىلىش دائىرىسى، كېڭەيتىش تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھەق ئېلىش چار-
سى ۋە ئۆلچىمى، خام چوت، كىرىم تەقسىماتىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى.

### قوشۇمچە خاتىرىلەر

1 - «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش چارىسى»
(مىڭگونىڭ 35 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان).

1) دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆپرەك يەر تېرىپ
مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشى مۇشۇ بەلگىلىمە

بويىچە بېجىرىلىدۇ .

2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشنىڭ ۋاقتى ئەتىياز ، ياز ، كۈز دەپ 3 پەسىلگە ئايرىلىدۇ ، ھەر بىر پەسىلدە ئارىيەت ئېلىش ۋاقىت چېكى 2 ئاي بولىدۇ .

3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشتە ئىجارە ھەققى تۈرى ۋە ۋاقتى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ .

4) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشتا يېزىلاردىكى ، بازاردىكى بوجاڭ ، جىياجاڭلار تونۇشتۇرىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ .

5) ماشىنىنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار ئۇنىڭ تۈرى ھەمدە مۇددىتىگە ئاساسەن ، ئالدى بىلەن 1/3قىسىم ئىجارە پۇلىنى تاپشۇرىدۇ ، قالغان قىسمىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە تاپشۇرىدۇ .

6) ماشىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكۈچى دېھقان ماشىنا ئىشلىتىشنى بىلمىسە ئىجارىگە بېرىش ئورنىدىن خادىم ئەۋەتىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ .

7) ئىجارىگە ئېلىنغان ماشىنا تاسادىپىي ئاپەتكە يولۇققان بولسا ، ئۇنىڭ ھەققىي گۇۋاھچىسى بولۇشى كېرەك ، سەۋەبسىز ئىجارىگە ئالغۇچى ماشىنىنى يوقىتىپ قويغان ياكى قەستەن بۇزۇۋەتكەن بولسا ، تۆلەپ بېرىشكە ، رېمونت قىلدۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك . ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ۋاقتى ئېشىپ كەتسە ئىجارە ھەققى كۈن بويىچە قوشۇپ ئېلىنىدۇ .

8) مەزكۇر چارە تەستىقلانغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ .

2 . «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە باشقۇرۇش چارىسى»

(1981 ـ يىلىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)

## 1 . ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا : «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى .

2 ـ ماددا : دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ـ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە خېرىدارلار بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ ۋاستە .

3 ـ ماددا : دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنىڭ مەقسىدى ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق دېھقان ، چارۋىچىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش ، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماشىنىلىشىش مەشغۇلات تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت .

## 2 . تېخنىكا كېڭەيتىش ۋەزىپىسى

4 ـ ماددا : دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھ

ۋالىغا قاراپ، ئىش كۆرۈش، پىلانلىق، نۆۋەتلىك ھالدا يولغا قويۇش، ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىشتىن، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ساقلىنىش لازىم.

5 - ماددا: ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسىي نە- شانى - قەدەممۇ باسقۇچ تاشلىغان «شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى»نىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن، يەنى ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، گۆش ۋە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈ- رۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن؛ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كېڭەيتىش قائىدىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

6 - ماددا: نۆۋەتتە تېخنىكا كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: بۇغدايىنى تۈجۈپىلەپ تاللاش، ئورۇش ۋە دان ئايرىش ماشىنىلىرى؛ كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق كولتىۋاتسىيە قىلىنىدىغان زىرائەتلەرنى تۈجۈپىلەپ تاللاش، ئۇرۇقنى تۈجۈپىلەپ سېلىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش ماشىنىلىرى؛ ئوت - چۆپ ئورۇش، يىغىۋېلىش ماشىنى- لىرى؛ يۇڭ قىرقىش ماشىنىلىرى ۋە ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى قاتارلىقلار. بىراق ئومۇمەن يېڭى ماشىنا - ساي- مانلارنى سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

## 3. كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئويۇشتۇرۇش

7 - ماددا: كېڭەيتىش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل تارماقلار - ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى مەسئۇل تارماق شۇ رايوننىڭ كېڭەيتىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، تەربىيە- لەش، تەمىنلەش، رېمونت قىلىش - ياساش تارماقلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا، خىراجەت توپلاش ۋە ماشىنا - سايمانلارنى سەپلەپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

8 - ماددا: كېڭەيتىش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل تارماقلار تۈرلۈك باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەس- تايىدىل مەسئۇل بولۇشى، خىزمەتنىڭ سۈرئىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە نەتىجىلەرنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى، ئىلغارلارنى تەقدىرلىشى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى لازىم.

9 - ماددا: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاخبارات تورى بەرپا قى- لىپ، تېخنىكا كېڭەيتىش ئاخباراتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

10 - ماددا: كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئورۇن تېخنىكا كېڭەيتىش پىلانى، خىزمەت سۈرئىتى، مەشغۇلات نورمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۇنى پەيدىن - پەي شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

## 4. كېڭەيتىش خىزمىتىدىكى تېخنىكىلىق تەلەپ

11 - ماددا: كېڭەيتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار شۇ رايونغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، بىر قەدەر مۇكەممەل ما- شىنا - سايمانلار بولۇشى لازىم.

12 - ماددا كېڭەيتىش داۋامىدا مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىشى، ماشىنا - ساي- مانلارنىڭ ھەر دائىم ياخشى تېخنىكىلىق ھالەتتە تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى، ئاممىغا ئۈلگە كۆرسىتىلىشى لازىم.

13 - ماددا: يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاكتىپلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، مەلۇم ئىقتىسادىي ئا-

ساھەسىدە ۋە كېڭەيتىش ئىستىقبالىغا ئىگە بولغان گۈللىرى، ئەترەتلەرنى تاللاپ كېڭەيتىشنى تەجرىبە قىلىش لازىم.

5. مالىيەنى ۋە ماشىنا - سايمانلارنى باشقۇرۇش

14 - ماددا: كېڭەيتىش خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتنى ھەر قايسى جايلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي خىراجىتى ئىچىدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چىقىم خام چوتىدا، ۋاقىتىنچە كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، پەرق سوممىسىنى تولۇقلاپ بېرىش ۋە خام چوتنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.

15 - ماددا: تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە ئىقتىسادىي ھېسابات پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، مەشغۇلات نورمىسى تۈزۈپ چىقىلىشى، مەشغۇلات تەننەرخى ھېسابلىنىشى، يەككە ماشىنا بويىچە ھېسابلىنىشى ھەمدە مەشغۇلات مىقدارى بويىچە ھەق ئېلىنىشى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى پرىنسىپ جەھەتتىن شۇ جايدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە ئىجرا قىلىنىشى لازىم. يىغىۋېلىنغان خىراجەتنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە چىقىم قىلىشتىن سىرت، ئاشقان قىسمىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاشقا، ئوبوروت زاپىسى ئۈچۈن قالدۇرۇشقا ئىشلىتىلىشى، ئازراق قىسمىلا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ۋە كېڭەيتكۈچى خادىملارنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلىشى لازىم.

16 - ماددا: كېڭەيتىلگەن تېخنىكىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، كېڭەيتىشكە مەسئۇل بولغان ئورۇن مۇۋاپىق ھالدا تۆلەم تۆلەپ بېرىشى لازىم.

17 - ماددا: كېڭەيتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار مەخسۇس يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىشى لازىم. ماشىنا - سايمانلارنى قايسى دەرىجىلىك ئورۇن سەپلىگەن بولسا، شۇ دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن سەپلەنگەن ماشىنا - سايمانلارنى دېپەرگە تىزىملايدۇ. ئىشلىتىش، يۆتكەش ھوقۇقى بولىدۇ. باشقۇرۇش، رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

6. كېڭەيتىش خىزمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

18 - ماددا: كېڭەيتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار ۋە تۈرلەر شۇ جايدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا باب كەلگەن بولۇشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ھەقىقەتەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرالايدىغان، كىرىمنى چىقىمدىن كۆپەيتەلەيدىغان بولۇشى لازىم. مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تېخنىكا ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشتىن باشقا، چەزمەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىكى سېلىشتۇرما سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشى، خۇلاسىلىنىشى، دېھقانلار سېتىۋالالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىلىق بولغان بولۇشى لازىم.

19 - ماددا: كېڭەيتىش خىزمىتى ئارقىلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى، تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە مەلىكىلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم. بۇنىڭدا تېخنىكا كېڭەيتىلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئۆزى باشقۇرالايدىغان، ئۆزى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

7. مۇكاپاتلاش، جازالاش

20 - ماددا: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە، نەتىجە يارانتقان گۇرۇپپا ۋە شەخسلەر خام چوتنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ھالدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىدۇ. مۇكاپاتلاش چارىسى ۋە مۇكاپاتلاش ئۆلچىمىنى مەسئۇل تارماق كونكرېت لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى ئەمگەك تارماقلىرى ۋە مالىيە تارماقلىرى بىلەن ئورتاق كېڭىشىپ ئېلان قىلىدۇ ۋە زور ئۆلۈم - يېتىم ھادى-

سىسى، ماشىنا ھادىسىسى پەيدا قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلمەيدۇ ھەمدە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ھادىسە تۇغدۇرغۇچىغا قائىدە بويىچە ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ.

## 8. قوشۇمچە پرىنسىپ

21 - ماددا: بۇ چارە 1981 - يىلدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەر تولۇقلىماقچى بولسا، ئاشۇ بەلگىلىمە ۋە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىدىن بىر نۇسخىنى بىزنىڭ ئارخىپ ساقلىشىمىزغا يوللاپ بېرىشىنى سورايمىز.

3. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»

(1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن تۈزۈپ چىقىلدى.

1 - ماددا: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇش - يېزا ئىگىلىكىگە جۈملىدىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، قاتناش، ترانسپورت، بىناكارلىق ۋە مۇلازىمەتتىن ئىبارەت 10 تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلىدۇ. مۇلازىمەت ئوبيېكتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر، ھۆددىگەر ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇلازىمەت تۈرلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىغا ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل يېڭى ماشىنا - سايمانلار، يېڭى ئۈسكۈنىلەر، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېپىكى ماتېرىياللارنى قوللىنىش، چەتتىن كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش، رېمونت قىلىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ بېرىش، باشقۇرۇش تېخنىكىسى، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 - ماددا: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە ھەقلىق مۇلازىمەت يولغا قويۇلىدۇ. تېخنىكا كېڭەيتكۈچى تارماقلار تېخنىكا نورمىسىنى بېكىتىپ چىقىپ، چىقىمنى ھېسابلاپ تېخنىكا كېڭەيتىشنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندىن مۇلازىمەت ھەققى ئالىدۇ. ھەر قايسى جايلار ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكى 2 پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ:

1. بۇ، خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، ماشىنا - سايمانلارنىڭ ئامورتىزاتسىيەسى، ماي ماتېرىياللىرى، خام ئەشيا، ماتېرىيال سەرپىياتى قاتارلىق بارلىق چىقىم (بىۋاسىتە تەننەرخى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. تەننەرخنى ۋاقىتىنچە بېكىتىشكە مۇمكىن بولمىسا، شۇ جايدا يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇناسىۋەتلىك تۈرلەردىن پايدىلىنىپ، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقسا بولىدۇ.

3 - ماددا: ھەق ئېلىش ئۆلچىمى يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ جايدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئەنگە ئالدۇرغاندىلا، كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بېكىتىلىپ بولغان بولسا، ئومۇمەن ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىنىشى لازىم. چەتتىن كىرگۈزۈلگەن، تەجرىبە قىلىنىدىغان ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان تۈرلەر بولسا، يۇقىرىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق 1—2 يىل ئىچىدە قوبۇل قىلغۇچى ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى پايدىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ھەق مۇۋاپىق ھالدا كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ ياكى ئېلىنمايدۇ.

4 - ماددا: ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇشتا كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1. ھەق ئېلىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھەق ئېلىنىدۇ. باشقا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ؛

2. تېخنىكا كېڭەيتىش تارماقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى كېڭەيتىش تەشكىللىرىنى بىرلىشىپ قۇرۇپ، چىقىمنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، مۇلازىمەت ھەققىنى بىللە يىغىۋالىدۇ:

3. ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. يەنى تېخنىكا كېڭەيتىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىرلەشتۈرۈلىدۇ. تېخنىكا كېڭەيتىش جايىدىن چىقماي ياكى جاۋابكارلىق ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپ، مەھسۇلات كىرىمى ئازىيىپ كەتكەن بولسا، تېخنىكا كېڭەيتىش تارماقلىرى مەلۇم دەرىجىدە تۆلەم تۆلەپ بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق مەھسۇلات ۋە دارامەت ئاشقان بولسا، تېخنىكا كېڭەيتىش تارماقلىرى دارامەتتىن پىرسەنت ئايرىشقا قاتنىشىدۇ. مەيلى قايسى خىل شەكىل قوللىنىلسۇن ئالدىن توختام تۈزۈلۈشى لازىم، ئىككى تەرەپ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ئالاقىدار ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەر بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئورتاق ئەمەل قىلىش لازىم.

5 - ماددا: خام چوت باشقۇرۇش. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش خىراجىتىنى تۆنجى چىقىم قىلغاندا، ئەمەلي قىلىنغان چىقىمنى يىللىق ئاتاچوتقا كىرگۈزۈلىشى لازىم. يىغىۋېلىنغان مۇلازىمەت كىرىمى مەخسۇس ھېساباتقا كىرگۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئامانەت قويۇلۇپ، تېخنىكا كېڭەيتىش فوندى قىلىنىشى، مالىيەنىڭ دېھقانچىلىققا ياردەم بېرىلىدىغان ئوبوروت مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە باشقۇرۇلۇشى، ئايرىم ھېسابقا يېزىلىپ، ئايرىم ھېسابات قىلىنىشى لازىم.

تېخنىكا كېڭەيتىش فوندىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، باشقا ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

6 - ماددا: باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى. كېڭەيتىش تۈرلىرىنى قايسى دەرىجىلىك ئورۇن ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، كېڭەيتىش خىراجىتىنى شۇ دەرىجىلىك ئورۇن ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك ئورۇن باشقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە تەمىنلىگەن خىراجەت جايلارنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. تۈرلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان خىراجەتنىڭ %50 نى يىغىۋېلىشنى ۋاقىتلىق بېكىتىدۇ. %50نى ھەر قايسى جايلارغا قالدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش فوندىنى تولۇقلاپ تۇرغۇزۇشقا، كېمەيتىپ ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان ھەقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. جايلارغا قالدۇرۇلغان %50نى ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن ناھىيەلەر قانداق تەقسىم قىلىشنى ئۆزلىرى بېكىتىدۇ.

7 - ماددا: كىرىمدىن پىرسەنت ئايرىپ تەقسىم قىلىش. ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسا، كېڭەيتكۈچى ئورۇننىڭ كىرىمدىن پىرسەنت ئايرىشقا قاتناشقاندا، ئاۋۋال پايدا پىرسەنتى ئىچىدىن چىقىم قىلىنغان خىراجەت تۇتۇپ قېلىنىدۇ. (كېڭەيتىش مەزگىللىرىدىكى تەننەرخ) ئاشقان قىسمى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ:

%50 ى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تېخنىكا كېڭەيتىش فوندىغا كىرگۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

%50ى تېخنىكىلىق كېڭەيتىشكە كونكرېت مەسئۇل بولغان ئورۇننىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋەنلىك ياكى جاۋابكارلىق ھادىسىسى تۈپەيلىدىن كېڭەيتىشنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇننىڭ مەھسۇلاتى ۋە كىرىمى كېمىيىپ كەتكەن بولسا، توختامدىكى بەلگىلىمىدە زىياننى تۆلەپ بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، شەخسلەرمۇ مەلۇم ساندا تۆلەم خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. شەخسلەر تۆلەپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، توشمىغان قىسمى ئاساسىي قاتلام تېخنىكا كېڭەيتىش فوندىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

8 - ماددا: قوشۇمچە پرىنسىپ

1. ھەر قايسى جايلار مۇشۇ چارىدىكى پرىنسىپنىڭ روھىغا ئاساسەن، يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىلىرى ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

2. بۇ چارە 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ.

## 3 §. مۇھىم پائالىيەت ۋە تۈرلەر

### 1. يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شىنجاڭدا ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى ئىشلىتىدىغان يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ كېڭەيتكەن. نۇقتىدىن دائىرىگە قاراپ كېڭەيتىشتە، ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە كېڭەيتىلىشكە باشلىغان، مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 1 - ئايدا ئۆلكىلىك كانچىلىق نازارىتى تۈنجى قېتىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا: كېڭەيتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىشنى ئاساس قىلىش، ئاز مىقداردىكى ماشىنا - سايمانلارنى ئۆز باھاسى بويىچە دېھقانلارغا سېتىپ بېرىش ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، خادىم تەربىيىلەپ چىقىش، ماشىنا - سايمانلارنى رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر بېكىتىلگەنىدى. شۇ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى بەلگىلەپ بەرگەن باھا بويىچە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئىجارىگە بېرىشتە، مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن سۈيدۈڭ، قورغاس، شىبە يېڭى (ھازىرقى شىبە چاپچال ئاپتونوم ناھىيىسى) مازار ۋە توققۇزتارادىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەپ بەردى. يېتەكچى خادىم ناھىيە ئارىلاپ يۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 2 - ئايدا ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان باشلىقلىرى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا كېڭەيتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنى دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىشىنى ئاساس قىلىشنى تەشۋىق قىلىشتا: «ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ئىدارىلەر بارلىق ماشىنا - سايمانلىرىدىن، ئاز ساندىكىلىرىنى تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ئىشلىتىشكە قالدۇرغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى بىردەك ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن باھا بويىچە دېھقانلارغا سېتىپ بېرىشنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى يېتەكچى خادىملار، دېھقانلار سېتىۋالغان ماشىنىلارنى ئىشلىتىش ھەمدە باشقۇرۇش ئەھۋاللىرىدىن دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشنى، دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنىدىكى يېتەكچى خادىملار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق تۆمۈرچىلەرگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى بەل-

گىلىدى. دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىمپورت قىلىنغان باھا بويىچە سېتىپ بېرىلگەچكە، جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىشى بىر قەدەر كۆپ بولدى، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 9 ۋىلايەتنىڭ 63 ناھىيىدە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كېڭەيتىلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ناھىيە سانىنىڭ 86% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. كېڭەيتىلگەن ماشىنا - سايمانلار 70 خىلغا يېقىنلىشىپ 105 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

1953 - يىلى كەڭ يېزىلار يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ماشىنا - سايمانلارنى دۆلەت تەرىپىدىن تەقسىملەش ئاساس قىلىنىپ، كېڭەيتىش كۆرسەتكۈچلىرى يىلمۇ يىل چۈشۈرۈلدى. 1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە كېڭەيتىلگەن ماشىنا - سايمان جەمئىي 118 مىڭ 400 گە، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 105 مىڭ 800 گە يەتتى؛ 1965 - يىلغا كەلگەندە كېڭەيتىلگەن ماشىنا - سايمان 287 مىڭغا يەتتى، شىنجاڭ بويىچە يەر ھەيدەش، تىرنىلاش، تېرىش ۋە كولتىۋاتسىيە قىلىش قاتارلىق ئاساسلىق مەشغۇلاتلارنىڭ ھەممىسىدە يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلدى.

## 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

### 1) چاسا شەكىلدە ئۇۋىلاپ تېرىش ۋە توجۇپىلەپ تېرىش

1956 - يىلى پۈتۈن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا كۆممىقوناق، كېۋەزنى چاسا شەكىلدە ئۇۋىلاپ تېرىش تېخنىكىسى ۋە ماشىنىدا تىك ۋە توغرىسىغا كولتىۋاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى كېڭەيتىلدى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئايرىم دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىدا ئاز كۆلەمدە بۇ ئۇسۇل سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1961 - يىلى پۈتۈن كۆممىقوناق، كېۋەزنى توجۇپىلەپ، چاسا شەكىلدە ئۇۋىلاپ تېرىش ماشىنىسىنى كىرگۈزۈپ كېڭەيتتى. 1963 - يىلى توجۇپىلەپ ۋە يېرىم توجۇپىلەپ تېرىش كۆلىمى 460 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق كۆلىمى 332 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 34.4% ىنى، كېۋەز كۆلىمى 132 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 24.7% ىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 680 مىڭ موغا يېتىپ، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئۇرۇق، مايسا شالاڭلىتىش، مايسا بېكىتىشتە 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى تېجەپ قىلىندى.

1981 - يىلى توجۇپىلەپ ۋە يېرىم توجۇپىلەپ تېرىش تېخنىكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى يەرلىك ئورۇنلار كېڭەيتكەن كۆلەم 110 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 41 مىڭ مو. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەشكىللەپ كېڭەيتىلگەن 48 مىڭ مولۇق سىناق نۇقتىلىرىدا كۆممىقوناق، كېۋەز، قىزىلچا، ئاق قوناق، سېرىق پۇرچاق (كېرت) ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەس قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلدى. تېجەپ قىلىنغان ئۇرۇق ۋە ئەمگەك كۈچى خىراجىتى

120 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىۋېلىپ كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلگەن ماشىنا - سايمان خىراجىتىنىڭ 80% ىگە باراۋەر كەلدى. 1982 - يىلى 330 مىڭ مو يەردە كېڭەيتىلدى، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلگەن كۆلەم تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ موغا يەتتى (بىر قىسىم سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2) ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەنىدى. 1963 - يىلى ماشىنىدا يۇڭى قىرقىلغان قوي 18 مىڭ تۇياققا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە نەسلى ياخشىلانغان قويلار ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئومۇمي سانىنىڭ 8% نى ئىگىلىدى. 1981 - يىلى ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. شۇ يىلى يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي 1 مىليون 548 مىڭ 900 تۇياق بولۇپ، 1980 - يىلدىكىدىن 388 مىڭ 900 تۇياق ساپ ئېشىپ، يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان تۇياق سانى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1982 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكا مۇسابىقە يىغىنى ئاچتى. شۇ يىلى يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي 1 مىليون 982 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1 مىليون 52 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، قىرقىلىشقا تېگىشلىك قوي سانىنىڭ 74% نى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلغان قوي 2 مىليون 136 مىڭ تۇياققا يېتىپ، قىرقىلىشقا تېگىشلىك قوي ئومۇمي سانىنىڭ 24.9% نى ئىگىلەپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ 1 مىليون 394 مىڭ 600 تۇياق بولدى. كۈنەسنىڭ 190 مىڭ تۇياق بولۇپ، ناھىيە بويىچە قىرقىشقا تېگىشلىك قوي سانىنىڭ 89.1% نى، دۆربىلجىننىڭ 162 مىڭ تۇياق بولۇپ، ناھىيە بويىچە قىرقىشقا تېگىشلىك قوي سانىنىڭ 65% نى ئىگىلىدى. ئىلى ۋىلايىتى، كۈنەس ۋە دۆربىلجىن ناھىيىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن 1983 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش نەتىجىلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە 1984 - يىلدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تېخنىكا ياخشىلاش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە يىللاردىن بۇيانقى نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، 1985 - يىل 6 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى چارۋىچىلىق باش ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش تېخنىكا مۇسابىقە يىغىنى چاقىرىلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر كوماندىسى A گۇرۇپپا بويىچە (يېزا - بازار ۋەكىللەر كوماندىسى) كوللېكتىپ 1 -، 2 - بولدى. B گۇرۇپپا بويىچە (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋەكىللەر كوماندىسى) كوللېكتىپ بويىچە 1 - بولدى. «A، B» 2 گۇرۇپپىدىن شەخسلەر بويىچە 1 -، 2 -، 3 -، 4 - بولدى.

3) دېھقانچىلىق ئاۋىئاتسىيە مەشغۇلات تېخنىكىسى

50 - يىللىرى ئاۋئاتسىيە مەشغۇلاتى يايلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىش، ئېتىزلىقلاردا كېسەللىك ھاشاراتلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن چەكلىنەتتى. 1975 - يىلى ئايروپىلان ئارقىلىق ئەڭ تۆۋەن سېغىمچانلىقتا پۈركۈپ تۇمانلىتىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 1978 - يىلغىچە كېڭەيتىلگەن كۆلەم جەمئىي 3 مىليون 200 مىڭ موغا يەتتى. 1979 - يىلى شالنى ئايروپىلان بىلەن تېرىش ۋە زور كۆلەمدە خىمىيۋى ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش تېخنىكىسى سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتىلدى. 1980 - يىلى قىشتا ئايروپىلان بىلەن ئوت - چۆپ تېرىش تېخنىكىسى سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتىلدى. 1982 - يىلى كېۋەز تېرىشتىن بۇرۇن ئوت - چۆپ، ھاشارەت يوقىتىش، ئوغۇتلاش، پىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئۆسۈشنى تەڭشەش دورىسىنى چېچىشتىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال مەشغۇلاتنى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ بېرىش تېخنىكىسى قانات يايدۇرۇلدى. 1985 - يىلغىچە ئايروپىلان بىلەن تېرىلغان شالنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 650 مىڭ مودىن ئاشتى. ئايروپىلان بىلەن تېرىغان مەڭگۈلۈك ئوت - چۆپ كۆلىمى 1 مىليون 50 مىڭ مو بولدى. كېۋەزلىكلەردە ئېلىپ بېرىلغان 5 تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلىق مەشغۇلات كۆلىمى 4 مىليون 880 مىڭ موغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، ئوتلاق، ئورمانزارلىقلاردىكى كېسەللىك ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆلىمىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

4) سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى

1981 - يىلى شىنجاڭدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىش دېھقانچىلىق يېڭى تېخنىكىسى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدا كېۋەز ئاساس قىلىندى. بۇنىڭدىن قالسا كۆممقوناق، كۆكتات قاتارلىقلار 2 - ئورۇندا تۇردى. ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شىنجاڭدا كۆپ خىل ماشىنىلار ئۆزگەرتىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ كېڭەيتىلدى ھەمدە ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپ ۋە ئۆلچەملىرى تۈزۈپ چىقىلدى. شۇ يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 20 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كۆلەم 6000 مو، 24 قۇرلۇق سېيالكىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ دانلىق زىرائەت تېرىش ئاساس قىلىندى. 1982 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى شىخەنزە شەھىرىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. تېخنىكا جەھەتتە مۇھاكىمە قىلىش ۋە نەق مەيداندا كۆرسىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىلىرى مەشغۇلات تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىندى. شۇ يىلى كۈزدە مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى شىنجاڭدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. 1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، كېۋەز تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى مۇھىم كېڭەيتىش تۈرىگە كىرگۈزدى. بىگۇنۇەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، ئۇۋۇتلاپ تېرىشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان 7 خىل ماشىنىدىن 130 نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. شۇ يىلى 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئاقسۇدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 680 مىڭ موغا يەتتى. 1984 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى بىكىتۈەننىڭ 12 خىل سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسىنى باھالاپ چىقىش ۋە تاللاپ بېكىتىشنى ھاۋالە قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى رىياسەتچىلىكىدە شىنجاڭ بويىچە كىچىك تىپتىكى سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنا - سايمانلىرىنى باھالاپ بېكىتىش يىغىنى چاقىرىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، ئاددىي سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، ئۆزگەرتىلگەن مۇرەككەپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنىسى، كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۇۋىلاپ تېرىيدىغان تولۇقلۇق مۇرەككەپ ماشىنا 30 خىلغا يېقىنلاشتى. ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 40 مىڭ موغا يەتتى. 1985 - يىلى ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 1 مىليون 265 مىڭ 200 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 95 مىڭ مو بولۇپ، يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 56.3% نى ئىگىلىدى.

5) ئارىلاش، بېرىكمە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش

1980 - يىلى شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاش، بېرىكمە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى چارۋىچىلىق، ئاشلىق، يېزا - بازار ۋە بىكىتۈەندىكى ھەر قايسى سىستېمىلاردا ئارىلاش يەم - خەشەك، دانلىق يەم - خەشەكنى ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ۋە سېخلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 239 ئورۇندا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە سېخلىرى قۇرۇلدى. يىللىق يەككە ئىسمىنا بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 مىڭ توننىغا يەتتى. شۇ يىلى 300 مىڭ توننا ئارىلاش، بېرىمكە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى.

6) باشقىلار

مايسا ئۇنۇپ چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە مايسا مەزگىلىدە يەرنى تىرنىلاش تېخنىكىسى 1954 - يىلدىن باشلاپ ئەتىيازدا كۈزگى بۇغدايلارنى تىرنىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بولەدى.

1958 - يىلدىن كېيىن كېۋەز، كۆممىقوناق ۋە سېرىق پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر پەيدىن پەي تىرنىلىنىدىغان بولدى، بۇغدايتى بۆلەكلەر بويىچە يىغىۋېلىش، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، يەرنى رەتلەپ تۈزلەش، ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىپ بىنا قىلىش جەھەتتىكى ماشىنا - سايمانلار ھەم مەشغۇلات تېخنىكىسى؛ تەۋرىتىپ دۆۋىلەپ كەپشەرلەش، يىلمىنى رېمونتچىلىق جەھەتتە قوللىنىش تېخنىكىسى، ئائىلىلەردە ماشىنا ئارقىلىق سىلوسلاش، يېزىلاردا كاتەكتە توخۇ بېقىش تېخنىكىسى، مىنال تازىلاش خۇرۇچىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش (بېنزىن ۋە دىزېل ئورنىدا ماشىنا - زاپچاسلارنى تازىلاشتا سەپلەپ ئىشلىتىلىدۇ)؛ دانلىق زىرائەت ئورۇقلىرىنى تۇجۇپىلەپ تاللاش ماشىنا - سايمانلىرى ۋە تېخنىكىسى؛ ماشىنا ئارقىلىق بېلىق بېقىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار قوللىنىلدى.

# IV باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش

## 1 § . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتى

### 1 . ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشى

1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى رايونىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتى قۇردى. پونكىتنىڭ ئورنى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتى ئىچىدە بولۇپ، 5 نەپەر تېخنىك خادىم بار ئىدى. 1959 ـ يىلى كۈزدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1960 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش ئورنىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى باشقۇرۇپ كەلدى. تەجرىبە قىلىپ باھالاش تېخنىكا خىزمىتىنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

1973 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون رەھبىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالايدىغان 2 پونكىت قۇرۇشنى بېكىتتى. 10 ـ ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىندى. پونكىتنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى سەنپىڭ قىلىپ بېكىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، كۆلىمى 740 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان ئىشخانا ۋە ماشىنا ـ سايمان ئىسكىلاتى پۈتكۈزۈلدى.

1974 ـ يىل 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىدى. بۇ پونكىت ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش، تەجرىبە قىلىش، باھالاش ۋە تېخنىكا خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىندى. ۋاقىتىنچە 41 شتات بېكىتىلدى. ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتى» دېگەن نامغا رەسمىي ئىشلىتىلدى.

1977 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1978 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتىنىڭ دەرىجىسىنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، شىتاتىنى 40 قىلىپ بېكىتتى.

1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى باھالاش پونكىتىنىڭ بۆلۈم، ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىلىش، خادىملىرىنى سەپلەشتە پونكىت رەھبىرىنىڭ 3 ئادەمدىن، مەمۇرىي ئىشخانا خادىمىنىڭ 10 ئادەمدىن، ئاخبارات ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى خادىمىنىڭ 8 ئادەمدىن ۋە باھالاش، تەجرىبە قىلىش بۆلۈمىنىڭ 19 ئادەمدىن تەركىب تېپىشىنى، 40 خادىم ئىچىدە كادىر 32، ئىشچى 8 بولۇشىنى قارار قىلدى. 1983 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسى يېغىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتىنى ئورۇمچىنىڭ غەربىدىكى سەنپىڭدىن شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىشكە قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. 10 - ئايدا باھالاش پونكىتى شەھەر ئىچىگە كۆچۈپ كىردى.

## 2 . خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى

### 1) خادىملىرىنىڭ كۆپىيىشى

1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 4 بولۇپ، بۇنىڭ 2 سى تېخنىك ئىدى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 17 گە يەتتى، بۇنىڭ 7 سى تېخنىك ئىدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 34 كە يەتتى، بۇنىڭ 21 سى تېخنىك ئىدى: بۇنىڭ ئىچىدە 5 ى ئىنژېنېر، 2 سى ياردەمچى ئىنژېنېر، 2 سى ياردەمچى ئاگرانوم، تېخنىك خادىم ھەممە شۇ يىللىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىي خادىمى 31 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 17 سى تېخنىك، 5 ى ئىنژېنېر، 2 سى ياردەمچى ئىنژېنېر، بىرسى ياردەمچى ئاگرانوم، 9 ى تېخنىك ئىدى.

### 2) ئاساسلىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى

1974 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە سېتىۋېلىنغان ئۆلچەش قوراللىرى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى 50 خىلدىن ئاشتى. خىراجەت 387 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق ئەسۋابلاردىن: ئېلېكترلىك ئۆلچەش ماشىنىسى، سىلجىپ ئايلىنىش نىسبىتىنى خاتىرىلىگۈچ، ماي سەرپىياتىنى سانلىق خاتىرىلىگۈچ، نۇر ئارقىلىق دولقۇن كۆرسەتكۈچ، قارشى ئۆزگەرتكۈچ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەش ئەسۋابى، تەۋرىنىشنى ئۆلچەش ئەسۋابى، تۇپراق سىكلېرومېتىرى، ئىنفىرا قىزىلنۇر ئارقىلىق قۇرۇتۇش ساندۇقى، روكۋېل سىكلېرومېتىرى، ماتېرىيالنى ئۇنىۋېرسال سىناش ماشىنىسى، پورژىنلىق سىناش ماشىنىسى، ئەركىن يۆنىلىش

لىك بۇغۇمسىمان ئوقناق تولغىنىش ئارىلىقىنى ئۆلچەش ئەسۋابى، ھەرىكەتچان قارشىلىق دېفورماتسىيە ئەسۋابى، تىنچ ھالەتلىك قارشىلىق دېفورماتسىيە ئەسۋابى، تارتىلىش بېسىم كۈچى سېنزورى، بىنو مىكروسكوپ، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، چوڭايتقۇ، تەكرار سۈرەتكە ئېلىش ماشىنىسى، «PC—1500» تىپلىق كومپيۇتېر، تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تراكتور ۋە ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بار بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا رەسىملىك كىتاب، تېخنىكا ئۆلچەملىرى قاتارلىق ماتېرىياللار 7000 نۇسخىدىن ئاشىدۇ.

## 3. تېخنىكىلىق پائالىيەتلەر

1) 1975 - يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار كۆپ قېتىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش، يېڭى مەھسۇلات ھەمدە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش خىزمىتىنى غەيرىي سىستېمىلىق ھالدا قانات يايدۇردى. ئاساسلىقلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1957 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىگە قاراشلىق ھەر قايسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى شۇ جايدىكى بىر قىسىم ئاما تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان، سوۋېتتىن ياخشىلانغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سىرتتىن سېتىۋېلىنغان ۋە ئۆز جايىمىزدا ياسالغان يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كېڭەيتىش خاراكتېرىدە تەجرىبە قىلىپ باھالاشنى ئېلىپ باردى ھەمدە رايونلار بويىچە كېڭەيتىشكە توغرا كەلسە، بەلگىلىك دەرىجىدە تەستىقلىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1958 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش خادىملىرى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن تراكتور، قىسمەن ماشىنىغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە كېۋەز ماشىنىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى يولغا قويۇپ، 15 خىل تراكتور، 35 خىل چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنىنى باھالاپ تەجرىبە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ДТ—28» ۋە «ДТ24—3В» تىپلىق 2 خىل كولتىۋاتور تىپلىق تراكتورغا چېتىشنى تەجرىبە قىلدى، ئاساسىي پارامېتىرىنى سىناپ بېكىتىش ۋە ئېتىزلىقلاردا مەشغۇلات قىلىش جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك سېلىشتۇرۇش تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ كېۋەز ئېتىزلىرىنى كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان تراكتورلارنىڭ تىپىنى تاللاپ چىقىشى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

1961 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگى-

لىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى (ئىشخانىسى)، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار يېزىلارغا تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن تراكتور، چوڭ تىپتىكى ماشىنىغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئامما كەشىپ قىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ماسلىشىشچانلىقى بويىچە نۇقتىدا تەجرىبە قىلدى.

1964 - يىلى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش ئۈچۈن، 6 كىشىلىك ئىشخانا قۇرۇپ، ياپونىيەدىن كىرگۈزۈلگەن 2 خىل تراكتور، 24 خىل دېھقانچىلىق سايمىنىنى 2 يىل باھالاپ تەجرىبە قىلدى. ئۆز تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان 5 جەھەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان چۆنەك ئېچىپ قىرسىپلىش ماشىنىسى، تۇجۇپىلەپ تېرىش ماشىنىسى، كېۋەز تەپچىلىرىنى (شادىلىرىنى) يىغىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تەجرىبە قىلدى.

1963 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە بەزى زاۋۇتلار سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقارغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ياسىغان ماشىنىغا چېتىلىدىغان، بېسىملىق كۆتۈرۈلۈپ - پەسلەيدىغان 5 قۇرۇلۇق سوقا، ماشىنىغا چېتىلىدىغان كۆتۈرۈلۈپ - پەسلەيدىغان 5 قۇرلۇق سوقا، شال، بۇغداي كومبايىنى، ھەر خىل تىپلىق يەم - خەشەك ئۇۋاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى زاۋۇت ئۆزلىرى تەجرىبە قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەجرىبە قىلىش دوكلاتى بىلەن تەمىنلىدى، مەمۇرىي تارماقلار باھالاشنى تەشكىللىدى.

1960 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا مەخسۇس باھالاش ئاپپاراتى بولمىغاچقا، بەزى ماشىنا - سايمانلار قاتتىق سىناق قىلىش، باھالاش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزۈلمەي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، زور زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن: 1960 - يىلى شىنجاڭدا ياسالغان بىر نەچچە 1000 يۈرۈش «تەيگۇ» ماركىلىق ئۇلاغ سۆرەيدىغان ئورۇش ماشىنىسىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن، ھەممىسى براك قىلىۋېتىلدى؛ 1970 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ياسالغان 360 يۈرۈش «قىزىل ئۆكتەبىر - 40» تىپلىق تراكتورنىڭ ماتورىدا چاتاق بولغانلىقتىن ئىشلىتىشكە بولماي، ماتورنى قايتىدىن ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ، زاۋۇتقا ۋە كەڭ خېرىدارلارغا زور زىيان يەتتى.

1960 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە شىنجاڭدا ياسالغان، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنا - سايمانلار تەجرىبە قىلىنىپ، باھالانغان ئاساسىي تۈرلەرنى جەدۋەل: 4—20دىن كۆرۈۋېلىڭ.

2) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتىنىڭ باھالاش خىزمىتى

1975 - يىلى باھالاش پونكىتى تەجرىبە قىلىپ باھالاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. 1975 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە 1 - ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىس-

ىىرلىكى تەرىپىدىن چاقىرىلغان جەنۇب ۋە شىمالىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتلىرىنىڭ كەسپىي دائىرىسى مۇنداق بولدى: يېڭى مەھسۇلاتلارنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشتىن ئىلگىرى تەجرىبە قىلىپ باھالاپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بېكىتىپ چىقىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماشىنا - سايمانلارنىڭ تىپىنى تاللاشنى باھالاش، ئۆز رايونىغا ماسلىشىدىغان ماشىنا - سايمانلارنى تاللاپ بېكىتىش، كۆپ ئۇقىنلار بويىچە تەجرىبە قىلىش، ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ھەمدە تېخنىك تەربىيەلەپ بېرىش بېكىتىلدى.

پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولۇپ، كەسىپتە تېخى خام ئىدى. 1975 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە باھالاپ تەجرىبە قىلىنىدىغان تۈرلەر بىر قەدەر ئاز، بەلكى كۆپىنچىسى قاتناشتۇرۇلىدىغان تۈرلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆگىنىش ھەم خادىم مەشىق قىلا: ۈرۈش بولدى. قاتناشتۇرۇلىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان تۈرلەردىن ئاساسلىقى «4LB—2.5» تىپلىق يۆلىمە شەكىللىك دانلىق زىرائەت كومبايىنى، «4LQ—2.5» تىپلىق چاتما شەكىللىك دانلىق زىرائەت كومبايىنى، «9GZX—1.7» تىپلىق تەخسىلىك ئايلانما شەكىللىك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، «تەڭرىتاغ -12» تىپلىق قول تراكتورى، «4YL—2» تىپلىق كۆممىقوناق ئورۇش ماشىنىسى، «3WCD—250» تىپلىق ئۇلىترا تۆۋەن سىغىملىق تۇمانلىتىپ، دورا پۈركۈش ماشىنىسى قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدا يەنە يېڭى مەھسۇلاتلار باھالىنىپ تەجرىبە قىلىندى.

1981 - يىلدىن كېيىن باھالاپ تەجرىبە قىلىنىدىغان تۈرلەر كۆپەيدى، «9LZ—5» تىپلىق قوش رەتلىك چاقپىلەك شەكىللىك ئوت - چۆپ يىغىش ماشىنىسى، «شىنجاڭ - 5» تىپلىق ئاپتوماتىك دانلىق زىرائەت كومبايىنى، «شىنجاڭ - 12» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتور، «9CZ—3» تىپلىق ئوت - چۆپ يىغىش - قاچىلاش ماشىنىسى قاتارلىق چوڭ تىپلىق ماشىنا - سايمانلار باھالىنىپ تەجرىبە قىلىندى. تەجرىبە قىلىش داۋامىدا خىزمەتلەر قاتتىق ئىنچىكە ئىشلەندى. پرىنسىپ چىڭ تۇتۇلدى، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. مەسىلەن: 1982 - يىلى ئىشلەپ بېرىلگەن «شىنجاڭ - 5» ئاپتوماتىك دانلىق زىرائەت كومبايىنى ئەسلىدە يېڭى مەھسۇلات قاتارىدا باھالانغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تەجرىبە قىلىنغاندا، چاتاق بارلىقى ئېنىقلىنىپ، يېڭى مەھسۇلات تېخنىكا تەلىپىگە يېتەلمەي، شۇنىڭ بىلەن قايىندىن تەجرىبە قىلىشقا توغرا كەلدى، ئاخىرىدا تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە باھالاشتىن ئۆتكۈزۈلدى.

1982 - يىل 6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى باھالىنىپ بولغان ماشىنا - سايمانلارنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. «4LQ—2.5» تىپلىق چاتما شەكىللىك دانلىق زىرائەت كومبايىنىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2474 كە يېتىپ، مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 18 ئۆلكە ئاپتونوم رايوندا سېتىلدى، 1980 - يىلى بېيجىڭ رايونىدا مەملىكەت بويىچە كومبايىنلارنى سېلىشتۇرۇپ سىناش جەريانىدا 1 - لىككە، 1983 - يە-

لى مەملىكەت بويىچە كومبايىن كەسپى ئىچىدە بىردىن - بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. ئايلانما ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى 1979 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى 1400دىن ئېشىپ كەتتى. مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ 13 ۋىلايەت ئوبلاستىدا ۋە مەملىكەت بويىچە 20 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندا سېتىلدى. ئوتتۇرا چاستوتىدا توز ھەرىكەتلىنىدىغان يۇڭ قىرقىش ماشىنا گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنا - سايمانلارنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1982 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش خىزمىتى دوكلات يىغىنى چاقىردى. يىغىندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش خىزمىتى كېڭەيتىش ۋە تاللاپ بېكىتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئىشلەش، ھاۋالە قىلىنغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ چىقىش، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەش بېكىتىلدى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە باھالاش پونكىتى باھالاش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى ۋە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا سايمانلىرىنى كېڭەيتىش. تاللاپ بېكىتىشنى نۇقتىلىق يولغا قويدى ھەمدە دۆلەت بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى»نى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىپ تارقاتتى.

كىچىك 4 چاقلىق تراكتور: 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى ۋە كېڭەيتىلىدىغان 2 تۈرنى باھالاش مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قانات يايدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ياساپ چىققان «شىنجاڭ - 12»، «شىنجاڭ - 15» تىپلىق 2 خىل كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى ئۇدا 3 يىل يېڭى مەھسۇلات بويىچە باھالىدى ۋە كېڭەيتىش بويىچە باھالىدى. ئالدىنقى تۈرنى باھالاپ تەجرىبە قىلىش ۋاقتى 1500 سائەت، كېيىنكى تۈرنىڭ 500 سائەت بولدى. تەجرىبە قىلىش داۋامىدا مىنىستىر دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە قاتتىق تۇتۇلدى، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلدى، ھەم زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى. مەسىلەن: 1984 - يىلى تەجرىبە قىلىش داۋامىدا سۈرئەت ئۆزگەرتىش كۆرۈپكىسىنىڭ 2 ئوقى سۇنغان ۋە ئالدى چاقى «7204» ئوق قازىنى سىلجىپ كەتكەچكە تەجرىبە قىلىش توختىتىلىپ، ئىجازەتنامە بېرىش كېيىنگە سۈرۈلدى ھەمدە زاۋۇت تەرەپنىڭ تراكتور سۈپىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ھەمكارلىشىلدى. 1985 - يىلى يەنە زاۋۇت تەرەپنىڭ «شىنجاڭ - 15» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلىدىغان، باھالىنىدىغان تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈشكە بۇرۇنراق مەلۇم قىلىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ - 12»، «شىنجاڭ - 15» تىپلىق 2 خىل كىچىك 4 چاقلىق تراكتور 1985 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئە-

جازەتنامىسى» گە ۋە ماشىنسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى»گە ئېرىشتى.

سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا ـ سايمانلىرى: شىنجاڭدا 1981 ـ يىلدىن باشلاپ سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىغا (كېۋەزنى ئاساس قىلىپ) ماس كېلىدىغان كۆپ خىل سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىلىرىنى ياساپ چىقىش ئەۋج ئالدۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش، باھالاش ۋە كېڭەيتىشنى مۇھىم تۈرگە كىرگۈزدى. شۇ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ھەر خىل نەق مەيدان يىغىنلىرى، باھالاش يىغىنلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە باھالاپ بېكىتىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئالاقىدار ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارى، تۈزۈلۈش خۇسۇسىيەتلىرى، ئىلغارلىق دەرىجىسىنى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئائىت بىر قەدەر ئىلغار تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى ۋە توپلىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەجرىبە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ۋە باھالاپ تاللاش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 1984 ـ يىلى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى مەملىكەت بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تاللاپ چىقىش ئۈچۈن، 4 خىل كىچىك تىپلىق ماشىنىنى تونۇشتۇردى. نەتىجىدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسى 8 ـ تۇەنىنىڭ «2BMG—2» تىپلىق ماشىنىسى مەملىكەت بويىچە 2 ـ لىككە ئېرىشتى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باھالاش باش پونكىتى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى»نى تارقىتىپ مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىشكە ئىجازەت قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە 9 ـ كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى، باھالاپ بېكىتىش پونكىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېچىلغان شىنجاڭ بويىچە كىچىك تىپلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى باھالاپ بېكىتىش يىغىنىدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ، 7 ـ، 8 ـ شىلىرى، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل ۋە شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 8 ئورۇننىڭ 10 ئەۋرىشكە ماشىنىسى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلۇپ، نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسەتتى ۋە تېخنىكىلىق سىناپ بېكىتىلدى. نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ 8 ـ تۇەنى، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ 130 ـ تۇەنىنىڭ 2 چوڭ تىپلىق، 1 كىچىك تىپلىق مۇرەككەپ شەكىللىك سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىلىرىغا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى» بېرىلدى ھەمدە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»ى تارقىتىلدى.

1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى ئېلىپ بارغان «شىنجاڭ ـ12» تىپلىق 4 چاقلىق كىچىك تراكتورنى باھالاپ تەجرىبە قىلىش بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىلىرىنى باھالاپ تەجرىبە قىلىش ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى 1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە باشقۇر-

غان ۋە قاتناشقان باھالاپ تەجرىبە قىلىش تۈرلىرى جەدۋەل: 4—21 دە كۆرسىتىلدى.

**قوشۇمچىلار**

**بىكىتۈمۇن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - تۇەنىگە:**

**سىزلەر ياساپ چىققان «2BMS—6» ۋە «2BMS—2» تىپلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ دانىلاپ تېرىش ماشىنىسى سىناق قىلىپ باھالاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا سىناش ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك كۆرسەتكۈچىنىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بوپتۇ، دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش خىزمەت نىزامى (سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدىغان)» نىڭ 12 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى» بېرىلدى ھەمدە كېڭەيتىشكە ئىجازەت قىلىنىپ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى.**

ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتى

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

## § 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى

### 1. ئاپپارات

1984 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى سۈپەتنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاساسلىقى زاپچاسلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەنىدى.

1983 - يىل قىشتا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش خىزمەت نىزامى (سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدۇ)» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسىغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەجرىبە قىلىپ باھالاش پونكىتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىشىگە ھاۋالە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى ئوخشاشلا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىدۇر دەپ بەلگىلەندى. بۇ پونكىت مەملىكەت بويىچە مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تورىنىڭ تەشكىلىي قىسمى، ئاپتونوم رايونىڭ قانۇندا بېكىتىلگەن مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش -

تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ.

## 2 . سۈپەتنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پائالىيىتى

1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى تەشكىللىگەن 1985 ـ يىللىق ئەلا مەھسۇلاتلار ـ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىدىن سېتىۋالغان كىچىك 4چاقلىق تراكتورنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان 88 كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى تەكشۈرۈپ سىناش داۋامىدا، ئەۋرىشكە ئۈچۈن قويۇلغان 3 ماشىنىنىڭ 8 تۈرلۈك ئاساسىي تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ لاياقەتسىز ئىكەنلىكى بايقالدى. كېيىن ئىككى تەرەپ مال قايتۇرۇش ھەققىدە توختام كېلىشىمى تۈزۈپ، سېتىلىپ بولغان تراكتورلارنى زاۋۇت رېمونت قىلىپ بېرىدىغانغا مەسئۇل بولدى. خىراجىتىنى زاۋۇت تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى 2 قېتىم 15 تىجارەت ئورنى، 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، 25 زاۋۇتتىن سېتىۋالغان 12 ئات كۈچى، 15 ئات كۈچىگە ئىگە كىچىك 4 چاقلىق تراكتور ئىچىدە 5 ئۆلكە، 13 زاۋۇتنىڭ جەمئىي 25 تراكتورنى ئەۋرىشكە قىلىپ ئايرىلاپ تەكشۈردى. نەتىجىدە پەقەت 2 لا زاۋۇتنىڭ ئەۋرىشكە قىلىنغان 5 تراكتورى لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى. كېيىن كۆپ نۇقتىلار، كۆپ زاۋۇتلار بويىچە مەھسۇلاتلارنى ئايرىلاپ تەكشۈردى. جەمئىي 457 تراكتورنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىن لاياقەتلىك بولغىنى ئاران 84 بولدى. سۈپەت جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ يۇكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي كومىتېت پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوندا بېسىلىپ قالغان كىچىك 4 چاقلىق تراكتور جەمئىي 2000 گە يېتىدۇ، بۇ ئاساسلىقى بىر تۈركۈم سۈپىتى خېلى ناچار، لاياقەتسىز كىچىك 4 چاقلىق تراكتورلارنى قارىغۇلارچە كىرگۈزگەنلىكتىن بولدى. بىز شۇنى قايتىدىن تەكىتلەيمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىچىك 4 چاقلىق تراكتور سېتىۋېلىشىغا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. ئومۇمەن، 1986 ـ يىللىق مال سېتىۋېلىش توختامى تۈزگۈچىلەر مالنى بىردەك قايتۇرۇۋېتىشى لازىم» دەپ بەلگىلىدى. يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان «سۈپەت تەكشۈرۈش قىسقا خەۋەرلىرى»دە، «1985 ـ يىل 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن كىچىك 4 چاقلىق تراكتورلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرگەنلىكى، ئاپتونوم رايونغا يۆتكەپ كېلىنگەن كىچىك 4 چاقلىق ھەر خىل ماركىلىق تراكتورلار 20 خىلدىن ئېشىپ، جەمئىي 1556گە يەتكەنلىكى، 1039 تراكتور ئامباردا بېسىلىپ قالغانلىقى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون يۈەنگە يېتىدىغانلىقى، سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى جەمئىي 457 تراكتورنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە 393ى لاياقەتسىز بولۇپ، سۈپەت مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان تراكتورلارنى سېتىشقا بىردەك يول قويۇلمايدىغانلىقى، مالنى قايتۇرۇۋېتىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لازىملىقى، تېخى يۆتكەپ كېلىنمىگەن ماللارنى يۆتكەپ كېلىشكە بىردەك بولمايدىغانلىقى» بايان قىلىندى.

1960 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە باھالانغان - تەجرىبە قىلىنغان ئاساسلىق تۈرلەر

جەدۋەل: 4—20

| رەت نومۇرى | تۈرلەر نامى | ياسىغۇچى ئورۇن | باھالىغان ئورۇن | باھالىغان ۋاقتى (يىل، ئاي) | باھالىغان تۈرى | باھالاش دەرىجىسى | يەكۈن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كېۋەز، كۆممىقوناقنى چاسا شەكىلدە ئۆۋلاپ تۆجۈپىلەپ تېرىش ماشىنىسى | چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1961 - يىلى | كېڭەيتىلدۇ | | كېڭەيتىشكە تەشكىللەندى |
| 2 | كېۋەزلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېپنى تاللاپ يۈرۈشلەشتۈرۈش | دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 15 خىل تراكتور، 35 خىل دېھقانچىلىق سايمىنى | بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە | تېپنى تاللاپ چىقىش | مىنىستىرلىك دەرىجىلىك | يۈرۈشلەشتۈرۈشكە باب كېلىدىغان ماشىنا سايمانلار تاللاپ چىقىلدى |
| 3 | ياپونىيە ماشىنا - سايمانلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىنىقى | ياپونىيىنىڭ 2 خىل تراكتورى، 24 خىل دېھقانچىلىق سايمىنى | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە | تېپنى تاللاپ چىقىش | | بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۈچۈن ماس كەلمىدى |
| 4 | 6 — 4 — MCSG ئاددي كېۋەز تەپچىسىنى (شادىسىنى) يىغىش ماشىنىسى | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى، بىڭتۇەن ترانسپورت باشقارمىسى ئۈنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1964 - يىل 10 - ئاي | پەن تەتقىقات نەتىجىسى | | ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 5 | كونۇسسىمان تولۇقلۇق كۆممىغوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى | بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى قاتارلىقلار | بىگنۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1964 - يىل 10 - ئاي | نەتىجە | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ چىقىلدى |
| 6 | 6 — MYBJ كېۆەز، كۆممىغوناقنى ئۇنىۋېرسال تۇجۇپىلەپ تېرىش ماشىنىسى | بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1965 - يىل 6 - ئاي | يېڭى نەتىجە، مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 7 | 0.4 — KGX ئاسما شەكىللىك 5 تە ئىشلەتكىلى بولىدىغان چۆنەك ئېچىش، قىر سېلىش ماشىنىسى | بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى، يېزا ئىگىلىك 2 - شى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1965 - يىل 6 - ئاي | يېڭى نەتىجە، مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ، زور تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 8 | 2.0 — GXH ئاسما شەكىللىك ئاق پىچاقلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | بىگنۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | بىگنۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1965 - يىل 10 - ئاي | نەتىجە | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ، سىناق ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | چۈنەك ئېچىش ، قىر<br>سىلىش ۋە تويىا ئۇر-<br>تۇش قۇرۇلمىسى | ش ئۇ ئا ر<br>بوز بەر ئۇر-<br>لەشتۇرۇش<br>ئازارىتى | ش ئۇ ئا ر<br>پەن - تېخنى<br>كا كومىتېتى | 1965 -<br>يىل 4 -<br>ئاي | ئەتىجە | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | |
| 10 | سۇبۇقلۇق بېسىلىق<br>كۆتۈرۈلۈپ ، پەسلەي-<br>دىغان 5 چىشلىق سو-<br>قا | ش ئۇ ئا ر<br>1 - يېزا ئىگى-<br>لىك ماشىنى-<br>رى زاۋۇتى | ش ئۇ ئا ر<br>ماشىنسازلىق<br>ئىدارىسى | 1971 -<br>يىلى | يېڭى<br>مەھ-<br>سۇلات | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | تىپى بې-<br>كىتىلىپ<br>ئىشلەپ-<br>چىقىرىش-<br>قا كې-<br>رىشتۈ-<br>رۈلدى |
| 11 | « LM — 24 » تىپلىق<br>بىرلەشمە گۈرۈچ<br>ئاقلاش ماشىنىسى | بىگئۇەن يېزا<br>ئىگىلىك 2 -<br>شى 2 -<br>تراكتور رې-<br>مونت زاۋۇتى | ش ئۇ ئا ر<br>ماشىنسازلىق<br>ئىدارىسى | 1971 -<br>يىل 11 -<br>ئاي | يېڭى<br>مەھ-<br>سۇلات | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | ئاز ئۇر-<br>كۆمدە<br>ئىشلەپ-<br>چىقىرىل-<br>دى |
| 12 | يەم - خەشەك يان-<br>چىش ماشىنىلىرىنىڭ<br>ئېپىنى تاللاش سىنى-<br>قى (13 خىل ئەۋرىش-<br>كە ماشىنىسى) | قۇمۇل ناھى-<br>يىلىك رېمونت<br>زاۋۇتى ، يې-<br>زا ئىگىلىك<br>1 - شى<br>تراكتور رې-<br>مونت زاۋۇتى<br>قاتارلىق ئو-<br>رۇنلار | ش ئۇ ئا ر<br>ماشىنسازلىق<br>ئىدارىسى | 1972 -<br>يىل 10 -<br>ئاي | يېڭى<br>مەھ-<br>سۇلات | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | ئۇقتا بې-<br>كىتىپ<br>ئىشلەپ-<br>چىقىرىل-<br>دى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 13 | « CP — 2.5 » تېپلىق لۇسۇپ يۇتكەپ يەر تۈزلەش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى ،يېزا ئىگىلىك 7 - شى رېمونت باش زاۋۇتى | ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى | 1972 - يىل 8 - ئاي | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 14 | شال ، بۇغداي كومبايىنى | « 1 - ئاۋغۇست » يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى ، يىگىنۇەن قاتارلىق ئورۇنلار | ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى | 1972 - يىل 10 - ئاي | نەتىجە | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تەكشۈرۈلدى |
| 15 | مېخانىكىلىق كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيدىغان 5 چىشلىق سوقا | ش ئۇ ئا ر 1 - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى | 1972 - يىل 6 - ئاي | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئاز تۈركۈمدە سىناق ئاساسىدا باسالدى |
| 16 | « 8— 9AL » تىپلىق ئائىلە چارۋىلىرىنى ۋاكسىنلاش قۇرۇلمىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى قاتارلىقلار | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى | 1975 - يىل | نەتىجە | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئاز تۈركۈمدە سىناق ئاساسىدا باسالدى |
| 17 | خەيلۇ— « 106A » تىپلىق بۇقىرى بېسىملىق ماي ناسوسى سىناق سۇپىسى | كۇچا ناھىيىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق ئىدارىسى | 1975 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئاز تۈركۈمدە سىناپ باسالدى |

**1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى ئۇيۇشتۇرغان، قاتناشقان باھالاش ـ تەجرىبە قىلىش تۈرلىرى**

جەدۋەل: 4—21

| رەت نومۇرى | تۈرلەر نامى | ۋەزىپىنىڭ كېلىش مەنبەسى | ياسىغان ئورۇن | باھالانغان ۋاقتى (يىل) | باھالاش تۈرى | دەرىجىسى | يەكۈن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | «4LB—2.5» تىپلىق يۆگىمە شەكىللىك شال، بۇغداي كومباينى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1975 ـ يىل | تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن. |
| 2 | «9GZX—1.7» تىپلىق ئاپلانما ئەخلەتلىك ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1976 ـ يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى |
| 3 | «4LQ—2.5» تىپلىق چاتما شەكىللىك دانلىق زىرائەت كومباينى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى قاتارلىقلار | 1977 ـ يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | «شەرقتاڭ-12» تىپلىق قول تراكتورى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | بايىنغولىن ئوبلاستلىق قول تراكتور زاۋۇتى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى |
| 5 | «5XF－1.3A» تىپلىق مۇرەككەپ شەكىللىك ئورۇقنى ئۈجۈپىلەپ تاللاش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | سانجى ئوبلاستلىق يوز بەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋۇتۇڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | 1978 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى |
| 6 | «4W－2» تىپلىق ئاسما كۆممىقوناق ئورۇش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يوز بەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1978 - يىل | پەن - تېخنىكا نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 7 | دانلىق يەم - خەشەك ئىشلەش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | ش ئۇئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1978 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 8 | «تەيشەن -50» تىپلىق تراكتور | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى تەمىنلىگەن، شەندۇڭدا ئىشلەنگەن ئەۋرىشكە ماشىنا | 1978 - يىل | لايىقلاشتۇرۇش سىنىقى | مىنىستىر دەرىجىلىك | شىنجاڭغا لايىق كەلمەيدۇ |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | « 4LY —2 » تېپلىق چاتما كۆممىقوناق ئورۇش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى، كۈيتۇن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، كۈيتۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 10 | چەت ئەللەرنىڭ كۆپ ئات كۈچلۈك تراكتورلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا سەپلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى سىنىقى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى | دۆلەت چەت ئەلدىن كىرگۈزگەن | 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە | تىپىنى تاللاپ چىقىش | ئۆلكە دەرىجىلىك | سىناپ كۆرۈشكە بوللانغان دوكلات ھەم تەكلىپ |
| 11 | « 3WCD—250 » تېپلىق چاتما شەكىللىك تولتۇرا تۆۋەن مىقدارلىق پۈركۈپ تۇمانلىتىش ماشىنىسى | ش ئۇئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى، قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى قاتارلىقلار | 1980 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 12 | « 4JCS—1680 » تېپلىق شاخشۇمبىلارنى توغراپ يېغىۋېلىش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى « 55 » يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىقلار | 1981 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 13 | «5 — 9LZ» تىپلىق قوش رەتلىك تەخسىلىك ئوت-چۆپ يىغىش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1981 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ ئۆركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 14 | «8 — 9MZZ» تىپلىق ئوتتۇرا چاستوتىدا ئۆز ھەرىكەتلىنىدىغان، بۇغاق قىرقىش ماشىنا گۇرۇپپىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1981 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ ئۆركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 15 | «شىنجاڭ -5» تىپلىق ئاپتوماتلاشقان دانلىق زىرائەت كومبايىنى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى قاتارلىقلار | 1982 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 16 | «16 — 9YY» تىپلىق ئوت - چۆپنى يۇمىلاق باغلاش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى | 1982 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | «2BS — 16» <br>تىپلىق يەرنى<br>ئاز ئاغدۇرۇش<br>سىيالكىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئى-<br>گىلىك ماشىنىلىرى<br>ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا<br>ئىگىلىك ماشىنىلى-<br>رى تەتقىقات ئور-<br>نى | 1982 -<br>يىل | پەن -<br>تەتقى-<br>قات نە-<br>تىجىسى | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | نەتىجە-<br>سى با-<br>ھالاش-<br>تىن ئۆت-<br>كەن |
| 18 | سۇئىتى<br>ئوتلاقلاردىكى<br>ئوت - چۆپنى<br>يىغىۋېلىش ما-<br>شىنا - ساي-<br>مانلىرىنى يۇ-<br>رۇشلەشتۈرۈش<br>سىنىقى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئى-<br>گىلىك ماشىنىلىرى<br>ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر ماشى-<br>نىسازلىق ئورنى | 1983 -<br>يىل | پەن -<br>تەتقى-<br>قات نە-<br>تىجىسى | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | نەتىجە-<br>سى با-<br>ھالاش-<br>تىن ئۆت-<br>كەن |
| 19 | «شىنجاڭ -12»<br>تىپلىق كىچىك 4<br>چاقلىق تراكتور | ش ئۇ ئا ر يېزا ئى-<br>گىلىك ماشىنىلىرى<br>ئىدارىسى | «ئۆكتەبىر»<br>تراكتور زاۋۇتى | 1983 -<br>يىل | يېڭى<br>مەھ-<br>سۇلات | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | تىپى بې-<br>كىتىلىپ<br>تۈركۈم-<br>لەپ<br>ئىشلەپ-<br>چىقىرىل-<br>دى |
| 20 | «شىنجاڭ -5»<br>تىپلىق ئاپتوما-<br>تىك دانلىق<br>زىرائەت كوم-<br>باينى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئى-<br>گىلىك ماشىنىلىرى<br>ئىدارىسى | شىنجاڭ كومباين<br>زاۋۇتى | 1983 -<br>يىل | يېڭى<br>مەھ-<br>سۇلات | ئۆلكە<br>دەرىجى-<br>لىك | تىپى بې-<br>كىتىلىپ<br>تۈركۈم-<br>لەپ<br>ئىشلەپ-<br>چىقىرىل-<br>دى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 21 | «3— 9ZC» تىپلىق لوت - چۆپنى يىغىۋېلىپ قاچىلاش قۇرۇلمىسى (ماشىنىسى) | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى | 1983 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تېپى بېكىتىلىپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 22 | مەجبۇرىي قىرىش شەكىللىك يەر تۈزلەش ماشىنىسى | بىڭتۇەن | يېزا ئىگىلىك 8 - شى 148 - تۇەن | 1983 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 23 | ئاسما شەكىللىك شاخ - شۇمبىلارنى ئۇۋاقلاپ ئېتىزغا باستۇرۇش ماشىنىسى | شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | يېزا ئىگىلىك 8 - شى 143 - تۇەن | 1983 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | شەھەر دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 24 | لاپاسسىمان سۇلياۋ يوپۇق يېيىش قۇرۇلمىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى | 1983 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 25 | ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسىنى چېتىش ئەسۋابى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئورنى | 1983 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 26 | «5HZ — 4 — 6» تىپلىق دان ۋە ئورۇقنى قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىسى | مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى | بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1983 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | مىنىستىر دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 27 | «9SJ — 300،1000» تىپلىق يەم - خەشەك پىشىقلاش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1983 - يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلىپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |
| 28 | مەملىكەت بويىچە كىچىك تىپلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىلىرىنى تاللاپ باھالاپ چىقىش | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى | يېزا ئىگىلىك 10 - شى 8 - ئۇدېن، بېيجىڭ شەھىرى قاتارلىقلار | 1983 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە | تاللىنىپ كېڭەيتىلدۇ | مىنىستىر دەرىجىلىك | 3 خىلى تاللىنىپ كېڭەيتىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 29 | شىنجاڭدىكى سۆلياۋ يوبۇق يېپىش ماشىنىلىرىنىڭ تېپىنى تاللاپ چىقىش سىنىقى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | يېزا ئىگىلىك 1 - شى 8 - ئۆمىنى، يېزا ئىگىلىك 7 - شى 130 - ئۆمىنى | 1983 - يىلدىن - 1984 - يىلغىچە | باھالاپ چىقىش | ئۆلكە دەرىجىلىك | 2 خىلى تاللىنىپ كېڭەيتىلدى |
| 30 | شىنجاڭدا باھالىنىپ بېكىتىلگەن سۆلياۋ يوبۇق يېپىش ماشىنىلىرى ( جەمئىي 28 خىل) | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئالاقىدار زاۋۇت، مەيدانلار | 1983 - يىلدىن - 1984 - يىلغىچە | باھالانغان | ئۆلكە دەرىجىلىك | 3 خىلى تاللىنىپ كېڭەيتىلدى |
| 31 | « شىنجاڭ -15 » تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى باھالاپ تەجرىبە قىلىش | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى | 1983 - يىلدىن - 1984 - يىلغىچە | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلگەن |
| 32 | « ILYF —330 » تىپلىق سۈيۈق بېسىملىق قوش بۆلۈنۈشلۈك ئايلانما سوقا | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1984 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 | 3 خىل مەشغۇلاتنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەشكە بولىدىغان بىرلەشمە مەشغۇلات ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئارباغانايلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى | 1984 - يىل | پەن - تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 34 | «شىنجاڭ -12» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى باھالاپ كېڭەيتىش | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى قاتارلىقلار | شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | باھالاپ كېڭەيتىش | مىنىستىر دەرىجىلىك | كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى |
| 35 | «شىنجاڭ -50» تىپلىق تراكتورنى باھالاپ تەجرىبە قىلىش | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلگەن |
| 36 | «شىنجاڭ -15» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتورنى تەجرىبە قىلىپ باھالاپ چىقىش | دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى قاتارلىقلار | شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى | 1985 - يىلى | كېڭەيتىلدۇ | مىنىستىر دەرىجىلىك | كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 37 | «شىنجاڭ ـ 3.0» تىپلىق ئاپتوماتىك دانلىق زىراكەت كومبايىنى | ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى | 1985 يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلگەن |
| 38 | «TY —500» تىپلىق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 3 چاقلىق دىزېل ترانسپورت ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى «ۋۇتوڭ» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1985 ـ يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تىپى بېكىتىلگەن |
| 39 | ئوتتۇرا چاستوتىدا ئۆت تاراش ماشىنىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | 1985 ـ يىل | پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى | ئۆلكە دەرىجىلىك | نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتكەن |
| 40 | كىچىك 4 چاقلىق تراكتورغا چېتىلىدىغان قوش چىشلىق سوقا | ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ ... | يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى «55» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1985 ـ يىل | يېڭى مەھسۇلات | ئۆلكە دەرىجىلىك | تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى |

# V باب

# ئىلمىي جەمئىيەتلەر ۋە قەرەللىك ژۇرناللار

## 1 § . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى تەبىئىي پەن مەخسۇس ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلىم ـ پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارى

بىلەن ئۇيۇشقان ئىلمىي ئاممىۋى تەشكىلاتى.

## 1. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەشكىلى ۋە قۇرۇلتايلىرى

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي گۇرۇپپىسى بولۇپ، 1961 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بولۇپ قۇرۇلغانىدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىشلار كېڭىشى 7 كىشىدىن تەشكىل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يېڭ شېڭشى بۇ جەمئىيەتنىڭ كېڭەش باشلىقى، يۈەن شىن (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، جېڭ سىخۇا (بىڭتۈەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، لى جىگۇۋ (ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، ۋاڭ يىندې باش كاتىپ بولدى.

1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 46 ۋەكىل قاتناشتى، كېڭەشىش ۋە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان كېڭەش ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. شۈ يەلى (دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) كېڭەش باشلىقى جېڭ سىخۇا، لى جىگۇۋلار مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. ۋاڭ يىندې باش كاتىپ بولدى. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە تراكتور رېمونتچىلىقىدىن ئىبارەت 4 كەسپىي ئىلمىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى. ئىلمىي جەمئىيەت شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا ئىش بېجىرىپ تۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرى توختاپ قالدى، 1978 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە كېڭەشنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، 10 يىلدىن ئارتۇق توختىتىپ قويۇلغان ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى.

1980 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 40 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا سايلام ئارقىلىق 3 كىشىدىن تەركىب تاپقان كېڭەش ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋ شېچىڭ كېڭەش باشلىقى، خۇاڭ شۆ، ليۇشىۋېن، چې جۇ، لى ۋەنشىڭلار مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. ليۇ شىۋېن باش كاتىپلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىقى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى، سۇغىرىش ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت 6 گۇرۇپپا، تەھرىرلەش، ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت 2 كومىتېت

تەسىس قىلىندى .

1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىچىگە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك 6 - شى 102 - تۆەندە 3 - قۇرۇلتايى چاقىرىدى . 52 ۋەكىل شىنجاڭدىكى 430 ئەزاغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا قاتناشتى . يىغىندا سايلام ئارقىلىق 33 كىشىدىن تەركىب تاپقان دائىمىي ئىشلار كېڭىشى ۋوجۇتقا كەلتۈرۈلدى . بۇنىڭ ئىچىدە دائىمىي كېڭەش ئەزاسى 11 .

دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەسەن كېڭەش باشلىقى ، ليۇشۇبىن ، لى رۇيىڭ ۋە سادىمىگىلار مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى . لى فېڭيىڭ باش كاتىپ بولدى . كېڭەشنىڭ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا تايىنىش قارار قىلىندى . شۇ چاغدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەمدە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي كومىتېتلىرى بىلەن كەسىپتە بىر سىستېمىبولۇش ئۈچۈن ، بۇرۇنقى 9 كەسپىي ئىلمىي گۇرۇپپا تەڭشىلىپ ، 12 كەسپىي كومىتېتقا كېڭەيتىلدى . بۇلار : تەھرىرلىك ، مائارىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، تېخنىكا ئىقتىسادى ، دېھقانچىلىق ئېنېرگىيىسى ، تېرىقچىلىق ، سۇغىرىش ماشىنىلىرى ، ھوسۇل يىغىش ، پىششىقلاش ماشىنىلىرى ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتچىلىقى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ، تېخنىكا كېڭەيتىش ، تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازار ئىلمىي قاتارلىق كەسپىي كومىتېتلاردىن ئىبارەت . يىغىندا يەنە خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە « شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش » ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا تەييارلىق قىلىش قارار قىلىندى . ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەپ - تەرجىمە قىلىپ ، نەشر قىلىپ تارقىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ، سۇچىلىق ، خىمىيە سانائىتى ، يېزا ئىقتىسادى ، يېمەكلىك قاتارلىق تارماقلار بىلەن بولغان ئىلمىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ، كۆپ خىل پەنلەر بويىچە ئۇنىۋېرسال ئىلمىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى .

## 2 . ئىلمىي پائالىيەتلەر

### 1) مەخسۇس تېمىدا بېرىلگەن دوكلاتلار

1961 - يىل 11 - ئايدا « 1 - ئاۋغۇست » يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا « يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە خەلق گۇڭشېلىرىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پىلانلاشقا ئائىت مەسىلىلەر » ھەققىدە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى .

1961 - يىل 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا يىگتۈەن چاقىرغان يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، سىستېمىلاشتۇرۇش سىناق نۇقتىلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى .

1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا كېۋەز تېرىقچىلىقىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئاۋىستىرالىيەلىك مۇتەخەسسىس «كېۋەز تېرىقچىلىقىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» توغرىسىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بېيجىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى لىخەنرۇ، لېكتور بەي رېنپۇنى «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىستېما قۇرۇلۇشى»، «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىكى تېخنىكا ئىقتىساد مەسىلىلىرى» ھەققىدە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار 300دىن ئېشىپ كەتتى.

1983 - يىل 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جەمئىيەت ئەزاسى پروفېسسور جاۋ بۇنۋاڭ، دوتسېنت شېن داجىلار ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىغا بېرىپ، «تېخنىكا ئىقتىسادى»، «سىستېما ئانالىزى» توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم لېكسىيە سۆزلىدى.

2) كەسپىي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش

1964 - يىل 12 - ئايدا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلدى. يىغىنغا 60تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. 15 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئىمپورت قىلىنغان كۆپ ئات كۈچىگە ئىگە تراكتورلار ھەمدە ئۇلارغا سەپلىنىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى تەجرىبە قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 60 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا 50 ۋەكىل قاتناشتى، 24 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن دېھقانچىلىق ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكا ئىقتىسادىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە بىرلەشمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. يىغىنغا 65 ۋەكىل قاتناشتى، 39 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، بىڭتۈەن ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى، شىخەنزە رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە شىخەنزە شەھىرىدە «كېۋەزنى سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە بىرلەشمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. يىغىنغا 117 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە جېجياڭ، شەنشى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ۋەكىل 5 بولۇپ، 21 پارچە

ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «سۇلياۋ يو-
پۇق يېپىش ماشىنىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا 89 ۋەكىل قاتناشتى، 15
پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىل-
مىي جەمئىيىتىنىڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىلمىي گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «شىنجاڭدا
يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. يىغىنغا
30 ۋەكىل قاتناشتى. 8 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە «يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرى ئېنېرگىيىسى تېجەش تاللاش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلدى. يىغىنغا 60
ۋەكىل قاتناشتى. 5 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يىللىق ئىلمىي يىغىنى ئېچىش

1963 - يىل 12 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىللىق ئىلمىي يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا 46 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن-
دا ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر 40 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1980 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2 - قېتىملىق يىللىق ئىلمىي يىغىن ئېچىلدى،
يىغىنغا 40 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىن-
دى.

1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ 102 -
تۇەنىدە «1984 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يىللىق ئىلمىي يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا
52 ۋەكىل قاتناشتى. جەمئىي 23 پارچە ئىلمىي ماقالە، دوكلات ھەمدە ماتېرىيال تاپشۇرۇۋې-
لىندى.

4) مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىش

1963 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى لى جىڭۋۇ، كېڭەش ئەزاسى گاۋ زىجۇڭ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي
جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى جېڭ سىخۇا، باش كاتىپ
ۋاڭ يىندېلار جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك دائىمىي
ئىشلار كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1964 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق
ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە «كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇ-

رۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلدى. يىغىنغا مەملىكەت بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 87 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ۋەكىللىرى ئالدى بىلەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى چېچېيزى 2 - مەيدانى (مەملىكەت بويىچە كېۋەزلىكلەرنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ۋاسىتىچى تەجرىبە پونكىتى)نى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كېۋەزلىكلەردىكى ماشىنا - سايمانلار ھەمدە يەرنى رەتلەپ چىقىش، تېرىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، دورا پۈركۈش، ماشىنا بىلەن پاختا تېرىش (ئۈزۈش)، تەپچە يىغىۋېلىش ماشىنا - سايمانلىرى مەشغۇلاتىنى كۆرۈپ چىقتى. يىغىندا كېۋەزلىكلەرنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش، كېۋەزلىكلەردىكى ئېنېرگىيە، كېۋەزنى تۈجۈپلەپ تېرىش، كېۋەزلىكلەرنى پەرۋىش قىلىش، پاختىنى يىغىۋېلىش، غوزىلىرىنى ئۈزۈش ۋە كېۋەز تەپچىلىرىنى (شادىلىرىنى) يۇلۇۋېلىش، پاختىنى تازىلاش، رەتلەش ۋە پىششىقلاش قاتارلىق مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي ماقالە ھەمدە تەجرىبە دوكلاتىدىن جەمئىي 30 پارچە ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىندا يەنە 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە كېۋەزلىك ماشىنىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش سىناقلىرى يەكۈنلەندى. ۋەكىللەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدا كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن ماشىنىدا پاختا تېرىۋېلىش مەسىلىلىرىنى كەڭ - كۇشادە مۇزاكىرە قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا «كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەكلىپنامىسى» بىردەك ماقۇللاندى.

1980 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى شىاۋ شىچېڭ، خۇڭشۇ، ليۇشۇبىن، لى ۋەنشىڭ ۋە لۇكاڭ قاتارلىق 5 كىشىنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا بەلگىلىدى. شىاۋ شىچېڭ، ليۇشۇبىن ۋە خۇڭ شۇلەر جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1981 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى چاۋىچىلىق ماشىنىلىرى مەخسۇس كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى سانجى ئوبلاستىدا «مەملىكەتلىك يايلاق چارۋىچىلىقى ماشىنىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 99 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. 39 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. يىغىندا مەملىكىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات يۆنىلىشى، قەدەم - باسقۇچلىرى، چارىلىرى، يايلاق چارۋىچىلىقى، ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ سىستېمىلىرىنى تاللاپ چىقىش، تىپىك ھۈنەر - سەنئەت ئىقتىسادى ئۈنۈمى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىش، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش، ياساش بىلەن ھۈنەر - سەنئەت ماتېرىياللىرىنى تاللاش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە چەت ئەللەرنىڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ تەرەققى-

يات ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ پىكىر ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى، ئامېرىكىلىق دوستلار ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى ياگزۇ، خەنچۇن ئەر - خوتۇن مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە يىغىنغا قاتناشتى.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە «غەربىي شىمال رايونلىرىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىردى. يىغىنغا بېيجىڭ، خۇنەن، سەنشى، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي، نىڭشا، شەنشى، گەنسۇ ۋە شىنجاڭ قاتارلىق 9 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 80دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. 48 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى مۇھەممەت ھەسەن، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى لىۋ شۈبىن شىئەن شەھرىدە چاقىرىلغان «غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنى»غا قاتناشتى. يىغىندا شەنشى ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى جاڭ خۇەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇش قارار قىلىندى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى لىۋ شۈبىننىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇشىنى قارار قىلدى.

## § 2 . قەرەللىك ژۇرناللار

**1 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا دائىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قەرەللىك ژۇرناللار**

1) «يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش»

1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىڭتۇەن ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسى بىلەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى «ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى خەۋەرلىرى» دېگەن قوش ئايلىق ژۇرنالنى بىرلىشىپ نەشر قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا بىڭتۇەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەر قايسى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرىگىچە تارقاتتى. 1963 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلدى. 1964 - يىل 7 - ئايدا بۇ ژۇرنالنىڭ نامى «يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش» قا ئۆزگەرتىلدى. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 46—58 بولدى. 1966 - يىل 1 - ئايدا ئايلىق ژۇرنال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1966 -

يىل 7 - ئايدا نەشردىن توختىتىلدى. «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى 1960 - يىل 3 - ئايدىن 1966 - يىل 7 - ئايغىچە جەمئىي 40 سان چىقىرىلدى. تىراژى دەسلەپكى 2000 نۇسخىدىن 19 مىڭ 500 نۇسخىغا كۆپەيدى. 1961 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە جەمئىي 883 پارچە ماقالە بېسىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىلىق ماقالىلار 86%نى ئىگىلىدى. مەزمۇنلار بويىچە ئايرىغاندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ماقالە 140 پارچە، ئىشلىتىش، ئاسراشقا ئائىت ماقالە 202 پارچە، رېمونت قىلىش - ياساشقا ئائىت ماقالە 153 پارچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالە 30 پارچە، ئەقلىگە مۇۋاپىق تەكلىپ 134 پارچە، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلگەن ماقالە 35 پارچە، پەن - تېخنىكا خەۋەرلىرى 34 پارچە، قىسقا خەۋەرلەر 87 پارچە، سىياسىي ئوبزور 36 پارچە، باشقا ماقالىلار 32 پارچە بېسىلدى. بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلىرى ھەر تەرەپتىن ۋاقتىدا يەكۈنلەندى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ ئىلغار تەجرىبە، ئىلغار شەخسلەر تونۇشتۇرۇلدى.

ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يەرلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ماشىنا ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىكى، تېخنىك خادىملار، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە تراكتور شوپۇرلىرى بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسلىق مۇشتەرىلىرى بولۇپ قالدى.

بۇ ژۇرنال مەملىكەتكە يۈزلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن جايلاردىن كەلگەن ماقالىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. 1965 - يىلى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 1200 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە كەلدى. بۇنىڭدىن 227 پارچىسى ئىشلىتىلدى. ئىشلىتىلىش نىسبىتى 18.9% بولدى. 1966 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەۋەتىلگەن ماقالە 500 پارچىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ماقالىدىن 176 پارچىسى ئىشلىتىلىپ، 35%نى ئىگىلىدى. يۇقىرىدىكى ماقالىلار ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

2) «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى

«يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خەۋەرلىرى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسى ئىدى. بۇ 1971 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەھرىرلەپ نەشر قىلىنغان قەرەلسىز، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ، 1984 - يىلغىچە جەمئىي 34 سان، جەمئىي 34 مىڭ نۇسخا بېسىلدى (خەت سانى تەخمىنەن 3 مىليون 400 مىڭ)، ژۇرنالغا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىغا ئائىت تەرجىمە ماقالىلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى پەن - تەتقىقات نەتىجە دوكلاتلىرى بېسىلدى، يەنە ئاپ-

ئونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە ئائىت مەخسۇس خەۋەرلەرمۇ بېسىلدى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ نامى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» قا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەسىللىك، 16 فورماتلىق ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ باشقۇرۇپ كەلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەھرىرلەپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى. خەنزۇچە نەشرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارنى تىزىملاش كىنىشكا نومۇرى 757. 1985 ـ يىلى 4 سان چىقىرىلدى. ھەر بىر سانىنىڭ خەت سانى تەخمىنەن 100 مىڭ خەت ئۆپچۆرىسىدە 3500 نۇسخا بېسىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىياتى، يېڭى تەجرىبىلىرى، يېڭى نەتىجىلىرى، يېڭى تېخنىكىلىرى ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، يېمەكلىك پىششىقلاش ماشىنىلىرى تەتقىقات لايىھىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى جەھەتتىكى تەرجىمە ئەسەرلەر بېسىلدى. تەھرىر ھەيئىتى 10 كىشىدىن تەركىب تاپتى، 3 كىشى مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ـ ئەسلىدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى» بولۇپ، 1983 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ، 1984 ـ يىلغىچە جەمئىي 5 سان چىقىرىلدى، جەمئىي 32 مىڭ 500 نۇسخا بېسىلدى (خەنزۇچە خەتكە سۇندۇرغاندا 200 مىڭ خەت). 1985 ـ يىلى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال تىزىملاش كىنىشكا نومۇرى 755، شۇ يىلى 4 سان چىقىرىلدى، ھەربىرسان 53 بەت، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 40 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2500 نۇسخا بېسىلدى، ژۇرنالغا ئاساسلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ژۇرناللىرىغا بېسىلغان قىسقا، ئەسقاتىدىغان ماقالىلارنىڭ تەرجىمىسى بېسىلدى، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىلمىي ئەسەرلەر ۋەيېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ماقالىلىرى بېسىلدى. 2 كىشى مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

3) «چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچە نەشرى

بۇ ژۇرنال 1982 ـ يىل 2 ـ ئايدا نەشر قىلىندى، ئۇنى ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى كۆكخوت چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئا-

كادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى) بىرلىشىپ باشقۇردى. بېسىش ئىجا-
زەتنامىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى تىزىملاش كىنىشكىسى
756 - نومۇر. بۇنى تۈزۈپ تارقىتىش ۋەزىپىسىنى شىنجاڭ ئۈستىگە ئالغان، بۇ ئىلىمىزدىكى
بىردىنبىر قازاق تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىغا ئائىت تېخنى-
كىلىق ژۇرنال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ژۇرنال پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىكى تېخنىكىلىق، پەسىل-
لىك ژۇرنال بولۇپ، 16 فورماتلىق، ھەر بىر سانى 40 بەتلىك (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخ-
مىنەن 30 مىڭ خەت) بولۇپ، 2000—3000 نۇسخا بېسىلىدۇ. 1985 - يىلغىچە 16 سان چىقى-
رىلىپ شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى قازاق يېزىقىنى
قوللىنىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان ئاساسىي قاتلاملارغا ھەقسىز تارقىتىپ بې-
رىلدى. 3 كىشى مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

4) «چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرى»

مەزكۇر ژۇرنال 1985 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى (شىنجاڭ يېزا ئىگى-
لىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى) تەرىپىدىن باشقۇرۇل-
دى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەرەللىك گېزىت - ژۇرنال تىزىملاش كىنىشكا نومۇ-
رى 857. بۇ 16 فورماتلىق ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاش-
تۇرۇش تەرەققىيات ئەھۋالى جەھەتتىكى ئۇچۇرلارنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ
ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى يېڭى
مەھسۇلات ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر سانىنىڭ خەت سانى 20 مىڭ
بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىدۇ. كۆپ قىسىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سىستېمىدىكى
رەھبىرىي تارماقلارغا ھەمدە باشقۇرغۇچىلارغا، پەن - تەتقىقات، مائارىپ، ئىشلەپچىقارغۇ-
چى ۋە ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا ھەقسىز تارقىتىلىپ كەلدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەم-
ئىي 6 سان چىقىرىلدى، 3 كىشى مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

## 2. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ژۇرناللار

1) «قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى»

بۇ 1966 - يىل 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان 16 فورماتلىق ئايلىق ژۇرنال. قەشقەر ۋىلا-
يەتلىك تراكتور باشقۇرۇش باش پونكىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. ھەر قايسى تراكتور پون-
كىتلىرى، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى بى-
لەن تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىغىچە تارقىتىلدى. ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، تەجرىبە

ئالماشتۇرۇش، رېمونتچىلىق تېخنىكىسى، ئىشلىتىش، ئاسراش، تەمىنلەش كەسپى، مائارىپتىن تەرمىلەر، ئەقلىگە مۇۋاپىق تەكلىپلەر، تەقدىر ۋە تەنقىت ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىندى. بۇ ژۇرنال جەمئىي 6 سان چىقىرىلدى. 1966 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنىشتىن توختىتىلدى. 1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى قايتىدىن نەشر قىلغۇزدى. 1985 - يىلغىچە جەمئىي 4 سان چىقىرىلدى.

2) «قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خەۋىرى»

بۇ ژۇرنال 1973 - يىل 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. جەمئىي 5 سان چىقىرىلىپ، شۇ يىلى 12 - ئايدا نەشردىن توختىتىلدى.

3) «تارباغاتاي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى»

بۇ ژۇرنال 1982 - يىل 3 - ئايدا نەشر قىلىنىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1983 - يىل 5 - ئايدا 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى 13 كىشىگە كۆپەيتىلدى. يەنە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەش گۇرۇپپىسى»، «دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىندى. بۇ ژۇرنال ھەر قايسى ناھىيە ۋە يېزىلارغا تارقىتىلىشتىن سىرت يەنە مەملىكەت بويىچە 300 دىن ئارتۇق ۋىلايەت (شەھەر) لىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكا ئاخبارات تورى ئورۇنلىرىغا ئۆزئارا ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تارقىتىلدى. 1984 - يىل 6 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ۋىلايەت، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكا ئاخبارات تورى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ژۇرناللىرىنىڭ پەننىي ساۋاتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرى كۆرگەزمىسىدىكى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

4) «ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خەۋىرى»

بۇ ژۇرنال ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. ھەر سانى 300 نۇسخىدىن بېسىلدى، 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 26سان چىقىرىلدى. 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكا ئاخبارات تورىدىكى ژۇرناللارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

5) «يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇچۇرى»

بۇ ژۇرنال 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۇچۇر گۇرۇپپىسى تەھرىرلەپ تارقاتتى.

بەشىنچى قىسىم

# ئاپپارات • قوشۇن

# بەشىنچى قىسىم

# ئاپپارات . قوشۇن

## I باب

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپپاراتلىرى

### 1 § . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى

مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى )دىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، يەنجى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئىبارەت 9 مەمۇرىي رايوندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما)لىرى قۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما)لىرى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ناھىيە، ئىدارە (مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى) ۋە يېزىلاردىمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى تەسىس قىلدى. بۇ ئورۇنلار يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى (يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى)نى تاپشۇرۇپ ئېلىش، ساقلاش، ئىجارىگە بېرىش، كېڭەيتىش، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خادىملارنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

مىنگونىڭ 24 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە ( 1935 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ) شىنجاڭ بويىچە 9 رايون، قىسمەن ناھىيە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ۋە يېزىلاردا قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇن (كېيىن بۇلارنىڭ نامى يېزا ئىگىلىك ئورنى يانى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىلدى)لىرى جەمئىي 44كە يەتتى.

1935 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ شىنجاڭ بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 5—1

| رايون نامى | ئاپپارات سانى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان جايى |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | 8 | ئۈرۈمچى ، گۈچۈڭ ، سانجى ، ماناس ، فۇكاڭ ، جىمسار ، قۇتۇبى ، مىچۇەن |
| ئىلى | 8 | غۇلجا ، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) ، تېكەس ، تونقۇزتارا ، بورتالا ، ئار-شاڭ ، قاش يېزىسى ، قورغاس |
| تارباغاتاي | 5 | چۆچەك ، دۆربىلجىن ، شىخو ، چاغانتوقاي ، ساۋەن |
| ئالتاي | 5 | ئالتاي ، قابا ، جىمىنەي ، كۆكتوقاي ، چىڭگىل |
| قۇمۇل | 2 | قۇمۇل ، باركۆل |
| يەنجى | 6 | يەنجى ، كورلا ، تورپان ، توقسۇن ، پىچان ، چاقىلىق |
| ئاقسۇ | 3 | ئاقسۇ ، كۇچا ، ئۈچتۇرپان |
| قەشقەر | 4 | قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت ، مارالبېشى |
| خوتەن | 3 | خوتەن ، كارياسا ، كېرىيە |
| جەمئىي | 44 | |

# 2 § . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى ۋە باشقارمىسى

## 1 . دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى

1954 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىپ ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىنى باشقۇردى . خەن باۋرۇڭ تۇنجى بۆلۈم باشلىقى بولدى .

1959 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى . ۋاڭ ۋېنتەن باشقارما باشلىقى بولدى . 1962 - يىلى ئومۇمىي شتاتى 15كە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە باش-قارما باشلىقى ، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى 2 ، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تېخنىكا يېتەك-چىسى 6 ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ، پىلان - ستاتىستىكا خادىمى 4 ، مالىيە باشقۇرۇش خادىمى 3 .

1962 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش باشقارمىسى كوپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ئومۇمىي شتاتى 10 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە باشقارما باشلىقى ، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى 2 ، رېمونت قىلىپ - سەپلەش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش خادىمى 2 ، زاۋۇت باشقۇرغۇچى خادىم 2 ، رېمونت قىلىپ - سەپلەش پىلان خادىمى 2 ، مالىيە خادىمى 2.

1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپپاراتلىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار

(1) دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى

1953 - يىلى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ئورۇمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى پونكىتىغا ، ئىلى ، تارباغاتاي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى تارماق پونكىتلارغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى بۇ 3 پونكىتنىڭ ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 44كە يەتتى.

1953 - يىل 2 - ئايدا دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ تەشكىلىي نىزام لايىھەسى» دە دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتىنىڭ مەجبۇرىيىتى مۇنداق بەلگىلەندى: شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش پىلانلىرىغا مەسئۇل بولۇش؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ، نازارەت قىلىش ، تەكشۈرۈش؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى توشۇش ، كېڭەيتىپ ئىشلىتىش ، تېخنىكا ئۆگىتىش؛ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇش ، كېڭەيتىش؛ تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ، سەپلەش ، ئىشلىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1953 - يىل 3 - ئايدا دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتىدە نازارەتكە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، ئۆلكە بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى ۋە تراكتور پونكىتلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى باش پونكىتى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش پونكىتى دەپمۇ ئاتالدى)غا ئايرىلدى.

(2) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ۋە تيەنلۇڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى (تەپسىلاتىنى 4 - قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ)

(3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى

1959 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ دوكلاتىغا

تەستىق سېلىپ ، ئەنەنچۈي تراكتور پونكىتىنىڭ ئاسراش ، رېمونت قىلىش زاۋۇتى بىلەن ئازا-
رەتكە قاراشلىق ماددىي ئەشيالار بىلەنتەمىنلەش پونكىتى رېمونت سېخىنى ئاساس قىلىپ ،
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا قوشۇلدى .
شۇ يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى جىگدىلىق كوچىسىدا زاۋۇت ئۆيى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ،
1960 - يىلى پۈتۈنلەي زاۋۇت كۆچۈپ كىردى .

(4) ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى

1957 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىدە ماددىي ئەشيارلار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇ-
لۇپ ، تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى زاكاز قىلىش ، تەخسىملەش ۋە يۆتكەش
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى . 1963 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سەپلىمىلىرى بىلەن تە-
مىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى . ئەمەلىي بار شتاتى 161 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەتكە قا-
راشلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ شتاتى 21 ، تەمىنات سودا كوپىراتىپىنىڭ
شتاتى 140 . 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلى-
شى ، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن
تەمىنلەش شىركىتى قۇرۇلدى ھەم ئىچكى قىسمىدا كاتىبات بۆلۈمى ، سىناتىسىكا بۆلۈمى ، يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى ، سەپلىمە دېتاللار بۆلۈمى ، ماتېرىيال بۆلۈمى ، تاۋار تەكشۈ-
رۈش بۆلۈمى ، زاپاس يۆتكەش بۆلۈمى ، مالىيە - بوغالتىر بۆلۈمى ، ئامبار ۋە ئاپتوموبىل
ئەترىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىپ ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن
تەمىنلەش كەسپىگە مەسئۇل بولدى .

2) ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق تراكتور باشقۇرۇش باش پونكىتلىرى

1950 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئىلى ، قەشقەر ، سانجى ، قۇمۇل ، بايىنغولىن ، ئاق-
سۇ ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت (ئاپتونوم ئوبلاست)لاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى ،
بۆلۈمى پاكى ئىدارىلىرى قۇرۇلدى . 1963 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 11 ۋىلايەت ، ئوبلاستتا
كەينى - كەينىدىن تراكتور باشقۇرۇش باش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ ، باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ
شتاتى 126 گە يەتتى . ۋىلايەت ، ئوبلاستلارغا قاراشلىق رايونلارنىڭ تراكتورلارنى چوڭ رې-
مونت قىلىش زاۋۇتلىرى ، تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيلەش كۇرسلىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيە-
لەردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش تارماق شىركەتلىرى
قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى .

## 1963 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ تراكتور باشقۇرۇش پونكىتلىرىدىكى خادىملارنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 5—2

| ۋەزىپىسى / ئادەم سانى / باش پونكىت | جەمئىي | بۆلۈك ئىچىدە: پونكىت باشلىقى | كاتىپ ـ كادىرلار ئىشلىرى | خەت ـ ئالاقە كاتىپى | ماشىنا ئىشلىرى | رېمونتچىلىق | مالىيە | تەمىنلەش ، پىلان | باشقۇرۇش دائىرىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | سانجى ، قۇتۇبى ، ماناس ، مىچۈەن ، جىمسار ، مورى ، فۇكاڭ ، گۇچۇڭدىن ئىبارەت 8 ئورۇندىكى تراكتور پونكىتلىرى ۋە سانجى ، گۇچۇڭلاردىكى رېمونت زاۋۇتلىرى ، ئارماق شىركەتلەر |
| ئىلى | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | غۇلجا ، سۈيدۈڭ ، چاپچال ، قورغاس ، مۇڭغۇلكۈرە ، نىلقا، قۇزتارادىن ئىبارەت 6 ئورۇندىكى تراكتور پونكىتى ، ئىلى چوڭ رېمونت زاۋۇتى ۋە ئىلى ، مۇڭغۇلكۈرەلەردىكى ئارماق شىركەتلەر |
| تارباغاتاي | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | چۆچەك ، ساۋەن ، دۆربىلجىن ، شىخودىن ئىبارەت 4 ئورۇندىكى تراكتور پونكىتلىرى ، چۆچەك چوڭ رېمونت زاۋۇتى ، ساۋەن ، شىخولاردىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتلىرى ۋە چۆچەك ، ساۋەنلەردىكى ئارماق شىركەتلەر |
| بورتالا ئوبلاستى | 10 | 1 | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | 1 | بورتالا ، ئارشاڭ ، جىڭلاردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، بورتالادىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە بورتالادىكى ئارماق شىركەت |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي | 9 | 1 | 1 | 1 | 2 | 1 | 2 | 1 | ئالتاي ، بورچىن ، قابالاردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، بورچىندىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە ئالتايدىكى ئارماق شىركەت |
| قۇمۇل | 9 | 1 | 1 | 1 | 2 | 1 | 2 | 1 | قۇمۇل ، باركۆللەردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، قۇمۇلدىكى چوڭ رېمونت زاۋۇتى ۋە ئارماق شىركەت |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | لوپنۇر ، خېجىڭ ، خوشۇت ، بۈگۈر ، كورلا ، يەنجىلەردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، يەنجى چوڭ رېمونت زاۋۇتى ، كورلا كىچىك رېمونت زاۋۇتى ، كورلا ۋە يەنجىلەردىكى ئارماق شىركەتلەر |
| ئاقسۇ | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | ئاقسۇ ، لونسۇ ، باي ، كۇچا ، ئۇچتۇرپانلاردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، ئاقسۇدىكى چوڭ رېمونت زاۋۇتى ، كۇچادىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە ئاقسۇ ، كۇچالاردىكى ئارماق شىركەتلەر |
| قەشقەر | 13 | 2 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | 2 | قەشقەر "1 - ئاۋغۇست" ، قەشقەر يېڭىشەھەر ، مارالبېشى ، مەكىت ، قاغىلىق ، يەكەنلەردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، قەشقەر "1 - ئاۋغۇست" چوڭ رېمونت زاۋۇتى ، يەكەندىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە قەشقەر ، يەكەنلەردىكى ئارماق شىركەتلەر |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خوتەن | 10 | 1 | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | 1 | خوتەن ، گىرىيە ، قاراقاش ، گۇمالاردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، خوتەنلەردىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە خوتەن ، كىرىيەلەردىكى تارماق شىركەتلەر |
| تۇرپان | 10 | 1 | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | 1 | تۇرپان ، پىچان ، توقسۇنلاردىكى تراكتور پونكىتلىرى ، تۇرپاندىكى كىچىك رېمونت زاۋۇتى ۋە تۇرپان تارماق شىركىتى |
| ئومۇمىي جەمئىي | 126 | 17 | 11 | 11 | 28 | 19 | 22 | 17 | ناھىيىلەردىكى تراكتور پونكىتى 50 ، تراكتور چوڭ رېمونت قىلىش زاۋۇتى 8 ، كىچىك رېمونت قىلىش زاۋۇتى 9 ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يىلەن تەمىنلەش تارماق شىركىتى 17 |

## 2 . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى

1959 - يىلى سابىق شىنجاڭ بوز يەر ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە لايىھەلەش ئىدارىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىدە ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى ، جياڭ جيابىن باشقارما باشلىقى بولدى . بۇ باشقارما يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش ، مەشغۇلات ۋە پىلان قاتارلىق كەسىپلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى .

1975 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

## 3 . چارۋىچىلىق نازارىتى ماشىنا بۆلۈمى

1959 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتىدە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇ-

لۇپ، سىنئۇپلىش، ساقلاش ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ماشىنا - سايمانلىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى. 1961 - يىل 1 - ئايدا چارۋىچىلىق نازارىتىدە 4 شتات بىلەن ماشىنا بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى تەڭشەپ تارقىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، پىلان، يىراق كەلگۈسى پىلان تۈزۈش ۋە خادىملارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ماشىنا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىنى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى باشقۇرىدىغان بولدى.

1978 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. شى چاۋبىن باشقارما باشلىقى بولدى، شتات ۋاقىتنچە 5 قىلىپ بېكىتىلدى. ۋەزىپىسى: 1) شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ماشىنا - سايمانلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ھەم چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ رېمونت پىلانى بىلەن تەقسىم قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش. 2) چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە يۆنىلىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش. 3) چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەلىپى ۋە كېڭەيتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش. 4) چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا تەستىق چۈشۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىنى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىغا قوشۇلدى.

### 4. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى

1975 - يىلى بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سابىق بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرى ۋە سابىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە قاراشلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1978 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىدا ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىن-

جاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇ-رۇشنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى .

1982 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

## § 3 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

### 1 . ئىدارە قۇرۇش ۋە فۇنكسىيە

1960 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى ، شتات 80 بولدى ، ئىدارە باشلىقلىقىنى ش ئۇئا ر پارتكوم يېزا خىزمە-تى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ جيەنچۈن قوشۇمچە ئۆتىدى . يېڭ شېڭشى ، ۋاڭ ۋېنئەن ، لى جىڭيى ، ئالىمجانلار مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولدى . ئىدارە ئىچىدىكى ئاپپاراتلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش باشقارمىسى ، دېھقانچىلىق سايمانلى-رىنى ئىسلاھ قىلىش باشقارمىسى ، تېخنىكا باشقارمىسى ، ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى ، ئىشلەپچىقىرىش - پىلان باشقارمىسى ، ماتېرىيال باشقارمىسى ، مالىيە باشقارمىسى ، ئىدارە ئىشخانىسى ۋە كادىرلار ئىشلىرى - ئامانلىق بۆلۈمى قاتارلىق باشقارما ، بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى .

يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيە-سى : شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش ، ياساش ، رېمونت قىلىش - سەپلەش ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ۋە قورال سايمانلارنى ئىسلاھ قىلىش قاتار-لىق كەسىپلەرنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى .

1962 - يىل 7 - ئايدا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەڭشەش ، مۇستەھكەملەش ، تو-لۇقلاش ، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى . رې-مونت قىلىش - سەپلەش باشقارمىسىنىڭ كەسپىنى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئاي-رىپ بەردى ، باشقا باشقارما ، ئىشخانىلارنىڭ كەسپى ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى .

## 2 . بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلار

### 1) كەسپىي ئورۇنلار

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى ۋە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى (تەپسىلاتىنى 4 - قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ) .

### 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى

1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ ئىش تەقسىماتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىقى »دە : « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ ، ئەسلىدە ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھەر قايسى نازارەت ، ئىدارە ، ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ۋە ناھىيەلەرنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سۇچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتلىرى قاتارلىق 150 كارخانا يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ ، دەپ قارار قىلدى .

1960 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پىلان باشقارمىسىنىڭ « ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قارايدىغان كارخانىلارغا دائىر 1960 - يىللىق ستاتىستىكا »سىدا خاتىرىلىنىشىچە ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى 107 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 20 مىڭ 410 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارىگە قاراشلىق كارخانا 1 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3117 ؛ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق سىستېمىسىغا قارايدىغان كارخانا 7 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5680 ؛ بىڭتۈەن سىستېمىسىغا قارايدىغان كارخانا 8 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2702 ؛ ۋىلايەت ، ئوبلاست دەرىجىلىك كارخانا 12 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3334 ؛ ناھىيە دەرىجىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى 79 ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5577 .

**1960 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى**

جەدۋەل : 5—3

| كارخانا نامى | ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى |
|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي (107 كارخانا) | 20410 |
| 1 . بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا | 3117 |
| « ئۆكتەبىر » تراكتور زاۋۇتى | 3117 |

| | |
|---|---|
| 2 . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق سىستېمىسىغا قاراشلىق كارخانىلار | 5680 |
| 1) دېھقانچىلىق نازارىتى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى | 383 |
| 2) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى | 410 |
| 3) چارۋىچىلىق نازارىتى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 262 |
| 4) ئورمانچىلىق نازارىتى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى | 312 |
| 5) ئاشلىق نازارىتى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 262 |
| 6) سۇچىلىق نازارىتى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 551 |
| 7) ماشىنىسازلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 3500 |
| 3 . بىڭتۇەن سىستېمىسىغا قارايدىغان كارخانىلار | 2702 |
| 1) يېزا ئىگىلىك 1 - شى 1 - تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 246 |
| 2) يېزا ئىگىلىك 2 - شى تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 254 |
| 3) يېزا ئىگىلىك 4 - شى تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 217 |
| 4) يېزا ئىگىلىك 5 - شى تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 120 |
| 5) يېزا ئىگىلىك 6 - شى تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 651 |
| 6) يېزا ئىگىلىك 7 - شى تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 436 |
| 7) يېزا ئىگىلىك 7 - شى 2 - تراكتور رېمونت زاۋۇتى | 367 |
| 8) يېزا ئىگىلىك 8 - شى «1 - ئاۋغۇست» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 411 |
| 4 . ۋىلايەت (ئوبلاست) لەرگە قاراشلىق كارخانىلار | 3334 |
| 1) خوتەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 314 |
| 2) قىزىلسۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 153 |
| 3) قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 869 |
| 4) ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 136 |
| 5) كورلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 151 |
| 6) بايىنغولىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 217 |
| 7) قۇمۇل ھەممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 210 |
| 8) سانجى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 565 |
| 9) بورتالا دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 193 |
| 10) تارباغاتاي دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 90 |

| | |
|---|---|
| 11) ئىلى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 354 |
| 12) ئالتاي دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى | 82 |
| 5 . ناھىيىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى (79) | 5577 |

## 4 § . ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى

1970 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى . بۇ گۇرۇپپا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ، ئۇنى تەقسىم قىلىش ؛ رېمونتچىلىق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ، ئۇنى تەقسىم قىلىش (بىڭتۈەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ھەربىي قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى) ؛ ۋىلايەت (ئوبلاست) ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ، سىناق قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى پىلانلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى .

1972 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر »ىدە : يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ، ئۇنى باشقۇرۇش ، ئىشلىتىش ، رېمونت قىلىش ۋە يەن تەتقىقات قاتارلىق 6 تۈرلۈك ۋەزىپىگە ماشىنىسازلىق ئىدارىسى ۋاقىتلىق بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى .

ماشىنىسازلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1970 -يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى قارار چىقىرىپ ، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتىنى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى .

1973 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ تراكتور رېمونت زاۋۇتى ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى .

1976 - يىلى ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ما-

شىنىلىرى زاۋۇتلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 1 - زاۋۇتى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، سىنائۇك 2 - زاۋۇتى، ئۆلچەملىك دېتاللار 1 - زاۋۇتى، ساقلىق قازان زاۋۇتى، تراكتور سەپلىمە دېتاللىرى 1 - زاۋۇتى، تراكتور سەپلىمە دېتاللىرى 3 - زاۋۇتى، ئاپتوموبىل سەپلىمە دېتاللار 1 -، 2 -، 3 - زاۋۇتلىرىدىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا يەنە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ۋە ماددىي ئەشىيالار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىلىرىمۇ بار.

بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار: ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيلەش كۇرسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىپ، باھالاپ - بېكىتىش پونكىتى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 5 § . ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى

1977 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق كەسپىي خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلدى، دەرىجىسى نازارەت دەرىجىلىك بولدى.

1980 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسىدىن ئىبارەت نازارەت دەرىجىلىك 2 ئىدارىگە بۆلۈندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شتاتى 66 بولدى.

1982 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1983 - يىلى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ش ش [1983] 64 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، دېھقانچىلىق نازارىتىگە قاراشلىق ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى (مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك) نى تەسىس قىلدى.

ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ بىر قانچە قارارلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل : 5—4

| ئاپپارات دەرىجىسى | ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | جاڭ چىڭبۇن | ئىدارە باشلىقى | 1977 - يىل 2 - ئايدىن<br>1979 - يىل 2 - ئايغىچە |
| | جىڭ سىخۇا | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1977 - يىل 2 - ئايدىن<br>1978 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | ئالىمجان | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1977 - يىل 2 - ئايدىن<br>1979 - يىل 4 - ئايغىچە |
| | لى گۇاڭ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1977 - يىل 2 - ئايدىن<br>1978 - يىل 6 - ئايغىچە |
| | ما مىڭلياڭ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1978 - يىل 2 - ئايدىن<br>1980 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | فەن يىپىڭ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1978 - يىل 3 - ئايدىن<br>1978 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | مۇسا روزى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979 - يىل 2 - ئايدىن<br>1980 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | ۋاڭ ۋېنتەن | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979 - يىل 3 - ئايدىن<br>1984 - يىلغىچە |
| | لى گۇاڭ | ئىدارە باشلىقى | 1979 - يىل 4 - ئايدىن<br>1984 - يىلغىچە |
| | شياۋ شىچىڭ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979 - يىل 9 - ئايدىن<br>1984 - يىلغىچە |
| | لۇ لېنلۇ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1980 - يىل 4 - ئايدىن<br>1980 - يىل 11 - ئايغىچە |
| | مۇھەممەت ھەسەن | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1980 - يىل 11 - ئايدىن<br>1985 - يىلغىچە |
| مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | مۇھەممەت ھەسەن | مەسئۇل كىشى | 1984 - يىلدىن<br>1985 - يىلغىچە |
| | ۋاڭ شۇلىڭ | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1984 - يىل 5 - ئايدىن<br>1985 - يىلغىچە |
| | لىۇ لىجيا | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1984 - يىل 5 - ئايدىن<br>1985 - يىلغىچە |

## 1 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1977 - يىلدىن 1983 - يىل 4 - ئايغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە بولۇپ، شتاتى 80 گە يەتتى. 1977 - يىلى ئىدارىگە قاراشلىق ئىشخانا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى، رېمونتچىلىق باشقارمىسى، مالىيە - بوغالتىر باشقارمىسى، پەن - مائارىپ باشقارمىسى، سىياسىي باشقارما، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى ۋە تەرجىمە - تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت 6 باشقارما، 1 ئىشخانا، 1 بۆلۈم تەسىس قىلىندى. 1978 - يىلى چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1980 - يىلى ئۇنىۋېرسال باشقارما بىلەن كەسپىي ئىشلار باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق نازارىتىگە قاراشلىق مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك ئىدارىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەسلى ئورگاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپارات قىسقارتىلىپ، شتاتى 25 كە چۈشۈرۈلدى. پەقەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باشقارمىسى، رېمونتچىلىق باشقارمىسى ۋە ئىشخانىدىن ئىبارەت 3 فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىي خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى 1 ئىشخانا، 2 باشقارما ئاساسىدا مالىيە - بوغالتىر باشقارمىسى، پەن - مائارىپ باشقارمىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باشقارمىسى (سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى دەپ ئاتالدى)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشقارمىسى (سىرتقا قارىتا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش پونكىتى دەپ ئاتالدى) دىن ئىبارەت 6 باشقارما، 1 ئىشخانىغا كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 باش پونكىت (باشقارما) كەسپىي ئاپپارات بولۇپ، شتاتى 20 دىن ئاشتى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە ئەمەلىي بار بولغان ئادەم سانى 68 گە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى باشقارما ، ئىشخانا مەسئۇللىرى

جەدۋەل : 5—5

| ئاپپارات دەرىجىسى | ئىسىم - فامىلىسى | باشقارما ، ئىشخانىلار نامى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | شۇ جىاچىڭ | ئىدارە ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | مەسئۇت | ئىدارە ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | ۋاڭ بۇ | مالىيە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە |
| | لى زىلياڭ | مالىيە باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | بى فېيفاڭ | مالىيە باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | ۋاڭ جۇڭ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | مۇھەممەت ھەسەن | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە |
| | چېن فېڭسى | گۆشچى - ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1977 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە |
| | خې سېن | گۆشچى - ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە |
| | خۇ يۇچىڭ | رېمونت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | ساۋ فېڭۋۇ | رېمونت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | لېي گۇاڭ | پەن - مائارىپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | ئىكرام | پەن - مائارىپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1981 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە |
| | مەسئۇم | پەن - مائارىپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1982 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | يۇسۇپ ئوختى | چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1978 - يىل 4 - ئايدىن 1979 - يىلغىچە |
| | ليۇ لىجيا | چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1982 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | چېن فېڭسى | سىياسىي باشقارما | باشقارما باشلىقى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | مۇھەممەت ھەسەن | سىياسىي باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە |
| | ھاپىز باست | سىياسىي باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە |
| | نيۇ جىچىڭ | سىياسىي باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | جاڭ گودۇڭ | سىياسىي باشقارما | باشقارما باشلىقى | 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| | سۇلتان مامۇت | ئۇنىۋېرسال باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە |
| | خې سېن | ئۇنىۋېرسال باشقارما | باشقارما باشلىقى | 1980 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە |
| | چېن فېڭسى | كەسپىي باشقارما | باشقارما باشلىقى | 1980 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە |
| | شۇ ۋېيشۇ | كەسپىي باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىلغىچە |
| | لى چىڭلۇ | كەسپىي باشقارما | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1979 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىلغىچە |
| مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | جاڭ باڭگو | ئىدارە ئىشخانىسى | مۇدىر | 1984 - يىل 3 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | قۇربان ئېلى | ئىدارە ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1984 - يىل 3 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | ۋاڭ جۇڭ | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1983 - يىلدىن 1984 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | لىن مېيجى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1983 - يىلدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |
| | بارات ئاسىم | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 12 - ئايغىچە |
| | لى خۇەنشىن | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | ئۇتتۇق مەتلى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | خۇ يۇجىڭ | رېمونت باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1983 - يىلدىن 1984 - يىل 12 - ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك ئىدارە | ساۋ فېڭۋۇ | رېمونت باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە |
| | كېرەم ئۇردۇن | رېمونت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 3 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | لىن مېيجى | مالىيە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 4 - ئايدىن 1985 - يىل 3 - ئايغىچە |
| | لى فېڭپىڭ | مالىيە باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 4 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | يۈسۈپ تۇردى | تېخنىكا كېڭەيتىش باشقارمىسى(باش پونكىت) | باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | ۋاڭ چاڭجيۇ | تېخنىكا كېڭەيتىش باشقارمىسى(باش پونكىت) | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | خۇ يۇچېڭ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باشقارمىسى (باش پونكىت) | باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| | بارات ئاسىم | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش باشقارمىسى ( باش پونكىت) | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |

## 2 . فۇنكسىيە

1977 - يىلى ئەتىيازدا دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاپپاراتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەندە ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى لايىھەلەش - ياساش كەسپىنى بەنە ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئىدارىسى باشقۇرغاندىن باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ، باشقۇرۇش ، رېمونت قىلىش ، پەن - تەتقىقات ۋە تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلەرنى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ ، يەنى « بەشتە بىر تۇتاش » كەسپىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ، دەپ بېكىتتى .

1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى يوللىغان « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى ، ھوقۇق دائىرىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار توغرىسىدا دوكلات »تا : « بەشتە بىر تۇتاش » بولۇش كەسپىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا ،ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ،

چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر خىزمەت تارمىقى، شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش پونكىتى، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە كەسىپ دائىرىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانى بىلەن يىللىق پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇش، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى بىلەن كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى تەقسىم قىلىش؛ سىستېما بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى، ئىشلىتىدىغان نەقچوتنى ئومۇملاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش؛ سىستېما بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ستاتىستىكا خىزمىتىنى تەشكىللەپ، يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتى ۋە ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ سىستېما ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش.

2) شىنجاڭ بويىچە گۆشچىلىك، ئەترەتلەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ماشىنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش. بۇ خىزمەت ماشىنا ئىشلىرىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۆزگەرتىش، قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىش، گۆشچىلىك، ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئاسراش، رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى ياخشىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئاسراش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەپ، ماشىنىلارنىڭ بېجىرىملىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات تۈرلىرى ۋە تېرىقچىلىق سۈپەت - ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەشغۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىشنى تەشكىللەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش: گۆشچىلىك، ئەترەت تەۋەلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇپ، گۆشچىلىك، ئەترەتلەردىكى تراكتورلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، تراكتور شوپۇرلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىدىن تېخنىكىلىق ئىمتىھان ئېلىش، باھالاش، كىنىشكا تارقىتىش ئارقىلىق، قائىدىگە خىلاپ ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ماي سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش، نېفت بەلەن تەمىنلەش تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مايلارنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ئىشلىرىنى ياخشىلاپ، مايىنىڭ باشقا ئورۇنلارغا ئىشلىتىلىپ كېتىشىنى توسۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدىغان مايغا كاپالەتلىك قىلىش.

3) گۆشچىلىك، ئەترەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇش. مەسىلەن: ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يەككە ماشىنا ھېساباتى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش ئۇسۇللىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئارقىلىق، ماشىنا ئىشلىرىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەھسۇلاتقا بىر-

لەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلىنىدىغان توختام تۈزۈمىنى قوللىنىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ يېزا ئىگىلىكىدە «قوش ھۆددىگەرلىك» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان رايونلار «بىر تۇتاش» بىلەن «ھۆددىگە ئېلىش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ ، «قوش ھۆددىگەرلىك» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛ گۇڭشې ، ئەترەتلەردىكى ھەر دەرىجىلىك ئىگىلىكتىكى چوڭ ، ئوتتۇرا تىپلىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى ھەمكارلىقىنى ياخشىلاشنى ، بىرلەشمە ئىگىلىكنى تەشكىللەپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش .

4) شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ھەم دېتال - زاپچاسلىرى (سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن سۇغىرىش ، سۇ چىقىرىۋېتىش ماشىنىلىرى ھەم دېتال - زاپچاسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى ھەم يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش بىلەن تەمىنلەش پىلانلىرىنى تۈزۈش ۋە رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ، سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش .

5) شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش . بۇ ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكىلىق قۇراللىنىشى ، بېكىتلاش ، ئۆزگەرتىپ ياساش ، تېخنىكا ھۈنەر - سەنئىتى ، رېمونت ئىش سائىتى ئۆلچىمى ؛ ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ، تېخنىكا باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشىلىشىغا ، ئىگىلىكنى ياخشىلاپ ، رېمونت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئىش مەزگىلىنى قىسقارتىپ ، تەننەرخىنى چۈشۈرۈپ ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ؛ ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ گۇڭشې ، ئەترەتلەر رېمونت قىلدۇرۇشقا ئېلىپ كەلگەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا رېمونت قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ ، نازارەت قىلىپ ، تېرىقچىلىق ۋاقتىغا ھەم گۇڭشې ، ئەترەتلەر ماشىنىلىرىنى ئۆزى رېمونت قىلىش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ۋە تېخنىكىلىق مۇلازىمەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

6) شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش . بۇ ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا كۈچلىرىنى ۋە تەبىئىي شارائىتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە تەشكىللەش ؛ گۇڭشې ، ئەترەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەھلىل قىلىش ؛ ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونلارغا ئايرىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ؛ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاللاش - يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان ماشىنىلارنى

كېڭەيتىش ئارقىلىق،يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات تۈرلىرىنى تەدرىجىي زورايتىپ ماشى-
نىلاشتۇرۇش ، سىستېمىلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ؛ رايونىمىزغا سىرتتىن كىرگۈ-
زۈلگەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ رايونىمىزدا ئىشلىتىشكە ماس كېلىش - كەل-
مەسلىكىنى سىناق قىلىش ئارقىلىق باھالاپ ، كېڭەيتىشكە ماس كېلىش - كەلمەسلىكىنى بېكى-
تىش ؛ رايونىمىزدا سىناق قىلىپ ياسالغان دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى يېڭى مەھ-
سۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشتىن ئىلگىرى سىناق قىلىپ باھالاش ، تېخنىكا ئۆلچە-
مىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەپ بېكىتىپ ، ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مەنپەئىتى-
گە كاپالەتلىك قىلىش ؛ ئاممۋى خاراكتېرلىك تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش
قاتارلىقلارنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ .

7) شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە مەسئۇل
بولۇش . بۇ ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ
باشقۇرۇش كۆلىمى ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ، دەرسلەرنى تەسىس قىلىش ، ئوقۇش
يىلىنى بەلگىلەش ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانىنى بېكىتىش ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە
دەرسلىك ماتېرىياللارنى تاللاش ئىشلىرىنى مۇقىملاش ۋە تەكشۈرۈش ؛ پىلان تارماقلىرى بىلەن
ھەمكارلىشىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ئىشلىرىنى را-
ۋانلاشتۇرۇش ؛ ھەر قايسى ناھىيلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەش
دائىملىق كۇرسلىرىنىڭ پىلان بويىچە گۈگشىپ ، ئەترەتلەردىكى تراكتور شوپۇرلىرىنى ، ھەر
خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى مۇددەت ۋە تۈركۈم بويىچە تېخنىكى-
لىق تەربىيەلەش ، تەكرار تەربىيەلەش بىلەن مالىيە ، ستاتىستىكا ۋە ماشىنا باشقۇرۇش بىلىملە-
رى بويىچە تەربىيەلەپ ، ھەر تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى لاياقەتلىك ئۆل-
چىمىگە يەتكۈزۈش ھەمدە تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، ھەر خىل قىسقا مۇددەت-
لىك كەسپىي تەربىيەلەشلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيە-
لەش دائىملىق كۇرسلىرىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش پروگ-
راممىسىنى بېسىپ تارقىتىش ، ناھىيلەردىكى دائىملىق تەربىيەلەش كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلى-
رىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەش ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى بويىچە ھەر دەرىجى-
لىك ئورگان ، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى دەرىجىسى
بويىچە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش پىلانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ .

8) ھەر دەرىجىلىك تەھرىر - تەرجىمانلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر
يېزىقلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللى-
رىنى تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىش ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەش قاتارلىقلار .

## 3 . ئىدارىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار

1) ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش - با-
ھالاپ بېكىتىش پونكىتى

بۇ 1974 - يىلى قۇرۇلغان كەسپىي ئورۇن بولۇپ، 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تەسلىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆزگەرتىلدى. تەسلىدىكى 14 شتات 40 شتاتقا كۆپەيتىلدى. 1985 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن يەنە «ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى» دېگەن نام بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي ئىشچى - خىزمەتچى 31كە يەتتى.

بۇ پونكىتتا ئىشخانا، ئاخبارات ماتېرىيال بۆلۈمى ۋە باھالاپ بېكىتىش - سىناق قىلىش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىپىنى تاللاش، سىناق قىلىش ۋە باھالاپ بېكىتىش قاتارلىق تېخنىكىلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش، باھالاپ بېكىتىش پونكىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەر قارارلىق نۆۋەت ئالمىشىپ تۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5—6

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| ساۋ بوجېن | شۇجى، فوشۇجى پونكىت باشلىقى | 1974 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە |
| لى چېڭلۇ | مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى | 1974 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە |
| نيۇ تېجۇەن | مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى | 1977 - يىل 12 - ئايدىن 1984 - يىلغىچە |
| گاۋ زېجۇڭ | پونكىت باشلىقى | 1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە |
| ۋاڭ جۇڭ | پونكىت باشلىقى | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە |
| سۇن كەيجى | مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى | 1985 - يىلدىن باشلاپ |

## 2) ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

1977 - يىلى بۇ مەكتەپ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 8 يىل جەريانىدا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 109 دىن كۆپىيىپ، 157 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 43 تىن كۆپىيىپ 70 كە يەتتى. مەزكۇر مەكتەپ شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە ھەر مىللەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1961 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى مەسئۇللىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل : 5—7

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| شۇ شاۋتيەن | مۇدىر | 1961 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە |
| جاڭ شيۇيى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1983 - يىلغىچە |
| سادىر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1980 - يىلغىچە |
| ليۇ لۈمىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1983 - يىلغىچە |
| جى يۈجيې | مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى | 1979 -يىل 8 - ئايدىن 1982 - يىل 8 - ئايغىچە |
| سۇن بۇەنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە |
| بولداش تاجى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981 - يىل 8 -ئايدىن 1983 - يىلغىچە |
| مۇھەممەت ھېزىم | مۇدىر | 1984 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| شيې تيەنزەن | مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى | 1984 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| يۈسۈپ تۇردى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1984 - يىل 9 -ئايدىن 1984 - يىل 12 - ئايغىچە |
| سۇن كەيچى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە |
| ئۆمەرجان | مۇئاۋىن مۇدىر | 1985 - يىل 4 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |

3) ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى

بۇ كۇرس 1974 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شتاتى 8. 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. مۇقىم شتاتى 24، بۆلۈم دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن. 1985 - يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11. ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى پىلان بويىچە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ مەسئۇللىرى

جەدۋەل : 5—8

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| سۇن يۈەنجاڭ | مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە |
| لى يىڭخۇا | مۇدىر | 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە |
| ئابدۇرېھىم ئارۇپ | مۇدىر | 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن |

## 4) ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى

بۇ پونكىت 1978 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، كارخانا خاراكتېرىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن، شتاتى 30 . 1979 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەمەلىي بار ئىشچى - خىزمەتچىسى 28 بولۇپ، 1981 - يىلى 37 گە كۆپەيدى. ئاساسلىقى پولات ماتېرىيال ۋە ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جەدۋەل : 5—9

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| گاۋ داچۈەن | پونكىت باشلىقى | 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە |
| گاۋ داچۈەن | دىرېكتور | 1984 - يىل 12 - ئايدىن 1985 - يىلغىچە |
| يەن دۈنرۇڭ | شۇجى | 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىلغىچە |

## 5) ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى

بۇ شىركەت 1964 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ قۇرۇلغان. 1977 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي بار ئىشچى - خىزمەتچىسى 299 بولۇپ، 1981 - يىلى 441كە كۆپەيتىلدى.

1983 - يىلى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇ شىركەت ماشىنىسازلىق سانائىتى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرى

جەدۋەل : 5—10

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپىگە ئۆتەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| ياڭ لىچۈن | مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە |
| لى زىلياڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1979 - يىل 5 - ئايغىچە |
| ياسىن تۇردى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە |
| جياڭ دېسەي | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| ئېلى ياقۇپ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| دۇڭ داچۈەن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1977 - يىلدىن 1979 - يىل 3 - ئايغىچە |
| لۇ چياڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1979 - يىل 9 - ئايدىن 1983 - يىلغىچە |
| ئابدۇللا سىيىت | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981 -يىلدىن 1983 - يىلغىچە |
| باۋ باۋشېڭ | پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى | 1979 - يىل 6 - ئايدىن 1983 - يىلغىچە |

## § 6 . ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار

پارتىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى كۆرسەتمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاتىلىشى ئوخشاش بولمىغان ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى .

### 1 . ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشخانىسى

1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى . بۇ ئىشخانا دېھقانچىلىق نازارىتى ، 2 - سودا نازارىتى (ھازىرقى ش ئۇ ئا ر تەمىنات سودا كوپېراتىپى) ، سۇچىلىق نازارىتى ، چارۋىچىلىق نازارىتى ، بىڭتۇەن ، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ، دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى ، قول سانائەت بىرلەشمىسى ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ، ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ، بوز يەر ئېچىش ئىدارىسى ۋە قۇرۇلۇش كومىتېتىدىن ئىبارەت 15 ئورۇندىن ئاجرىتىلغان 20 ئادەمدىن (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق نازارىتىدىن 4 ، بىڭتۇەن بىلەن سودا نازارىتىدىن 2 ، قالغان ئورۇنلار 1 دىن ئادەم ئاجراتتى) تەشكىل تاپتى . ئىشخانا قارمىقىدا كاتىبات گۇرۇپپىسى ، تېخنىكا تەتقىقات گۇرۇپپىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ، پىلان گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى .

دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ، خەلق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن كونكرېتنى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئاساسلىق ۋەزىپىسى - شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەش ۋە ھەر خىل تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىش ، باھالاپ چىقىش ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلاھ قىلىنغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېڭەيتىش ؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزۈپ ، ھەمكارلىقنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدىغان خام ماتېرىيال ، پولات ماتېرىيال قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت .

### 2 . ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى

1972 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . سۇڭ جىخې گۇرۇپپا باشلىقى ، جياڭ شىگۇڭ (ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىلىرى) مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى .

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى : يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يۆنىلىشى ، لۇشيەنى ، سىياسىتى ۋە پىلانلىرىنى تۈزۈش ؛ شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە سۈيلەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت .

### 3 . ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى

1977 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم « ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش »نى تارقاتتى . رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

گۇرۇپپا باشلىقى : جاڭ شىگۇڭ

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى : لى يۈنخې ، چى گو ، لى جيابۇ ، جاڭ سىمىڭ ، تۆمۈر داۋامەت

ئەزالىرى : ۋاڭ جېندۇڭ ، شياۋ فېڭرۇي ، تيەن جۈڭ ، چېن شى ، گو شياڭخۇ ، سابىر ، جاڭ چىڭبۇن ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا ، خې جىنئەن ، لى كېچۈەن ، سايىتوۋ ، لى خۇابى ، ليۇ بىڭجېڭ ، يولداش ، ئىسمائىل مەخسۇت

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئىشخانا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ئىچىدە ئىش بېجىردى . ئىشخانا مۇدىرلىقىنى جاڭ سىمىڭ قوشۇمچە ئۆتىدى . ئىشخانا خادىملىرى ۋاقىتىنچە 15 قىلىپ بېكىتىلدى ، بۇلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تاللاپ ئىشلىتىلدى .

ئىشخانىنىڭ ۋەزىپىسى : شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش پىلانىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش ،مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تىپلارنى چىڭ تۇتۇش ؛ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ؛ ھەر قايسى كەسىپ ۋە ھەر قايسى تارماقلارنى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەش ؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ، ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە مەركەزگە ئەھۋاللارنى يوللاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت .

## § 7 . ۋىلايەت (ئوبلاست)لىك ، ناھىيە ، گۇڭشې (يېزا)لىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1961 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئاقسۇ ، بورتالا ، سانجى ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى قۇرۇلدى .

1973 - يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئىنقىلابىي كومىتېتىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. قورغاس، شىخو، لوپنۇر، ئۈرۈمچى، گۆچۈڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارە (بۆلۈم)لىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمەن باشقۇرۇش، تەمىنلەش، رېمونت قىلىش، ياساش، پەن تەتقىقاتى ۋە تەرغىبلەشتىن ئىبارەت «ئالتە بىرلەشتۈرۈلگەن» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

1974 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قىشلىق رېمونت، تېرىلغۇ تەييارلىقى خىزمىتى يىغىنى خاتىرىسىنى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەم ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قوشۇلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى ئەسلىدىكى تراكتور باش پونكىتى ۋە تراكتور پونكىتلىرى ئاساسىدا قۇرۇلدى. ۋىلايەتلەردىكى ئىدارىلەرگە ئادەتتە 15 تىن 20 گىچە ئادەم، ناھىيىلەردىكى ئىدارە (بۆلۈم)لەرگە 7 دىن 12 گىچە ئادەم سەپلەندى؛ خەلق گۇڭشېلىرىدىمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى (كەسپىي شتات) قۇرۇلۇپ، 3تىن 5 كىچە ئادەم سەپلەندى.

1976 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، 84 ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، 523 گۇڭشې (گۇڭشې ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى)دا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندى.

1985 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇش خادىملىرى 1007گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 199غا ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 808 گە يەتتى. يېزا (بازار)لىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى 669 بولۇپ، باشقۇرۇش خادىمى 5119 غا يەتتى.

1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) ، ناھىيەلەردىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

جەدۋەل : 5—11

| ۋىلايەت ( ئوبلاست ) ، ناھىيەلەر نامى | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ نامى | ئاساسلىق مەسئۇل خادىملار ئىسىملىكى | خادىملار | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | شتات | نەق بارى | |
| ئىلى ئوبلاستى | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ زېجاۋ ، بازار | | 17 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ، تەربىيەلەش ، تېخنىكا كېڭەيتىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل بولىدى |
| ئىلى ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | شۈي چىلياڭ | | 16 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| غۇلجا شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ما لى | | 12 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| غۇلجا ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ كاڭلى | 10 | 26 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى يۇمىڭ | 6 | 21 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قورغاس ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى سېن | | 23 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نىلقا ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭ ۋېيفاڭ ، ئابلەت | 6 | 29 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۈنەس ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئەي جۇگو | 10 | 12 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | فۇدابىرگەن | 6 | 21 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| تېكەس ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئابابەكرى | 5 | 15 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ياسىن | 7 | 26 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئارباغاتاي ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | لى جۇندې | 14 | 14 | |
| چۆچەك شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لۇ جۇڭشياۋ | | 8 | |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ چيەنيۇ | | 10 | |
| شىخۇ ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | يۇ خۇيۈن | 7 | 7 | |
| تولى ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ماڭ لىداۋ | 7 | 6 | |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | سادىن | | 6 | |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | قادىرقان | 5 | 6 | |
| ساۋەن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | سۇن شىشىن | 7 | 8 | |
| ئالتاي ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | لى گوگاڭ | 9 | 10 | |
| ئالتاي شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | سۇي شىجى، باۋمۇقان | | 9 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بۆرچىن ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | خۇشجىيەن | | 13 | |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جۇ زېڭنولۇ ، ئىسلاھات | 7 | 5 | |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چېن جېڭسى ، ئالىمبېك | 9 | 9 | |
| قابا ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭ بوخۇا | 5 | 5 | |
| جېمىنەي ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ساقىندىك ، بەي چىڭناڭ | | 11 | |
| چىڭگىل ناھىيىسى | بېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چېك جىلىن | 5 | 5 | |
| بورتالا ئوبلاستى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى چيۈەن ، تۆلەۋقان | 10 | 12 | |
| بورتالا شەھىرى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ شىناڭ | 5 | 6 | |
| جىڭ ناھىيىسى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاۋ جيەنرۇڭ | 5 | 6 | |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ما بوگوي | 6 | 9 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | شۇ يېنىن، لى يۇەنجېن | 20 | 20 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا مەسئۇل |
| سانجى شەھىرى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لۇ جىڭسوڭ، جاڭ گوجۇ | 7 | 14 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لۇ جىجۈن، يې جىنگاڭ | 7 | 15 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| مىچۈەن ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لېي تيەنجۇاڭ، ئابلىز | 7 | 7 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| فۇكاڭ ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭ چېدې، خې جيافۇ، زو داۋچاڭ | 15 | 16 | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جىمسار ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چېڭ جېنپې | 6 | 10 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىختىسىنى كېڭەيتىش، نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى يۇڭنيەن، ئىسمائىل | 9 | 12 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جۇ خۇەيۋېن | 6 | 14 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش، نازارەت قىلىشقا مەسئۇل |
| ماناس ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭلىياڭ، فېي دېجۈن | 8 | 15 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق باشقارمىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشخانىسى | ئابدۇراخمان | | 6 | |
| قۇمۇل شەھىرى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ جىڭەي، مياۋگۇ | 7 | 9 | |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى جىنگۈي، جاڭ يۈگۈي | | 10 | |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇھەممەت، گاۋ يۈشى | | 12 | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | ۋۇ يۈەنئەن، ئەخمەت | 12 | 12 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، كېڭەيتىش، تەربىيىلەشكە مەسئۇل |
| تۇرپان شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لىيۇ دېجۈن | | 4 | |
| پىچان ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لياۋ يىجىڭ | 5 | 6 | |
| توقسۇن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئابدۇرېھىم | | 14 | |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ زىبو، لىيۇ جيەنشۇ | 11 | 9 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كورلا شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ لۇچياڭ | 6 | 6 | |
| بۈگۈر ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇھەممەت ئاسىم | 6 | 3 | |
| لوپنۇر ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ يىرۇ | 4 | 4 | |
| چاقىلىق ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | بارى | 3 | 2 | |
| چەرچەن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ھوشۇر ئىمىن | 5 | 6 | |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ما فۇشياڭ | 6 | 5 | |
| خېجىڭ ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | نىياز | 5 | 5 | |
| خوشۇت ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لياڭ گۇەندېڭ | 5 | 3 | |
| باغراش ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋې شىجېڭ | 4 | 5 | |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | جاڭ دوجى | 15 | 22 | |
| ئاقسۇ شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | خۇاڭ جېڭ | 11 | 13 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئونسۇ ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ياسىن داۋۇت، باۋ داچۇن | 7 | 8 | |
| كۇچا ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ما جىندى | 9 | 9 | |
| شايار ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جۇ زوبىڭ | 6 | 6 | |
| توقسۇ ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | پېڭ جۇبېن | 9 | 7 | |
| باي ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چېن بەنلىق | 8 | 6 | |
| ئۇچتۇرپان ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئەممەت رېھىم | 5 | 7 | |
| ئاۋات ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | تۆمۈر مۇھەممەت | 7 | 8 | |
| كەلپىن ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | رۇسۇل | 4 | 6 | |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئابلىز، شياۋ مۇدى، لىيۇ خۇگرېن | 13 | 14 | |
| ئاتۇش ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | قۇربان | 9 | 7 | |
| ئاقتۇ ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | تۇرسۇن، ۋاڭ كەيۇڭ | 6 | 22 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئانچى ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مالىچيەن، روزىئاخۇن | 7 | 6 | |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى مىنشىلاق، ئىسمائىل | 7 | 9 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | ۋاڭ جى | | 29 | |
| قەشقەر شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇھەممەت ساۋۇت | | 7 | |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مۇھەممەت سىدىق | | 10 | |
| قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئۇر روزى | | 11 | |
| يېڭىسار ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | كامىل | | 8 | |
| پوسكام ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | لى چۈەنجۇ | | 9 | |
| يەكەن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | سېيت | 9 | | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئۇراپ | | 12 | |
| مەكىت ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئۇراپجان | | 12 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بوپۇرغا ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | بۇ دېڭەن | | 5 | |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جياڭ جىبىن | | 12 | |
| مارالبېشى ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئەمەت | | 13 | |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | شۈي ۋەنجىن | | 10 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى | مۇھەممەت ھېبىت | 17 | 12 | |
| خوتەن شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چېن كاڭلىك | 4 | 7 | |
| خوتەن ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭ لىبى | 19 | 13 | |
| قاراقاش ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | قاسىم | 14 | 12 | |
| گۇما ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | داۋۇت | 6 | 5 | |
| لوپ ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭلىيەنچۈەن | 8 | 4 | |
| چىرا ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ۋاڭخوگچۈەن | 5 | 4 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كىربە ناھىيەسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | خالىق | 8 | 8 | |
| نىبە ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | مەتتۇرسۇن جامال | 6 | 5 | |
| شىخەنزە شەھىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | چىن ۋېيچېەن | | 6 | |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | جاڭ شۇ | 11 | 7 | |

## 8 § . بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى

### 1 . بىڭتۇەن ماشىنا باشقارمىسى

1953 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇش ئورنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باشقارمىسىدا ماشىنا ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1954 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ بىڭتۇەن دېيىلدى).

1957 - يىلى بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىدا ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى، جېڭ سىخۇا باشقارما باشلىقى بولدى.

1958 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن پارتكومى ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن ترانسپورت باشقارمىسىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلىپ ماشىنا ئىشلىرى ترانسپورت باشقارمىسى قۇردى. جېڭ سىخۇا 2 - باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىگە مەسئۇل بولدى. ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بۆلۈمى، رېمونت قىلىش - سەپلەش تېخنىكا بۆلۈمى، ماي ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، تەقسىم قىلىش، ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، پەن تەتقىقاتى، ماي ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، خادىملارنى تەربىيىلەش قاتارلىق كەسپلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1963 - يىل 1 - ئايدا بىڭتۇەن پارتكومى ماشىنا ترانسپورت باشقارمىسىنى ماشىنا

ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ترانسپورت باشقارمىسىغا ئايرىشنى قارار قىلدى. 1964 - يىلى ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

1975 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركەز بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىڭتۇەن رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ بىڭتۇەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىگە ئاساسلىق مەسئۇل قىلىندى.

## 2. يېزا ئىگىلىك شى، تۇەن — مەيدانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپپاراتلىرى

9-ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى فۇكاڭ ناھىيىسىدە ئائىلىلەردە ماشىنا ئارقىلىق ئوت-چۆپ سىلوسلاش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا 150 تىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۈشەن، دائىمىي ھەيئەتى خەلچەم ئىسلام، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى قاتارلىقلار قاتناشتى. لى شۈشەن ئۆز سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىرىنچىدىن سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن ئىلىم-پەنگە، ئۈچىنچىدىن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا تايىنىش كېرەك». يۈسۈپ مۇھەممەدى ئۆز سۆزىدە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش «دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش، ئېتىز پەرۋىشى، ھوسۇل يىغىش، خامان تېپىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق پۈتكۈل جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەشتىن تاشقىرى، يەنە يېزىلاردىكى ئائىلىۋى چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېزا-بازار كارخانىلىرى قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم».

12-ئاينىڭ 17-كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى شىي تيەنزەننى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئۇنىۋېرسال رايونلاشتۇرۇش پىلانى» يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «ماي ئورنىدا سۇ ئىشلىتىلىدىغان مېتال يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى كېڭەيتىش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن -

تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1987 - يىلى

بىڭتۈەن 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ 148 - تۈەنىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا 75 ئادەم قاتناشتى. بىڭتۈەننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى شېي گاۋجۇڭ ئۆز سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ تەق تۇرۇش مىقدارى 16 مىڭ 582 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 10 مىڭ مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.25 ئارىلاشما تراكتوردىن توغرا كەلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 120 مىليون ئۆلچەملىك مو بولدى. بىڭتۈەندە ئومۇمىي خەلق، كوللېكتىپ، يەككىلەردىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى 51% نى (چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 64.3% نى) ئىگىلىدى. يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش - ئىشلىتىش يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يىغىندا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» تۈزىتىلدى ھەمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېڭى ماشىنا - سايمان، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ماشىنا ئىشلىرى رايونىنىڭ ئاساس مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، رېمونت قىلىشنى ياخشى يولغا قويۇش، ماشىنا ئىشلىرى قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى رىياسەتچىلىك قىلىپ پىچان ناھىيىسىدە قۇرۇق ئۈزۈمنى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلەر بويىچە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش - بېكىتىش يىغىنى چاقىرىپ، ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى لايىھىلىگەن، شىنجاڭ قىزىلبايراق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقارغان قۇرۇق ئۈزۈمنى سېپىدىن ئايرىش ماشىنىسى، ترانسپورت ماشىنىسى ۋە دەرىجىگە ئايرىش ماشىنىسىنى سىناپ ئىشلەتكەندىن كېيىن، 3 خىل ماشىنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلاتى قولاي، خىزمەتتە ئىشەنچلىك، شاۋقۇنى ئاز، ئەۋرىشكە ماشىنىلارنىڭ ياسىلىش سۈپىتى ياخشى ئىكەن، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلە-

رىنى باھالاپ ـ بېكىتىشنى ئۆتتى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خەۋەرلىرى»نى نەشر قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلارغا تارقاتتى. مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئارا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزدى ۋە ئالماشتۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى (شىخەنزە شەھىرى) دا مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ھەمدە تىپىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ، جەمئىي 120 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى چېن ۋېنخۋانى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇنۋان ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش ـ بېكىتىش خىزمىتىنى ماس قەدەمدە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىڭتۇەن ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىدىمۇ ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ ـ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھەمدە ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى جەمئىي 45 ئادەم ئالىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئالىي ئىنژېنېر 21 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: ۋاڭ چاڭچيۇ، خۇجيەنتاڭ، خۇاڭ چېڭ، ۋۇ چىڭجۇ، سۇن كەي، سۇ تۇڭچىن، ۋاڭ شۇچۈەن، ۋاڭ خۇاشياڭ، ليۇگۇاڭيۈەن، لىيۇ يۇگۈي، گاۋزىجۇڭ، ۋاڭ جۇڭ، دۇڭ چىگرۇڭ، جاڭ باڭگو، شاڭ داشېڭ، نيۇتيەنچۈەن، جاڭ گۇڭبى، جاڭشۇ، جۇشۇۋېن، خۇجىنپىڭ، جاڭ سۇشيا.

ئالىي لېكتور 20: خەن شۇربىن، لى شيەنلياڭ، مۇھەممەت ھېزىم، لى شۇلىيەن، ۋاڭ شۇچىن، شيۇڭ شىلىن، جىڭ گو، ئۆمەرجان، چى چېڭئەن، رۇن يۇڭجيەن، جېڭ جيۇرۇ، چېن ۋېنخۇي، سانىيە، ۋاڭ رۇڭ، لى جېمىن، زۆرەم، توختى، جاڭ يۇڭجى، شۇ يۇگېن، جاڭ گۇيئېي.

كاندىدات ئالىي تەرجىمان 2: قۇربان ئېلى، قۇربان سايىت.

ئالىي ئىقتىسادچى 1: لىيۇزۇمىڭ.

كاندىدات مۇدىر ۋاراچ 1: سۇن شاۋشيەن.

ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىن ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىش-

كوچىلار جەمئىي 60.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى يەكەن ناھىيىسىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 162 ئادەم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى خەلچەم ئىسلام يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ۋەكىللەر يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى، ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنى، ئوت - چۆپ سىلوسلاشتىكى نەتىجىلىرىنى، ئائىلىلەردە ئوت - چۆپ سىلوسلاش، بوپۇق يېپىپ كۆممىقوناق تېرىش، سامانىنى سىلوسلاش، يەرنى ئاغدۇرۇپ ئوت - چۆپنى باسنۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەق مەيدان ماھارىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتى داۋامىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىق ھەققىدىكى تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلدى، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ شۇ يىللىق 200 مىڭ توننا (400مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش) ئوت - چۆپنى سىلوسلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

1988 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا يەنە 1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 59 تۈر مۇكاپاتلاندى.

11 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ 147 - تۈەنى ئۈستىگە ئالغان كۆلدە بېلىق بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش تۈرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مەزكۇر تۈەن 31 .30 مولۇق تەجرىبە كۆلىدىن جەمئىي 20 مىڭ 214 كىلوگرام بېلىق ئالغان، ساپ بېلىق مەھسۇلاتى 16 مىڭ 332 كىلوگرامغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 544 كىلوگرام، مو بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ پايدا 37 .269 يۈەن بولغان. قاتتىق سوغۇق، قۇرغاق، سۇ كەمچىل، ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا ماشىنىلاشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق تۇجۇبىلەپ بېلىق بېقىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش شىنجاڭدا كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە دەپ قارالدى.

يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازارلاردا 443 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، 221 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، 2268 ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت گورۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى شەكىللەندى. يېزا - بازارلاردا 411 رېمونت قىلىش نۇقتىسى، كەنتلەردە 109 رېمونت قىلىش نۇقتىسى بار بولدى. رېمونت قىلىش كەسپىي ئائىلىسى 917گە يەتتى، رېمونت قىلىشتا نۇقتا بەلگىلەش، سەييارە رېمونت قىلىش، ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق رېمونت قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلدى.

يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى « 1987 - يىللىق ئائىلى-
لەردە ئوت - چۆپ سىلوسلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە مۇكاپاتلىنىدىغان
ئورۇن ۋە شەخسلەر » ، « 1987 - يىللىق يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇ-
رۇش بويىچە ئىلغار مۇلازىمەت پونكىتلىرى »نى باھالاپ چىقىپ ئېلان قىلدى .
شۇ يىلى ياۋروپا مەسلىھەت بېرىش شىركىتى بىلەن گوللاندىيە يوشۇرۇن تۈرۈبىلارغا چۈ-
نەك قېزىش ماشىنىسى زاۋۇتىدىن تەشكىللەنگەن تېخنىكا گۇرۇپپىسى بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 -
شىسىنىڭ 29 - تۇەنىدە گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن « BSS—300 » تىپلىق يوشۇرۇن تۈرۈبا ئاز-
گىلى كولاش ماشىنىسى ئارقىلىق سىناق تەرىقىسىدە تۈرۈبا ياتقۇزۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىش-
تى . مەزكۇر تەجرىبە شىنجاڭدىكى ئوچۇق زەيلىكتە سۇ ئېقىشنى يېپىق زەيلىكتە سۇ ئېقىتىپ
شورلاشقان تۇپراقنى ياخشىلاشنى تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى .

## 1988 - يىلى

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارى-
سى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئى-
دارە (باشقارما) باشلىقلىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش
خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلار يىغىنى چاقىردى ، يىغىنغا 74 ئادەم قاتناشتى . يىغىندا مەملىكەت-
لىك يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ، شىنجاڭ بويىچە 1987 - يىللىق يېزا ئىگىلىك-
نى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يەكۈنلەندى ، 1988 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى .
1978 - يىلى ئائىلىلەردە ئوت - چۆپنى ماشىنا ئارقىلىق سىلوسلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش
خىزمىتىدە نەتىجىسى ئەلا بولغان ئىلغار ئورۇن ، شەخس ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇ-
رۇش مۇلازىمەت پونكىتى خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئىلغار يېزا (بازار)لىق يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى مۇكاپاتلاندى . ئىدارە باشلىقى مۇ-
ھەممەت ھەسەن « ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، يېزا ئى-
گىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى » دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى .
ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : 1987 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا ئورۇن-
دالغان مەشغۇلات مىقدارى جەمئىي 255 مىليون ئۆلچەملىك مو (بىگتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالماي-
دۇ ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولدى ، ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى 70% ، تېرىش سە-
ۋىيىسى 52% ، يىغىش - ئورۇش سەۋىيىسى 19% بولۇپ ، 1986 - يىلدىكىدىن ئايرىم -
ئايرىم ھالدا 1 .2 ، 2 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى ئۆرلەپ ، بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى بىر ئىز-
دا توختاپ قېلىشتەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى ؛ ئائىلىلەردە ماشىنىدا سىلوسلانغان ئوت -
چۆپ 700 مىڭ توننا بولۇپ ، 1986 - يىلدىكىدىن 5.2 ھەسسە ئاشتى ، 10 مىڭ تونىلىق تا-
ھىيىدىن 22سى ، قوش مىڭ تونىلىق يېزىدىن 110ى بارلىققا كەلدى ؛ ماشىنىدا يوپۇق يېپىل-
غان يەر كۆلىمى 712 مىڭ موغا يېتىپ ، 1986 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسە ئاشتى . 1988 - يىللىق

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە قارىتا 7 تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، يەنى تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ، ئۇقتىلىق بۆسۈش ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئۇقىندا سىناق قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش ؛ تېخنىكا كېڭەيتىشنى مۇھىم ئۇقتا قىلىش ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - مائارىپ خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇتۇش ؛ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىش ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش ؛ ئۆلچەم ۋە ستاتىستىكىنى كۈچەيتىش ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشتىن ئىبارەت .

6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئۇنىۋېرسال ئۇقىندا سىناق قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ، گۇرۇپپا باشلىقى ، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئىدارە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى . فۇكاڭ ، ماناس ، يەكەن ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال سىناق ئۇقتىسى قىلىندىغان ناھىيە قىلىپ تاللاندى .

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شەنشى ، گەنسۇ ، نىڭشيا ، چىڭخەي ، شىنجاڭدىن ئىبارەت 5 ھەمكارلاشقان ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيەتلىرى 1988 - يىللىق يىغىنىنى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئۆتكۈزدى ، سەندۇڭ ، خۇنەن ، گۈيجۇ ، گۇاڭشىدىن ئىبارەت 4 ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى . يىغىنغا جەمئىي 51 ئادەم قاتناشتى . يىغىنغا تاۋار ئاشلىق بازىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، پەن تەتقىقات ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى ، مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى . يىغىندا 46 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى ، 16 ئاپتور ماقالە ئوقۇدى .

9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى « 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر توپلىمى »نى تۈزۈپ نەشر قىلدى ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 100 تۈر ئېلان قىلىندى . مۇكاپاتلىنىش مەزمۇنى تەتقىقات ، تەجرىبە ، كېڭەيتىش ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ، باشقۇرۇش ، نازارەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 11 تۈر ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 40 تۈر ، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 49 تۈر .

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنىدىكى جوجىجۇڭ باشچىلىقىدا تەتقىق قىلىنغان

«ئۈرۈمچى ئۈزۈمنى ئىنچىكە پىششىقلاش ھۈنەر - سەنئىتى ھەمدە يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر تەتقىقاتى» تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە يېڭى مەھسۇلات ماشىنا ئەۋرىشكىسى بويىچە باھالاشتىن رەسمىي ئۆتتى. پۈتۈن يۈرۈش ئەسلىھە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىشتىن تاكى مەھسۇلاتنى ئوراش - قاچىلاشقىچە بولغان 24 تەشكىلىي قىسىمدىن تەركىب تاپتى. ئاساسلىق تاق ماشىنىلاردىن تەۋرىنىپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، ئۈزۈمنى سېپىدىن ئايرىش — توپا — چاڭ ئادالاش، ھەقىقىي بوشلۇق ئارقىلىق ئەخلەت ئادالاش، يۇيۇش - تەۋرىنىپ سۇسىزلاندۇرۇش، مەركەزدىن قېچىش كۈچى ئارقىلىق سۇسىزلاندۇرۇش، مايلاش، ئايرىپ تەكشۈرۈش، بوللاش، ئوراش - قاچىلاش ماشىنىسى ھەمدە باش كونترول سۇپىسىدىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەرنىڭ ساپ خىزمەت - ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 500—700 كىلوگرام/سائەتكە يەتتى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن خالتىغا قاچىلىنىپ، ئورالدى، تەييارلانغان مەھسۇلات ئەخلەتسىز، مىكروبسىز بولۇپ، ساقلاشقا مۇۋاپىقلاشتى.

10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شەنشىدە «مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى» چاقىردى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى «مەكتەپ ئىچىدىكى ئۆگىنىش بازىسى قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ساۋەن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 109 ئادەم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى خەلچەم ئىسلام يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەسەن ئۆز سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش تۈزۈمىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، قەرەللىك تەكشۈرۈش، ئەھۋالغا قاراپ رېمونت قىلىش — بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستراتېگىيىلىك نىشان، مەخسۇسلاشقان رېمونتچىلىقنى يولغا قويۇش — تەرەققىيات يۆنىلىشى، رېمونتچىلىق تۈزۈلمىسىدە دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككىلەر ئىلكىدە بولۇشتىن ئىبارەت كۆپ خىل شەكىل بىرلىكتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان ئاسراش - رېمونت قىلىش تورلىرىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، بىر كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش لازىم». شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ بويىچە قىش، ئەتىياز مەزگىللىك رېمونت قىلىش ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى

كۈچەيتىپ ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرايلى » دېگەن مەسىلىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات لايىھىسى مۇزاكىرە ئارقىلىق ماقۇللاندى . ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئورگانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش شەكلىنى تەڭشەش ، كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، ھەممە كەسىپ ، ھەممە ساھەدە ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش ، كۆپ خىل ، كۆپ قاتلام بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەبلىغى توپلاش ، يېزا ، بازار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى پونكىتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى .

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى جۇجېنجۇڭ باشچىلىقىدا تەتقىق قىلىنغان « قۇرۇق ئۈزۈمنى ئىچكە پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى ھەمدە يۇرۇشلەشكەن ئەسلىھەلەر تەتقىقاتى » تېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . 1992 - يىل ئاخىرىغا قەدەر تۇرپان ، پىچان ، قۇمۇل ، ئۈرۈمچى ، خوتەن ، خوڭلىيۇخې ھەمدە گەنسۇ دۇنخۇاڭدا ئىچكە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 7 سى قۇرۇلۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى .

شۇ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۆزگەرتىپ لايىھىلىگەن « 9ZP—1.6A » تىپلىق ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ، شىنجاڭ « 1 - ئاۋغۇست » يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى بىلەن ماناس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان « 6DQ—8 » تىپلىق قارا گازىر ماشىنىسى ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى لايىھىلىگەن ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى ياسىغان « 3WWD—100 » تىپلىق ئاسما شەكىللىك شامال ئۈزانغۇچلۇق مەركەزدىن قاچقۇچى تۇمان پۈركۈگۈچ قاتارلىقلار تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى .

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۈرلىرى مۇنۇلار : تەۋرىنگۈچ دەستە ئارقىلىق ئورۇق يۇرۇشتۇرگۈچ ماشىنا دۆلەتنىڭ كەشپىيات 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ؛ يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكا ياخشىلاش مۇكاپاتىغا ؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتىكى ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ، ئائىلىلەردە ئوت - چۆپ سىلوسلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ، « 1LYF—435/435A » تىپلىق سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق يەر ئاغدۇرىدىغان قوش يۆنىلىشلىك سىپالكا ، « 2FYA—4.2 » تىپلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاممىياك بىلەن ئوغۇتلاش ماشىنىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ؛ يۇملاق شەكىللىك پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ - ياخشىلاپ ئۈس-

ئۆرۈش، شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش تۈزۈمى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش تۈزۈلمىسى ھەققىدە تەتقىقات، چۆچەكنىڭ «4TW—3/2» تىپلىق قىزىلچا چاقلاش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز يىغىش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەجرىبە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «5TZ—300» تىپلىق قارا گازىر مېغىزىنى ئايرىش ماشىنىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئوچقۇن» پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1989 - يىلى

1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى بىرلىكتە سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن «ئائىلىلەردە ئوت - چۆپ سىلوسلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش» تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ھەققىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمى پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى قاتارىدا باھالىنىپ ئۆتتى ھەمدە پۈتكۈل فىلىمنى تارقىتىپ 45 مىنۇت ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە چۈشەندۈرۈش قارار قىلىندى. فىلىمدە ئائىلىلەردە ئوت - چۆپ سىلوسلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئىلمىي تېخنىكىسى ۋە ئوت - چۆپ سىلوسلاش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ جەريانى، ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلىتىش، تىپ تاللاش ھەمدە كېڭەيتىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك، ئۈلگە كۆرسىتىش رولى شەرھلەندى.

2 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى يەككىلەر ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كەنتتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تورلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يەككە ئائىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ھەل قىلىش؛ «ئېتىز، ماشىنا، ماي» ئۆزئارا باغلانغان مەشغۇلات توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىنى بازار ئارقىلىق تىزگىنلەشنى ھەل قىلىش؛ ھەقلىق مۇلازىمەت ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، مەبلەغنى ئۆزى جۇغلاش، ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مېڭىش.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى دوكلات يىغىنى چاقىردى، ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن مەزمۇنى مۇنداق بولدى: جايلاردىكى رېمونت ئىشچىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن سىناش، ئاسراش - رېمونت قىلىش تور - نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلىش؛ يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ما-

شىنىلىرىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ، تەمىنلەش ، رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنى نۇقتىـ
دا سىناق قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ، ئاسراش ـ رېمونت قىلىش ، تەكشۈـ
رۈش ـ ئۆلچەش ئىقتىدارى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھەمدە مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىقلارـ
نى ئۈستۈرۈش ؛ ناھىيە ، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاـ
ۋۇتلىرىغا دائىر ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ؛ يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرىنى قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ۋە ساقلانغان
مەسىلىلەر قاتارلىقلار . رېمونت قىلىش ، ياساش كەسپىگە ۋە رېمونت قىلىش تۈزۈمىگە دائىر
ئەھۋاللار مۇزاكىرە قىلىندى . «مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى ماشىنىلارنى ئاسراش ، رېمونت
قىلىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش ،
رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى
ئاسراش ، رېمونت قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى .

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت
قىلىش باش پونكىتى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك گېزىتى»نى نەشر قىلـ
دى ، بۇ گېزىت ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىپ ، شىنجاڭ بويىچە تارقىتىلدى .

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىـ
سى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ ، 1988 ـ يىلى
ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلغار بولغان 19 يېزا ، بازارلىق باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىـ
نى ، 86 ئىلغار ماشىنا گۇرۇپپىسىنى ، مۇنەۋۋەر ماشىنا ماھىرلىرى دېگەن نامغا ئېرىشكەن 91
كوللېكتىپ ، شەخسنى مۇكاپاتلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە تېكەس ناھىيىسىدىكى چولاقتېرەك يېزىسى
1988 ـ يىللىق مەملىكەتلىك يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە ئىلغار
مۇلازىمەت پونكىتى دېگەن نامغا ئېرىشتى .

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى [1989] 6 ـ نومۇرلۇق
ھۆججەت ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تۈزگەن «ئاپتونوم رايونىـ
مىزدىكى يېزا (بازار) لىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ قۇـ
رۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى . پىكىر جەمئىي 10 ماددىلىق بولۇپ ،
ھۆججەت ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە تارقىتىلدى .

5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسـ
لەرنى تەكلىپ قىلىپ ، «يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكـ
نى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن ،
1981 ـ يىلدىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرلىرىنى
باھالاپ ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى . 22 تۈر (قېتىم) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى .
باھالاپ ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈر ۋە ئورۇنلار ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت :

1 . ئالدىدە ئوت ـ چۆپ سىلوسلاشنى ماشىنىلاشتۇرغانلار : قەشقەر ، ئاقسۇ ، خوتەن ،
بورتالا ئوبلاستى ، ئىلى ئوبلاستى ، قىزىلسۇ ئوبلاستى ، قۇمۇل ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت ،

ئوبلاستلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش باشقارما، ئورۇن، پونكىتلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىلىرىنىڭ 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچىلىك بولغان جەمئىي كېڭەيتىش مىقدارى 855 مىڭ توننا، 759 مىڭ توننا، 92 مىڭ 700 توننا بولدى، ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئۈنۈمى 73 مىليون 260 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

2. ماشىنىدا بوپبوق يېپىپ كېۋەز تېرىغانلار: قەشقەر، ئاقسۇ، بورتالا، تۇرپان، قىزىلسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش باشقارما، پونكىت، ئورۇنلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچىلىك جەمئىي كېڭەيتىلگەن كۆلىمى ئايرىم ھالدا 1 مىليون 174 مىڭ مو ۋە 566 مىڭ مو بولدى، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىغانلار: تارباغاتاي، ئىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىلىرى، پونكىتلىرى، ئورۇنلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى 1980 - يىلدىن 1988 - يىلغىچىلىك ماشىنىدا قوي يۇڭى قىرقىشنى 2 مىليون 588 مىڭ 300 تۇياققا كېڭەيتتى.

4. يېرىم تۇجۇپىلەپ ئۇرۇق سېلىش تېخنىكىسىنى قوللانغانلار: ئالتاي ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارە، ئورۇنلىرى.

5. ماشىنىدا تىرەنلەپ خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىش تېخنىكىسىنى قوللانغانلار: ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى.

6. كىچىك تىپتىكى يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى: تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى.

7. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كاتەكتە توخۇ بېقىش تېخنىكىسى: تارباغاتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىلىرى.

5 - ئايدا بىگتۇەن ماشىنا ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەجرىبە ۋە ئۈنۈمىنى يەكۈنلىدى. ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئېنىز - ئېرىق مەشغۇلات سۈپىتىنى روشەن ھالدا ئۆستۈردى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى روشەن ھالدا ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاش، يەڭگۈشلەش ۋە ئېنېرگىيە تېجەشنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنى ئازايتتى، ماشىنا ئىشلىرى رايونلىرىنىڭ ئۆل قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈردى.

8 - ئايدا «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتە «كوللېكتىپ ئىگىلىكتە بولۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش»نى يولغا قويغانلىق ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلدى. مارالبېشى ناھىيىسى قارىباغ يېزىلىق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ئەسلىدە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 45 تراكتورنى ۋە 65 دېھقانچىلىق سايمىنىنى قايتۇرۇپ يىغىۋال-

دى، يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ماشىنىنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ پونكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، تەقسىملەشنى يولغا قويدى. پونكىت بىر تۇتاش ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى، بىر تۇتاش نۆۋەتنى بېكىتىپ، بىر تۇتاش تەڭشەپ ئىشلەتتى، ماي ۋە ئۇششاق زاپچاس - سەپلىمىلەر بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلىدى، بىر تۇتاش هۆددە قىلىپ رېمونت قىلدى، هەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ۋاكالىتەن يەر ئاغدۇرۇش هەققىنى هېسابلاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ماشىنا - سايمانلارنى بىر تۇتاش ئاسراپ - باشقۇردى. ماشىنىلار مۇستەقىل هېساباتنى يولغا قويدى، ماشىنىسىغا كىرىمگە ئاساسەن پىرسەنت ئاجرىتىلدى، ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلار مۇكاپاتلاندى. 1988 - يىلى يېزا يەنە 164 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭى ماشىنا سېتىۋالدى. مارالبېشى ناهىيىسىدىكى هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەر قارىباغ يېزىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى پائال ئومۇملاشتۇرۇپ، 1987 - يىلدىن 1988 - يىلغىچىلىك ناهىيە، يېزىلار جامائەت جەمغۇرمىسىدىن 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى سېتىۋېلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىدارچىلىق قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇردى. ماشىنىسى بار يەككە ئائىلىلەرمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تراكتورنى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىغا تاپشۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىدارچىلىق قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا قاتناشتى. 1988 - يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا، ناهىيە بويىچە خادىملار بىر تۇتاش تەربىيىلەندى، ئورۇق سېلىش ماشىنا سايمانلىرى بىر تۇتاش تەڭشەپ ئىشلىتىلدى، ئېتىز - ئېرىقلارنى سالالاشتۇرۇش، سورت، ئوغۇتلاش، مەشغۇلاتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. هەر كۈنى 235 يوپۇق بېيىش ماشىنا گۇرۇپپىسى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، كۈنىگە 13 مىڭ مو بەرگە يوپۇق بېيىپ ئورۇق سالدى. يازلىق يىغىم مەزگىلىدە ماشىنىلارنى تەڭشەپ، مەركەزلەشتۈرۈپ يەر ئاغدۇردى ۋە ئورۇق سالدى، 10 كۈندە 120 مىڭ مو ئېگىز قوناقى تېرىلدى. 1987 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە تراكتورلار مەركەزلەشتۈرۈلۈپ 145 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2 - بېتىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۈشەننىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتەيلى» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەريانى، تەجرىبىلىرى ۋە ئۇنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان مۇھىم رولى ئاددىي بايان قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات فاڭجېنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى ئىشخانىسى ش ھ ئى [1989] 60 - نومۇرلۇق هۆججەت ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا (بازار)لىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ

قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكىر »نى ئەستىغلاپ تارقاتتى ، پۈتۈن ھۆججەت جەمئىي 10 ماددا
بولۇپ ، شىنجاڭ بويىچە ئەينەن ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىندى .
شۇ يىلى بىگتۈەن ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى تۈزگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تېخنىـ
كىلىق ئاسراش قوللانمىسى ، « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى » شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى .

## 1990 - يىلى

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھرىدە يېزا ئىگىلىـ
كىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى ، يىغىنغا 150 تىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى .
يىغىندا مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ،
ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى . ئىسلاھات تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى ، مۇـ
شۇ يىللىق ۋەزىپىلەر مۇھاكىمە قىلىندى . ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەـ
دى ئۆز سۆزىدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە تارىخي ئورنىنى مۇئەييەنلەشـ
تۈردى . ئۇ مۇنداق دېدى : ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەركەزنىڭ « ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭـ
قۇرلاشتۇرۇپ ، يېزا سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرايلى » دېگەن قارارىنى ئەسنايىدىل ئىزـ
چىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى : « يېزا ئىگىلىكنى ماـ
شىنىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلات ئاشۇـ
رۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم » . بۇ - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىلدىن بۇـ
يانقى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا يەكۈنلەنگەن بىر تۈپ تەجرىبە .
ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : « يۇقىرى يېيىپ كېڭەيتىشتىن ئىبارەت مەھسۇلات ئاشۇـ
رۇش ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولغان تېخنىكا تەدبىرىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشتىمۇ يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى تارماقلىرى تۆھپە قوشتى . جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە بەزى ۋىلايەتلەر « ئىككىنى بالدۇر
يۇرۇشلەشتۇرۇش »تىن ئىبارەت مەھسۇلات ئاشۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىشتىمۇ ماشىنىنىڭ قاتنىـ
شىشىغا تاياندى ۋە شۇ ئارقىلىقلا بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالىدى .
ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى « تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، يېزا
ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىكـ
كە كېلىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن تېخىمۇ زور مول ھوسۇل ئالايلى » سەرلەۋھىلىك
دوكلاتىدا 10 يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبە ۋە تەسـ
راتلىرىنى يەكۈنلەپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى : دۆلەت ، كوللېكتىپ ، ھەمكارلىق ۋە يەككىلەرـ
دىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب ، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇت بوـ
لۇپ تۇرۇش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇش ؛ تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ، نۇقتىلىق بۆسۈش ،
ئۆز شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تاللىغان ھالدا راـ

ۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا باب كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا قارىتىلغان تېخنىكا نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش تورلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە باشقىلار. يىغىن مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنما، ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش، ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ تەمىناتى قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى چاقىردى، يىغىنغا 61 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا جەمئىيەتنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى خىزمىتى يەكۈنلەندى؛ كېۋەز، قىزىلچا ئۆستۈرۈشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ھەققىدە ئىلمىي دوكلات ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ 47 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان يېڭى مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى. مۇھەممەت ھەسەن مۇدىرىيەت باشلىقى، جاۋ يۈنۋاڭ، تيەن جۈگۇۋ، لى رۇيىڭ، لىۋ جېنجياڭلار مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، لى فېڭيىڭ باش كاتىپ بولدى.

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى ئاز تېرىش ئۇسۇلى (تۈجۈپلەپ ئاز تېرىش ئۇسۇلى)، قىزىلچىنى ماشىنىلاشقان ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش، يېڭى مېكرو مىقدارلىق دورا پۈركۈش ماشىنىسى، يوپۇق سىرتىدىن سۇغىرىش، تراكتورلاردا ئېنېرگىيە تېجەش، تراكتورلارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، تراكتورلارنىڭ ماي سەرپىياتىغا چەكلىمە قويۇش، دىزېلنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش سۈيۇقلۇقى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشنى بەلگىلىدى.

5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىلىرىدىكى بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر مۇنۇلار: مەسئۇد ئابدۇللا (قۇمۇل)، ھېلىم غازى (تارباغاتاي)، يۈەن يۈچۈن (ئاقسۇ)، لى شيەنلياڭ، يەن يۈجىبەن (ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى)؛ مەملىكەت بويىچە ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر مۇنۇلار:

ئەھەت ، ليۇ فاچۇەن (ئىلى) ، ليۇجاۋچېڭ (سانجى) ، ليۇ دەيجى (بورتالا) ، ساۋدېشىن ، كېرىمجان (قەشقەر) ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر مۇنۇلار: سابىت سالى ( قۇمۇل ) ، ھىمىت ئابلىمىت ( ئاقسۇ ) ، ئەركىن (ش ئۇ ئا ز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى) .

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئالتاي شەھىرىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ، ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى ، 8 تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى « يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق ماشىنىلارنى براكقا چىقىرىشنى باشقۇرۇش چارىسى »نى ئېلان قىلدى . ئامورتىزاتسىيىلەش ، براكقا چىقىرىش شەرتلىرى ، براكقا چىقىرىش تەرتىپى ، براكقا چىقىرىلغاندىن كېيىنكى بىر تەرەپ قىلىش ، يېڭىلاش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى .

8 - ئايدا « شىنجاڭ يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش » ژۇرنىلى بىڭتۈەننىڭ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . 1986 - يىلى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 128 - تۇەنى بۇ تېخنىكىنى تۇنجى قېتىم يوپۇق يېپىلغان كېۋەز ئۈستىدە ئىشلەتتى ، سىناق تەرىقىسىدە سۇغىرىلغان كۆلىمى 18 مو بولدى . 1989 - يىلى بىڭتۈەندە كېڭەيتىلگەن كۆلەم 449 مىڭ موغا يەتتى . يوپۇق ئۈستىدىن سۇغارغاندا ئادەتتىكى چۆنەكلەپ سۇغارغانغا قارىغاندا ، ھەر موسىدىن 30% دىن كۆپرەك سۇ تېجىلىدۇ ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 56.8% كە يېتىدۇ . ئۇ خەۋەردە ماشىنا - سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش تېخنىكىسىمۇ تونۇشتۇرۇلدى .

8 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان « 3WW—100 » تېپلىق ئاسما شەكىللىك ، مىكرو مىقدارلىق دورا پۈركۈش ماشىنىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە غەربىي شىمال بەش ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى ، يىغىنغا 9 ئادەم قاتناشتى ، 30 پارچە ئىلمىي ماقالا تاپشۇرۇۋېلىندى . يىغىندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ، قوشۇن ۋە قانۇن - نىزام قۇرۇلۇشى ، تەكشۈ-

رۇش ـ ئۆلچەش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش ، ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئىقتىسادىي ئالماشتۇ-
رۇش ئېلىپ بېرىلدى .

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە شۇ ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدار-
سى فۇكاڭ ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇنىۋېرسال سىناق نۇقتىسى يىغىنى
يەنى تېخنىكا كېڭەيتىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى ، يىغىنغا 63 ئادەم قاتناشتى . يىغىن يېزا
ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ، ئەسقاتى-
دىغان تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى . قىزىلچىنى ماشىنىلاشقان
ئەندىزىدە ئۆستۈرۈش ، بۇغدايني تۇججۇپلەپ ئاز مىقداردا تېرىش ، يوپۇق ئۈستىدىن سۇ-
غىرىش ، زىرائەت غوللىرىنى «ئاشقازاندىن ئۆتكۈزۈپ» بىۋاسىتە ئېتىزغا قايتۇرۇش ، ئاز
ھەم ساز تېرىش ئۇسۇلى قاتارلىق تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك .

شۇ ئايدا بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن ـ تېخنىكا ئورۇنلىرى ۋە پەن ـ تېخ-
نىكا خادىملىرى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى ، مەملىكەت بويىچە ئىل-
غار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر : قۇمۇل ، ئاقسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتنىكى يېزا ئى-
گىلىك ماشىنىلىرى ئورنى ۋە بورتالا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا كېڭەيتىش
پونكىتى . ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر : ۋاڭ خۇەيجېن ، شۇ
چىلىياڭ ، ئەركىن ، تۇڭ گوسەي ، لۇششىيۇڭ ، چېن خۇڭجياڭ ، شۇ شېڭدۇ ، لۇ شۇياڭ ، گۇەن
بەيدۇڭ ، مايۇلىن ، خۇجىنشى ، فېي دېداۋ ، زو داۋچىڭ ، چېن شۇبېي ، ۋۇ جىنچېڭ ، ماجاۋ-
چى ، ئابدۇرېھىم مۇھەممەتئىمىن ، سۇ تۇڭچىن ، ۋاڭ چاڭچېڭ ، خۇ جيەنتاڭلاردىن ئىبارەت .

12 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەھكىمىسى چا-
قىرغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ما-
شىنىلىرىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى ، تۇرپان ، ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىل-
رىنى نازارەت قىلىش ئورۇنلىرى 1989 -1990 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنى-
لىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى .

شۇ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش
ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان « 9ZQY—0.6 » تىپلىق تاق قۇرلۇق يەم ـ خەشەك كۆممىقوناق-
نى يىغىش كومبايىنى ، « 35 -- 9IWZ » تىپلىق ئاپتوماتىك شەكىللىك تۆۋەن مىقدارلىق پۈر-
كۈش ماشىنىسى ، شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىل-
رى ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان « 2XBX—2.0 » تىپلىق ئاسما شەكىللىك كىچىك رايونلاردا
قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىل-

رى ئورنى باشچىلىقىدا تەتقىق قىلىپ ياسالغان «92Q—1.2» تىپلىق چاتما شەكىلدىكى يەم ـ بوغۇز كۆممىقوناقنى يىغىش ماشىنىسى، «6XP—700» تىپلىق ماشىنىلىشىش شەكىلدىكى قومۇل قوغۇنىنىڭ شايىقىنى ئېلىش ماشىنىسى، ئۈرۈمچى ئائىلە قۇشلىرى ئەسلىھەلىرى زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئۈچ خىل ئىنكوباتور، ئىلى ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى سىرتتىن كىرگۈزۈپ ۋە ئۆزگەرتىپ ياخشىلىغان «RGYP24—PF51—250» تىپلىق سىترو شەكىللىك بېسىم كۈچى ئارقىلىق پۈركۈپ قۇرۇتۇش مۇنارىسى ھەمدە ئېمۇلسىيە ساقلاش ئىدىشى قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلەر، «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېزا قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «6XPQ—200/600» تىپلىق ئۇرۇق مېغىزىنى ئايرىپ پىششىقلاپ ئىشلەش يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەسى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە باھالاشتىن ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى.

شۇ يىلى بىر قىسىم ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەر زور مىقداردا مەبلەغ ھازىرلاپ ماشىنا ـ سايمان سېتىۋېلىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى ئالدىنقى يېرىم يىلدا 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىسىنىڭ 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن، مەكىت ناھىيىسىنىڭ 800 مىڭ يۈەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 360 مىڭ يۈەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 280 مىڭ يۈەن، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ 400 مىڭ يۈەن. مەبلەغنى دۆلەت سالدى، ماشىنا ـ سايمانلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى.

گۇما ناھىيىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 30%، يېزا ـ بازارلار ئۆزلىرى توپلىغىنى 70%.

مىچۈەن ناھىيىسى شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات ھەققى قاتارلىق قەرز پۇلدىن 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەكنى قايتۇرۇپ يىغىۋالدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېتىز ـ ئېرىق ـ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ۋە كوللېكتىپنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ناھىيە مالىيىسىدىن 590 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى يېڭىلاشقا ئىشلەتتى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 5 ناھىيىسىدىكى 13 يېزا ـ بازار 1 مىليون 424 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 5 ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىق ئەترىتى، كوللېكتىپ ئىلكىدە 8 تېرىقچىلىق ئەترىتى قۇرۇپ، زەنجىر تاپان تراكتوردىن 51نى، يۈرۈشلەشكەن يېزا ئىگىلىك سايمىنىدىن 172نى سېتىۋالدى.

خوشۇت ناھىيىسى 90 مىڭ يۈەن، باغراش ناھىيىسى 50 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، بوپۇق يىپىپ كۆممفوناق تېرىش ماشىنىسى، ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، كومباين قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى مەبلەغ سېلىپ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 31نى سېتىۋالدى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر مۇنۇلار: «6LSB—450» تىپلىق لوپنۇر كەندىرىنىڭ غولىنى يەنجىپ چىگە سويۇش ماشىنىسى 5 - نۇۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى. «ZTJ — 75» تىپلىق تراكتورنىڭ قوزغاتقۇچى، ماي سەرپىياتىنى ئۆلچىگۈچ ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1991 - يىلى

1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ بويىچە 1991 - يىللىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى ۋە خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 333 مىليون ئۆلچەملىك مو بولۇش، ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش كۆلىمى 25 مىليون 220 مىڭ ئۆلچەملىك مو بولۇش، ماشىنىدا تېرىش كۆلىمى 21 مىليون ئۆلچەملىك مو بولۇش، كومباينىدا يىغىش كۆلەمى 73 مىليون ئۆلچەملىك مو بولۇش، ماشىنىدا بوپۇق يىپىش كۆلىمى 2 مىليون 700 مىڭ ئۆلچەملىك مو بولۇش، يۇقىرى ماشىنىدا قىرقىلغانقوي 1 مىليون 510 مىڭ تۇياق بولۇش؛ ماشىنا - سايمانلارنىڭ ئىتتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى، ماشىنىستلارنىڭ تېخنىكا مەشغۇلاتىغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسىنى يولغا قويۇش، ئىتتىز، ماشىنا، مايىنى بىر - بىرگە باغلاپ، «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى لى چۈنديى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ بىرلىكتە 1978 - يىلدىن بۇيانقى دەرىجىسى ئەڭ چوڭ، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىشنى تەستىقلىدى، يىغىنغا 170 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىننىڭ مەركىزىي مەزمۇنى گوۋۇيۈەننىڭ [1990] 71 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ھەمدە مەم-

لىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يېغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈ-
زۈش ، ئىزچىللاشتۇرۇش ، 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاش-
تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامى-
دىكى زور قائىدىلەر ، يۈزلىنىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى . ش ئۇ ئا ر
پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇ-
ھەممەدى ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى خەلچەم ئىسلام ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا
خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇ جېنشېڭلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى .
ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەسەن « يېزا ئىگىلىكى-
نى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە بولغان يىللىق پىلانى ۋە 10 يىللىق
كەلگۈسى پىلان ھەققىدە ئىزاھات » بەردى . پارتكۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يې جېنجياڭ « ئىچكى-
رىدىكى تۆت ئۆلكە ، بىر شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈشتىن
دوكلات » بەردى ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى چۈندې مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشى-
نىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى . ۋەكىللەر پىلان ۋە كەلگۈسى
پىلانىنى ھەمدە « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش ھەققىدە قارار » نى مۇزاكىرە قىلىپ ئۆزگەرتتى .

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ماناس ناھىيىسىدە
يازلىق يىغىمنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە نەق مەيدانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش يىغىنى چاقىردى .
بۇ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان شىمالىي شىنجاڭدىكى 4
ۋىلايەت ، ئوبلاستنىڭ كومبايىنلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، ۋىلايەت ئاتلاپ كومبايىندا سەييارە
بۇغداي ھوسۇلى يىغىشتىكى بىر قېتىملىق نەق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى بولۇپ قال-
دى .

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مال باھا ئىدارىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
ئىدارىسى بىرلىكتە « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ھەققى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇ-
رۇش » تارقىتىپ ، 1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىل-
دى .

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكىنى
ماشىنىلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ شۈيۈ قاتارلىقلار قەشقەر ، ئىلى قاتارلىق 7
ۋىلايەت ، ئوبلاست ۋە 13 ناھىيە ، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھەمدە 15
يېزا - بازار ، مەيدانلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى-
نىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى . ئۇلار مارالبېشى ناھىيىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دې-
يىشتى : مارالبېشى ناھىيىسىدە مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى مەنزىرى-

سىنى كۆردۇق، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ كەلگۈسىنى كۆردۇق. مارالبېشى ناھىيە-
سىدە ماشىنا - سايمانلار مەركەزلەشتۈرۈلۈپ باشقۇرۇلغان، ئىسراپ رىھونت قىلىنغان، ما-
شىنا - سايمانلار ئۇچۇقچىلىقتا، توپا - چاڭدا قالمىغان، بۇ - بىر ياخشى تەجرىبە، ئۇنى
ناھايىتى ياخشى يەكۈنلەپ كېڭەيتىش كېرەك. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە «بەش-
نى بىر تۇتاش باشقۇرۇش»ى، يېزا «بەشنە ياخشى قۇرۇلۇش»ى ناھايىتى ياخشىكەن.

11 - ئايدا «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى تيەن جۈگۈونىڭ
«پاختا تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتەيلى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى
ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىدا 1989 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا تېرىشنى ماشى-
نىلاشتۇرۇش تەتقىقاتى سىناق خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىغا يەنە بىر قېتىم ئېتىبار
بېرىلگەنلىكى نامايەن قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مالىيە نازارىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىدارىسى
بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»
نى ئېلان قىلدى. چارە باشقۇرۇش ھەققىنى يىغىش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش ھەققىدىن پىرسەنت
ئاجرىتىش، ئىشلىتىش دائىرىسى، ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق 9 ماددىنى ئۆز ئىچىگە
ئالدى. 1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش بەلگىلەندى.

## 1992 - يىلى

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارى-
سى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چا-
قىردى، يىغىنغا 80 ئادەم قاتناشتى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى ۋە
يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»ى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى ۋە
يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا قارار»ى ئۆگىنىلدى؛
«تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرىنىڭ كارامىتىنى يەنە بىر كۆرسىتىش مۇسابىقە لايىھىسى ھەمدە يولغا قويۇش
تەپسىلىي پرىنسىپى مۇزاكىرە قىلىندى؛ تۇنجى قېتىملىق «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش
مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ش ئۇ ئا ر
پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە مۇنداق
كۆرسەتتى: «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى مول ھوسۇل ئېلىشتا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇ-
رۇش - ئارقا تىرەك؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكىنى ماشى-
نىلاشتۇرۇش - ئاۋانگارت؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭ-

غۇرلاشتۇرۇشتا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تاپانچ؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلى-
رىدا پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش - توشۇغۇچى». 90 -
يىللاردىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ يېنەكچى ئىدىيىسى توغرىسىدا! مۇنداق
دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسىنىڭ خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇ-
رۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى ۋاستە، كوللېكتىپلاشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى قۇ-
رۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى ھۇجۇم نىشانى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەككى ئىگى-
لىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتىنى قوشۇمچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنى
راۋاجلاندۇرۇپ، زورايتىشنى ئارقا تىرەك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپ ئىسلاھاتى-
نى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق مەبلەغ سېلىش يولى قۇرۇپ، ماشىنا -
سايمانلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، ماشىنا زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەش، مايغا كاپالەتلىك قى-
لىش ۋە ئا:'رەت قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىدارلارنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش تور-
لىرىنى ياخشى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم» شۇنداقلا «كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ما-
شىنىلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماشىنا -
سايمانلارنى يېڭىلاش، يۇرۇشلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش»، «سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى
تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىندا مارالبېشى، ساۋەن ناھىيىلىرىدە «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابى-
قىسىنىڭ ئالتۇن لوڭقىسى تارقىتىپ بېرىلدى، يەكەن، ماناس، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىگە كۈمۈش
لوڭقا، مەكىت، بورتالا، ئاقسۇ، تېكەس، كۈنەس، ئالتاي، يەنجىدىن ئىبارەت ناھىيە،
شەھەرلەرگە مىس لوڭقا، چاقىلىق، پىچان، باي، شىخو، قابا، لوپ، ئاتۇش، چىرادىن
ئىبارەت ناھىيە، شەھەرلەرگە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىلدى. يىغىندا مۇھاكىمە
قىلىش ئارقىلىق، شۇ يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىدىكى ۋەزىپە - كۆرسەتكۈچلىرى
ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىدىكى 10 تۈرلۈك تەدبىر تۈۋەنكە چۈشۈرۈلدى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىغا رەھبەرلىك
قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - قېتىملىق ئېتىز - ئېرىقلاردىكى ماشى-
نىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تۆمۈر بۇقا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى لايىھىسى»نى
تارقاتتى، ئۇ، مۇسابىقە تۈرلىرى، كۆرسەتكۈچى ۋە باھالاش - سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمى (ما-
شىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋە يېڭىلاش، يېزا
كەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، يېڭى تېخنى-
كىلارنى كېڭەيتىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، خادىملار ساپاسى)، تەكشۈرۈش، با-
ھالاش - سېلىشتۇرۇش، مۇكاپاتلاش، تەشكىلىي رەھبەرلىك (رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باش-

لىقى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ، مائارىپ كومىتېتى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى باھالاپ مۆلچەرلىدى ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى لاياقەتلىك بولۇپ باھالاندى ، ئىلى ، قەشقەر ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك دەپ باھالاندى .

6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ھەققىدىكى باھالاش - مۆلچەرلىشىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 3 - دەرىجىلىك A باھالىنىپ ، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرى ئارا ئالدىنقى 24 - ئورۇنغا كىردى . 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ، مائارىپ كومىتېتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنى شىنجاڭ بويىچە 16 نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ بىرى دەپ بېكىتتى .

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى قەشقەر شەھىرىدە چاقىرىلدى ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ، ھەر قايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ، ئايرىم پىلانغا كىرگۈزۈلگەن شەھەر قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن 106 ۋەكىل ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاستلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن ۋالىي ، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ( باشقارمىسى ) نىڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى . يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ يەنشى ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدىلەر يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى . يىغىن مەزگىلىدە يەكەن ، مەكىت ، مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ، كۆممىقوناقنى كولتىۋاتسىيەلەش ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىنى خىمىيىلىك كونترول قىلىش قاتارلىق ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتلىرى ئېكسكۇرسىيە قىلىندى . مەملىكەتلىك «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدىكى باھالاش - سېلىشتۇرۇش ، مۇكاپاتلاش چارىسى قاتارلىقلار مۇزاكىرە قىلىندى . يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىكى باسقۇچىغا كىرىپتۇ ؛ شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ «بەشنى بىر تۇتاش بولۇش» جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن ؛ يەكەن ، مەكىت ، مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتىكى قوش قاتلاملىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، كول-

لىپكىتىپ ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ ۋە زورايتىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنە گومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن، دېيىشتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ شۇيۇ يىغىندا خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.

شۇ ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «3WW—100» تىپلىق مىكرو مىقدارلىق تۇمانلاشتۇرۇپ پۈركۈگۈچ خېلۇگجياڭ ئۆلكىسى خاربىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى قوللاش ئۈچۈن، «ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇشنى قوللاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ چىقتى. ئىدارە ئورگىنى تارقاق خادىملاردىن تەركىپ تاپقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قۇرۇلۇش تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى قۇردى؛ بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار داۋاملىق تۈردە شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسى تەرەققىيات شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، قۇراللاندۇرۇش تىجارەت بۆلۈمى، «تيەنفېڭ» دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت شىركىتى، «خۇگياڭ» ئىقتىسادىي تەرەققىيات سودا - شىركىتى، «قوش تۈلپار» ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، لازىر نۇرىدا ھەرپ تىزىش زاۋۇتى قاتارلىق ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەرنى قۇردى.

11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار يېزا ئىگىلىكى مەكتەپلىرى، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار، ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى باھالاپ - سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىدە، شىنجاڭدىن مۇكاپاتلانغانلار: تېكەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى بولۇپ باھالاندى؛ ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغانلار مۇنۇلار: ئابدۇقادىر ھېيت (گۇما)، ماجۇگمىڭ (بورتالا)، كاڭ رېنبىڭ (ئۈرۈمچى)، لىيۇنىڭ (چاغانتوقاي)، ياسىن ئىمىن (مەكىت).

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسى لىۇ تاۋنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى لىۇ تاۋنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك

ماشىنىلىرى مائارىپى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 67 ناھىيە، شەھەر، 7 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 100گە يېقىن رەھبەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى؛ 19 ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى ۋە 36 ئىلغار ئوقۇتقۇچى ھەمدە مائارىپ خىزمەتچىسى مۇكاپاتلاندى؛ «ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرت - شارائىتىنى باھالاشنى بولغا قويۇش لايىھىسى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۈرلىرى مۇنۇلار: سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان «2FYA—360» تىپلىق سۇيۇق ئامىياك بىلەن ئوغۇتلاش ماشىنىسى. شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «2BJ—8» تىپلىق ئۇنىۋېرسال تۈجۈپىلەپ تېرىش سېيالكىسى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «2BF—24A» تىپلىق قاتلامغا بۆلۈپ ئوغۇتلاش سېيالكىسى؛ شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «4FS—2» تىپلىق يوپۇقنى بىرلىكتە يىغىۋېلىش ماشىنىسى، «SMJ—2» تىپلىق يوپۇق يىغىش - رەتلەش ماشىنىسى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان قىزىلچا مايسىلىرىنى قەغەز يەشىكتە يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈش ماشىنىسى (4 خىل تاق ماشىنا) قاتارلىقلار.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 84 ناھىيە (شەھەر)نىڭ ھەممىسى 2 - قېتىملىق ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى. يىل ئاخىرىدا ئۆتۈپ چىققان 21 ئورۇن باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر 3، كۈمۈش لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر 7، مىس لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر 11. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى مەملىكەتلىك «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مارالبېشى، ماناس، ساۋەن، ئاقسۇ، مەكىت، يەكەن، كۈنەس، تېكەس، سانجى، كورلا، چۆچەكتىن ئىبارەت 11 ناھىيە (شەھەر) مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئۆتۈپ چىققان ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 1993 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. ئاساسلىق مەزمۇنى 1992 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەش، 1993 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق «تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىققان ئورۇنلارنى مۇكاپاتلاش؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە تەدبىرلەرنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «ش . ي . ج . م (ئى) [1993] 8 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقىتىپ، مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: 1993 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنۇلار: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنى 410 مىليون ئۆلچەملىك مو ئورۇنداش، ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش كۆلىمىنى 27 مىليون 900 مىڭ موغا، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش كۆلىمىنى 25 مىليون 650 مىڭ موغا، ماشىنىدا ھوسۇل يىغىش كۆلىمىنى 9 مىليون موغا. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئومۇمىي كىرىمىنى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش. يۇقىرىقى كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورگاننىڭ فۇنكسىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش كېرەك. مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەرنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش لازىم. يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكنى چۆرىدەپ، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان تۇتۇش لازىم. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك سىستېمىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى جەمئىيىتىنى قۇرۇش چوڭ يىغىنى چاقىردى ھەمدە كىچىك شەكىلدىكى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يۇسۇپ ھامۇتنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 38 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى چىقىرىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، بۇ «چارە» جەمئىي 6 باب، 36 ماددا بولۇپ، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، ياپونىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتى بويىچە مۇتەخەسسىس شەن شىباشيەنبو قاتارلىق 3 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈردى. قۇتۇبى ناھىيىسى، شىخەنزە ۋەتۇرپان ۋىلايىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش ـ رېمونت قىلىش نۇقتىلىرىنى تەكشۈردى، 23 ـ كۈنى جۇڭگو ـ ياپونىيە 3 تەرەپ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش تۈزۈلمىسى ۋە ھازىرقى ھالىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى [1993] ي م 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكىسىدا ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەقدىرلىدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكىسىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئۇنتۇق، تەن فېڭلەن (ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىدىن)، فېي شىنمىن (ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن)، ۋاڭ جېڭجياڭ (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، دۇ چېنرۇي (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىدىن)، ليۇ داشيۇڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنىدىن)، خوجا ھاپىز (ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، يۇ شېڭبۇەن (ئىلى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىدىن)، ئابدۇرېشىت (ئاقتۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، جاڭ ليەنچۈەن (لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن) دىن ئىبارەت 10 ئادەم مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكىسىدا ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدا-

رىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نىڭ كوپىيىسىنى تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، تەزكىرىچى كەسىپداشلاردىن بولۇپ جەمئىي 21 ئادەم قاتناشتى، تولۇق تەكشۈرۈش، باھالاش ئارقىلىق كوپىيە دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 12-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پاتېنت ئىدارىسى ئاقسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتىدىكى چېن نەيپەن لايىھىلىگەن «6MZR—300» تىپلىق چىگىت تۈۋىتىنى ئايرىش ماشىنىسىغا «ئەسقاتىدىغان يېڭى تىپتىكى پاتېنت گۇۋاھنامىسى» بەردى. مەزكۇر ماشىنا-قۇم-شېغىلنى سۈركەلگۈچ قىلىپ، چىگىتنىڭ تۈۋىتىنى ئايرىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان چىگىتنى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىكى مۇھىت بۇلغىنىش، ئۇرۇق زىيانغا ئۇچراش، ئەمگەك سىجىللىقى زور بولۇشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى.

12-ئاينىڭ 13-كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «يوپۇقنى كۆمۈش ماشىنىلىرىنى سىناش ۋە تېخنىكا ئۆلچىمىنى باھالاش تەتقىقاتى»نى تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىردى. مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەكشۈرۈش پونكىتى ئۈستىگە ئالغان، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1992-يىلى تۆۋەنگە چۈشۈرگەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 3 تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇلار مۇنۇلار: بۇغداينى ماشىنىدا ئاز ھەم ساز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قىزىلچىدىن يۇقىرى ھوسۇل، يۇقىرى شېكەر ئېلىشتىكى ماشىنىلاشقان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تراكتورلاردا ئۇنىۋېرسال ماي تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش 4-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش سېپىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تېخنىكا كېڭەيتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 240 مىڭ خەتلىك «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ تارقاتتى.

1986 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ

قوشۇمچە جەدۋەل: 1

| تۈرلەر | بىرلىكى | 1986 - يىل | 1987 - يىل | 1988 - يىل | 1989 - يىل | 1990 - يىل | 1991 - يىل | 1992 - يىل | 1993 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى | 100 مىليون ۋات | 39.93 | 42.93 | 46.25 | 49.28 | 52.31 | 56.07 | 59.40 | 60.83 |
| چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | 10 مىڭ دانە | 4.15 | 4.29 | 4.46 | 4.55 | 4.62 | 4.83 | 5.00 | 5.01 |
| كىچىك تىپتىكى تراكتور | 10 مىڭ دانە | 4.85 | 5.9 | 7.87 | 9.4 | 10.80 | 12.36 | 13.78 | 14.77 |
| كومباين | دانە | 3774 | 3681 | 3796 | 3720 | 3689 | 3655 | 3699 | 3615 |
| چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ماشىنىغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 10 مىڭ دانە | 6.58 | 6.78 | 7.01 | 7.22 | 7.23 | 7.79 | 8.87 | 8.52 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل | 10 مىڭ دانە | 1.22 | 1.29 | 1.32 | 1.35 | 1.28 | 1.25 | 1.26 | 1.28 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش جەھەتتىكى ئېنېرگىيە كۈچى | 100 مىليون ۋات | 4.15 | 4.17 | 4.32 | 4.38 | 4.88 | 5.42 | 5.48 | 5.55 |
| ماشىنىدا يەر ئاغدۇرۇش سەۋىيىسى | % | 62.3 | 63.4 | 68.4 | 71.4 | 79.4 | 81 | 83.34 | 84.68 |
| ماشىنىدا ئورۇق سېلىش سەۋىيىسى | % | 58.9 | 60.9 | 63.9 | 66 | 71.8 | 75 | 78.42 | 78.34 |
| ماشىنىدا ھوسۇل يىغىش سەۋىيىسى | % | 27.1 | 27.3 | 28.1 | 29 | 29.8 | 29 | 30.75 | 30.31 |

# ئاخىرقى سۆز

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» تۈزۈشنى تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دىن ئىبارەت كەسىپلەر تەزكىرىسىنىڭ بىرى قىلىپ كىرگۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقى ۋە ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شۇ يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى ۋە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەسەننىڭ تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىشىنى بەلگىلىدى؛ خۇاڭ چېڭنى تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە، تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ھەمدە تەزكىرە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچى، ئالىي ئىنژېنېر گاۋ زىجۇڭنى باش مۇھەررىرلىككە تەكلىپ قىلدى. تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار يۈەن چى، باڭفاڭچىڭ، لى خۇەنشىن (قوشۇمچە)، خۇاڭ چېڭ، گاۋزىجۇڭدىن ئىبارەت 5 ئادەمدىن تەركىب تاپتى.

«دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى»دىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى قىسمىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى - «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى»نى ئۇ مۇھتاج بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى قىسمىنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسى بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت.

مۇندەرىجە - تەزكىرىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى. تەھرىر ئىشخانىسى ئىلگىرى 5 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «يېزا ئىگىلىكى تەزكىرىسى»دىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى قىسمىنى يېزىشتا ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1991 - يىل 6 - ئاينىڭ

26 - كۈنى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نىڭ مۇندەرىجە لايىھەسى ھەققىدە پىكىر ئېلىش كوپىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ جەمئىي تۆت قىسىم، 14 باب، 42 پاراگراف بولۇپ، ھەر قايسى ھەيئەتلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى ئۈچىنچى قېتىم ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ مۇندەرىجىنىڭ لايىھىلىنىشىنى ئاساسلىق تەكشۈردى، تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ۋەكىللەر تۈزىتىش، تولۇقلاش ھەققىدە 27 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەھرىر ئىشخانىسى ئومۇملاشتۇرۇپ، رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، 1992 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆزگەرتىپ مۇندەرىجىنى بەش قىسىم، 20 باب، 66 پاراگراف قىلىپ بېكىتتى، ئالدىغا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى قوشۇلۇپ تۈزۈش مۇندەرىجىسى شەكىللەندى. تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەزكىرە تۈزۈش جەرياندا، چوڭ رامكىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پاراگراف، مۇندەرىجىلەردىكى كونكرېت مەزمۇنلار كۆپ تەتقىق قىلىنىپ، تۈر - مۇندەرىجىلەر مۇكەممەل، ئابزىشى مۇۋاپىق، قاتلىمى ئېنىق، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك بولۇش قولغا كەلتۈرۈلدى.

ماتېرىيال - تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، پۇختا ماتېرىيال ئىگىلەش - تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسى، بىزنىڭ ماتېرىيال خىزمىتىمىز پۈتكۈل تەزكىرە تۈزۈش جەريانىغا يەنى ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، پەرقلەندۈرۈش، باشقۇرۇش، پايدىلىنىشتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپكە سىڭدۈرۈۋېتىلدى. 1991 - يىل 7 - ئايدىن - 1993 - يىل 7 - ئايغىچە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى تۈزۈش مەزگىلىدە مەقسەتلىك، نۇقتىلىق، داۋاملىق ھالدا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا ئۇقتۇرۇش، خەت - ئالاقە ئەۋەتىلىپ، ئالاقىدار ماتېرىياللار توپلاندى؛ ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا، ماشىنسازلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، سودا نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ماتېرىيال بۆلۈمى، بىڭتۇەن ماشىنا ئىشلىرى باشقارمىسى، ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئارخىپخانىسى ۋە ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانىلارغا بېرىپ، ئارخىپ ئاختۇرۇپ، ماتېرىيال توپلاندى، دەلىللەندى، ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەر زىيارەت قىلىندى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى تەمىن ئەتكەن يېڭى تۈزۈلگەن 10غا يېقىن تەزكىرە كىتابىدىكى ماتېرىياللار «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى مول ئاساس ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

1992 - يىلى تەزكىرە كوپىيىسى ئومۇميۈزلۈك تۈزۈلگەن بىر يىل بولدى. 2 - ئايدا

تەھرىر ئىشخانىسى تەزكىرىنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى تۈزۈش ۋەزىپىسى ھەمدە خىزمەتلەرنىڭ سۈرئەت پىلانىنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئادەمنى، ۋەزىپىنى، ئورۇنداش ۋاقتىنى بېكىتتى مدە ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان تەھرىرلىك ئىشلىرى يىغىنىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تەكشۈردى، خىزمەت ئەھۋالىنى ئالماشتۇردى، ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئەڭ ئالدى بىلەن «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نىڭ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرگە ھەمدە ۋىلايەت ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلىپ، پىكىر ئېلىندى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 14 باب يېزىپ چىقىلدى. بۇ تەزكىرە ئورىگىنالىنىڭ 70%نى ئىگىلىدى.

تەزكىرە تۈزۈش - بىر تۈرلۈك ئېغىر، جاپا مۇشەققەتلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، قەدىمكىلەردىن جىياڭ يەن مۇنداق دېگەنىدى: «تارىخ يېزىش بولسىمۇ گەرچە قىيىن، ئېشىپ چۈشمەس لېكىن تەزكىرە تۈزمەكتىن»، ياخشى تەزكىرە تۈزۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس، بەزى يولداشلارغا قوشۇمچە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى يۈكلىنىۋىدى، ۋەزىپە ئېغىر ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى؛ بەزىلەر سالامەتلىك ئەھۋالى تۈپەيلىدىن جاپا - مۇشەققەتلىك، زېھنى خورىتىدىغان بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالمىدى؛ تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتىدا شتات بولمىغانلىقى، بەھرىمەنلىك تۆۋەن بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەزكىرە تۈزۈش بەنزىسىنى مۇقىملاشتۇرماق تەس بولۇپ قالدى. 1993 - يىل بېشىدا تەھرىرلىك ئىشخانىسىدا خىزمەتتىكى خادىمدىن بىرسىلا قالدى، كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ قارار قىلىشى بىلەن پېنسىيىگە دەم ئېلىشقا چىققان رەھبىري كادىرلار ئىچىدىن يەنە بىر كىشى تەكلىپ قىلىندى. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تەھرىر ئىشخانىسىدا خۇاڭ چېڭ، گاۋزىجۈڭ، شىبې تيەنزەندىن ئىبارەت ئۈچ كىشى خىزمەت ئىشلەپ كەلدى. ئىدارە پارتگورۇپپىسىنىڭ «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تېزلىكتە تاماملاش لازىم» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ، ھەر قايسى بابلارنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى داۋاملىق يېزىپ تاماملىدى. ئۆز ئارا تەكشۈرۈش، مۇزاكىرە قىلىش، كۆپ قېتىملاپ ئۆزگەرتىش، سېلىشتۇرۇش، بېسىش، تۈپلەش ئارقىلىق، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان تەزكىرە كوپىيىسى بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ، ھەر قايسى ھەيئەتلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بېرىلدى.

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 18 - كۈنگىچە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، مۇئاۋىن مۇدىرى بەي
يۇشى ، شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جىن تيەنجېڭ ، مۇھەررىرى
لۈيۇلياڭ ، « يېزا ئىگىلىكى تەزكىرىسى »نىڭ باش مۇھەررىرى چىن چاڭشېڭ ، مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر چى جۇنمىن ، « ماشىنسازلىق ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى »نىڭ باش مۇھەررىرى
خۇاڭ شياۋجۇڭ ، مۇھەررىرى لى باۋچېڭ ، « 1 - ئاۋغۇست » يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-
فېسسورى شېن داجى ، « شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررى-
رى شۇۋېيجاۋ ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىنىڭ ئا-
لىي ئىنژېنېرى چېن پېڭدۇڭ ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتى-
پى لى فېڭيىڭ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش ، تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ شۇجىسى
ساۋ فېڭۇۋ ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىڭ گو ھەمدە
ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن يې جېچياڭ ، يۇسۇپ ھا-
مۇت ، ليۇ تاۋ ، ليۇلىجيا ، لى چۇندې ، ھەر قايسى باشقارما ، ئىشخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن
جاڭ باڭگو ، شاڭ داشېڭ ، ۋاڭ چاڭيۇ ، بارات ، سۇن يەن قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ
« دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى »نى دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قات-
ناشتۇردى . يىغىن ئارقىلىق « (شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ما-
شىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى)نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشكە قارىتا پىكىر » شەكىللەندۈ-
رۈلدى . « دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى » كوپىيىسىنىڭ سىياسىي
نۇقتىئىنەزىرى توغرا ، ماتېرىيالى پۇختا بولۇپ ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشى-
نىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش مۇساپىسى بىر قەدەر سىستېمىلىق ، ئومۇميۈزلۈك ،
توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، قىسىم ، باب ، پاراگراف ، مۇندەرىجىلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى
ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق ، تۈرلەرگە ئايرىپ بايان قىلىنغان ، تۈرلەرگە ئايرىلىشى ئېنىق ،
يېزىقى ئىخچام بولۇپ ، « (شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى)نى تۈزۈش لايىھەسى »دىكى تەلەپكە
ئاساسەن يەتتى ، دەپ قارالدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزگەرتىش ، تولۇقلاش ھەققىدە
كونكرېت پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى . يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى تەھرىر
بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە ، 1993 - يىل 12 - ئايدىن 1994 - يىل
2 - ئايغىچە خۇاڭ چېڭ ، گاۋزىجۇڭ يولداشلار تەزكىرە كوپىيىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايى-
دىل تۈزىتىپ چىقتى . ئۆزگەرتىلگەن كوپىيىنى تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ
لىجيا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە
يوللاندى . ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، مۇئاۋىن مۇ-
دىر بەي يۇشى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالدى ، ش ئۇ ئا رتەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ، ئالىي مۇ-

ھەررىر مازىجيەن مۇئاۋىن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزگۈچىلىكنى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭ ئومۇمي تەزكىرىسى تەھرىر بۆلۈمىدىن ليۇشىڭ، لۇيۇلياڭلار پۈتكۈل كوپىيىنى تەھرىرلەپ چىقتى. «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» كوللېكتىپنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى.

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىر قەدەر تارقاق، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش زور، ماتېرىياللار يوتۇپ كېتىش، ئارخىپ - ماتېرىياللار تولۇق بولماسلىق، بولۇپمۇ تۈزگۈچىنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چۈشۈپ قالغان، خاتا بولۇپ قالغان جايلار كۆپ بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

1990 - يىلدىن ئىلگىرى جاڭ باڭگو (قوشۇمچە)، لى خۇەنشىن، گاۋزىجۇڭ قاتارلىقلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانىدى؛ ۋاڭ جۇگېين، ئالىيە، زورەكتى، ليۇبياۋ، چۇجىنخۇڭ، لۇ فېڭجېن قاتارلىقلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى.

# ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر (يېزىق، سۈرەت ھەمدە ئاغزاكى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

بۇ فەنچاۋ، ما دېلياڭ، ۋاڭجى، ۋاڭ زېڭيى، ۋاڭ ماۋجۇ، ۋاڭ جۇڭ، ۋاڭ چېيۈيەن، ۋاڭ گېنئەي، ۋاڭ سۇئېي، ۋاڭ شۇۋ، چى جۇ، سۇن جيالۇ، سۇن شىشەن، بې لياڭجۇڭ، گاۋېنشياڭ، يىڭ ۋېنجۇن، لى چۇندې، لى ۋېيمىن، لى فىڭيىڭ، لى يۇجو، ليۇ تاۋ، ليۇ چېڭجاڭ، شۇ باۋيى، چى جىنمىن، چيۇجۇنشى، جاڭ جېڭيۇەن، جاڭ شۇ، جاڭ فېڭيى، ۋۇ يۇەنئەن، شياۋ مۇدې، شاۋ يەنيىڭ، چېن ۋەنرۇڭ، دۇ فېڭمىڭ، ھاجى، ئەخمەت، جىڭ جيۇرۇ، خۇجيەنتاڭ، شاڭ داشېڭ، دۇەن يىڭ، چا شېنلىڭ، جۇڭ يۇفېڭ، دا جىنجېي، سۇي خۇڭلىن، جيا گولياڭ، شۇي يىشېن، چاڭ باۋشۇن، جياڭ پىڭفۇ، جىباڭ پىڭفۇ، خەن باۋرۇڭ، دۇڭ چىگرۇڭ، تەن فېڭلەن، لياۋ جۇنجى.

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» نىڭ ھەر قايسى قىسىم، بابلىرىنى يازغانلار

كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى : خۇاڭ چېڭ
ئومۇمىي بايان : گاۋ زىجۇڭ
چوڭ ئىشلار خاتىرىسى : خۇاڭ چېڭ
بىرىنچى قىسىم : گاۋ زىجۇڭ
ئىككىنچى قىسىم :
1 -، 2 - بابلار: شيې تيەنزەن؛ 3 - باب: ياڭ فاڭچىڭ
ئۈچىنچى قىسىم :
1 -، 2 - بابلار: يۈەن چى؛ 3 - باب: خۇاڭ چېڭ
تۆتىنچى قىسىم :
1 -، 5 - بابلار: خۇاڭ چېڭ؛ 2 -، 3 - بابلار: ياڭ فاڭچىڭ؛ 4 - باب: گاۋ زىجۇڭ
بەشىنچى قىسىم: خۇاڭ چېڭ
قوشۇمچە : گاۋ زىجۇڭ

**«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» تەھرىر بۆلۈمى**

1994 - يىل 8 - ئاي

# « شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى »نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

مۇقەددىمە (ئومۇمىي كىرىش سۆز ، كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ، مۇندەرىجە)

1 - توم ئومۇمىي بايان

2 - توم چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

3 - توم رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى

4 - توم يەر شەكلى تەزكىرىسى

5 - توم مۇزلۇقلار ، ئېقىنلار تەزكىرىسى

6 - توم قۇملۇقلار تەزكىرىسى

7 - توم هايۋاناتلار تەزكىرىسى

8 - توم ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى

9 - توم گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى

10 - توم مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى

11 - توم يەر تەۋرەش تەزكىسى

12 - توم يەر ناملىرى تەزكىرىسى

13 - توم نوپۇس تەزكىرىسى

14 - توم كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى

15 - توم هۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى

16 - توم كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى

17 - توم ئەمگەك تەزكىرىسى

18 - توم پارتىيە - گۇرۇھلار تەزكىرىسى

19 - توم ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى

20 - توم جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى

21 - توم تەپتىش تەزكىرىسى

22 - توم سوت تەزكىرىسى

23 - توم ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى

24 - توم خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى

25 - توم تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى

26 - توم مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى

27 - توم مىللەتلەر تەزكىرىسى

28 - توم ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى

29 - توم ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد تەزكىرىسى

30 - توم يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى

31 - توم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى
32 - توم يېزا - بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى
33 - توم مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى
34 - توم چارۋىچىلىق تەزكىرىسى
35 - توم ئورمانچىلىق تەزكىرىسى
36 - توم سۇ ئىشلىرى تەزكىرىسى
37 - توم شىنجاڭ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى
38 - توم ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى تەزكىرىسى
39 - توم كۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
40 - توم نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى
41 - توم پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
42 - توم رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى
43 - توم ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى
44 - توم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى
45 - توم يېنىك سانائەت تەزكىرىسى
46 - توم توقۇمىچىلىق سانائىتى تەزكىرىسى
47 - توم خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى
48 - توم تاشيول ترانسپورتى تەزكىرىسى
49 - توم تۆمۈر يول ترانسپورتى تەزكىرىسى
50 - توم خەلق ئاۋىئاتسىيە تەزكىرىسى
51 - توم پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى
52 - توم شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تەزكىرىسى
53 - توم بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەزكىرىسى
54 - توم كارتوگرافىيە تەزكىرىسى
55 - توم مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى
56 - توم ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى
57 - توم مالىيە تەزكىرىسى
58 - توم مۇپەتتىشلىك تەزكىرىسى
59 - توم پۇل مۇئامىلىسى تەزكىرىسى
60 - توم سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى
61 - توم سودا تەزكىرىسى
62 - توم ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تەزكىرىسى
63 - توم تاشقى سودا تەزكىرىسى
64 - توم تاموژنا تەزكىرىسى
65 - توم سودا نازارەتچىلىكى تەزكىرىسى
66 - توم ئاشلىق تەزكىرىسى
67 - توم تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى
68 - توم ستاتىستىكا تەزكىرىسى
69 - توم مال باھاسى تەزكىرىسى
70 - توم ئۆلچەم تەزكىرىسى

71 - توم ئۆلچەم بىرلىكلىرى تەزكىرىسى

72 - توم پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى

73 - توم ئىجتىمائىي پەن تەزكىرىسى

74 - توم مائارىپ تەزكىرىسى

75 - توم مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى

76 - توم تىل - يېزىق تەزكىرىسى

77 - توم ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى

78 - توم ئاخباراتچىلىق تەزكىرىسى

79 - توم رادىئو - تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى

80 - توم كىتاب نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى

81 - توم مەدەنىي يادىكارلىقلار تەزكىرىسى

82 - توم سەھىيە تەزكىرىسى

83 - توم تەنتەربىيە تەزكىرىسى

84 - توم دىن تەزكىرىسى

85 - توم شەخسلەر تەزكىرىسى

86 - توم تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى 1995 - يىل 9 - ئايدا رەسمىي نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكى بۇ تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلىشقا ھەر جەھەتتىن ئەھمىيەت بەردى.

تەرجىمە خىزمىتى 1996 - يىل ئاخىرىدىن ئېتىبارەن باشلاندى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن كاندىدات ئالىي تەرجىمان سېيىت ئېزىز، ئالىي ئىنژېنېر بارات ئاسىم، كاندىدات ئالىي تەرجىمان قۇربان سابىت، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئەخمەت ئابدۇللا، ئالىي ئىنژېنېر توختى يۇسۇپ؛ ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن كاندىدات ئالىي مۇھەررىر غوپۇر ھوشۇر نىيازى، مۇھەررىر ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ياردەمچى مۇھەررىر مەرھابا شاۋۇدۇنلار تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر غوپۇر ھوشۇر نىيازى باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەرجىمىنى باشتىن - ئاخىر تەكشۈرۈپ بېكىتتى. مەرھابا شاۋۇدۇن مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالدى. تەرجىمە تولۇق بېكىتىلىپ، مەتبەگە بېرىلىش ئالدىدا، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر سابىر ئەلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، لاياقەتلىك بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، تەرجىمىدىن تارتىپ، ئاخىرقى بەت نۇسخىسىنى چىقىرىشقىچە بولغان ئىش ھالقىلىرىغا قاتناشقان تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى ۋە باشقا ئالاقىدار يولداشلار كىتابنى تېز ھەم سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. بىز كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغان، ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ۋە مەدەت بەرگەن رەھبەرلەرگە، بىۋاسىتە تەر تۆكۈپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرىغا، كەسىپداشلارغا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ھەر خىل سەۋەبلەردىن، كىتابنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىكىدە بەزى نۇقسانلار ساقلانغان بولۇشى تەبىئىي، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

**ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى**
**«دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش**
**تەزكىرىسى» كومىتېتى**

1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر : غوپۇر ھوشۇر نىيازى

مەسئۇل مۇھەررىر : مەرھابا شاۋۇدۇن

تەھرىر ـ تەرجىمە خادىملىرى : (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابدۇرېھىم ياقۇپ ، ئەخمەت ئابدۇللا ، بارات ئاسىم ، توختى يۈسۈپ ، سېيىت ئېزىز ، غوپۇر ھوشۇر نىيازى ، قۇربان سايىت ، ماھنۇر غوپۇر ، مەرھابا شاۋۇدۇن ، ئىسلام ھۆسەيىن

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى : سابىر ئەلى

ھۆسنخەتنى يازغۇچى : ئارسلان ئەخمەت جۈبەيرى

مەسئۇل كوررېكتورلار : مەرھابا شاۋۇدۇن ، بىلقىز مۇھەممەت

# 《新疆通志·农牧机械化志》
# 维吾尔文版编辑人员

主　　编：　　吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

责任编辑：　　玛尔哈巴·夏吾东

编译人员：　（姓氏认维吾尔文字母为序）

阿不都热依木·亚克甫，阿合买提·阿不都拉，巴拉提·阿斯木，托呼提·玉素甫，斯依提·艾则孜，吾甫尔·吾守尔·尼亚孜，库尔班·沙依提，玛依努尔·吾甫尔，玛尔哈巴·夏吾东，依斯拉木·玉赛音。

验　　收：　沙比尔·艾力

封面设计：　阿尔斯烂·艾合买提·居白日

责任校对：　玛尔哈巴·夏吾东，比力克孜·买卖提

# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى

## 31 - توم

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» كومىتېتى

شىنجاڭ يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ژۇرنىلى لازېر ئورلۇق ھەرىپ تىزىش بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك مىتال سانائىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092×787 مىللىمېتىر1/16  باسما تاۋىقى: 43
1999 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى  1999 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 500—1

ISBN7—228—05067—3/K・677  باھاسى: 100 يۈەن